«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# شاھىتلار نەزەرىدىكى تارىخ



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# شاھىتلار نەزەرىدىكى تارىخ

(ئۈچىنچى توم)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نۇرمۇھەممەد دۆلەتى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

هۆرمەتلىك كىتابخان:

1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق هۆكۈمىتى مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن شىنجاڭدا تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. هەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق هۆكۈمەتلىرىنىڭ رەهبەرلىكى ۋە يېقىندىن قوللىشى، تەزكىرە خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دائىرىسىدىكى 86 توملۇق كەسپىي تەزكىرە، 100 نەچچە توم ۋىلايەت، ئوبلاست، ناهىيە (شەهەر) تەزكىرىسى، يىلدا بىر توم نەشر قىلىنىدىغان «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

كەسپىي تەزكىرىلەر ۋە جايلار تەزكىرىلىرىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، 1985 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئۆز ئالدىغا پەسىللىك «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ ئاشكارا تارقىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ژۇرنالدا تەزكىرىچىلىككە دائىر مۇهىم هۆججەتلەر ئېلان قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە تەزكىرە تۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە هازىرقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن زور – زور ئىش هەم ۋەقەلەر، بۇ ئىش هەم ۋەقەلەرگە باغلىنىشلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەر توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق، ئەمەلىي ماتېرىيال ئاساسىدا يېزىلغان، كۆزقاراش ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى ئوخشاش بولمىغان ماقالىلەرمۇ ئېلان قىلىنىپ، تارىخ ـ تەزكىرە ساهەسىدىكى خادىملارغا هەم كەڭ ئوقۇر-

مەنلەرگە ئوبدان ئەينەك، ئىلھام ۋە روھىي ئوزۇق بولدى. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتقان مىللەتلەر نەشرىياتى رەھبەرلىكىنىڭ ھاۋالە قىلىشى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى رەھبەرلىكىنىڭ قوشۇلۇشى ھەم قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى سانلىرىنىڭ «تارىخىي شەخسلەر»، «تارىخ سەھىپىسىدە»، «تارىخىي ئەسلىمە»، «ئىلمىي مۇھاكىمە»، «يەر ـ جاي ناملىرى تەتقىقاتى» قاتارلىق سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم ماقالىلەر ئىچىدىكى ئەتىۋارلاپ ساقلاش، تەتقىق قىلىش ھەم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەرنى تاللاپ سۇندۇق. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئەسلىدە شىنجاڭدىكى تارىخ ـ تەزكىرىچىلەر قوشۇنىنى تەربىيەلەش، ئۇلارنى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، ۋىلايەت، ئوبلاست ھەمدە ھەرقايسى كەسپىي تەزكىرىلەرنى تۈزۈشتە زۆرۈر بولغان خام ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە تەسىس قىلىنغاچقا، تارىختا سەلبىي ـ ئىجابىي رول ئوينىغان ھەر خىل شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىمۇ تەزكىرىچىلىك ئىلمىنىڭ جېنى ھېسابلانغان «بايان قىلىش، مۇھاكىمە يۈرگۈزمەسلىك» پرىنسىپى ئاساسىدا ماتېرىيال سۈپىتىدە بېرىلگەن.

شۇڭا كىتابخانلارنىڭ بۇ خىلدىكى ماتېرىياللارغا مۇشۇ زامان تۇرغۇسىدىن ئەمەس بەلكى ئەينى دەۋر نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشى ۋە تەنقىدىي پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يەردە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

نۇرمۇھەممەد دۆلەتى
2010 ـ يىلى نويابىر

# مۇندەرىجە

تۇرمە تەرجىمانى بولغان كۈنلىرىمدە ....... شاكىرىم ئەكرەمى 1
ماخۇسەنگە ئەسكەر بولغان كۈنلەردىكى كەچۈرمىشلەر ......... 5
تۈڭگان 36 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ................
.................... مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 26
6 ـ باتالىيوننىڭ كەچۈرمىشلىرى ....... سوپاخۇن سۇۋۇروف 31
ئىككى ئەسىرنىڭ ئىقرارى ............... توختى ئىبراھىم 51
1946 ـ يىلى يازدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلار ...............
.................... ھۇسەيىن ئەبەيدۇللا 59
1934 ـ يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەردىن ئەسلىمە ...
.................... مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 81
گومىنداڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشقىدىن
تەشكىللىنىش جەريانى ............ خو دېەنچىڭ، شيې خەي 101
ئۆتمۈشتىكى كۈلپەتلىك كەچۈرمىشلىرىم .................. 122
قانغا بويالغان ساي .................. نۇرمۇھەممەد توختى 150
يولۋاس بىلەن بىللە بولغان كۈنلىرىم ......... ھەسەن بارات 187
ما جۇڭيىڭ، يولۋاسلارغا مەجبۇرىي ئەسكەر بولغان چاغلىرىم
.................... ھاجى ئىسھاق مىرى 202
تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا ....... مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 222
قومۇلدا باندىت تازىلاش .............. توختى ئىبراھىم 227
«ئىلى قىزىل قاناتلىقلار» تەنتەربىيە ئۆمىكى ...................
.................... توختى ئىبراھىم 236
ھېكايىچى مەھبۇس ................... مۇھەممەت روزى 246
بىر قېتىملىق ئۇنتۇلماس نۇتۇق ..............................
.................... شام شېرىپ مۇھەممەتغالى ئوغلى 249

ئەخمەتجان قاسىمى ھۆزۈرىدىكى كۆڭۈللۈك مىنۇتلار .........
......................................... توختى ئىبراھىم 253
ئۇنتۇلماس خۇشاللىق كۈنلەر ............. ھوشۇروف ئىسلام 260
ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تۇرپانغا كېلىشى ........ نۇرىدىن ساتتار 272
ئەخمەت ئەپەندىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ... مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋ 278
كۇچا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كورەگە كېلىشى .....................
......................................... توختى ئىبراھىم 305
تاتار خەلقىنىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا
قوشقان تۆھپىلىرى ھەققىدە ئەسلىمە ........ ھاكىم جاپپار 313
جەسەتنى سازايى قىلىش ......... مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 321
تار جىلغىسىدىكى قانلىق جەڭ ........... مەمتىمىن ياسىن 325
مەھكىمە شەرئىدىكى ئىشلار ............... مەمتىمىن نۇرى 335
تۇندىكى پاجىئە ............... مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 340
«تەكلىپنامە»گە ئورالغان كىشەن .............. قاۋۇل ساۋۇر 356
تۇمشۇقتىكى سوقۇش ........... مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 363
چەشتاغدا ئاققان قانلار ......................... مامۇت غازى 368
«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى ............
....................................... مۇھەممەت روزى 391
مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق)نىڭ ئۆلۈمىگە دائىر ئەسلىمىلەرگە
ئەمەلىي تولۇقلىما ................ ئابدۇكېرىم ماخمۇتوف 414
تاشقورغان ئىنقىلابى مەزگىلىدە قاغىلىقتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغان ـ
لىرىم ............................ مۇسايېف ئىمىننىياز 420
دىيارىمىزدىكى تۇنجى مەرىپەت بۆشۈكى ........................
............................ مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 425
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە
ئەسلىمە ................................ ھاكىم جاپپار 435
دادامنىڭ خاتىرىسىدىن ....................... تۇرسۇن بارات 449
قەشقەرنىڭ 1933 ـ يىلدىن 1946 ـ يىلغىچە بولغان مەتبەئە ـ

NIEDERS.
STAATS- U. UNIV.-
BIBLIOTHEK

چىلىكى ۋە نەشرىياتچىلىقى ..... مۇھەممەد ئىمىن قۇربانى 458
شىنجاڭدا تۇنجى مەتبەئە كارخانىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى
........ پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى 461
قەشقەردە تۇنجى قېتىم سىزىلغان خەرىتە ..........
......... ئوسمان مۇھەممىدى قاراقۇتلۇق 467
چىن دوستلۇقنىڭ يالدامىسى .......... مەھمۇد زەيىدى 470
جەڭگاھتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم ..........
......... شەمسىدىن سوپىيېۋ 480
قاغىلىق بازىرىدىكى ھىندىلار ....... ئابدۇرېشىت خوجائەخمەت 490
چەتنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە قارشى كۈرەش ..........
......... مۇھەممەتئىمىن قۇربانى 495
ئىستىقبال سەۋدالىرى ........... مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 499
تارىختا يېزىلمىغان ئىشلار ........ مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق 508
مەن بىلىدىغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ ... ئەھمەتئىمىن ئەلنەزەر 523

## تۆرمە تەرجىمانى بولغان كۈنلىرىمدە

### شاكىرىم ئەكرەمي

مەن 1942 ـ يىلى مايدىن 1945 ـ يىلى دېكابىرغا قەدەر ئۈرۈمچى تۆرمىلىرىدە دوختۇرلۇق قىلىدىغان سوۋېت دوختۇرى ئاننا بېلوۋاغا تەرجىمان بولدۇم. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ماڭا بېكىتىلگەن ۋەزىپە: 1) جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆز كېسەللىرى توغرىسىدىكى تەلىپىنى دوختۇرغا تەرجىمە قىلىش، سىياسىي تەلەپلىرىنى دوختۇرغا تەرجىمە قىلماستىن، دەرھال ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈش؛ 2) جىنايەتچىلەرنىڭ دوختۇر بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىشىگە يول قويماسلىق، ھەرقانداق تەلىپى بولسا تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلىشىش؛ 3) جىنايەتچىلەرنىڭ دوختۇر بىلەن بولغان ھەرقانداق ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقىلار...

شۇ زامانلاردا ئۈرۈمچى شەھىرىدە ساقچى ئىدارىسىگە قاراشلىق بەش تۆرمە، بىر ئالاھىدە تۆرمە، بىر دوختۇرخانا، بىر كارخانا بار ئىدى. تۆرمە، دوختۇرخانا، كارخانىلارنىڭ ئىسمى ئاتالماستىن، نومۇرى ئاتىلاتتى. مەسىلەن: 1 ـ تۆرمە 128 ـ نومۇر (نەنمېندا)، 2 ـ تۆرمە 194 ـ نومۇر (داشىمېندا)، 3 ـ تۆرمە 231 ـ نومۇر (ھازىرقى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئورنىدا)، 4 ـ تۆرمە 236 ـ نومۇر (ھازىرقى تيانشان مېھمانخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدا)، 5 ـ تۆرمە 235 ـ نومۇر (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خىزمەت بىناسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە)، ئالاھىدە تۆرمە 137 ـ نومۇر (ھازىرقى تەنتەربىيە مەيدانى)، كارخانا 237 ـ نومۇر (ھازىرقى مۇنچا ھويلىسى)، دوختۇرخانا 511 ـ نومۇر (روزى ھاجىم قورۇسى).

دوختۇر بەش كۈن بەش تۆرمىدە كېسەل كۆرۈپ، ئالتىنچى

كۆنى بەزىدە دوختۇرخانىدا، بەزىدە كارخانىدا كېسەل كۆرەتتى. دوختۇرغا كۆرۈنۈش تەرتىپى مۇنداق ئىدى: كېسەل بولغان ئادەم ئاۋۋال تۇرمە باشلىقىغا خەۋەر قىلىدۇ، تۇرمە باشلىقى رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن تۇرمە سانىتارى بىمارنىڭ بېشىغا قارا خالتا يې-پىپ كېسەل كۆرۈنۈش بۆلۈمىگە ئېلىپ كىرىدۇ ھەمدە «بۇ پالانچى نومۇرلۇق بىمار» دەپ تەرجىمانغا تاپشۇرىدۇ، ئىسمى ئاتالمايدۇ. تەرجىمان بىمارنىڭ ئىسمىنى سورىماي، ئورۇندۇقنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇ ئولتۇرغاندىن كېيىن كېسىلىنى سورايدۇ. بىمار كېسىلىنى ئېيتقاندىن كېيىن، دوختۇرغا تەرجىمە قىلىپ بېرىلىدۇ.

مەن خىزمەت جەريانىدا دوختۇر بىلەن ئانا - بالىدەك چىقىشىپ كەتتىم، ئۇنىڭ سۆزىنى يېرمايدىغان بولدۇم. سىردىشىش جەريانىدا دوختۇر ماڭا تۇرمىدىكى ئادەملەرگە مۇمكىن قەدەر ياخشىلىق قىلىش، ياردەم بېرىشنى تەۋسىيە قىلدى. مەنمۇ ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تۆۋەندىكىدەك ئىشلارنى قىلدىم:

### 1. ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئۇچرىشىش

ئەخمەتجان قاسىمى توغرۇلۇق يېزىلغان كىتابچىدا «ئەخمەتجان قاسىمى 1942 - يىلى چۆچەككە كەلدى» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتە، ئۇ 1941 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بەختى ئارقىلىق چۆچەك شەھىرىگە كېلىپ ئەينەكچىلىك قىلغان. ئۇنىڭ بەزەن سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن گۇمانلانغان ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئۇنى قولغا ئالغان. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەرىكىتىدىن گۇمانلىنىدىغان ھېچقانداق پاكىتلىق نەرسە تاپالمىغانلىقتىن، ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن. ئۈرۈمچى تۇرمىلىرىدە سوراق قىلىش جەريانىدا يەنە ھېچقانداق گۇمانلىق نەرسە تاپالمىغانلىقتىن، ئۇنى كارخانىغا يېنىك ئەمگەككە چىقارغان. ئۇ، كارخانىدا تاڭجارىق بىلەن بىر ئۆيدە يار قازانغا ئوت قالىغان.

1942 - يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ بىرىدە بىز كارخانىغا كەلسەك، بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان جىنايەتچىلەردىن ئون نەچچىسى كېسەل كۆرسىتىشكە دوختۇرنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇلار تەرتىپ

بويىچە دوختۇرنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېسەل كۆرسىتىۋاتاتتى. بىر چاغدا قارا بۇرۇتلۇق، قاڭشارلىق چىرايلىق بىر يىگىت كىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئىككى قولىنى ئالدىغا قوشتۇرۇپ، كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ماڭا قاراپ: «مەقسىتىمنى ئۆزۈمنىڭ سۆز - لىشىمگە رۇخسەتمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭ گېپىنى ئۇقۇپ قال - غان دوختۇر ماڭا قاراپ: «پۇست، ئون گوۋورىت! (مەيلى، ئۇ سۆزلەۋەرسۇن)» دېدى. مەن دوختۇرنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ: «سۆزلە» دەپ ئىشارەت قىلدىم. ئۇ رۇس تىلىدا سۇدەك سۆزلەپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ رۇس تىلىدا بۇنچىلىك راۋان سۆزلىشىگە قاراپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدىم. بۇ يىگىت ئەخمەت - جان قاسىمى ئىكەن. مەن بۇ كارخانىغا كەلمىگىلى يېرىم يىلدەك بولغانىدى. شۇ ئارىلىقتا بۇ يەرگە شى ۋېنلىن دېگەن بىر تەرجى - مان كەلگەنىدى. شۇ تەرجىمانلىق قىلىپ يۈرگەن مەزگىللەردە ئەخمەتجان قاسىمى بۇ يەرگە كەلگەنىكەن. ئۇ دوختۇر بىلەن خۇددى كونا تونۇشلاردەك سۆزلىشىپ كەتتى.

شۇندىن كېيىن بىرقانچە قېتىم كەلگىنىمىزدە ئەخمەتجان قاسىمى كېسەل كۆرسىتىش بىلەن بىللە يەنە تۈرمە ئىچىدىكى بەزى مەسىلىلەرنىمۇ دوختۇرغا سۆزلەپ بەردى. مەن دوختۇرنىڭ تۈرمە ئىچىدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى ھىمايە قىلغانلىقىم ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ دوختۇرغا ئىنكاس قىلغان سۆزلىرىنىڭ بىرىنىمۇ ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلمىدىم.

## 2. ئۆگلىنغا قىلىنغان ياردەم

1942 - يىلى كۈز ئايلىرىدا ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدا - رىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۆگلىن (رۇس) نى ھۆكۈمەت قولغا ئېلىپ، ئۈرۈمچى 1 - تۈرمىگە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۆگلىن غۇل - جىدىكى سوۋېت گىراژدانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، سوۋېت پۇقراسى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق غوللۇق كادىرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ قولغا ئېلىنىپ ئۈرۈمچىد - گە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ئۆزى بىۋاستە

تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ سوۋېت دوختۇرى بىلەن كۆرۈشۈشىنى قاتتىق چەكلىگەنىدى. ئەمما ئۇيغۇرلار تۈرمە باشلىقى ۋاڭ جيەنكۇيگە قولىدىكى ئالتۇن سائىتىنى بېرىپ، سوۋېت دوختۇرى بىلەن بەش مىنۇت سۆزلىشىۋېلىشقا رۇخسەت ئالغان. تۈرمە باشلىقى ئۇنى ئېلىپ كېلىپ ماڭا: «مەن ئۇنىڭ دوختۇرغا بەش مىنۇت كېسەل كۆرسىتىشىگە رۇخسەت قىلدىم، سەن ئۇنىڭ دوختۇرغا نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى ماڭا تەرجىمە قىلىپ بەرگىن»، دېدى.

ئۇيغۇرلار دوختۇرغا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق چۈشەندۈردى ۋە شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش خەۋپىنىڭ بارلىقىنى، سوۋېت كونسۇلىغا بۇ ئەھۋالنى يەتكۈزۈپ تېزدىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇيغۇرلار ماڭا قاراپ: «سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، مېنىڭ گەپلىرىمنى تۈرمە باشلىقىغا تەرجىمە قىلماڭ»، دېدى.

تۈرمە باشلىقى مەندىن ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى سورىغاندا، مەن ئۇنىڭغا: «ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكى ئاغرىۋاتقانلىقىنى، ئۇخلىيالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ»، دەپ قويدۇم. شۇندىن كېيىن تۈرمە باشلىقى ئۇنى قولىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ سالىمىنى تاپشۇرۇۋالغان سوۋېت كونسۇلى شېڭ شىسەيگە سوۋېت ھۆكۈمىتى نامىدىن ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ، 48 سائەت ئىچىدە ئۇيغۇرلارنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شېڭ شىسەي سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قىستىشى بىلەن ئامالسىز ئۇنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

بۇلاردىن سىرت، مەن شۇ مەزگىللەردە يەنە شىنجاڭ شۆيۈەن ئوقۇغۇچىسى دۈبېك شالغىنبايېفنىڭ، ئابدۇللا باسىتلارنىڭ سالىمىنى ئائىلىسىگە، مجىت ئەبۇزەرنىڭ ئامانلىقىنى ئانىسىغا يەتكۈزدۈم.

# ماخۇسەنگە ئەسكەر بولغان كۈنلەردىكى كەچۈرمىشلەر



بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلار ئىكەن. بوۋام رەخمەت دىۋانەم 120 ياشتا، دادام مەمەت سوفۇم 105 ياشتا ئالەمدىن ئۆتكەن. مەن ھازىر 103 ياشقا كىردىم، تېنىم ساق، يېمەك - ئىچمىكىم ياخشى، ئۈچ يىل بولدى كۆزۈم تۇتۇلۇپ قالدى، سىرتلارغا چىقماقچى بولسام بالىلىرىم يېتىلەپ ئاپىرىدۇ. تونۇش - بىلىشلەرنى ئاۋازىدىن تونۇپ پاراڭلىشىمەن.

ئۆتمۈشتە ماخۇسەنگە ئەسكەر بولۇپ ئۈچ يىل تۇردۇم، ئارىدىن 70 نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ، مەن بىلەن ئەسكەر بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ مەنلا قالدىم. ئادەمنىڭ ئۆمرىدە بىر خۇشاللىق بىلەن بىر ئازاب ھەرگىزمۇ ئېسىدىن چىقمايدىكەن، ئۇنى شۇنداق ئەسلىسەم كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتىدۇ.

## 1

يۇرتۇم يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى، تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى تەۋەككۇل يېزىسىنىڭ قاقشال كەنتىدۇر. شۇ چاغدا بۇ يېزا لوپ ناھىيىسىگە

قارايتتى. ناھىيە مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىقى 100 كىلومېتىردىن ئاشاتتى، ناھىيىگە بارىدىغان يول يوق بولۇپ، بېرىشقا توغرا كەلگەندە چاتقاللاردىن كېسىپ پىيادە ياكى ئۇلاغ بىلەن ئىككى ـ ئۈچ كۈن ماڭغاندا ئاندىن بارغىلى بولاتتى.

بۇ ياقا يۇرتنىڭ دېھقانلىرى نامرات، ئاڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، بەگ ـ بوجاڭلارنىڭ زۇلۇمىدا ئىڭرايتتى. 1934 ـ يىلى كۇزدە «ما خۇسەن» دېگەن بىر «ھۆكۈمەت» پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن ۋە تەۋەككۇل ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى.

يۇقىرىلار يەر ـ زېمىن، مال ـ مۈلۈك، بالا ـ چاقىلىرى ئۇ ـ ياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنىڭ جېنىغىمۇ ئىگە بولالمىدى. بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، ئادەم تۇتۇش، قىرىش، چېپىش دېگەنلەر كۈندە دېگۇدەك بولۇپ تۇردى. بىز بىر تۇغقان ئىككى ئوغۇل، ئۈچ قىز ئىدۇق، ئائىلىمىز ئىنتايىن نامرات ئىدى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى مەھەللىمىزدىكى زومىگەر رەخىم ھاجىنىڭ يېرىگە ئورتاقچىلىق قىلىپ كۈنىمىزنى ئۆتكۈزەتتۇق. ئۇنىڭ يەرلىرى كۆپ بولۇپ، نامرات دېھقانلار ئۇنىڭ ئورتاقچىلىقىنى قىلاتتى. جاڭگال ۋە تاغدا 500 ـ 600 تۇياق مېلى بار ئىدى، قويچىلىرى ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ئۇنىڭ ماللىرىنى بېقىپ چۆلدىن چىقماي ئالەمدىن ئۆتەتتى. 60 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئەمەت پوقاق دېگەن ئادەم كەنتتىن بىر يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ئاياق توغراق، تاتوقاي دېگەن جاڭگالدا رەخىم ھاجىنىڭ قويلىرىنى باقىدىكەن. 12 ياش چېغىمدا رەخىم ھاجى مېنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ، «بۇ بالىغا مال بېقىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگەت»، دەپ ئەمەت پوقاق دېگەن ئادەمگە قوشۇپ قويدى. مەن بۇرۇن ئۆيدىن ئايرىلىپ باقمىغاچقا جاڭگال سۈرلۈك ۋە قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى. دەسلەپتە قورقۇپ كۈندۈزىمۇ ساتمىدىن چىقالمىدىم، كېيىنچە ئەمەت ئاكام نەگە بارسا مەنمۇ شۇ يەرگە بىللە باردىم. كېچىسى ئەمەت ئاكامنىڭ قوينىغا كىرىپ ياتتىم. ئۇ مېنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ ياخشى مۇئامىلە قىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ جاڭگالدا بەش ـ

ئالته يىلنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ چوڭ بولدۇم. 17 ـ 18 ياشلارغا كىرگەندە كۆچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان ھالەتكە كەلدىم. ئەمەت ئاكامۇ بارغانسېرى قېرىپ، ئاجىزلىشىپ ماللارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ يەردىكى بارلىق ئىشلارنى مەن قىلاتتىم. بىر كۈنى ئەمەت ئاكام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ تاماقتىنمۇ قالدى. بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدىم. بىر كۈنى ماللارنى سۇغۇرۇپ قايتىپ كەلسەم، ئۇ كۆز يۇمۇپتۇ، مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ بىر ھازا يىغلىدىم. ئۇ مېنىڭ شەپقەتچىم، ئانام، دادام ئىدى. 12 يېشىمدىن باشلاپ بېقىپ چوڭ قىلدى، ئۇنىڭدىن ئايرىلغىنىمغا قاتتىق ئازابلاندىم، كۆزۈمدىن ياش توختىمايتتى، ئەمما بۇ چۆلدە مېنىڭ يىغامنى ئاڭلايدىغان كىم بار دەيسىز؟ ئەمدى جەسەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشى بېشىمنى قاتۇردى، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى (غەربىي) قاراكۆل دېگەن توقايدىكى لاسكۈيلۇقنىڭ ئېغىلى ئېسىمگە كېلىپ، دەرھال دەريادىن ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ ياردەم سورىدىم. 50 ياشلار چامىسىدىكى مالچى سادىر ئاخۇن ئاكا 20 ياشلار چامىسىدىكى شاگىرتى مەن بىلەن بىللە كەلدى، ئۈچىمىز جەسەتنى دەپنە قىلدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن كۈنلىرىم تەسلەشتى. ئۈچ ـ تۆت يۈز مالنىڭ ھۆددىسىدىن يالغۇز چىقىش ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ئۆمۈر بويى چۆلدىن چىقماي مال بېقىش پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ. ئوزۇق ـ تۈلۈك ئالغىلى بىر ـ ئىككى ئايدا بىر قېتىم كەنتكە كىرەتتىم، بەزىدە رەخىم ھاجىنىڭ ئۈچ ـ تۆت ئايدا بىر قېتىم ماللارنىڭ سانىنى ئالغىلى چىقىدىغان ئادەملىرى ئوزۇق ئالغاچ چىقاتتى. ئوزۇق ـ تۈلۈك بولسىلا يىرىم يىل، ھەتتا بىر يىلدىمۇ بىرەر قېتىم كەنتكە چىقمايتتىم. ئۇن بىلەن سۇدىن باشقا يەل ـ يېمىش، قوغۇن ـ تاۋۇز دېگەنلەرنى كۆرمەيتتىم، كۆكتات دېگەنلەرنىڭ ئەسلا بىلمەيتتىم. شۇنداق مۇھىت ۋە شارائىتتا ياشاپ

30 ياشقا كىرىپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىم چىقىپ قېرى يىگىتكە ئايلاندىم. دادامنىڭ مېنى چۆلدىن قايتۇرۇپ كەلگۈسى بولسىمۇ، رەخىم ھاجى قويمايتتى. بىر قېتىم قۇربان ھېيتتا دادام مېنى ھېيتنى كەنتكە كېلىپ بىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزسۇن، دەپ ئاكام سەيدى ئاخۇننى ئورنۇمغا كىرگۈزۈپتۇ. مالنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ كەنتكە كىرىپ ئاتا ـ ئانام، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بىلەن جەم بولۇپ، ھېيتنى خۇشال ئۆتكۈزدۇم، كىچىككىمىزدە بىللە ئويناپ ئۆسكەن ئاغىنىلىرىم بىلەن كۆرۈشسەم، ئۇلار خوتۇن ئېلىپ، باللىق بولۇشۇپتۇ. مەن ئۇلارغا ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا قاراپ ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر ئىپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرگىنىمنى ھېس قىلىپ، جاڭگالغا قايتىپ بارماسلىق نىيىتىگە كەلدىم. كەنتنىڭ مۇھىتى ماڭا تەسىر قىلدى، ئىدىيەمدە ئۆزگىرىش بولدى. ئەتىسى دادامغا جاڭگالغا بارماسلىق توغرىسىدىكى ئويۇم ۋە سەۋەبلىرىمنى دېدىم. دادام ياۋاش بەندە بولۇپ، رەخىم ھاجىنىڭ گېپىدىن چىقمايتتى. ئۇ: «بالام سەن چۈشەنمەيسەن، بىز نامراتلىقتىن جان باقالماي بايلارغا يالىنىپ ئىشلەۋاتىمىز، سەۋرى قىلغىن، قولىمىز قىسقا بولغاچقا بىر كىمنىڭ يېنىغا قىزىنى سوراپمۇ بارالمىدىم»، دەپ يىغلاپ كەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يولسىزلىق، نامراتلىقتىن بولۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندىم ۋە دادامغا: «دادا بولدى يىغلىما، مەن جاڭگالغا مال بېقىشقا بېرىپ ئاكامنى قايتۇرۇۋېتىمەن»، دەپ ۋەدە بەردىم ھەمدە تەييارلىقلىرىمنى پۈتكۈزۈپ جاڭگالغا كەتتىم.

ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى بۇ جاڭگالغا يۇمىلاقباغ كەنتىدىن پاسەك ئاخۇن، داڭقان، قاقشالدىن رەخىم ئاخۇن قامۇش، قاسىم شاتۇت، روزى تەلپەك، قاچچى كەنتىدىن ئابدۇقادىر بوۋام، مەخمۇت دولان، سىيىت جاناق قاتارلىق يەتتە ـ سەككىز ئادەم كەلدى. ئۇلار: «كەنتتە ما خۇسەن 15 ـــ 50 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتقىلى تۇردى. ئۆتكەندە راشىدىن تۇڭگان كېلىپ 90 نەچچە ئادەمنى تۇتۇپ كەتكەن، يەنە

ئەسكەر ئالغىلى كېلىپ ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇپ ئادەم تۇتۇۋاتىدۇ. قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تاربەگ تۇتۇپ كېلىپ، بالاڭنى تاپ، دەپ قىيناۋاتىدۇ. بىز ئۆيدىن چىققۇچە ھېچنېمە ئالمايلا مۇشۇ يەرگە قېچىپ كەلدۇق، بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ئوزۇق - تۈلۈكسىز كېلىدۇ، شۇ چاغدا ئاقسۇ، كۇچاغا كېتىمىز. ئۆتكەنكى ئادەم تۇتۇش خەلقنى ناھايىتى قورقىتىۋەتكەچكە، تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كەتتى. ئۆيگە ۋە يېقىن ئەتراپقا يوشۇرۇنۇۋالغانلارنى ئاختۇرۇپ تۇتۇۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇلارغا تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىۋالدۇق»، دېيىشتى.

بۇ نۆۋەت تەۋەككۈل يېزىسىغا 120 ئەسكەر ئېلىش ۋەزىپىسى كەپتۇ، ئادەملەر قېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كۆپ تۇتالماپتۇ، تەۋەككۈلنىڭ بېگى تاربەگ 120 ئادەمنى تۇتۇپ ساق ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ۋەدە قىپتۇ. تاربەگ ئادەملەرنىڭ ئىككى - ئۈچ كۈندىلۈك نېرىدىكى جاڭگالغا قاچقىنىنى ئۇقۇپ بىر قانچە دورغىسىنى ما خۇسەن ئەسكەرلىرىگە قوشۇپ پۇقراچە كىيىندۈرۈپ، جاڭگالغا كەتكەنلەرنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى قومۇشلۇق، چاتقاللارنى ئاختۇرۇپ، يوشۇرۇنغانلارنى تاپالماپتۇ، ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىسا تاربەگمۇ ما خۇسەننىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلالمايتتى.

تاربەگ ما خۇسەننىڭ سادىق غالچىسى، ئۇنىڭ سايىسىدە سەمرىگەن زالىم، قانخور بەگ ئىدى. ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇش ئۇنىڭ نەپكە ئېرىشىپ ھارام دۇنيا توپلىشىنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى. ما خۇسەننىڭ پۇقراچە كىيىنگەن بىر بەن ئەسكىرى تاردبەگنىڭ دورغىلىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئېشەكلەرگە نەرسە - كېرەكلەرنى ئارتىپ، 3 - كۈنى پېشىن ۋاقتى بىلەن بىز تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى. قېچىپ چىققانلار «بىزنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكلىرىمىز كەلدى»، دەپ خوش بولۇشۇپ كەتتى. ھەممەيلەن سىرتقا چىقىپ ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇق. ئۇلار يېنىمىزغا كېلىشى بىلەن قويۇنلىرىدىن قۇراللىرىنى چىقىرىپ ئاسمانغا

ئوق چىقىرىپ «ھەممىڭ يەردە يات»، دەپ ۋارقىرىدى، ھەممىمىز يەردە دۈم ياتتۇق، ئۇلار بىر ـ بىرلەپ قوللىرىمىزنى ئارقىغا قىلىپ باغلىدى. شۇ قاتاردا مەنمۇ باغلاندىم. مەن بۇ نەس باسقان جاڭگالدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپالماي يۈرەتتىم. شۇڭا، ئە-جەبمۇ ياخشى ئىش بولدى، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ قار-غىش تەككۈر جاڭگالدىن قۇتۇلۇپ، شەھەر كۆرۈپ ئادەمدەك يا-شايدىغان بولدۇم، دەپ خۇش بولۇپ كەتتىم. ئۇلار بىزنى باغلاپ بولۇپ، ئاچ قالغان بۆرىدەك ئېغىلغا كىرىپ، ئۈچ ـ تۆت قوينى تۇتۇپ سويۇپ، گۆلخان يېقىپ كاۋاپ قىلىپ يېيىشتى، ئاشقان-لىرىنى خالتا ـ خۇرجۇنلىرىغا سېلىپ، بىزنى بىر ـ بىرىمىز-گە چېتىپ كەنتكە ئېلىپ ماڭدى. كەنتكە كېلىپ تارىبەگنىڭ ئۆيىگە سولىدى، ئۇ يەردە 50 ــ 60 تەك ئادەم سولاقلىق ئىدى-كەن. تارىبەگنىڭ ئىشىك ئالدى سولانغانلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغ-قان، يارۇ بۇرادەرلىرى بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. تارىبەگ خالىغان ئادەمنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بېرىپ، خالىغان ئادەمنى ئېلىپ قالاتتى. كېرەم مىراپنىڭ ئوغلى مەخمۇت دولانمۇ بىز بىلەن تۇ-تۇلغانىدى، ئۇنىڭ دادىسى 50 سەر تەڭگە، بىر توپ تاۋار بېرىپ ئوغلىنى ئاجرىتىۋالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا تۇگمەنئېرىق بويىدىن ۋاسىل يۇمدانىنى تۇتۇپ بەردى. قويۇپ بېرىدىغانلار قاتارىدا مې-نىمۇ چاقىرىپ قويۇپ بەردى. مەن نەق مەيداندا: «مەن ئەسكەر-لىككە بارىمەن، مېنى بارغىلى قويۇڭلار»، دېدىم. ئەتراپتىكى ئاما كىيىمنى ئاڭلاپ ھەس ـ ھەيران قېلىشتى. «بۇ بالا سارالڭ بوپتۇ، ئەقلىدىن ئازغان ئوخشايدۇ، بىز بالىلىرىمىزنى ئاجرى-تالماي تارىبەگكە يالۋۇرۇپ قىلمىغىنىمىز قالمايۋاتسا، بۇ بالى-نىڭ نېمە دېگىنى، جاندىن تويۇپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگى-نى ئەمەسمۇ؟ ما خۇسەنگە ئەسكەر بولغانلار ئۇرۇشتا ئۆلىدۇ، جەسىتى چۆل ـ جەزىرىلەردە قېلىپ، قاغا ـ قوزغۇنلارغا يەم بو-لىدۇ، قايتىپ كەلگەنلەرمۇ مېيىپ بولۇپ كېلىشىدۇ»، دېيىش-تى. دادام بىلەن ئانام كېلىپ: «رەخىم ھاجى تارىبەگكە بىر كالا،

10 تۆياق قوي بېرىپ سېنى ئاران تەستە قۇتقازدى، سەن ئەسكەر بولسەڭ دېگۈچى بولما، ھەممە ئادەم بۇ ئۆلۈم يولىدىن قېچىۋاتسا، سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ بۇ»، دەپ يىغلاپ كەتتى. مەن: «دادا ـ ئاپا يىغلىماڭلار، مەن پېشانەمگە پۈتۈلگىنىنى كۆرىمەن، رەھىم ھاجىنىڭ مېنى ئاجرىتىۋېلىشتىكى مەقسىتى مېنى ئۆمۈر بويى جاڭگالدىن چىقارماي مېلىنى باقتۇرۇش، ئۇ يەردە تۇرسامۇ ئۆلۈكۈمنى قاغا ـ قوزغۇنلار يەيدۇ، مېنى توسماڭلار، مەن ئەسكەر بولىمەن»، دەپ چىڭ تۇردۇم. ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان بىر تۇڭگان ئەسكەر دادامنىڭ قولىدىن مېنى سىلكىپ ئېلىپ: «بىز مۇشۇنداق ئۆزى ئىختىيار قىلغان ئادەمنى ئالماي قاچقىنىنى ئالامتۇق، بۇ قاچقۇنلار ئەسكەر بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە قاچىدۇ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەسكەر بولغانلار ھەرگىزمۇ قاچمايدۇ، بىزگە دەل مۇشۇنداق ئادەملەر لازىم، بۇنداق ئادەملەرنى قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ»، دەپ مېنى ئۆيگە سولىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن بىزنى خوتەنگە ئېلىپ ماڭدى، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇغ ـ تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلىرىمىز بىزنى يىغا ـ زارە ئىچىدە ئۇزىتىپ قويدى. بۇ دەل 1935 ـ يىلى ئەتىياز پەسلى ئىدى.

## 2

بىزنى ئاۋۋال ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا سولاپ، ئەتىسى قىسىملارغا تەقسىم قىلدى. شاۋۇي كەنتىدىن غوجىئەخمەت بىلەن مېنى بىر لىيەنگە تەقسىم قىلدى. بۇ لىيەندە 15 ــ 20 گىچە ئات بار ئىكەن. مېنى ئات باقىدىغان ئىشقا قويدى. ئاتلارنىڭ ئېگەرلىرىنى كۈندە ئۆيگە سولاپ قۇلۇپ سېلىپ ساقلايتتىم، لىيەنجاڭنىڭ بۇيرۇقىسىز بىر تال ئېگەرنىمۇ ئېلىپ چىقىشقا بولمايتتى، بۇنىڭغا بەنجاڭنىڭ ھوقۇقىمۇ يەتمەيتتى. قوي بېقىشتىن قۇتۇلۇپ ئات بېقىشقا تۇتۇلدۇم. ما خۇسەننىڭ ئاتلىق قىسىملىرى ئاتلارنىڭ رەڭگى بويىچە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاق ئات-

لىق، قارا ئاتلىق، توروق ئاتلىق، بوز ئاتلىق (جەدە توروق)، ئارىلاشما ئاتلىق دېگەندەك بەش خىلغا بۆلۈنگەنىكەن. مەن توروق ئاتلىق لېيەنگە تەقسىم قىلىندىم. ھېچقانداق تەلىم - تەربىيە كۆرمەي، ھەربىي مەشىققە قاتناشماي، ئات بېقىش، ئېگەر - يۈگەنلەرنى تارقىتىش ۋە يىغىش، كېسەل ئاتلارنى داۋالىتىشقا ئوخشاش ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئۆتەتتىم. لېيەنجاڭنىڭ ئىككى ئايغىر ئېتى بار بولۇپ، بۇ ئاتلارنى ئالاھىدە كۈتەتتۇق. ئۇلارغا غوجىئەخمەت ئاخۇن ئاياغ مەسئۇل ئىدى. بىر كۈنى بۇ ئايغىرلار باغلاقتىن بوشىنىۋېلىپ بايتال قېشىغا كىرىپ قاپتۇ، بۇ يەردە ئىككى ئايغىر سوقۇشۇپ، چىشلىشىپ بىر - بىرىنى زېدە قىلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن لېيەنجاڭ «نېمىشقا ئۇلارنى بايتال بىلەن بىللە قويدۇڭ؟» دەپ غوجىئەخمەت ئاخۇن ئاياغنىڭ گەجگىسىگە مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن بىرنى سالغانىدى، ئۇ يەرگە دۈم چۈشۈپ ئورنىدىن تۇرالمىدى، يۆلەپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن گەپ قىلالمىدى. «نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ نادانلىق قىلىۋاتامسەن، سېنى زۇۋانغا كەلتۈرىمەن»، دەپ سۆرەپ ئاپىرىپ ئوچاقنىڭ ئوتىغا ئىككى پۇتىنى كۆمدى، پاچىقى ئوتتا كۆيۈپ تۇخۇم ئېتىلغاندەك «پاڭ، پاڭ» قىلىپ ئېتىلدى، ئۇ ئازابقا چىدىماي ھوشىدىن كەتتى، رەھىمسىز لېيەنجاڭ بىر پاي ئوق بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. ئاندىن لېيەنجاڭ ماڭا: «كۆردۈڭمۇ، سەنمۇ بىخەستەلىك قىلساڭ مۇشۇنداق بولىسەن، ئۇنى ئېغىلنىڭ كەينىگە ئاپىرىپ كۆمۈۋەت، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، باشقىلارغا دەيدىغان بولساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن»، دېدى. جەسەتنى ئېغىلنىڭ كەينىگە كۆمۈۋەتتىم. غوجىئەخمەت ئاخۇن بىلەن بىللە ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، يەتتە - سەككىز ئاي بىللە ئىشلەپ، بىر ئۆيدە يېتىپ، بىللە تاماق يەپ، ئاكا - ئۇكىلاردەك يېقىن بولۇپ كەتكەنىدۇق، شۇ چاغدا ئۇ تېخى 20 ياشقا كىرگەن قىران يىگىت ئىدى، ئات بېقىشتا بىلمىگەنلىرىنى مەندىن ئۆگىنەتتى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى كۆز ئالدىمدىن كەتمەي يۈرىكىمنى مۇ-

جۇيتتى، گېلىمدىن نان ئۆتمەي، كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايتتى.
مېنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل قورقۇنچ چىرمىۋېلىپ قاتتىق
قىيناشقا باشلىدى. ئايغىرنىڭ بايتال بىلەن بىللە تۇرۇپ قېلىشى
ئۇچۇن ئادەم ئۆلتۈرۈش كېتەمدۇ؟ بۇ قانخور مۇناپىقلار ئادەمنى
هايۋاندىنمۇ تۆۋەن كۆرىدىكەن، ناۋادا باشقا ئىش بولۇپ قالسا
مەنمۇ ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتكۈدەكمەن، دەپ ئەسكەر
بولىمەن دېگىنىمگە قاتتىق پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم.

بىر كۈنى بىزنىڭ لېيەندىكى مۇھەممەت ئاخۇن قوقاس دېگەن
كىشى ماڭا: «ما خۇسەن دېگەن هۆكۈمەت ئىمەس، بۇلاڭچى -
جاللات، قاغىلىقتىن تارتىپ چەرچەنگىچە خەلقنى قىرغىن قى-
لىپ، بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى بىر ئەسكىرىمۇ
ئادەم ئۆلتۈرسە سورىقى بولمايدۇ. ما خۇسەننىڭ ئادەملىرى ئا-
ياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، ئەرلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، ھې-
سابسىز ئالۋان - ياساق سېلىپ، خەلقنى ياشاش ئىمكانىيىتىدىن
مەھرۇم قىلدى. نۇرغۇن بىگۇناھ پۇقرانى ئۆلتۈرۈپ، قان قەرزگە
بوغۇلدى، بۇنداق ئەبلەخلەرگە ئىشلىگۈچە قېچىپ كېتەيلى»،
دېدى. «قانداق قاچىمىز؟» دېسەم، ئۇ: «ماڭا پوستتا تۇرۇش نۆۋ-
تى كەلگەندە ساڭا خەۋەر قىلىمەن، تەييار بولۇپ تۇر»، دېدى.
شۇندىن كېيىن قېچىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدىم. ئۇنىڭغا پوست
نۆۋىتى كەلگەن كۈنى ماڭا خەۋەر قىلدى. مەندە قورال يوق ئىدى،
تەييارلاپ قويغان ناننى ئالدىم، ئۇ مىلتىقى بىلەن ئوقدانىنى ئې-
رىق لېۋىگە تاشلىدى، ئىككىمىز ئۇدۇللا لوپنىڭ شىمالىدىكى
ھاڭگىيا يېزىسى تەرەپكە قېچىپ، تاڭ ئاتقۇچە ھاڭگىيانىڭ ئايد-
غىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرىپ كېتىپ يېرىم كۈندەك
ماڭدۇق. سۇ يېتەرلىك بولسا قۇملۇقنىڭ ئىچى بىلەنمۇ تەۋەك-
كۈلگە بارغىلى بولاتتى، لېكىن بىزدە سۇ يوق ئىدى، بىزنى
ئۇسسۇزلۇق قىيناشقا باشلىدى. بىز يۇرۇڭقاش دەرياسىنى نى-
شانلاپ غەرپكە مېڭىپ شۇ كۈنى كەچتە دەرياغا يېتىپ باردۇق. بۇ
يەردە ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇپ، قورسىقىمىزنى توقلاپ جى-

غانلىق ئىچىدە ئارام ئالدۇق. ھېرىپ كەتكەچكە ئۇزۇن ئۇخلاپ كېتىپتۇق، ئويغىنىپ قارىساق بۇ جاي ئوتتۇرا لەڭگەر دېگەن يەر ئىكەن، بۇ يەر لوپ بىلەن تەۋەككۇلنىڭ ئوتتۇرىسى ئىدى. دەريانى بويلاپ شىمال تەرەپكە، يەنى تەۋەككۇلگە قاراپ ماڭدۇق. تولغانجى دېگەن يەرگە كەلگەندە ئۇشتۇمتۇت تەۋەككۇل تەرەپتىن چىققان بىر ئاتلىق تۇڭگان ئەسكەرگە ئۇچراپ قالدۇق. ئۇ تۇڭگان ئەسكەر بىزگە قورالىنى تەڭلەپ: «سەنلەر قېچىپ كەلگەن قاچقۇنلار، كەينىڭگە يېنىش» دەپ، بىزنى ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ كەينىمىزگە ياندۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى. ئىككى ـ ئۈچ سائەت ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىز قونغان ئوتتۇرا لەڭگەرگە كەلدۇق. ئۇ ئەسكەرنىڭ سىيگۈسى كەلگەنىكەن، ئاتتىن چۈشۈپ ئېتىنى بىزگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، مىلتىقىنى دولىسىغا ئارتىپ ئۆرە تۇرۇپ سىيگىلى تۇردى. مۇھەممەت ئاخۇن كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلىك، ئېگىز بوي، قاۋۇل ئادەم ئىدى. ئۇ ماڭا كۆز ئىشارىتى قىلىپ قويۇپ تۇڭگان ئەسكەرنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ قۇچاقلاپلا كۆتۈرۈۋالدى. ئەسكەرنىڭ پۇتى يەرگە تەگمەي پۇلاڭلايتتى. مۇھەممەت ئاخۇن ماڭا: «ئاتنىڭ ئارغامچىسىنى ئەكەل»، دېدى، مەن ئاتنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئەسكەرنىڭ قولىنى مىلتىقى بىلەن قوشۇپ يۆگەپ باغلىۋەتتىم، ئاندىن قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپ يەرگە ياتقۇزۇپ قويدۇم. مەن: «بۇ ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلگەن سەپداشلىرىمىزنىڭ ئىنتىقامىنى ئالايلى» دېسەم، مەمەت ئاخۇن: «ياق، بىز ئۇلارنى دوراپ ئادەم ئۆلتۈرسەك بولمايدۇ، بۇنى مۇشۇنداق تاشلاپ قويايلى، ماڭالمىغاندىكەن ئۆلۈپ قالمايدۇ، ئادەم بار جايغا بارغىچە بۇمۇ ئازابنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن»، دەپ ئۇنى ئۆلتۈرگىلى قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن مىلتىقىنىڭ ئوقىنى ئېلىۋېتىپ يەنە قاچتۇق. ئەسلى بۇ ئەسكەر بىزنىڭ قاچقانلىقىمىزنى تارىبەگكە يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا بىزنى دەرھال تۇتۇپ چىقارتىپ بېرىش توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزۈپ قايتقان ئىكەن. ئىككىمىز تاڭ كېچىدە چېتەن ئېغىل

دېگەن يەردە ئايرىلدۇق. بىزنىڭ قاچقانلىقىمىزدىن خەۋەر تاپقان قانخور زالىم تارىبەگ ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىغا يوشۇرۇنچە دور-غىلارنى ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، مەن ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا پۇتۇمنى ئېلىپ تۇرۇشۇمغا، تۆت دورغا مېنى باغلاپ پۇت - قولۇمنى يەر-گە تەككۈزمەي تارىبەگنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. تارىبەگ: «قانداق نوچى، ئارزۇ قىلىپ كەتكەن يەردىن نېمە دەپ قېچىپ كەلدىڭ؟ سېنى ئارزۇيۇڭ بويىچە يولغا سالغانتۇققۇ، ئاسمانغا چىقىپ كەتسەڭ پۇتۇڭدىن، يەرگە كىرىپ كەتسەڭ كوكۇلاڭدىن تارتىپ چىقالايمىز، جاھاننىڭ ھەممىسى ما خۇسەننىڭ، نەگىلا بارساڭ تۇتۇلىسەن، ئەمدى ما خۇسەننىڭ قولىدا ئۆلمەكتىن باشقا ئامالىڭ يوق. باشقا يۇرتقا قېچىپ كەتكەن بولساڭ، ئور-نىڭغا ئاكاڭنى تۇتۇپ بېرەتتۇق» دەپ، مۇشۇ يەردە ئالۋان - سې-لىقىقا مەسئۇل بولۇپ، ئالۋان يىغدۇرۇۋاتقان فېڭ كانىۋاينى چا-قىرتىپ: «بۇ قاچقۇننى ھايال قىلماي، ھېچيەردە توختاتماي، ئۇ-دۇل خوتەنگە ئاپىرىپ بېرىڭلار»، دەپ ئىككى قولۇمنى باغلاپ ئاتقا سۆرىتىپ يولغا سالدى. كەنت ئىچىدە «ئەسكەرلىكتىن قاچ-قاننىڭ سازايى»، دەپ توۋلاپ ماڭدىم. ئاتا - ئانام بىلەن كۆرۈش-كىلى پۇرسەتمۇ بولمىدى، ھەتتا بىرەر ئېغىز ئەھۋالمۇ سورىيال-مىدىم. ئۇلار ئارقامدىن: «رازى بولغىن بالام، رازى بول»، دەپ زار - زار يىغلاپ خېلى بىر يەرگىچە ئۇزىتىپ كەلدى. مەن ئات-نىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ، «ئەسكەرلىكتىن قاچقاننىڭ سازايى شۇ»، دەپ توۋلايتتىم، كۆزلىرىمدىن ياش ئېقىپ، يۈرىكىم مۇ-جۇلۇپ، ئەسكەر بولغانغا مىڭ پۇشايمان قىلدىم. شۇ تەرىقىدە مېڭىپ كەنتتىن ئايرىلىپ چۆلگە چىقتۇق. مەن يىغلاپ فېڭ كا-نىۋاينىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «مېنى لوپقا ئاپىرىپ بەرمە-سىڭىز، ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بىر سەپدىشىمنى ئاتتىن ئوبدان خەۋەر ئالماپسەن دەپ كۆز ئالدىمدىلا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتتى، شۇڭا قورقۇپ كېتىپ قاچقانىدىم، مېنىڭ ياش جېنىمغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، مېنى قويۇۋېتىڭ، سىزدىن بىر

قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن»، دەپ يالۋۇردۇم. بۇ تۇڭگان ئەسكەر «مەن قاراشەھەردىن، ما خۇسەن كورلىنى بېسىۋالغان چاغدا مېنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتقان، خوتەنگە كەلگىچە نۇرغۇن ئۇرۇشقا قاتناشتىم، ئىككى قېتىم ئوق تېگىپ يارىلىنىپ ئۆلمەي قالدىم. مەن بىلەن بىللە ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنىڭ نەچچىسى ئۇرۇشلاردا ئۆلۈپ، جەسىتى قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولدى. مەن ھازىرغىچە ھايات يۈرۈۋاتىمەن، مېنىڭمۇ ئاتا ـ ئانام بار، ئۇلار بىلەن ئالاقىلاشمىغىلى بىر يىلدىن ئاشتى، ئۇلار مېنى ئۆلۈپ كەتتى، دەپ ئويلايدىغاندۇ، سىنى قويۇپ بەرسەم مەن بالاغا قالمەن، سىنى لوپقا ئاپارماي خوتەنگە ئاپىرىپ ئۆتكۈزۈپ بېرەي» دەپ، خوتەنگە ئاپىرىپ سېپىل ئىچىدىكى ما خۇسەنگە تاپشۇرۇپ بەردى. ما خۇسەننىڭ قوماندانلىق ئورنى سېپىل ئىچىدە ئىكەن، ما خۇسەن بىر پۇشتەك بىلەن سېپىل ئىچىدىكى بارلىق ئەسكەرلەرنى يىغدى. ئالاھەزەل 2000 دەك ئەسكەر بولسا كېرەك. مېنى قولۇمدىن باغلاقلىق پېتى سەپنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. مۇشۇ يەردە ئۆلتۈرىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ ھوشۇمنى يوقاتتىم. «قولىنى يېشىۋەت» دېگەن بۇيرۇق بىلەن بىر ئەسكەر قولۇمنى يېشىۋەتتى. نەچچە كۈن باغلاقتا تۇرۇپ قان ئۇيۇشۇپ كەتكەن قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەي قالدىم. ما خۇسەن ماڭا «ئاۋۇ ئۆيدىكى ئادەمنى ئېلىپ چىق»، دەپ بىر ئۆينى كۆرسەتتى. ئۆيگە كىرسەم تەۋەككۇلنىڭ ھوڭ دېگەن يېرىدىن ياسىن ئاخۇن جىڭدەك دېگەن ئادەم قولى باغلاقلىق يېتىپتۇ. ئۇ ئۈچ نۆۋەت قاچقان بولسىمۇ ئۈچىلى قېتىم تارىبەگ تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ما خۇسەنگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەنىكەن. ئۇنى مەيدانغا ئېلىپ چىقتىم. ما خۇسەن «قاچقانلارنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ، كىمىكى ئەسكەرلىكتىن قاچىدىكەن مۇشۇنداق كۈن ئۇنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ، چېپىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بىر جاللات ياسىن ئاخۇننى يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ، يان تەرەپتە تۇرۇپ، قىلىچ بىلەن گەدىنىگە بىرنى چېپىپلا بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. كال-

لىسى بىر تەرەپكە، تېنى بىر تەرەپكە چۈشتى، تېنى خېلى ئۇ-
زۇنغىچە مىدىرلاپ ئاندىن جېنى چىقتى، كاللىسى تېنىدىن ئۇ-
زۇلگەندىن كېيىن، كۆزى ئوچۇق قالدى. ما خۇسەننىڭ ئەسكەر-
لىرى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ چىقىپ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى
ئۈستىگە قۇلىقىدىن مىقلاپ ئېسىپ قويدى.

ما خۇسەن ماڭا «پاخا» دېدى، بۇ «يات» دېگەن گەپ ئىكەن.
مەن قورققىنىمدىن ئۇنىڭ گېپىنى ئۇقالماي تېگىرقاپ قالدىم.
ئىككى ئەسكەر كېلىپ مېنى يەرگە دۈم يىقىتىپ، بىرى بېشىمغا
يەنە بىرى پۇتۇمغا مىنىپ ئولتۇردى. ئاندىن بىر ئەسكەر كاس-
سامغا كالتەك بىلەن ئۇرغىلى تۇردى. دەسلەپتە «ۋايجان، ئەمدى
قاچمايمەن»، دەپ كۈچۈمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم، كېيىن هو-
شۇمنى يوقىتىپ توۋلاشتىنمۇ قالدىم. قانچىلىك ئۇرغانلىقىنى-
مۇ بىلمىدىم، ئېسىمگە كەلسەم سولاقخانىدىكى بىر ئۆيدە پاخال
ئۈستىدە يېتىپتىمەن. مېنى دۈم ياتقۇزۇپ خامنى هۆل قىلىپ
كاسسامغا يېپىپ، ئۈستىگە ئىككى تال خىش قويۇپ قويۇپتۇ.
مۇشۇنداق قىلغاندا تاياقنىڭ زەردىسىنى تارتىپ زېدە بولغان
گۆش سېسىپ كەتمەي تېز ساقىيارمىش.

## 3

بىر قانچە كۈن سولاقتا ياتقاندىن كېيىن، مېنى ما تۇەنجاڭ
قىسمىغا بەردى. ئۇ ئاتلىق قىسىم بولۇپ سېپىل ئىچىدە تۇرۇ-
دىكەن، ئۇلار ئات كۆندۈرۈش، يېڭى ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇ-
رۇپ، تەربىيىلەش، قوماندانلىق شتابىنى قوغداش، ئۇشتۇمتۇت
ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىغا مەس-
ئۇل ئىكەن. ماڭا بىر ئات بېرىپ مەشىق مەيدانىدا ئات مەشىقى
قىلىشقا سالدى. مەن ئات ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئېشەككىمۇ
مىنىپ باقمىغان بىر قويچى تۇرسام، قانداقمۇ ئات مىنىپ ئۇنى
باشقۇراي. ئاتقا مىنىمەنلا يىقىلىمەن، يەنە مىنىمەن، يەنە يىقى-
لىمەن. هەر قېتىم يىقىلغاندا لېيەنجاڭ كېلىپ قامچىسى بىلەن

مېنى ئۇرۇپ كېتەتتى. باشقىلار ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ قا-رىغا ئېتىش، چىۋىق ئېتىش، ئات ئۇستىدە پۇتىنى ئۇستۇن، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تىك تۇرۇش، يوگۇرۇپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ قورسىقىغا چۇشۇپ قارىغا ئېتىش، يوگۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاتقا سەكرەپ چىقىپ مىنىش، يوگۇرۇپ كېتىۋاتقان ئاتنى ياتقۇزۇپ ئاتنى دالدا قىلىپ قارىغا ئېتىشقا ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى قىلالايتتى. مەشىق مەيدانىدىن قايتىپ كېلىپ كېچىچە ئۇخلى-يالمىدىم. بىر تەرەپتىن ئاتتىن يىقىلغان يەرلەر بىلەن يېگەن قامچىنىڭ ئورنى ئاغرىيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ قانخورنىڭ قامچىسى ئاستىدا زەخىملىنىپ ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ باشقىلار قىلالىغاننى مەن قىلالماسمەنمۇ؟ دېگەنلەرنى خىيال قىلاتتىم، ئاخىرىدا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆگىنىش قارارىغا كەلدىم. ئە-تىسىدىن باشلاپ قاتتىق مەشىق قىلدىم. ھەرقانداق جاپا - مۇ-شەققەتكە بەرداشلىق بەردىم. شۇنىڭ بىلەن بارا - بارا ئات مى-نىش تېخنىكام ئۆسۈپ ھەر خىل مەشىقلەرنى ئوبدان قىلىشقا باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن قامچىدىنمۇ قۇتۇلدۇم. ئات ئۇستىدە قارىغا ئېتىشتا ئۇستا مەرگەن بولۇپ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈندۇم. نىشانىنى كۆز بىلەن قارىغا ئالماي قولۇمنىڭ دېيىمى بىلەن نى-شانلاپ ئاتسام ئوقۇم دەل تېگىدىغان بولدى. بۇنى كۆرگەن پەي-جاڭ، لىيەنجاڭلار مېنى ماختاشقا باشلىدى. بىر كۈنى قىسىم بو-يىچە ھەرقايسى دۈي، تۇەن، لىيەنلەردىن ئۇستا مەرگەنلەرنى يى-غىپ مۇسابىقە ئۆتكۈزمەكچى بولدى. مەنمۇ شۇ مۇسابىقىگە قات-نىشىدىغان بولدۇم. مۇسابىقە مەيدانىغا قاتىرىسىغا ئادەم بويى ئېگىزلىكتە قوزۇق قېقىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇ تولدۇرۇلغان چىنە قويۇپ نىشان قىلىندى. قىسىملاردىن خەنزۇ، تۇڭگان، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن تاۋلانغان 200 دەك مەرگەن قاتناشتى. ھەر بىر مەرگە بەش پايدىن ئوق بېرىلدى. نىشانغا بەش پاي ئوقنىڭ ھەممىنى تەگكۈزگىنى 1 - ، تۆتنى تەگكۈزگىنى 2 - ، ئۇچنى تەگكۈزگىنى 3 - ، ئىككىنى تەگكۈز-

گىنى 4 ـ، بىرنى تەگكۈزگىنى 5 ـ بولاتتى. مۇسابىقىگە ما
خۇسەن باشلىق يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلارنىڭ ھەممىسى
كەلدى. مۇسابىقىدە ئوقنى نىشانغا تەگكۈزۈشتىن باشقا يەنە چاپ-
تۇرۇپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ تېزلىكى، كەتكەن ۋاقىت، ئوق ئېتىد-
لىپ بولغاندىن كېيىن زاتورنى تارتىپ مىشەكنى چىقىرىۋېتىپ
قايتا ئوق قاچىلاش قاتارلىقلارمۇ ھېسابلىناتتى. مۇسابىقىنىڭ
شەرتى چىڭ بولسىمۇ پېشانەم ئوڭدىن كېلىپ، بەش پاي ئوقنىڭ
ھەممىسىنى نىشانغا دەل تەگكۈزۈپ بىرىنچىلىككە ئېرىشتىم. ما
خۇسەن كۆپچىلىك ئالدىدا مېنى ئۆز قولى بىلەن مۇكاپاتلاپ
ئەھۋالىمنى سۈرۈشتۈردى. ئۆز قىزغىنلىقىم بىلەن ئەسكەر بو-
لۇشنى تەلەپ قىلىپ چىققانلىقىمنى ئۇققۇپ، مېنى شۇ كۈندىن
باشلاپ ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر تۇەنىگە يۆتكەپ كەتتى. بۇ تۇەن
سېپىل ئىچىدە بولۇپ، ما خۇسەننىڭ قوماندانلىق شتابىنى
قوغدايدىكەن. مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن تۇەندىكى ئەسكەرلەرنىڭ
ھەممىسى تۇڭگان ۋە خەنزۇ ئىكەن. مېنى سېپىل ئۈستىدىكى
بىر پوتەيدە پىلىموتنى تۇتقۇزۇپ قاراۋۇللۇققا قويدى.

ما خۇسەننىڭ ھەربىي ئىنتىزامى بەك قاتتىق ئىدى، ئەس-
كەرلەر ئازراق خاتالىق ئۆتكۈزسە ھەرگىز يۇز خاتىرە قىلماي
ئۇرۇش، باغلاپ قويۇش، باغلاپ ئېسىش، ئاپتاپقا قاقلاش، يالى-
ڭاچلاپ مۇزدا ياتقۇزۇش، سۇ ـ تاماق بەرمەي قىيناش، ئىككى
پۇتنىڭ شىرىقىغا كالتەك قويۇپ ئىككى بېشىنى دەسسەپ تۇرۇپ
ئارقىغا قايرىش، قولىغا خىش ئېلىپ كۆتەرتىپ قويۇش، قاچقان-
نى ئۆلتۈرۈشتەك ھەر خىل جازالاش ئۇسۇللىرى بار ئىدى. بۇ-
نىڭغا چىدىمىغان بىر قىسىم ئەسكەرلەر قاچاتتى. قاچقان ئەس-
كەرلەرنى يەرلىك بەگلەر تۇتۇپ بېرەتتى. قاچقان ئەسكەرلەردىن
قېچىپ قۇتۇلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. تۇتۇلغانلىرى جې-
نىدىن ئايرىلاتتى ياكى مېيىپ بولۇپ قالاتتى. مەھەللىلەرنىڭ
دوقمۇش ـ دوقمۇشلىرىدا، يول ئېغىزلىرىدا چارلاش پونكىتلىرى
قۇرۇلغان بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز چارلايتتى، شۇڭا قاچقانلار تۇ-

تۇلماي قالمايتتى. بىر كۈنى بىر توپ ئەسكەر قاراڭغۇتاغ ئارقىـ-لىق قۇرۇمتاغدىن ئاتلاپ ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن لاڭرۇ تاغلىق رايونىغا قېچىپتۇ. ما تۇەنجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا 90 نەچچە ئۇستا مەرگەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقـ-تۇق. پوپنا بىلەن مىتىز ئارىلىقىدا تەۋەككۈلنىڭ ھوك دېگەن يېرىدىكى قاسىم ھاجى دېگەننىڭ ئوغلى ئەيسا ئاخۇن مال بېـ-قىۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ بىر يارام قارا قېچىرى بار ئىكەن، ما تۇەنـ-جاڭ قېچىرنى كۆرۈپ: «قېچىرىڭنى ماڭا بەر»، دەپ تالاشتى. ئەيسا ئاخۇن: «مەن ئېغىلدىن ـ ئېغىلغا كۆچۈپ يۈرۈپ مال باـ-قىمەن، نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى مۇشۇ قېچىرغا ئارتىپ يۆتكەـ-مىسەم بولمايدۇ. قېچىرنى تالاشماڭ، بۇنىڭدىن باشقا نەرسە دېـ-سىڭىز بېرەي»، دەپ قېچىرنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ بەرگىلى ئۇ-نىمىدى. ما تۇەنجاڭ تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئىككى پاي ئوق بىـ-لەن بالىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىرنى ئېلىۋالدى. قاچـ-قۇنلار قوغلاپ مىتىز دېگەن يەرگە كەلگەندە ئۇلار قارشىلىق كۆرسىتىپ بىزگە ئوق چىقاردى. بىزنىڭ 25 تەك ئادىمىمىز ئۇ-دۇلدىن ئۇلارغا ئوق ئېتىپ تۇردى، قالغانلار يانداپ ئۆتۈپ ئۇلار-نى قورشاپ تىرىك تۇتتۇق. ئۇلار 10 تۇڭگان، ئالتە خەنزۇ، 20 ئۇيغۇر ئىكەن، قاچقانلاردىن بىر ئۇيغۇرنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۈچ تۇڭگان، ئىككى خەنزۇ باشقا يول ئارقىلىق قېچىپتۇ. تۇ-تۇلغان 30 ئادەمنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەلدۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ما تۇەنجاڭنىڭ ئىنىسى ما جىڭسەيمۇ بار ئىكەن. بۇ 30 ئادەم راۋاققا ئېلىپ چىقىلىپ قاتار ئولتۇرغۇزۇلدى ـ دە، بىر پۇشتەك بىلەن تەڭ چېپىپ ئۆلتۈرۈلـ-دى. ئۇلارنىڭ كاللىسى راۋاقتىن شەھەرگە كىرگۈچە بولغان بىر كىلومېتىر ئارىلىقتىكى دەرەخ، تام، دەرۋازىلارغا مىقلاپ ئېسىپ قويۇلدى. خوتەن شەھەر ئىچىدە نەگىلا قارىسا ئادەم كاللىسى ئېسىلغان بولۇپ، شەھەرنى قورقۇنچ، ۋەھىمە قاپلىدى، پۇقرالار ئۆيدىن سىرتقا چىقالمىدى.

1937 ـ يىلى يازدا ما خۇسەن بىر تەرەپتىن جىددىي ئۇرۇش
تەييارلىقى قىلىپ، پۇقرالاردىن 15 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان
ئەرلەرنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ كۈچ توپلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن
پۇلى بارلىكى ئادەمنى تۇتۇپ قىيناپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ
مەرۋايىتلىرىنى بۇلىدى. ئالتۇن ـ كۈمۈش بۇيۇملارغا ئالۋان قو-
يۇپ بەرگەن بەگلەر ئارقىلىق يىغدۇرۇپ بايلىق توپلىدى. خوتەن-
گە توپلىغان ئۇيغۇر پىيادە ئەسكەرلەرنى تۇركۇم ـ تۇركۇمگە بۆ-
لۈپ قەشقەرگە ماڭغۇزدى. ئارقىدىن لوپ، قاراقاش، خوتەندە تۇ-
رۇشلۇق ئاق، قارا، بوز، جەدە ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ماڭدۇردى.
ئارقىدىن ما خۇسەن ئۆزىمۇ قوماندانلىق شتابىنى يۆتكەپ شىنىڭ
شىسەي بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە يۈرۈپ كەتتۇق.
قالدۇق ئەسكەرلەرنى رەتكە سېلىپ، خوتەن شەھەر ئىچىدىكى
مۇداپىئەسىنى بوشىتىپ، ئارىلاشما ئاتلىقلارنى قاراقاشقا يۆت-
كەپ، قاراقاشنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. مەنمۇ جى تۇەنجاڭ-
نىڭ قوماندانلىقىدا قاراقاشقا باردىم. بىز قاراقاش ماكوي ئۆس-
تەڭ ئاستىدا گۇڭ بەگ دېگەن ئادەمنىڭ هويلىسىغا ئورۇنلاش-
تۇق. بۇ ئادەمنىڭ هويلىسى كەڭرى بولۇپ، ئېغىللىرى بار ئى-
كەن، بۇ يەردە بىر ئايدەك تۇردۇق. ئەسكەرلەر ئىچىدە قىمار ئوي-
ناش، نەشە چېكىش، باسقۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىق هەرىكەتلىرى
بارغانچە كۆپەيدى. بولۇپمۇ بەنجاڭلار ئەسكەر باشلاپ چىقىپ، پۇ-
لى بارلارنى كوللىكتىپ بۇلاپ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئۆل-
تۈرۈپ، ئىزىنى يوقاتتى. قاراقاش ئەسكى پەيشەنبىدە تۇرسۇنىن-
ياز دېگەن بىر موزدوز بار ئىكەن، ئۇنىڭ موزدوزلۇق كارخانى-
سىدا 10 ــ 15 ئادەم ياللىنىپ ئىشلەيدىكەن. بەنجاڭ بۇ موزدوز-
نىڭ ئىككى بالىسىنى تۇتۇپ سولىۋالدى. موزدوز بالىلىرىنى
ئىزدەپ كەلگەندە «مىڭ سەر تەڭگە ئېلىپ كەلسەڭ بالىلىرىڭنى
قويۇپ بېرىمىز»، دېدى. موزدوز ئەتىسى مىڭ سەر تەڭگىنى تەي-
يارلاپ ئېلىپ كەلدى. بەنجاڭ موزدوزنى بالىلىرىغا كۆرسەتمەي
باشقا ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئىككى بالىسىنى قويۇپ بەردى، كې-

چىدە موزدوزنى ئۆلتۈرۈپ ئىغىلنىڭ ئىچىگە كۆمۈۋەتتى. ئەتىسى ئىككى ئوغلى دادىسىنى ئىزدەپ كەلگەندە «داداڭ شۇ ۋاقىتتا كەتكەن»، دەپ ئۇلارنى يولغا سالدى.

## 4

1937 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرى قەشقەرگە كەتكەن ما خۇسەندىن «خوتەندىكى بارلىق كۈچنى توپلاپ، تېزلىكتە چەرچەنگە بېرىپ، شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىش كېرەك»، دەپ بۇيرۇق كەلدى. قاراقاش، خوتەن، لوپتىكى 580 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر جى تۇەنجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا چەرچەنگە قاراپ يولغا چىقتۇق. كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ تۆت كۈندە نىيە بىلەن چەرچەن ئارىلىقىدىكى سەكسەنئالتەقۇم دېگەن يەرگە كەلدۇق. شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىزدىن بۇرۇن چەرچەننى بېسىۋېلىپ خوتەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانىكەن. بىز شۇ يەردە مۇداپىئەگە ئۆتۈپ ئۇرۇشقا تەييارلاندۇق. ئۇرۇش باشلىنىپ 15 مىنۇت ئۆتمەيلا بىزنىڭ سەككىزدەك ئادىمىمىزگە ئوق تېگىپ ئۆلدى، خېلى كۆپ ئادەم يارىلاندى. مەن بىلەن بىر جايدا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان تەۋەككۈلنىڭ قاقشالدىن كەلگەن رېھىم ئاخۇن خامۇشنىڭ بېشىغا ئوق تېگىپ شۇ يەردە ئۆلدى. بىزگە ئېتىشىپ تۇرۇپ چېكىنىش بۇيرۇقى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئېتىشىپ تۇرۇپ چېكىنىشكە باشلىدۇق. مەن ئېتىمغا مىنىپ مېڭىشىمغا تۇيۇقسىز ئات يىقىلىپ دۈم چۈشتى. مەنمۇ بىللە يىقىلدىم. تىزىمنىڭ ئاستىغا بىر پاي ئوق تېگىپ، مۇسكۇلنى تېشىپ ئۆتۈپ ئاتنىڭ يۈرىكىگە تېگىپتۇ. تەلىيىمگە سۆڭەك ساق ئىدى، دەرھال پۇتۇمنى تاڭدىم ـ دە ئۆلگەنلەرنىڭ ئېتىنى مىنىپ قىسىم بىلەن چېكىندىم. ئاۋۋال ئۇيغۇر ئەسكەرلەر چېكىندۇرۇلدى، ئارقىدىن تۇڭگان، خەنزۇ ئەسكەرلەر چېكىندى. نىيىگە كەلگەندە جى تۇەنجاڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى ئالدىدا ماڭغۇزۇپ، خەنزۇ، تۇڭگان ئەسكەرلەرنى ئا-

خىردا ئېلىپ قالدى. ئالدىدا يول چارلاپ مېڭىش، شىڭ شىسەي-نىڭ ئەسكەرلىرى خوتەنگە كەلگەن بولسا دەرھال خەۋەر قىلىش ئۈچۈن بىر بەن ئەسكەر ئالدىدا ماڭدۇرۇلدى، مەنمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئىدىم. قىسىم بىلەن تۆت - بەش كىلومېتىر ئارىلىق تاشلاپ ماڭدۇق. كېرىيىنىڭ ئويتوغراق، تۇگمەنبېشى دېگەن يې-رىدە بىر يۈز بېشىنىڭ باشلامچىلىقىدا 50 ــ 60 تەك ئادەم قوللىرىغا ئارا، كەتمەن، پالتا، تاياق - توقماق ئېلىشىپ: «سەن-لەر ئۇرۇشتىن قاچقان ئەسكەرلەر، سەنلەرنى تۇتۇپ ما خۇسەنگە تاپشۇرۇپ بېرىمىز»، دەپ ئالدىمىزنى توستى. «بىز قاچمىدۇق، قىسىم بويىچە چېكىنىپ كەلدۇق، باشقىلار ئارقىدىن كېلىۋاتىدۇ»، دېسەكمۇ ئىشەنمىدى. «سەنلەر قاچمىغان بولساڭ قىسىم بىـ-لەن بىللە كەلمەي 8 ـ 10 ئادەم ئايرىلىپ كېلىشەرمىدىڭ»، دەپ يۈز بېشى كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ بىزگە قاراپ كەلدى. ئەسكەرلەر-دىن ئۆمەر تۆمۈر بىر پاي ئوق بىلەن يۈز بېشىنى يەرگە يىقىتـ-تى. باشقىلار قورقۇپ قېچىپ كېتىشتى. كېرىيە دەرياسى بويىغا كەلسەك بىر توپ ئادەم يولنى توسۇپ تۇرۇپتۇ. بىز يىراقتىنلا ئوق چىقىرىپ، ئاتلىرىمىزنى چاپتۇرۇپ كېلىۋىدۇق، ئۇلارمۇ قېچىپ كەتتى، بىز ئات چاپتۇرۇپ، ئوق چىقىرىپ ماڭغانچە كې-رىيە بازىرىغا كىردۇق. بازاردا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. قاسساپلار كانارىدىكى گۆشلىرىنى، ناۋايلار پەشتاقتىكى نانلىرىنى، سودى-گەرلەر دۇكانلىرىدىكى ماللىرىنى تاشلاپلا قېچىپتۇ. شۇنىڭ بىـ-لەن بۇ يەردىن ھېچ قانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايلا ئۆتۈپ كەتتۇق. كېرىيىدىن چىقىپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئېتىم ھېرىپ قېلىپ ماڭالمىغىدى ئۇنىمىدى. پىيادە مېڭىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. يېقىن ئەتراپتىن ئات سۈرۈشتۈرۈپ بىر بوجاڭنىڭ ئېتى بارلى-قىنى ئۇقتۇم، ئۇنىڭغا: «ئېتىڭىزنى مېنىڭ ئېتىمغا تېگىشىپ بېرىڭ» دېسەم، ئۇ: «بۇ ئات ما خۇسەننىڭ ئىكەن، ماڭا ئۇنىڭ لازىمى يوق، لازىم بولسا ئەينە ئات»، دەپ ئېتىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. مەن مىنگەن ئېتىمنى بوجاڭنىڭ ھويلىسىغا قويۇپ قو-

يۈپ ئۇنىڭ ئىتىنى مىنىۋالدىم. بۇ خىل ئۇسۇلنى چىرىدىمۇ قوللاندىم. چىرىدىن ئۆتۈپ لوپقا كەلسەك، لوپتا قالغان ما خۇ-سەنىنىڭ ئەسكەرلىرى يوق ئىكەن، گازارمىلىرى بىكار قاپتۇ. لوپتا توختىماي خوتەن شەھىرىگە كىرىپ سىپىل ئىچىگە كىر-سەك، ما خۇسەنىنىڭ خوتەندە قالغان بارلىق ئەسكەرلىرى يىغى-لىپ جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋېتىپتۇ. ئەتىسى چۈش بىلەن بىر ئايروپىلان كېلىپ پەسلەپ شەھەرنى بىر ئايلىنىپ، سىپىل ئى-چىگە ئىككى - ئۈچ بومبا تاشلاپ ئاندىن كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىپىل ئىچى ناھايىتى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ما خۇسەنىنىڭ خەنزۇ، تۇڭگان ئەسكەرلىرى بىر كېچىدىلا بىرسىمۇ قالماي قې-چىپ كېتىپتۇ. پەقەت ئۇيغۇر ئەسكەرلەرلا قاپتىمىز. «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دېگەندەك، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ كېلى-شىنى كۈتۈپ ياتتۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن شىڭ شىسەينىڭ ماشىنىلاشقان ئالدىن يۈرەر قىسمى كەلدى. بىز ئۆمرىمىزدە ما-شىنا كۆرۈپ باقمىغاچقا ماشىنىلارنى كۆرۈپ ھەس - ھەيران قىلىشتۇق. قوراللىرىمىزنىڭ ئوقىنى چىقىرىپ، مىلتىقلىرى-مىزنى تەتۈر تۇتۇپ ئۇلارغا بوي سۇندۇق. شىڭ شىسەينىڭ ئەس-كەرلىرى كېلىپ بارلىق ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى (مىڭدىن ئاشىدۇ): «سىلەر جاپا چەكتىڭلار، ھەممىڭلار دېھقان باللىرى، سىلەر ئەمدى ما خۇسەنىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇڭلار، بىزگە ئەسكەر بولاي دېسەڭلار بىزنىڭ قىسىمدا ئىشلىسەڭلەر بولىدۇ، يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتىمىز دېسەڭلەر، كەتسەڭلارمۇ بولىدۇ»، دېدى. بىز: «يۇرتىمىزغا كەتسەك، بىزنى قويۇپ بەرگەن بولساڭلار»، دېيىش-تۇق. ھەر بىر ئەسكەرنىڭ يۇرتىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا قاراپ 5 ـ 10 جىڭغىچە ئۇن تارقىتىپ بەردى. مەن ئات ۋە قورالىمنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇننى ئېلىپ شەھەردە نانغا تېگىشىپ، ئىككى كۈندە يېتىپ كەلدىم. كېيىن ئۇقۇشۇمچە جى تۇەنجاڭ ئارقى-مىزدىن خوتەنگە كەلمەي كېرىيە، نىيىلەردە تارقىلىپ، يېزا - قىشلاقلارغىچە بېرىپ دېھقانلارنىڭ مال - چارۋىلىرىنى بۇلاپتۇ.

دۇنخۇاڭ يولى ئارقىلىق چىڭخەيگە قاچماقچى بولغاندا شىڭ شى-سەينىڭ ئايروپىلانلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ كېرىيە ۋە نىيە ئا-رىلىقىدىكى سايدا ئۇلارنى بومباردىمان قىلىپ ھەممىسىنى جە-ھەننەمگە يولغا سالىتۇ. 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ما خۇسەننىڭ خوتەندىكى قىسىملىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە رەخىم ھاجىنىڭ ئۆ-يىدە ئىشلىدىم. دادامىۇ شۇنىڭ ئۆيىدە ئورتاقچىلىق قىلىۋاتقا-نىكەن. تەۋەككۇلدە ما خۇسەنگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە ئاكام سەيدى ئاخۇن، يۇسۇپ دىۋانەم، توختى ئاخۇنكام، يۇسۇپ سىنەم، سوپۇر ئەستەر، ھېمىدىخان قاتارلىق ئالتە كىشىنى تارد-بەگ «ئوغرى» دەپ تۇڭگانلارغا تۇتۇپ بېرىپ چاپتۇرۇۋېتىپتۇ. ئاتا ـ ئانام بىلەن بىرگە تۇرۇپ 35 ياشقا كىرگەندە ئۆيلەندىم. تۇنجى ئايالىمدىن تۆت ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت كۆردۈم. ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ۋەكىلى، كەنت باشلىقى، ئەترەت باش-لىقى بولدۇم. پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتى تۇرمۇشۇمغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. كېيىن دەم ئېلىشقا چىقىپ بالىلىرىم بىلەن خا-تىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: **ئىمىن مۇھەممەت سوپۇم**
خاتىرىلىگۈچى: **مۇتەللىپ سادىر**

# تۈگەن 36 ـ دېۋىزىيىسىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى

(ياقۇپ بوۋاي تىلىدىن)

## مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

مېنىڭ تېگىم يەكەنلىك بولۇپ، ئۆمرۈم ياغۇلدا يايلىق خىزمىتى بىلەن ئۆتكەن، مېنىڭ بىر قىزىم خوتەنگە ياتلىق قىلىنغاچقا خوتەنگە بىر نەچچە قېتىم بارغانمەن، شۇڭا خوتەن يوللىرى ماڭا تونۇش بولۇپ قالغان.

9 ـ ئاي كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يەكەن تۈگەنلار قولىغا ئۆتۈپ قالدى، ئۇلار يەكەندە ئازلا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەر تەرەپتىكى تۈگەنلارمۇ قېچىپ كېلىپ، ئۇلغىيىپ ھەممىسى يەكەننى تاشلاپ خوتەن تەرەپكە قاچتى.

ئۇلار كېتىپ بىر كېچىدىلا رۇس ئەسكەرلىرى پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇلار تۇرغۇن تانكا، ئاپتوموبىللارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلارغا يول باشلايدىغان ئادەم لازىم بولغاچقا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مېنى تەيىنلەپتۇ. ئۇلارنىڭ كوماندىرى ماڭا پۇل بەردى، مەن بالا ـ چاقىلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارغا يول باشلاپ ماڭدىم. ئۇلار مېنى تانكىغا چىقىرىۋالدى. مەن ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان نەرسىگە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ كارامەتلىرىنى تاماشا قىلىپ ماڭدىم. بىز يەكەن دەرياسىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە تۈگەنلار دەريا بويلاپ ئىستىھكام قۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدۇق. ئىككىلا تەرەپ مىلتىق، پىلىموت، توپلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ بىر ـ بىرى بىلەن قاتتىق تۇتۇشتى، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئېتىلغان ئوقنىڭ تۇتەكلىرى يورۇق كۈننى خىرەلەشتۈرگەنىدى. ئوق ئاۋازى ئالەمنى بىر ئالغانىدى.

ئىككىلا تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولغان بولسىمۇ، ھېچ-قايسىسى تىركىشىشتىن قول ئۈزمىدى. سوقۇش بىر نەچچە سا-ئەت داۋام قىلدى، تۆگىلەرمۇ بوش كەلمىدى.

ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلالمى-غان رۇسلار تانكىلىرىنى ئىشقا سالدى، ئارقىدىنلا ھاۋادا ئايرو-پىلان پەيدا بولدى. رۇسلار تانكا ۋە ئايروپىلانلار بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ تۆگىلەرنى شىددەتلىك ئوققا تۇتتى. مۇنداق شىددەتلىك ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن تۆگە قىسىملىرى چېكىنىش-كە مەجبۇر بولدى. لېكىن بۇ چېكىنىش ناھايىتى پاجىئەلىك بولدى. كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن تۆگە ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى ياۋىداق مىنىپ، ئۆزلىرىنى دەرياغا ئاتتى. ئاتلار دول-قۇن يېرىپ سۇ ئۈزەتتى، ئات ئۈستىدىكىلەر بولسا قىرغاقتا تېزراق يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئاتلىرىنى ئالدىرىتاتتى. لېكىن دەريا لېۋىگە باستۇرۇپ كەلگەن تانكا قىرغاقتا تۇرۇپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى، ھاۋادا بولسا ئايروپىلان پەس ئۇچۇپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇراتتى. تاشلانغان بومبا دەريا سۈيىنى قىپقىزىل قانغا بويى-غانىدى.

قارشىلىق كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولغان تۆگە ئەسكەرلەر ئۇچۇقچىلىقتا جان تالاشتى. ياغدۇرۇلغان ئوق يامغۇرى سەل بولۇپ، ئۇلارنى ئېقىتىشقا باشلىدى، قايسى بىرى ئاتتىن موللاق ئاتسا، قايسى بىرى ئېتىغا ئوق تېگىپ سۇغا غەرق بولاتتى. دەريا ئىچىدە قىيامەت قايىم بولغان ئىدىكى، دادا بالىغا، بالا دادىسىغا قاراشقا ئىمكان يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەريا سۈيى ئۇلۇغ بولغاچقا، ئاتلارنى موللاق ئاتقۇزۇپ ئادەملەرنى سۇ-نىڭ ئاستىغا تارتىپ كېتەتتى. ئاساسىي كۈچىدىن ئايرىلىپ ئۇ قاتتا سالامەت ئۆتكەن ئازغىنە تۆگە قوشۇنى خوتەن تەرەپكە داۋاملىق چېكىنىشكە باشلىدى.

رۇس قوشۇنى ئۇلارنى قوغلاپ قاغىلىق بىلەن گۇما ئوتتۇ-رىسىدىكى چولاقنىڭ سېيىدا ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. 2 ـ قېتىم-

لىق توقۇنۇش مۇشۇ سايدا يۈز بەردى. تۈڭگانلار ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتتى، رۇس قوشۇنلىرىدىن خېلىلا چىقىم بولدى، ھاۋا ھۇ-جۇمى باشلانغاندىن كېيىن تۈڭگانلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

3 — قېتىملىق توقۇنۇش خوتەننىڭ پىيالما دېگەن يېرىدە بولدى، تۈڭگانلار ئۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىنى ئالدىغا سېلىۋې-لىپ، ئۇلارنى دالدا قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن گۇناھسىز ئادەم ھالاك بولغان بولسىمۇ، لېكىن كەسكىن ئېلىشىشلاردىن كېيىن تۈڭگانلار يەنە چېكىنىشكە باشلىدى.

4 — قېتىملىق توقۇنۇش خوتەنگە يېقىن «چىدا» دېگەن جايدا بولدى. بۇ يەرنىڭ ئەتراپى ئېگىز قۇم دۆۋىلىرى بىلەن ئورالغان ھاۋالىق پەس جاي ئىدى. تۈڭگانلار بۇ يەردە ياشايدىغان 1500 دەك ئاھالىنى بۇ يەرگە سولاپ ئۆزلىرىمۇ بۇ جايغا ئورۇن-لىشىۋالدى. باستۇرۇپ كەلگەنلەرنى ئوقتا تۇتۇپ يېقىن كەلتۈر-مىدى. ئايروپىلانلار يەرلىك ئاھالىنى ئاياپ ھۇجۇم قىلالمىدى. نەتىجىدە بۇ ئۇرۇش بىر نەچچە كۈنگە سوزۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈڭگانلار لەخمە كولاپ چىقىپ كېچىلىرى رۇسلارنى جىق تالاپەتكە ئۇچراتتى ھەتتا قوراللىرىنى بۇلاپ كەتتى. ئاھا-لىنى تۆپىلىككە چىقىرىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋېلىپ رۇسلارنى ھۇجۇم قوزغاشقا ئامالسىز قىلىپ قويدى.

بۇ ھالەت شۇ خىلدا 15 كۈندەك داۋاملاشتى. ئامال بولمى-غاندا رۇسلار تانكىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قورغانچىغا باستۇرۇپ كىردى، تۈڭگانلار ئىلاجىسىز چېكىندى. قورغانچىدا رۇسلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، كىشىلەر ئىنتايىن دەھشەتلىك بىر مەنزىرىنى كۆرگەندى: تۈڭگانلار يەرلىك خەلقتىن 20 دەك ئادەمنى تۈۋ-رۈكلەرگە باغلاپ، تىرىك تۇرغۇزۇپ قارنىنى يېرىۋەتكەندى، ئۇ-چەي - باغرى ساڭگىلاپ قالغاندى. يۈزدەك ئادەم ئېتىپ تاشلان-دى. يەنە 30 دەك ئادەمنى باغلاپ قورسىقىغا قوزۇق تىقىپ تامغا مىخلاپ قويغاچقا، شۇ پېتى ئۆلۈپ قالغاندى. بۇ كىشىلەر تۈڭ-گانلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىغان باش

تارتقان كىشىلەر بولۇپ، ئومۇمەن «رۇسلاردىن پاناھ تىلىگەن» دېگەن جىنايەت بىلەن مۇشۇنداق قاباھەتلىك ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

رۇس قوشۇنلىرى تۇڭگانلارغا ئارام بەرمەي قوغلىدى، ئۇلارغا خوتەندە يېتىشىۋالغانىدى. تۇڭگانلار خوتەن يېڭى شەھىرىگە كىرىۋېلىپ، ئۇ يەردىكى ھەربىي گۇزەرنىڭ ئېگىز سېپىللىرىنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ مۇداپىئەگە كىرىشتى. بۇ يەردىمۇ نۇرغۇن خەلقنى سېپىل ئىچىگە سولىۋالغانىدى. لېكىن تانكا، ئايروپىلانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇڭگانلارنىڭ روھى چۈشۈپ، پۇقراچە كىيىنىپ ئارقا تەرەپتىن قېچىپ چىقتى، بىراق رۇسلار ئۇلارنى تۇتۇۋالدى، ئۇزۇن ئۆتمەي سېپىل ئىچىدىكىلەرمۇ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار قورال تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار، ئوفىتسېرلار بىلەن جەڭچىلەر ئايرىۋېلىندى، جىنايىتى ئېغىر ئوفىتسېرلار سىم بىلەن باغلىنىپ، توك سايمىنى ئارقىلىق ئۆلتۈرۈلدى. قويۇپ بېرىشكە تېگىشلىكلىرى يول راسخوتى بېرىلىپ يۇرتىغا قايتۇرۇلدى.

خوتەن يولىدىكى قۇم ئۇستىدە ئىككى خىل بەلگە كۆزگە چېلىقىدۇ. بىر خىلى تىك قاداپ قويۇلغان بادرا بولۇپ، بۇلار تۇڭگان قوشۇنىدىن ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ بەلگىلىرىدۇر. يەنە بىر خىلى قادالغان موما ياغاچقا ئېسىپ قويۇلغان قوشقار مۈڭگۈزى ۋە چىگىپ قويۇلغان خوراز پەيلىرى بولۇپ، بۇلار ئۇرۇشتا ئۆلگەن ياكى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن يەرلىك خەلقنىڭ قەبرە بەلگىسىدۇر.

بۇ جايدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر بۇ ئىككى خىل بەلگىنى كۆرگەندە دۇئا قىلىپ ئۆتىدۇ.

مانا مۇشۇ ئىككى خىل بەلگە ئاستىدا ياتقانلار دىنداش ۋە ۋەتەنداش بولسىمۇ، لېكىن ئىتتىپاقسىزلىق تۈپەيلى ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ ئاقىۋەتتە ھەر ئىككى تەرەپ قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغانىدى.

ياقۇپ بوۋاي سۆزلەپ بەرگەن بۇ ۋەقە ئەسلىدە 1937 ـ يىلى
9 ـ ئايدا يۈز بەرگەن ۋەقە بولۇپ، 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ پەيزىۋاتتىنا
تۇرۇشلۇق تۇڭگان ماشىڭكۈي بىرىگادىسى ماخۇسەندىن يۈز ئۆ-
رۈپ، شىلىڭ شىمىسەي تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەچكە، ماخۇسەن 9 ـ ئاي-
نىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن. ماخۇسەن ئۇ-
رۇشتا يېڭىلىپ قەشقەرنى تاشلاپ خوتەنگە قاچقان. ئۇنىڭ قوشۇ-
نى تۆت خىل قوشۇننىڭ زەربىسى ئاستىدا قالغان. بىرىنچىسى،
مارالبېشىدىن بېسىپ كەلگەن رۇس ئارمىيىسى، ئىككىنچىسى
قەشقەردىن قوغلاپ كەلگەن 38 ـ ۋە 40 ـ پولكلاردىكى خەنزۇ
ئەسكەرلەر. ئۈچىنچىسى، 31 ـ پولك تەركىبىدىكى ئەخمەت
لىيەنجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر روتا ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى. تۆتىن-
چىسى ماشىڭكۈينىڭ بىر بىرىگادا تۇڭگان ئەسكىرى. ماخۇسەن-
نىڭ 36 ـ دىۋىزىيىسى مانا مۇشۇ تۆت خىل قوشۇن بىلەن يې-
ڭىساردا تۇتۇشقاندىن كېيىن، يېڭىلىپ يەكەنگە چېكىنگەن. ما-
خۇسەننىڭ قوشۇنى خوتەن چۆللىرىدە يوقىتىلغاندىن كېيىن،
ماشىڭكۈي قىسىملىرىمۇ يىغىشتۇرۇپ تاشلاندى.

بۇ ۋەقەنى 1940 ـ يىلى يەكەنلىك ياقۇپ ئاتلىق بىر بوۋاي
خوتەندىن مەپە بىلەن قايتىپ كېلىۋېتىپ، سەپەرداشى ـ دوختۇر
مامۇت ئەمەتكە سۆزلەپ بەرگەنىكەن. مەن بۇنى 1970 ـ يىلى 12 ـ
ئىيۇن كۈنى خاتىرىلەپ ئالدىم.

# 6 ـ باتالىيوننىڭ كەچۈرمىشلىرى

## سوپاخۇن سۇۋۇروف

1942 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ باشلىرى بىزنىڭ قەشقەردە تۇ ـ رۇشلۇق مۇستەقىل پىيادە 6 ـ باتالىيونىمىزغا قەشقەردىن كونا تۇرپانغا يۆتكىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشتى. 13 ـ كۈنى يولغا چىقتۇق. بىزنىڭ باتالىيون كۈچلۈك مىللىي قوشۇن بولغاچقا، شىڭ شىسەي ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالماي، ئارقا كۆرۈنۈشى بار تۇرپانغا يۆتكىمەكچى بولغانىدى. بۇ قىسىمنى قەشقەردىن بارلىق ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن بىللە يۆتكەشتە قىسىمنى تارمار قىلىش مەقسەت قىلىنغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەقىل پىيادە 6 ـ باتالىيون بارلىق بالا ـ چاقىلار بىلەن بىرگە ئاۋۋال ئاقسۇغا يۆتكەپ كېلىندى. 6 ـ باتالىيون مەمۇرىيىتى قىسىمنى بىر روتا ـ بىر روتىدىن پارچىلاپ، هەر بىر روتا ئارىلىقىدا ئۈچ كۈنلۈك يول قالدۇرۇپ يولغا سالدى. كورلىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ ئالدىن ئەۋەتكەن تۆت ـ بەش هەربىي ئەمەلدارى قىسىملىرىمىزنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى سېرىپ ـ سۇپۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كەتمەن، گۈرجەك، جوتو بېرىپ، ئەينى چاغدىكى قاراشەهەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق خوتۇنسۇمۇل، كۆنچى (لوپنور ناهىيىسى)، كورلا، بۇگۇر، چەرچەن، چاقىلىق قاتارلىق يەتتە ناهىيىدىن كەلگەن 3000 دىن ئارتۇق دېهقان ـ چارۋىچى بىلەن قوشۇپ، كورلا ـ چاقىلىق يولى قۇرۇلۇشىغا ئە ـ ۋەتتى. بۇ قۇرۇلۇشقا چاقىلىقتا تۇرۇۋاتقان بىر ئاتلىق پولكمۇ قاتناشتۇرۇلدى. بىزنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىمىزنى شىڭ شىسەي قاراشەهەردىكى دەڭ ـ سارايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەترا ـ پىغا پوست قويۇپ، نەزەربەنت قىلىپ قويدى. پەقەت بىر نەچچە

ئائىلىلىك كىشىگىلا بىر ئېغىزدىن ئۆي تەقسىم قىلىنغانىدى. شىنىڭ شىسەي 6 ـ باتالىيوندىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ خو-تۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى قاراشەھەرگە ئەكىلىپ قويساق، ئۇلار ھېچيەرگە كېتەلمەيدۇ ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرەلمەيدۇ، دەپ ئويلىغا-نىدى.

يېڭى ياسىلىۋاتقان تاشيول قۇرۇلۇشىغا سابىق تاشيول ئىدارىسىنىڭ ۋاڭ فامىلىلىك بىر باشلىقى (ئايالى رۇس) مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سوۋېتلىك بارسكوف ئىسىملىك بىر رۇس ئىنژېنېر بار ئىدى.

تاشيول قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابى بىلەن 6 ـ باتاليو-نىنىڭ شتابمۇ كورلىغا جايلاشقانىدى. ئەينى يىللاردا كورلا شە-ھىرى گۈزەل بىر بوستانلىق شەھەر ئىدى. باغراش كۆلىدىن باشلانغان باش ئەگىم دەرياسى كورلا شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ لوپنور كۆلىگە قۇيۇلاتتى.

4 ـ روتا كۆنچى ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزىلارغا ئورۇنلاش-تى. مەن قوماندانلىق قىلىۋاتقان 1 ـ، 3 ـ روتىلار باش ئېگىز، شىنىغا، چوڭ كۆل، سەكسەن كۆۋرۈك دېگەن جايلارغا ئو-رۇنلاشتى. تارىم دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى دۆڭ قوتاندىن ئېقىپ ئۆتەتتى. بىر تارمىقى چوڭ كۆل مەھەللىسىنىڭ جەنۇب تەرىپى-دىن ئۆتۈپ، كەڭ تۈزلەڭلىككە كەلگەندە تارىيىپ ئاقاتتى. مۇشۇ تار ئېقىنغا 80 تار ياغاچ كۆۋرۈك سېلىنغانىدى. بۇ يەردىكى دەر-يا سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن دەريانىڭ تېگىدىكى بېلىقلارنى كۆرگىلى بولاتتى. قىشتا مۇزلىساي ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. چوڭ كۆل مەھەللىسىدىن چىقىپ، سەكسەن كۆۋرۈكتىن ئۆتسە، جەنۇب تەرەپتە ئېگىز ـ پەس قۇم بارخانلىرى قۇمتاغدەك كۆرۈ-نۈپ تۇراتتى. بىز ياساۋاتقان يول قۇم بارخانلىرى ئارىلىقىدىن ئەگرى ـ بۈگرى ئايلىنىپ، بەش كىلومېتىردەك ئۆتكەندىن كې-يىن، تەكلىماكاننىڭ قېلىن توغراقلىق ئورمىنىغا كىرىپ كې-تەتتى. ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ كۆل، تېيىز كۆل، كۆزلەك مەھەللىلى-

ـرىگە باراتتى. كۆنچى ناھىيىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريانىڭ باش، ئاياغ تەرەپلىرىگە كۆۋرۈك سالغىلى بولمىغاچقا، كىشىلەر دەريادىن كېمە ئارقىلىق ئۆتىدىكەن. چوڭ كېمىلەردە هارۋا، ئات، مال ـ چارۋىلار ئۆتكۈزۈلىدىكەن. 1943 ـ يىلى تاشيول قۇرۇ. لۇشى بىلەن تەڭ پۇتكۈزۈش ئۈچۈن، كۆنچى بازىرىدىن ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا كاتتا سىم ئارقانلار بىلەن ما. ڭىدىغان چوڭ كېمە سېلىنىقى ياسالدى. بۇ قۇرۇلۇشتا بىزنىڭ 6 ـ باتاليوندىن بىر ئىنژۇوت (30 ئەسكەر) ئاجرىتىلدى. رۇس ئىن. ژېنېر بارسكوف تېخنىكا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. سابىق تاش. يول ئىدارىسىنىڭ قوماندانلىقىدا كېمە سېلىنىقى قۇرۇلۇشى 1943 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى پۇتۇپ ئىشقا كىرىشتۇرۇل. دى. بۇنىڭدىن كۆنچى ناھىيىسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىغا ماكانلاشقان كىشىلەر ناھايىتى خۇشال بولۇشتى.

بىزگە ئۇلۇغ كۆل، تۇزكۆل، كۇزلەك، چارا قاتارلىق جايلار. دىكى 100 كىلومېتىرغا يېقىن تاشيولنى ياساش تەقسىم قىلىن. دى. 1 ـ، 3 ـ روتىلارغا يولنى ئۆلچەش، قوزۇق قېقىش قاتارلىق تېخنىكا ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ۋاڭ، جاڭ فامى. لىلىك ئىككى تېخنىك ئاجرىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا دۇ. بەن مەھكىمىسىدىن كەلگەن مەسلىھەتچىلەرمۇ ھەپتىسىگە بىر ـ ئىككى قېتىم ئاتلىق كېلىپ تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ئايدا بىر قې. تىم ئۇرۇمچىدىن ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلاردىن تەشكىللەنگەن چوڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى كېلىپ تۇراتتى. 2 ـ روتىغا كۆنچى ناھىيىسىدىن چوڭ كۆل يېزىسىغىچە بولغان يول بۆلىكى تەقسىم قىلىندى. ھاكى قۇربانىڭ پىلىموت روتىسى كۆنچى مەھەللىسىدە قالدۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ رو. تىلار كۆنچى ناھىيىسىنىڭ تەكلىماكان چۆلى تەرەپكە تەقسىم قىلىنىپ، ھاكى قۇربانىڭ روتىسى كورلا تەرەپتە قالدۇرۇلدى. بۇ مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى. چۈنكى ھاكى قۇربان يۇ. قىرىغا ناھايىتى ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ بىرى ھەم قاتتىق

قول، خۇشامەتچى، ھاكاۋۇر، سىرلىق ئادەم بولغاچقا، يۇقىرىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى. بۇ يەردە ئۈچ روتا بىرەر ئىش سادىر قىلسا، كورلا تەرەپتىن چوڭ قوشۇن يېتىپ كەلگۈچە، كۆنچىدە قالغان ھاكى قۇربان ئۇلارنى توسۇپ قالالايدۇ، دەپ قارىغانىدى. ھاكى قۇربان جەڭچىلەرگە ناھايىتى قاتتىق قول، رەھىمسىز ئادەم ئىدى. شۇ يىلى قىشتا كورلىدا ناھايىتى قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان كۈنلەردە كۆنچى دەرياسىدا مۇز پارچىلىرى ئېقىپ تۇراتتى. بىر كۈنى دەريادا بىر قوي ئېقىپ كەلدى. بۇنداق قاتتىق سوغۇقتا يۈرىكى قاپتەك ئادەم بولسىمۇ قوينى قۇتقۇزۇپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. دەريا سۈيى ناھايىتى ئۇلۇغ ئېقىۋاتاتتى. بۇ چاغدا ھاكى قۇربان مۇئاۋىن ئىنزۇوت كوماندىرى توخنىيازنى دەريادىن قوينى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. ھەربىي بۇيرۇقنى ھەممىدىن بۈيۈك دەپ بىلگەن توخنىياز ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، يېلىڭ كىيىم بىلەن دەرياغا ئۆزىنى ئاتتى. توخنىياز ئاقسۆلۆك تەمبەل ئادەم ئىدى. ئۇ مۇز پارچىلىرىنىڭ بەدىنىنى تىتىۋەتكىنىگە قاتتىق بەرداشلىق بېرىپ، دەريادا ئۈزۈپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە قوينى قىرغاققا ئېلىپ چىقتى. قاتتىق سوغۇق توخنىيازنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە، يەرگە ئېغىشىپ كىيىملىرىنى ئېلىشقىمۇ بولالمىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن ھاكى قۇربان «قوينى ئېلىپ چىقىشقا مەن بۇيرۇق بەرمىدىم، ئۆزى ئېلىپ چىقتى»، دەپ تېنىۋالدى. توخنىيازنىڭ ئەھۋالىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن 4 ـ روتىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ۋە ئەتراپتىكى خەلق ئۇنى تېزدىن گازارمىغا ئېلىپ باردى. بۇ يەردىمۇ ئامال بولمىدى. ساپساق ئادەمنىڭ بىردەمنىڭ ئىچىدە بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن جەڭچى، ئوفىتسېرلار ۋە خەلق ئاممىسى قاتتىق غەزەپكە كەلدى. بىراق ھاكى قۇرباننىڭ زومىگەرلىكىگە لەنەت ئوقۇماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن توخنىيازنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ خە-

ۋەر 6 ـ باتالىيوننىڭ كورلىدىكى شتابىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇلار دەرھال بىر دوختۇر ئەۋەتتى. دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ دەرھال كورلىدىكى چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا بۇيرۇدى. ئۇ چاغدا ماشىنا بولمىغاچقا، كۆنچىدىن كورلىغىچە بولغان 55 كىلومېتىر يەرگە كالا ھارۋىسى بىلەن ئاپىرىشقا توغرا كەلدى. كورلىغا يېتىپ بارغىچە توخنىيازنىڭ پۇتى كۆسەيدەك قارىداپ كەتكەندى. كورلىدىمۇ ئامال بولماي، قاراشەھەر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يوللىنىپ، ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى پۇتى تىزىدىن كېسىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قاۋۇل ياش يىگىت كاردىن چىقتى. ئۇ مېيىپ بولغاچقا سەپتىن بوشىتىلدى. ئايالى تاشخان بىلەن قىزلىرى چولپان ۋە تۇرسۇنگۈللەر قان يىغلاپ يۈرۈپ ئۇنى ئېلىپ ئاقسۇغا قايتىپ كەتتى. ھاكى قۇربان ئەسكەرلەر قىلمىشلىك سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە قولىنى ئاچقۇزۇپ، تاياق بىلەن ئالقانلىرى يېرىلغۇدەك ئۇراتتى.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بىز ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى پارتىزانلىرى ئاقسۇغا چۈشۈپ، كونا شەھەردە تۇرۇۋاتقىنىمىزدا، توخنىيازنىڭ ئايالى ئۇنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى پاكىز ئالدۇرۇپ، پاكىز كىيىندۇرۇپ، ئېشەككە مىندۈرۈپ بىزنىڭ شتابقا ئېلىپ كەپتۇ. بىز كونا سەپداشلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. تاشخانغا ۋاپادارلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتتۇق. ئۇلارغا ھۆكۈمەت ئىسكىلاتىدىن بىر ۋېلىسىپىت، بىر قۇردىن كىيىم ئېلىپ بەردۇق. ئۇ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. 1958 ـ يىلى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بارغىنىمىزدا توخنىياز بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ قالدۇق. ئۇ چاغدا تاشخاننىڭ سىڭلىسى ھاۋاخان ئاشخانا ئېچىپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتقانىكەن.

**يول ياسىغۇچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق كۈنلىرى**

بىز 6 ـ باتالىيوننىڭ ئوفىتسىر ـ ئەسكەرلىرى 3000 دەك يەرلىك خەلق بىلەن بىرگە تەكلىماكان چۆلىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ھارۋا يولىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ،

چاقىلىققا بارىدىغان 448 كىلومېتىر يولنى باستۇق. زىمىستان قىش پەسلى بولغاچقا، ھاۋا بەك سوغۇق ئىدى. بىچارە خەلق ئو- چۇق تۇزلەڭلىكتە قۇم دۆۋىلىرى يېنىدا ياكى چوڭ توغراقلارنىڭ تۈۋىدە ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى كۆرپە قىلىپ تىترەپ يېتىپ- قوپاتتى. كۇندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك سۇ ئىچىشكە، تۆگە ھار- ۋىلىرى ئارقىلىق توشۇلاتتى. ھەر كىم ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئوزۇق- تۈلۈكلىرى بىلەن تاماق ئېتىپ يەيتتى. ئىش ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەمچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قېرى، ئاجىز كىشىلەر بولغاچقا، ئېغىر ئەمگەك ئازابىدىن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن- لەرمۇ بولدى. ئۆلارنىڭ ئوزۇقى تۈگىسە ئۆلارنىڭ زارىنى ئاڭلاي- دىغان ئادەم چىقمايتتى. بەزىلەر ئۇنىڭغا چىدىماي قېچىشقا مەج- بۇر بولاتتى. تاشيول قوماندانلىق شتابى بۇ ئەھۋالغا تاقابىل تۇ- رۇش ئۈچۈن كورلا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىن بىر ئەترەت ساقچى ئېلىپ كېلىپ، قوراللىق نازارەت قىلىشقا باشلىدى. «قورساق ئاچ، ئاش - نان بېرىڭلار»، دېگەنلەرنى «دودەنلىك قىل- دىڭ» دەپ تۇرمىگە تاشلايتتى. بۇ ئىشلارغا ئېچىمىز چىدىماي ئارىلىشايلى دېسەك، ئۆزىمىزمۇ گۇناھكاردەك ئىشلەۋاتقانلىقى- مىز ئۈچۈن، غىڭ - پىڭ قىلالمايتتۇق. بىزنىڭ قوماندانلىق شتابىمىز كورلىدا بولغاچقا، باتالىيون كوماندىرى ھەسەن ئارىلاپ ئىش مەيدانىغا كېلىپ تۇراتتى. بىچارە جەڭچىلەر «يىڭجاڭ بىز قاچان قايتىمىز؟» دەپ سورىسا، ھەسەن يىڭجاڭ «ھەي قاپاق- باشلار، قۇلىقىمىزغا يەتتە كەتمەن توپا توشقاندا ئاندىن قايتى- مىز»، دەپ جاۋاب بېرەتتى. بىز ئىلاجسىز شۈك بولۇپ قالات- تۇق. بىزگە ياتاق ئۈچۈن قاراشەھەردىكى موڭغۇل چارۋىچىلارنى قاقشىتىپ، كىگىز ئۆيلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

بىز ھارۋا يولىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ تاشيول ياسىغان بولساقمۇ، بەزى يەرلەردە قۇمدۆڭ ۋە ئازگاللارغا توغرا كېلەت- تۇق. مۇنداق قۇملۇقتا بىر كەتمەن چاپساق، نەچچە كەتمەن قۇم سىيرىلىپ چۈشۈپ ۋەزىپىنى ئورۇنداش قىيىن بولاتتى. بەزىدە

توغراقلىق ۋە قومۇشلۇقلاردىن يول ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. توغراقلىق شۇ قەدەر قېلىن ئىدىكى، بىر ئادەم كىرىپ كەتسە مىڭ ئادەم كىرىپمۇ ئىزدەپ تاپالمايتتى. قۇچاق يەتكۈسىز توغراقلار ئاسمان پەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، قۇرۇغان توغراقلار ئەتراپىغا يىقىلىپ ياتاتتى. يەنە بەزىدە قەدىمكى زاماندا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بەرپا قىلغان شەھەرلەرنىڭ جارابىلىرى، ئېگىز، قېلىن سېپىللار، چوڭ ـ كىچىك گەمىلەر، يەر ئاستى يوللىرى، غارلار ۋە كىچىك قەلئەلەر ئۇچراپ تۇراتتى.

**لوپنورلۇقلارنىڭ تۇرمۇشى**

لوپنور خەلقى سادىدا، ئاقكۆڭۈل، مېھماندوست خەلق بولۇپ، ئاساسلىق چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇلار دەريا بويلاپ، كىچىك ـ كىچىك كۆل بويلىرىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. بۇ يەردە ياۋا كەندىر كۆپ بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ چىگىسىدىن چىرايلىق يوللۇق رەخت توقۇپ كىيىم كىيىدىكەن. ئەرلەر ئىشتان ـ چاپان، ئاياللار ئۇزۇن، يانچۇقلۇق چاپان توقۇپ كىيىدىكەن. كەمبەغەللەر كۆپ بولۇپ، يازدا ئاسانلا بېلىق، قىشتا يىكەن يىلتىزى، قاغا جىگدىسى يەپ ئاشلىقنى قوشۇمچە يەيدىكەن. بۇ يەرنىڭ ئەر ـ ئاياللىرى ئوخشاشلا ئەمگەكچان بولۇپ، ياش چوكانلار ئۇزۇن، تار ئوقۇرغا ئوخشايدىغان قېيىقلارنى ھەيدەپ، ئۇ قاتقا ئۆتۈپ ئوتۇن ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. تۇرمۇشى ياخشىراقلىرى كېسەك ئۆيلەردە، كەمبەغەللەرەكلىرى قومۇش ئۆي، ھەتتا گەمىلەردە تۇراتتى. بۇ يەردە مال ـ چارۋىلارنى ئېغىل، قوتانلارغا سولاپ قويۇپ باقىدىغان ئادەت يوق ئىدى. مال ـ چارۋىلار قىش ـ ياز جاڭگالدا يايلاپ يۇرگەچكە ياۋايىلىشىپ كېتىدىكەن. كىشىلەر بىرەر خېرىدارغا ئات ياكى كالا ساتماقچى بولسا خېرىدارنى جاڭگالغا باشلاپ بېرىپ، مالنى كۆرسىتىپ باھاسىنى چۇشۇرۇپ ساتاتتى. چۇنكى جاڭگالدا ياۋايىلىشىپ كەتكەن مالنى تۇتۇش ئاسانغا توختىمايتتى. ئېشەكلەرمۇ ياۋايىلىشىپ ئادەمنى كۆرسە

بىر كۆنلۈك يەرگە قاچاتتى. بۇ يەرنىڭ توپىسى يۇمشاق بولغاچقا، ئېشەكلەرنىڭ تۇۋىقى ئۆسۈپ ئۇچى ئاسمانغا قاراپ قالىدىكەن. چارۋا ئىگىلىرى بايقاپ تۇرۇپ قايسى مال تۇغسا شۇ كۈنلا ئەن تامغىسىنى بېسىپ يەنە جاڭگالغا قويۇۋېتىدىكەن. مەن چوڭ كۆلدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىمدا، ئىبراھىم دېگەن كىشىدىن «قانچە-لىك چارۋىڭىز بار؟» دەپ سورىسام، ئۇ كىشى ئېنىق جاۋاب بې-رەلمەي، ئوغلىغا خاتىرە دەپتىرىنى ئالدۇرۇپ چىقىپ، 30 كالا، سەككىز ئات، بىر قورۇ قوي (300 ـــ 400 قوي بىر قورۇ ھې-سابلىنىدىكەن)، 75 ئېشەك بار دەپ جاۋاب بەردى. مەن يەنە «ئې-شەكلىرىڭىز نېمانداق جىق»؟ دەپ سورىسام، «ئات ـ كالىلارنى ساتىمىز ياكى قېرىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يەيمىز، ئېشەكنى ئالىدىغان ئادەم بولمىغاچقا شۇنداق كۆپىيىپ كەتكەن، ئۇنىڭ بىزگە ئې-غىرچىلىقى يوق»، دەپ جاۋاب بەردى. قىشتا مال ـ چارۋىلارنى سوقۇم قىلىپ يېيىشنى بىلمەيدىكەن ھەم مۇنداق گەپنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەن.

بۇ يەردە ياۋا توڭگۇز كۆپ بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ زىرائەتلى-رىنى يەپ، بەك زىيان سالىدىكەن. ھەتتا ئورىغا كۆمۈپ قويغان ئاشلىقلىرىنىمۇ يۇراپ تېپىپ يەپ كېتىدىكەن. كىشىلەر نەيزە، كالتەك، پالتا قاتارلىق قوراللار بىلەن قوراللىنىپ ئاتلىق ياكى پىيادە قوغلاپ يۈرۈپ يوقىتىدىكەن. ياۋا توڭگۇز بەك كۆپ بول-غاچقا قاراشەھەر، كورلا ۋە باشقا يەرلەردىن موڭغۇل، خەنزۇ ئوۋچىلار بۇ يەرگە كېلىشىپ ياۋا توڭگۇز ئوۋلاپ كېتىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا بۇغا ـ ماراللارمۇ كۆپ بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلار-نى تۇتۇپ بەزىدە كۆندۈرۈپمۇ ۋالىدىكەن. بىز ھەربىيلەرنىڭ تەمى-ناتىنى مۇشۇ لوپنور خەلقى تەمىنلەپ تۇردى. ئوزۇق ـ تۈلۈك ئۇلارنىڭ ئۆزىگىمۇ يېتىشمەيۋاتقاندا، بىزنىڭ كېلىشىمىز تېخى-مۇ بىر ئاپەت بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 3000 دەك خەلق ئىشچى-سىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىمۇ قاراشەھەر، كورلا، بۈگۈر، خوتۇن-سۇمۇل ناھىيىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى. شۇڭا يەرلىك خەلق-

مۇ ئېغىر ئاشلىق قىيىنچىلىقىدا قالدى. شۇنداق قىلىپ 1942 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1943 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە بولغان بەش ئايلىق جاپالىق ئەمگەكتىن كېيىن، بىز كورلىدىن چاقىلىقىچە بولغان 448 كىلومېتىر يولنى پۈتكۈزۈپ كورلىغا قايتىپ كەلدۇق.

### كورلىدا دەم ئېلىپ بۇيرۇق كۈتۈش

بىز كورلىغا كېلىپ دەڭ ـ سارايلارغا چۈشتۇق. مەن تۇرغان 1 ـ روتا هاشىم شاڭيو دېگەن كىشىنىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتى. بۇ چاغ گەرچە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر قاتتىق چارچاپ هالىدىن كەتكەن چاغ بولسىمۇ، لېكىن تەبىئەت يېشىللىققا پۈركۈنۈپ، قايتا هاياتلىق باشلانغان ناهايىتى ئېسىل بىر پەسىل ئىدى. بۇ چاغدا ئەسكەرلەرنىڭ قاراشەھەردىكى خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىدىن خەت ـ خالتىلار كېلىشكە باشلىدى. 6 ـ باتالىيون شتابى ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قاراشەھەردىن كېلىپ كۆرۈشەمدۇ ياكى ئەسكەرلەرنى نۆۋەت بىلەن قاراشەھەرگە ئاپىرىش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى جىددىي مۇزاكىرە قىلماقتا ئىدى. باتالىيون كوماندىرى هەسەن مىنى ۋە 2 ـ روتىنىڭ كوماندىرى هەسەن سوپى (قومۇللۇق، ساۋاقداش)، 3 ـ روتىنىڭ كوماندىرى ئەيسا ئەخمەت (غۇلجىلىق، ساۋاقداش)، 4 ـ روتىنىڭ كوماندىرى هاكى قۇربان (غۇلجىلىق، ساۋاقداش) لارنى چاقىرىپ مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇردى. ئاخىرىدا هەر بىر بەندىن بىردىن كىشى، يەنى بىر روتىدىكى توققۇز بەندىن توققۇز كىشىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ قاراشەھەرگە ئەۋەتىدىغان بولدۇق. هەر بىر روتىدا بىردىن هارۋا بار بولغاچقا، روتىلار ئۆز ئادىمىنى ئۆزى ئاپىرىدىغان بولدى. تاشيول قوماندانلىق شتابى بىر هەپتىدىن كېيىن بىزنىڭ پىلانىمىزنى تەستىقلىدى. 5 ـ ئايدىن باشلاپ ئائىلە يوقلاش باشلىنىپ كەتتى. ئائىلە تاۋابىئاتلار قاراشەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا، دەڭ ـ سارايلارغا پوست قويۇلۇپ، رۇخسەتسىز سىرتقا چىقىرىلمىغاچقا، ئۇلار سورگۇن قىلىنغان ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئوخشايدۇ دەپ قارىلىپ، قاتتىق نارازەت قىلىنغان، هەتتا سودد-

گەرلەرمۇ ئۇلارغا مال سېتىپ بېرىشتىن قورقتى، بۇ ئىش ئۇلارغا ئېغىر ھار كەلگەن.

ئائىلە يوقلاش باشلانغاندا كورلىدا ئورما باشلىنىپ كەتكەنىدى. ئەسكەرلەر دېھقانلارنىڭ ئورما، خامان ئېلىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى، كېسەك قۇيۇپ ئۆي سېلىپ بەردى. چوڭراق قورۇلۇشلارنى كوماندىرلارنىڭ سەپەرۋەرلىكى بىلەن كۆپرەك ئادەم بېرىپ پۈتكۈزۈپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن كورلا ياشلىرى، زىيالىيلىرى، ئوقۇتقۇچىلار بىزنى ئىزدەيدىغان، بىز بىلەن پىكىرلىشىدىغان، باغ سەيلىلىرىگە بىللە ئېلىپ بارىدىغان بولدى. كۈندە دېگۈدەك مەكتەپ مەيدانلىرىدا توپ مۇسابىقىلىرى بولۇپ تۇرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ يەرلىك خەلق بىلەنمۇ ناھايىتى تېز ئارىلىشىپ كەتتۇق.

باتاليوندا يەنە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ھەۋەسكارلىرىمىز بار ئىدى. ئۇلارنىڭ سازلىرى تولۇق ئىدى. قەشقەرلىك سەنئەتكار ھەسەن پارىس باتاليون شتابىنىڭ زاپچوزى ئىدى. ئۇ ھەۋەسكارلارنى تەشكىللەش، ئۇلارنى مەشىق قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. يەنە قەشقەرلىك سەمەت ئۇستام تەربىيىلەپ چىققان تۆمۈر ئېلى، تەۋەككۇل ئەلەم، چاكچى مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلار بىزنىڭ سازەندىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ سەنئەت كىيىملىرىمۇ بار ئىدى. ھەپتىدە دېگۈدەك ئويۇن قويۇلۇپ تۇراتتى. ئويۇنغا نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق قاتارلىق ھەربىي مەشىق تۇرلىرىنىمۇ قوشۇپ ئويناپتتۇق. بۇ ئىشلاردىن كورلا خەلقىنىڭ بىزگە مېھرى چۇشۇپ، ئىشەنچىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ بىز بىلەن بىللە پائالىيەت قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن «سۆرگۈن قىلىنغان ئەسكەرلەر» دېگەن ئۆسەك سۆزلەرگىمۇ خاتىمە بېرىلدى. شۇ يەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى بىزگە سەنئەت جەھەتتىن تەربىيىلەپ بېرىشكە قوشۇپ قويدى. ھەسەن پارىسنىڭ جان كۆيدۈرۈپ تەربىيىلىشى بىلەن بۇ ئوقۇغۇچىلار خېلى يېتىلىشىپ، ئۆز ئالدىغا ئويۇن قويالايدىغان بولدى. كورلىدا خەلق ئا-

رىسىدا ئۆتكەن كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىمىز بىزنىڭ تەكلىماكان چۆللۈكىدە تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىمىزنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتى.

بىر قېتىملىق ئويۇندا سەنئەتكارلار بىلەن ئەسكەرلەر بىرلىكتە ئىجاد قىلغان «ئەشمىدىكى زەينەپخان، چىمەن دوپپاڭغا كۆيدۇمەن» دېگەن ناخشا ئېيتىلغاندا، تاماشىبىنلار ھەربىر مىسرانىڭ ئاخىرىدا گۈلدۇراس چاۋاك چېلىشىپ ئالقىشلاپ كەتتى ھەمدە قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىپ ئېيتقۇزدى. كېيىن بۇ ناخشا كورلا خەلقىنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ناخشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق ئىدى:

بىزنىڭ 6 ـ باتالىيون ئاقسۇدىن بىر روتا ـ بىر روتىدىن يولغا چىقىپ بوگۈر يېنىدىكى ئەشمىگە كەلگەندە زەينەپخان ئاتلىق بىر كېلىنچەكنىڭ چوكاننىڭ ئاشخانىسىدىن تاماق يەيدۇ. بۇلار ئەسلىدە كەمبەغەل كىشىلەر بولۇپ، يولدىشى ئابدۇرېھىم ئاخۇن 50 تىن ئاشقان، زەينەپخان بولسا 25 ياشلار چامىسىدىكى ئايال ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەر ئارىسىدا «بىر گۈزەل لەغمەنچى ئايال بار ئىكەن» دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى. ھەممەيلەن شۇ ئاشخانىغا تاماق يېگىلى باراتتى. مەنمۇ ئىلگىرىكى ئايالىم تۇخاننى ئېلىپ تاماق يېگىلى باردىم. زەينەپخاننىڭ بېلەكتەك ئىككى ئۆرۈم چېچى تېقىمىغا چۈشۈپ تۇراتتى. بېشىغا چىمەن دوپپا كىيىۋالغانىدى. ئۇ يوغان تەڭنىدە تونۇرغا نان ياققىدەك خېمىرنى يۇغۇرۇپ لەغمەنگە پىلتە قىلىۋاتقان ئىكەن. خېمىرنى پىلتە قىلىپ بولۇپ، بىردەمدىلا قورۇما قورۇپ چۆپنى تارتىشقا باشلىدى. لەغمەن ھەقىقەتەن ئوخشىغانىدى. شۇڭا بەزى ئەسكەرلەر ئىككى ـ ئۈچ تەخسىدىن يېدى. بەزىلەر ئۇ ئايالغا چاقچاق قىلىشقىمۇ ئۇلگۈردى. لېكىن زەينەپخانمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەبىئىي گۈزەل چىرايى، كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى داڭقىغا مۇناسىپ ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە يېقىپ، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتىمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئەسكەرلەر «چىمەن دوپپىغا كۆيسەڭمۇ، ئۆزىگە يېتەلمەيسەن» دېگەن ئاساستا بۇ

ناخشىنى ئىجاد قىلغانىدى.

شۇ خۇشاللىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە 6 ـ باتالىيوندا بىر كۆ-ڭۈلسىز ئىش يۈز بەردى. بۇ ئىش بىز ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر-نىڭ خۇشاللىقىنى قاياقلارغىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتكەنىدى. قەشقەر-دىكى ئاتلىق 35 ـ پولك (قىرغىز پولكى) نىڭ سەنمۇجاڭى قۇر-بان مەمەتوفنى شىڭ شىسەي ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي بىلىم ئاشۇ-رۇش كۇرسىدا ئوقۇتۇپ، بىزنىڭ باتالىيونغا كوماندىر قىلىپ ئە-ۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە 1 ـ روتىنىڭ ئىلگىرىكى كو-ماندىرى ھېسامىدىن ھەسەن تۇردى ۋەزىپىنى قۇربان مەمەتوفقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى ئىككى ئايالىنى ئېلىپ، يېڭى خىزمەت ئورنى ـ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا كەتتى. مەنمۇ 1 ـ رو-تىنى ھېسامىدىن مۇقىيتقا ئۆتكۈزۈپ بەردىم. مەن قەشقەردە بۇ روتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا ھەر بىر ئەسكەردە بىردىن مىلتىق، ئوق بار ئىدى. يېڭى كەلگەنلەرگە قورال ـ ياراقلىرىمىزنى بۆي-رۇق بويىچە قاراشەھەردىكى 20 ـ ئاتلىق پولكقا ئۆتكۈزۈپ بەر-گەنلىكىمىزنى ئەسكەرتىپ قويدۇق. ئاندىن مەن باتالىيون شتا-بىغا بېرىپ، ئىلگىرىكى سەنمۇلۇق ۋەزىپەمنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئابلىز باتايوف (غۇلجىلىق، ساۋاقداش) سەنمۇلۇق ۋەزىپىسىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى 2 ـ روتىغا كوماندىر بولدى. قۇر-بان مەمەتوف ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ بىر ھەپتە بولار ـ بولمايلا «ھەربىي ئورۇنغا يۇقىرالارنىڭ كىرىشكە نېمە ھەققى بار؟ كىرمى-سۇن»، دەپ خەلق بىلەن بولغان يېقىن دوستلۇقىمىزنى ئۈزۈپ قويدى.

قۇربان ھەربىي كۇرستا شىڭ شىسەينىڭ ئادەم جازالاش ئۇ-سۇللىرىنى خېلى ئۆگىنىپ كەلگەنىكەن. بۇ يەردە شۇ ئۇسۇللار-نى قوللىنىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن ئاقسۇلۇق مۇساجان ئى-سىملىك بىر بەنجاڭنى يۇتىغا كىشەن سېلىپ، ئات ئېغىلىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئۆيگە سولاپ، ئىشىككە قاراۋۇل قويدى. مۇ-ساجان ھاكى قۇرباننىڭ پىلىموت روتىسىدا ئىدى. ئۇنىڭغا: قۇر-

بان مەمەتوفنىڭ باتالىيونغا كېلىپلا قىلغان ئىشلىرىغا نارازى بولغان؛ ئەسكەرلەر ئارىسىدا شىڭ شىسەي بىگۇناھ ئادەملەرنى تۈرمىگە تاشلاپ ئازابلىدى، ئىلغار، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنى «خا-ئىن» دېگەن بەتنام بىلەن تۈرمىگە تاشلىدى ۋە ئۆلتۈردى؛ شېڭ شىسەي قۇربان يىگىجاڭنى ئۆزىگە ئوخشاش تەربىيىلەپتۇ. بىز خەلق ئارىسىدىن كەلگەن، خەلق بىلەن ئارىلىشىپ ئىتتىپاق ئۆتسەك نېمە يامىنى بار... دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتقان؛ شېڭ دۇبەن جانابلىرىغا تىل تەگكۈزگەن دېگەن گۇناھلارنى ئارت-قاندى. ئۇلار مۇساجاندىن ھېچقانداق سىر ئالالمىغاندىن كې-يىن، ئۇنىڭ بىلەن بىر يۇرتلۇق ئاقنىياز بەنجاڭنى مۇساجاندىن گەپ ئېلىش مەقسىتىدە، گۇناھكار قىياپىتىدە سولاپ قويىدى. ئاقنىياز سولاقتا كىرىپلا قۇربان يىگىجاڭنى تىللاشقا باشلىغان. مۇساجان ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇندىمەي تۇرۇۋالغان.

قۇربان مەمەتوف كورلىغا كېلىپلا، شتاب ئالدىدىكى ئىمىن تاسىمچىنىڭ دۇكىنىدىن بىر مېتىر ئۆزۈنلۇقتا، ئىككى تىللىق قامچا بۇيرۇتۇپ، قامچىنى نەگە بارسا ئۆزى بىلەن تەڭ ئېلىپ يۈردى. رۇخسەت بىلەن كوچىغا چىققان ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر-نىمۇ ئۇچرىغان يەردە ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئەسكەرلەر بىلەن ئالاقىدە بولغان خەلقنىمۇ دىلىغا ئازار بېرىپ، ئارمىيە ۋە خەلق ئىچىدە ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلدى.

8 - ئايلار مەزگىلى ئىدى، 3 - روتىدىن سىدىق ئابلا، 4 - روتىدىن ئەمەت ئېشەكچى دېگەن ئەسكەرلەر قېچىپ، يولتۇزنىڭ بايىنبۇلاق دېگەن يېرىگە بېرىۋالغانىكەن. ئۆمەر نىياز ئىككىمىز بېرىپ ئۇ ئىككىسىنى قايتۇرۇپ كەلدۇق. ئەتىسى قۇربان مەمە-توف بۇ ئىككىيلەننى ھويلىدىكى تۇۋرۇككە قولىقىدىن مىقلاپ، بىر سوتكا تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. بۇ ئىشمۇ ئوفىتسېر - ئەسكەر-لەر ۋە ئاممىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىۋەتتى.

چاقىلىق ـ دۆنخۇاڭ ئارىلىقىدىكى تاشيولنى ياساشقا ئاتلىنىش

1943 ـ يىلى بىزنىڭ قەشقەردىن چىققىنىمىزغا توپتوغرا بىر يىل بولغانىدى. بۇ جەرياندا ھەممىمىز ئالله، بالا ـ چاقىلىرىمىز بىلەن بىرگە بولالماي قاتتىق سورۇقچىلىق تارتتۇق. شۇ كۈنلەردە دۈبەن مەھكىمىسىدىن بىزنىڭ باتاليونغا چاقىلىق ـ دۆنخۇاڭ ئارىلىقىدىكى تاشيولنى خەلق بىلەن بىللە پۈتكۈزۈش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. كورلا ـ چاقىلىق تاشيولىنى ياسىغاندا «بەك يىراقكەن» دەپ قاقشىغان ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ بېشى تېخىمۇ قاتتى. 6 ـ باتاليوننى يۆتكەش يەنە خەلقنىڭ بېشىغا چۈشتى. خەلق ئات ـ ھارۋىلىرىنى بىز چۈشكەن سارايلارغا ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى. كورلا بىلەن چاقىلىق ئارىلىقىدا پۈچتىكەشلەر تۈنەپ ئۆتىدىغان بىرەر يېرىم ئېغىز ئۆينى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىز چۈشكىدەك دەڭ ـ سارايلار يوق ئىدى. باتاليون شتابى روتا كوماندىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قىسمنى يەنە بىر روتا، بىر روتىدىن تۆت كۈندىن ئارىلىق تاشلاپ ماڭدۇرۇشنى قارار قىلدۇق. ئەڭ ئاۋۋال 1 ـ روتا، ئۇنىڭ كەينىدىن 2 ـ، 3 ـ روتىلار، ئەڭ كەينىدە ھاكى قۇربانىنىڭ 4 ـ روتىسى ماڭىدىغان بولدى. مەن سەنمۇ بولغاچقا، ئۈچ ئالاقىچى ئەسكەرنى ئېلىپ ھەممىدىن بالدۇر يۇرۇپ كەتتىم. مەن توختىماي ئىلگىرىلەپ، چاقىلىق ناھىيىسىگە يېتىپ بېرىپ، ھاكىمنى ئىزدىدىم. ھاكىم خەنزۇ، مۇئاۋىن ھاكىم قازاق ئىكەن، ھەربىيلەر تۇرىدىغان جاي كۆرسىتىپ بېرىش مەسىلىسىنى ئېيتقىنىمدا، ئۇلار مۇزاكىرىلىشىپ جاۋابىنى ئەتە بېرەيلى، دېدى. بىز سارايغا ئورۇنلىشىۋېلىپ ناھىيە بازىرىنى كۆردۇق. ناھىيە بازىرى كىچىك بولۇپ، ئۈچ ئاچا يولغا ئورۇنلاشقانىكەن. كورلىدىن كەلگەن يول بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا بىر قۇرۇلۇشقا تاقىشىدىكەن. بۇ يەر «T» شەكلىدە ئۈچ ئاچىغا بۆلۈنىدىكەن. ئوڭ تەرەپتىكىسى چەرچەن ۋە خوتەنگە بارىدىغان يول، سول تەرەپتىكىسى بىز بارىدىغان مىرەن (چاقىلىق) ـ دۆنخۇاڭ تاشيولى ئىكەن.

ئەتىسى ھاكىمنىڭ قېشىغا بارسام «ھازىرچە ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئورۇن يوق، ئۆيلەرنىڭمۇ تايىنى يوق بولۇۋا-تىدۇ»، دەپ جاۋاب بەردى. مەن «سىلەر بىر ناھىيە تۇرۇپ ئو-رۇنلاشتۇرالمىساڭلار، بىز زىمىستان قىشتا قانداق قىلىمىز؟ ئۇنداق بولسا مەن باتالىيون نامىدىن دۆبەن مەھكىمىسىگە تې-لېگراممىا بېرىمەن»، دېدىم. ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلاپلا «كەچقۇرۇن كېلىڭ»، دېدى. كەچقۇرۇن كەلسەم يەنە «ئۆي ھەل قىلالمايۋاتى-مىز»، دەپ خۇپسەنلىك قىلدى. مەن «مەن ئەمدى سىلەرنى ئىمز-دىمەيمەن، ئۇرۇمچىگە تېلېگراممىا بېرىمەن، ئەسكەرلەرنىڭ تۇرالغۇسى ھەل قىلىنماي تۇرۇپ، يەنە خەلق ئىشچىلىرى كەلسە، باشقۇرۇش قىيىن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چاتاق چىقسا مەسئۇلد-يەتنى تەڭ تارتىمىز»، دەپ ئەسكەرتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. كەچقۇرۇن ئۇلار «سىلەرنىڭ ئەسكىرىڭلار ھازىرچە يېڭىدىن سې-لىنغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ناھىيىلىك پىرقە، ناھىيىلىك ساقچى گازارمىلىرىغا ئورۇنلاشسۇن»، دېدى. بۇ ئۆيلەرگە تېخى ئەينەكمۇ سېلىنمىغانىكەن. بۇ ناھىيىدىمۇ ئاشلىق كەمچىل بول-غانلىقتىن، بىزنىڭ تەمىناتىمىز كورلىدىن كارۋان ئارقىلىق يەتكۈزۈلۈپ تۇردى.

1940 ـ يىللىرى شېڭ شىسەينىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ، قومۇل، باركۆل، ئالتاي، گۇچۇڭ ۋە ئۇرۇمچىنىڭ نەنسەن تەرەپ-لىرىدىن چاقىلىققا كەلگەن قازاق چارۋىچىلاردا قورال بار ئىدى. ئۇلار چاقىلىق چىمەن تېغىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقانىكەن. ئۇلار مىڭ تۇتۇندىن ئارتۇق ئىدى. ئۇلار چاقىلىق بازىرىغا تۆگى-لىك ۋە ئاتلىق كېلىپ ئاشلىق ئېلىپ كېتىدىكەن. بىزنىڭ باتا-لىيون چاقىلىققا كېلىپ ئاتلىق ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، چاقى-لىقتىكى 40 ـ پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى گوپىڭخۇا بىزنى قالقان قىلىپ، بىر قانچە ئەسكەر بىلەن چىمەن تېغىغا چىقىپ، قازاقلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالماقچى بولدى. ئەمما، قازاقلار بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا، كىيىم ـ

كىچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك، ھەتتا مىنىدىغان ئاتلىرىغىچە تارتىۋې-لىپ، ئۈچ كۈن باغلاپ قويۇپ، ئىككىنچى كەلمەسلىككە ۋەدە ئې-لىپ قويۇپ بېرىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇلار قازاقلار بار تاغقا قاراشقىمۇ پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى.

40 ـ پولكنىڭ كوماندىرى چىڭ تۈەنجاڭ بۇ ئەھۋاللارنى تېلېگراممىا ئارقىلىق شېڭ شىسەيگە مەلۇم قىلغانىكەن. شۇ سە-ۋەبلىك شېڭ شىسەي بىزنىڭ 6 ـ باتالىيوننى چىمەن تېغىدىكى قازاقلار بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ، دەپ گۇمان قىلىپ، تاشيول ياساشنى توختىتىپ قويدى. ئىشلەمچى خەلقمۇ شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى.

باتالىيونىمىز چاقىلىقتا توختىتىپ قويۇلغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە 3 ـ روتىنىڭ كوماندىرى غۇلجىلىق ئەيسا ئەمەت باتالى-يون كوماندىرى قۇربان مەمەتوف بىلەن خېلى قاتتىق گەپ تالى-شىپ قالدى. بىز ئۇلارنى ئاران تەسلىكتە ئاجرىتىۋالدۇق. بۇ ئىش بولۇپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ياتاقتا ئولتۇرسام ئەيسا ئەمەتنىڭ كانۋىيى ئوبۇلقاسىم توختى مېنى چاقىرغىلى كەپتۇ. مەن بارسام ئەيسا ئەمەت تەييارلىق قىلىپ قويۇپ ئولتۇرغانىد-كەن. بىردەم مۇڭداشتۇق. ئۇ «بىزنىڭ تەقدىرىمىز قانداق بولۇپ كېتەر، بۇرۇن بىز بىر ئاتلىق پولك ئىدۇق، ئەمدى قورالسىز بىر پىيادە باتالىيون بولۇپ قالدۇق. ئاساسىي كۈچىمىزمۇ ئا-جىزلاپ كەتتى. مىللىي قىسىمدىن بىزلا قالدۇق، قۇربان يىڭجاڭ كېلىپ بىزنىمۇ قەشقەردىكى ئاتلىق 35 ـ پولكتەك تارقىتىۋې-تىدىغان ئوخشايدۇ»، دېدى. بىز ئىستىقبالىمىزدىن قايغۇرۇپ يېرىم كېچىگىچە مۇڭداشتۇق. ئەتىسى بۇ قىلىشقان گەپلىرى-مىزنىڭ ھەممىسى قۇربان مەمەتوفنىڭ ئاغزىدىن ئۆز ئەينى چى-قىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئەجەپلەنگۈدەك ھېچيېرى يوق ئىدى، چۈنكى شۇ چاغدا ئۇ ھەممەيلەننى بىر ـ بىرىگە پايلاقچى قىلىۋەتكەنىدى.

بىز چاقىلىقتىن قايتىپ كورلىغا كېلىش ئالدىدا قۇربان مەمەتوف 3 ـ روتىنىڭ كوماندىرى كاپىتان ئەيسا ئەمەتنى ماشا

قارشى چىقتى، دېگەن باھانە بىلەن پۇتىغا كىشەن سېلىپ، ئۇ- رۇمچىگە يوللاپ بەردى. ئەيسا ئەمەت قولغا ئېلىنىپ بىر ھەپتە- دىن كېيىن كورلىغا قايتىش تەييارلىقىنى قىلدۇق.

**تۇرپانغا قايتىش**

1943 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاخشىمى باتالىيون كوماندىرى قۇربان مەمەتوف بارلىق ئەسكەرلەرنى يىغىپ «دۈبەن جانابلىرىنىڭ بىزنى يول ياساشتىن توختاپ، تۇرپانغا قايتىپ كەلسۇن، دېگەن بۇيرۇقى كەلدى»، دەپ يەتكۈزدى. ئەسكەرلەر خۇشاللىقتىن شەپكىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ، چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. ئۇلار نېمىشقىمۇ خۇشال بولمىسۇن! ئۇلار تەكلىماكان چۆللىرىدە يول ياسايمىز دەپ كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆردى، ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ ھىجران ئازابىدا ئۆرتەندى، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئۆلۈمىنىمۇ كۆرەلمىدى، بەزى ئەسكەرلەرنىڭ جەسەتلىرى چۆللەردە قالدى. تۇرسۇن ماموت دېگەن جەڭچىنىڭ جەسىتى تەكلىماكان قۇملۇقىدا قالدى. توخنىياز بەنجاڭدەك تەم- بەل كىشىلەر مېيىپ بولۇپ قالدى.

قايتىش بۇيرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، قۇربان مەمەتوف ئىككىمىز ھاكىم ئىدارىسىغا بېرىپ، قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى سورىدۇق. ئۇلار «چاقىلىقتا سىلەرنى يۆتكىگۈ- دەك قاتناش يوق، كورلا، قاراشەھەردىن ئاشلىق يۆتكەپ كەلگەن ھارۋىلار بىلەن يۆتكەشنى ئويلىشىۋاتىمىز»، دەپ جاۋاب بەردى.

بىز شتابقا قايتىپ كېلىپ، يەنە تېپىلسا شۇنىڭ بىلەن قايتماقچى بولدۇق. بىز مېڭىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى قۇربان مەمەتوف مېنى چاقىرىپ: «3 ـ روتىنى قوشۇمچە باشقۇرۇپ كور- لىغا ئېلىپ مېڭىڭ، سىز بىرىنچى بولۇپ يولغا چىقىسىز، كور- لىدا باتالىيون ئورۇنلىشىدىغان يەرنى تەييارلايسىز»، دەپ ۋەزىپە تاپشۇردى. مېنى 3 ـ روتىغا ئېلىپ بېرىپ تونۇشتۇردى، ئاندىن ئۇلارغا «مۇندىن كېيىن قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلارنى قىلماي

يۇرۇڭلار، بولمىسا ئەيسا ئەمەتكە ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىسىلەر»، دەپ ئاگاھلاندۇردى.

مەن ھاكىم ئىدارىسىگە تولا بېرىپ تۇرغاچقا، كۇچالىق مەمەت نىياز قارى دېگەن كارۋان بېشى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. بۇ چاغدا ناھىيە كارۋان باشلىقلىرىنى يىغىپ ئاشلىقنى مىرەنگە ئېلىپ بېرىشقا زورلاۋاتقانىكەن. مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «بىز ئۆزلىرىنى كورلىغا ئېلىپ كېتەيلى دەۋاتىمىز، قانداق دەيلا؟» دېسەم ئۇ كىشى «ۋاي بولىدۇ ئۇكام، سىلى بىزنى مۇشۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسىلا، يەنە بىر ھەمراھىمىزنىڭمۇ 20 تۆگىسى بار، ئۇنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىشكە ياردەم قىلسىلا، جەڭچى باللارنى پىيادە قويماي كورلىغا ساق ـ سالامەت ئېلىپ كېتەتتۇق»، دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ كىشىنىڭ 55 تۆگىسى بار ئىكەن بىز بىر تۆگىگە ئىككىدىن مىنىپ ماڭىدىغان بولدۇق. 2 ـ دېكابىر تاماقنى يەپلا يولغا چىقتۇق. كارۋان بېشى ماڭا قىچىرغا ئوخشاش چوڭ ئېشەكتىن بىرنى بەردى. يولدا ئۆلگەن ئېشەك، ئات، كالا، تۆگە ۋە سۇنۇپ كېرەكتىن چىققان ھارۋىلار ئۇچرىدى. ھارۋىلارنىڭ يېنىدا ئاشلىق، ئۇن، پۇرچاقلار چېچىلىپ ياتاتتى. ئۆلگەن ھايۋاننىڭ كۆپلۈكى بىزنى ھەيران قالدۇردى. تېخىمۇ ئېچىنىشلىق يېرى جەسەتلەر يول بويىغا چاغۇرنى كۆمگەندەك كۆمۈپ قويۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ كىم، نېمە ئادەم ۋە نېمە سەۋەبتىن ئۆلگەنلەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. چاقىلىقتا قاراشلىق تىكەنلىك دېگەن يەردە ئىككى كىلومېتىردەك قالغان يەرگە بىر جەسەتنى كۆمۈپ قويۇپتۇ، ئۆلگۈچىنىڭ بېشىغا ھاسا تاياقنى سانجىپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر كىرلىشىپ كەتكەن ئاق بەلباغنى چىگىپ قويۇپتۇ. ھاسا تاياققا ئېسىلغان ئانار دەك قىزارغان ناسۋال قاپاق شامالدا پۇلاڭلاپ تۇراتتى. ئاق تۇمەقىنى تاش بىلەن باستۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن بىز ئۆلگۈچىنىڭ ياشانغان بىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. تىكەنلىككە

كىلىپ تاماق تەييار بولغۇچە، مەھەللە ئارىلاپ بىر بوۋاينى تې-
پىپ، قەبرىدىكى ھېلىقى كىشىنىڭ نىمە ئادەملىكىنى سورى-
دۇق. بوۋاي بىزگە قەبرىدىكى كىشىنىڭ كورلىدىن بەش ئېشىكى
بىلەن ئالۋانغا تۇتۇلۇپ، چاقىلىققا ئاشلىق ئېلىپ ماڭغان ئادەم
ئىكەنلىكى، يولدا بىر ئېشىكى ئۆلۈپ، بىر تاغار ئاشلىق زىيادە
بولۇپ قالغاچقا، ئامالسىز بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالغانلىقى،
ئاخىرىدا يەيدىغان ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ ئۆلۈپ قالغانلىقى،
قالغان تۆت ئېشىكىنىمۇ باشقىلارنىڭ ھەيدەپ كېتىپ قالغانلى-
قىنى سۆزلەپ بەردى.

بىز بەش كۈن يول يۈرۈپ كورلىغا مىڭبىر تەسلىكتە كې-
لىۋالدۇق. مەن ھاكىم ئىدارىسىگە بېرىپ، باتالىيون چۈشىدىغان-
غا ئورۇن سورىغانىدىم، بىز ئىلگىرى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ،
ياخشى تەسىر قالدۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، تېزلا ئورۇن كۆرسىتىپ
بەردى. بىز تازىلىق قىلىپ دەم ئېلىپ تۇرۇشىمىزغا قالغان رو-
تىلارمۇ كەينى - كەينىدىن يېتىپ كېلىپ ئورۇنلاشتى.

كورلىدا يېرىم ئايدەك تۇرۇپ، شەخسىي ۋە ھۆكۈمەت ھېسا-
باتلىرىنى تۈگىتىپ، بالا - چاقىلىرىمىزنى ئېلىپ تۇرپانغا بې-
رىپ ئورۇنلاشتۇق. بۇ يەردە 6 - باتالىيون يەنە قىسقارتىلىپ،
ئۇرۇش كۆرگەن، تەجرىبىلىك ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ كۆ-
پىنچىسى قىسىمدىن بوشىتىلدى، بەزىلىرى ئۇرۇمچى لومەنچىڭ-
دىكى پىيادە دىۋىزىيىگە قوشۇۋېتىلدى. ئاز بىر قىسىم ئوفىت-
سېر - ئەسكەرلەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا تەقسىم قىلىندى. شىڭ
شىسەي قالغان ئاز بىر قىسىم ئەسكەرنى 8 -، 9 - روتا قىلىپ
تەشكىللەپ، ئوسمان باندىتقا قارشى سېلىش ئۈچۈن ئالتاي
فرونتىغا ئەۋەتتى.

كورلا - چاقىلىق يولىنى ياسىغانلىقىمىزغا 40 يىل بول-
غاندا، يەنى 1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى مەخسۇت ئاكا رەھبەرلىكىدە بىر گۇرۇپپا تەش-

كىلىلىنىپ، كادىر ۋە تېخنىكا خادىملىرىنى ئېلىپ، كورلا ـ چا ـ قىلىق ـ چەرچەن ـ خوتەن ـ قەشقەر ئارىلىقىدىكى تاشيول ترانسپورت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە باردۇق. بىز ماڭغان تاشيول بىز ئەينى زاماندا ياسىغان تاشيول ئەمەس ئىدى. بۇ يول تەكلىمـ ـماكاننىڭ شەرقىي چېتىدىن ياسالغان ئىكەن. بىز ئەينى چاغدا كۆرگەن دەريا سۇلىرى قۇرۇپ كېتىپتۇ، پايانسىز قويۇق توغراقلىق ۋە بوستانلىقلارمۇ بوز يەر ئېچىش سەۋەبىدىن قۇرۇپ كىچىكلەپ ئەينى ۋاقىتتىكى ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ.

# ئىككى ئەسىرنىڭ ئىقرارى

## توختى ئىبراھىم

1944 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كەچقۇرۇن كۈرە ھەربىي رايونى تىنچ يول بىلەن ئىشغال قىلىنغان چاغدا، قوماندانلار، ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېت مەسئۇللىرى قىرغىز پىدائىي قوشۇنىنىڭ ھىمايىسىدە سېپىل دەرۋازىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل دۇدۇ يامۇلىدىكى گومىنداڭ قوماندانلىق شتابىغا كىردۇق. قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەر خىل قوراللار ئاسمان پەلەك دۆۋىلەنگەن بولۇپ، بىرمۇ ئىنسان كۆرۈنمەيتتى. سول تەرەپتىكى بىر ئېغىزلىق ھوجرىغا كىرسەك، گاۋ سىلىڭ بىلەن چىڭ سىدىلىڭ بىر ـ بىرىنى ئېتىشىپ ئۆلۈۋاپتۇ. چىڭ سىلىڭنىڭ ئۇيغۇر تەرجىمانى ياسىننى تاپقىنىمىزدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قانداق ئۆلۈۋالغانلىقىنىڭ سىرىنى بىر ئاز بىلگەن بولدۇق. بىز: «ئەمدى شەھەر ئىچىدىكى گومىنداڭ كاتتىۋاشلىرى ئۆلۈپ تۈگەپتۇ، بۇلارنىڭ ئۇششاق ـ چۈشەكلىرى قاپتۇ»، دېيىشتۇق ـ دە، چىقىپ كەتتۇق.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەھەر ئىچىنى تىنچىتىش، رەتلەش، تەشكىللەش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتۇق، مەركەزنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، كۈرەنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، 60 شتاتلىق پەۋقۇلئاددە ساقچى ئىدارىسىنىمۇ قۇرۇشۇۋالدۇق.

بىز خىزمەتكە كىرىشىپ 6 ـ كۈنى گومىنداڭ دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ كۈرە ھەربىي رايونىغا پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتكەن ئىككى گېنېرالىنىڭ شەھەر سېپىلى ئىچىدىكى «باقى ئالەم» بۇتخانىسى راھىبىنىڭ ھوجرىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالدۇق. بىز بىرقانچە مۇھا ـ

پىزەتچىنى باشلاپ، بۇتخانا راھىبىنىڭ ئىچكىرىدىكى ھوجرىسى-
نى ئاختۇرۇپ ئۇلارنى تېپىۋالدۇق. ئۇلار چىرايى تاتىرىپ تىتى-
رەك باسقان پېتى ئۆرە تۇرۇپ، بىزگە ئېگىلىپ سالام بەردى.
ئۇلارنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، پۇقراچە كى-
يىنىۋالغانىدى. ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ھەشەمەتلىك، يوغان بىر سېرىق
ياغاچ ساندۇق تۇراتتى. بىز ئالدى بىلەن ساندۇقنى ئاچقۇزۇپ
كۆردۇق. ئىچىدىن ئىككى دانە ئاپتوماتىك يان قورال، ئىككى
دانە ھەربىي دۇربۇن، ئىككى دانە يەر ئۆلچەش ئاپپاراتى، ئىككى
دانە فوتو ئاپپاراتى، سېركول جابدۇقلىرى، ئون نەچچە قەلەم،
جۇڭگونىڭ بىر ھەربىي خەرىتىسى، خەرىتە تاختىسى قاتارلىق
ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن ھەربىي ئىنژېنېرلىق سايمانلىرى چىقى-
تى. بىز بۇ ئىككەيلەننى كېچىلەپ ھارۋا بىلەن ساقچى ئىدارى-
سىگە ئېلىپ كېلىپ، ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن يورۇق بىر ئېغىز
ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىز بىلەن ئوخشاش تۇرمۇش تەمىناتىدىن
بەھرىمەن قىلدۇق.

دەسلەپكى سوراق نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بىرىنىڭ ئىسمى ـ
ئۇنۋانى گېنېرال لېيتېنانت جاڭ يىڭ، يەنە بىرىنىڭ گېنېرال
مايور ياڭ ۋۇ ئىكەن. ئۇلار ئىلگىرى ئامېرىكا بەش بۇرجەكلىك
بىنا (دۆلەت مۇداپىئە باش قوماندانلىق شتابى) قارىمىقىدىكى
ھەربىي ئاكادېمىيىدە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ھەربىي ئىنژېنېر
ئىكەن. ئۇلار 1944 ـ يىل 4 ـ ئايدا كورەگە يېتىپ كەلگەنى-
كەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى كورەدە «جۇڭگو قىزىل پا-
چاقلىرى» نىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قار-
شى جۇڭگو ـ ئامېرىكا بىرلەشمە ھەربىي پلاتسدارىم (يىرىك ئا-
ۋىئاتسىيە بازىسى) قۇرۇش ئىكەن. بۇ بازىغا 600 دىن ئوشۇق
ھەر خىل ئايروپىلان، ئوندىن ئوشۇق تانكا، پاراشوتچىلار دىۋىزى-
يىسى، راكېتا قىسىملىرى سىغىدىكەن. دەسلەپكى ئۆلچەش لايى-
ھىسىگە قارىغاندا، بۇ بازا ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى، كورە ھەر-
بىي رايونىنىڭ غەربىدىكى قونتاجى دېگەن دالىغا قۇرۇلىدىكەن،

بەش يىل ئىچىدە (1950 ـ يىلىغا قەدەر) پۈتتۈرۈلىدىكەن.

ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى، سىياسىي كۆز قارىشىدىمۇ ئوخشىماسلىق بار ئىدى. جاڭ يىگىنىڭ ھەربىر سۆزىدىن ئىنتايىن مۇتەئەسسىپلىك، تەرسالىق، كوممۇنىزمغا بولغان ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇراتتى. ياڭ ۋۇدىن بولسا، ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بېرىدىغان، كوممۇنىزمنى ئانچە قارىلىمايدىغان، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ئىلاجى بار ئىتتىپاق ئۆتۈشىنى خالايدىغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ماددىي مەدەت ئېلىشنى خالايدىغان ئىدىيىۋى خاھىش چىقىپ تۇراتتى. بىز بۇلار بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ پاراڭلىششقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت ساقچى ۋازارىتىگە مەلۇم قىلدۇق. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ساقچى ۋازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئەلى ئەپەندى بىلەن مالىك ۋورونوف يېتىپ كەلدى. بىز ئۇلارنىڭ ئىككى گېنېرالنى سوراق قىلىش تەييارلىقىنى تەق قىلىپ بەردۇق. ماددىي ئىسپاتلارنى كۆرسەتتۇق ۋە ئۆزىمىز ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلدۇق. ئەسىرگە ئېلىنغان گومىنداڭ ئاۋئىاتسىيە قىسمىنىڭ ئوفىتسېرى رۇڭلەي (شىبە)نى تەرجىمانلىققا تەييارلاپ قويدۇق. ئۇ رۇسچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىگە ماھىر ئىدى.

شۇ كۈنى كېچىسى ئەلى ئەپەندى گېنېرال جاڭ يىگىنى رۇس تىلىدا سوراق قىلدى. مالىك ئارىلاپ سوئال سورىغاچ خاتىرە يازدى. بىزمۇ چەتتە ئولتۇرۇپ خاتىرە يازدۇق. ئەلى ئەپەندى ئۇلارنىڭ قانداق سالاھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى بىلگەندىن كېيىن:

— سەن ئىلىدا يۈز بەرگەن خەلق قوزغىلىڭىغا قانداق قارايسەن؟ — دەپ سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئىلىدا يۈز بەرگەن بۇ ھەرىكەت ساۋاتسىز دېھقانلارنىڭ بىر خىل قىرغىنچىلىق توپىلىڭى. دۆلىتىمىزگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك، ئەدەپسىزلىك. بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە 50 كە يېقىن ئۇششاق زۇڭزۇلار (ئۇرۇقداشلار) بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى

ئاشۇنداق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈۋەرسە، دۆلىتىمىز بىرقانچە ئون پارچىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، قۇدرەتلىك جۇڭخۇا مىنگو بولالماي قالىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، زاڭزۇلىرىمىز ئالدىراپ كەتمىسىمۇ، ئاساسىي قانۇنىمىز يولغا قويۇلغاندا، سەنمىنجۇيى (ئۈچ مەسىلەك) بويىچە مۇختارىيەت بېرىلەتتى ئەمەسمۇ؟

— خەلق قوزغىلىڭى شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە، سەن قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىسەن؟

— دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ بۇ ئىسيانغا سوۋېتلىكلەر قول تىقىپ ئارىلاشمىغان بولسا، ھەرگىز غەلىبە قازىنالمىغان بولاتتى. ئۇلار ئاللىقاچان غۇلجىدىلا بېسىقتۇرۇلۇپ بولاتتى. ئەمدى سىلەر ئۈرۈمچىگە بېسىپ كىرىمىز دەپ ئاۋارە بولماي، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن كېلىشىپ قالساڭلار بولىدۇ.

— سەن جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى بىلەمسەن؟

— جۇڭگو كومپارتىيىسىنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇ بىزنىڭ بىردىن بىر رەقىبىمىز. ئۇلار بىلەن گاھىدا دوستلىشىپ قالىمىز، گاھىدا دۈشمەنلىشىپ ئۇرۇشۇپ قالىمىز. ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرىدىن ماۋزېدوڭ، ليۇ شاۋچى، جۇدې، جۇئېنلەي، پېڭ دېخۇەي، ليۇ بوچېڭلارنى بىلىمەن. مەن خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە جۇئېنلەينىڭ قولىدا ئوقۇغان. ئۇ گومىنداڭ رەھبەرلىرى بىلەن چىقىشقاق، كۆزگە كۆرۈنگەن دىپلومات.

— مۇندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلماقچىسەن؟

— بۇ يەردە ماڭا لايىق ئىش يوق. سىلەر ئۇرۇش قىلىۋاتىسىلەر، قاچان ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، قۇرۇلۇش بولىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى مېنى ئەسىر ھېسابىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭلار بولىدۇ.

بىرقانچە ئۇنلىغان سوئاللار قويۇلۇپ جاۋابلار ئېلىنغاندىن كېيىن، گېنېرال جاڭ يىڭ ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سوراق ئاخىرلاشتى.

2 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، گېنېرال ياڭ ۋۇ ئۈستىدە ئېيـ ـلىپ بېرىلغان سوراق كەچقۇرۇن سائەت ئالتىگىچە داۋاملاشتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن پاراڭ ئەيىبكارنى سوراق قىلىش شەكلىدە ئەمەس، سۆھبەت شەكلىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئەلى ئەـ پەندى سۆھبەتتىن ئىلگىرى بىزنىڭ دوكلاتىمىزغا ئاساسەن، ياڭ ۋۇنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى بىر قەدەر بىلىۋالغانىدى. ئەلى ئەپەندى ئالدى بىلەن:

— ياڭ ئەپەندى، سىز ئىلى رايونىدا يۈز بەرگەن خەلق قوزـ غىلىڭىغا قانداق قارايسىز؟ قانداق ھېسسىياتتا بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئىلى رايونىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى، سىلەرنىڭ تىلىڭلار بويىچە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى دېـ سەك خاتا بولماس. تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، بۇرۇنقى ھۆكۈـ مەتلەر ھەر مىللەت خەلقىگە ئارتۇقچە بېسىم ئىشلىتىپ، تولىمۇ قاقشىتىۋەتكەنلىكتىن، خەلق قوزغىلىڭى يۈز بەردى. زۇلۇم، سىلىق ئېشىۋەرسە، خەلق كۆتۈرۈلمەي قانداق قىلسۇن. ھۆكۈـ مىتىمىز بۇرۇنراق مۇختارىيەت (ئاپتونومىيە) بەرگەن بولسا، ئۆزلىرىدىن رەئىس، ھاكىم سايلاشقا، مىللىي قوشۇن قۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان بولسا، ئۆز تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇقى بەرگەن بولسا، قىسقىسى، ئۆز ئىشىنى ئۆزى باشقۇرۇش ئەركىنـ لىكى بەرگەن بولسا، مانا مۇشۇنداق قانلىق ۋەقە كېلىپ چىقمىـ غان بولاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھۆكۈمىتىمىز ئۇيغۇرلارنى ئاـ ساس قىلغان شىنجاڭ مىللەتلىرىگە مۇختارىيەت بېرىشكە مەجـ بۇر بولىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مىللىي ئىنقىلابچىلار بىلەن ھۆـ كۈمىتىمىز ئىتتىپاقلاشماي قالمايدۇ. ئۇلۇغ پېشىۋايىمىز سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ مىللىي مەسىلەك سىياسىتى ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاد قىلىش ۋە تەڭ ھوقۇقلۇق باراۋەر مىللەتلەرگە ئايلاندۇرۇشقا قارىتىلغان ئەمەسمۇ! مەن سىلەرنىڭ خەلق قوزغىـ ـلىڭلىرىنى قوللايمەن. مەركىزىي ھۆكۈمىتىمىزدىن تولۇق مۇخـ

تارىيەت تەلەپ قىلىشقىلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەپسۇسكى، پىر-قىمىز ئىچىدىكى بىر قىسىم رەھبەرلەر كومپارتىيىگە قارشى تۇرغانغا ئوخشاشلا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇختارىيەت بېرىشكە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆزىمىزگە ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان قېرىنداش دوست قىلىشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ، قانداق قىلغاندا دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ ـ دە، ئۆزلىرىگە ئاۋارىچىلىق تېپىپلا يۈرىدۇ.

— سىزنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن بولغان تونۇشلۇقىڭىز قانداق؟ ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن كىملەرنى بىلىسىز؟

— جۇڭگودا زور قوراللىق كۈچكە ئىگە ئىككى پارتىيە بار. بىرى دۆلەت ھاكىمىيىتىگە ئىگە گومىنداڭ پىرقىسى، يەنە بىرى قوراللىق پارتىزان قوشۇنىغا ئىگە قوزغىلاڭچى كومپارتىيە. بىزنىڭ پارتىيىمىزنىڭ داھىسى گېنېراللىسسىموس جياڭ جيېشى. كومپارتىيىنىڭ داھىسى ماۋزېدۇڭ. ئىككى پارتىيە بىر قانچە قېتىم بىرلىشىپ، نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشقان. زىددىيەت كۈچەيگەندە بىرقانچە قېتىم ئۇرۇشۇپمۇ قالغان. بولۇپمۇ پىرقىمىز ئىچىدىكى بىر قىسىم تەرسالار كومپارتىيىگە ئېغىر زىيانلارنى سالغان. مەن ئەزەلدىن ئىككى پارتىيىنىڭ بىرلىشىپ، دۆلەتنى ئازاد قىلىشنى ۋە گۈللەندۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم.

رەئىس ماۋزېدۇڭ مىللەتپەرۋەر، جۇڭگونىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغدايدۇ، ھەرقانداق دۆلەتكە بېقىندى بولۇشنى خالىمايدۇ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشكە ماھىر، ئاممىۋى ھەرىكەت قوزغاشقا ئامراق. ئۇنىڭ سەپداشلىرىدىن جۇ ئېنلەي، ليۇ شاۋچى، جۇدې، پېڭ دېخۇەي، خې لۇڭ، چېن يىلارنى ئوبدان بىلىمەن. جۇ ئېنلەي بولسا ئەمەلىيەتچى، دۇنيانى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ، كارامەت دىپلومات، چىقىشقاق، بولۇپمۇ بىزنىڭ پىرقىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق. پىرقىمىز ئىچىدە ئۇنىڭ ھېسابسىز دوست-

لىرى بار. ئىككى پارتىيىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئورتاق ياخشى ئىش ئىزلىرى ئەنە شۇ جۇئېنلەينىڭ ئۆز قولى بىلەن يوغۇرۇلغان. بۇ ئېسىل ئىنسان ھەتتا دۈشمەنلىرىمۇ ئۆزىگە قايىل قىلىپ، چىن دوستقا ئايلاندۇرالايدۇ. ۋېيىۋەنجاڭىمىزمۇ جۇئېنلەينى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى ۋە ئېھتىيات قىلاتتى.

— سىلەر باشلىماقچى بولغان قۇرۇلۇشنىڭ ئىستىقبالىغا قانداق قارايسىز؟

— بۇ غايەت زور خەلقئارالىق ئۇنىۋېرسال ھەربىي قۇرۇلۇشنى جاڭ ۋېيىۋەنجاڭ بىلەن روزۋېلت زۆڭتۇڭ مەسلىھەتلىشىپ بېكىتكەنىكەن. مەن بۇنداق ھەربىي بازىنى ياساپ پايدىلىنىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سەزگەنىدىم. سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېگرىداش بولغان مۇنداق بىر ئورۇندا ھەربىي بازا قۇرۇش خەتەرلىك ئىدى. مۇبادا كۆنلەرنىڭ بىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن توقۇنۇش يۈز بېرىدىغان بولسا، بىر كۈنىگىمۇ پايلىماي، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى تەرىپىدىن بىت - چىت قىلىنىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇنداق بولماي تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، بۇ بازا ئامېرىكا ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتەتتى - دە، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا كۆتۈلمىگەن خەۋپ يېتەتتى. ئىلى مىللىي ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىشى ئەنە شۇنداق خەلقئارا خەتەرنى يوققا چىقاردى. بىزمۇ ئارام ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.

— سىز بۇندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

— مەن بولسام ئەسىرگە ئېلىنغان بىر گېنېرال. ئۆزۈمنىڭ ئىستىقبالىنى سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا تاپشۇردۇم. مەركىزىي ھۆ-كۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭلەرمۇ مەيلى، يەنئەنگە يولغا سېلىپ جۇئېنلەيگە تاپشۇرۇپ بەرسەڭلارمۇ مەيلى، جۇئېنلەي ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان داھىي، ئەمما ئىلى رايونىدا قال دىسەڭلارمۇ مەيلى، زېھنى كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ، ھەر خىل قۇرۇلۇشلىرىڭلارغا ياردەم بېرىمەن.

3 ـ كونى سوراق، سۆھبەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ھېلىقى ساندۇققا پېچەت سېلىنىپ، ماشىنا بىلەن ئېلىپ كېتىلدى. بۇ ئىككى گېنېرال 1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز ياتاقلىرىدا ئالاھىدە كۈتۈشلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرۇۋەردى. ئاي ئاخىرىدا ساقچى ۋازارىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن غۇلجىغا يولغا سېلىندى. 1946 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئاباسوپتىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىغىنىمدا، ساقچى ۋازارىتىدە ھەربىي خەرىتە سىزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بىتىمدىن كېيىن گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئاز كۈنلەردىن كېيىن گومىنداڭ دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى تەرىپىدىن چاقىرىپ كېتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

# 1946 ـ يىلى يازدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلار

## ھۈسەيىن ئەبەيدۇللا

**ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈستىدىن دەرد تۆكۈش، پاش قىلىش يىغىنى**

«تىنچلىق ئەلچىسى»، «خەلقپەرۋەر» دەپ ئاتالغان جاڭ جىد-
جوڭ ئەپەندى 1946 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچى سا-
بىق دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي زالىدا ياشلار، زىيالىيلار ۋە-
كىللىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىن ئۈچ
كۈن داۋام قىلدى. سۆھبەت يىغىنىغا يەنە چەت ۋىلايەت، ناھىيە-
لەردىن، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن
گومىنداڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئېغىر زۇلۇمىغا
چىدىماي پاناھ ئىزدەپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ قالغان زىيالىيلار،
ياشلار ۋەكىللىرىمۇ قاتناشتۇرۇلدى. گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ
مۇنداق بىر يىغىن ئۇيۇشتۇرۇشتىن مەقسىتى بىر تەرەپتىن:
ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش بولسا، يەنە
بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ جۈملىدىن ئۈرۈمچىدىكى ياشلار، زىيا-
لىيلارنىڭ ئىرادىسىنى سىناپ بىلىپ بېقىش ئىمكەنلىكى ناھايى-
تى ئېنىق ئىدى.

بۇ سۆھبەت يىغىنىنى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئۆزى باشقۇر-
دى. ئەيسا بەگ ئۇنىڭغا تەرجىمانلىق قىلدى. جاڭ جىجۇڭ سۆز
قىلىپ، بۈگۈنكى يىغىندا ئۈرۈمچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ياش-
لىرى، زىيالىيلىرى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، يىغىنغا
قاتناشقۇچىلارنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ بېقىشنى خالاي-
دىغانلىقىنى بىلدۈردى. جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا
يىغىن مەيدانىدا پىكىر قىلىشنى تەلەپ قىلىپ نۇرغۇن قوللار

كۆتۈرۈلدى. سۆز قىلغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ناھايىتى ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. سۆزلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئۈرۈمچىدە ۋە يەتتە ۋىلايەت دائىرىسىدە خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇم – ئازابنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا گومىنداڭ ھەربىي – مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلقنى بوزەك قىلىپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال – مۈلكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا بولدى. ئۇلار بىز ئۆز جايلىرىمىزدا زالىم ئەمەلدارلارنىڭ تۈرلۈك بەدناملارنى چاپلاپ ئازابلاشلىرىغا چىدىماي ئۆز يۇرتلىرىمىزنى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە پاناھ ئىزدەپ كەلدۇق، دەپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۈستىدىن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى پاش قىلدى. سۆز قىلغۇچىلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قانلىق تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئېزىلىپ يەنچىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا جاڭ جىجۇڭغا تەلەپ قويدى. جاڭ جىجۇڭنىڭ تېزدىن تەدبىر قوللىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلقنى داۋاملىق بوزەك قىلىشىنى توسۇپ، ئۇلارغا قاتتىق جازا بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا بىر قەدەر ئادىل، خەلقپەرۋەر كىشىلەر ۋە خەلق ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان ھوقۇقلۇق، كۈچلۈك بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىشنى، بۇ ئۆمەككە جەنۇبىي شىنجاڭدا خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولغان ئەمەلدارلارنى جازالاش ھوقۇقى بېرىلىشىنى تەۋسىيە قىلدى. سۆھبەت يىغىنى گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ مۇددىئاسىنىڭ ئەكسىچە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن ئەكسىيەتچىل، زوراۋانلىق سىياسىتىنى سۆكۈش، ئەكسىيەتچىلەر ئۈستىدىن دەرت تۆكۈش يىغىنىغا ئايلاندى. يىغىن 3 – كۈنىگە قەدەم قويغاندا يىغىننى جاڭ جىجۇڭ ئۆزى باشقۇرۇپ: كۆپچىلىكنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە قوشۇلىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلققە ۋەكىل بولۇپ ئۆمەككە قاتنىشىدىغان بىر نەپەر

ۋەكىل سايلاپ بىرىشكىلار كېرەك، دېدى. يىغىندا قاتناشقان بىر ئادەم سۆز قىلىپ ۋەكىللىككە ئەيسا بەگنى كۆرسەتتى. يىغىن مەيدانىدا دەرھال كۈچلۈك غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتتا يولداش خەممەت سۇلتان① ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە سۆز قىلىپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بەردى ۋە ئەيسا بەگنى ۋەكىل قىلىپ سايلاشقا قارشى چىقتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىزدە 〈زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس〉 دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان سۆز بار، ئەيسا بەگ ئەپەندى زىمىستان كۆرمىگەن ئادەم، خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن چىدىغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت، دەرد ـ ئەلەملەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. مۇنداق ئادەمنىڭ خەلق ۋەكىلى بولۇشقا سالاھىيىتى يوق. مەن خەلق ۋەكىللىكىگە خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، زاماننىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىغان ئىبراھىم تۇردىنى كۆرسىتىمەن»، دېدى. يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى خەممەت سۇلتاننىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ كۈچلۈك ئالقىش ياڭراتتى. لېكىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا سايلام مەسىلىسىدە ئىختىلاپ كۆرۈلدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشتى. ئاخىرىدا جاڭ جىجۇڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئاياغلاشتۇرغانلىقىنى، خەلق ۋەكىللىكىگە كىمنى بەلگىلەش مەسىلىسىنى ھازىر بېكىتمەيدىغانلىقىنى، كېيىن ئايرىم ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يىغىننى توگەتتى.

نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇرۇمچىدە مۇشۇ مەزگىللەردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تا شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر بولغان ۋاقىت ئىچىدە، ئۇيغۇر ياشلىرى ۋە زىيالىيلىرى ئارىسىدا تۈرلۈك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلەر سەۋەبىدىن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن مۇستەبىتلىك، ھاكىممۇتلەقلىق، ۋە چوڭ خەنزۇچىلىق سىياسەتلىرىگە قارشى كۈرەش مەسىلىسى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى، شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان

مۇناسىۋەت مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قاراش
ۋە مەيداننىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن، بىر - بىرىگە قارىمۇ
قارشى ئىككى ئىدىيىۋى سەپ شەكىللەندى. گومىنداڭ ئەكسى-
يەتچىلىرىنىڭ خەلقنىڭ ئىنقىلابىغا قارشى ھەرىكىتى جىددىي-
لەشكەنسېرى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ تېخىمۇ
چوڭقۇرلاشتى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ
ئاچقان ئۈچ كۈنلۈك سۆھبەت يىغىنىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا بارى-
دىغان تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە ۋەكىل سايلاش مەسىلىسىدە كۆرۈل-
گەن ئىختىلاپمۇ شۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ
ئىنكاسى ئىدى.

سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ ئارىدىن بىرەر ئاي ۋاقىت ئۆت-
كەندە ئىبراھىم تۇردى[2] «خانتەڭرى» نەشرىياتى ئورگىنىغا كې-
لىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىنقى كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئاچقان «جەنۇبىي
شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى» نى تەشكىل قىلىش يىغىنىغا
قاتناشقانلىقى، يىغىندا جاڭ جىجۇڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئە-
ۋەتىلىدىغان تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ،
ئۆمەك تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلغانلىقىنى،
ئۆمەككە غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش-
لىقى جاڭ شىگۇاڭ[3] ئۆمەك باشلىقى، ئۆمەر داموللا[4] مۇئاۋىن
ئۆمەك باشلىقى، ئىبراھىم تۇردى، مادامبېك (شىنجاڭ ئۆلكىلىك
قازاق - قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رە-
ئىسى، قىرغىز) ۋە يەنە ئىككى نەپەر پولكوۋنىك ئۇنىۋانلىق ئە-
مەلدارنىڭ ئۆمەكنىڭ رەسمىي ئەزاسى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكىنى
ئېيتتى ۋە بۇ ئۆمەكنىڭ 7 - ئاينىڭ باشلىرى يولغا چىقىدىغانى-
لىقى، ھامۇت خوجايېفنىڭ ئۆمەك تەرجىمانى بولۇپ بەلگىلەنگەنى-
لىكىنىمۇ قوشۇپ قويدى.

جاڭ جىجۇڭنىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى» گە
ئىبراھىم تۇردىنى خەلق ۋەكىلى قىلىپ بەلگىلىشىدىكى سە-
ۋەب، بىرىنچىدىن، بىر ئاي بۇرۇن ئۆزى ئاچقان سۆھبەت يىغى-

ىندا مۇتلەق كۆپچىلىك ياشلار ۋە زىيالىيلارنىڭ ئىبراھىم تۇر-
دىنى كۆرسەتكەنلىكىدىن بولغان بولسا، ئىككىنچىدىن، شۇ مەز-
گىلدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە ئۆزىنىڭ ئۈچ ۋىلا-
يەت تەرەپكە مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە مۇ-
شۇنداق قارارغا كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئىبراھىم تۇردى بىز-
گە يەنە «يىغىندا جاڭ جىجۇڭ مېنىڭ ئۆزۈمگە بىر كاتىپ ئېلىد-
ۋېلىشىمغا قوشۇلدى» دېدى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن
كېيىن «دېموكراتىك ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى» مېنىڭ
ئىبراھىم تۇردىغا كاتىپ بولۇپ بېرىشىمنى ۋە مېنىڭ كاتىپلىق
نامىدا قىلىدىغان ئىشلىرىمنى بېكىتكەنلىكىنى ماڭا ئۇقتۇردى.
تەشكىلاتنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا بىنائەن ، «نەنخۇايۇەن» (ئۈچ ۋىلايەت
ۋەكىللىرى تۇرۇشلۇق قورۇ) دىن ئۈچ ۋىلايەت گېزىت - ژۇرنال-
لىرى ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى بىر تاغارغا قاچىلاپ، تاغارنىڭ
ئۈستى تەرىپىگە «خانتەڭرى» ژۇرنىلىنىڭ يېڭىنقى سانلىرىنى
قاچىلىدىم. چۈنكى شۇ مەزگىللەردە «خانتەڭرى» ژۇرنىلى ھۆ-
كۈمەت تەستىقلىغان ئاشكارا ژۇرنال ئىدى. تەشكىلات بۇ گېزىت -
ژۇرناللارنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم ئۇراق ۋىلايەت، ناھىيىلە-
رىدە ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتلىرى ۋە قىسمەن ئىلغار ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىلىرىغا تارقىتىپ بېرىشنى تاپشۇردى، شۇنىڭدەك مېنىڭ
ئىبراھىم تۇردىنىڭ كاتىپى نامىدا ئۇنىڭغا جەنۇبىي شىنجاڭ
خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كونكرېت پائا-
لىيەتلىرى، خەلقنىڭ ئاھۇ زارى، جايلاردىكى پومېشچىكلار ۋە
گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۈستىدىن پاش قىلىنغان مەسىلە-
لەرنى خاتىرىلەپ بېرىشىمنى تاپىلىدى. 1946 - يىلى 7 - ئاي-
نىڭ 2 - كۈنى ئەتىگەندە ئۆمەك تەركىبىدىكى خادىملار ۋە ئۈچ
نەپەر تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر سابىق دۇبەن مەھكىمىسىگە
يىغىلدۇق. ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن ئىككى دانە دادۇچې ناملىق
چوڭ ئاپتوموبىلغا ئولتۇردۇق. ئاپتوموبىلغا يەنە «مۇھاپىزەتچى»
نامى بىلەن تولۇق قوراللانغان ئون نەچچە ئەسكەر چىقتى. بۇ

يەردە ئوبۇلقاسىم سابىتنى ئۇچراتتىم. ئۇ ئۆمەر داموللىغا كاتىپ بولۇپ بىللە باردىكەن. بىز ئەتىگەن سائەت 10 لاردا يولغا چىقتۇق. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ ئەتراپىدا توقسۇن ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدۇق. توقسۇن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ناھىيىدىكى ئىدارە خىزمەتچىلىرى، ئوقۇغۇچىلار ۋە بۇ يەردە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن بىرنەچچە يۈز ئادەم ئۆمەكنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئەتىسى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ بىر كىنوخانىسىدا يىغىن بولدى. يىغىنغا ناھىيىنىڭ باشلىقلىرى، ئىدارە خىزمەتچىلىرى، خەلق ۋەكىللىرى، ياشلار، زىيالىيلار قاتناشتى. يىغىندا مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى سۆز قىلغاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ باشلىقلىرى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن سۆز قىلدى، ئارقىدىن توقسۇن ياشلىرى، زىيالىيلىرىدىن بىرنەچچە كىشى سۆزگە چىقىپ، ناھىيىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۈستىدىن دەرد تۆكۈپ شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. ئەمەلدارلارنىڭ پارىخورلۇقى، دېھقانلار ئۈستىدىكى سېلىقنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ئېغىرلىشىپ كۈن ئالالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلەپ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى پاش قىلدى. بولۇپمۇ توقسۇندىكى گومىنداڭ ھەربىي ـ ساقچىلىرىنىڭ خەلققە قىلىۋاتقان زورلۇقلىرى، خەلقنى بوزەك قىلىپ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە بۇلاپ ـ تالاۋاتقانلىقى، ئىنقىلابىي ياشلار، زىيالىيلارغا قىلىۋاتقان سىياسىي زىيانكەشلىكى، خالىغانچە ئادەم تۇتۇشلىرى ئۈستىدە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى. ئۆمەك توقسۇندا ئىككى كۈن تۇرۇپ 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەتىگەندە جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى.

## گومىنداڭ ليەنجاڭىنىڭ كۈمۈشتىكى قاتىللىقى

ئۆمەك ئاپتوموبىللىرى توقسۇندىن چىقىپ بىرنەچچە سائەت ماڭغاندىن كېيىن كۈمۈش ئۆتىڭىگە كەلدى. ئۆمەك ئەزالىرى بىرنەچچە كىچىك ئاشخانىغا بۆلۈنۈپ غىزالانغاندىن كېيىن كۆ-

مۇش ئۆتمگىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە مەيدانغا يىغىلىپ ئۆمەكنى قارشى ئېلىپ سەپ تارتىپ تۇرغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەر-نىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەسكەرلەرنىڭ كىيگەن كىيىملىرى كۆلرەڭ ماتادىن تىكىلگەن جۇل - جۇل كىيىملەر بولسىمۇ، رەتلىك، مۇنتىزىم ھالەتتە تۇراتتى. ئۆمەك باشلىقى جاۋ شىگۇاڭ ئەسكەر-لەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ھەربىيچە سالام بەردى. ئۆمەك باشلىقى جاۋ شىگۇاڭ ئەسكەرلەر-گە قىسقا سۆز قىلدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆمەك تەرجىمانى ھامۇت خوجايېۋ تەرجىمە قىلدى. جاۋ شىگۇاڭ ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئۈچ ئۇيغۇر ئەسكەر سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ جاۋ شىگۇاڭغا ھەربىيچە سالام بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت سۇندى. بۇ ئۇيغۇر ئەسكەرلەر گومىنداڭنىڭ قاراشەھەردە تۇرۇش-لۇق قىسىملىرىغا قاراشلىق بىر لىيەن ئىكەن. بۇلار ئەسلىدە 1944 - يىلى ئەتىيازدا جاللات شېڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭ-دىن ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي ئالغانلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ بىر قىسمى شۇ مەزگىلدە تارقالغان كۆچلۈك ۋابا كېسىلى ۋە ئېغىر ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ساق قالغانلىرىنىڭ بىر قىسمى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئالتايغا ئەۋەتىلىپ، باندىت ئوسمانغا قارشى ئۇرۇشقا سېلىنىپ، كۆپىنچىسى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن. بۇلار ئۇرۇشتا ئۆلمەي قالغانلىرى بولۇپ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قورالسىزلاندۇرۇلۇپ كومۇش جاڭگىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىچارىلەر ئىكەن. ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەندىن تارتىپ كەچ كىرگىچە ئوتۇن يېرىپ ۋە ئاكوپ كولاپ قۇلدەك ئىشلەيدىكەن. يەيدىغىنى كۈنىگە ئۈچ ۋاق زاغرانان، ئى-چىدىغىنى ئۇماچ ئىكەن. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن ئازغىنە تەمىناتنى لىيۇ فامىلىلىك لىيەنجاڭ چۆنتىكىگە سالىدىكەن...

بىز ئولتۇرغان ئاپتوموبىل ئارغۇبۇلاق تاغلىرىدىن ئۆتۈپ قاراشەھەرگە يېقىن لىيۇ شىخۇ دېگەن يېزىغا يېقىنلاپ قالغاندا، ئارقىمىزدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن بىر كىچىك ئاپتو-

موبىل ناھايىتى تېز يېتىشىپ كېلىپ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ توختى-
دى، بىزنىڭ ئاپتوموبىللارمۇ توختىدى. ئۈچ ئۇيغۇر يۇقىرا ھېلى-
قى ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ «ئىبراھىم تۇردى ئەپەندى كىم بولى-
دىكىن؟» دەپ سورىدى. ئىبراھىم تۇردى ئاپتوموبىل كوزۇپىدا
تۇرۇپ «مانا مەن بولىمەن!» دەپ جاۋاب بەردى. ئۈچ كىشى تەڭلا
ماشىنىغا يېقىنلىشىپ كېلىپ ئىبراھىم تۇردىغا بىر پارچە خەت-
نى تاپشۇردى ـ دە، گەپ ـ سۆز قىلماي ئاپتوموبىلغا چۈشۈپ
ئارقىغا يېنىپ كەتتى. ئۆمەكنىڭ ئاپتوموبىللىرى لىيۇ شىخۇ
يېزىسىدىن ئۆتكەندە، قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي
ئورۇنلىرى يول ئۈستىگە ھەشەمەتلىك چاجاڭ (ئەمەلدارلارنى
قارشى ئالىدىغان ۋاقىتلىق سەھنە ـ ئاپتوردىن) قۇرۇپ ئۆمەكنى
قارشى ئالدى. ئۇلار ئىدارە خىزمەتچىلىرى، ھەربىي قىسىم، ئو-
قۇغۇچىلاردىن بولۇپ بىرەر مىڭغا يېقىن ئادەمنى ئۆمەكنى قار-
شى ئېلىشقا تەشكىللىگەن ئىكەن. ئۇلار بىزنى ۋىلايەتلىك يەر-
لىك مەھسۇلاتلار شىركىتى بىناسىغا ئورۇنلاشتۇردى. تاماقتىن
كېيىن ئىبراھىم تۇردى بىزگە يولدا ھېلىقى ئۈچ كىشى تاپشۇر-
غان خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بەردى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن:
جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى باشلىقلىرى كومۇشتە
ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۈچ ئۇيغۇر ئەسكەرنىڭ
بارلىق ئۇيغۇر ئەسكەرلەر نامىدىن ئۆمەك باشلىقلىرىغا خەت
بەرگەنلىكىنى كۆرگەن لىيەنجاڭ ئۆمەك كومۇشتىن يۈرۈپ كې-
تىشى بىلەنلا لىيەندىكى بارلىق ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى مەيداننىڭ
ئۇدۇلىدىكى تۆپىلىككە ئېلىپ چىقىپ ئورا كولاشقا بۇيرۇغان.
ئورا كولىنىپ بولغاندىن كېيىن لىيەنجاڭ ئۆمەك باشلىقىغا خەت
بەرگەن ئۈچ ئۇيغۇر ئەسكەر (بۇ ئۈچى مەزكۇر لىيەندىكى ئۇيغۇر
ئەسكەرلەر بەنلىرىنىڭ بەنجاڭلىرى بولۇپ، ئېسىمدە قېلىشىچە
بىرىنىڭ ئىسمى ياسىن، بىرىنىڭ ئىسمى ئايۇپ ئىدى، يەنە بى-
رىنىڭ ئىسمى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ)نى ئورىغا ئىتتىرىپ
چۈشۈرۈپ، مېنىڭ ئۈستۈمدىن باشلىققا ئەرز بەرگىنىڭلار ئۈچۈن

دەپ ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بېرىپ تىرىك كۆمدۈرۈۋەتكەنلىكى، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا ئۇنىمىغانلارنى قاتتىق ئۇرغانلىقى، بۇ قانلىق ۋەقەنى كۆرگەن ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ۋە كۈمۈش ئۆتىڭىدىكى خەلقنىڭ يىغا ـ زارە قىلىشقانلىقى، ئاخىرىدا ئەسكەرلەر ۋە خەلق بىرلىشىپ خەت يېزىپ شۇ ۋاقىتتا كۈمۈشكە چۈشكۈن قىلغان ئۇيغۇر سودىگەرلەردىن ئىبراھىم تۇردىغا ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلغان ئىكەن. ئىبراھىم تۇردىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ خەتنى دەرھال خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئۆمەك باشلىقى جاۋ شىـ گۋاڭغا تاپشۇرۇپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا ئوبۇلقاسىم سابىت كېچىدە بولغان ئىشلارنى بىزگە ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، كېچىدە ھەممەيلەن ئۇخلاپ قالغاندا ئۆمەك باشلىقى جاۋ شىگۋاڭ ئۆمەكتىكى پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئەمەلدارنى مەسـ ئۇل قىلىپ، مىللىيلاردىن ئوبۇلقاسىم سابىتنى قاتناشتۇرۇپ، ئۆمەك خىزمەتچىلىرىدىن ئۈچ ئوفىتسېر ۋە ئون نەچچە مۇھاپىـ زەتچى ئەسكەردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى تىرىك كۆمدۈرگەن لىيەنجاڭنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپ، ئاپتوموـ بىل بىلەن كۈمۈشكە ئەۋەتكەن. ئوبۇلقاسىمنىڭ ئېيتىشىچە، قاـ تىل لىيەنجاڭ گازارمىنىڭ دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقاپ، دەرۋازىـ نىڭ ئۈستىگە ئىككى دانە پىلىموتنى سىرتقا قارىتىپ تىكلەپ قويغان. ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ياتاقلىرىغا كىرگۈـ زۈۋېتىپ، ئىشىكلەرنى قۇلۇپلىۋەتكەن. قاراشەھەردىن بارغانلار جاۋ شىگۋاڭنىڭ بۇيرۇقىنى لىيەنجاڭغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ دەرۋازىـ نى ئېچىپ ئۆزلىرى بىلەن بىللە قاراشەھەرگە بېرىشىنى بۇيرۇـ غان. لىيەنجاڭ دەرۋازىنى ئېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، قاراشەھەردىن كەلگەنلەرگە «ئەگەر قايتىپ كەتمىسەڭلار ئوق چىـ قىرىمەن»، دەپ تەھدىت سالغان. جاۋ شىگۋاڭ ئەۋەتكەن پولكوۋـ نىك قاتتىق ـ يۇمشاق گەپلەر بىلەن كۆپ نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، لىيەنجاڭ ئىلاجىسىز دەرۋازىنى ئاچقان. قاراشەھەردىن بارغانلار لىيەنجاڭنى ئېلىپ يېرىم كېچىدە ئۆمەك چۈشكەن ئوـ

روٴنغا قايتىپ كەلگەن. ئەتىسى (7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كوٴنى) ئەتىگەن-
لىك تاماق ۋاقتىدا جاۋ شىگوٴاڭ ئۆمەكتىكىلەرگە توٴنوٴگوٴن كوٴ-
موٴشتە يوٴز بەرگەن ۋەقە ۋە كېچىدە بولغان ئىشلارنى ئوٴقتوٴروٴپ،
ئادەم ئۆلتوٴرگەن قاتىل ليەنجاڭنىڭ قىلمىشلىرىنى كېچىدە تې-
لېگراممىا ئارقىلىق غەربىي شىمال مەموٴرىي مەھكىمىنىڭ موٴدىرى
جاڭ جىجوٴڭغا مەلوٴم قىلغانلىقىنى، جاڭ جىجوٴڭدىن جىنايەتچى-
گە ئۆلوٴم جازاسى بېرىش، جازانى خەلق ئالدىدا ئىجرا قىلىش
توغرىسىدا بوٴيروٴق كەلگەنلىكىنى، ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن
بوٴيروٴق ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى، ئۆمەكتىكى ھەممەيلەننىڭ
يىغىن مەيدانىغا بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بىز ئەتىگەن
سائەت سەككىز يېرىملاردا يىغىن مەيدانىغا باردوٴق. قاتىل ليەن-
جاڭ ئەسكەرلەر تەرىپىدىن يىغىن مەيدانىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن
كېيىن، ئۆمەكنىڭ پولكوۋنىك ئوٴنۋانلىق ئەزاسى قاتىلنىڭ جى-
نايەتلىرى توغرىسىدا يىغىنغا قاتناشقوٴچىلارغا سۆز قىلدى ۋە
يوٴقىرىنىڭ بوٴيروٴقى بويىچە ليەنجاڭغا ئۆلوٴم جازاسى ھۆكوٴم قى-
لىنىپ، ھۆكوٴم شوٴ مەيداندا ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلى-
دى. ھۆكوٴم بويىچە جىنايەت ئۆتكوٴزگەن قاتىل ليەنجاڭ ئېتىپ
تاشلاندى. ئۆمەك باشلىقى جاۋ شىگوٴاڭ ئۆمەكتىكى مىللىيلارنىڭ
گوٴمان قىلىشىدىن خالىي بولوٴش ئوٴچوٴن، ئىبراھىم توٴردى ۋە
ئوبوٴلقاسىمنى ليەنجاڭنىڭ ھەقىقىي ئۆلگەن ـ ئۆلمىگەنلىكىنى
كۆروٴپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئوٴلار بېرىپ ليەنجاڭنىڭ راستىنلا
ئۆلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ كەلدى. بوٴ ۋەقە قاراشەھەردە ناھايىتى
زور تەسىر قوزغىدى. گومىنداڭنىڭ خورلوٴقىنى يەتكوٴچە تارتقان
قاراشەھەر خەلقى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىكى پوٴقرالار
بوٴ ئىشتىن ئىنتايىن خوٴشال بولوٴشتى. شوٴ كوٴنى چوٴشتىن كې-
يىن قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسى ۋىلايەتلىك چوڭ كوٴلوٴبتا جە-
نوٴبىي شىنجاڭ تەكشوٴروٴش ئۆمىكىنىڭ قاراشەھەرگە كەلگەنلى-
كىنى قارشى ئېلىش يوٴزىسىدىن يىغىن ئاچتى. يىغىنغا قاراشە-
ھەر ۋالىيسى باشچىلىقىدىكى بارلىق ھەربىي ـ مەموٴرىي باش-

لىقلار، ئىدارە باشلىقلىرى قاتناشقاندىن تاشقىرى قاراشەھەردىكى بىر تۈركۈم زىيالىيلار ۋە ياشلار ۋەكىللىرى قاتناشتى. يىغىندا سۆزگە چىققان ياشلار، زىيالىيلار ۋەكىللىرى قاراشەھەردىكى گومىنداڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى، ئەسكەرلەرنىڭ خەلققە قىلىۋاتقان زوراۋانلىقلىرى ۋە قاراشەھەردىكى ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلارنى قولغا ئېلىپ ۋەھشىيلەرچە قىيناۋاتقانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلىپ، تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ تۈرمىدىكى ياشلارنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا ساقچى ئورۇنلىرىغا بۇيرۇق قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. يىغىندىن كېيىن ئۆمەك ئەزالىرى ئىبراھىم تۇردى، مادامېيكلار ئۆمەك باشلىقلىرى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۆمەك ساقچىغا ئادەم ئەۋەتىپ سۈرۈشتۈردى. ساقچى ئىدارىسى قولىدا ھېچقانداق پاكىت بولمىغاچقا، تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 10 غا يېقىن ياشنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. قويۇپ بېرىلگەنلەر ئىچىدە ئىبراھىم تۇردىنىڭ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان شاگىرتلىرىنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم بولدى.

ئۆمەك قاراشەھەردە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن كورلا، بۈگۈر ناھىيىلىرىدە بىرنەچچە كۈن توختاپ، ئىدارە باشلىقلىرى، خەلق ۋەكىللىرى قاتناشقان يىغىنلارنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا قاتناشقان زىيالىيلار ۋە خەلق ۋەكىللىرى، ياشلار شۇ ناھىيىلەردىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ خەلققە قىلىۋاتقان زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى ئۈستىدە شىكايەت قىلدى.

**كۇچا ياشلىرىنىڭ ئىنقىلابىي قەيسەرلىكى**

ئۆمىكىمىز 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كۇچا ناھىيىسىگە يېتىپ باردى. كۇچا خەلقى، بولۇپمۇ ياشلار، زىيالىيلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ ئۆمەكنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئىگىلىشىمىزچە، كۇچادا ئاممىۋى ئاساسى كۈچلۈك بولغان ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى بار ئىكەن. بۇ تەشكىلاتقا كۇچا ياشلىرىدىن ئېزىز

يۇسۇپ (هازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە)، مۇھەممەتنىياز ناسىروفلار يېتەكچىلىك قىلىدىكەن. ئۇلار كۇ-چادا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشلەردە نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىپتۇ. بۇ خەۋەرنى مەن ئۇرۇمچىدىكى چېغىمدىلا ئاڭلىغانىدىم. كۇچادا ياشلار ۋەكىللىرى ئۆمەكتىكى ئىبراھىم تۇردى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولدى. ئۇلار بىزگە كۇچانىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرىنى، ياشلار تەشكىلاتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-بىنىڭ تەسىرى بىلەن كۇچا خەلقى، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئىنقىلا-بىي قىزغىنلىقى يۇقىرى ئۆرلەپ، بىرمۇنچە ئىنقىلابىي پائالى-يەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىنى بايان قىلىشتى ۋە 11 بىتىم ئىمزالىنىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كۇچادىكى گومىنداڭ دائىرد-لىرىنىڭ ياشلارغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنى پاش قىلدى. ياشلار ۋەكىللىرىنىڭ پاش قىلىشىچە، كۇچا ساقچى ئىدارىسى 11 بىتىم ئىمزالىنىشىنىڭ ئالدىدا بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلارنى قول-غا ئالغانىكەن. 11 بىتىمدە يەتتە ۋىلايەتتە قولغا ئېلىنغان سىيا-سىي مەھبۇسلارنى دەرھال ئازاد قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسى-تىلگىنى بويىچە، كۇچادىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆمەك كۇ-چاغا بېرىشتىن ئىلگىرى تۈرمىدىكى مەھبۇسلاردىن بىر تۈر-كۇمنى تۈرمىدىن بوشاتقانىكەن. ئۆمەك كۇچاغا يېتىپ كەلگەن كۈنى ئۆمەكنىڭ كۇچاغا كەلگەنلىكىنى قارشى ئېلىشقا چىققان ياشلارنىڭ كوچىدا ساقچى ئىدارىسىنىڭ تېررورلۇق ھەرىكىتىگە قارشى شوئار توۋلىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ساقچى ئىدارىسى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ئىبزىز يۇسۇپ، مۇھەممەت-نىياز ناسىروف قاتارلىق ياشلارنى شۇ كۈنى كەچتىلا قولغا ئالغا-نىكەن. ئۆمەك كۇچاغا يېتىپ بارغان كۈننىڭ ئەتىسى كۇچا نا-ھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن ھەر ساھە ۋەكىللىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنىدا، كۇچا ياشلىرىنىڭ ۋە-كىللىرى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ قولغا ئېلىنغان ياشلارنى تۈر-

مىدىن بوشىتىپ بېرىش توغرىسىدا ساقچى ئىدارىسىگە بۇيرۇق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۈمەك خەلقىنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگە ئاساسەن، كۇچا ساقچى ئىدارىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ، قولغا ئالغان ياشلارنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى. كۇچا ساقچى ئىدارىسى قولغا ئالغان ياشلارنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۈمەك كۇچادا ئۈچ كۈن تۇردى. كېيىن ئاقسۇ ئاشلارغا قارىغاندا، ئۈمەك كۇچادىن يۈرۈپ كېتىشى بىلەنلا ساقچى ئىدارىسى قويۇپ بەرگەن ياشلار ۋەكىللىرىنى قايتىدىن قولغا ئالغان. كۇچادا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ نەقەدەر ساختىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**ئۈمەك تەركىبىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ پوزىتسىيىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر**

كۇمۇشتە ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل لىيەنجاڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى، قاراشەھەر خەلقىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن تۇرمىدىكى بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى ۋە كۇچا ئىنقىلابىي ياشلىرىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بىلەن يەنە بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كەڭ ئىنقىلابىي ئاممىنى خۇشال قىلىدىغان ئىش بولدى. لېكىن سەپىرىمىزنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى قاراشەھەر ۋە كۇچادىكىدەك بولمىدى. ئۈمەكتىكى ئاساسلىق كۈچنى تەشكىل قىلىدىغان گومىنداڭ ئەربابلىرى ئىش مۇنداق كېتىۋەرسە ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز بولىدىغانلىقىنى سەزدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى روشەن ھالدا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئىشلار ئۈرۈمچىدە جاڭ جىجۇڭ ئاچقان ياشلار سۆھبەت يىغىنىدا ياشلار، زىيالىيلار ۋەكىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا تەكشۈرۈش ئۈمىكى ئەۋەتىش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ ۋە نىشانىنىڭ تەتۈرسىگە قاراپ ماڭدى. ئاڭلىشىمچە، ئۈمەك ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئۈمەكنىڭ تەشكىل قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلغان چاغدا «جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۈمىكى، جەنۇبىي شىنجاڭ-

دىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى تەكشۈرىدۇ، جىنايىتى ئېغىر ئەمەلدارلارنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاشقا، جازالاشقا ھوقۇقلۇق» دەپ ئېيتقانىكەن. ئەمما ئۆمىكىمىز كۇچادىن ئايرىلغاندىن كېيىن بارغان جايلاردا ئىشلار سەل باشقىچە بولدى.

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى باي ناھىيىسىگە كەلدۇق. بۇ ناھىيىدە پەقەت بىر كېچىلا قونىدۇق. لېكىن بۇ يەردە بىزنى ئىزدەپ كېلىدىغانلار كۆپ بولدى. ئۇلاردىن ئىگىلىشىمىزچە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى باي ناھىيىسىنى ئازاد قىلىپ بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، غۇلجىدىن كەلگەن بۇيرۇق بويىچە باي ناھىيىسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. باي ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى، ساقچى ئورۇنلىرى نۇرغۇن كىشىلەرنى «ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى بىلەن مۇناسىۋەت قىلدىڭ»، دەپ قاماپتۇ. قامالغانلارنىڭ بەزىلىرى تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بايدىن چېكىنگەندە ئۇلارغا ئەگىشىپ بىللە چىقىپ كەتكەن ياشلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، خوتۇن ـ باللىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى گومىنداڭ دائىرىلىرى تۇتۇپ كېلىپ ۋەھشىيلەرچە قىيناپتۇ.

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاقسۇغا يېتىپ باردۇق. ئاقسۇدا ئۆمەكنى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئاقسۇدىكى ئىنقىلابىي خەلق ۋە ياشلارنىڭ ئۆمەك بىلەن ئۇچرىشىشىنى توسۇش، ئۆمەكتىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەشنىڭ بىر چارىسى بولدى. بۇ ئىشلارنىڭ ئۆمەك باشلىقى جاۋ شىگۇاڭ ۋە ئۆمەكتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. جاۋ شىگۇاڭ «ئاقسۇ ئانچە تىنچ ئەمەس، ئۆمەكنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ يەرلىك ئورۇنلار بىزگە مۇشۇ يەرنى راسلاپتۇ»، دېدى. بۇ يەردە گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرى كۆپ ئىكەن. بۇ يەردىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىنقىلابىي ئاممىنى بىزگە يېقىنلاشتۇرماسلىق ئۈچۈن خىلمۇ خىل توسالغۇلارنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ

يەنىلا بىر قىسىم ئوت يۈرەك ياشلار بىزنى ئىزدەپ كېلىشتى. بىزمۇ تونۇلۇك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ بىزگە دېمەكچى بولغان دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئاڭلاشقا تىرىشتۇق. ئۇلار بىزگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يەرلىك فېئودال ـ پومېشچىكلار، زومىگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئىنقىلابىي ياشلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىپ يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ھالدا ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەنلىكىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ل. مۇتەللىپ باشلىق نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەر، ئىنقىلابىي پەرزەنتلىرىنى نابۇت قىلغانلىقىنى چوڭقۇر قايغۇ بىلەن سۆزلەپ بەردى. بۇ ئېچىنىشلىق ئىشلارنى ئاڭلاپ ئىبراھىم تۇردى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر قاتتىق قايغۇردۇق. مەرھۇم لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1939 ـ 1941 ـ يىللىرى ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان چېغىدا مېنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ساۋاقدىشىم، شۇنداقلا ئىبراھىم تۇردىنىڭ روھلۇق، جۇشقۇن شاگىرتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا بۇ شۇم خەۋەر ئىبراھىم تۇردى ۋە ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئىبراھىم تۇردى شۇ ۋاقىتتا ھەممىگە خىتاپ قىلىپ: «بۇ مەرھۇم ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ ئاققان قېنى ھەرگىز بىكار كەتمەيدۇ. بىز زالىم، جاللاتلاردىن بۇ قىساسنى چوقۇم ئالىمىز»، دېگەنىدى.

قەشقەر خەلقىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ئىنقىلابىي روھى

بىز ئاقسۇدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەرگە يېتىپ باردۇق. بىز بارغان كۈنلەردە قەشقەردە رامزان مەزگىلى ئىكەن. ئاپتوموبىلدا كېتىۋېتىپ چوڭ كوچىدا ئاتلىق ۋە پىيادە يۈرگەن بىرقانچە سەللىلىك موللىلارنىڭ قوللىرىدىكى چوڭ دەررىلەر بىلەن ئاياللارنى قوغلاپ يۈرۈپ «يۈزۈڭنى ياپ، دەۋزىخى» دەپ ھاقارەتلىك تىللار بىلەن تىللاپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلاردا مۇنداق كۆرۈنۈشنى تېخى ئۇچراتمىغانىدىم. بۇ يەردىكى خەلق گومىنداڭ زالىم ئەمەلدارلىرىنىڭ مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن سىرت

يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭمۇ زۇلۇمغا ئۇچراپ خۇراپاتلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، زومىگەر موللىلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قاتتىق غەزەپلەندىم. لېكىن سەپەر جەريانىدا بۇ خىل ئەھۋالنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىكەن-لىكىنى، خەلقىنىڭ ئىككى خىل زۇلۇم ئاستىدا قاتتىق ئېزىد-لىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۆمەكتىكىلەرنىڭ بىر قىسمىنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئىسمائىل باي دېگەن ئادەمنىڭ قورۇسىغا، يەنە بىر قىسمىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇي-غۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىناسىغا ئورۇنلاشتۇردى (بۇ ئىككى جاينىڭ ئارىلىقى يېقىن ئىكەن).

بىز قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى خەلق-نىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر جۇشقۇن، ئىنقىلابىي روھىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. قەشقەرگە بېرىشىمىز بىلەنلا قەشقەرنىڭ ھەر ساھە كىشىلىرى ۋە ياشلار ئارقىمۇ ئارقا كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى. قەشقەرگە بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ھېيتگاھتىكى چوڭ كۈلۈبتا يىغىن بولدى. قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر ساھە خەلقىنىڭ ۋەكىل-لىرى، ياشلار، زىيالىيلار ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن-نىڭ بېشىدا ئۆمەك باشلىقى جاۋ شىگۇاڭ سۆز قىلدى. ئارقىدىن خەلق ۋەكىللىرى، زىيالىيلار ۋە ياشلار سۆز قىلدى. ئۇلار گو-مىنداڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋە ساقچى ئورۇنلىرىد-نىڭ قەشقەر ۋىلايىتى دائىرىسىدە 11 بېتىمنى بۇزۇش پېيىگە چۈشكەنلىكىنى، ھەتتا تاشقورغان پارتىزانلىرىغا ھېسداشلىق قىلغان كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا زىيانكەش-لىك قىلىشتا ناھايىتى رەزىل ۋاستىلەرنى قوللانغانلىقىنى پاش قىلدى. يىغىن داۋامىدا بىر ياش سۆزگە چىقىپ ناھايىتى ھايا-جانلانغان ھالدا غەزەپ بىلەن مۇنداق دېدى: «بۇ يىل 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇرۇمچىدىن شىنجاڭ تىنچلىق ساقلاش شتابىنىڭ باش

قوماندانى سوڭ شىلىيەن دىگەن كىشى قەشقەرگە كىلىپ، مۇشۇ كۇلۇبتا ئىچىلغان چوڭ يىغىندا خەلق ۋەكىللىرىگە سۆز قىدلىپ، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ھاقارەتلىدى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئالدىدىكى تەخسىدىن بىر تال گازىرنى ئاغزىغا سېلىپ چېقىپ «سىلەر تىنچ ئۆتۈشۈڭلار كېرەك، ئەگەر دۆلەت قانۇنىغا بويسۇنماي، تىنچ بولماي، ھەددىڭلاردىن ئاشىدىكەنسىلەر خۇددى ئاغزىمغا سالغان بىر تال گازىرنىڭ تەقدىرىدەك يانجىلىپ تۈگەيسىلەر، دەپ يىغىن قاتناشچىلىرىغا ھەيۋە قىلدى»، دىدى. بۇ ياشتىن كېيىن سۆزگە چىققان بىرمۇنچە كىشىلەر سوڭ شىلىيەننىڭ ھەيۋە قىلىپ قورقۇتۇشلىرىغا ۋە ھاقارەت قىلىشىغا قەتئىي قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. قەشقەر ياشلار تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەتلىرى خېلى جۇشقۇن ئىكەن. مەن مەسئۇل بولۇپ ئىلىپ كەلگەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى ۋە «خانتەڭرى» ژۇرنىلىنى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىغا بەردىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن يول ئۈستىدىكى ناھىيىلەردىمۇ ياشلار تەشكىلاتلىرى، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىغا بۇ ماتېرىياللارنى تارقاتقانىدىم. بىز بارغان جايلار ئىچىدە ياشلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى قەشقەر بىلەن كۇچادا بىر قەدەر تەرەققىي قىلغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. قەشقەردە بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن قەشقەردىن چىقىپ يېڭىسار ناھىيىسىگە كەلدۇق. يېڭىساردا بىر كۈن توختاپ يەكەنگە يۈرۈپ كەتتۇق. يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ئەھۋالى بىز بېسىپ ئۆتكەن ناھىيىلەرنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن.

**جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەكسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان زالىم ئەمەلدار جۇ فاڭگاڭ**

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يەكەنگە يېتىپ باردۇق. شۇ چاغلاردا يەكەن ۋىلايەت ئىكەن. بۇ ۋىلايەتكە يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مەكىت ناھىيىلىرى قارايدىكەن. يەكەندە ئۆمەكنى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ دىۋىزىيە

شتابىغا چۈشۈردى. دېڭىزىيە شتابىنىڭ ئىشىكىدە ئەسكەرلەر پوستتا تۇرغاچقا، يەكەن خەلقى بىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ئامالسىز قالدى. بىز چۈشكەن يېرىمىزدىن سىرتقا چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قاتارلىق جامائەت تەشكىلاتلىرىدا ئامما بىلەن ئۇچرىشىپ خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدۇق. يەكەن شۇ مەزگىللەردە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە گومىنداڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ زوراۋانلىقى ئەڭ دەھشەتلىك جايلارنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ ھەقتە ئۇرۇمچىدىكى سۆھبەت يىغىنىدا كۆپ ئاڭلىغانىدىم. 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بىز ھەر تەرەپ بىلەن سۆزلىشىپ، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ چوڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كۇلۇبىدا يىغىن ئېچىشنى قولغا كەلتۈردۇق. ئۆمەك بارغان ناھىيە، شەھەرلەردە مۇنداق ئاممىۋى يىغىنلارنى ئېچىپ كەلگەچكە، جاۋ شىگۇاڭ يەكەندە يىغىن ئېچىشنى چەكلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. يىغىندا ئىنقىلابىي ياشلار، زىيالىيلار گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەيۋىسىگە قارىماي، زالىم ئەمەلدارلار، ئىككى يۈزلىمچى مىللىي مۇناپىقلار، زومىگەر پومېشچىكلارنىڭ تۈرلۈك جىنايى قىلمىشلىرىنى دادىللىق بىلەن پاش قىلدى.

يەكەننىڭ شۇ چاغدىكى ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ سىبىسىق نامى پۇتۇن ۋىلايەتكە، ھەتتا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا پۇر كەتكەنىكەن. ئۇ ئەكسىيەتچىلىكتە، يەرلىك خەلققە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشتا ئۇچىغا چىققان قانخور ئىكەن. كېيىنچە ماتېرىياللاردىن كۆرۈشۈمچە، بۇرۇن جۇ فاڭگاڭ گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ئۇرۇش قىلغان ئالدىنقى سەپ قوشۇنلىرى ئىچىدە خېلى چوڭ مەنسەپكە ئىگە كوماندىر بولۇپ، نۇرغۇن قېتىملىق ئۇرۇشلارغا ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلغان قانخور جاللات ئىكەن. شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە چوڭلارلا ئەمەس كىچىك باللارمۇ تىللايدىكەن. ئاممىۋى يىغىندا

مەركەزلىك هالدا جۇ فاڭگاڭنىڭ نۇرغۇن جىنايى قىلمىشلىرى پاش قىلىندى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرنى مىسال ئېلىپ ئۆتسەكلا كۇپايە. جۇ فاڭگاڭ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى خەلقنىڭ يۇرۇش - تۇرۇش ئەركىنلىكىنى قاتتىق چەكلىگەن. ئۇ يەكەندە بازار بولىدىغان كۈنى شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەتكۈزۈۋېتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تارقاتقان پۇقرالىق گۇۋاھنامىسى بىلەن شەھەرگە كىرىش - چىقىشنى مەجبۇرىي يولغا قويغان. پۇقرالىق گۇۋاھنامىسى يوقلارنى شەھەرگە كىرگۈزمىگەن. شۇنداقلا شەھەردىن چىقارتمىغان. يەنە كېلىپ شەھەرگە كىرىدىغان دېھقانلاردىن پۇقرالىق گۇۋاھنامىسىنى قولىدا تۇتۇپ ئەمەس، بەلكى پېشانىسىگە قىستۇرۇپ كىرىشنى شەرت قىلغان. پۇقرالىق گۇۋاھنامىسى يوق ياكى بولسىمۇ پېشانىسىگە قىستۇرمىغانلارنى ساقچىلار تۇتۇپ قالغان، بەزىلىرىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا قاتتىق ئۇرۇپ جازالىغان، پاش قىلغۇچىلار يەنە ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ خادىمى ئەنۋەر يۇسۇپنىڭ يەكەنگە خىزمەت بىلەن كېلىپ جۇ فاڭگاڭ ۋە ئۇنىڭ قولچوماقچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى بىلەن ئېچىنىشلىق هالدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى پاش قىلدى. يەكەندە جۇ فاڭگاڭدەك مۇشۇنداق بىر زالىم ئەمەلدار شۇنچە زور گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، يەنىلا ۋالىيلىق ئورنىدا قېلىۋەردى. مانا بۇ جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەسلى نىشانىدىن يىراقلىشىپ خەلق تەلىپىنىڭ ئەكسىگە قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ دەلىلى. ئۆمەك باشلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى.

**جاڭ جىجۇڭنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى دەرھال قايتىشقا بۇيرۇشى**

تەكشۈرۈش ئۆمىكىمىز يېڭىسار، قاغىلىق، گۇما ناھىيىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خوتەنگە يېتىپ باردى ۋە خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتى. خوتەننىڭ ۋالىيسى خا دىڭباڭ (ئەسلى ئىسمى نۇربەگ، ئۇيغۇر) ئىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ ئادەم زالىملىق، مۇستەبىتلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭ-

ـدىكى باشقا ۋىلايەت ۋالىيلىرىدىن ئانچە قېلىشمايدىكەن. بىز خو-تەنگە بېرىشىمىزغىلا جاڭ جىجۇڭ خوتەن ۋالىي مەھكىمىسى ئارقىلىق ئۆمەككە تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، ئۆمەكنىڭ تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى دەرھال توختىتىپ تېزدىن ئۈرۈمچىگە قايتىشنى، قەشقەر يېڭىشەھەردە ئايروپىلان ساقلاپ، ئايروپىلان بارغاندىن كېيىن دەرھال يولغا چىقىشنى تاپىلاپتۇ. شۇڭا ئۆمىكىمىز خو-تەندە ھېچقانداق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانمىدى. ئەمما بىز-ئىبراھىم تۇردى باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە كىشى بارلىق پۇر-سەتلەردىن پايدىلىنىپ قىسقىغىنە بىرنەچچە كۈن ئىچىدە خېلى كۆپ ياشلار، زىيالىيلار ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. خوتەن خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ خوتەندىكى ھەربىي - مەمۇرىي ئە-مەلدارلىرىغا، گومىنداڭنىڭ بۇ رايوندا يۈرگۈزگەن مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نارازىلىقى ئۇستىدە 1 - قول ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇق. شۇ مەزگىللەردە خوتەندە تۇرۇۋاتقان ئابدۇقادىر ھەسەن باشچىلىقىدىكى زىيالىيلار بىزگە خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، خەلقنىڭ دەرد - پەريادىنى يۈرەكلىك بايان قىلدى. خو-تەنگە بارغاندىن كېيىن ئۆمەك تەركىبىدىكى غەربىي شىمال مە-مۇرىي مەھكىمىسىدىن قاتناشقان ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى سىرلىق تۈس ئالدى. خوتەندىن ئايرىلغىچە بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جاڭ شىگۇاڭدىن باشقىسىنى كۆرەلمىدۇق. كېيىن ئاڭلىشىمچە، ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سايلامغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش ھەققىدە يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن مەخپىي كېڭەش ئېلىپ بارغانىكەن.

ئۆمىكىمىز 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خوتەندىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. 6 - ئاۋغۇست قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە-سىگە يېتىپ كېلىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي شىن-جاڭ گارنىزون شتابىغا چۈشتۇق. بۇ يەردە شتاب قورۇسىدىن سىرتقا چىقىش مۇمكىن بولمىدى. گارنىزون شتابىدا ئايروپىلان

ساقلاپ بىر ھەپتىگە يېقىن تۇرۇپ قالدۇق، ئەمما خەلق بىلەن ئۇچرىشالمىدۇق. 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەتراپىدا جاڭ جىجۇڭ ئەۋەتكەن كىچىك تىپتىكى ھەربىي ترانسپورت ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتتۇق. ئۆمەر داموللا بىز بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتماي قەشقەردە قېلىپ قالدى.

ئاخىرقى سۆز

جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى 36 كۈن ئىچىدە بەش ۋىلايەتنىڭ 13 ناھىيىسىگە بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. لېكىن، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان، ئېغىر ئالۋان ـ ياساق ۋە زۇلۇم دەستىدىن قەددى يادەك ئېگىلگەن جاپاكەش جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى ئالدىدا ھېچبىر ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرەلمىدى. 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار سۆھبەت يىغىنىدا ياشلار ئوتتۇرىغا قويغان گومىنداڭنىڭ زالىم ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدىكى پىكىر ـ تەلەپلىرىمۇ ئىشقا ئاشمىدى. زالىم ئەمەلدارلار بۇرۇن قانداق بولغان بولسا شۇ بويىچە قېلىۋەردى...

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى» گە دائىر ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە 1996 ـ يىلى يازدا توپتوغرا 50 يىل بولدى.

ئىزاھلار:

① خەمىت سۇلتان ـ شۇ مەزگىللەردە ئۈرۈمچىدىكى يەر ئاستى تەشكىلات «دېموكراتىك ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى»نىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بىرى ئىدى. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى، دەم ئېلىشقا چىققان كادىر.

② ئىبراھىم تۇردى ـ ئۈرۈمچىدىكى يەر ئاستى تەشكىلات ـــ «دېموكراتىك ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى»نىڭ مەسئۇلى ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «خانتەڭرى» ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ئىدى.

③ جاۋ شىگۇاڭ ــ 1946 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدىكى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇھىم ئەربابلىرىدىن بىرى ئىدى. تاۋسىيۇ بىلەن بىرلىكتە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگراممىا يوللاپ ھەقىقەتكە قايتقان. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان.

④ ئۆمەر داموللا ـ شۇ مەزگىللەردە «خەلقپەرۋەر دىنىي زات» دېگەن تونغا ئورۇنۇۋالغان ئىككى يۈزلىمچى مىللىي مۇناپىق ئىدى. كېيىنچە ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلدى.

# 1934 ـ يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەردىن ئەسلىمە

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

1934 ـ يىلى قەشقەر خەلقى ئۈچۈن ياراشمىغان بىر يىل بولدى. چۈنكى بۇ يىل كىرگەندىن تارتىپ چىقىپ كەتكۈچە قەشقەر خەلقىگە ياخشىلىق بولمىدى.

بىز بۇ ئىشلارنى 50 نەچچە يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئەسلەۋاتىمىز. بۇ ئەسلىمە مىللىتىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن پاجىئەلىك ھادىسىلەرنى بىلمەيدىغان كىشىلەر، بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ تارىخنى بىلىشىدە ئىبرەتلىك رول ئوينىسا ئەجەب ئەمەس.

## بىرىنچى يېرىم يىلدىكى زور ۋەقەلەر

### 1 ـ ۋەقە

1934 ـ يىل كىرىشى بىلەن قەشقەر يېڭى شەھەردىكى ئۇرۇش تازا تىركىشىش دەۋرىگە كىردى.

1933 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى (چارشەنبە) باشلانغان بۇ ئۇرۇش 11 ـ ئاينىڭ كىرىشى بىلەن 140 ـ كۈنگە قەدەم قويغان بولسىمۇ، يېڭىش ـ يېڭىلىش بولماي ئۇرۇش ئۇزلۇكسىز داۋاملىشىۋەردى. بۇ بەش ئايلىق ئۇرۇش قەشقەر خەلقىگە غايەت زور زىيانلارنى كەلتۈردى.

قىرغىز ئوسمان ئەلىنىڭ باش قوماندانلىق دەۋرى ھېيـ. سابلانغان 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە بولغان ئۈچ ئايلىق مەزگىل

ئۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ دەۋرى بولسىمۇ، لېكىن ئاڭسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، باشباشتاقلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى بارلىق تىرىشچانلىقنى بوشقا كەتكۈزۈۋەتتى.

ئوسمان ئەلى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ياخشى ئىجرا قىلالمىغاچقا، 10 ـ ئايدا قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. سابىت داموللا ھاكىمىيىتى رەھبەرلىكنى قولغا ئالدى.

يېڭى شەھەر ئۇرۇشى ئېخچە داۋام قىلماقتا ئىدى. 11 ـ، 12 ـ ئايلار قانچە ـ قانچە ئىركىشىشلەر بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇرۇشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن خوجانىياز ھاجىنىڭ ئاقسۇنى تاشلاپ قەشقەرگە كېلىشى ۋەزىيەتنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى.

2 ـ ۋەقە

جەنۇبىي شىنجاڭ مۇھاپىزەت باش قوماندانى ياكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ زۇڭتۇڭى خوجانىياز ھاجى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جەنۇبىتىكى مۇھىم بازىسى ئاقسۇنى تاشلاپ قەشقەرگە كەلدى. ئۇنى باش ۋەكىل سابىت داموللا باشچىلىقىدىكى يېڭى ھۆكۈمەت ئەربابلىرى كۈتۈۋالدى. خوجانىياز ھاجى قەشقەرگە كېلىپلا، يېڭى شەھەرنى ئېلىش ئۈچۈن ماجېنساڭغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقا ئاتلاندى. خوجانىياز ھاجى سابىت داموللىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىلەن بىرلىكتە يېڭى شەھەرنى تۆت تەرەپلەپ قورشاپ، ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ماجەنساڭ قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرۇپ سېپىل ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتتى. بۇ نۆۋەت خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى ئالاھىدە پىداكارلىق كۆرسەتتى. ماجەنساڭ يېڭى شەھەرنىڭ ئېگىز سېپىللىرىنىڭ دالدىسىدا كۈن كۆرۈشكە مەجبۇر بولدى. ماجەنساڭنىڭ تۇۋرۇكى سانالغان ئاتلىق بىرىگادا كوماندىرى گامازا يېڭى شەھەر سېپىلى يېنىدىكى بىر ئۇرۇشتا ھالاك بولۇپ، ماجەنساڭنىڭ

مەغلۇبىيىتى ئايدىڭلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ماجەنساڭ بۇنىڭلىق بىلەن بوشىشىپ قالمىدى. بەلكى يېڭى شەھەرنى جان تىكىپ قوغدىدى. نەتىجىدە خوجانىياز ھاجىنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ كەلگەن ماجۇڭيىڭنىڭ يېتىپ كېلىشى ۋەزىيەتنى ئۆز- گەرتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن 167 كۈن داۋاملاشقان يېڭى شەھەر ئۇرۇشى تۇڭگانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى.

### 3 ـ ۋەقە: مافۇيۈەننىڭ قەشقەرنى ئىستىلا قىلىشى

«باش قوماندان» دەپ ئاتالغان مافۇيۈەن 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەرگە باستۇرۇپ كىردى. ئۇنى مارالبېشىدا خوتەن ئەسكەرلىرى، پەيزاۋاتتا ھەمدەم بەگ ھاجى، يۇسۇپجان قۇربې- شىلار توسقان بولسىمۇ، شەھەرنى ساقلاپ قېلىشقا ئامال قىلال- ماي، 27 ـ چېسلا كېچىسى شەھەرنى بوشىتىپ چىقىپ كەتتى. تۇڭگانلار ھېچبىر توسالغۇسىزلا كونا شەھەرنى ئىگىلىۋالدى، يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭ ئۇلار بىلەن بىرلەشتى.

خوجانىياز ھاجى يەكەنگە كەتتى، سابىت داموللا يېڭىسارغا بېرىۋالدى. مەھمۇت مۇھىتى يېڭىسار ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى. سا- بىت داموللىغا قاراشلىق قوشۇنلار قەشقەر شەھىرىنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئورۇنلىشىۋالغانىدى، يەنى ھەربىي ئىشلار نازىرى قىر- غىز ئوراز بەگ ئۇلۇغچات تەرەپتىكى تاغ ئاغزىغا، زەيدىن كارۋان باشچىلىقىدىكى بىرىگادا ئۇستۇن ئاتۇش تاغلىرىغا، كىچىك ئا- خۇن باشچىلىقىدىكى بىرىگادا ئاستىن ئاتۇش تاغ ئاغزىغا، مۇھا- پىزەت قوماندانى ئۆزبېك يۇسۇپجان قۇربېشى ئوپال ـ تاشمىلىق تەرەپكە ئورۇنلاشقانىدى. شۇڭا مافۇيۈەن، ئەمەلىيەتتە، شەھەر ئىچىگىلا «خان» بولغانىدى. شەھەر خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى يې- زىلارغا چىقىپ كەتكەنىدى.

مافۇيۈەن قوشۇنلىرى يېقىلغۇ، يەم ـ خەشەكتىن قاتتىق قىينىلىشقا باشلىدى. چۈنكى بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يېزىدىن كېلەتتى. مافۇيۈەننىڭ «زىۋازا (ئوغرىلار)» دەپ ئاتالغان رەقىب-

لىرى شەھەرنىڭ بىقىنىدىكى يېزىلارغىچە يوشۇرۇن كېلىپ، ما-فۇيۇەن قوشۇنلىرىغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئالغۇزمىدى، يېزىلار-غا بارغانلارنى ئەدەپلىدى. ھەتتا تۇمەن دەرياسىغا سۇغىرىشقا ئې-لىپ چىققان ئاتلارنى بۇلاپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ تۇر-دى. بۇ ئەھۋاللار مافۇيۇەننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئارىنى پارچىلاش سۇيىقەستى پەقەت ئاستىن ئاتۇشلۇق رىشتەمنى جەلپ قىلدى. رىشتەم 40 تەك ئادىمى بىلەن كىچىك ئاخۇننىڭ سې-پىدىن قېچىپ چىقىپ تەسلىم بولدى. مافۇيۇەن ئۇنىڭغا «پار-تىزانلار قوماندانى» دەپ نام بەردى.

### 4 ـ ۋەقە: قەشقەردە قەتلىئام

مافۇيۇەن 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ ۋە 7 ـ كۈنلىرى قەشقەر خەلقىنى قاتتىق قىرغىن قىلدى. يېڭى شەھەر ۋە كوناشەھەردىكى ئەسكەر-لەرمۇ شەھەر خەلقىنى قىرغىن قىلدى. دۇكان ـ ساراي، ئۆيلەر-نى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، قىز ـ ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى، كىشىلەرنى ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىشكە قىستاپ دارغا ئاستى، قىينىدى، بەدەنلىرىگە تۆمۈرنى قىزىتىپ ياقتى، چاندى، ئاتتى. بۇ قېتىملىق چوڭ قىرغىنچىلىقتا قەشقەر شەھەر خەلقىدىن 6000 دىن ئارتۇقراق ئادەم ئۆلدى. بۇنىڭغا ئۆزبېك پولكىدىن قوچقارباي دېگەن ئۆزبېك كىشىنىڭ مافۇيۇەننىڭ ئاتۇشقا «بېرد-شى» دىن پايدىلىنىپ، 100 قوراللىق كىشىنى باشلاپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشى سەۋەب بولغانىدى. بۇ كۈن ئۇيغۇر تارىخىد-كى ئۇنتۇلماس قانلىق بىر كۈن ھېسابلىنىدۇ.

مافۇيۇەن بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، قىرغىنغا ئۇلاپلا 15 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان شەھەر ياشلىرىدىن 300 ياشنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتتى. بۇلارنى مەشىق قىلدۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئارغۇ، يېڭى-سارلاردىكى سوقۇشلاردا ئۆلۈپ كەتتى. سالامەت قالغانلىرى 1937 ـ يىلىدىكى ئىسياندا ئۆلۈپ كەتتى. ئىنتايىن ئاز ساندى-

كىلىرى ماخۇسەن يوقالغاندىن كېيىن ئىئىلىسىگە قايتىپ كەلدى.

### 5 ـ ۋەقە: ئاتۇشتىكى پاجىئەلەر

مافۇيۇەن ئۆزبېكلەرنىڭ تەسىرىنى تازىلىغاندىن كېيىن، ئاتۇشنى «تىنچلاندۇرماقچى» بولدى ـ دە، قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئۇچتۇرپاندىن بىللە ئېلىپ كەلگەن قىرغىز قولبېگىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتۇشقا يۈرۈپ كەتتى. «جۇمھۇرىيەت» نىڭ شەھەرنى قوغداش قوماندانى كىچىك ئاخۇن تاغ ئاغزىنى توسماي، بىردىگادىسنى ئېلىپ تاغقا چىقىۋالغاچقا، مافۇيۇەن ئاتۇشقا توسالغۇسىز باستۇرۇپ كىردى. رېشتەمنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئازاق كەنتىگە بېرىپ، سابىت داموللىنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈردى. نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بۇلىدى. تېجەنگە بېرىپ، كىچىك ئاخۇننىڭ بۇندىن ئىككى ئاي بۇرۇن ئۇرۇشتا قۇربان بولغان پولك كوماندىرى يۇسۇپ ئاخۇن قاتارلىق بىرقانچە كىشىنىڭ ئۆيىنى بۇلىدى ۋە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بىرمۇنچە كىشىنى ئۇرۇنسىز ئېتىۋەتتى. ئۇلار بۇ يەردىن ئۆتۈپ ئۇستۇن ئاتۇشقا باردى. ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن بۇ يەردىكى زەيدىن كارۋان بىرىگادىسى تاغقا چىقىۋالغان، قىرغىز جانىبەگ تاغ ئارىلاپ مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋالغانىدى. تۇڭگانلار بۇ يەرگە كەلگەندە كەچ كىرەي دەپ قالغانلىقتىن، ئازاق، بەيساق، دىخانلار، يولچىدىن ئىبارەت تۆت يولنىڭ تۇگۈنىدە كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە چۈشكۈن قىلماقچى بولدى. بۇنى ئاڭلىغان نۇرغۇن كىشى ئۆي ـ ۋارانلىرىنى تاشلاپ كەتتى، قاچالماي قالغان 13 ئەر، بەش ئايال مۇھەممەت ئېلى ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ بېرىۋالدى. بۇ ئۆيگە قەشقەر شەھىرىدە ئۇزۇن يىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان يۇسۇپ تۇڭگان دېگەن كىشى ئوغلى نۇر ئاخۇن بىلەن مالىمانچىلىقتىن قېچىپ كېلىۋالدى. ھېلىقى 13 ئەر، بەش ئايال مۇشۇ ئىككى تۇڭگاننىڭ سايىسىدە ئامان قېلىش ئۈمىدىدە كەلگەنىدى. يۇسۇپ تۇڭگان تىنچلىق بەلگىسى بولغان ئاق بايراقنى ئۆگزىسىگە

قاداپ، ئۆزى ھەم ھەمراھلىرىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. لېكىن مافۇيۈەن قوشۇنى ئاق بايراقنى كۆرۈپلا «ئوغرىلار بار ئىكەن» دەپ ئويلاپ ئۆيگە يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. ئوق توختىغاندىن كېيىن يۈسۈپ تۇڭگان ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، مافۇيۈەن ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، بەش نەپەر قىرى - چۈرى ئا- يالنى ئايرىپ قېلىپ، قالغان 13 كىشىنى ئېتىپ تاشلىدى. ئىككى كىشى يارىلىنىپ ساق قالدى. يۈسۈپ بىلەن نۇر ئاخۇننى تۇڭگانلار ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. تۇڭگانلار توپا دېگەن جايغىچە بېرىپ ئاتۇش خەلقىگە بىر قۇر ھەيۋە كۆرسەتكەندىن كېيىن شەھەرگە قايتتى.

## 6 ـ ۋەقە: ئارغۇدىكى سوقۇش

2 ـ ئاينىڭ ئاخىرى مافۇيۈەن بىلەن خوجانىياز ھاجى ئوت- تۇرىسىدا ئاتۇش ئارغۇدا توقۇنۇش يۈز بەردى. خوجانىياز ھاجى يەكەندە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن سىمخانىغا بېرىش ئۈچۈن ئاتۇشقا كەلدى. مافۇيۈەن بىلەن خوجانىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا ئارغۇدا قاتتىق سوقۇش بولۇپ، مافۇيۈەن خېلى چىقىم تارتقان بولسىمۇ، يەنىلا غەلىبە قازاندى. خوجانىياز ھاجى نۇرغۇن نەر- سىلىرىنى ئولجا بېرىپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. تۇڭگانلار ئاتۇشنى يەنە بىر قېتىم مالىمان قىلىپ، بىرنەچچە جايغا ئوت قويۇپ، قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، شە- ھەرگە قايتىپ كەتتى.

ئۈستۈن ئاتۇشقا باستۇرۇپ بارغان زەيدىن كارۋان بىلەن ما- فۇيۈەن ئوتتۇرىسىدا تىنچلىقتا بىرگە ئۆتۈش ئەھدىنامىسى تۈ- زۈلگەچكە، زەيدىن كارۋاننىڭ بىرىگادىسى ساقلىنىپ قالدى.

## 7 ـ ۋەقە: يېڭىسار ئۇرۇشى

2 ـ، 3 ـ ئايلاردا مەھمۇت مۇھىتى ئەسكەرلىرى يېڭىسار-

نىڭ قايراق تاغلىرىدا مافۇيۇەن قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق سوقۇشتى. مافۇيۇەن قوشۇنى ئۆلارنى چېكىندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ يېڭىسار ھەربىي قەلئەسىگە كىرىۋېلىشى بىلەن يەنە ئۇرۇش پارتلىدى. «ئىمىر ساھىب» دەپ ئاتالغان نۇرئەھمەتخان قەلئە ئىچىدە تۇرۇپ مافۇيۇەن بىلەن بىر يېرىم ئايدەك سوقۇشتى. مافۇيۇەن بىلەن ماجەنساڭنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى قەلئەگە كۆپ قېتىم تېگىش قىلىپ قاتتىق قامال قىلغان بولسىمۇ، خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ قاتتىق پىداكارلىق كۆرسىتىشى بىلەن ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. قەلئەدىكىلەر سېپىلغا ياماشقان تۇڭگانلار ئۈستىدىن كىرسىن، قىزىتقان ياغ تۆكۈش، ياغاچ، تاش قاتارلىق نەرسىلەرنى تاشلاش ئارقىلىق ئۇلارنى كۆپ تالاپەتكە ئۇچراتتى.

بىراق، قۇربان ھېيت كۈنى خوتەن ئەسكەرلىرى «مۇسۇلمانلار بۇ ئۇلۇغ كۈندە ئۇرۇش قىلمايدۇ» دېگەن ئەقىدە بىلەن بىخۇتلىشىپ، خاتىرجەم ھېيت نامىزىنى ئۆتەۋاتقاندا، تۇڭگانلار ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ سېپىلنى ئىگىلىۋالدى. نەتىجىدە دەھشەتلىك كوچا ئۇرۇشىدا نۇرئەھمەتجان قۇربان بولدى. بۇنىڭغا ياردەمگە كەلگەن ئاكىسى ئەمىرشاھ مەنسۇر ئابدۇللاخان يېڭىسارغا باستۇرۇپ كېلىپ، «شىۋىدنىڭ جايى» دەپ ئاتالغان جايغا كەلگەندە مۇھاسىرىدە قېلىپ، قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن قۇربان بولدى. شۇنداق قىلىپ يېڭىسار شەھىرى تۇڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

## 8 ـ ۋەقە

مافۇيۇەن سەرمەن، بورىخىلتاي (ھازىرقى بۇلاقسۇ يېزىسى)، تاشمىلىق دېگەن جايلاردا ئۆزبېك قىسىملىرى بىلەن بىرنەچچە قېتىم توقۇنۇشقان بولسىمۇ، نۇرغۇن چىقىم تارتىپ ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. 4 ـ ئايدا ئۇرۇمچى تەرەپتىن ماجۇڭيىڭنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلەر بىلەن يېتىپ كېلىشى نەتىجىسىدە يۇسۇپجان

قوربېشى بۇ جايلارنى تاشلاپ تاشقورغانغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مافۇيۈەننىڭ قولى بوشاپ ھۇجۇمنى قىرغىزلارغا قاراتتى.

مافۇيۈەن دەسلەپ قىرغىزلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە شەھەر بايلىرى ۋە مۆتىۋەرلىرىدىن بىرنەچچە كىشىنى ئەۋەتتى. ئۇلار قىرغىزلار بىلەن مۇزاكىرىلىشىۋاتقان پەيتتە تۇڭگانلار ئۇشتۇمتۇت قىرغىزلارغا ھۇجۇم قىلىپ قىرغىزلارنى باسقۇن قىلدى. قىرغىزلار توزاققا چۈشكەندىن كېيىن تېزلا ئۆزىنى ئوڭشاپ قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاپ، تۇڭگانلارنى چېكىندۈردى. ۋەكىللەردىن ئىمىر ھۇسەيىن قازى ئاخۇن قىرغىزلار قولىغا چۈشۈپ «خىيانەتچىنىڭ ۋەكىلى» دېگەن ئاتاق بىلەن ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا، تۇڭگانلار بىلەن بولغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ قۇتۇلدى.

## 9 ـ ۋەقە

«گاسىلىڭ» (بالا قوماندان) دەپ ئاتالغان ماجۇڭيىڭ 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇرۇمچىدىن چېكىنىپ قەشقەرگە كەلدى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ ھاۋارايىمۇ قاتتىق بۇزۇلۇپ كەتتى. قەشقەر شەھىرىنى قاپلىغان قاتتىق تۇمان، قاراڭغۇلۇق ئۈچ كۈنگىچە تارقالمىدى. دەسلەپكى كۈندە خۇددى تۈن ئۇزارغاندەك تاڭ يورىماي قاراڭغۇلۇق بىرنەچچە سائەت ئۇزاق داۋاملاشتى. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن ئالەمنى ئوتقاشتەك قىزىللىق قاپلاپ كىشىلەر كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. كىشىلەر بۇ ئىشقا قىيامەت قايىم بولدى، ماجۇڭيىڭنى قەشقەرنىڭ ئەزىزلىرى خالىمىدى، دەپ تەبىر بەردى.

ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە كېلىپلا سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى، ئاساسەن، كونسۇلخانىنىڭ توپ مەيدانىدا توپ ئويناش بىلەن ئۆتتى. كونسۇلخانىنىڭ ئەتراپىنى بىرنەچچە يۈز قوراللىق تۇڭگان مۇھاپىزەت قىلىپ تۇراتتى. 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى قالدۇرۇپ

روسىيىگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا تۇڭگانلار يەكەنگە باستۇرۇپ بېرىپ خوجانىياز ھاجىنى قوغلىدى.

## 10 ـ ۋەقە: سابىت داموللىنىڭ تۇتۇلۇشى

باش ۋەكىل سابىت دامولla «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق نازىرلىرى بىلەن يەكەنگە قايتىپ كەلگەنىدى. خوجانىياز ھاجى سىمخانىغا بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال ئېلىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن سابىت دامولla ھۆكۈمىتى قورال ئېلىشقا توسقۇن بولغانلىقتىن، ئۇلارنى تۇتۇپ بېرىشكە توغرا كەلدى.

تۇتۇلۇش تىزىملىكىدىكى كىشىلەردىن سەھىيە نازىرى ئابدۇللاخان، ئەۋقاف نازىرى شەمسىدىن دامولla قاتارلىقلار سېزىپ قېلىپ قېچىپ كەتتى. ھەربىي تەمىنات باشلىقى سۇلتان جانبەگ (ئۆزبېك)، ئەدلىيە نازىرى زېرىپ قارى ھاجى (ئۆزبېك) لار تۇتۇلدى، سابىت داموللىغا جاراھەت چىقىپ يېتىپ قالغانلىقتىن، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئادەملىرى ئۇنى ھەرەمباغدىكى جايىدىن تۇتۇپ، بۇ ئۈچ كىشىنى كىشەنلەپ بىردىن مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن ئېلىپ ماڭدى. پوسكامدىن ئۆتۈپ، ئىككىسۇغا يېقىن بارغاندا، سۇلتانجانبەگ تاھارەت سۇندۇرۇش باھانىسى بىلەن مەپىدىن چۈشۈپ ساسلىق ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى. قوراللىقلار قانچە تەھدىت ۋە تىنتىشلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇنى تاپالمىدى. ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتۈردى. شۇنداق قىلىپ سۇلتانجانبەگ قۇتۇلۇپ كەتتى.

قالغان ئىككىيلەننى قاغىلىق تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، يول يۆرۈش تەسلىشىپ، مەكىت تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. مەلۇم جايغا كەلگەندە تۇڭگانلار قوغلاپ كېلىپ قاتتىق توقۇنۇش بولدى. سوقۇش جەريانىدا خوجانىياز ھاجى مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. تۇڭگانلار نۇرغۇن قورال ـ ياراغ ۋە ئوق ـ دورىنى غەنىيمەت

ئالدى. خوجانىياز ھاجى قوشۇنى ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەندە، زېرىپ قارى ھاجىنى سوۋېت تەرەپ، سابىت داموللىنى شىڭ شىسەي تەرەپ ئېلىپ كەتتى.

خوجانىياز ھاجى شۇ سەپەردە مەكىت، مارالبېشى ئارىلىقىدىكى ئاياغ شاقۇر دېگەن جاينى ئايلىنىپ ئۆتكەندە يەنە بىر قېتىم تۇڭگانلارنىڭ قورشاۋىدا قالدى، ئۇ تۇتۇلۇشقا ئاز قالغاندا، بىر قانچە تۆگىدىكى ئوق ـ دورىنى تۇڭگانلارغا تاشلاپ بېرىپ، ئۇلار ئولجا تالىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ قۇتۇلدى ـ دە، ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئاقسۇغا يېتىۋالدى. ئاقسۇ ئالىنىقاچان ماجۇڭيىڭنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنغانىدى.

## 11 ـ ۋەقە

خوجانىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭ مۇھاپىزەت قوماندانلىقىدىن ۋاز كېچىپ، قوشۇنلىرىنى مەھمۇت مۇھىتىغا قالدۇرۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەتتى. خوجانىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئەسى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋاقىتلىق[1] 6 ـ دىۋىزىيىسى تەركىبىگە كىرگۈزۈلدى. مەھمۇت مۇھىتى گېنېرال لېيتېنانت ئۇنۋانى بىلەن دىۋىزىيە قوماندانى بولدى. قوشۇننى قايتا تەشكىللەندى. ئۇلار مارالبېشىدىكى تۇڭگانلارنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، پولات تۆەنجاڭنى بىر پولك ئەسكەر بىلەن يەكەنگە يولغا سالدى. سەمەت ھاجى تۆەنجاڭنى بىر پولك ئەسكەر بىلەن يېڭىساردا قالدۇرۇپ، سالىھ لۈجاڭ، پازىل لۈجاڭ باشلىق قالغان ئەسكەرلەرنى ئېلىپ قەشقەرگە كەتتى.

---

① «ۋاقىتلىق» نامى 1936 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئېلىپ تاشلاندى.

## 12 ـ ۋەقە

ماجۇڭيىڭ سوۋېتكە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئور-نىغا ئاچىسىنىڭ ئېرى ماخۇسەن 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى بولغانىدى.

ماخۇسەن ماجۇڭيىڭدىن كېيىن قەشقەردە بىر مەزگىل تۇر-غان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى ئۇنى قەشقەرنى بو-شىتىشقا مەجبۇر قىلدى. بولۇپمۇ مارالبېشىنىڭ قولدىن كېتى-شى ئۇنىڭ قېچىشىغا تۈرتكە بولدى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۇ-نىڭ قوشۇنى خوتەنگە ئاتلاندى. ئالدىنقى سەپ قوشۇنى يەكەندىن ئۆتۈپ، خوتەن ئەمىرلىرىنى قېچىشقا مەجبۇر قىلىپ، خوتەننى تارتىۋالدى.

ماخۇسەننىڭ قالدۇق قىسىملىرى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كېچىسى خوتەندە يەنە بىر قېتىم بۇلاڭچىلىق، قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ كېتىشتى.

## ئىككىنچى يېرىم يىلدىكى زور ۋەقەلەر

1934 ـ يىلىنىڭ 1 ـ يېرىمى ماجۇڭيىڭ ئىستىلاچىلىرىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەت سېلىشى بىلەن ئۆتتى. 2 ـ يېرىمى شىنجاڭدا تىكلەنگەن يېڭى ھۆكۈمەت دەۋرىگە توغرا كەلدى. بۇ مەزگىلدىكى ۋەقەلەر تۆۋەندىكىچە:

### 1 ـ ۋەقە

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قەشقەردىكى تۇڭگانلار قىسمى پو-تۇنلەي كەتكەن بولۇپ، شەھەر تىنچلىقىنى ساقلاشقا رېشتەمنىڭ ئەسكەرلىرىلا قالدۇرۇلغانىدى.

بىرنەچچە ئايدىن بېرى قەشقەر قاتتىق چۆلدەرەپ كەتكەن بولۇپ، خەلق پۈتۈنلەي دېگۈدەك يېزىلارغا چىقىپ كەتكەنىدى.

تۆڭگانلار كىتىشى بىلەن، ئۇستۇن ئاتۇش بىرىگادىسىدىكى ئەسكەرلەردىن بىرنەچچە يۈز كىشى پولك كوماندىرى ئابدۇغوپۇر داموللام ۋە پولك كوماندىرى ئىدرىس ئاكىلارنىڭ باشچىلىقىدا تاغدىن چۈشۈپ شەھەرنى ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ كۈنى قەشقەر شەھىرى بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى. يېزىغا چىقىپ كەتكەن كىشىلەر قايتىپ كېلىپ ئۆز ئۆيلىرىگە ماكانلاشتى.

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەر خەلقىنىڭ يەنە بىر خۇشاللىق كۈنى بولدى. چۈنكى بۇ كۈنى مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنىدى.

مەھمۇت مۇھىتى بۇرۇنقى «جۇمھۇرىيەت» نىڭ باش شتابى، يەنى ئىلگىرىكى دوتەي يامۇلىغا ئورۇنلاشتى. پولك كوماندىرى قۇربان نىياز گاجىدىنىڭ ئەسكەرلىرى ھېيتگاھ مەيدانى ۋە يار-باغ ئەتراپىدىكى سودا دۇكان ـ سارايلىرىغا، پولك شتابى بولسا ئەنجان كوچىسىدىكى ئاخۇنبايېۋ ئابدۇرېھىم ۋە ئابدۇللا بايۋەچچىلەرنىڭ خۇسۇسىي ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتى. غوپۇر تۆەنجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر پولك ئەسكەر يۇمىلاق شەھەر قەلئەسىدىكى گازارمىلارغا، پولك شتابى مەرھۇم تۆمۈر شىجاڭ چۈشكەن ھەسامىدىن باينىڭ بېغىغا ئورۇنلاشتى. قۇربان نىيازنىڭ قارىمىقىدىكى 2 ـ لىيەن بىر مەزگىل شەھەر ئامانلىقىنى قوغدىدى. مەھمۇت شىجاڭ گارنىزون قوماندانلىقىنىمۇ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

مەھمۇت مۇھىتى كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، گۆكجىڭخەن دېگەن كىشىنىڭ قوماندانلىقىدا بىر خەنزۇ پولك يېڭى شەھەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. گۆك جىڭخەن «گۆكشەن يۈسى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ مەنىسى «ھال سورىغۇچى» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ «تەشۋىق ئارقىلىق تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش» ۋەزىپىسى بىلەن كەلگەنىدى.

ئاز كۈندىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ما شاۋۋۇ يېڭى شەھەردىن يۇمىلاق شەھەر قورغانچىسىدىكى دوتەي

يامۇلىغا كۆچۈپ كىردى. بۇ كۈنلەردە كونا شەھەرگە ياقۇپبەگ «لاۋسى» ھاكىم ئىدى.

### 2 ـ ۋەقە: ما شاۋۋۇغا قىلىنغان قەست

ما شاۋۋۇ كۈندۈزلىرى يامۇلىغا كىرىپ ۋەزىپە ئۆتىسە، كەچقۇرۇن شەھەردىن بىرنەچچە كىلومېتىر نېرىدىكى كاتتا بېغىغا چىقىپ كېتەتتى. ئۇ چۈشكەن ئىزۋۇش (پوچتا هارۋا) نىڭ ئالدى ـ كەينىدە 30 دەك قوراللىق مۇھاپىزەتچى ئۇنى قوغداپ ماڭاتتى.

9 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەچ سائەت بەشلەر ئۆپچۆرىسىدە ئۇ ئادەت بويىچە بېغىغا چىقىپ كېتىپ باراتتى. ئالتە بازار تەۋەسىدىن ئۆتۈپ سايلىقتا كېتىۋاتقاندا، ئالدى ـ ئارقىدىن بىر گۇرۇھ ئۇزۇن چاپانلىق قوراللىقلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ما شاۋۋۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئۇلارنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. يالغۇز قالغان ما شاۋۋۇنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ، ئاران تەسلىكتە بىر پاناھ جايغا مۆكۈۋېلىپ قۇتۇلدى. نامەلۇم كىشىلەر بىرقانچە تال قورالنى ئولجا ئېلىپ غايىب بولدى. ما شاۋۋۇ سوۋېت كونسۇلخانىسىغا كىرىپ داۋالاندى.

### 3 ـ ۋەقە

ما شاۋۋۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدىن بولغان بىرنەچچە تۆگىگان يىگىت ما شاۋۋۇنى تاشلاپ غايىب بولدى. بۇلار يول ئارىلاپ يوشۇرۇنچە يەكەن دەرياسىغا يېتىپ كەلدى. يەكەن دەرياسى «چېگرا جاي» بولۇپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ماخۇسەن قوشۇنى، بۇ تەرىپىدە پولات تۇەنجاڭ قوشۇنى بار ئىدى. تۆگىگان يىگىتلەر يېتىپ بارغان كېچىسى دەريانى ساقلاۋاتقان بەئىدى لىيەنجاڭ ئەسكەرلىرى بىخۇدلۇق قىلىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان تۆگىگانلار پوستتىكى ئەسكەرلەرنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ دەريادىن ئۆتۈپ

ماخوسەن تەرەپكە بەدەر تىكىۋەتتى. شۇ سەۋەبتىن قاراۋۇللار قاتـ-
تىق جازالاندى، ۋەزىپىگە سۇسلۇق قىلغان بەئدى لىيەنجاڭ قەشـ-
قەردە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ باشقىلارغا ئىبرەت قىـ-
لىندى.

## 4 ـ ۋەقە

ماشاۋۇۋ قەشقەردە بىر مەزگىل داۋالانغان بولسىمۇ، ئوق بىر پۇتىنى چىقىۋەتكەچكە، چەتتە داۋالىنىشقا توغرا كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىلدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر مەزگىل داۋالىنىپ ساقايغاندىن كېيىن، ئىچكى ئىشلار نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر بولدى. 1937 ـ يىل 9 ـ ئايدا خوجانىياز ھاجى قاتارلىق 10 نەچچە كىشى بىلەن بىللە قولغا ئېلىنىپ ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى.

## 5 ـ ۋەقە

10 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدىن سابىق شەرقىي شىمال پىدائىي قىـ-سىملىرى (ئاتالمىش خاڭخوزا) نىڭ باشلىقلىرىدىن بولغان لىيۇ-بىن گارنىزون قوماندانى بولۇپ قەشقەرگە كەلدى. ليۇبىن ئەسلى گېنېرال لېيتېنانت دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ، بويى پاكار، دوغىلاق، پاناق بۇرۇن، قۇۋ ـ مەككار ئادەم ئىدى. مەھـ-مۇت مۇھىتى مۇئاۋىن گارنىزون قوماندانى بولدى. گۇڭ جىڭخەن قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋالىي بولدى.

## 6 ـ ۋەقە: قەشقەردە تازىلاش ئىشلىرى

قەشقەر كوناشەھەرنىڭ بۇرۇنقى ھاكىمى ياقۇپ بەگ خىزمىـ-تىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۇرپانلىق ھەمدۇللا ئەپەندى ھاكىملىققا تەيىنلەندى.

ياقۇپ بەگ ئەسلى خەنزۇ شۆتاڭدا ئوقۇپ، كېيىن ئۈرۈمچى

دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇپ بىلىملىك بولۇپ يېتىشكەن ئىدى. كېيىنچە خەنزۇچە بالا ئوقۇتۇپ «لاۋسى» (ئوقۇتقۇچى) دەپ ئاتىلىپ قالغان. خەنزۇچە ئىسمى ماخۇيۇ ئىدى. ئۇ ئىنقىلابتىن ئىلگىرى بىر مەزگىل سەرمەن، سىرىقىقول (تاشقورغان) ناھىيەلىرىگە ھاكىم بولغان. بىر مەزگىل قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە ھەيئىتى قەشقەردە قۇيدۇرغان تەڭگە (كۈمۈش پۇل) نازارەتچىسى بولغان. 1933 ـ يىلى قىرغىزلارنىڭ ھىمايىسى بىلەن قەشقەر كوناشەھەرگە ھاكىم بولغان. تۇڭگانلار دەۋرىدە يۇرتنى ئالۋان ـ ياساق بىلەن قاتتىق ھالسىراتقانىدى. شۇ سەۋەبلىك ياقۇپبەگ، ئۇنىڭ ئوغلى يۇسۇپبەگ ۋە تۇڭگانلار ۋاقتىدا شەھەر قوغداش قوماندانى بولغان ئىبراھىم لوزۇڭلار گۇناھكار سۈپىتىدە ئۇ-رۇمچىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى.

**7 ـ ۋەقە: ئوسمان ئېلى باشچىلىقىدىكى قىرغىز قوشۇنىنىڭ باستۇرۇلۇشى**

ئوسمان ئېلى ئۇلۇغچاتلىق قىرغىز بولۇپ، 1933 ـ يىلىنىڭ باشلىرى ما شاۋۋۇ تەرىپىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشتا ئەسكەرلىككە ئېلىنغان. ئۇ مارالبېشى تومشۇقتىكى سوقۇشتىن كېيىن قىرغىز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. 1933 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەرنى ما شاۋۋۇدىن تارتىۋېلىش قوماندانى دېگەن نامغا ئىگە بولسىمۇ، ما جەنساڭغا قارشى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا گامازا بىرىگادىسى ئۇستىدىن غەلىبە قىلغاچقا، بىرىگا-دىرلىق ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان. بۇ ئىش ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆس-تۈرۈپ، ئاقىۋەتتە تۆمۈر شىجاڭنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان. بۇ خىزمىتى بەدىلىگە ما جەنساڭ ئۇنىڭغا «شىجاڭ» لىق ئەمەلىنى بەرگەن.

ئۇ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ رەسمىي «شىجاڭ» لىق تونىنى كەيگەن بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە يەنە تۇڭگانلار-غا ئالدىنىپ، قەشقەر يېڭى شەھەر ئۇرۇشىنىڭ ئالتە ئايغا سوزۇ-

لۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. 10 ـ ئايدا «ئىستىقلالىيەت تەشكىلاتى» تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، قاغىلىقتا سۈرگۈن قىلىنـ ـغان. ما فۇيۈەن باستۇرۇپ كەلگەندە، قاغىلىقتىن قايتىپ كىر ـ ـلىپ، قالدۇق قىرغىز ئەسكەرلىرىنى توپلىغان، تۇڭگانلار قەشـ ـقەر شەھىرىدە قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر قوللانماي، ئەكسىچە رەقىبى قىرغىز ئورازغا ئوت ئاچقان. ئوراز تاغدا پەيدا بولۇپ قالغان «تۆرتىنچى»لەرنىڭ ياردىمىگە ئېگە بو ـ ـلۇپ، ئوسمان ئەلىنى تاغدىن قوغلىغان. ئوسمان ئەلى تاغدىن چۈشۈپ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ پاناھىغا سىغىنغان بولسىمۇ، ئۇ شەھەردە ئۆزىنى گېنېرال دەپ ئاتاپ غادىيىۋالغانلىقتىن، مەھـ ـمۇت شىجاڭ «2 ـ تۆمۈر شىجاڭ پاجىئەسى»نىڭ تۇغۇلماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى قولغا ئالدى. ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ تاغ ـ ـقا قايتۇردى. ئوسماننى بىر قانچە يېقىنى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەۋە ـ ـتىپ بەردى. ئۇ شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە يوقالدى. ئورازبەگ گەرچە «تۆرتىنچى» لەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئوسمان ئۈستىدىن غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆتكەنكى «جۇمھۇرىيەت ھۆكۈ ـ ـمىتى» دە ھەربىي نازىر بولغانلىقى، تاغدا توپىلاڭ چىقىرىپ خەلق تىنچلىقىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، تاغدا جىمىقتۇرۇلدى. شۇ ـ ـنىڭ بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىنىدىغان «توپىلاڭچى»لار ھەرىكى ـ ـتىگە خاتىمە بېرىلدى.

### 8 ـ ۋەقە

ئاتۇشلۇق رىشىتەم تۇڭگانلارنىڭ «پارتىزانلار قوماندانى» بولغان بولسىمۇ، ماخۇسەندىن ئايرىلىپ مەھمۇت شىجاڭغا تەسـ ـلىم بولغانىدى. ئۇ قۇربان نىياز پولكىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، تازىلاش دائىرىسىدىكى يامان ئادەملەر قاتارىدا قورال ـ ـسىزلاندۇرۇلۇپ مۇددەتلىك قاماقتا ئېلىنىدى. ئەسكەرلىرى يۇرتىـ ـغا قايتتى. رىشىتەم جازا مۇددىتىنى توشقۇزۇپ ئائىلىسىگە قايتـ

قان بولىسمۇ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىد-ىدىن چاقىرىلىپ، ئىتىزلىقتا ئېتىپ تاشلاندى.

**9 ـ ۋەقە**

10 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەھمۇت شىجاڭ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانى كۆك شىگجېڭلار ئىشتىراكىدا شەھەردە ھۆكۈ-مەتنى ھىمايە قىلىش توغرۇلۇق بىر مەجلىس ئېچىلدى. يىغىن ئورنى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىچىدە ئىدى. جامەنىڭ رىشاتكا تې-شىدىكى مەدرىسە دەپ ئاتالغان قىسىمغا رەئىس سەھنىسى ياسىل-لىپ، سۈن جۇڭشەننىڭ رەسىمى ئېسىلغانىدى. بۇ ئىشقا خەلق قاتتىق غەزەپلەندى. «ئىبادەتخانا ئورنىغا رەسىم ئاسقانلىق مەس-چىتكە بۇت تىكلىگەنلىك بولمامدۇ؟» دېيىشكەندى.

مۇھەممەت رېھىمباي (ئاخۇنبايېۋ) كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن بۇ ئىشنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى رەھبەرلىككە يەتكۈزدى. بۇ، تىنچلىق، ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش شوئارى توۋلىنىۋاتقان پەيت بولغاچقا، بۇ پىكىر «قۇترات-قۇلۇقنىڭ باشلىنىشى» دەپ قارىلىپ، ئاخۇنبايېۋ قاماققا ئې-لىندى. بۇ كىشى مەلۇم مۇددەت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قاماقخا-نىسىدا ياتقان بولسىمۇ، جىنايىتى بەدىلىگە شىتەي يامۇلى بىلەن دوتەي يامۇلىنى يېڭىچە ئۇسلۇبتا ياساپ بېرىشنى ھۆددە قىلىپ قاماقتىن چىقتى.

**10 ـ ۋەقە**

بۇ قېتىمقى تازىلاشتا ئۆزبېك سېتىۋالدىجانمۇ بار ئىدى. ئۇ ئەسلىدە تۆمۈر شىجاڭ قوشۇنىدىكى ئۆزبېك پولكىنىڭ باشلىقى ئىدى. يېڭى شەھەر ئۇرۇشى جەريانىدا ۋەزىيەتنى يۇسۇپجان قۇربېشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بانكا مۇدىرى، قەشقەر ھىلال ئەخ-مەر (قىزىل كىرىست) جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق مەمۇرىي

خىزمەتكە ئالمىشىۋالغانىدى. تۇڭگانلاردىن يېڭى شەھەرنى تالىشىش ئۇرۇشى كۆچەيگەن مەزگىلدە، چەتكە چىقىپ كېتىشكە ئۈلگۈرۈنغان بولسىمۇ، پاسپورت ۋە يول خېتى بولمىغاچقا، چېگرىدىن قايتۇرۇۋېتىلگەن. تاشقورغانغا كەلگەندە تۇتۇلۇپ يېڭى شەھەرگە قاماپ قويۇلغان.

يېڭى شەھەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە خانئېرىق، يوپۇرغا پىدائىيلىرىنى تەشكىللەپ، كالتەك، توقماق كۆتۈرۈپ ماجەنساڭغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان، ئۇزۇن شوتىلارنى ياساپ يېڭى شەھەر سېپىلىغا ھۇجۇم قىلغان مەشھۇر ئەيسا ھاجىممۇ قاماقتا بولۇپ، بۇ كىشى سېتىۋالدىجان بىلەن بىر كۈندە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

## 11 ـ ۋەقە: ئۆزبېك پولكىنىڭ يوقىتىلىشى

يۇسۇپجان قۇربېشى جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇڭگانلار ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان مەزگىلدە، بۇ جايدا تۇرۇشقا ئىمكان تاپالماي، چەتكە كېتىش ئۈچۈن قوشۇنىنى ئېلىپ تاشقورغانغا كەتكەنىدى. لېكىن بۇلارنى تاشقورغاندا تەشكىللەنگەن زەمىر مۇھەممەت باشچىلىقىدىكى تاجىك ئەسكەرلەر چېگرىدىن ئۆتكۈزمىدى. يۇسۇپجان ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ، پەقەت ئامال بولمىدى. شۇڭلاشقا خېلى بىر مەزگىلگىچە تاشقورغاندا تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. تۇڭگانلار كېتىپ قەشقەردە يېڭى ھۆكۈمەت يىلتىز تارتقاندىن كېيىن، يۇسۇپجان قۇر بېشىنىڭ بېشى قاتتى. ئۇ ئەمدى باش ئېگىپ قەشقەرگە قايتىشنى خالىمايتتى. ئاخىرى ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى ۋە ئابدۇراخمان قۇربېشى، ئارىپجان قۇربېشىلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاشقورغاندىن قايتتى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىن مەلۇم ساندىكى ئادەملەر يېڭىسارىدا تۇرۇشلۇق 1 ـ پولك تەركىبىگە قوشۇلدى. قالغانلىرى مارالبېشىدا تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىندى. يۇسۇپجان ئۆردەكلىك دېگەن جايغا كەلگەندە، مارالبېشىغا بېرىشتىن يالتايدى. ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ توغرا كېسىپلا سېرىق بۇيىغا

كەتتى. قالغان قۇربىشىلار مارالبېشىغا كەلگەندە، ئۇ يەردە تۇ-رۇشلۇق رۇس پولكىنىڭ باشلىقى چېرنىيېف ئۇلارنى ياخشى قارشى ئېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. يۇسۇپجاننىڭ ئايرىلىپ كەتكەن-لىكىنى ئاڭلىغان چېرنىيېف دەرھال ماشىنا بىلەن ئەسكەر ئەۋە-تىپ قوغلىدى. رۇس ئەسكەرلىرى يۇسۇپجاننى سېرىق بۇيىدا ئارام ئېلىۋاتقان جايىدىن تاپتى. يۇسۇپجان 10 ـ 12 ياشلار چا-مىسىدىكى ئوغلىنى ئاتقا مىنگەشتۈردى ـ دە، ئىككى ئادىمى بى-لەن تاپانچىسىدىن ئوق ئۈزگەن پېتى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. قايناۋاتقان قازانلار قاينىغان پېتى قالدى. ئادەملىرى تەسلىم بو-لۇپ قورالسىزلاندۇرۇلدى. يۇسۇپجان قۇربېشىنىڭ رۇس پولكىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەسكەرلىرىمۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن قورال-سىزلاندۇرۇلۇپ، سەركەردىلىرى كېچىدە جىمىقتۇرۇلدى، «كې-رەكسىز» دەپ قارالغانلىرى ئازاد قىلىندى.

يۇسۇپجان قۇربېشى قورشاۋدىن سالامەت چىقىپ جاڭگال بويلاپ مەكىتكە كەلدى. ئۇ يەردە دوستى ئۆزبېك ئىشاننىڭ ھە-مايىسىدە چوڭقۇرچاق دېگەن جايدا قۇم ئارىسىدا جان ساقلاپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن، ساندۇقتىكى تىللالىرى بېشىغا چىقىپ، ئۆز ئادەملىرى قولىدا ئۆلدى.

## 12 ـ ۋەقە: يېڭى شەھەردە قوزغىلاڭ

گېنېرال لىيۇبىننىڭ قوشۇنىدىكى مەلۇم بىر پولكتا تۇڭ-گانلار كۆپرەك بولۇپ، بۇلار ماجۇڭيىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ھۆكۈمەت تەرەپكە ئۆتكەن ئەسكەرلەر ئىدى. بۇلار يىلنىڭ ئاخىرى ھۆكۈ-مەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ ئىش لىيۇبىننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. تۇڭگانلار لىيۇبىننىڭ ئەس-كەرلىرى بىلەن كېچىچە ئېتىشىپ تەڭ كېلەلمەي، تاڭ ئېتىشى بىلەن شەھەردىن چېكىنىپ يېڭىسار تەرەپكە قاچتى. لىيۇبىن قوغلىماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسكەرلىرى ھالسىزلىنىپ

كەتكەچكە، مەھمۇت شىجاڭدىن ياردەم تىلىدى. مەھمۇت شىجاڭ 2 ـ پولكتىن ئابدۇشۇكۇر لىيەنجاڭنى 86 نەپەر ئەسكەر بىلەن قوغلاشقا ئەۋەتتى. ئالدى تەرەپتىن سەمەت ھاجىنىڭ 1 ـ پولكى توستى. ئىسيانچىلار ئوتتۇرىدا قېلىپ يېڭىشەھەر بىلەن يېڭىسار ئارىلىقىدىكى ئات باقىدىغان مەيدانغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار بۇ يەردە بىرەر ئايدەك قاپسىلىپ يېتىپ، ئاخىرى خوتەنگە يول بىرىشنى تەلەپ قىلغاندا يول بېرىلدى ھەم يېڭىساردىن ئۆتكەندە قورشاۋغا ئېلىنىپ قورالسىزلاندۇرۇلدى.

# گومىنداڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشقىدىن تەشكىللىنىش جەريانى

خو دىيەنچىڭ، شىې خەي

## 1

گومىنداڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى ياڭ زېڭ-شىن (1911 ـ 1928 ـ يىللار)، جىن شۇرېن (1928 ـ 1933 ـ يىللار)، بولۇپمۇ شېڭ شىسەي (1933 ـ 1943 ـ يىللار) بىر قوللۇق تەشكىللەپ چىققان، كېيىن يەنە گومىنداڭ (1943 ـ 1949) تولۇقلاپ مۇكەممەللەشتۈرگەن خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە خەلقنى باستۇرىدىغان ئىستىبدات قورال ئىدى.

1944 ـ يىلى گومىنداڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئۆز باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ھە دېگەندىلا بىر تۈركۈم كەسپىي ئىشپىيونلارنى يۆتكەپ كېلىپ، مۇھىم تارماقلارغا ئورۇنلاشتۇردى، جۇنتۇڭ (ھەربىي ستاتىستىكا ئىدارىسى) شىنجاڭ پونكىتى يېتەكچىلىكىدىكى ئىشپىيونلۇق تەشكىلات ـ ئۆلكىلىك ساقچى گۇرۇپپىسىنى قۇردى. 1946 ـ يىلى يەنە شىنجاڭ پونكىتى بىلەن باش ساقچى مەھكىمىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدىكى ئىشپىيونلۇق تەشكىلات ـ دۆلەت ساقچى 2 ـ گۇرۇپپىسىنى قۇردى. بۇ ئىشپىيونلارنىڭ قۇترىشى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاق تېررورلۇق ئىچىدە قالدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ تىزىملىكىدىكى خىزمەتچى ۋە ساقچى 1600 بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىشلەۋاتقانلار 918 ئىدى، قالغان 700 ى ئىسمى بار، جىسمى يوق رويخەت ئى-

دى، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ كاتتىباشلىرى چۆنتىكىگە سېلىپ، ئۆزىنى بوردايتتى، 918 ئادەمنىڭ 500 ى ساقچى ۋە قارا خىزمەتچى، 400 ى ساقچى ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى گومىنداڭنىڭ ساقچى مەكتىپى ۋە ھەربىي مەكتەپلىرىدە تەربىيىلەنگەن. ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق تارماقلىرىنى ئىشپىيونلار چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ۋە تىزگىنلىۋالغان. گومىنداڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ پونكىتى، جۇنتۇڭ شىنجاڭ پونكىتى، ئۆلكىلىك ساقچى گۇرۇپپىسى، دۆلەتلىك ساقچىلار 2 ـ گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرىدا 40 نەچچە كەسپىي ئىشپىيون، ئالتە گۇرۇپپا ۋە بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بار ئىدى. ھەرقايسى شۆبە ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرى، بىۋاسىتە قاراشلىق ئالاقىچىلار قاتارلىقلار ھەرقايسى مەمۇرىي بۆلۈم، ئىشخانىلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئىدى. بۇلارغا ئاساسلىق تايانچىلارنى قوشقاندا جەمئىي 60 نەچچە كىشى بولۇپ، ساقچى ئەمەلدارلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 15 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيتتى.

ئۇرۇمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇخەندۇڭ خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ خۋارۇڭ ناھىيىسىدىن ئىدى. ئۇ 1944 ـ يىلى گومىنداڭ تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئۆلكىلىك مەركىزىي ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا (يەنى ئۇرۇمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا) تەيىنلەنگەن. 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ خەلق ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. بۇ چاغدا، ليۇخەندۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەركىزىي ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىئېپا بېرىپ، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ نەنجىڭغا كەتـ

كەن. لېكىن ئۇ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئۆزى نەزەرىدە تۇرۇپ كونترول قىلغان. 1947 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قارشى «25 ـ فېۋرال» قانلىق ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلىنىپ كەتكەن؛ نەتىجىدە، تىنچ ۋەزىيەتتە جىددىي بۇرۇلۇش بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن. ليۇخەندۇڭ 1948 ـ يىلى يېقىنلىرى ۋە ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچى شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، يەنە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇۋالغان؛ ئۇنىڭ بىلەن بىللە خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەن ئۇنىڭ بىرمۇنچە يېقىنلىرى ۋە ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرىمۇ قايتىدىن مەنسەپكە ئولتۇرۇپ، مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ليۇخەندۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئۆلكە مەركىزى ـ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، جۇنتۇڭ شىنجاڭ پونكىتى ساقچى ئىشلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى شىنجاڭ پونكىتى، دۆلەت ساقچى 2 ـ گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى بىر تۈركۈم ئىشپىيون تەربىيىلەپ، ئىشپىيونلۇق ئاپپاراتى قۇرغان. بۇ ئاپپارات ليۇخەندۇڭنىڭ قوماندانلىقى ۋە كۆرسەتمىسى بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە يېقىنلارنى ۋە ھەر ساھەدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى نازارەت قىلىپ، خەلقنى باستۇرۇپ، ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزگەن. ليۇخەندۇڭ شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ھارپىسىدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئارمىيىسىدىكى ئەكسىيەتچىلەر ــ 5 ـ ئاتلىق شىنىڭ شتابى ماجېڭشياڭ، 78 ـ شىنىڭ شتابى يې چېڭ ۋە 179 ـ لۇنىڭ لۇجاڭى لوشۇ قاتارلىقلارغا يېقىندىن ئەگىشىپ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇپ، قارشىلىشىشنى تەشەببۇس

قىلىپ، خەلق بىلەن دۈشمەنلەشكەن. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا يېقىنلاپ كەلگەن پەيتتە، ليۇ خەندۇڭ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە گېنېرال تاۋ سىيۆ، رەئىس بۇرھاننىڭ ئىناۋىتى ئالدىدا تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىشقا ئوچۇق - ئاشكارە قارشى تۇرۇشنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان، شۇنىڭ بىلەن توگولۇۋېلىش نەيرىڭىنى ئىشلىتىپ، رەئىس بۇرھاندىن ئىستىپا سورىغان. ليۇخەندۇڭ 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك قورچاق ساقچى ئەمەلدارلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، بەدنىيەتلىك بىلەن: «پېقىر ھوقۇقۇمنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، شىنجاڭدىن كېتىمەن، بارلىق خىزمەتچى ۋە ساقچىلارنىڭ قوزغىلاڭدىن كېيىن خاتىرجەم ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ، ھەقىقەتكە قايتىش خەۋرىنى ئاشكارىلاپ قويغان. بۇ خەۋەر تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، نۇرغۇن خىزمەتچى ۋە ساقچىلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ليۇ خەندۇڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغان ھەمدە تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىپ، ليۇخەندۇڭنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىپ، خىزمەتچى ۋە ساقچىلارنى ئىش تاشلاشقا قوزغاپ، ھۆكۈمەتتىن ليۇخەندۇڭنى جازاغا تارتىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن قورچاق ساقچى ئىدارىسى بىر مەھەل قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغان. ليۇخەندۇڭ ئۆزىچە مەقسىتىمگە يەتتىم، دەپ ئويلاپ، يەنە ساقچى ئەمەلدارلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ: «سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭلار تاپتىن چىقىپ كەتتى، بۇ قوزغىلاڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق»، دەپ جار سالغان. ئۇ شۇ مەيداندا پېڭ زىشيەن، بەي يۈنپېڭ قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنى 5 - ئاتلىق شىنىڭ قوماندانلىق شىتابى ۋە ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شىتابىغا سولاپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان. ئۇ يەنە: «مەن ھوقۇق تاپشۇرمايدىغان بولدۇم»، دەپ جاكارلىغان، پاش قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان خىزمەتچى ۋە ساقچىلارنى «گۇناھىغا توۋا قىلىش» قا قىستىغان. ليۇ خەندۇڭ بىر دومۇلاپلا باشقا بىر تۇسكە كىرىۋېلىپ، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قاي-

تىشنى ھىمايە قىلىشتىكى «نەمۇنىچى» بولۇۋېلىپ، رەئىس بۇر-
ھانغا دوق قىلىپ: «مەن كەتمەيمەن، تاۋ سىلىڭغا مەسلىھەتچى
بولىمەن»، دېگەن. ئۇ بۇنىڭ بىلەن رەئىس بۇرھاننىڭ تومۇرىنى
تۇتۇپ بېقىپ، يۆنىلىشنى كۆزىتىپ، شۇ ئارقىلىق مەقسىتىگە
يەتمەكچى بولغان. رەئىس بۇرھان بىلەن گېنېرال تاۋ سىيۆ
تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى مۇزاكىرە قىلىش داۋامىدا
ليۇخەندۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى ھوش-
يارلىق بىلەن كۆزىتىپ، جانلىق كۈرەش تاكتىكىسى بىلەن
ليۇخەندۇڭ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى كولدۇرلىتىپ تۇرغان. خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ چوڭ قوشۇنى چېگرىنغا يېقىنلاپ كېلىد-
شى بىلەن، ليۇخەندۇڭنىڭ كارامىتى ئاشكارا بولۇپ قالغان، شۇ-
نىڭ بىلەن ئۇ ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە بىر ئوچۇم ئاتارمەن ـ چاپار-
مەنلىرىنى ئېلىپ، ما چېڭشياڭ، يې چېڭ، لوشۇ قاتارلىقلارغا
سوڭدىشىپ، 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جەنۇبىي
شىنجاڭ ئارقىلىق شەرمەندىلەرچە چەتكە چىقىپ كەتكەن.

ليۇخەندۇڭ كەتكەندىن كېيىن، رەئىس بۇرھان ئۆزىنىڭ
خىزمەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى نيې لىفۇ (شىنجاڭدىكى
تەرەققىيپەرۋەر ئاممىۋى تەشكىلات «كۈرەش جەمئىيىتى»نىڭ
ئەزاسى)نى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇۋەققەت
باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ ۋە 26 ـ كۈنلىرى
گېنېرال تاۋسىيۆ بىلەن رەئىس بۇرھان شىنجاڭدىكى ئارمىيە،
ھۆكۈمەت خادىملىرىغا باشلامچىلىق قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىش
ھەققىدە تېلېگراممىا يوللىغان. نيې لىفۇ 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ، ساقچى ۋە خىز-
مەتچىلەر يىغىنىنى چاقىرىپ، ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى
تېلېگراممىنى ئوقۇپ ئۆتكەن ۋە ھەقىقەتكە قايتىشقا ئۆزى بىد-
رىنچى بولۇپ ئىمزا قويغان.

## 2

گومىنداڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى ئەكسىـ
يەتچىل قاراڭغۇ ئۆڭكۈر بولغاندىن تاشقىرى، ئەبجىقى چىقىپ
كەتكەن ئەسكى يايما ئىدى. ئاپپارات قۇرۇلمىسى كاتىبات ئىشخا-
نىسى، تەرجىمانلار ئىشخانىسى، تەپتىش ئىشخانىسى، بوغال-
تىرلار ئىشخانىسى، مەمۇرىي بۆلۈم، خوجىلىق بۆلۈم، ئەدلىيە
بۆلۈم، تاشقى ئىشلار بۆلۈمى، ئامانلىق ساقلاش ساقچى چوڭ
ئەترىتى، جىنايى ئىشلار ئەترىتى، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى، ساق-
لىقنى ساقلاش ئەترىتى ۋە تۆت شۆبە ئىدارە، 18 ساقچى پونكىـ
تىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي ھەم كونا بولۇپ،
بىرلا كىچىك ماشىنا، 500 دانە چوڭ ـ كىچىك مىلتىق، تۆت
ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى، بىر قىسىم ئات، ئات ھارۋىلىرىلا بار
ئىدى. ساقچى پونكىتىدا تېلېفون، چارلاش ساقچىلىرىدا پۇشتەك
بار ئىدى. ئاپپاراتلار كېلەڭسىز، ساقچىلارنىڭ سىياسىي تەركىـ
بى قالايمىقان ئىدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشنىڭ
دەسلىپىدە، نۇرغۇن دۈشمەن ئىشپىيونلىرى ساقچىلارنىڭ ئىـ
چىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ ھەرىكەت قىلغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
ئاخبارات ئوغرىلىغان، بەزىلىرى باندىتلار بىلەن تىل بىرىكتۇ-
رۇپ، ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلغان. يەنە بەزى كونا ساقچىلار يا-
مان ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتەلمەي، ئاياللارنىڭ نومۇسىغا تېگىپ،
باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ، ئاممىغا
داۋاملىق زىيان يەتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن كونا ساقچى ئاپپاراتىـ
نى ئۆزگەرتىش خىزمىتى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلگەن.

جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ «كونا ساقچىلارغا
تەربىيە بېرىش ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى»
ۋە ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ «كونا ساقچى ئاپپاراتلىـ
رىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى» غا بىنائەن، ئۈرۈم-
چى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك

نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارى-سى ۋە كونا ساقچىلارنى ئىككى قېتىم باشقىدىن تەشكىللەش ئىشى ئىشلەنگەن.

بىرىنچى قېتىملىق باشقىدىن تەشكىللەش

1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا باشلانغان. باشقىدىن تەشكىللەش لايىھىسى مۇنداق بولغان: 1. زور سىياسىي مەسىلىسى بارلار ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزغانلارنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىدىن تازىلىۋېتىش؛ 2. خىزمەت ئېھتىيا-جىغا ئاساسلىنىپ، كەسپىي ئاپپاراتلارنى كۆپەيتىش ياكى ئەمەل-دىن قالدۇرۇش؛ 3. مۇھىم تارماقلاردا ئىشلەشكە مۇۋاپىق كەل-مەيدىغانلارنى يۆتكىۋېتىش؛ 4. كەسپى ئوخشاپراق كېتىدىغان تارماقلارنى قوشۇۋېتىش؛ 5. قاتمۇ قات ئاپپاراتلارنى ۋە ئۇنىڭدى-كى خادىملارنى قىسقارتىۋېتىش؛ 6. تۈزۈلمىگە ماس كەلمەيدىغان ئاتىلىشلارنى ئۆزگەرتىۋېتىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «1. تارىخى ئېنىق بولۇش؛ 2. سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى ئىش قىلمىغان بولۇش؛ 3. ئازادلىق مەزگىلىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئامانلىق ساقلاش تەرتىپىنى قوغداشتا ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغان بولۇش؛ 4. ئامما بىلەن ئالاقە قىلالايدىغان بولۇش؛ 5. ساقچىلىق كەسپىنى پىششىق بىلىدىغان بولۇش» تىن ئىبارەت ئېلىپ قېلىپ ئىشلىتىلىدىغان خىزمەتچى ۋە ساق-چىلارغا قويۇلىدىغان بەش ئۆلچەم بېكىتىلگەن.

1950 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ساقچى ئىدارىسى پونكىت باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ۋە خىزمەتچى، ساقچىلار ۋەكىللىرى قاتناشقان كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرغان، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى خۇسىگۇڭ باشقىدىن تەشكىللەش خىز-مىتىنى خۇلاسىلىگەن. 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يېڭى تەشكىلىي ئاپپارات ۋە ئېلىپ قېلىپ ئىشلىتىلىدىغان خادىملارنىڭ ئىسىم-لىكى ئېلان قىلىنغان، «ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى» نى «ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى جامائەت خەۋپسىزلىك

ئىدارىسى» گە ئۆزگەرتىش قارار قىلىنغان، 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈ-نىدىن ئېتىبارەن يېڭى تامغا ئىشلىتىلگەن. ئەسلىدىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى «ئۇرۇمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ نازارەتخانىسى» غا ئۆزگەرتىلگەن؛ سىياسىي قوغداش بۆلۈمى ۋە بەش شۆبە ئىدارە كۆپەيتىپ قۇرۇل-غان؛ جىنايى ئىشلار ئەترىتى، ئامانلىق ساقلاش ساقچى چوڭ ئەترىتى ۋە تەپتىش ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان؛ بوغال-تىرلار ئىشخانىسى خوجىلىق بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلگەن، تەرجى-مانلار ئىشخانىسى كاتىبات ئىشخانىسىغا قوشۇۋېتىلگەن؛ ئاماز-لىق ساقلاش ساقچى 3 ـ ئوتتۇرا ئەترىتى مۇھاپىزەتچىلەر ئەت-رىتىگە ئۆزگەرتىلگەن؛ ئامانلىق ساقلاش ساقچى 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ ئوتتۇرا ئەترەتلىرى ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن؛ شۆبە ئىدارىلەردىكى ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ شتاتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئامانلىقنى ساقلاش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنغان (جىنايى ئىشلارنى قوشۇمچە باشقۇرىدۇ). پۈتۈن ئىدارىدىكى ئەسلىدىكى 900 نەپەر ئادەم 506 گە قىسقارتىلغان (ساقچى ئەمەلدارى 183، ساقچى 323).

شتاتتىن ئوشۇق خادىملار پارتىيىنىڭ سىياسىتى ۋە ئۆزى-نىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىر تەرەپ قى-لىنغان: 1) 20 نەپەر ئادەم ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپە بويىچە يىغىپ تەربىيىلەش ئەترى-تىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن؛ 2) 70 نەپەر ئادەم ئۆلكىلىك كا-دىرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن؛ 3) 200 نەپەر ئادەمگە شتاتتىن ئوشۇق خادىملار قاتارىدا ئۆزلىرى ئىش تېپىۋېلىش ئۇقتۇرۇلغان؛ 4) 100 گە يېقىن تېنى ئاجىز، ئاغرىقچان، مېيىپ ئادەمگە بىر ئايلىق ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلىپ، يۇرتىغا ئەۋە-تىۋېتىلگەن؛ 5) ئېغىر مەسىلىسى بار ئون نەپەر ئادەم ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان.

بىرىنچى قېتىملىق باشقىدىن تەشكىللەش 60 كۈن داۋام

قىلىپ، 1950 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاخىرلاشقان.

**ئىككىنچى قېتىملىق باشقىدىن تەشكىللەش**

1950 ـ يىل 5 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش توغرىسىدىكى يوليورۇقى ۋە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ شتاتىنى ئىخچاملاش توغرىسىدىكى كونكرېت لايىھىسىگە بىنائەن، ئىككىنچى قېتىملىق باشقىدىن تەشكىللەشنى ئېلىپ بارغان. 1950 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئىككى قېتىم ئىدارە بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىن ئۆتكۈزگەن، يىغىندا مۇۋەققەت ئىدارە باشلىقى نيې لىڧۇ ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە پرىنسىپى توغرىسىدا سۆز قىلغان ھەمدە خادىملارنى ۋەزىپىدە قالدۇرۇش ۋە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ئۆلچىمىنى جاكارلىغان: 1) ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە ئىلغار، خىزمەتتە ئاكتىپلارنى ئېلىپ قېلىپ ئىشلىتىش؛ مىللەت تەركىبى، ئايال كادىرلار ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە خادىملارغا ئەھمىيەت بېرىش. 2) شتاتتىن ئېشىپ كەتتى دەپ قارىلىدىغانلارنىڭ شەرتى مۇنداق بولغان: ① ئادەتتىكى ئىشپىيون؛ ② سىياسىي قىياپىتى ئېنىق ئەمەس؛ ③ خىيانەت قىلىپ، چىرىكلىشىپ كەتكەنلەر ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە دېموكراتىك باھالاش ئاساسىدا، سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈشتىكى ئەمەلىي ئىپادىسىگە ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ، تەشكىلنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بىلەن، باشقىدىن تەشكىللەش نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان: ① ئىدارە خوجىلىق بۆلۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كاتىبات ئىشخانىسىدا مەمۇرىي ئىشلار بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىش؛ ② كادىر ـ ساقچىدىن 117 كىشىنى قىسقارتىش (بۆلۈم باشلىقى بىر، شۆبە ئىدارە باشلىقى بىر، پونكىت باشلىقى ئىككى، بۆلۈم خادىمى توققۇز، نوپۇس ئىشلەش خادىمى 17، ساقچى 76،

قارا خىزمەتچى 20)؛ ③ خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش: 31 كىشىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىش، 44 كىشىنىڭ خىزمىتىنى تەڭشەش، 28 كىشىنى يۇرتىغا قايتۇرۇش، بىر كىشىنى دارىلئاجىزغا ئەۋەتىش، 13 كىشى ئۆزلىرى ئىش تېپىۋېلىش؛ ④ 396 ئادەمنى قالدۇرۇپ ئىشلىتىش (ئۇنىڭ 153 ى كادىر، 243 ى ساقچى)، ئىككىنچى قېتىملىق باشقىدىن تەشكىللەش 6 ـ ئاينىڭ بېشى ئاياغلاشقان.

ئىككى قېتىملىق باشقىدىن تەشكىللەش ئارقىلىق، كونا ساقچى ئورگىنىنىڭ بيۇروكراتلىق ناچار ئىستىللىرى ئۆزگەرتىلگەن، خەلق جامائەت خەۋپسىزلىك كادىر ـ ساقچىلىرىنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە خىزمەت ئۇنۇمى ئۆستۈرۈلگەن. قالدۇرۇپ ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان كونا ساقچىلار جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرىدىن تازىلاپ چىقىرىلىپ، كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلار جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلىنغان. بولۇپمۇ كەسىپ ئالماشتۇرغان بىر تۈركۈم ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى كادىر ـ ساقچىلار قوشۇنىنى تولۇقلىغان، شۇنىڭ بىلەن كونا ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتىلگەن.

باشقىدىن تەشكىللەش مەزگىلىدە، ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى ئىلگىرى ئازاد رايوندا جامائەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ليۇيۇرۇ، لى گۇاڭچىلارنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن ھەمدە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ بۆلۈم، ئىشخانا ۋە شۆبە ئىدارىلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنى تەڭشىگەن. مەسىلەن: دۇجى كاتىبات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مەمتىمىن يۇسۇپ سىياسىي قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جيۇيۇلىن ئامانلىقنى ساقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، لى جىمىن 1 ـ شۆبە ئىدارىنىڭ باشلىقى، مۇھەممەت ئىمىن 2 ـ شۆبە ئىدارىنىڭ باشلىقى، پازىلجان 3 ـ

شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ۋاڭ چېڭيۇ 4 ـ شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. شۇنىڭ بىلەن يېڭى ـ كونا ھاكىمىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئالمىشىشى ئەمەلگە ئېشىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئاممىۋى ھىمايە قىلىدىغان، دۈشمەن قورقىدىغان خەلق جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى بەرپا قىلىنغان.

3

ئۈرۈمچى شەھىرى تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچىلەر مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن، ئىشپىيونلار، چەت ئەل جاسۇسلىرى، ئەكسىيەتچى گۇرۇھ ئەزالىرى ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر بۆرۈندىن نەپەس ئېلىشىپ، غالجىرلىق بىلەن پاراكەندىچىلىك سالغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، باشقىدىن تەشكىللەشكە بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئىشپىيونلارنى تازىلاش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، نەق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تەرتىپكە سېلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغان.

1. يوشۇرۇنۇۋالغان دۈشمەن ئىشپىيونلىرى تازىلانغان. شىنجاڭ كېيىنرەك ئازاد بولغاچقا، ئەھۋال مۇرەككەپ، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋەزىيىتى ئىنتايىن كەسكىن ئىدى. ئىچكىرى جايلاردىن نۇرغۇنلىغان دۈشمەن ئىشپىيونلىرى شىنجاڭغا كېلىۋالغان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇلاردىن نەچچە يۈزى بار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى يوشۇرۇپ، خەلقنىڭ جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش خىيالىدا يۈرۈشەتتى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى سابىق ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى، مەسىلەن: مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى شىنجاڭ پونكىتى، گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ 2 ـ

باشقارمىسى، ژاندارما جاسۇسلۇق گۇرۇپپىسى، ئۆلكىلىك پىر -
قىنىڭ ئالاقىچىلار گۇرۇپپىسى قاتارلىقلار ئازادلىق ھارپىسىدا
تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا چېكىنىش ۋە يوشۇرۇنۇش بىلەن
شۇغۇللانغان. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى شىنجاڭ پونكى -
تىنىڭ باشلىقى راۋ تېيشەن قېچىپ كېتىشتىن بۇرۇن، پۈتۈن
شىنجاڭدىكى ئىشپىيونلارغا يوشۇرۇنۇۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئو -
رۇنلاشتۇرغان، ئۇرۇمچى يوشۇرۇنۇش پونكىتى تەسىس قىلىپ،
تېلېگراف ئاپپاراتى ۋە ئىشپىيونلۇق خىزمىتىگە لازىمەتلىك
نۇرغۇن ئۇسكۇنە، ئىشپىيونلۇق خىراجىتى قاتارلىقلارنى تەييار -
لىغان. ئۇ يەنە، شاڭشياۋ ئۇنۋانلىق پونكىت باشلىقى ماباۋلياڭنى
خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ شىنجاڭغا كىرىدىغان قىسىملىرى -
رىنىڭ شتابى، نومۇرى، قورال - ياراق ئەھۋالى، ئەسكىرىي كۆچ
ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئائىت ھەربىي ئاخباراتلىرىنى ۋە ئۆلكىلىك
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالىنى توپلاپ، جياڭ جېيشى
باندىتلىرىنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگىنىغا تېلېگراف ئارقىلىق
يوللاپ بېرىشكە كۆشكۈرتكەن. يوشۇرۇنۇۋالغان بۇ ئىشپىيونلار
باندىتلار، ئەكسىيەتچىل گۇرۇھ، مەخپىي دىنىي گۇرۇھتىكىلەر
بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئوت قويۇش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ -
چىلىق قىلىش، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

دۈشمەن ئەھۋالىنى تېزدىن ئىگىلەپ، يوشۇرۇنۇۋالغان دۈش -
مەن ئىشپىيونلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن، مۇۋەققەت ئىدارە باشلىقى
نيې لىفۇ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان كۈننىڭ ئەتىسى
ئاۋۋال «كۈرەش جەمئىيىتى» نىڭ كۆچىنى تايانچ قىلغان ھالدا،
ھەرقايسى جەھەتتىن تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، دۈشمەن تەش -
كىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى توپلاپ، ماتېرىيال ئىگىلەپ، رازۋېدكا
قىلىپ، دېلو ئېنىقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. 10 - ئاي -
نىڭ ئوتتۇرىلىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - دالا ئۇرۇش
ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆلكى -
لىك جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ليۇ

خۇپىڭ بىلەن كاتىپ خۇاڭ پۇلىڭ نىي لىفۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ
ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش خىزمىتىگە قوماندانلىق قىل-
غان. ئۇنىڭدىن كېيىن، 1 - بىڭتۇەننىڭ 2 - جۇنى، 6 - جۇ-
نىڭ قوغداش بۆلۈمى لى زىيىڭ بىلەن لى جىنگاڭ يولداشلارنى
رازۋېدكا قىلىپ دىلو ئېنىقلاش خىزمىتىگە ھەمكارلىشىشقا ئە-
ۋەتكەن. ئۈچ ئاي كېچە - كۈندۈز جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقى-
لىق، گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى، دۈشمەن ئىش-
پىيونلىرىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالى ۋە نۇقتىلىق زەربە بېرىش ئوب-
يېكتلىرىنىڭ ئىسىملىكلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەنگەن.

شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ج ك پ شىنجاڭ
شۆبە بيۇروسىنىڭ يوليورۇقى ۋە ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىز-
لىك نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بۇزغۇنچىلىق ھەر-
كەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان دۈشمەن ئىشپىيونلىرىغا قاتتىق
زەربە بەرگەن، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بارلىقى بايقالمىغانلىرىغا
توۋا قىلىش رەسمىيىتى ئۆتەش تاپشۇرۇلغان. ئىشپىيونلارغا
قارشى تۇرۇش ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلغان: بىرىنچى
باسقۇچتا، ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، تىزىملاش يولىغا قويۇلۇپ، ئاش-
كارا ئىشپىيونلار ئارىسىدىكى تەۋرىنىپ قالغانلىرىنىڭ كۆپچى-
لىكى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرى بەربات
قىلىنغان. 1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، شىنجاڭ
ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنى قورال
ۋە گۇۋاھنامىلىرىنى تاپشۇرۇپ، توۋا قىلىپ، يېڭىباشتىن ئادەم
بولۇشقا بۇيرۇغان. شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى،
بىر تەرەپتىن، پارتىيە سىياسىتىنى تەشۋىق قىلسا، يەنە بىر تە-
رەپتىن، ئاممىنى پاش قىلىش ۋە ئاشكارىلاشقا سەپەرۋەر قىلغان،
ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى ۋە ئىدارە - جەمئىيەت باشلىقلى-
رىنىڭ مەسئۇللۇقىدا ئىشپىيونلۇققا قارشى تۇرۇش دولقۇنى
قوزغالغان. شەھەر بويىچە كەسپىي ئىشپىيوندىن 300 نەچچى-
سى، ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىنىڭ ئەترابىدىكى تەشكىلاتلار،

ئەكسىيەتچىل خۇراپىي تەشكىلاتلار ۋە گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ شۆجى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تايانچ كادىرلىرىدىن 300 نەچچە-سى ئۆزىنى تىزىملاتقان. ما xx قاتارلىق يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان ئۇرۇمچى يوشۇرۇن ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى ئامما پاش قىلغاندىن كېيىن ئېنىقلانغان. ئىككىنچى باسقۇچ ئىشپىيونلار-نى رىژىمغا ئېلىپ تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش، يوشۇرۇنۇۋالغان ئىشپىيونلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تازىلاش باسقۇچى بولغان. ج ك پ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ يوليورۇقىغا بىنا-ئەن، شاۋشياۋ ئۇنۇۋانلىق گورۇپپا باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىدىيىسى ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل ئىشپىيونلارغا رىجىمغا ئېلىپ تەربىيە بېرىش يولغا قويۇلغان ھەمدە ئىشپىيونلارنىڭ ئىقرار قىلغان ماتېرىيالىدىن پايدىلىنىپ، يېڭى يىپ ئۇچى تەكشۈرۈ-لۈپ، رازۋېدكا خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان. شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى سەر خىل رازۋېدكا كۈچلىرىنى تەشكىل-لەپ، بىر مەھەل خۇدىنى ئۇقماي قالغان «شىنجاڭ كومپارتىيىگە قارشى مەركىزىي كۈرەش ئۇيۇشمىسى»نىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغاشنى قەستلەش ۋەقەسىنى پاش قىلىپ، 12 جىنا-يەتچىنى قولغا ئالغان، توۋا قىلىپ تىزىملىتىشنى رەت قىلغان ياكى يالغاندىن توۋا قىلىپ، ئاستىرتىن يەنىلا ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغانلارنى قاتتىق جازالى-غان. بىرنەچچە ئون ئاساسلىق ئىشپىيون قولغا ئېلىنىپ، ئوتتۇ-رىدىن كۆز بوياپ ئۆتۈۋالماقچى بولغان دۈشمەنلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلگەن.

1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دۈشمەن ئىشپى-يونلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، 4 ـ ئايدا يەنە ئىشپىيون ۋە ئەكسىيەتچى پارتىيە ـ گورۇھلاردىكى تا-يانچلارنى تىزىملاشنى يەنە بىر قېتىم ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىم بىرنەچچە ئون ئىشپىيون تىزىملانغان، شۇنىڭدەك «ئۇرۇمچى

شەھەرلىك جۇڭخۇا خۇيزۇلار پارتىيىسى» دېگەن ئەكسىلئىنقىلا-
بىي تەشكىلات دېلوسى پاش قىلىنغان. 1950 - يىلى 6 - ئايدىن
8 - ئايغىچە ھەرقايسى رايونلاردا «تازىلاش ھەيئىتى» قۇرۇلغان.
شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئۈچ خىزمەت گۇ-
رۇپپىسى ئەۋەتىپ، تازىلاش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغان. نە-
تىجىدە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 218 نەپەر ئىشپىيون ۋە
ئەكسىلئىنقىلابچى ئېنىقلاپ چىقىلغان، يۇقىرىغا يوللاپ تەس-
تىقلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سەككىزىگە قانۇن بويىچە چارە
كۆرۈلگەن، بىر تۈركۈمى رىجىمغا ئېلىنغان.

2. فېئوداللىق خۇراپىي تەشكىلاتلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.
ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
رايونلاردا «جۇڭخۇاشەن»، «شىگلۇگشەن»، «جۇيىگشەن»، «تيەنز-
ـەيشەن»، «تيېنشۆشەن» دېگەندەك خىلمۇخىل فېئودال خۇراپىي
تەشكىلاتلار بولغان. بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ بە-
زىلىرى ئىشپىيونلارنىڭ چاڭگىلىدا بولغان، بەزىلىرى گو-
مىنداڭنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى تەش-
كىلاتلار بولغان. «جۇيىگشەن» نىڭ كاتتىبېشى ليۇشياڭپۇ بۇرا-
دەرلەر ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنى باندىتلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئې-
تىشقا قۇترىتىپ، قوماندان ۋاڭ جېننىڭ تۇرار جايىنى تەپسىلىي
تىڭتىڭلاپ، ئۇنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان ھەمدە ئەكسى-
يەتچى تەشۋىقات ۋەرەقىسى تارقىتىپ، ئىشچىلارنى ئىش تاشلاش-
قا قۇترىتىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلىگەن. ئازادلىقنىڭ
دەسلىپىدە ئۈرۈمچى شەھرىدە يۈز بەرگەن بىرنەچچە قېتىملىق
بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى پەيدا
قىلغان.

1950 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك
خەلق ھۆكۈمىتى شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋالىي مەھ-
كىمىلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە «بۇرادەرلەر
ئۇيۇشمىسى، مەخپىي دىنىي گۇرۇھلار مەسىلىسىنى بىر تەرەپ

قىلىش توغرىسىدا يولىيورۇق خېتى» تارقاتقان. شەھەرلىك جاما-ئەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يولىيورۇقى ۋە ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ ئو-رۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسى، مەخپىي دىنىي گۇرۇھلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. پۇختا بولۇش نەزەردە تۇتۇلۇپ، بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىلىرىغا پەرق-لىق مۇئامىلە قىلىش چارىسى قوللىنىلغان: (1) ئادەتتىكى بۇرا-دەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتتىباشلىرىغا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن يىغىنغا چاقىرتىلىش شەكلى بىلەن تەربىيە بېرىلىپ، بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ بۇرۇنقى تەشكىلات ئىكەنلىكى، بۈگۈنكى كۈندە خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇل-غاندىن كېيىن ھەر خىل ئىنقىلابىي ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى، بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ يەنە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ پۈتۈنلەي ھاجەتسىز ئىكەنلىكى چۈ-شەندۈرۈلگەن، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن تىزىملىنىشقا ئىلتىماس قىلى-لىپ، بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسىدىن قول ئۈزۈپ، ئىسىملىكلەرنى تاپشۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن قايتا ھەرىكەت ئېلىپ بارماسلىققا كاپالەت بېرىشكە دەۋەت قىلىنغان. «تيەنتەيشەن»نىڭ كاتتىبېشى گاۋرېنجيې، مۇئاۋىن كاتتىبېشى ليۇگۈەنخۇا قاتارلىقلار تەربى-يىدىن كېيىن شۇ ھامان بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسىدىن قول ئۈزگەن-لىكلىرى توغرىسىدا گېزىتكە باياننامە چىقارغان. بۇرادەرلەر ئۇ-يۇشمىسىنىڭ زور كۆپچىلىك ئەزالىرىمۇ بەس ـ بەستە گۇۋاھنا-مىلىرىنى تاپشۇرۇپ، گېزىتكە باياننامە چىقىرىپ، بۇرادەرلەر ئۇ-يۇشمىسىدىن قول ئۈزگەنلىكىنى بىلدۈرگەن. (2) ھەقىقەتەن ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتلارنىڭ چاڭگىلىغا ئۆتۈپ كەتكەن ۋە شۇلار پايدىلىنىۋاتقان بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ بىرنەچچە كاتتىبېشى پاش قىلىنغان ۋە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئەكسىل-ئىنقىلابىي جىنايەتلىرىگە ئاساسلىنىپ، 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلى-رى قانۇن بويىچە جازالانغان. (3) بۇلاڭچىلىق ۋە باشقا قانۇنسىز

قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ كاتىتىباشلىرىغا قارىتا ئامما ئارىسىدا ئۇلارنىڭ بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىدىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان جىنايى پاكىتلىرى پاش قىلىنغان. (4) ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلات تارماقلىرى ۋە مۇھىم كارخانا، كەسپىي ئورگانلار ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىك تارماقلىرىدىكى بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىغا قارىتا، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ بىردەك تارقىلىپ كېتىشى، گۇۋاھنامىلىرىنى تاپشۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىككىنچى شۇغۇللانماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشى، شۇنداق ھەرىكەت بىلەن يەنە شۇغۇللانغانلار كۆرۈلسە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار قاتارىدا جازاغا تارتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن. بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى داۋامىدا، «باش جىنايەتچىلەرنى باستۇرۇش، ئاز ساندىكى جاھىل ئۇنسۇرلارنى يېتىم قالدۇرۇش، كۆپچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش» فاڭجېنى باشتىن - ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رازۋېدكا خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھەرىكەتلىرى تىزگىنلەنگەن.

3. ئامېرىكا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ جاسۇسلىرىغا قارىتا كۈرەش قىلىنغان. شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كونسۇلخانىلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، گۇماشتا يېتىشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغان. ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ كونسۇلى ماكنان 1948 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، باركۆل، مورى قاتارلىق جايلارغا ئۈچ قېتىم بېرىپ، باندىتلارنىڭ كاتتىبېشى ئوسماننى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشىنى توسۇماقچى بولغان. ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە

تۇرۇشلۇق كونسۇلى خې رېنجى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە جاسۇسلۇق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇ كېسەل داۋالاشنى باھانە قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئاخباراتلىرىمىز، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى توپلاپ، شياڭگاڭدىكى ئەنگلىيە رادىئو ئىستانسىسىغا ئەۋەتىپ، شۇ كۈنىلا خەۋەر قىلدۇرغان. خې رېنجى كېسەل داۋالاشنى باھانە قىلىپ، پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغان. رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى 1950 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، مۇنداق ئىككى تەدبىر قوللانغان: 1) خې رېنجىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭ قانۇنغا خىلاپ خىلمۇ خىل قىلمىشلىرىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش. 2) ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى خادىملىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىگە چەك قويۇش توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە تۈزۈش. 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ نامىدا ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىكى چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى بارلىق خادىملارنى بېيجىڭغا ئەۋەتىپ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىمىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلغان. ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىن جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىققا دائىر نۇرغۇن ئەسۋابلار بىلەن شىنجاڭ، شىزاڭ، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلارنىڭ تەپسىلىي يەر شەكلى چۈشۈرۈلگەن 31 خەرىتە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ ئىسمىلىكى ۋە باشقا ئەھۋاللار توغرىسىدىكى ماتېرىياللار، خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ 2 ـ جۇڭغۇستەقىل تۈەنىنىڭ ئالتايدا ئالتۇن قېزىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تەھلىل قى-

لىنغان دوكلات ھەمدە شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى، زاۋۇت ـ كان قۇرۇلۇشى، گېئولوگىـ يىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر تۈرلۈك ماتېرىياللار تېپىپ چىقىلـ غان. بۇلارنىڭ مەزمۇنى شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلار، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىك كادىر ـ ساقچىلىرىمىز خې رېنجى قاتارلىقلارنى بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ بارغان. ئېلىمىز تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئۇلارنى چېگرىـ دىن قوغلاپ چىقىرىشنى جاكارلىغان.

4. جىنايى ئىشلار ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىلگەن. شەھەرـ لىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىـ لىرىگە قارىتا كۆرەشنى كۈچەيتىپ، مەخسۇس كۈچ تەشكىللەپ، رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق دېلو پاش قىلىپ، جىنايى ئىشلار جىـ نايەتچىلىرىگە ۋاقتىدا قاتتىق زەربە بەرگەن. 1950 ـ يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، 1000 دىن ئوشۇق جىنايەتچى قولغا ئېلىنـ غان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق قىلغان، زەھەرـ لىك چېكىملىكلەرنى ساتقان، باسقۇنچىلىق قىلغان، قورال ـ ياراغ ساقلىغان ۋە ساتقان جىنايەتچىلەر بار.

5. نوپۇس تەكشۈرۈلگەن. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى توغرا ئىگىلەش ئۈچۈن، شەھەرلىك پارتكوم 1950 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە پۈتۈن شەھەر مىقياسىدا نوپۇس تەكشۈرۈشنى قارار قىلغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەـ ھىرىدە ھەر مىللەت ئاھالىسىدىن 103 مىڭ 35 ئادەم بارلىقى، ئىدارە ـ جەمئىيەت نوپۇسى 18 مىڭ 504 ئىكەنلىكى ئېنىقلانـ غان. بۇ جەرياندا يەنە ئىشپىيونلۇق ھەرىكىتى بار دەپ قارىغان گومىنلىق ئۇنسۇرلار، ئەكسىيەتچىل پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ئەزالىرى، بۇرادەرلەر ئۇيۇشمىسى ۋە ھەر خىل فېئودال خۇراپىي تەشكىلاتلار ئەزالىرىدىن 200 نەچچە ئادەم؛ پىتراپ كەتكەن ئەسـ كەر، يوشۇرۇن پاھىشە، ئەپيۇنكەش ۋە قىمارۋازلار بولۇپ 400

نەچچە ئادەم بايقالغان. 127 پارچە ئەكسىيەتچىل كىتاب، 31 دانە ئەكسىيەتچىل گۇۋاھنامە، 38 دانە قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىنغان قورال ـ ياراغ يىغىۋېلىنغان ۋە شەھەرنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى خېلى ئەتراپلىق ئىگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان چەت ئەل مۇھاجىرلىرىمۇ تىزىملىتىلىپ، 447 نەپەر چەت ئەل مۇھاجىرىغا تۇرۇش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلگەن.

6. جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلگەن. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقانراق ئىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ زور كۈچ بىلەن ماسلىشىشى ئارقىسىدا، قورال ـ ياراغ باشقۇرۇش، پىتراپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى يىغىش ۋە ئۆزگەرتىش، قاتناش باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۇقتىدلىق تۇتقان.

(1) قورال ـ ياراغ باشقۇرۇش تۇتۇلغان. شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئاھالىلەرنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى ئېنىقلاپ، يىغىۋېلىش، تەقدىم قىلغۇزۇش، سېتىۋېلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغان. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 38 مىلتىق، 3323 پاي ئوق، 13 تاپانچا، 642 پاي تاپانچا ئوقى يىغىۋېلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا، خۇسۇسىيلار ئىشلىتىدىغان يەتتە مىلتىققا، ئىدارىلەر قوغدىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان 26 مىلتىققا، ئومۇم ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان 58 مىلتىققا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلگەن.

(2) ئىشسىزلارنى يىغىش ۋە ئۆزگەرتىش تۇتۇلغان. 1950 ـ يىل 2 ـ ئايدا، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى «ئەرلەرنى ئەمگەككە كۆندۈرۈش ئورنى» تەسىس قىلىپ، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پىتراپ كەتكەن ئەسكەر، ئىشسىز ئاھالە ۋە ئادەتلەنگەن ئوغرى، يانچۇقچى بولۇپ، 310 ئادەمنى يىغىۋالغان.

ئۇلارغا ئەمگەكنى ئاساس قىلىپ، ئىدىيىۋى تەربىيە بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان. بېرىم يىل ئۆگىنىش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى يامان ئادەتلەردىن قول ئۈزگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىپادىسى بىر قەدەر ياخشىلىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئىگە بولۇپ خىزمەتكە تونۇشتۇرغان؛ ئىپادىسى ئادەتتىكىلەرگە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى موزدوزخانا قۇرۇپ بەرگەن.

1950 - يىلى 4 - ئايدا، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى «ئاياللارنى ئەمگەككە كۆندۈرۈش ئورنى» قۇرۇپ، ئاساسلىقى پاھىشە ئاياللارنى يىغقان ۋە ئۆزگەرتكەن. تەربىيىلەش ۋە ئۆزگەرتىش تۆت ئاي داۋام قىلىپ، 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئاياغلاشقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەشى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي كادىرلىرىغا قوبۇل قىلىنغان، قالغانلىرى مۇۋاپىق كەسىپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

(3) قاتناش باشقۇرۇش تۇتۇلغان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 1950 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ قاتناش ساقچىسى كۈچىنى تولۇقلىغان، قاتناش ساقچى ئەترىتىنىڭ ئەسلىدىكى 55 ئادىمى 73 كە كۆپەيتىلىپ، قاتناش قائىدىلىرى تۈزۈلۈپ، قاتناش تەرتىپى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان.

# ئۆتمۈشتىكى كۈلپەتلىك كەچۈرمىشلىرىم

مەن ھازىر 89 ياشقا كىردىم، ئۆمرۈمنىڭ ئازكەم يېرىمى ئېغىر زۇلۇم ـ كۈلپەت، چىدىغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتتى، پەقەت كومپارتىيە زامانىدىلا ھۆرلۈككە، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتىم.

**1**

دادام سەئىدى ھاجىم 1926 ـ يىللىرى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ھەج ـ تاۋاب قىلىش ئۈچۈن بېرىپ، قازا قىلىپ كەتتى. بىز ئاكا ـ ئۇكا ئىككىلا قېرىنداش ئىدۇق، مەن دادامدىن يەتتە ياشتا، ئاكام ئالىمجان ئون ياشتا قالدۇق، ئاپام ئايشىخان دادامدىن كېيىن بىر ئۆمۈر تۇرمۇشقا چىقماي، بىزنى مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتتە بېقىپ چوڭ قىلدى.

بىزنىڭ يۇرتىمىز خوتەن ناھىيە بازىرىدىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تەۋەككۈل يېزا كېرىيە ئۆستەڭ بويى (ھازىرقى قوشنو كەنتى) دېگەن يەردە ئىدى. بىز ئۇ چاغدا مەھەللىدىكى دېھقانلار ئىچىدە خېلى ھاللىق ھېسابلىناتتۇق، ئىككى مو تېرىلغۇ يېرىمىز، 10 مو بوز يېرىمىز بار ئىدى. 1925 ـ، 1926 ـ يىللىرى بولسا كېرەك، يۇرۇڭقاش دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ، كەنتتە ئولتۇرۇشلۇق 40 ـ 50 ئائىلىنىڭ يەر ـ زېمىن، ئۆيلىرىنى ئېقىتىپ كەتتى، ھەش ـ پەش دېگۈچە چىرايلىق بىر كەنت تۈپتۈز بولۇپ كەتتى. ھەممە ئادەم ئۆز جېنى، مال ـ مۈلكىنى قۇتقۇزۇش بىلەن بەنت ئىدى، بىزگە كىممۇ ياردەم قىلسۇن؟ ئاپام بىچارە كۆچى يەتكەن نەرسىلەرنى ئالالىدى، ھەممىدىن ئايرىلدۇق، پەقەت جېنىمىزلا ئامان قالدى، باشقا قوشنىلار ياقا

يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتتى. بىز نەگىمۇ بارالايتتۇق، بىر تۇل ئايال-نىڭ قولىدىن نىمە ئىش كەلسۇن؟ ئاق يەرگە بورا كەپە تىكلەپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق.

تومۇز كۈنلەر ئۆتۈپ جاھان سوۋۇشقا باشلىدى، بىز يەنىلا بورا كەپىدە ئولتۇراتتۇق، ئاپامنىڭ تاغىسىنىڭ رەھمى كەلدى بولغاي، بىر ئېغىز ئۆيىنى بوشىتىپ بەردى، ئۈچ جان شۇ ئۆيدە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدۇق. تۇرمۇشتىكى يوقسۇللۇق، موھ-تاجلىق، ئاچلىق ئۈچ جاننى قىينايتتى، ئاپام بىچارىنىڭ كۆزد-دىن ياش قۇرۇمايتتى. يەر - زېمىندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، خەقنىڭ يېرىنى ئورتاققا تېرىشقا مەجبۇر بولدۇق. بىر يىلى قوشنا كەنتلىك ئەخمەت توختى ئەنجان دېگەن پومېشچىكنىڭ ئۈچ مو يېرىنى ئورتاققا تېرىدۇق، «بىتەلەي تېزەك تەرگىلى چىقسا، كالا ئۆستەڭگە تېزەكلەپتۇ» دېگەندەك ئىش بولدى. شۇ يىلى دەرياغا سۇ كەلمەي قۇرغاقچىلىق بولدى، كەلگەن سۇ بەگ، بوجاڭ، مىرابلاردىن ئاشمىدى. تېرىغان بۇغداي سۇ يۈزى كۆرمەي قۇرۇپ كەتتى، بىر جىگمۇ ئاشلىق ئالالمىدۇق. ئۈچىمىزنىڭ جان بېقىشى تېخىمۇ قىيىنلاشتى. ئاپام باشقىلارنىڭ يىپىنى ئىگىرىپ بېرىپ، بىرەر ۋاقلىق ئاش تېپىپ كېلەتتى. ئاكا - ئۇكا ئىككى-مىز باشقىلارغا كۈنلۈك ئىشلەش، ماللىرىنى بېقىپ بېرىش بەدد-لىگە ئانچە - مۇنچە ئوزۇق - تۈلۈك تېپىپ بىر يىلنى ئۆتكۈز-دۇق. كېيىن جازانىخوردىن خامان ۋاقتىدا بىر چارەك بۇغداي بېرىش شەرتى بىلەن بىر چارەك قوناق قەرز ئېلىپ يەپ، كۆپ قەرزگە بوغۇلدۇق. قەرز ئىگىلىرى كۈندە قەرز سۈيلەپ كېلىپ بار نەرسىلىرىمىزنى ئېلىپ كېتىپ، ئارام بەرمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋان - سېلىقلىرى جاننى قىينايتتى. قىسقىسى، بىزدە بۇ دۇنيادا ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىدى. مۇ-شۇنداق جاپا - مۇشەققەتلىك قىيىن تۇرمۇش ئىچىدە يەتتە - سەككىز يىلنى ئۆتكۈزدۇق.

## 2

بىر كۈنى تەۋەككۈلنىڭ دۈشەنبە كۈنى قىزىيدىغان بازىرىدا بېشىغا چوڭ سەللە ئورىغان، بىر قولىدا هاسا تۇتقان، سېرىق چىراي، ئاق ساقال، ئېگىز بوي، 60 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان روزى شەيخ ئىسلام دېگەن كىشى بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىزگە چىقىپ تۇرۇپ: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار، قولاق سېلىڭلار، خوتەندە مەمتىمىن هەزرىتىم ئىسلام ئاچتى. هەممە ئىش شەرىئەت ـ ‹قۇرئان كەرىم› بويىچە بولىدۇ، ئىسلام ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ئۆلگەنلەر شېھىت بولىدۇ، ئۆلمەي قالغانلار غازى بولىدۇ، ئۇرۇش قىلالايدىغان ئەرلەرنىڭ هەممىسى ئۆزلۈكىمىزدىن ئىسلامغا ئەسكەر بولايلى، ئۇرۇشقا بارمايدىغانلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلايلى»، دەپ تەشۋىق قىلغىلى تۇردى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىسلامغا ئەسكەر بولۇش نىيىتىگە كەلدىم، ئۇرۇشتا ئۆلسەم بۇ جاپالىق تۇرمۇشتىن بىراقلا قۇتۇلارمەن، ئۆلمەي قالسام پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمەن دەپ ئويلىدىم. ئاپام بىلەن ئاكامغا ئۇقتۇرماي، مەھەللىمىزدىكى يۈسۈپ ئاخۇن دەكچى، تۇرسۇن توختاخۇن چىلگە قاتارلىقلار بىلەن بىر كېچىدىلا خوتەنگە قاراپ يول ئالدۇق. يولدا بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى پېشىن ۋاقتى بىلەن خوتەن ئىلچى شەھىرىگە چىقىپ، ئىسلام ئەسكەرلىرىگە قوشۇلدۇق. (ئېسىمدە قېلىشىچە بۇ 1933 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، 5 ـ ئاينىڭ باشلىرى بولۇشى مۇمكىن). بۇ ۋاقىتتا تەرەپ ـ تەرەپ، يۇرت ـ يۇرتلاردىن ئادەملەر كېلىپ، ئەسكەر بولۇۋاتقانىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 40 ـ 50 ياشلىق كىشىلەرمۇ، 15 ـ 16 ياشلىق بالىلارمۇ بار ئىدى، ئۇلارنى ئۆز يۇرتىنى ئاساس قىلىپ، بەن، پەي، لىيەنلەرگە ئايرىپ، مەشىق قىلدۇرۇۋاتقانىكەن. شەھەر سېپىلى ئىچىدە ئىككى ـ ئۈچ ئاي تەلىم ـ تەربىيە ئالدۇق. بەزى كۈنلىرى توقماق ـ كالتەكلەرنى ئېلىپ، شەھەر تەرتىپىنى قوغداشقا چىقاتتۇق. تەشكىلىي تۈزۈم، ئىنـ

تمزام شەرىئەت بويىچە باشقۇرۇلاتتى، ھەر بىر لىيەندە بەش ۋاق نامازغا باشچىلىق قىلىدىغان ئىمام ـ مەزىنلەر بار ئىدى. ئوغرد۔ لىق قىلغانلارنىڭ قولىنى كېسىش، زىنا قىلغانلارنى كالتەكلەپ ئۇرۇش ـ كۆشۈككە سولاپ ئېسىپ قويۇپ سازايى قىلىش، ھەتتا چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش، دارغا ئېسىشقا ئوخشاش جازالاش ئۇسۇللىرى يولغا قويۇلغانىدى.

بىر كۈنى تەۋەككۈل كەنتىنىڭ ھوڭ دېگەن يېرىدىن ئانايەت ئاخۇن شامال دېگەن 30 ياشلاردىكى بىر كىشى «ئوغرى» دېگەن نام بىلەن خوتەن شەھىرىگە باغلاپ ئېلىپ كېلىندى. قازىلار شە۔ رىئەت بويىچە ئۇنىڭ سول قولىنى پەمىلىدىن كېسىشكە ھۆكۈم قىلدى. ئىجراچىلار ئانايەت ئاخۇن شامالنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ، تېڭىپ، سول قولىنىڭ پەمەل ئۇستىدىن زەي شوينا بى۔ لەن بوغدى ۋە ئۇنى كارىۋاتتا ياتقۇزۇپ پۇت ـ قولىنى تۆت ئادەم بېسىپ تۇردى، ئۇستا قاسساپتىن بىرى ھەش ـ پەش دېگۈچە قويىنىڭ پاچىقىنى چىقارغاندەك ئۇنىڭ قولىنىڭ پەمىلىنى كې۔ سىپ تاشلىدى. ئانايەت ئاخۇن شامال نالە ـ زار ئىچىدە ھوشىدىن كەتتى، قان بۇلدۇقلاپ ئاقتى. ئۇنىڭ كېسىلگەن قولى قايناپ تۇرغان ياغقا تىقىلدى. مەن شۇ مەيداندا تەرتىپ ساقلاشقا چىققا۔ نىدىم، بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. ئانايەت ئاخۇنغا قاتتىق ھېسداشلىقىم قوزغالدى، بىچارە بىر قو۔ لىدىن ئايرىلىپ قانداقمۇ تۇرمۇش كەچۈرەر... دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز ياش كەتتى.

ئىجراچىلار ئانايەت ئاخۇننىڭ پۇت ـ قولىنى بوشىتىپ، ئۇنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، كېسىۋالغان قو۔ لىنى ياموٗلىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېقلاپ قويۇشتى. كېيىن بىلدىمكى، ئانايەت ئاخۇن شامالنىڭ ئىلگىرى ئانچە ـ مۇنچە، پارچە ـ پۇرات ئوغرىلىق ئىشلىرى بار ئىكەن، لېكىن بۇ نۆۋەت نەق زاڭ بىلەن تۇتۇلغان ئەمەس ئىكەن. ئۇ سايىت ھاجى دېگەن بىر مۆتىۋەر كىشى بىلەن يەر قوشنىسى بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ئۇزۇندىن بۇ۔

يان يەر پاسىلى جېدىلى بار ئىكەن. سايىت ھاجى ئۆچمەنلىك يۇ-زىسىدىن شەرىئەت قانۇنىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، قولىنى كەستۇرگەنىكەن.

يەنە بىر كۇنى مەتنىياز ئاخۇن دېگەن بىر كىشى «زىنا قىلـ-دى» دەپ بىر ئايال بىلەن قازىخانىغا ئېلىپ كېلىنىدى. ئەرگە 41 دەررە ئۇرۇش، ئايالنى كۆشۈكـكە سولاپ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا ئېسىپ سازايى قىلىشقا ھۆكۇم قىلىندى. ئىجراچى ئەرنىڭ دۇمـ-چىسىگە دەررە بىلەن 41 نى ئۇردى، دۇمچىنىڭ گۆشلىرى تىتىـ-لىپ، پۈتۈن بەدەن قانغا بويالدى. ئايال كۆشۈكـكە سولاپ سازايى قىلىندى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئىدىيەمدە جىددىي ئۆزگىرىش بولدى. ئادەمنىڭ ئۆلۈش ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايدىغان، ھەق ـ ناھەق ئېنىق ئايرىلمايدىغان، خەلققە رەھىم قىلمايدىغان بۇنداق ھۆكۇمەتتە ئىشلىسەم بولمايدىكەن دېگەن ئويغا كەلدىم ـ دە، بىر كېچىدە ئەسكەرلىكتىن قېچىپ ئۆيگە كەلدىم. ئاپام بىـ-لەن ئاكام مېنىڭ ئىسلامغا ئەسكەر بولۇپ كەتكەنلىكىمنى ئۇ-قۇپ، يىغلىشىپ كۆزى يولدا ئىكەن، مېنىڭ قايتىپ كەلگەنلىـ-كىمدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىشتى، بۇ خۇشاللىق ئۇزۇنغا بارمىدى.

### 3

ما خۇسەن ئەسكەرلىرى كېلىپ، ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ خوتەننى ئىگىلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ خەلقنىڭ بې-شىغا كېلىدىغان بالا ـ قازا، زۇلۇملار تېخىمۇ كۆپەيدى. ما خۇ-سەن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، يۇرت ـ يۇرتلارغا بەگ، دورغىلارنى قويۇپ، ئالۋان ـ سېلىقلارنى كۆپەيتـ-تى، ئەرلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتتى. يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇغا بارىدىغان كارۋان يولى بار ئىدى، بۇ يولدىن شېلىڭ شىـ-سەي، خوجانىياز ئەسكەرلىرىنىڭ چېكىنىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، تەۋەككۇل، ئىسلامئاۋاتتا ئەسكەر تۇرغۇزدى. يۇرۇڭقاش دەرياسىـ-

نىڭ ئايىقىدىكى قوشلاش، بوزغا دېگەن ئىككى جايدا ئاتلىق ئەس-
كەرلەر پونكىتى قۇرۇپ، ئىككى پەي ئەسكەر تۇرغۇزدى. 1935 ـ
يىل 9 ـ ، 10 ـ ئاي مەزگىلىدە، تەۋەككۇلگە 120، ئىسلامئاۋاتقا
100 ئەسكەر ئېلىش ۋەزىپىسى كەلدى دەپ، ياشلارنى ئەسكەر-
لىككە تۇتقىلى تۇردى. تەۋەككۇلگە تارى بەگ، ئىسلامئاۋاتقا قا-
سىم بەگلەر بەگ ئىدى. ئۇلار دورغىلارنى ئىشقا سېلىپ،
يۇقىرىلارنىڭ ئۆيلىرىنى كېچە ـ كۈندۈز ئاختۇرۇپ، بالا ـ چاقى-
لىرىنى تۇتۇپ باغلاپ، تارى بەگنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ سولايتتى.
بىر قىسىم ياشلار يۇرت ـ ماكانىنى تاشلاپ يىراق يەرلەرگە قې-
چىپ كەتتى، بىر قىسىملىرى ئېتىز بېشى، جاڭگاللاردا يوشۇرۇ-
نۇپ يۈردى. مەن ئاكام بىلەن ئېتىز بېشىغا بېرىپ، قوناقلىقتا
يوشۇرۇنۇۋالدۇق. كېچىدە ئۆيگە كېلىپ، كۈندۈزى قوناقلىقتا
چىقىپ بىرقانچە كۈننى ئۆتكۈزدۇق. تارى بەگنىڭ مەخمۇت
خوجۇن، روزى مالىماتاڭ دېگەن ئىككى دورغىسى كۈندە كې-
لىپ، ئاپامنى بالاڭنى تاپ دەپ قىينايتتى. بىر كۈنى ئىككى
دورغا كېلىپ: «ئاخىرقى مۆھلەت، بالىلىرىڭ ئۆزى كەلسە بىرنى
ئېلىپ كېتىمىز، كەلمىسە ئىككىلا بالاڭنى تۇتۇپ كېتىمىز»،
دەپ داۋراڭ سېلىپ، ئېغىلدىن بىر قوينى تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى.
بىچارە ئاپام دورغىلارنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ، بىزنى قايتۇرۇپ
كېلىپ، ساندۇق ئاستىغا ئورا كولاپ شۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويدى.
بىرەر شەپە ئاڭلىساق خۇددى چاشقاندەك ئورىغا كىرىۋالاتتۇق.
بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دورغىلار يەنە كەلدى. ئاپامنى
باغلاپ ھويلىدىكى ئۆجمىگە ئاستى، ئاپام بىچارىنىڭ يىغلاپ تۇ-
رۇپ: «بالىلىرىم ھازىر يوق، پەيدا بولسا ئەتە تارى بەگ قېشىغا
ئۆزۈم ئاچىقىپ ھازىر قىلاي»، دەپ يالۋۇرۇشىغا قارىماي، باش ـ
كۆزىگە ئۇرۇپ كەتتى. ئاپامنىڭ يىغا ـ زارى، نالە ـ پەريادلىرىنى
ئاڭلاپ خۇددى يىلان چېقىۋالغاندەك پۇچۇلىنىپ چىدىيالماي
قالدۇق. بىزنى مۇشۇنداق جاپادا بېقىپ چوڭ قىلغان بىچارە ئاپى-
مىزنىڭ ئازاب چېكىشىگە قانداقمۇ چىداپ تۇرالايمىز؟ نېمە

كۆرسەك كۆرەيلى دېدۇق ـ دە، ئورىدىن چىقتۇق. ئاكام يۈرەك-لىك، جىگىرى بار ئوغۇل بالا ئىدى. دورغىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «قېنى مېنى نەگە ئاپارساڭ ئاپارمامسەن، ئاپامنى قويۇۋەت»، دەپ ئىككى قولىنى دورغا مەخمۇت خورجۇنغا تۇتۇپ بەردى. ئاڭغىچە ئاپامنى باغلاقتىن بوشاتتىم. دورغا ئاكامنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلىدى ۋە ئىككىمىزنى ئېلىپ ماڭدى. جاپاكەش، بىچا-رە ئاپام «ۋاي بالىلىرىم، ئاھ خۇدا»... دەپ يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى. قولۇم ـ قوشنىلار ئاپامنى يۆلەپ تەسەللى بەرگەچ، بىز-گە ئاق يول تىلەپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشتى. بىز پېشا-نىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرۈرمىز دەپ ئىككى دورغىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ماڭدۇق. يېرىم سائەتتەك يول يۈرگەندىن كېيىن، كەنت-نىڭ ئايىقىدىكى بىر كونا تۈگمەن بېشىغا كەلدۇق، تۈگمەن ئى-چىدە ئادەملەرنىڭ گەپلەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ھېلىقى ئىككى دورغا بۇ يەردە قېچىپ يوشۇرۇنغان ئادەم بار ئىكەن دەپ تۈگمەن ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئاكام: «قولۇمنى يېشىۋەت»، دېدى. پۇر-سەتتىن پايدىلىنىپ ئاكامنىڭ قولىنى يېشىۋەتتىم. ئاكام ئېشەك باغلايدىغان بىر تال قوزۇقنى يەردىن سۇغۇرۇۋېلىپ، تۈگمەن ئى-چىگە ئۇچقاندەك ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى، ھەش ـ پەش دېگۈچە ھېلىقى ئىككى دورغىنى ئۇرۇپ، باش ـ كۆزلىرىنى ئېتىلدۇرۇپ يىقىتىپ قويۇپتۇ. تۈگمەن ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئادەملەرمۇ تى-كىۋەتتى. ئىش چاتاق بولدى، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىمىز بىر نان، بىر پۇلسىز يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ قاچتۇق. ما خۇسەن ئەسكەرلىرى، دورغا، بەگلەرنىڭ قوغلاپ كې-لىشىدىن قورقۇپ، ئادەمزات ماڭمايدىغان قۇملۇق، چاتقاللىق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈردۇق. جىلغەكدۆڭ، سالجىلىق، قومۇش تو-قاي، ئاچچىق جىلغا، باشتوغراق قاتارلىق توقايلارنى بېسىپ، 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئوتتۇرا توغراق دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق. ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ھېرىپ ماغدۇرىمىزدىن كەتتۇق. كەڭ كەتكەن بۇ چاتقاللىق بىز ئۈچۈن گويا بىر قەپەز،

تەگسىز زىندان بولدى. بۆكلۈك بىر جىغان ئارىسىدا ياتتۇق، نە-
دىمۇ كۆزگە ئۇيقۇ كەلسۇن، ياۋايى هايۋانلارنىڭ بىرەر شەپىسى
ئاڭلانسا، بىزنى تۇتقىلى كەلگەنلەر ئوخشايدۇ دەپ يۈرىكىمىز
گۇپۇلدەپ سېلىپ كېتەتتى. بىز ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بو-
لۇپ تاڭنى قانداق ئاتقۇزغانلىقىمىزنىمۇ بىلمىدۇق. ئەتىگەندە
ئېگىز بىر تۈپ توغراق ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىسام ئا-
دەمزات كۆرۈنمىدى. توغراقتىن چۈشۈپ ئاكامغا: «ئەمدى قاياققا
ماڭىمىز»، دېدىم. ئاكام بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ: «بىز ئاپامنى
يالغۇز تاشلاپ كەتسەك بولمايدۇ، ئۇ جان - جىگەر ئىككى پارە-
سىدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدۇ، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دې-
گەندەك دورغىلار كۈندە كېلىپ بالاڭنى تاپ دەپ قىيناپ ئارام
بەرمەيدۇ، سەن قايتىپ چىقىپ، ئاپامنىڭ هالىدىن ئوبدان خەۋەر
ئالغىن، مەن بىر ئامال قىلىپ ئاقسۇ تەرەپكە كېتىپ، بىر مەز-
گىل شۇ يەردە جان ئېتىپ، جاهان ئوڭشالغاندىن كېيىن قايتىپ
چىقىمەن»، دېدى. مەن: «ئاكا، سەندىن ئايرىلمايمەن، قايەرگە
بارساڭ بىللە بارىمەن، نېمە كۆرسەك تەڭ كۆرەيلى»، دېدىم
يىغلاپ تۇرۇپ. ئاكام: «ياق ئۇكام گەپ ئاڭلا، بىز دادامدىن كىچ-
چىك قالغاندىن كېيىن بىچارە ئاپام نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت،
ئازاب - خورلۇقلارنى تارتىپ بىزنى چوڭ قىلدى، ئىككى يۈرەك
پارىسىدىن ئايرىلسا بۇ ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، بىرىمىز
بولساقمۇ ئاپامنىڭ قېشىدا تۇرۇپ هالىدىن خەۋەر ئالايلى»، دې-
دى. ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ
ئايرىلدۇق. ئاكامنىڭ قارىسى كۆرۈنگىچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇر-
دۇم. ئۇ قاتمۇقات قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. بۇ
ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ يەنە ئۆلۈم يولىغا مېڭىش ئىدى. ئاكام مېنىڭ
هەم ئاكام، هەم دادام، شەپقەتچىم ئىدى، ماڭا بەكمۇ كۆيۈنەتتى،
باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا يول قويمايتتى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ
قېلىش مەن ئۈچۈن ئۆلگەن بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭدىن
ئايرىلىپ قېلىشقا زادى كۆزۈم قىيمايتتى. بۇلارنى ئويلىغانسې-

رى يۈرەك ـ باغرىمنى قىرىنداشلىق، مېھرىبانلىق ئوتى كۆي-
دۈرەتتى، ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغا تۇتۇپ كۆزۈمدىن ياش بۇل-
دۇقلاپ ئاقاتتى. نېمە ئامال ئاخىر ئارقامغا قايتىپ ئۆيگە قاراپ
يول ئالدىم. ئاكامنىڭ شۇ كەتكىنىچە ھېچقانداق ئىز ـ دېرىكى
بولمىدى.

## 4

ما خۇسەن خوتەنگە كەلگەن كۈندىن باشلاپ پۇقرالارغا بىر-
دەممۇ ئارامچىلىق بەرمىدى، پۇقرالارغا سالىدىغانلىكى زۇلۇمنىڭ
ھەممىسىنى سالدى، يۇرت ـ يۇرتلارغا ۋەزىپە چۇشۇرۇپ ئەرلەرنى
ئەسكەرلىككە تۇتتى، پۇقرالارغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەي-
تىپ، ئالۋان ـ سېلىقلارنى كۆپەيتتى. دەن ئاشلىقى (بىر دەن
10 چارەك)، ئات، ئېشەك، قوي، كالا، توخۇ، ئۆردەك، تۇخۇم، ئو-
تۇن ـ سامان، پىچان، كىگىز ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە، خام
(ماتا)، ئىگەر ـ يۈگەن، كۆن ـ خۇرۇم قاتارلىق ئالۋان ـ سېلىق
18 خىلدىن ئاشتى. زالىم تارى بەگ قانخور لۈكچەكلەردىن 30 ـ
40 دورغا تەشكىللەپ، شۇ دورغىلار ئارقىلىق ئالۋان ـ سې-
لىقلارنى يىغدۇراتتى. دورغىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەسكىسى،
مۇناپىقى مەخمۇت خۇرجۇن بولۇپ، بۆكىنى ئەكەل دېسە بېشىنى
كۆتۈرۈپ كېلەتتى. ئالۋان ـ سېلىقنىڭ ھەربىر تۈرىگە ئىككى-
دىن دورغا مەسئۇل بولۇپ، ئىشىك بېشىدىن كەتمەيتتى. تارى
بەگنىڭ ئۆيى قاقشال كەنتىنىڭ قۇم بويىدا بولۇپ، 20 ـ 25
ئېغىز ئۆيى، ئېغىل ـ قوتانلىرى بار ئىدى، يىغىلغان ئالۋان ـ
سېلىقلارنى شۇ ئۆيلەرگە جۇغلاپ، ما خۇسەن ھۆكۈمىتىگە يەت-
كۈزۈپ بېرەتتى. تارى بەگ ما خۇسەننىڭ زۇلۇم قامچىسىنى قو-
لىغا ئالغاندىن كېيىن، ئىنتايىن قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ
پۇقرالارنىڭ قان ـ يىلىكىنى شورىدى، ئالۋان ـ سېلىقنى تۆلى-
يەلمىگەن دېھقانلارنى تۇتۇپ كېلىپ باغلاپ، ئۇرۇپ قىيناپ
سولاپ قوياتتى، ھەتتا بەزىلىرىنى باغلاپ دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ

ئاپتاپقا قاقلاپ، سۇ، نان بەرمەي ئۆلۈك جان قىلىپ قويۇپ، ئاندىن مۇددەت بەلگىلەپ كېپىلللىككە قويۇپ بېرەتتى. بۇنداق ئايىقى ئۈزۈلمەيدىغان ئالۋان ـ سېلىقنى كىممۇ تۆلەپ تۈگىتەلىسۇن؟

تەۋەككۈلگە ئىككى قېتىمدا 120 نەچچە ئەسكەر ئېلىش ۋەزىپىسى كەلدى. تارى بەگ 15 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتتى. پۇلى بار بايلاردىن پارا يەپ بالىلىرىنى قويۇپ بېرىپ، ئورنىغا كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى تۇتۇپ بەردى. ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان دېھقان بالىلىرىنىڭ تولىسى ما خۇسەننىڭ قولىدا ئۆلدى، ئۆلمەي قالغانلىرىمۇ مېيىپ بولۇپ قايتىپ كەلدى. تارى بەگ ما خۇسەننىڭ يۈرگۈزگەن قانلىق سىياسىتى ئاستىدا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور نەپ ئالدى.

ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياۋۇزلاردىن ئىدى، ئۇلار پۇلى بارلاردىن مال ـ دۇنيالىرىنى بۇلايتتى، خوتۇن ـ قىزلارنى ھەيدەپ كېتىپ ئاياغ ئاستى قىلاتتى، قارشىلىق قىلغانلارنى ئۇرۇپ ئۆلۈك جان قىلىپ قوياتتى. تەۋەككۈل، ئىسلامئاۋات زېمىنىنى قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلاپ كەتتى، خەلقنىڭ تىرىكچىلىك، ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىدى.

1936 ـ يىلى 7 ـ ئاي مەزگىلىدە تەۋەككۈل خەلقى زۇلۇمغا چىداپ تۇرالماي ئەخمەت سەيدارى، شاكىر كۆك، ئابدۇراخمان جىگدەك قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ما خۇسەننىڭ ئازنا بازار، ئىسلامئاۋات، چارشەنبە بازار شوتاڭلىرىدىكى ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، خەلقنى بىر كۈن ئازاد قىلدى، بىراق قوزغىلاڭ تېزلا مەغلۇپ بولدى، ما خۇسەن ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كەلدى. دەسلەپتە كەنتنىڭ بېشى ھوشۇدىكى ئىمىن ھاجىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، ئېغىلدىكى قويلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ ئۆلتۈرۈپ يېدى. ئىمىن ھاجى: «سىلەرنىڭمۇ چوشقىلار باردۇر»، دېگەندە، نەق مەيداندا ئې-

ـتىپ تاشلىدى. بۇ خەۋەر يۇرتقا تارقالغاندىن كېيىن، دېھقانلار خۇددى قوشتىن ئۈركىگەن قۇشتەك تەرەپ ـ تەرەپلەرگە قېچىپ، ئەتراپتىكى جاڭگال، چۆل ـ جەزىرىلەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. قوزغىلاڭچىلار يۈرۈگۈچلار دەرياسىنى بويلاپ، ئاقسۇ، كۇچا، شايار تەرەپلەرگە كەتتى. قوزغىلاڭغا قاتناشمىغان دېھقانلار بىزدە گۇناھ بولمىغاندىكىن دەپ يوشۇرۇنغان جايدىن چىقسا، تارى بەگ ھەممىسىنى تۇتۇپ، ئازنا بازىرىدىكى شوتاڭغا سولىدى. ئۇ ئادەملەر توپىدىن كىمنى كۆرسەتسە، ما خۇسەن ئەسكەرلىرى شۇنى چاپاتتى. تارى بەگ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆچ ـ ئاداۋىتى بار كىشىلەرنى زىيۋازى (ئوغرى) دەپ ئايرىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ كىشىلەر توپىدىن 36 ئادەمنى ئايرىپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى. قوشنىسى يۇسۇپ دېۋانەم 70 ياشلاردا بولۇپ، ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ ماڭغاندا تارى بەگكە: «بېگىم مەن كىم ئۈچۈن ئۆلىمەن، سەۋەبىنى ئۇقۇپ ئۆلسەم كۆزۈم يۇمۇلىدۇ»، دېگەندە، تارى بەگ: «ئوغلۇم، ھاشىم دېۋانەم ئۈچۈن ئۆلىسەن» دېدى. يۇسۇپ دېۋانەم: «رەھمەت سىلىگە، بۇنداق ئۆلۈمنى ئۆمرۈمدە تاپماس» دەپ، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. 36 بىگۇناھ پۇقرا ئازنا بازىرىنىڭ شەرقىدىكى شورلۇقتا چېپىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇندىن باشقا ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ قاچقانلاردىن قوغلاپ يۈرۈپ ئېتمۆەتكەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇ 7 ـ ئاي بۇغداي پىشقان ۋاقىت بولۇپ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، كەنتتە ئۇششاق باللار، قېرى، ئاجىز ئاياللارلا قالدى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ جان قايغۇسى بىلەن ئىدى. شۇ يىلى ئېتىزلاردىكى بۇغدايلار تولۇق يىغىۋېلىنمىدى، ئورنىغا قوناق تېرىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، نۇرغۇن ئادەم يۇرتتىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

مەن ئاچ قورساق ئىككى كېچە ـ كۈندۈز چۆلدە يۈرۈپ، كېچىدە ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. كەلسەم ئۆيدە ئاپام يوق. قوشنىلاردىن ئۇقسام، تارى بەگنىڭ دورغىلىرى ئاپام بىلەن يەڭگەمنى تۇ-

تۇپ كېتىپتۇ. بېشىم قاتتى، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئەتىسى قوشنىلاردىن يۇسۇپ ئاخۇن دەكچى ئاپامغا كېپىل بولۇپ ئەكىرىشكە چىقىپ كەتتى. تارى بەگ: «بالاڭنىڭ يۈرىكى نېمە دېگەن چوڭ، دورغىلىرىمىزنى ئۇرۇشقا پېتىنىپتۇ، قايەردىن بولمىسۇن تاپىسەن، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن»، دەپ ئاپامغا تەھدىت ساپتۇ. قوشنىمىز يۇسۇپ ئاخۇن دەكچى ئارىغا چۈشۈپ: «مەن كېپىل بولاي، بالىسىنى چوقۇم تاپىمەن، ھازىر بۇ ئايالنى قويۇپ بەرسىلە»، دېگەندىن كېيىن، «ئوغلۇڭنى تېپىپ بەرسەڭ ھېچ گەپ يوق، بولمىسا 150 دادەن ئاشلىق تاپشۇردسەن»، دەپ، ھەپتىلىك مۆھلەت بىلەن ئاپامنى قويۇپ بېرىپ، يەڭگەم ئايىمخاننى ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرىنى كۈتۈشكە ئېلىپ قاپتۇ.

ئاپام مېنى كۆرۈپ: «ئاكاڭدىن ئايرىلدۇق، ئەمدى سەندىن ئايرىلىپ قالساق بولمايدۇ، دورغىلار كۈندە ئىزدەپ كېلىۋاتىدۇ، كۈندۈزى تالا ـ تۈزگە چىقماي، ساندۇق ئاستىدىكى ئورىدا ياتقىن»، دەپ جېكىلىدى. بىر ھەپتىلىك مۆھلەت توشتى، دورغىلار يەنە كېلىپ: «بالاڭنى تاپ، بولمىسا ئاشنى تاپشۇر»، دەپ ئاپامنى قىستىغىلى تۇردى. ئاپام بەزى كۈنلىرى ئىشىكنى قۇلۇپلاپ سىرتقا چىقىپ كېتىپ ئۆيگە كەلمىدى. بۇنداق كۈنلەردە دورغىلار ئىشىك تۈۋىدىن كەتمەي، كۈن بويى ساقلاپ ئولتۇراتتى. دورغىلار ئۆينى بىرقانچە قېتىم ئاختۇرۇپمۇ مېنى تاپالمىدى. مەن ساندۇقنىڭ ئاستىدىكى قاراڭغۇ، زەي ئورىدا بىر ئايغا يېقىن ياتتىم. كۈندۈزى ئورىدىن چىقمىدىم، كېچىدە ئانچە ـ مۇنچە سىرتقا چىقىپ ھەرىكەت قىلدىم. بىرەر شەپىنى ئاڭلىغان ھامان ئورىغا كىرىۋالاتتىم. قىش كېلىپ سوغۇق باشلاندى، زەي ئورىدا يېتىۋېرىپ كۈندىن كۈنگە زەئىپلىشىپ، سالامەتلىكىم ناچارلىشىپ كەتتى. بۇ تىرىك تۇرۇپ گۆرگە كىرگەن بىلەن باراۋەر ئىدى.

ئاپام تارى بەگنىڭ قېشىغا چىقىپ: «بېگىم، بۇ كىچىك گۈزەل قىزغا ئىچلىرى ئاغرىسۇن، قىزىمنىڭ قورسىقىدا بار،

ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ھايۋانلارغا تۇتۇپ بەرسىلە ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىپ قالىدۇ»، دەپ، تارى بەگنىڭ پۇتىنى قۇ-چاقلاپ يىغلاپتۇ. رەھىمسىز زالىم تارى بەگ: «بالاڭنى تېپىپ ئەچىقىپ بەر، بولمىسا 150 دادەن ئاشنى تاپشۇر، شۇ چاغدا قىـ-زىڭنى قويۇپ بېرىمەن، بولمىسا قىزىڭنى ئىزدەپ چىققۇچى بولما»، دەپ قوغلىۋېتىپتۇ. ئاپام ئىنتايىن تەڭلىكتە قالدى. مې-نى تاپشۇرۇپ بېرەي دېسە، ئاكامدىن ئايرىلدى، ئەمدى مەندىن ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىمايتتى. ئاش تاپشۇرايلى دېسەك، قورساق-قا تويغۇدەك يېگىلى نان يوق ئەھۋالدا 150 دەن ئاشلىقنى نەدىن-مۇ تاپقۇلۇق. ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق، ئەت يۇمشاق، تاياق قات-تىق، نېمە ئامال؟ بىچارە ئايال «ئى، ياراتقان تەڭرىم، بەندەڭنى بۇنداق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك كۈنلەردىن يىراقلا قۇتقۇزۇپ، جې-نىمنى ئالساڭچۇ، ئاھ خۇدا...»، دەپ نالە قىلغىلى تۇردى. ئاپام-نىڭ يىغا ـ نالىسىگە چىداپ تۇرالمىدىم ـ دە، ئورنىدىن چىقىپ، ئاپامنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئانا ـ بالا ئىككىمىز قۇ-چاقلىشىپ بىر ھازا يىغلاشتۇق. «ئاپا، مېنى ئەچىقىپ تارى بەگكە تاپشۇرۇپ بېرىڭ، ئەسكەرلىككە سالامدۇ ياكى ئىشقا سالامدۇ، ئۆلۈپ قالمىسام قايتىپ كېلەرمەن، پېشانەمگە پۈتۈل-گەننى كۆرەرمەن، يەڭگەمنى قايتۇرۇپ ئەكىلەيلى، ئۇنىڭ بويىدې-شىدا بار، ئاكامدىن ئايرىلدۇق، ئەمدى ئۇنىڭ ئايالى بىلەن دۇن-ياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ قالساق بولمايدۇ»، دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدىم. ئاپام بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، مەن تارى بەگنىڭ قېشىغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ باقاي دەپ ، ئۆيدە تۆت چارەك ئاش پاتقۇدەك بىر مىس چۆگۈن بار ئې-دى، شۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. تارى بەگ چۆگۈننى ئېلىپ: «بالاڭ ئەسكەر بولمايدۇ، قوشلاشتىكى ئەسكەرلەرگە ئالتە ئاي چاي قاينىتىپ بەرسۇن، ئالتە ئايدىن كېيىن ئورنىغا ئادەم ئالماشتۇ-رۇپ بالاڭنى قويۇپ بېرىمەن. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىپىنى ئورۇندىغان بولىسەن، بۇنىڭدىن كېيىن دورغىلار ئىزدەپ بارمايدۇ»، دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاپام مېنى تارى بەگگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، يەڭ-گەمنى ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى.
تارى بەگنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ بەش - ئالتە كۈن ئات باقتىم. بىر كۈنى تارى بەگ مېنى قوشلاشتىكى ئەسكەرلەرگە نان توشۇي-دىغان ئېشەكچىلەرگە قوشۇپ قوشلاشقا ماڭغۇزدى. مەن بارغان كۈندىن باشلاپ ئالتە چوڭگۇندە چاي قايناتقۇچ ۋەزىپىسىنى تاپ-شۇرۇۋالدىم. ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ئالتە چوڭگۇندە قايناقسۇ قاي-نىتىپ قويدۇم. كىم بىلسۇن، لى فۇگۇەن ئەتىگەندە يۇزىنى يۇ-يۇش ئۈچۈن ئۇقۇشماستىن قايناتقان قويغان سۇنى قولىغا قو-يۇپ سالدى، قولى قايناقسۇدا كۆيۈپ قالدى. «ۋۇ خۇندەن» دەپ قولىقىمنى سوزۇپ، كاللا - باشلىرىمغا ئۇرۇپ كەتتى، ياتقۇزۇپ ئىككى - ئۈچنى قاتتىق دەسسىۋەتتى، بىر قوۋۇرغام ئىگىلىپ، نەپەس ئالالماي، يۆچۈلىنىپ تۇگۇلۇپ كەتتىم، ئورنۇمدىنمۇ تۇرالمىدىم. ئات باقار تۇرەك ئاخۇن بەگگى لى فۇگۇەننى تۇتۇۋې-لىپ: «خاپا بولماڭ، بالا كىچىك، ئىش ئۇقمايدۇ، يېڭى كەلدى»، دەپ تىلىۋالدى. ئۇ مېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئىككى قولۇمنى بوي-نىغا گىرە قىلىپ سىلىپ، قولىنى ئۇششاق قوۋۇرغا تەرەپتىن قوۋۇرغا ئاستىغا تىقىپ، ئىگىلگەن قوۋۇرغىنى رۇسلاپ قويدى. نەپەس ئېلىپ ئازابتىن بىرئاز يېنىكلىگەندەك بولدۇم، لېكىن روھىي ئازاب تېخىمۇ ئېغىرلاشتى، «مېنىڭ كۆرگۈلۈكۈم تېخى ئالدىمدا ئوخشايدۇ، بۇ زالىملارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن»، دەپ يىغلاپ كەتتىم. تۇرەك ئاخۇن بەگگى ماڭا تە-سەللى بېرىپ: «بىز دېھقانلارنىڭ نېمە ئامالىمىز بولسۇن، پېشا-نىمىزگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر. ئالتە چوڭگۇندىن ئۈچ چوڭگۇنگە توختىماي چاي قايناتتىڭ، ئەس-كەرلەر چاينى كۆپ ئىچىدۇ، ئۈچ چوڭگۇندە يۇز يۇيۇش ئۈچۈن ئىسسىق سۇ تەييارلاپ قويۇڭ»، دەپ ئۆگىتىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن شۇ بويىچە ئىشلىدىم. بۇ لىيەندە ناسىر ئاخۇن دەيدىغان تۇرپانلىق بىر فۇگۇەن بار ئىكەن، ئۇ خەنزۇچە گەپ بىلىدىكەن،

تۇڭگانلارنىڭ گېپىنى ماڭا ئۆرۈپ بەردى، ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنداق ئۇقۇشماسلىق ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلمىدى.

ھەر كۈنى ئىككى ئاتلىق ئەسكەر خىراۋان، پاختەك، مۆمۈن، ئاقباش، مارجان، مازارتاغلارغىچە بىرىپ چارلىغاندىن باشقا، قالغان ئەسكەرلەر قىمار ئويناش، ئەپيۇن چېكىش بىلەن بولاتتى، ئاندا - ساندا دەرياغا چۈشۈپ ئاتلىق مەشىق ئېلىپ باراتتى.

بىر كۈنى ناسىر فۇگۇەن: «مېنىڭ ئەسلىي يۇرتۇم تۇرپان، ما خۇسەن شىنجاڭغا چىققاندا بىر قىسىم تۇرپان ياشلىرىنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتتى، ئاتا - ئانام مېنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىمنى، قايەردىلىكىمنى ئۇقمايدۇ، تۇرپاندىن بۇ يەرگە كەلگۈچە نۇرغۇن ئۇرۇشقا قاتناشتىم، مېنىڭ جېنىم ئامان قالدى، مەن بىلەن بىللە چىققانلاردىن بىر قىسمىنىڭ جەستى چۆل - جەزىرىلەردە قېلىپ، قارغا - قوزغۇنلارغا يەم بولدى. بىزنىڭمۇ جەستىمىز ھامان چۆلدە قالىدۇ. مەن ما خۇسەننىڭ قولىدىن قېچىپ كېتىشنى كېچە - كۈندۈز ئويلاپ كەلدىم، پۇرسەت چىقماي قاچالمىدىم، ئەمدى پۇرسەت كەلدى، بىللە قېچىپ تۇرپانغا كېتەيلى»، دېدى. «قانداق قاچىمىز، تۇتۇلۇپ قالساق بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ»، دېدىم. ئۇ: «ھەر كۈنى ئىككى ئاتلىق ئەسكەر يول چارلاپ مازارتاغقا بارىدۇ، ماڭا چارلاش نۆۋىتى كەلگەندە سەن لى فۇگۇەنگە مەنمۇ بىللە باراي دېگىن، قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، مازارتاغقا بارغاندا ھەمراھ ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قاچىمىز، ئىككى - ئۈچ كۈندە ئاقسۇ تەۋەلىكىگە كىرىپ كېتىمىز، ئۇ يەردە شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بار»، دېدى. مەن قوشۇلدۇم، تەييارلىق پۇتۇپ پۇرسەت كەلگەندە قاچماقچى بولدۇق، لېكىن شۇ كېچىسى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. كۆپ ئويلاندىم، ئىلگىرى بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم، بولۇپمۇ تارى بەگنىڭ «ئاكاڭ قاچقاندى سەن تۇتۇلدۇڭ، سەن قاچساڭ ئاپاڭ بىلەن يەڭگەڭنى تۇتىمىز، ھەرگىز قاچقۇچى بولما»، دېگەن گېپى ئېسىمگە كەل-

ـدى. مەن قىچىپ جىنىمنى جان ئەتسەم ئاپام بىلەن يەڭگەم قانداق كۆنگە قالار دەپ ئويلىدىم، ئۇلارنى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە تۇ-تۇپ بېرىشكە ۋىجدانىم چىدىمايتتى، قاچماي دېگەن ئويغا كەل-دىم. ئەتىسى ئەتىگەندە ناسىر فۇگۇەنگە: «مەن قاچماي، مەن كەتسەم ئاپام بىلەن يەڭگەم مۇشۇلارنىڭ قولىدا قالىدۇ، سىز كې-تىڭ، مەن قېچىشىڭىزغا ياردەملىشىمەن»، دېدىم. ئۇ ماڭا: «بۇ گەپنى بىر كىشى ئۇقمىسۇن، بولمىسا قېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆلۈمىمىزنى كۆرىمىز»، دېدى. مەن: «خاتىرجەم بولۇڭ، ھېچ كىشىگە تىنمايمەن، بىرىمىز بولساقمۇ بۇ زالىملارنىڭ قولىدىن قۇتۇلغىنىمىز ياخشى»، دېدىم. ئۇ يەنە: «پۇرسەت تېپىپ بىر سومكىغا نان، كۆكەيگە سۇ قاچىلاپ گازارمىدىن 200 مېتىر يىراقلىقتىكى بىر توغراقنىڭ تۈۋىگە قويۇپ قوي، شۇ يەردىن تېپىۋالىمەن»، دېدى. مەن دېگەندەك قىلدىم، ئۇ بىر ئەتىگىنى يول چارلاشقا كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ئۆز يۇرتىغا يېتىپ بارالىدىمۇ ياكى جەسىتى چۆل ـ جەزىرىلەردە قالدىمۇ، بۇنى ئۇقمايمەن.

ناسىر قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ليەندىكى ئەسكەرلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتتى. ليەندە ئەسكەرلەرنىڭ قېچىپ كېتىد-شىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى بەلگىلىنىپ، قاتتىق ئىنت-تىزام تۇرغۇزۇلدى.

ليەننىڭ تەمىناتى ئۈچۈن يۇقىرىلاردىن بۇلاپ ئېلىنغان ئاش-لىق، گۆش، ياغ، تۇخۇم، سەي، ئوت ـ سامان، بوغۇز قاتارلىقلار ئېشەك بىلەن ئىككى كۈندە بىر قېتىم يەتكۈزۈپ تۇرۇلاتتى. مەخسۇس بىر ئادەم خەت ـ ئالاقە توشۇيتتى.

بىر كۈنى ئەسكەرلەر زاپاس قوراللىرىنى گازارمىدا قويۇپ، ئاتلىرىنى مىنىپ دەرياغا مەشىق قىلىشقا كىرىپ كەتكەنىدى. تۇرسۇن قاقشال كەنتتىن ئالاقە ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئالاقد-نى تاپشۇرۇۋالىدىغان لى فۇگۇەن يوق ئىدى. تۇرسۇن قاقشال گازارمىدىكى قورال ئىچىدىن بەش ئاتار مىلتىقنى ئېلىپ: «ھەي،

مۇشۇ نەرسە بولسا ما خۇسەننىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئاسان بولات-تى» دەپ، مىلتىقنى شاراق ـ شۇرۇق قىلغاندى، پاڭ قىلىپ بىر پاي ئوق چىقىپ كەتتى. تۇرسۇن قاقشال قورققىنىدىن غال ـ غال تىترەپ، مىلتىقنى تاشلاپ جاڭگالغا قاچتى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەسكەرلەر مەشىق مەيدانىدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، تۇرسۇن قاقشالنى تۇتۇپ كەلدى. ئۇنىڭ يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي، ئاستىغا كۆتەك قويۇپ، ئىككى پۇتىنى تىزىنىڭ ئاس-تىدىن كالتەك بىلەن ئۇرۇپ چۇل ـ چۇل قىلىپ چىقىۋەتتى. پاچاقنىڭ سۆڭەك پارچىلىرى گۆشنى تېشىپ چىقىپ ئۇچۇپ كەتتى. پاچاقتىن قان ئېقىپ تۇرسۇن قاقشال ھوشىدىن كەتتى. لى فۇگۇەن: «ئاپىرىپ توغراق تۈۋىگە تىرىك كۆمۈۋېتىڭلار»، دې-دى. شۇ يەردە بار بىرقانچە ئۇيغۇرلار لى فۇگۇەنگە يالۋۇرۇپ تى-لىۋالدۇق، كەنتتىن ئوت ـ پاسار ئەكەلگەن ئېشەكچىلەرگە تۇت-قۇزۇپ، ئېشەككە ئارتىپ بەردۇق. ئۇ ئىككى پۇتى يىرىڭداپ سې-سىپ ئۇزۇن قالماي ئۆلۈپ كەتتى.

6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى دەرياغا كەلكۈن كېلىشتىن بۇرۇن، 2 ـ لىيەنگە قايتىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى. بۇيرۇققا بىنائەن يولغا چىقتۇق. لى فۇگۇەن ئەپيۇن چېكەتتى، چېكمىدىغان ئەپيۇنى تو-گەپ قالغانمۇ قانداق، خۇمارى تۇتۇپ ئاتتا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇنىڭدا ئۈچ ئات، بىر تاپانچا، بىر تال بەش ئاتار مىلتىق بار ئى-دى. بەش ئاتارنىڭ ئوقىنى چىقىرىۋېلىپ ماڭا كۆتەرتىپ قويدى. مىلتىقنى يۇدۇپ، لى فۇگۇەننىڭ ئېتىنى يېتىلەپ كېتىپ بارات-تىم، تار توقاي دېگەن يەرگە كەلگەندە يولغۇن تۈۋىدىن تۇيۇقسىز بىر توشقان يۈگۈرۈپ چىقتى، ئات ئۈركۈپ، لى فۇگۇەن يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ يەردە يېتىپ ئاتنى ئېتىۋەتتى. «ئاتنى نېمىشقا چىڭ تۇتمايسەن؟» دەپ قولۇمدىكى بەش ئاتارنى تارتىۋېلىپ، پاينىكى بىلەن بېشىمغا تۆتنى سالدى، بېشىم يېرىلىپ، باش ـ كۆزۈم قانغا بويالدى. ئاغرىق ئازابىغا چىداپ تۇرۇپ يەنە بىر ئاتنى تەي-يار قىلىپ، لى فۇگۇەننى ئاتقا مىندۇردۇم. شۇ كۈنى كەچتە

ئىسلامئاۋاتقا چىقىپ، قاسىم بەگنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق، قاسىم بەگ كاتتا زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. ئەسكەرلەر بىر كېچە ـ كۈندۈز دەم ئېلىپ ئويناشقا قويۇۋېتىلدى، بۇ ھايۋان تەبىئەت ئەسكەرلەر تەرەپ ـ تەرەپكە تاراپ، يۇقىرالارنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، خوتۇن ـ قىزلىرىنى قېرى ـ ياش دېمەي ئاياق ئاستى قىلدى، قارشىلىق قىلغانلارنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ، چالا ئۆ-لۈك قىلىپ قويدى. ئەتىسى تەۋەككۇلگە ئۆتۈپ تارى بەگنىڭ ئۆ-يىدە قوندۇق، ئۇ يەردىمۇ قاسىم بەگنىڭ ئۆيىدە قونغاندا يۈز بەرگەن ئىشلار تەكرارلاندى. ئۇنىڭ ئەتىسى تۆگەن ئەسكەرلەر خوتەنگە چىقىپ كەتتى، مەن ئايرىلىپ قالدىم. تارى بەگ مېنى قويۇۋەتتى، ئۆيگە كېلىپ ئاپام ۋە يەڭگەم بىلەن جەم بولدۇم.

## 5

يۇرۇڭقاش دەرياسى پەسىللىك دەريا بولۇپ، ھەر يىلى 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا دەرياغا كەلكۈن كېلىپ ئىسلامئاۋات بىلەن تە-ۋەككۇل ئوتتۇرىسىدا دەريادىن ئادەم ئۆتەلمەيتتى. بۇ ۋاقىتتا دەرياغا كېمە سېلىپ كېمە بىلەن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. يىراقراق تۇغقىنىمىز مەتقۇربان ئاخۇن كۆيەك دېگەن كىشى دەر-يادا كېمە ھەيدەيتتى، ئاپام مېنى ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا بەردى. بىر كۈنى كېچىدە كېمىنى ساقلاپ ياتسام، يۇقىرى تەرەپتىن دەر-يانى بويلاپ ئاتلىق ۋە پىيادە نۇرغۇن ئادەم كېلىپ: «كېمىنى ئۇ ياققا ھەيدە»، دېدى. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقالماي گاڭگىراپ قالدىم. ئۇلار: «بىز ما خۇسەننىڭ ئازنا بازار شوتاڭدىكى ئەسكەر-لىرىنى يوقاتتۇق، ئەمدى ئىسلامئاۋاتتىكى ئەسكەرلەرنى يوقى-تىپ، خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىمىز»، دېدى. مەن دەرھال كېمى-نى تارتىپ كېچىككە سېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى دەريادىن ئۆتكۈز-دۇم ۋە كېمە پالىقىنى سۇندۇرۇپ كالتەك بىلەن قولۇمغا ئالدىم ـ دە، قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدىم. قارىسام قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا بىرقانچە ئادەم يۈزىگە نىقاپ تارتىۋاپتۇ.

تاڭ سەھەر ناماز بامداتتا ئىسلامئاۋات چارشەنبە بازارغا باردۇق. چوڭ خانىقانىڭ ئالدىغا كەلسەك، ما خۇسەنىنىڭ بىر ئەسكىرى مەسچىتكە كىرىپ كەتتى، بىز ئارقىسىدىن بېسىپ كىردۇق. ئىسلامئاۋات قاچچىئېرىقتىن قۇربان ئاخۇن تۇخى ئارقىسىدىن كېلىپ قۇچاقلىۋالدى، ئاڭغىچە مەنمۇ بېرىپ تۇتۇۋالدىم. مەسچىتنىڭ ئىمامى ھېكىم ئەلەم ئاخۇنۇم دېگەن كىشى كېلىپ: «بۇ خۇدانىڭ ئۆيى، بۇ يەردە جېدەل چىقىرىشقا بولمايدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە، قان تۆكۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ»، دەپ قويدۇرۇۋەتتى. بۇ ئەسكەر قېچىپ چىقىپ بىزگە قارىتىپ ئوق ئاتتى، تەۋەككۇل تۇگمەنئېرىقتىن جالالىك ئاخۇن تاغ دېگەن كىشىگە ئوق تېگىپ شۇ مەيداندا ئۆلدى. ئىسلامئاۋات ئۇزۇن كۆلدىن تاۋارىن ئاخۇن توكا دېگەن كىشىگە ئوق تېگىپ يىقىلدى (كېيىن ئۆلدى)، تەۋەككۇل قاچچى كەنتىدىن قادىر ئاخۇن چاۋا دېگەننىڭ پاتىمىغا ئوق تەگدى (ئۇ كېيىن ساقايدى). ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ باشقا ئەسكەرلەر تۆپۈپ قېلىپ، بىزگە قارىتىپ ئوق چىقاردى. بىز تەرەپمۇ ئولجا ئالغان مىلتىق ۋە يەرلىك ئۇسۇلدا ياسىۋالغان پاۋان مىلتىقلاردىن ما خۇسەن ئەسكەرلىرىگە قارىتىپ ئوق چىقاردۇق. ئىككى تەرەپ بىر ئاز تىركەشكەندىن كېيىن، ما خۇسەن ئەسكەرلىرى ئوق ئېتىپ تۇرۇپ قاراقاش دەرياسى تەرەپكە، يەنى ئىسلامئاۋاتنىڭ غەربىگە قاچتى. قوزغىلاڭچىلار توپى قالايمىقاندى. ھەممە كىشى ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ، كالتەك، پالتا، ئارا قاتارلىق قوراللار بىلەن قاچقان ئەسكەرلەرنى خېلى بىر يەرگىچە قوغلاپ باردۇق. بىز پىيادە، ئۇلار ئاتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئارقىسىدىن يېتەلمەي قايتىپ كەلدۇق. چارشەنبە بازارغا كەلسەك، ۋاڭ دۇيجاڭ دېگەن ئەسكەر قاچقاندا جىگدىگە سوقۇلۇپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ياتقانىكەن. ئىسلامئاۋات قۇمئېغىلدىن تۇردى ئاخۇن كاسكى: «قوي ئەكەلسەم ئورۇق دەيسىز، پىچان ئەكەلسەم ياراتمايسىز، قوناق ئەكەلسەم ئاز دەيسىز، مانا ئەمدى تويۇڭغا»، دەپ كالتەك بىلەن بېشىغا ئىككىنى سالغانىدى، غىڭ

قىلماي ئۆلدى. ئىسلامئاۋاتتا ئىككى ئەسكەر ئۆلتۈرۈلدى، ئالتە ئەسكەر قېچىپ كەتتى. قوزغىلاڭچىلار ئىسلامئاۋاتتىكى قاسىم غېجەكنىڭ ھويلىسىغا توپلاندى. بۇ خەۋەر كەنتكە تارالغاندىن كېيىن، ئاڭلىغان ئادەملەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگىلى تۇردى، بازار ئىچى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتتى، ئادەم ئادەمنى تونۇغىلى بولمايتتى. قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئامما ئارىلىشىپ كەتتى، ھەممىسى ھويلا ئىچىگە تەلپۈنۈپ: «بىزنى ئازاد قىلغان پادىشاھنى كۆرسەك»، دەيتتى. قوزغىلاڭ ـ چىلار ئىچىدە ئۈچ كىشى يۈزىگە نىقاب تارتىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنى ئىمىن ھەزرەت، يەنە بىرىنى شاھ مەنسۇر دېيىشكەنىدى، ئۆزۈندىن بۇيان ئازاب ـ ئوقۇبەت ئاستىدا ئىڭراپ ياتقان دېھـ ـ قانلار تەلپەكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ، چاۋاك چېلىپ: «بىزنى ما خۇسەننىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرغان پادىشاھ ياشىسۇن»! دەپ شوئار توۋلاپ، «پادىشاھ بىزنى قوبۇل قىلسۇن، ئۆزىنى كۆرسەتـ ـ سۇن»، دەپ چۇقان سېلىپ تۇرۇۋالدى. بۇ خەۋەر قوزغىلاڭ باشـ ـ لىقلىرىغا يەتكۈزۈلدى. بىردەمدىن كېيىن، «ئون نەپەر ئامما ۋەـ ـ كىلى كىرسۇن، پادىشاھ قوبۇل قىلىدىغان بولدى»، دېگەن خەۋەر چىقتى. ئىسلامئاۋاتتىكى يۇرت كاتتىلىرىدىن قاسىم بەگ، رەخـ ـ مەت مىراب، ھېكىم ئەلەم، نىياز مىراب قاتارلىق ئون ۋەكىل كىرىپ كەتتى. ئۇلار قايتىپ: «ئىش چاتاق، ئىش چاتاق ئىكەن»، دېگىنىچە توختىماي قايتىپ كەتتى. توپلانغان ئاممىمۇ خامانغا چۈشكەن قۇشقاچتەك گۇررىدە تاراپ كەتتى. ئىشنىڭ سىرىنى ئۇقالمىغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن تەۋەككۈلدىن كىرگەن قوزغىلاڭچىلارلا قالدۇق.

ئىش ئەسلى مۇنداق ئىكەن: نىقاب تارتىۋالغانلار نىقابلىرىنى ئېلىپ ئۆزلىرىنى كۆرسەتكەن. ئىمىن ھەزرەت دېگەن كىشى قاراقاشلىق ئەخمەت سەيدارى، شاھ مەنسۇر دېيىلگەن كىشى تەـ ـ ۋەككۇل ئاتبېشىدىن شاكىر كۆك ئىكەن، شۇڭا ئۇلارنى كۆرۈپ جامائەت ئىش چاتاق دەپ تاراپ كەتكەنىكەن. ئەخمەت سەيدارى

دېگەن كىشى مەيدانغا چىقىپ: «جامائەت، بىزگە ئىشىنىڭلار، ما خۇسەننى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن خوتەن ۋىلايىتى بويىچە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، خوتەن بىلەن تەۋەككۇلنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، بىر كۈن بۇرۇن قوزغالدۇق. سىپىل ئىچىدىكى ئەسكەرلەر بىزگە ماسلىشىدۇ، بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز، بىز بىلەن خوتەنگە چىقىپ ئىنقىلاب قىلىدىغانلار مېڭىڭلار»، دېدى ـ دە، ئاتلىنىپ دەريا تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئارقىدىن بىزمۇ ماڭدۇق. دەريا لېۋىگە كەلسەك، تەۋەككۇلدىن نۇرغۇن ئادەم كېلىپ تۇرغانىكەن، بىزنىڭ ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ غەلىبە قىلغىنىمىزنى ئاڭلاپ، ئۇلاردىن نۇرغۇنى بىزگە قوشۇلۇپ خوتەنگە قاراپ ماڭدى. كەنت بېشىدىكى چىمىيۇلغۇن دېگەن يەرگە چىققاندا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مىڭدىن ئوشۇق دېھقان ئەگىشىپ چىقتى. ئاپام ئارقامدىن چىقىپ مېنى قايتۇرۇپ كەلدى. قوزغىلاڭچىلار خوتەنگە قاراپ چىقىپ كەتتى. بىزنىڭ ئۆي دەرياغا يېقىن ئىدى، دەرياغا بېرىپ كېمىدە ياتتىم، ئىنقىلابچىلاردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمدىن قاتتىق ئىچىم پۇشۇپ كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. يېرىم كېچە بولغاندا ئۈچ ـ تۆت ئادەم پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بىرى ئابدۇراخمان جىگدەك ئىكەن: ئۇ: «بىز باشلەڭگەرگە چىققانىدۇق، ما خۇسەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بېسىپ كېلىپ بىزگە ئوت ئاچتى، زامانىۋى قورال بىلەن قوراللانغان مۇنتىزىم قوشۇنغا كالتەك ـ چوماق بىلەن تەڭ كېلەلمەي ھەممىمىز قىرىلىپ تۈگىشەتتۇق. شۇڭا قوزغىلاڭچىلارغا چېكىنىپ ئۆز جېنىنى ساقلاشقا بۇيرۇق بېرىپ، بىز دەرياغا چۈشۈپ سۇ بىلەن قېچىپ كەلدۇق، قالغانلار جېنىنى ئېلىپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتتى»، دېدى ـ دە، دەريانى بويلاپ ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ كەتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆيگە چىقىپ، بىر ئاز ئوزۇق ئالدىم ـ دە، يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ ئۇدۇل مازارغوجامغا باردىم. دېھقانلار كالا ـ قوي، ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ قېچىۋېتىپتۇ، ھەممىسى ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. چېلەكدۆڭ دې-

گەن يەرگە كەلگەندە تاڭ يورۇپ كۈن چىقتى. كەنت تەرەپتىن ئوق
ئاۋازى ئاڭلانغىلى تۇردى. بىز يولدىن چىقىپ شەرق تەرەپكە -
تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچتۇق. ئون نەچچە ئا-
دەم تارقىلىپ قۇم بارخانلىرى ئىچىدە نىشانسىز يۈگۈرۈپ كې-
تىۋاتاتتۇق، ئارقىمىزدىن بىر - گۈرنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغىلى
تۇردى. قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ دېگەندەك، قاچقانسېرى ئاۋاز
تېخىمۇ يېقىنلاشتى. كەينىمىزدىن تۇتقىلى كەلگەنلەر ئوخشايدۇ
دەپ ئويلاپ تېخىمۇ تېز قاچتۇق. ئىككى - ئۈچ كىلومېتىردەك
يەرگە بارغاندا قەدەم ئالغۇدەك ماغدۇر قالماي، بىر چوڭ دۆڭنىڭ
ئاستىدا توختاپ دەم ئالدىم، باشقىلارمۇ بىر - ئىككىدىن كېلىپ
جەم بولدۇق. كەينىمىزدە ئاڭلانغان گۈر - گۈر ئاۋازمۇ يوقاپ
كەتتى. خۇداغا شۈكرى، ئەمدى قۇتۇلغان ئوخشايمىز دەپ چۈشكە
قەدەر دەم ئېلىپ ياتتۇق، لېكىن ھېچقايسىمىزدا سۇ يوق ئىدى،
ئۇسسۇزلۇق قىيناشقا باشلىدى. چۈشتىن كېيىن كەينىمىزگە
قايتتۇق. ئازراق ماڭغاندۇق، يەنە گۈر - گۈرنىڭ ئاۋازى ئاڭلان-
دى. قارىساق، مەتتىمىن ئورۇق دېگەن ئادەم ئۆشنىسىگە بىر
قۇرۇق قاپاقنى يۈدۈۋالغانىكەن. شامالدا قاپاقنىڭ ئاغزى گۈر -
گۈر قىلغانىكەن، ئۆزىمىزنىڭ سايىسىدىن ئۆزىمىز ئۈركۈپ
قاچقانىكەنمىز. دەريا لېۋىگە چىقىپ قانغۇدەك سۇ ئىچىۋېلىپ
يەنە قويۇق ئورمانلىق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتتۇق. كېچىدە كەنت-
كە ئادەم چىقارتىپ ئەھۋال ئۇقۇشۇپ ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ
كەلدۇق. شۇنداق قىلىپ جاڭگال ئىچىدە ئون نەچچە كۈن يات-
تۇق. ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ قايتىپ كېتىپ جاھان
تىنچلانغانلىقىنى ئاڭلاپ ئاندىن كەنتكە قايتىپ چىقتۇق.

ئىككى - ئۈچ ئايدىن كېيىن، ما خۇسەن ئەسكەرلىرى
ئىسلامئاۋاتتا يەنە پەيدا بولۇپتۇ دېگەن خەۋەر تارقالدى. 9 - ئاي
مەزگىلىدە مەن، مەتقۇۋان كۈرەك، مەتتىمىن قورۇق قاتارلىق
يەتتە - سەككىز ئادەم ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى
ئۇقۇش ئۈچۈن ئىسلامئاۋاتقا كىردۇق. چارشەنبە بازارغا بارساق،

70 ـ 80 دەك ئاتلىق ئەسكەر ئاقسۇ تەرەپتىن دەريانى بويلاپ چىققانىكەن، ئۇلار قاسىم غىجەكنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپ قازان ـ قازاندا گۆش پىشۇرۇۋاتقانىكەن. ئاقسۇ تەرەپتىن دەريانى بويلاپ بىر ئايروپىلان چىقتى، بىز قورقۇپ مەسچىت ئىچىگە كىرىۋالـ ـدۇق. ئايروپىلان پەسلەپ كېلىپ ئىككى ـ ئۈچ بومبا تاشلىدى. پارتلاش ئاۋازى جاھاننى بىر ئېلىپ، بوخوناق ئۆرلەپ كەنتنى تىترىتىۋەتتى. ئايروپىلان كەلگەن يولى بىلەن دەريانى بويلاپ يە ـ نە ئاقسۇ تەرەپكە كەتتى. چىقىپ قارىساق بىرمۇ ئەسكەر قالماپ ـ تۇ، ئىككى ـ ئۈچ ئات ئۆلۈپتۇ، ئەسكەرلەرنىڭ نەگە كەتكەنلىـ ـكىنى بىلمىدۇق. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، خوتەن تەرەپتىن يەنە بىر ئايروپىلان كەلدى، ئۇ ئىسلامئاۋاتنى ئايلىنىپ تەۋەككۇل تەرەپكە كەتتى. قاقشال كەنتىدىن روزى ئاخۇن كاسا، شاۋۇر كەنـ ـتىدىن ئەخمەت زوڭ دېگەن ئىككى دېھقان «ئايروپىلاننى قارشى ئالساق بىزگە پۇل تاشلاپ بېرىدۇ» دەپ، ئۆينىڭ ئالدىدىكى دۆڭ ـ گە بىر پارچە قىزىل كىگىز سېلىپ، ئوتتۇرىسىغا بىر تاۋۇزنى قويۇپ قويغانىكەن، ئايروپىلان پەسلەپ بىر ئايلىنىپ ھويلىدا بىر ئاتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ يەردە ما خۇسەن ئەسكەرلىـ ـرى بار ئىكەن دەپ، بىر بومبا تاشلاپتۇ، بومبا پارتلاپ روزى ئا ـ خۇن كاسىنىڭ ئوغلى سايىت ئاخۇنغا بومبا پارچىسى تېگىپ ئېغىر زەخىملىنىپتۇ. ئۇ ئادەم ھازىر ھايات، ئىسلامئاۋات يېزىـ ـسىنىڭ ئۇزۇنكۆل كەنتىدە ئولتۇرىدۇ.

## 6

ما خۇسەن يوقىتىلىپ ئورنىغا شېڭ شىسەي كېلىپ ھاكىـ ـمىيەت تىكلىدى. ئۇ دەسلەپتە بىر مەزگىل ياخشى ئىشلارنى قىلدى، يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇپ ئاقارتىش ئېلىپ باردى، كۆۋرۈك ياسىدى. خەلق ئۇستىدىكى ئالۋان ـ سېلىقنى ئازايتتى. ئۇ شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش، خەلقنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھىيلىسى ئىكەن. ئۇمۇ ئۇزۇنغا بارماي ئەسلي قىيا ـ

پىتنى ئاشكارىلاپ، بولاڭچىلىق قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، دېھ-قانلارغا كۈن بەرمىدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىنى گو-مىنداڭ ھاكىمىيىتى ئالدى. گومىنداڭ يېزا ـ قىشلاقلارنى بەگ-لىك رايونىغا ئايرىپ، ئۆزىگە سادىق بەگ، بوجاڭلارنى بېكىتىپ، شۇلار ئارقىلىق خەلققە زۇلۇم سېلىشقا باشلىدى. ما خۇسەن ۋاقتىدىكى ئالۋان ـ سېلىق ئۆز ئەينى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ما خۇسەن «دەن» ئاشلىقى قويغان بولسا، گومىنداڭ «ھەربىي مۇلازىمەت ئاشلىقى» دەپ قويدى، پۇقرالارنىڭ ئۆلۈش ـ تىرىلى-شى بىلەن كارى بولمىدى. ئاشلىق تاپشۇرالمىغانلارنى باغلاپ ئۇ-رۇپ قىينىدى. خوتەندىن ئاقسۇغا بارىدىغان كارۋان يولىنىڭ خوتەن تەۋەلىكىدىكى قوشلاش، مازارتاغ، بۆكسەن دېگەن ئۈچ جايدا ھەربىي بېكەت قۇرۇپ، دېھقانلاردىن بۇلاپ يىغىۋالغان ئاش-لىق ۋە ئوت ـ سامانلارنى ئېشەك بىلەن ھەربىي بېكەتلەرگە تو-شۇدى. بەگ ـ بوجاڭلار ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇپ ئېشەكلەرنى مەج-بۇرىي يىغىۋالدى. بىر كۈنى قوشنىمىز توختاخۇن بوقاتاي ئې-شىكىنى قاچۇرۇپ كونا ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ، بوجاڭلار يولدىن ئۆتۈۋاتقاندا ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئېشەكنى تې-پىۋېلىپ ئېلىپ كەتتى. ئېشەكنىڭ ئارقىسىدىن توختاخۇننىڭ ئايالى ئىرادىخان بىللە باردى. ئۇلار يىغىۋېلىنغان ئېشەكلەرنى دەريا لېۋىگە توپلاپ، ئىسلامئاۋاتقا ئۆتكۈزمەكچى ئىدى. ئىرادىخان كېلىپ مەتتوختى بەگكە يېلىنىپ: «بېگىم، بىز بىر كەمبەغەل، بەش جان ئادەم مۇشۇ ئېشەككە تايىنىپ جان باقىمىز، ئېشەكتىن ئايرىلىپ قالساق تۈگىشىمىز»، دەپ ئېشەكنىڭ بويىنىنى قۇ-چاقلاپ تۇرۇۋالدى. زالىم مەتتوختى بۇ ئايالغا قىلچە رەھىم قىل-ماي، قامچا بىلەن باش ـ كۆزىنى قان قىلىۋەتتى، ئۇنىڭغىمۇ قا-نائەت قىلماي دەسسەپ، سۆرەپ دەرياغا تاشلىۋەتتى. مەن چىداپ تۇرالماي يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىرادىخاننى دەريادىن سۇزۇۋېلىپ ئۆ-يىگە ئاپىرىپ قويدۇم. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي تاياق زەربىسىدىن ئۆلۈپ

كەتتى. گومىنداڭ خەلق ئۇستىدىكى ئالۋان ـ سېلىقنى كۆپەيـ. تىش بىلەن تەڭ، يەنە ياشلارنى ئەسكەرلىككە تۇتتى. 1948 ـ يىللىرى بولسا كېرەك، تەۋەككۇلدەك كىچىك يۇرتقا يۈزدەك ئەسكەر ئېلىش ۋەزىپىسى قويۇلدى، 200 دىن ئارتۇق ئادەم تۇتۇـ لۇپ، قوشنودىكى توختاخۇن دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىگە سولاندى. مەن تەتۈر پېشانە يەنە ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قالدىم. پۇلى بارلار بەگلەرگە پۇل بېرىپ بالىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، پۇلى يوق كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى قالدۇق. پۈتكۈل تەۋەككۇل پۇقراـ لىرى نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «100 ئادەمگە 200 ئادەم تۇتتى، بەگ ـ بوجاڭلار پارا يەپ بىر قىسىملىرىنى قويۇۋېتىپ ئۆز يېنىنى تولدۇردى»، دەپ خوتەنگە چىقىپ يامۇلغا ئەرز قىلدى. يامۇلدىن ئادەم چىقىپ 50% ئادەم ئەسكەرلىككە ئېلىنىدۇ، 50% پىرـ سەنت ئادەم قويۇپ بېرىلىدۇ دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىندى. يامۇلنىڭ ئادىمى ئەسكەرلىككە «ئېلىنىدۇ»، «ئېلىنمايدۇ» دېگەن ئىككى خىل چەك يېزىپ، بوينى كېسىلگەن قاپاقتا سېلىپ، ھەر بىر ئاـ دەمنىڭ كۆزىنى تېڭىپ، بىردىن ـ بىردىن ئېلىپ چىقىپ چەك تارتقۇزدى. «ئېلىنمايدۇ» دېگەن چەك چىققانلار نەق مەيداندا قوـ يۇپ بېرىلدى. مەن، جالالىدىن ئاخۇن قوتاز، مەمتىمىن ئاخۇن پاڭ قاتارلىقلارنىڭ پېشانىمىز ئوڭدىن كەلدىمۇ قانداق؟ «ئېلىنمـ مايدۇ» دېگەن چەك چىقتى، نەق مەيداندا قويۇپ بېرىلدۇق. «ئېـ لىنىدۇ» دەپ چەك چىققانلار خوتەنگە ئېلىپ كېتىلدى.

* * *

1949 ـ يىل 12 ـ ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 15 ـ تۈەنى، مىللىي ئارمىيىنىڭ 39 ـ تۈەنى ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ، خوتەن دەرياسىنى بويلاپ ئىسلامئاۋاتقا يېتىپ كەلدى، نەچچە مىڭ خەلق ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدۇق. مىللىي ئارمىيەـ نىڭ تۈەنجاڭى: «بىز ماۋ جۇشى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنى، گومىنداڭ، جياڭ جيېـ

شىنى مەغلۇپ قىلىپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلدۇق.
سىلەر بۈگۈندىن باشلاپ ئازاد بولدۇڭلار، گومىنداڭنىڭ بەگ ـ
بوجاڭلىرى سىلەرنىڭ مەھەللەڭلەرگە ئەمدى ئالۋان ـ سېلىق
دەپ بارالمايدۇ، ئۇلارنىڭ خەلق ئۈستىدىن زورلۇق ـ زومبۇلۇق
قىلىشى مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى، خەلق ئۇلاردىن ھېساب ئالىـ
دۇ، سىلەر ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشتىڭلار»، دەپ نۇتۇق سۆز ـ
لىدى. بىز كۆزلىرىمىزگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، تەلپەكلىرىمىز ـ
نى ئاسمانغا ئېتىپ، قىزغىن چاۋاك چېلىپ: «جۇڭگو كومپارتىد ـ
يىسى ياشىسۇن! ماۋ جۇشى ياشىسۇن!» دەپ شوئار توۋلىدۇق.
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى خوتەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. راست
دېگەندەك، گومىنداڭنىڭ ئەمەلدارلىرى ئالۋان ـ سېلىق دەپ ئۆ ـ
يىمىزگە كەلمىدى، بۇ چاغدا تېخى يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلمىغا ـ
نىدى.

1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئېزىلگەن تەۋەككۇل خەلقى
تەرەپ ـ تەرەپتىن قوزغىلىپ، بەگ ـ بوجاڭ، زومىگەرلەرنىڭ
ئۆيلىرىنى قورشاپ، ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا باشلىدى. بىر
قىسىم بەگ ـ بوجاڭلار ياۋاش بولۇپ خەلققە باش ئەگدى، ئەمما
قان قەرزگە بوغۇلغان، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان زومىگەرلەر
خەلققە باش ئېگىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، «سىلەر بەك بال ـ
دۇر خۇشال بولۇپ كەتمەڭلار، پىياز تېخى خام، نەچچە ھۆكۈمەت
كېلىپ كەتتى، سۇ كەتسە تاش قالىدۇ، بۇ ھۆكۈمەتمۇ كېتىدۇ،
يەنە بىز قالىمىز»، دەپ ئىغۋا تارقىتىپ، خەلق بىلەن قارشىلاش ـ
تى. قاقشال كەنتىدىن قان قەرزگە بوغۇلۇپ جىنايىتى چېكىدىن
ئاشقان زومىگەر رېخىم ھاجىم (1951 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۆلۈم
جازاسى بېرىلدى) ئۆيىگە ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇق قول ـ
چوماقلىرىدىن 30 نەچچە ئادەم توپلاپ، قورال ـ سايمان تەيـ
يارلاپ، ئامما بىلەن ئۇرۇشماقچى بولدى. نەچچە يۈز ئادەم ئۇنىڭ
ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ، كېچە ـ كۈندۈز نازارەت قىلدۇق. 1 ـ
ئايدىكى قاتتىق سوغۇقتا ئەتراپقا ئوت قالاپ، گۈلخان يېقىپ،

ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ياكى قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇق. بۇ ھەرىكەت بىر ئايدەك داۋاملاشتى.

1950 ـ يىل 2 ـ ئايدا يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ، تەۋەكـ كۇل يېزىسى خوتەن ناھىيىسىنىڭ 10 ـ رايونى بولدى، لى ياۋمى رايون شۇجىسى، ئەخمەت توختى رايون باشلىقى بولۇپ كەلدى، ئۇلار كەلگەندىن كېيىن، رېخىم ھاجىنى ۋە ئۆيىگە قاپسىلىپ ياتقان قولچوماقلىرىنى تۇتۇپ چىقىپ، بوينىغا پىياز ئېسىپ، سازايى ۋە كۈرەش قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن قۇترىغان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە زومىگەرلەر بىر مەھەل پەسكويىغا چۈشتى.

1950 ـ يىل 12 ـ ئايدا ھوڭدىن تالىپ ھاجى، شاۋۇر كەنـ تىدىن ئەمەت بەگ، رەجەپ جىگدە قاتارلىق زومىگەرلەر ئادەم تەشكىللەپ، كالتەك، چوماق ياساپ، بورزاندىكى ئىت تالاشتۇرۇش سورۇنىدىن پايدىلىنىپ، زومىگەر رېخىم ھاجىنىڭ ئۆيىنى قورـ شىغان ئاكتىپلاردىن غوجى ئەخمەت بوتۇك، ساۋۇر بوۋا، ئىسلامـ نىياز خارەت، مۇتەللىپ كەس قاتارلىق ئون نەچچە ئادەمنى قاتـ تىق ئۇرۇپ يېرىم جان قىلىپ قويدى. مەن بۇ سورۇندىن قېچىپ قۇتۇلدۇم.

كېيىن بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان 63 ئادەم تۇتۇلۇپ، 39 ـ تۇەنـ نىڭ ئارقاچال گازارمىسىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىدا توختىتىپ قويۇلۇپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. رايون بويىچە چوڭ يىغىندا قايمۇقۇپ قاتناشقان ئاممىسى قويۇپ بېرىلدى. ئارقىدا تۇـ رۇپ پىلانلىغان، قوماندانلىق قىلغان تالىپ ھاجى، ئەمەت بەگ، رەجەپ جىگدە قاتارلىقلار قولغا ئېلىندى. 1951 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەمەت بەگ، تالىپ ھاجىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. شۇنىڭـ دىن كېيىن پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، ئومۇمىي سايلام خىزمەتلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، ھەقىقىي بەختكە ئېرىشتىم.

خەلق گۇڭشى قۇرۇلغاندا تەشكىل ماڭا 72 قوي ئايرىپ بېـ رىپ، قوي بېقىشقا قويدى. 24 يىل گۇڭشىنىڭ قويىنى باقتىم،

قويلارنى خۇددى ئۆزۈمنىڭ شەخسىي مۈلكىدەك ئاسراپ ئاۋۇتتۇم. 1984 ـ يىلى گۇڭشېي تەۋەككۈل، ئىسلامئاۋات دەپ ئىككى يېزىغا ئايرىلدى. 1692 قوي ئۆتكۈزۈپ بەردىم. ئىككى يېزا تەڭمۇ تەڭ تەقسىم قىلىنىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن دەم ئېلىشقا چىقتىم. تەشكىل دائىم يوقلاپ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ھازىر تۇرمۇشۇمدا ھېچنەرسە كەم ئەمەس، 50 دىن ئوشۇق قوي، بىر ئېشەك، ئىككى كالا، بىر يۇرۇش ئۆيۋاق، تۇرمۇش سەرەمجانلىرىم بار، ئۆزۈم خاتىرجەم، تۇرمۇشۇم باياشات ئۆتۈۋاتىدۇ، ئۈچ قىزىم، بىر ئوغلۇم بار. ئوغلۇم دۆلەت كادىرى، بىر قىزىم بىلەن ئوغلۇم كومپارتىيە ئەزاسى، بالىلىرىممۇ خاتىرجەم، باياشات تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. مېنىڭ بۈگۈنكىدەك تۇرمۇشقا ئېرىشىشىم ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈم پارتىيىنىڭ شەپقىتىدىن بولدى. مېنى ئازاب ـ ئوقۇبەت دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بۈگۈنكى بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەن كومپارتىيىگە مىڭ رەھمەت!

مەن بۈگۈنكىدەك بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشكەن بولساممۇ، ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىمنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن ۋە ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتنىڭ زۇلمەتلىرىنى ۋە تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىمنى كەڭ ياشلارغا سۆزلەپ، ئۇلارنى تەربىيىگە ئىگە قىلىپ، ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، بۈگۈنكى بەختنى قەدىرلەشكە ئىلھاملاندۇرۇپ كېلىۋاتىمەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: **رەجەپ سەئىدى**
خاتىرىلىگۈچى: **مۇتەللىپ سادىر**

# قانغا بويالغان ساي

## نۇرمۇھەممەد توختى

تەييارلىغۇچىدىن:

ياش چاغلىرىمدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شاھىدى بولغان دادام توختى مەرگەن (توختى ئەمەت ياسىن) ماڭا دائىم ئۇرۇش ئەسلىمىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. كېيىنچە سابىق غۇلجا يېزا ئىگىلىك 4 ـ دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىنىڭ رەھبىرى، ھۆرمەتكە سازاۋەر زات ئابدۇللا مەخپىروف ئاكا بىلەن تونۇشۇپ، ئۆيىگە كۆپ قېتىم بېرىپ ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدە بېشىدىن ئۆتكەن قىزىقارلىق، تەسىرلىك، تىللاردا داستان بولغۇدەك ئەسلىمىسىگە ئىگە بولدۇم.

ئۇستاز 1925 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرى تاشتىقارا مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1932 ـ يىلى دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 1937 ـ يىلى غۇلجا «ھەرەمباغ مەكتىپى» دە باشلانغۇچ مەكتەپنى تامام ـ لىغان. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ بايلارغا مالاي بولۇپ چوڭ بولغان. 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ ھەرەمباغ، ئايرودروم ئۇرۇشى ۋە جىنىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1952 ـ يىلى خەلق ئازاد ـ لىق ئارمىيە 5 ـ كورپۇس دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەن. 1956 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلغىچە شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىدا ئو ـ قۇغان، ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ 4 ـ دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەن. 1966 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن قالپاق بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ

قاغىلىق ناھىيىسىگە پالانغان. 1978 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاقلىنىپ خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەن. 1987 ـ يىلى 10 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 79 يېشىدا غۇلجا شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئابدۇللا مەخپىروف ئاكا بىلەن تونۇشقان ئاشۇ يىللاردا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

ئۇ ھويلىسىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن: «سىزگە ئەسلىمەم بار ئۇنىئالغۇ لېنتىسىنى قويۇپ بېرەي، ئۇنىڭدا خېلى تەپسىلىي تەرجىمىھالىم بار، خاتىرىلىشىڭلار، بىر ئېغىز گەپمۇ چۈشۈپ قالمىسۇن، توقۇپ كۆپتۈرۈۋەتمەڭ...»، دېگەنىدى.

جىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا دوساجىمىنىڭ سايلىقى دەپ ئاتىلىدىغان تۈپتۈز كەتكەن بىر سايلىق بار، بۇ سايلىقنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، يەنى جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلارنىڭ قەبرە ئىزىنى ھازىرمۇ تاپقىلى بولىدۇ. بۇ قەبرىستانلىقنى ئىلگىرى نۇرغۇن كىشىلەر «شېھىتكالىق» دەپ ئاتىشاتتى ھەم بۇ جايدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئات ـ ھارۋىلاردىن چۈشۈپ دۇئا قىلىپ ئۆتۈشەتتى. 1958 ـ يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تە بۇ قەبرىلەر ئېتىز ـ ئېرىق، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرىغا توغرا كېلىپ قېلىپ قۇربان بولغانلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ سۆڭىكى يۆتكىۋېتىلگەنىدى. 1993 ـ يىلى مەن شۇ چاغدىكى قۇربان بولغانلارنىڭ سۆڭىكىنى يۆتكەشكە قاتناشقان سانسىزباي (قازاق) دېگەن بوۋايدىن قانچىلىك جەسەتنىڭ سۆڭىكى يۆتكەلگەنلىكىنى سورىسام، بوۋاي: «پەقەت بىزنىڭ گۇرۇپپىدىكى چارۋىچىلار كولاپ يۆتكىگەن جەسەتنىڭ سۆڭىكىلا 200 دىن ئاشىدۇ»، دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

تۆۋەندە مەن 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـكۈنىدىكى قىر-

غىنچىلىقتىن ئامان قالغانلارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇللا مەخپىد-روف ئاكىنىڭ ئاغزىدىن ۋە ئۇنىڭ ئۇنتۇلغۇ لىرىتىنسىدىن ئاڭلىد-غانلىرىمنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن، تولۇقلاش يۇ-زىسىدىن دادام توختى مەرگەن ۋە باشقا پېشقەدەم جەڭچىلەردىن ئاڭلىغانلىرىمنى، ماتېرىياللاردىن كۆرگىنىمنى مەخپىروپ ئا-كىنىڭ بايانىغا يۇغۇرىۋەتتىم.

## ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئالغا!

1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئازاد رايوننى كېڭەيتىش ۋە ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇش مەقسىتىدە شىمالىي يۆنى-لىش، ئوتتۇرا يۆنىلىش ۋە جەنۇبىي يۆنىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ گومىنداڭ ئارمىيىسىگە قارشى ئومۇميۈز-لۈك ھۇجۇمغا ئاتلاندى. ئوتتۇرا يۆنىلىشتە جىڭ ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، جىڭ نا-ھىيىسىنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسى تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى.

1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جەڭ مەيدانلىرىدا چېنىقىپ، تاۋلىنىپ ئۇرۇش قىلىش ماھارىتىنى ئىگىلىگەن جەسۇر ھەر مىللەت جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرىدىن تەركىب تاپقان تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكى غۇلجا ھەرەمباغ ھەربىي گازارمىسى ئالدىدىكى كەڭرى مەيداندا جەڭگىۋار ھالەتتە رەتلىك تىزىلىپ تۇراتتۇق.

پولك كوماندىرى رازاق مەۋلانوف، پولكنىڭ مۇئاۋىنلىرىدىن ئابدۇغوپۇر سابىر ھاجىيېف، ئىبراھىموف، پولك كومىسسارى ئابدۇرېھىم ھەسەنوف، پولك شتاب باشلىقى قالىپاقوف، پولك دوختۇرخانا باشلىقى غەنى خوجا ۋە مەن (پولك تىببىي بۆلۈم باشلىقى) قاتارلىق كوماندىرلار ھەربىي دەرىجە ـ ئۇنۋانلىرىمىز بويىچە ئۆز قىسىملىرىمىز ئالدىدا ھەربىي فورمىلىرىمىزنى تو-

زەشتۇرۇپ، قەددىمىزنى رۇسلاپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن قوماندان گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە ئىدۇق. سومكى-لىرىنى بويۇنلىرىغا ئاسقان ھالدا رەيھانە غابىدىن، روشەنگۇل شاۋكەت [1]، رىزۋان مۇھەممەدىن، ليۇسىنە (رۇس)، نىنا شاخۇرۇس-تىۋا (رۇس)، ئايشە، لۇسۇ (رۇس)، شەۋقىيە، ئامىنەم قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت سېستىرا قىز سەپنىڭ ئىچىدە ئالا-ھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

شۇ كۈندىكى پولك دېجورنىسى مايور سىدىقجان ئاخۇنبايېف گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېكنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ دىققىتى ئالدى تەرەپكە مەر-كەزلەشتى. تولۇق گېنېرال لېيتېنانتلىق ھەربىي فورما كىيگەن گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك بىرقانچە ھەمراھىنى باشلاپ ئالدىمىزغا كېلىۋاتاتتى.

سىدىقجان ئاخۇنبايېف پۈتۈن پولكقا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «دىققەت!» دەپ ھۆرمەت كوماندىسى بەرگەندىن كېيىن، ھۆرمەت قەدەم بىلەن گېنېرالنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئوڭ قولىنى چېكىسى-گە قويۇپ:

— مۆھتەرەم قوماندان! تېكەس 1 - ئاتلىق پولكى جەڭگىۋار ھالەتتە مەيدانغا يىغىلىپ بولدى! سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى ئو-رۇنداشقا تەييارمىز! — دەپ قىسقىچە دوكلات قىلدى. قوماندان:

— راھەت! — دېدى - دە، مايور سىدىقجان ئاخۇنبايېف بى-لەن ناھايىتى قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بىللە كەلگەن-لەرمۇ ئۆزئارا قول سىقىشىپ كۆرۈشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئا-ۋىن قوماندان گېنېرال مايور زۇنۇن تېيىپوف، باش شتاب باش-لىقى گېنېرال مازاروفمۇ بار ئىدى. قوماندان قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈپ مەمنۇن بولغان ھالدا:

— بالىلىرىم، ياخشىمۇسىلەر؟ — دېدى ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا تەييارمىز! — دېدى مەيداندىكى بارلىق جەڭچىلەر يۇقىرى ئاۋازدا بىردەكلا. سېستىرا قىزلارنىڭ

زىل ئاۋازى بوم ئاۋازلاردىن ئۆزگىچە ئىدى.

قوماندانىنىڭ ھەر خىل ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن تولۇق قوراللىنىپ، مەردانىلەرچە رەتلىك تۇرغان جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارغا قاراپ ھەۋىسى كەلدى ھەمدە قوشۇننى بىر ـ بىرلەپ كۆزدىن كەچۈردى. بەزى كوماندىر ـ جەڭچىلەردىن ئۇرۇشقا دائىر سوئاللارنى سورىدى. ئۇلاردىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالغاندىن كېيىن خۇشاللىق بىلەن:

ــ يارايسىز ئوغلۇم! ــ دەپ ئۇلارنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قوياتتى ئۇ، «بارىكاللا!» دېگەندەك پولك كوماندىرى رازاق مەۋلانوفقا قاراپ:

ــ تېخى ئازاد بولمىغان رايونلاردىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، گومىنداڭنىڭ زۇلۇمىنى تارتىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتسەك خەلقىمىزنىڭ قىساسىنى ئالغان بولىمىز، ــ دېدى ۋە يېنىدا تۇرغان پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ئابدۇغوپۇر سابىر ھاجىيېفقا:

ــ روشەنگۈلنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتمەستىن، پولك شتابىدا قالدۇرۇپ ئىشلىتىڭ، يېشىمۇ تېخى كىچىك ئىكەن، ــ دېدى. بۇ كىشى «بولىدۇ!» دېگۈچە روشەنگۈل:

ــ مۆھتەرەم قوماندان، مەن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناشمىسام قەلبىمدىكى جاراھەت ھەرگىز ساقايمايدۇ، مېنى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ جەڭ قىلىشتىن توسماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنىد قىلىمەن، يېشىمغا قاراپ ماڭا ئېتىبار بەرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن مىننەتدارمەن! ــ دېدى چاقماقتەك سۆزلەپ[1] . ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى قوماندانىنى قايىل قىلدى. قوماندان مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، جەڭچىلەرگە قاراپ:

ــ جەسۇر جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار! مەن سىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىڭلارنى كۆرۈپ، غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىم تولۇپ تاشتى. مەن سىزلەردىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم! مەن ئەمدى ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ۋە مىللىي ئارمىيە باش شتابى-

ىنىڭ بۇيرۇقىنى سىلەرگە يەتكۈزىمەن، — قوماندان ئۇرۇش ۋە-زىيىتىنى ئىخچام قىلىپ سۆزلىگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— تېكەس 1 - ئاتلىق پولكىنى جىڭ ناھىيىسىدىكى گو-مىنداڭنىڭ ھەربىي ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى بۇ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇننى ئىگىلەپ، ئۇ يەردىكى خەلقنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇزۇل - كېسىل ئازاد قىلىشقا بۇيرۇيمەن، ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۇچۇن ئالغا!

قوماندانىنىڭ سۆزلىرى تۈگىشىگە جەڭچى - ئوفىتسېرلار خۇشاللىق ھېسسىياتى بىلەن «ھۇررا!» دەپ توۋلاپ قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان ئىپادىسىنى بىلدۈردى.

ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ بولغان تېكەس 1 - ئاتلىق پولكى ئازادلىق ئۇرۇشى ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى.

ھەرەمباغ ھەربىي گازارمىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن بى-رىنچى بولۇپ ئاق ئاتلىقلار، ئارقىسىدىن تورۇق ئات، قارا ئات، ئالا ئاتلىقلار قىسىملار بويىچە ئارىلىق قالدۇرۇپ، ئۈچ رەتتىن تىزىلىپ ھەيۋەت بىلەن چىقتى. ئۈزىتىش ئۈچۈن چىققان گارنى-زوندىكى ھەربىيلەر، ھەر مىللەت، ھەر ساھە شەھەر خەلقى يول-نىڭ ئىككى تەرىپىدە سانجاق - سانجاق تۇرۇشۇپ «غەلىبەڭلەرنى كۈتىمىز!» «سىلەر بىزنىڭ پەخرىمىز!»، «ئاللا سىلەرگە يار بول-سۇن!» دەپ توۋلىشاتتى، ياشانغانلار قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشاتتى. جەڭچى - ئوفىتسېرلار ئۇلارغا جاۋابەن قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ سالام بېرىشەتتى. كىشىلەر تو-پىنى كۆرگەن ئاتلىقلار تىزگىنىنى سىرىپ ئالغا ئىنتىلەتتى.

بىز 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى غۇلجىنىڭ ئاچال يولى* ئارقىلىق گۆرسايدىن ئۆتۈپ شىرمەتخانىنىڭ ئۆڭكۈرىگە[②] چۈشتۇق. مۇشۇ يەرگە چۈشكەن ئاخشىمى ئىككى تۆڭگان ئەس-كىرىمىز قاراۋۇللۇقتا چىققان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۈشمەن تەرەپكە قېچىپ كەتتى. 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يە-نە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ئاچال داۋىنىدىن ئۆتۈپ جىڭ ناھىيە-

سىنىڭ كاللائاستى دېگەن يېرىگە چۈشۈپ ئاتلارنى دەم ئالدۇر-غاندىن كېيىن، جىڭ ناھىيىسىنىڭ كۆن پېتىش تەرىپىدىكى داندىغايىنىڭ قۇملۇقى دەپ ئاتىلىدىغان قۇملۇقنىڭ جەنۇب تەرىپىگە يۈرۈپ كەتتۇق. بىز كېلىشتىن ئىلگىرى جىغىلىق توختى مەرگەن③، قۇۋان مەرگەن قاتارلىق پالۋانلار ئۇيغۇر، قازاق، موڭ-غۇللاردىن تەركىب تاپقان 22 ئادىمى بىلەن (بۇلارنىڭ تولىسى نامى چىققان ئوۋچى مەرگەنلەر) بىر پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەپ ئاچال، قوشئەمچەك، كۆگۈرچىن ئەتراپىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، 1945 - يىلى 4 - ئايدا غۇلجا تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن مەنسۇرنىڭ (خۇيزۇ) رۇتىسى بىلەن بىرلىشىپ ھەم تارقىيا (داخىيەنزى) دىكى بىر باتالىيون گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن تىركىشىپ تۇ-رۇۋاتقان بورتالالىق بارات پالۋاننىڭ④ رەھبەرلىكىدىكى 80 نەچ-چە كىشىلىك پارتىزان ئەترىتى بىلەن بىرلىشىپ 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تارقىيانى ئازاد قىلغانىكەن.

جىڭ ناھىيىسى ئىلىدىن ئۈرۈمچى، ئالتاي، چۆچەك ۋە باش-قا ۋىلايەتلەرگە ئۆتىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن ئىدى. جىڭدىكى تۇز كانى پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتى خەلقىنى تۇز بىلەن تەمىنلەيتتى. جىڭ ناھىيىسى سەككىزتام (باجاخۇ)، يۈنجۇخۇ، تارقىيا قاتارلىق يېزا - كەنتلەر-نى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ئورۇنلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، شىمال تەرىپى سازلىق ۋە ئېگىز قومۇشلۇق، جەنۇب تەرىپى كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك ساي ۋە قۇملۇق ئىدى (كېيىن گومىنداڭ قومۇشلارغا ئوت قويۇپ تاقىر قىلىپ قوي-دى). جىڭنىڭ مۇشۇنداق يەر شارائىتى دۈشمەننىڭ مۇداپىئەلى-نىشىگە پايدىلىق بولۇپ، ھۇجۇم قىلىشىمىزغا تەبىئىي توساق بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەنلەر پوتەي، ئاكوپ قاتارلىق قاتمۇ - قات ئىستىھكاملارنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان مۇنتىزىم ئەسكىرىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

جىڭ ناھىيىسى گومىنداڭنىڭ ئىلى ئىنقىلابىغا قارىتىلغان ئال-دىنقى بىرىنچى ئىستىھكامى ئىدى.

بىز يۈقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى داندىغاينىڭ قۇملۇقى دەپ ئاتىلىدىغان ئىگىز قۇم بارخانلىرىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ قۇلانساي، قازانبۇلاق دېگەن جايلارنى ئىگىلىدۇق (بۇ جاي خەرىتە بويىچە 72 - نومۇرلۇق ئېگىزلىك دەپمۇ ئاتىلاتتى). شۇ ئاينىڭ 24 - كۈنى قۇملۇق ئىچىدە يۇسۇپ ئەمەت ئىسىملىك بىر ياش ئوۋچىنىڭ ياردىمىدە بىر بۇلاقنى تاپتۇق. ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، بۇ ئوۋچى تۇلۇمغا سۇ قاچىلىۋېلىپلا بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئېتىۋەتتى. نېمىشقا ئېتىۋەتكەنلىكىنى سورىساق، ئىلگىرى گو-مىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۆزلىرى تاشلاپ كەتكەن بۇلاقلارغا زەھەر تاشلاپ ياۋايى ھايۋانلارنى قىرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

بىز پولك شتابىنى مۇشۇ بۇلاققا قۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ پولات قورغانى دەپ ئاتالغان سەككىزتامدىكى دۈشمەننىڭ مۇداپىد-ئە ئەھۋالىنى كۆزەتتۇق. 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پولك كوماندىرى رازاق مەۋلانوف ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىپ سەككىزتام كەنتىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. بۇ بۇيرۇقنىڭ تازا توغرا بولمايۋاتقانلىقىنى پەملەۋاتقان ئوفىتسېرلاردىن مايور سىدىقجان ئاخۇنبايېف سۆز قىستۇرۇپ:

— ئۆستەڭگە سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن ئىككى ئەسكىرىمىز تېخى كەلمىدى، يەنە كۆپرەك ئەسكەر ئەۋەتىپ تېز-رەك سۇ بار ئۆستەڭنى ئىگىلەيلى، يەنە بىر گەپ، دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن پوتەيلىرى بولۇشى مۇمكىن. بىز ئالدى بىلەن بىر رازۋېدكا ئەترىتى تەشكىللەپ دۈشمەن مۇداپىئەسىنى ۋە يوشۇرۇن پوتەيلىرىنىڭ ئورۇنلاشقان جايىنى تولۇق ئىگىلەپ... - مايورنىڭ گېپى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا مەۋلانوف ئاچچىقلانغان ھالدا ئاخۇن-بايېفقا تىكىلىپ:

— سىز دىمىسىڭىزمۇ بىلىمەن، مەندە دۈشمەن ئەھۋالى توغرىسىدا ئىگىلىگەن ئاخبارات بار، — دەپلا مايور سىدىقجان ئاخۇنبايېفنىڭ مەسلىھەتىنى رەت قىلىۋەتتى. تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، بىز دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىدىغان جاي تۈپتۈز كەتكەن سايلىق بولۇپ، دالدا بولغۇدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

## تۈيۇقسىز ئېتىلغان بىر پاي ئوق

1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن بۈيرۇققا بىنائەن پۈتۈن پولك سەپ بويىچە سەككىزتام كەنتىگە ھۇجۇمغا ئۆتتۇق. تىنىش چىقارماي ئىلگىرىلەپ مېڭىپ تاڭ ئاتماستا سەككىزتام كەنتىگە يېقىنلاپ باردۇق، يېزا ـ كەنتلەردىكى ئىگىسىز قالغان ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرىلا كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. بىزدە ھېچقانداق قورقۇش ئالامەتلىرى يوق ئىدى. دۈشمەننىڭ شەپىسىمۇ يوق ئىدى. بۇ جاي تۈپتۈز سايلىق بولغاچقا، ئۈرۈمچى ـ غۇلجا تاشيولىدىنمۇ تو- سالغۇسىزلا ئۆتۈپ كەتتۇق. ئىچىمدە «نېمە دېگەن جىمجىتلىق ـ ھە، دۈشمەن بىزگە پىستىرما قويۇۋاتامدىغاندۇ؟ ئەگەر دۈشمەن ئۇخلاپ قالغان بولسىچۇ، ئۇنداق بولسا كىرگەن پېتى دۈشمەننى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن بولاتتۇققۇ» دېگەن خىياللارنى قىلىۋاتقىنىمدا، ئالدىمدا ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان بىر سەپدىشىمنىڭ مىلتىقىدىن تۇيۇقسىز بىر پاي ئوق «ۋاڭ» قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇخلاپ قالغان دۈشمەننى بىر پاي ئوق ئېتىپ ئويغىتىۋەتكەندەك، ئالىتاغىل ۋارقىراشلار بىلەن تەڭ دۈشمەن پوتەيلىرىدىن پىلىموت ئوقى ئېتىلىشقا باشلىدى. دۈشمەن پىلىموتلىرىنىڭ ئوقى خۇددى ئاسماندىن مۆلدۈر ياغقاندەك كېلىپ سەپداشلىرىمغا تېگىپ بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىۋاتاتتى. ماڭىمۇ ئوق تەگكەن بولۇپ، مېنىڭ تەسلىكتە ئۆمىلەپ تاشيولغا شىغىل ئالغان بىر ئازگالنىڭ دالدىسىغا بېرىپلا ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن.

ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام كۈن چىقىپ بولغان بولۇپ ھاۋا

ناھايىتى ئىسسىق ۋە دىمىق ئىدى. ئوق ئاۋازلىرىمۇ توختىغانىدى، ئەمما زەمبىرەك ۋە سىنارەتلەردىن چىققان قويۇق ئىس ـ تۈتەكلەر بىلەن قاننىڭ ھىدى بىرلىشىپ دىماغنى ئېچىشتۇرۇپ ئاچچىق پۇرايتتى. بېشىم سىرقىراپ ئاغرىيتتى، ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ئەتراپىمدىكى نەم تاشلارنى ئاغزىمغا سېلىپ شورايتتىم، بەزى سەپداشلىرىم ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن سۈيدۈكىنى ئىچكەنمۇ بولدى. ئۈستى ـ بېشىم تىتىلغان، قاپاقلىرىم يېرىلغان، ئاياغلىرىم قانغا مىلەنگەن، پۈتۈن بەدىنىم ناھايىتى جانسىز بولۇپ، پۇتلىرىمنى ناھايىتى تەسلىكتە يۆتكەيتتىم. بېلىمگە ئاسقان قىلىنچىم ئالدىمدىكى ياغاچ كۆتەك ئۈستىدە سېپى قېتىپ كەتكەن قان داغلىرى بىلەن تولغان ھالەتتە تۇراتتى، تاپانچام قولۇمدا قان ئارىلاش تۇرۇپتۇ. ئېسىمنى يىغىپ بېشىمنى ئاستا كۆتۈرۈپ يىراققا قارىسام، كۆز ئالدىمدا دەھشەتلىك ئېچىنىشلىق مەنزىرە كۆرۈندى. سەپداشلىرىم يۆتكىلىپ كەتكەن بولۇپ، نىمجان گەۋدىلەر ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە ئىنجىقلايتتى، بەزىلىرى سەل ـ پەل مىدىرلىغاندەك قىلاتتى، ئۆلۈكلەر سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەنىدى. ئۆزۈممۇ يارىلانغان ئىدىم. قارىسام يارامنى بىرسى تېڭىپ قويۇپ كېتىپتۇ. ئاخشامقى پاجىئە يادىمغا كېلىشكە باشلىدى. ئەسلىدە بىز گومىنداڭ ئىستىھكاملىرىغا يېقىنلىشىپ قالغاندا بىر جەڭچىمىز پۇتلىشىپ كېتىپ مىلتىقىدىن بىر پاي ئوق چىقىپ كەتكەنىكەن، ئوق ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەن دۈشمەنلەر توختاخۇن ئاقساقالنىڭ جاڭزىسىنىڭ ئەتراپىغا قۇرۇلغان مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىدىن، بولۇپمۇ ئۈچ تۈپ قارىياغاچ ئۈستىگە قۇرۇۋالغان پىلىموتلىرىدىن بىزگە ئوت ئاچقانىدى، بىز پەستە، دۈشمەن ئۈستىدە بولۇپ، بىزگە دالدا بولغۇدەك قوغۇنچىلىك بىرەر تاشمۇ يوق ئىدى. بىز كېلىشتىن بۇرۇن دۈشمەنلەر بۇ يەردىكى چوڭ تاشلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ئېلىۋەتكەنىكەن. سېستىرا قىزلارمۇ يارىدارلانى يۆتكەپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەپتۇ. پاجىئە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى مايور سىدىقجان ئاخۇنبا-

يېڭ ئۈچ مەرگەننى ئەپلىك جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. تاڭ ئاتقاندا مەرگەنلىرىمىز دەرەخ ئۈستىدىكى گومىنداڭنىڭ ئۈچ پۇ-لىموتچىسىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىنلا دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى پەسىيىپتۇ. مەن تەستە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئالدىغا بىر ئاز ماڭدىم، بۇ چاغدا شىغىل كولىغان ئازگال ئىچىدىن بىر قىزنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئابدۇللا مېنى ئېتىۋەت، مېنى ئېتىۋەت دەيمەن! — قا-رىسام بۇ ۋارقىرىغان قىز سېستىرا سائادەت ئىكەن. ئۇنىڭدىن 10 مېتىر بېرىدىكى ئازگالدا سېستىرا قىز گۈلسۈم يۇراشۇۋا (تا-تار) مۇ بار ئىكەن. ئۇلار يارىدارلارنى تېڭىپ قويۇش ئۈچۈن بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا ئۆمىلەپ كېتىۋاتقاندا ئوق تەگكەن-كەن. سائادەتنىڭ يارىسى ئېغىر ئىدى، ئۇ ئارقا تەرەت چات ئارد-سىدىن، ئىنچىكە بېلىكىدىن كىندىك ئارىلاپ، پىلىموت ئوقىدا يارىلانغانىكەن. گۈلسۈمنى چوڭ يانپاش ئىچىگە قاراپ دوۋسۇن ئارىلاپ ئوق تېشىپ ئۆتكەنىكەن.

— تېز بولغىن، ئوغۇل بالا بولساڭ مېنى ئېتىۋەت! — دەپ ھەر ئىككى سېستىرا قىز ۋارقىراپ زارلايتتى. ئەھۋال خەتەرلىك بولۇپ، شۇ تاپتا دۈشمەن ئوت ئېچىپ قالسا ئۈچىلىمىز ئۆلەت-تۇق. شۇنداق بولمىغاندىمۇ بۇ قىزلارنى ئېتىۋەتكىلى قانداقمۇ قول بارىدۇ؟ ئۇلار جەڭلەردە يامغۇردەك يېغىۋاتقان دۈشمەن ئوق-لىرىغا قارىماي جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ يۈگۈرۈپ يۈ-رۈپ، ھەر - ھەر ئەزىمەتلەرنىڭ يارىلىرىنى تېڭىپ، بەزىلەرنى يۆدۈپ قۇتقۇزۇپ قالغان ھەمشىرىلەر تۇرسا. مەن بىر ئامال قىد-لىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش قارارىغا كەلدىم، ئۇلار مېنى ھەرقانچە ۋارقىراپ تىللىسىمۇ پەرۋا قىلمىدىم. ئۇلار بولسا كەل-گۈسىدە مېيىپ بولۇپ ياشىغاندىن كۆرە، ھازىرلا ئۆلۈپ كېتەيلى دەپ ئويلىغانىدى. مەن ئاۋۋال سائادەتنىڭ يارىسىنى تېڭىشقا كى-رىشتىم، ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىغا پىسەنت قىلماي ئۈستىگە تەتۈر مىنىۋېلىپ، پۇتلىرىنى قايرىپ تۇرۇپ ئوبدانلا تېڭىپ قويدۇم،

ئوق ئۇنىڭ بەكمۇ نازۇك يىرىگە تەگكەنىكەن. ئۇ ئىككى قولى بىلەن دۇمبەمگە دۇمباق چالغاندەك مۇشتلايتتى. قىلچىمنى غىلىپىدىن چىقىرىپ شىنە قىلىپ، ئۇنىڭ بىر پۇتىنى مىدىرلىماس قىلىپ تېڭىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى ئازگالنىڭ قىرىغا يۆلەپ قويدۇم. ئۇ ماڭا:

— ھۇ يۇزى قېلىن، سەن مېنى جان يېرىمنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن تاڭدىڭمۇ ياكى ھەقىقىي قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تاڭدىڭمۇ؟ ھۇ قورقۇنچاق! سەن مېنى قورقۇپ ئېتىۋەتمىدىڭ ـ ھە؟ ھۇ بېشىڭنى يەيدىغان، — دەيتتى. مەن ئۇنىڭغا:

— سەندەك بىر گۈزەل بەرنا قىزنى ئېتىۋەتسەم، يىگىتىڭگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ قورقمىغىن، ياراڭنى مەن تېڭىپ قويدۇم، ساقايساڭ ماڭىمۇ قارىماسسەن ھەقاچان؟! ھېلىمۇ تەلەيىڭ باركەن، — دېدىم چاقچاق تەلەپپۇزدا.

— ئۆل، ئاۋاق سارالڭ! — دېدى ئۇ كۇلۇمسىرەپ، — ھوي ئۆلمە! — مىڭ ـ مىڭ ياشىغىن! ساقايسام سېنى ئىزدەپ بېرىپ رەھمەت ئېيتىمەن! — دېدى يەنە قوشۇمچە قىلىپ.

مەن گۈلسۇمنىمۇ قىلچىمىنىڭ غىلىپىنى شىنە قىلىپ پۇتىنى تېڭىپ قويدۇم. ئۇمۇ ناھايىتى بەك ۋارقىراپ كەتتى، ئۇنىڭ يارىسىمۇ ۋارقىرىغىدەك يېرىدە ئىكەن. مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئالقىنىم بىلەن بېسىپ تۇرۇپ بىر پۇتۇمنى ئۇنىڭ ئۇستىگە ئارتىلدۇرۇپ يارىسىنى تاڭغۇچە، ئۇ مېنى تاتارچە تىللاپ كەتتى ۋە:

— تاپانچاڭنى ماڭا بېر، مەن ئۆزۇمنى ئېتىۋالىمەن! — دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

— نېمە دېسەڭ دەۋەرگىن، مەن بۇرچۇمنى ئادا قىلسامىلا بولدى، ھەر ئىككىڭلارنى سىلەرنى ساقايتىدىغان جايغا ئاپىرىپ بېرىمەن، دېدىم. ئۇ:

— ئۇ قاشقارلىق! خاپ توختاپ تۇر، مېنى ساقايسام كۆرۈتىنىڭ بار شۇندا! — دېدى. مەن:

— سېنى پۇچۇق دەپ ئەر ئالمىسا مېنىڭ قېشىمغا كېلەر ـ

سەن، سەن مېنى بۇرۇندىنلا ياخشى كۆرەتتىڭغۇ؟ ئاتقا بىدە توغ-
رىشىپ بەرگەنلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدىم.
— ئى ئاللا، سېن شۇل ئابدۇللامىدىڭ؟ كېل بىر سۆيۈپ
قوياي، شۇ كۈنلەرنى ئېسىڭگە ئالىپ مېنى ئاتىۋات دېسەمدە ئات-
ماغانىڭ شۇل ئىكەنغۇي، مېنى ئاتماغانىڭغا تاغى بىر رېت
راقمېت! — دېدى ئۇ مېنى تونۇۋېلىپ.

مەن 1942 - يىللىرى گۈلسۈملەرنىڭ قورۇسىدا ئىشلىگە-
نىدىم، ئۇ چاغدا مەن يېتىم بالا بولۇپ، پاناھلىنىدىغان ئۆيۈم شۇ
ئىدى.

— كېيىن سەن ماڭا كېرەك بولىسەن، — دېدىم مەن ئۇ-
نىڭغا چاقچاق قىلىپ، — خوش گۈلسۈم غانجۇغىدا كۆرۈشەر-
مىز، مەن كەتتىم... — دېدىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ. بۇ ئىككى
قىزھازىرمۇ ھايات بولۇپ بالا - چاقىلىق بولدى. گۈلسۈم بولسا
قىرغىزىستاننىڭ مەركىزى بېشكەكتە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلار بىلەن
قېرىنداشلارچە مۇناسىۋىتىمىز بار.

بۇ ئىككى قىزنىڭ يارىسىنى تېڭىپ دورا سومكا قۇرۇقدىلى-
نىپ قالغاچقا، قىزلارنىڭ دورا سومكىسىدىكى دورىلارنى ئې-
لىپ، تۇزلەڭلىكتە ئەلەمدە زارلىنىپ ياتقان سۇيدۇڭلۇك جاللا-
دىن قاتارلىق نۇرغۇن ياردارلانىڭ يارىسىنى تاڭدىم. بۇ چاغدا
بىر قىزنىڭ ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۆملەپ بېرىپ
قارىسام، 2 - روتىنىڭ سېستىراسى سانتاركا قىز ساشا (رۇس)
ئىككى كۆزى قانغا بويالغان ھالدا رۇسچە ۋە ئۇيغۇرچە «قۇتقۇ-
زۇڭلار» دەپ ياتقانىكەن. بىچارە قىزنىڭ ئوڭ چېكىسىدىن تەگ-
كەن ئوق سول چېكىسىدىن چىقىپ ئىككىلا كۆزىنى چاچرىتى-
ۋېتىپتۇ. مەن دورا، داكىلار بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى ئاۋايلاپ تېڭىپ
قويدۇم. ئاڭغىچە روشەنگۈلمۇ ئۆلگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا سۇدان
بىلەن سۇ ئىچكۈزۈپ قويدى. روشەنگۈلنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە،
ساشا بىر ئەسكەرنىڭ يارىسىنى تېڭىۋاتقاندا يان تەرەپتىن ئوق
تەككەنىكەن. ساشا يىغلاپ تۇرۇپ:

ــ بىز ئىغىر چىقىم تارتتۇق، بۇ قانلىق پاجىئەگە پولك كوماندىرى مەۋلانوپ[5] سەۋەبچى، ئۇنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ، ھۇ ئادەم ئەمەس چوشقا! ــ دەپ سۆزىنى تەكرارلايتتى.

تۇيۇقسىز بىر جىرا ئىچىدىن ئۇستى ـ بېشى قانغا مىلىنىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بىرسى ئۆمىلەپ چىقتى، مەن دەرھال تاپانچامنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تەپكىسىنى باساي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ:

ــ ھەي، ئابدۇللامۇ سەن؟ يائاللا، جىن ـ شەيتانمۇ يا؟ ــ دەپ توۋلىدى.

ــ خۇدا ئۆزى ساقلىدى، سىنى ئىتمۇەتكىلى تاسلا قاپتىمەن، ــ دىدىم ئۇنىڭغا. بۇ كىشى تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولك مال دوختۇرلۇق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئوسمان ئىمىن ھاجىيېف ئەپەندى ئىدى. ئۇ يارىدارلارنى تېڭىشىمغا ياردەملەشتى. 18 جەڭچىنىڭ پۇت ـ قولى ئۈزۈلگەنىدى، يارىدارلارنىڭ كۆپلۈكىدىن بەزى جەڭچىلەر يارىسىنى تېڭىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قانسىراپ ئۆلۈپ كەتتى. بەزى جەڭچىلەرنىڭ ئۈچەي ـ باغرى ساڭگىلاپ قالغان، باشلىرى بوينىدىنلا ئۈزۈلۈپ كەتكەن، قىسقىسى بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم كۆزىگە ياش ئېلىپ يىغلاپ سالاتتى. ھەر ھالدا سېستىرا قىزلارنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى بىلەن يارىدارلارنى بىخەتەر جايغا يۆتكىۋالدۇق. شۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق، كۈن ئىسسىق ۋە دىمىق بولۇپ، يارىدارلارنى جاراھەتتىن بەكرەك ئۇسسۇزلۇق قىينايتتى. ئۇلارغا قاراپ چىدىمىغان سېستىرا قىز روشەنگۈل ئون نەچچە سۇدانىنى دولىسىغا ئارتىپ، دوساجىمنىڭ تۆگمىنى دەپ ئاتىلىدىغان 150 مېتىر نېرىدىكى تۆگمەن بېشىدىن سۇ ئېلىپ كەلمەكچى بولدى. بۇ ئارىلىق تۈپتۈز بولۇپ، دۈشمەن كۆرۈپ قالسا ئاسانلا قارىغا ئالاتتى، شۇڭا ئۇنى كوماندىر ـ جەڭچىلەر سۇ ئەكىلىشتىن توستى، ئەمما ئۇ يارىدارلارنىڭ ھاياتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ:

ــ تۆگمەنگە بېرىپ سۇ ئەكىلىشىم پەقەت يارىدارلارنىڭ

ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇنلا! مېنى توسماڭلار، مەن ئۇلارنىڭ ئۇسساپ زارلىنىشىغا قاراپ تۇرالمايمەن، — دېدى - دە، تۇۋگ - مەنگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. زىلۋا بويلۇق چېۋەر سىېستىرا قىز روشەنگۈل دۇشمەن ئوقلىرىدىن ئۆزىنى ھىمايە قىلىپ يىلان باغرى يۈرگەن پېتى توگمەن ئۆستىڭىگە يېتىپ باردى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان جەڭچى - ئوفىتسېرلار:

— پاھ، قوشۇنىمىزنىڭ بۇ پەرىشتىسى قالتىس جۇمۇ، — دېيىشىپ ئۇنىڭ سەپداشلىرىغا بولغان مېھرى - شەپقىتى ۋە با - تۇرلۇقىغا چىن دىلىدىن قايىل بولۇپ ماختاشتى. ئەپسۇسلىنار - لىقى، ئۆستەڭدە سۇ يوق ئىدى، روشەنگۈل ئارمىنىنى يۇتۇپ ئۆستەڭگە چۈشۈپ يۈگۈرىگىنىچە قەدەم مېڭىپ ئۆستەڭ ئىچىدىكى بىر كۆلچەكتە توختاپ قالغان سۇنى كۆردى ۋە مۇشۇ سۇدىن بولسىمۇ ئېلىپ كېتەي دەپ سۇدانلارغا سۇ قاچىلاشقا باشلىدى. ئۇ سۇدانلارنى تولدۇرۇپ كۆتۈرۈپ ئەمدىلا ئۆستەڭنىڭ قىرىغا چىقىشىغا دۇشمەننىڭ بىر پاي ئوقى كېلىپ ئۇنىڭغا تەگدى. ئۇ «ۋاي» دەپ سۇدانلارنىڭ يىپلىرىنى مەھكەم تۇتقان پېتى يىقىلدى. بۇ ۋەقەنى ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرغانىدۇق. مەن يۈگۈرۈپ روشەنگۈلنىڭ قېشىغا بارغان چاغدا، ئۇنىڭ كۆزى تې - خى يۇمۇلمىغانىكەن، كۆكرىكىدىن قان توختىماي ئېقىۋاتاتتى. سېستىرا قىز ئاسىيە ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇ - رۇپ، ئۇنىڭغا رازىلىق بىلدۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايى ۋە نۇرلۇق كۆزلىرىدىن بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا شەۋقىيە:

— ۋاي ئېسىتەي، چىرايلىق، چېۋەر قىز ئىدى، تۇنۇگۈنكى چوڭ قىرغىنچىلىقتا ئۇ ئۆمىلەپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تېڭىپ، بەزىلىرىنى سۆرەپ، بەزىلىرىنى ھاپاش قىلىپ بىخەتەر يەرگە ئاپىرىپ نۇرغۇن ئەسكەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قال - غان ئەمەسمىدى، ئويلىمىغان يەردىن مۇشۇنداقلا كېتىشىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن، — دېدى. مەن:

— ئوق يېقىنلا يەردىن تەگكەندەك قىلىدۇ، يۈرۈڭلەر، ئاۋۇ تۆگمەننىڭ ئىچىگە كىرىپ باقايلى، — دېدىم. بىر نەچچەيلەن يۈگۈرۈپ تۆگمەننىڭ ئىچىگە كىرىپ ئاختۇرۇپ، سوگەن ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بىر دۈشمەن ئەسكىرىنى بايقىدۇق.

— مانا بۇ ئەبلەخ، ماۋۇ يەردىكەن! — دېدىم ـ دە، گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ قاماللىغىنىچە سۆرەپ ئېلىپ چىقتىم. لەنىتى ئەبلەخ قورقىنىدىن تۇگۇلۇپلا قالغانىدى. ئۇنى روشەنگۈلنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ:

— مانا، سىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدۇق، — دېدىم ـ دە، خەنجىرىمنى چىقىرىپ ھېلىقى ئەبلەخنىڭ كۆكرىكىگە غەزەپ بىلەن تىقتىم.

تۆگمەننىڭ باش تەرىپىدە ئۆز ئارا ئارىلىقى ئالتە مېتىرچە كېلىدىغان ئىككى تۈپ قېيىن دەرىخى بار بولۇپ، روشەنگۈلنىڭ جەسىتىنى شۇ ئىككى تۈپ دەرەخ ئاستىغا دەپنە قىلىپ، كېيىن تېپىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بىر قىسىم كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن ئادرېسىنى يېزىپ، تۇپراق بېشىغا قويۇپ خامان تېپىدىغان تۇلۇق تاش بىلەن باسۇرۇپ قويدۇق. روشەنگۈلنىڭ گىمناستىئور ـ كىسىنىڭ يانچۇقىدىن يېرىمى قانغا بويالغان، ئىككى قىزبىلگۈل ـ نىڭ غۇنچىسى كەشتىلەنگەن قول ياغلىق چىقتى. بۇنى كۆرگەن رۇس قىزى ژۈلكا:

— ئېسىم قۇرۇسۇن، مەن بۇ قىز بىلەن غۇلجىدا تونۇشقا ـ نىدىم، ئىككىمىز تونۇگۇن كېچە دۈشمەن ئوقىدىن مۇداپىئەلە ـ نىپ بىر يەردە ياتقانىدۇق، مەن ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ھەۋەسىم كې ـ لىپ:

— سېنىڭ يىگىتىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىسام، ئۇ:

— ھەم بار، ھەم يوق، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، مەن:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئوچۇقراق قىلىپ دېمەمسەن؟ — دەپ قىستاپ تۇرۇۋالسام، ئۇ ئاخىرى:

— بىز بىر مەھەللىلىك بولۇپ، ئۇرۇشقا تەڭ قاتناشقان،

ئىسمى ئەنۋەرجان[6]، ئۆزى ئالدىنقى سەپتە، ئۇ ماڭا ئېغىز ئاچ-قاندا مەن ئۇنىڭغا «ئالدىنقى سەپتە خىزمەت كۆرسىتىپ ئوردېن ئالسىڭىز سىز بىلەن ئۆمۈرلۈك بولىمەن، ئۇنداق بولمىسا ئاۋارە بولماڭ!» دېگەنىدىم، ـــ دېگەن ئىدى.

بۇ قولياغلىق روشەنگۈلنىڭ شۇ يىگىتكە تەييارلاپ قويغان كۆڭۈل سوۋغىسى بولسا كېرەك. بىز قولياغلىقنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ كۆز يېشى قىلىشتۇق.

ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن، بۇ يەرگە سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن پولك كوماندىرى خۇددى دېھقاننى ئېچىقتا سۇ باشلاپ كېلىشكە بۇيرۇغاندەك تۇيغۇدا بىر ئۇيغۇر، بىر موڭ-غۇل جەڭچىنى ئەۋەتكەنىدى، لېكىن هازىرغىچە ئۇلارنىڭمۇ، سۇ-نىڭمۇ دېرىكى بولمىدى. روشەنگۈل پاجىئەسى بولغاندىن كېيىنلا كوماندىر ئۇيغۇسىنى ئېچىپ تەجرىبىلىك، پىشقان ئوسمانوف ئىسكادرونىنى سۇغا ئەۋەتتى. ئۇلار تېزلىكتە 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۇگمەنگە ئايرىلىدىغان، تولا يار كېتىدىغان سۇ بېشىغا يوشۇرۇن بېرىپ، ئۈچ چېدىر ئىچىدىكى گومىنداڭنىڭ بىر ئىزۋوت ئەسكىرىنى تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىپ تەلتۆكۈس يوقاتتى ۋە ھېلىقى ئىككى ئەسكىرىمىزنىڭ مۇشۇ يەردە پاجىئە-لىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇلار دۈشمەنلەر ئېتىۋالغان تو-ساقلارنى ئېچىپ يارىدارلارنىڭ يېنىدىكى ئۆستەڭگە سۇ باشلىدى.

دوساجىمىنىڭ سىيى[7] دىكى بۇ قېتىملىق پاجىئەدە 500 دەك سەپدىشىمىز قۇربان بولدى[8]، ساينىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن جەسەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق بولۇپ باتۇرلۇق ئەكس ئەتسە، بەزىلىرىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈك بولۇپ دۈشمەنگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى ئىپادىلىنەتتى. كوماندىر ـ جەڭچىلەر قۇربان بولغانلارغا قاراپ:

ـــ سىلەرنىڭ خەلقپەرۋەر روھىڭلار بىزگە تولۇپ ـ تاشقان غەيرەت ـ جاسارەت ۋە ئىرادە بېغىشلىدى! بىز دۈشمەنلەرنى يو-قىتىپ جىنىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىپ قەھرىمانلار ئۈچۈن ئىن-

تنقام ئالىمىز! — دەپ ئۇنلۇك توۋلاشتى[9]. 1945 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى گېنېرال ئىسھاقبېك جىڭ ناھىيىسى سەك-كىز تام كەنتىنىڭ شەرقىدىكى توختاخۇن ئاقساقالنىڭ جاڭزىسى-نىڭ جەنۇبىدىكى 500 جەڭچى دەپنە قىلىنغان دوساجىمىنىڭ سايلىقىدىكى شېھىتكارلىقتا جىڭ چوڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى زۇنۇن ئاخۇن ۋە بىر قىسىم خەلق بىلەن چىقىپ، بىر ئۆكۈز سويۇپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ئۈچ پاي ساليوت ئېتىپ كاتتا تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قوشۇنىمىز جىڭ دەر-ياسىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ قارشىلىقسىزلا جىڭ بازىرىغا كىردى.

## جىڭ ناھىيىسىنى يەم بىلەن ئېلىش ئۇرۇشى

گومىنداڭ 1944 - يىلى 12 - ئايدا جىڭ ناھىيىسىنىڭ پۇقرالىرىنى شىخۇغا ھەيدىۋېتىپ شەھەردىكى ئۆيلەرنى چېقىۋەتكەنىدى. جىڭ ناھىيىسىنىڭ چوكانبۇت سېپىلى[10] ئىنتايىن پۇختا ھەم ئېگىز بولۇپ، ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر كېلەتتى، سېپىل چۆرىسىگە كەڭلىكى تۆت مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر خەندەك كولاپ ئىچىگە لىق سۇ تولدۇرۇلغان، سېپىلنىڭ ئۈستىدە ھەر ئون مېتىر ئارىلىقتا بىردىن ئېغىر تىپتىكى پىل-لىموت ئورنىتىلغانىدى. شەھەر ئىچىدىكى ئاق مەسچىتتىن باش-قا ھەممە ئۆيلەرنى چېقىپ تۈزلەپ خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىككى، دۈشمەننىڭ بارلىق پوتەيلىرى يەر ئاستى يول ۋە ئا-كوپلار ئارقىلىق ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغانىدى. ھەتتا دۈشمەنلەر شەھەر ئەتراپىغا يېقىن ئېرىق - ئۆستەڭ ياقىسىدىكى چاتقال-لىقلارغىمۇ ئوت قويۇۋەتكەنىدى.

دۈشمەننىڭ جىڭ ناھىيىسىدە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان 7000 دىن ئارتۇق مۇنتىزىم ئارمىيىسى بولۇپ، قورallىرى خىل ھەم زامانىۋى ئىدى. ئۇندىن باشقا سېپىل ۋە دەريا ئەتراپىدا چوڭ -

كىچىك بولۇپ 3000 دەك پوتىيى بار ئىدى. تانكا، زەمبىرەكچى (توپچى) قىسىملىرى دەريا بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ئارمىيىمىز تەرەپكە قارىتىپ نىشانسىز ئوق ئاتاتتى. ناھىيىنىڭ غەربىدىكى كىچىك جىڭ سىپىلى ئىچىدىمۇ دۈشمەننىڭ ئىلغار قوراللىق مۇنتىزىم ئەسكەرلىرى بار ئىدى. جىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى سەككىز تامنى ساقلاۋاتقان دۈشمەنلەر يېڭىلىپ جىڭغا كىرىۋالغاندىن كېيىن جىگدىكى دۈشمەنلەر جىڭ دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ غەرب تەرىپىنى پارتلىتىۋېتىپ شەرق تەرىپىگە پىلىموت ئورنىتىۋالغانىدى. دۈشمەننىڭ بىرىنچى مۇداپىئەسى دەريانىڭ شەرقىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، 15 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى دەريا گىرۋىكىگە تەتۈر قوزۇق قېقىپ مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇۋالغانىدى. بىز 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى قېرىنداش پولكلار (جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا شىبە جەڭچىلەرمۇ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنىدى)نىڭ ماسلىشىشى بىلەن سەككىزتامدىكى دۈشمەننى تارمار قىلىپ، قېچىپ كىچىك جىڭ سېپىلىغا كىرىۋالغان دۈشمەننى قوغلاپ سېپىلنى ئىشغال قىلدۇق.

مەن ئوق تېگىپ يارىلانغان جەڭچىلەرنىڭ يارىسىنى تېڭىۋاتاتتىم، مايور سىدىقجان ئاخۇنبباو[1] دەرھال يېنىمغا كەلسۇن دەپ چاقىرىپتۇ. پولك شتابىغا كىرسەم سىدىقجان ئاخۇنبايوپ خەرىتىگە قاراپ ئولتۇرغانىكەن. ئۆز ئارا سالاملاشقاندىن كېيىن ئۇ ماڭا:

— سىزگە مۇھىم بىر ۋەزىپە بەردۇق، ھازىردىن باشلاپ 1 -، 2 - ئىسكادرونلارغا قوماندانلىق قىلىپ، جىڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىغا 15 كىلومېتىر ئۆرلەپ دەريادىن بۆسۈپ ئۆتۈپ 74 - نومۇرلۇق سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكنى ئىگىلەڭ مانا ماۋۇ دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ جايلاشقان ئورنى - دەپ قولىدىكى خەرىتىنى بەردى، — يەنە بىر مۇھىم گەپ، سىز 74 - نومۇرلۇق سېرىق توپىلىقنى ئىگىلىگەن ھامان چاڭ - توزان ھېيلىسىنى ئىشلىد-

تىپ قوشۇننى جىق كۆرسىتىش ـ دە، جىڭ ناھىيەسىگە قاراپ ئىلگىرىلەڭ. 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەتىگەندە ئۇمۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىنىدۇ، بۇيرۇق كۈتۈڭلەر، ـــ دېدى. مەن:

ـــ خوپ كوماندىر! ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇندايمىز، ـــ دېدىم ـ دە، توققۇزلۇق ئاتقا مىنىپ، تولۇقلانغان ئىككى ئىسكادروننى باشلاپ جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

بىز شۇ ئاخشىمى كېچىلەپ يول يۈرۈپ، جىڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى توسما توختىماس دېگەن جايدىن دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزەتتۇق. دۈشمەنلەر دەريانىڭ گىرۋىكىگە تاشتىن قوپۇرۇپ بىر پوتەي ياسىۋالغانىكەن. كېيىن تون قاراڭغۇلۇقىدا دۈشمەن ھەرىكىتىنى سېزەلمىدۇق. پەقەت دەريانىڭ شاۋقۇنلۇق ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەريانىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 150 مېتىر كېلەتتى. دۈشمەنگە سەزدۈرمەي دەريادىن ئۆتۈپ تۇيۇقسىز زەربە بېرىش پىلانىنى تۈزگەن بولساقمۇ، دۈشمەننىڭ دەريا قىرغىقىغا ئورناتقان يوشۇرۇن مىناسى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، يەنىلا قىرغاقتا تۇرۇپ 120 مىللىمېتىرلىق مىناميوت ئوقى بىلەن دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ئوت ئېچىشنى قارار قىلدۇق.

دەريا بويىدا ئىككى سائەتتەك كەسكىن جەڭ قىلغاندىن كېيىن دۈشمەن چېكىنىپ قاچتى. 9 ـ ئايلار بولغاچقا دەريا سۈيى ئازىيىپ قالغانىدى. بىز دەريادىن ئاتلىق ئۆتتۇق، دەريا لېۋىگە جايلاشقان دۈشمەن پوتەيىدىن چوڭ تىپتىكى ئىككى پىلىموت، ئىككى مىناميوت، بىرنەچچە تاغار ئۇن ـ گۈرۈچ، ئالتە ساندۇق ئوق ۋە بىر ساندۇق گومىنداڭنىڭ قەغەز پۇلىنى ئولجا ئالدۇق. بىز ئوق ـ دورا، قورال‌لارنىلا ئېلىپ شەرق تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدۇق، چۈنكى 2 ـ قېتىم بولىدىغان ھۇجۇم نىشانىمىز جىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان زۇمۇدۇن* ئىستىھكامى ئىدى.

74 ـ نومۇرلۇق سېرىق توپىلىقتىكى زۇمۇدۇن جىڭ ناھىـ

زۇمۇدۇن ـــ موڭغۇلچە ئاتالغۇ بولۇپ، 100 تېرەك دېگەن مەنىدە.

يىسسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئېگىزلىك بولۇپ، چارۋىچىلارنىڭ مال سوغىرىپ ئۆتىدىغان ئۆتىڭى، ناھىيىگە 15 كىلومېتىر كې-لىدۇ. بۇ جايدا بىر بۇلاق بار بولۇپ ئەتراپىنى دەل ـ دەرەخلەر-نى كۆكەرتىپ تۇرىدىكەن. بۇلاقنىڭ يېنىغا دۈشمەنلەر بىر پوتەي سېلىۋالغان بولۇپ، پوتەي ئېگىزدە، ئەتراپى تۈپتۈز سېرىق تو-پىلىق ئىكەن. دۈشمەن مۇشۇنداق ئىستراتېگىيىلىك ئورۇننى ئىگىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئورۇن جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇراتتى. جەڭچىلىرىمىز ھەرقانچە باتۇر، جەڭگىۋار بولسىمۇ، قا-رىسىغا ھۇجۇم قىلساق، نەتىجە قازىنالماي ھەتتا رازاق مەۋلانوف-نىڭ ئالدىنقى كۈنىدىكى خاتا تاكتىكىسىنى تەكرارلاپ يەنە قىر-غىنچىلىققا دۇچ كېلىشىمىز ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئاخىر مەسلىھەتلىشىپ ئالدى بىلەن پوتەي ئىچىدىكى دۈشمەن پىلى-موتچىسىنى ئۈجۈقتۇرۇۋېتىپ ئاندىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى بېكىت-تۇق. مەرگەنلەردىن قاسىم، مەھەممەتجان ۋە ئەكرەمگە:

— سىلەر ئەپلىك يەرگە جايلىشىۋېلىپ دۈشمەن پىلىموت-چىسىنى ئۈجۈقتۇرۇۋېتىڭلار! — دەپ جىددىي بۇيرۇق چۈشۈردۈم ھەمدە ئۇلارغا پولات ئوق تارقىتىپ بەردىم. بىز ئالدىنئالا كو-لىۋالغان ئاكوپلارنىڭ دالدىسىدا كېچىچە ئېتىشتۇق. مىناميوت ھەم پىلىموتلارنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى دىماغنى يارغۇدەك ئې-چىشتۇراتتى. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا دۈشمەن پىلىموتى بىر-دىنلا توختاپ قالدى ـ دە، دۈشمەنلەر جىلىڭ تەرەپكە قاراپ قاچقىد-لى تۇردى. بىز «ھۇررا...» دەپ چۇقان سېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتۇق، دۈشمەنلەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قالغىنى تىكىۋېتىشتى، تەسلىم بولغانلىرىنى ئەسىرگە ئالدۇق. مەلۇم بولۇشىچە، مەرگەنلىرىمىز ئاتقان ئوق دۈشمەننىڭ ئىككى پىلىموتچىسىنى يەر چىشلەتكەند-كەن. شۇ ئەتىگىنى دۈشمەندىن 90 دىن ئارتۇق ھەر خىل مىل-تىق، ئىككى چوڭ تىپلىق پىلىموت، ئالتە مىناميوت، 100 دەك گرانات، 16 ساندۇق ئوق ـ دورا، بىر ئالاقىلىشىش ئاپپاراتى، يە-نە بىر نەچچە تاغار ئۇن ـ گۈرۈچ، بىرنەچچە تۇلۇڭ ياغ قاتارلىق

نەرسىلەرنى ئولجا ئالدۇق.

بىز ئاتلىرىمىزنىڭ قۇيرۇقىغا شاخ ـ شۇمبىلارنى باغلاپ جىڭ ناھىيىسى تەرەپكە توپا ـ چاڭ توزىتىپ ماڭدۇق. تۇپىلىق يولدا چاڭ ـ توزان ئاسمان ـ پەلەك ئۆرلىدى.[12]. زومۇدۇندىكى دۈشمەننىڭ تارمار قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان كېيىن، شەھەر ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەر مۇداپىئە سېپىنى تاشلاپ شەھەر ئىچىگە قېچىپ بېرىپ، گېنېرال گوچىغا زومۇدۇن تەرەپتىن ھەددى ـ ھېسابسىز لوموزىلار (رۇسلارنى دېمەكچى) باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر قىلغانىكەن. بىز ھەسەن بوۋاينىڭ يول باشلىشى بىلەن ئىلگىرىلەپ خاڭگوۇڭ (ھازىرقى جىڭ ناھىيە ماڭدام بۇلاق يېزا جەنۇبىي خاڭگوۇڭ كەنتى) دېگەن بىر كىچىك قورۇققا كەلگەندە، شەھەر ئىچىدە ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازى سەل پەسلەپ قالدى. شەھەر ئىچىنى ئىس ـ تۈتەك قاپلىغانىدى.

1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا گېنېرال ئىسھاقبېك بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلدى، تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكى، ئىلى پىيادىلەر 2 ـ پولكى، ئىلى زاپاس 4 ـ پولكى، خۇيزۇ دىۋىزىيىسى، شىبە ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسى ۋە توپچىلار باتالىيونى بولۇپ جەمئىي 3500 دىن كۆپرەك جەڭچى ۋە ئوفىتسېر قاتناشتى. 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سەھەردىلا جىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن، يەنى قاراجىگدە تەرەپتىن بىر ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ ئۇدۇل چوكانبۇت سېپىلى ھاۋا بوشلۇقىدىن بومبا تاشلاپ سېپىل ئىچىنى بومباردىمان قىلدى. ئايروپىلان ناھايىتى پەس ئۇچقانىدى، گەرچە دۈشمەنلەردە شۇنچە ئىلغار قوراللار بولسىمۇ ئايروپىلانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىشقا پېتىنالمىدى[13]. ئايروپىلانىمىز شەھەرنى بىر ئاز ئايلىنىپ غۇلجا تەرەپكە قايرىلىپ كېتىشىگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈش سىگنالى چېلىندى.

جەڭچىلەر «ھۇررا...، ھۇررا...» دەپ تۈۋلىغانچە سېپىل ئىچىگە ئاتلىق كىرىپ كېتىشتى، سېپىلنىڭ شەرق تەرەپتىكى

قوۋۇقى ئوچۇق تۇرغانىكەن، ئەنە شۇ يەردە باتۇر ئەزىمەت مۇخ-
پۇلجانغا غايىب ئوق تېگىپ بەختكە قارشى قۇربان بولدى. چو-
كانبۇت سېپىلى ئىچىدە بىرمۇ گومىنداڭ ئەسكىرى يوق ئىكەن.
سېپىلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قاتار كەتكەن دۇكانلارغا ئوت كې-
تىپ ئاسمان پەلەك كۆيۈۋېتىپتۇ. دۈشمەنلەر ئېغىر تىپلىق
قورالللىرىنى تاشلاپ قېچىپتۇ. كۆيمەي ساق قالغان ئۆيلەرگە
كىرسەك، ئۇن، گۈرۈچ، چاي، قەنت - گېزەكلەر چېچىلىپ
قالايمىقان تۇرغانىكەن. دۈشمەنلەر قېچىشتىن ئىلگىرى ئىس-
كىلات ۋە بىر قىسىم ئۆيلەردىكى ئاشلىقلارغا كىرسىن چېچىپ
ئوت قويۇپ بەرگەن، يەنە بەزى ئۆيلەرگە ئوت قويۇشقا ئۈلگۈرەل-
مەي قاچقانىكەن. بىز ئۆيلەرنى ئارىلاپ بىر ئۆيگە كىرسەك قىد-
رىق نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر خەنزۇ ئايال كاڭدا ئولتۇ-
رۇپتۇ (بۇ ئايال خەنزۇلارنىڭ باخشىسى ئىكەن). مەن بۇ ئايالدىن:
— بۇ يەردىكى ئەسكەرلەر قاچان قاچتى؟ — دەپ سورىدىم،
خەنزۇ ئايال بىزگە:
— ئەتىگەن شۇ، ئاسماندا كەلدى شۇ، چوڭ - چوڭ ئۇرۇش
بولدى شۇ، جىق - جىق لوموزىلار كەپتۇ، ھەممىسى شىخۇغا
قاچتى شۇ - دەپ ئۇيغۇرچە يامىداپ جاۋاب بەردى.
— سەن نېمىشقا ئۇلار بىلەن بىللە قاچمىدىڭ؟ — دەپ
سورىسام، ئۇ:
— مەن شۇ مەشەدە چوڭ بولدى، باشقا يەرگە كەتمەيدۇ، يەنە
مەن شۇ ئۇيغۇر ئىچىدە چوڭ بولدى، — دەپ قوشۇپ قويدى.
بىز سېپىلدىن چىقىپ شەھەر ئارىلاپ چوڭ گاراژغا كىر-
سەك، مەيداندا تۆت پۇتى باغلاقلىق تۆت كالا يېتىپتۇ. تۆت
قازاندا گاڭپەن دۇملەكلىك، ئىككى قاسقاندا دۇملەنگەن ھور ناد-
دىن ھور چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئاڭغىچە خۇيزۇ قوشۇنمۇ ئات چاپتۇ-
رۇپ يېتىپ كەلدى.
ئەسلىدە گومىنداڭنىڭ جىڭ ناھىيىسىدىكى 7000 كىشى-
لىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان گېنېرال گوچى سېپىل

ئۈستىگە چىقىپ تۆت تەرەپكە دۇربۇن بىلەن قاراپ زومۇدۇن تە-رەپتىكى ئاسمان پەلەك چاك - توزاننى كۆرۈپ ھودۇققان ھەم دەرھال شىخۇ بىلەن ئالاقە قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، تېلېگراف ئۈلانماي ساراسىمىگە چۈشكەن. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭ-گىراپ تۇرغاندا، سېپىلنىڭ شەرق تەرىپىدىن گومىنداڭنىڭ بەل-گىسى چۈشۈرۈلگەن ئايروپىلان ئۇدۇل سېپىلغا قاراپ كەلگەن، بۇنى كۆرگەن گوچى خۇشال بولغان. بىزنىڭ ئايروپىلان سېپىل-نى بومباردىمان قىلغان، گوچى بۇ كۈتۈلمىگەن زەربىدىن قور-قۇپ كېتىپ ئۆزىنىڭ ھەربىي ماشىنىسى بىلەن ئايالى ۋە قوغ-دىغۇچىلىرىنى ئېلىپ چوڭ يولنىڭ شەرقىدىكى سۆكسۆكلۈك ۋە توغراقلىق ئارىسىدىن قاچقان. ئورمانباغ (يەنسخەي) قا كەلگەن-دە ئۇ بىر كانىۋېيى بىلەن ئۆز ئارا كىيىم ئالماشتۇرماقچى بو-لىدۇ. كانىۋېيى كىمنى گوچىغا بېرىشكە ئۇنىمىسا، ئۇ تاپانچىد-سىنى چىقىرىپ بۇ كانىۋېينى ئېتىپ تاشلايدۇ. جەڭچىلىرىمىز ئورمانلىقتىكى ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قورشاپ كېلىپ ئۇلارنى ئەسىرگە ئالىدۇ. گوچىنىڭ ئىقرار قىلىشىچە: جىڭ ناھىيىسىد-دىكى يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن كەرىم توختار، قۇنانباي، دۇنەنباي قاتارلىقلار 1944 - يىلى 10 - ئاي-نىڭ مەلۇم بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئۆيىدە 11 تەشكىلات ئەزاسى بىلەن مەخپىي يىغىن ئېچىۋاتقاندا، بىر خائىنىنىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىنىپ، شۇ يىلى 12 - ئايدا جىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى سېپىل يېنىدىكى خەندەككە ئاغ-زىلىرىغا پاختا تىقىپ مەخپىي تىرىك كۆمۈۋېتىلگەنىكەن. ئۇ يە-نە مۇنداق دەيدۇ: «جىڭ ناھىيىسىدە زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان 7000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىم، 3000 دەك پوتەي، ئۈچ تانكام بار ئىدى. مەن مىللىي ئارمىيە قوشۇنىنى ‹ئاسماندىن ئۆتسە ئۆتەلەيدۇكى، يەردىن ھەرگىزمۇ ئۆتەلمەيدۇ› دېگەن ئىدىم، مەن ياپونىيە قوشۇنلىرى بىلەن ۋە قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان، ئۇرۇش تەجرىبەممۇ مول ئىدى، ئەمما

سىلەرنىڭ ئۆلۈمدىن قورقماس پىداكارانە روھىڭلار، ئۇرۇش دەستۇرلىرىدىن ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدىغان ئاجايىپ تاكتىكاڭلار بىزنى مەغلۇب قىلدى. ئەمەلىيەتتە بىزگە ھۇجۇم قىلغان ئاران تۆت پولك ئىكەن، ھەربىي ئىلىم نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇ بىر مۆجىزە. مەن سىلەرنى ياۋايى ئادەملەر دەپ چۈشىنەتتىم، لېكىن سىلەرنىڭ ئەسىرلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەڭلەر ياخشىكەن، ئادەمگەرچىلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك خىسلەتلىرىڭلار يۇقىرى ئىكەن».

11 بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن گوچى باشلىق گومىنداڭ ئەسىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇرۇمچىدىكى گومىنداڭ تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، يەنى جىڭ ناھىيىسى ئازاد قىلىنغان كۈنى ئەتىگىنى دەل روزا ھېيت كۈنى ئىدى. پۈتۈن ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر چوڭ گاراژغا (مەيدانغا) تىزىلىپ نامازغا ئولتۇردۇق. گېنېرال ئىسھاقبېك بۇ شانلىق غەلىبىنى تەبرىكلەپ بىرقانچە ھەمراھلىرى بىلەن جىڭ ناھىيىسىدىكى چوڭ گاراژغا كېلىپ، پولكنىڭ سىياسىي كومىسسارى ئابدۇرېھىم ھاجى ھەسەنوف بىلەن ئون مىنۇتتەك ئايرىم سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ئىشغال قىلىنغان گومىنداڭ ھەربىي باش شتابىنىڭ قورۇسىدا (ھازىرقى جىڭ سودا سارىيى ئورنىدا) مىللىي ئارمىيە قىسمىدىكى بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەرنى قوبۇل قىلىپ نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

— مۆھتەرەم كوماندىر، جەڭچى - ئوفىتسېر قېرىنداشلار، سىلەر كۆپ جاپا چەكتىڭلەر، بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇنلىغان قۇربانلارنى بەردىڭلەر، شۇنداقتىمۇ روھىڭلارنى قىلچە بوشاشتۇرماي، غەيرەت - جاسارىتىڭلارنى ئۇرغۇتۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ ھەر - ھەر قىيىن توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ دەل ۋاقتىدا جىڭنى ئازاد قىلىپ، خەلقىمىزنى خۇشال قىلدىڭلار، سىلەر مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ باتۇر، ئوت يۈرەكلىك خىسلىتىنى نامايان قىلدىڭلار،

مەن سىلەرنى ھۆكۈمىتىمىز ۋە مىللىي ئارمىيە باش شتابىغا ۋاكالىتەن قىزغىن تەبرىكلەيمەن! سىلەرگە ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرىمەن.

گېنېرالنىڭ ھەر بىر جۈملە سۆزى گۈلدۈراس چاۋاكلار بىلەن ئالقىشلىنىپ تۇراتتى. ئاخىردا گېنېرال ئىسھاقبېك بارلىق ئوفىتسېرلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە مايور سىدىقجان ئاخۇنبايېفنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ـــ سىز بۇ ئۇرۇشتا ئۆز ئىقتىدارىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاجايىپ زور خىزمەت كۆرسەتتىڭىز، باشقىلار سىزدىن ئۈلگە ئالغۇدەك نەتىجە ياراتتىڭىز. سىزنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! ـــ دېدى. مايور سىدىقجان ئاخۇنبايېف يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

ـــ رەھمەت سىزگە، مۆھتەرەم گېنېرال! ئازادلىق ئۇرۇشى ئۈچۈن يەنە جان پىدالىق بىلەن ئىشلەيمەن! ـــ دېدى. گېنېرال ئىسھاقبېك:

ـــ ھازىر رەئىس ئېلىخان تۆرە رادىئو ئارقىلىق سۆز قىلىدۇ، ـــ دېدى.

ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم باتۇر بالىلىرىم، زەپەر قۇچقان قۇتلۇق كۈنىڭلەرگە مۇبارەك بولسۇن، بۈگۈن جىڭ ناھىيىسى بىلەن شىخۇ ناھىيىسى ئازاد بولدىلەر، غەيرىتىڭلەرگە بارىكاللا بالىلىرىم... ھازىر ھېيت ناماز ئوقۇيمىز.

روزا ھېيت نامازغا رەئىس ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلدى.

تەنلىرىم جۇغۇلداپ كەتتى، بەك ھاياجانلىنىپ كەتتىمۇ ياكى بەك خۇشال بولۇپ كەتتىممۇ ۋە ياكى بولمىسا شېھىت بولۇپ كەتكەن سەپداشلىرىمنى ئويلاپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتامدۇ ئۇقالمىدىم، ئايەت ئوقۇپ ناماز باشلاندى.

## دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىش

بىز نامازنى ئەمدىلا ئوقۇپ بولۇشىمىزغا، جىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىن، يەنى دۈشمەن قاچقان تەرەپتىن بىر جەڭ-

چى ئاغزىغا خەت چىشلىگەن هالدا ئات چاپتۇرۇپ ئۆچقاندەك يې-
تىپ كەلدى. ئۇ دەرهال ئاتتىن چۈشۈپ، پولكوۋنىك مەۋلانوفقا
هەربىيچە چاس بېرىپ خەتنى سۇندى. پولكوۋنىك خەتنى بىر
قۇر ئوقۇغاندىن كېيىن قوشۇنغا:

— دەرهال جەڭگە ئاتلىنىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن دۈشمەنگە
قوغلاپ زەربە بېرىڭلار! — دەپ ئومۇمىيۈزلۈك بۇيرۇق چۈشۈردى.

بىز ئاتلىرىمىزغا مىنىپ دۈشمەننىڭ كەينىدىن قوغلاپ يو-
رۇپ كەتتۇق. بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىلى زاپاس 4 - پولكىنىڭ
بىر ئىزۋۇت قىرغىز ئەسكىرى دۈشمەننى قوغلاپ ماڭغانىكەن،
بىز قاراتۇمشۇقتا كەلسەك يول بويىدا دۈشمەننىڭ ئوڭدا - دۈمبە
ياتقان ئۆلۈكلىرى ئۇچرىدى. يول بويى چېچىلىپ ياتقان قورال -
ياراغلار تاكى قۇمبۇلاقتا بارغۇچە ئۇچراپ تۇردى. قۇمبۇلاقتا
ئالدىمىزدا كەتكەن ئەسكەرلەر قارشىلىق كۆرسەتكەن دۈشمەن
بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانىكەن. بىز ئۇلارغا قوشۇلۇپ دۈشمەنگە بىر
سائەتتەك ئوت ئاچقاندىن كېيىن دۈشمەننىڭ يېرىمى شىمال تە-
رەپتىكى توغراق جازىغا قاراپ قاچتى. قالغان دۈشمەننىڭ ئۆل-
گىنى ئۆلۈپ، ساق قالغانلىرى تەسلىم بولدى. توغراق جازىدا
بىر كونا سېپىل بار بولۇپ، دۈشمەنلەر شۇ يەرگە كىرىۋېلىپ
قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىزگە تەڭ كېلەلمەي تەسلىم
بولدى. بىز يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كۆلئۆتەڭگە[14] يۈرۈپ كەت-
تۇق.

كۆلئۆتەڭنىڭ شىمال تەرىپى چەكسىز كەتكەن ئورمانلىق
بولۇپ، گومىنداڭنىڭ جەڭدىن پىيادە قاچقان 2000 دەك ئەس-
كىرى تەرەپ - تەرەپكە پىتراپ قاچقانىكەن. بىزنىڭ ئاران 48
دەك ئادىمىمىز بولغاچقا بۇنچىۋالا دۈشمەننى تەسلىم قىلماق
ئىنتايىن تەس ئىدى. ئەگەر دۈشمەنلەر ئادىمىمىزنىڭ ئاز ئىكەن-
لىكىنى بىلىپ قالسا بىزنى قورشاۋغا ئېلىپ يوقىتاتتى. دۈش-
مەنلەر گاڭگىراپ نىشانسىز قاچاتتى. بىز ئىمكانقەدەر ئۆزىمىزنى
جىق كۆرسىتىپ ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزەتتۇق. بىز بىر ئاز

ئېتىشقاندىن كېيىن بىر سازلىق كۆلگە كېلىپ توختاپ قو-ماندانلىق شتابىغا خەۋەر ماڭدۇردۇق ھەمدە ئاتتىن چۈشۈپ ئاتلارنى ئېگەر - توقۇمى بىلەنلا چاتقاللىققا قويۇۋەتتۇق. بۇ چاغدا كۈن پېتىپ بولغان بولۇپ، ھەممىمىز قورال ھەم كىيىم - كېچەك بىلەن سازلىقتىكى سۇغا كىرىپ ئوڭدىسىغا يېتىپ، ئۆ-زىمىزنى سۇغا چۆكۈرۈپ، ئېغىز - بۇرنىمىزنى سۇ ئۈستىگە چىقىرىپ، ياردەمچى قوشۇنىمىز كەلگىچە سۇدا ياتتۇق. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت دۈشمەندىن ئۆزىمىزنى يوشۇرۇش ئىدى.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ياردەمچى قوشۇن يې-تىپ كېلىپ توغراقلىق ئىچىدىكى دۈشمەننىڭ پۈرتاجى* غا قاراپ قاچقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بىز خۇيزۇ باتاليونى بىلەن قوشۇلۇپ دۈشمەننى قوغلاپ تاللىق ئارقىلىق پۈرتاجىغا كەلدۇق. ئەتىسى ئۇ يەردىكى موڭغۇل قېرىنداشلار بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. بىز داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كەچ سائەت تۆتلەردە چىگىشورغا يې-تىپ باردۇق. بىزنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى دۈشمەنلەر بىلىپ بولغانىكەن. دۈشمەننىڭ خىل قوراللانغان تۆت ماشىنا ئەسكىرىي كۈچى بىزگە قارىتىپ ئوق چىقاردى. باش قوماندانى-مىز دەرھال دۈشمەننىڭ شىمال - جەنۇب تەرەپلىرىگە ئۆتۈپ ھەم ئۇدۇلدىن مىناميوت بىلەن زەربە بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. مىناميوت گۇرۇپپىسىدىكى كوماندىر مۇخەممەر (خۇيزۇ) ئاۋۋال دۈشمەنگە ئوت ئاچتى، كۈن كەچ بولۇپ قالغاندا 1 - ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى مۇسازا (خۇيزۇ) ئالتە جەڭچىنى باشلاپ دۈشمەننىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئۆتۈپ دۈشمەننىڭ ماشىنىسىغا ئوت ئاچتى.

جەڭچىلىرىمىز بىلەن دۈشمەن ئارىلىقى 200 مېتىردىن ئاشاتتى، دۈشمەنمۇ بىزگە قارىتىپ ئوت ئېچىشقا باشلىدى. مۇ-سازا ئالتە جەڭچى بىلەن دۈشمەننىڭ مۆلدۈردەك ئوق ئۇزۇۋاتقان پىلىموتىغا قارشى ئىلگىرىلەپ جەڭ قىلىپ ئالتە سەپدىشىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقاندا ئوق تېگىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولدۇ.

* موڭغۇلچە سۆز بولۇپ «ئوغرى قاچتى» دېگەن مەنىدە.

دۈشمەننىڭ شىمالىي تەرىپىدە جەڭ قىلىۋاتقان مۇقاش ئىسمائىل ئىككى جەڭچىنى باشلاپ دۈشمەنگە قارشى ئىلگىرىلەپ، دۈشمەن- نىڭ 1 ـ ماشىنىسىغا قارىتىپ پىلىموت ئېتىپ ماشىنىنىڭ چاقىنى تېشىۋەتتى. ئاندىن ماشىنىنىڭ ماي باكىغا ئوق ئېتىپ 2 ـ، 3 ـ ماشىنىنىمۇ بىراقلا پارتلىتىۋەتتى ھەم ئۆزىمۇ دۈش- مەن ئوقىدا يارىلاندى. جەڭچى ۋالىم مۇبارەك دەرھال مۇقاشنىڭ پىلىموتىنى ئېلىپ، دۈشمەنگە داۋاملىق توختىماي زەربە بەردى. ئاڭغىچە مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى دۈشمەننى مۇھاسىرە چەم- بىرىكىگە ئېلىۋېلىپ يوقىتىشقا باشلىدى. ئاز بىر قىسىم دۈش- مەن تەسلىم بولۇپ قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلىرىنى تاپشۇر- دى. چىگىشور ئېلىنىپ مىللىي ئارمىيە شىخۇغا قاراپ ئاتلان- دى...

* * *

جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش جېڭىدە قەھرىمانلارچە قۇر- بان بولغان، ئەمما مەتبۇئاتلاردا ئىسمى ئاتالماي قالغان ياكى ئىسمى خاتا ئاتىلىپ قالغان ھەر مىللەت قەھرىمان قىز ـ يى- گىتلىرىنىڭ، ئۇرۇشتىن كېيىن ماڭا ئوخشاش ھايات قالغان يا- كى ئۆمۈرلۈك مەجرۇھ بولغانلارنىڭ بىر قىسمىنى (ھەممىسى ئەمەس) ئېسىمدە قالغانلىرى بويىچە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆ- تىمەن:

تاياخۇن. 20 ياشلار ئەتراپىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىن جىڭ ناھىيىسىگە كېلىپ تۇرۇپ قالغان يېتىمچى بالا ئىدى، جىڭدىكى يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتناشقان بولۇپ، گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونى توختى گەجاڭنىڭ تۇتۇپ بېرىشى بىلەن 1944 ـ يى- لى گومىنداڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈ- رۈۋېتىلگەن.

دۆنەنباي. قازاق، 30 ياش، جىڭ ناھىيىسىگە 1934 ـ يىلى قازاقىستاندىن كەلگەن، 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يەر ئاستى ئىنقىلابىي خىزمىتىنى ئىشلەپ، شۇ يىلى قولغا ئېلىنىپ 12 ـ

ئايدا پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن.

كېرەم توختار. قازاق، 32 ياش، 1913 ـ يىلى قازاقىستان ـ
دىن چۆچەك ئارقىلىق جىڭغا كەلگەن، 1943 ـ 1944 ـ يىل ـ
لىرى جىڭ ناھىيىسىدە قازاق ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان،
1944 ـ يىلى جىڭ ناھىيىسىدە گومىنداڭغا قارشى يەر ئاستى
تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى بولغان، 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قولغا
ئېلىنىپ، شۇ يىلى 12 ـ ئايدا 11 سەپدىشى بىلەن ئاغزىغا لاتا
تىقىپ تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن.

رىزۋان مۇھەدىن. 1925 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ تاقچى
مەھەللىسىدىكى مۇھەدىن ھاپىز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.
1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا پىدائىي بولۇپ
قاتنىشىپ سانىتاركىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1945 ـ يىلى 8 ـ
ئايدا جىڭ ناھىيىسىنىڭ سەككىزتام كەنتىدىكى ئۇرۇشتا خىز ـ
مەت كۆرسەتكەن. گېنېرال ئىسھاقبېك رىزۋان مۇھەدىنگە 1 ـ
دەرىجىلىك ئالتۇن ئوردېنىنى ئۆز قولى بىلەن تاقاپ قويغان.
ئازادلىقتىن كېيىن ئىلى ئوبلاستلىق خەلق بانكىسىدا ئىشلە ـ
گەن. 1961 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سابىق سوۋېت ئىت ـ
تىپاقىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە چىقىپ كەتكەن. دەم ئېلىشقا چىق ـ
قۇچە ئالمۇتادا پويىز كۈتكۈچىسى بولغان. ئۇ 1996 ـ يىلى ئال ـ
مۇتادا 71 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

تۇرسۇن سايىتوف. 1922 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ جىگ ـ
دىلىك مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جىڭ
ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ خىزمەت كۆر ـ
سەتكەن. 2005 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى 83 يېشىدا ۋاپات
بولغان.

ساشا. رۇس، 19 ياش، 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى
جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا چېكىنىشكە ئوق تېگىپ
ئىككى كۆزى چاچراپ چىقىپ كەتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ

قىز ئاتا ـ ئانىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن.

نۇرجان هوشۇروف. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1945 ـ يىلى جىڭ ناھىيىسى سەككىزتام ئۇرۇشىدا چېكىنىشكە تەككەن ئوق تۇرۇپ قېلىپ ئۆمۈرلۈك مەجرۇھ بولۇپ قالغان. 1998 ـ يىلى سۇيدۇڭ لەڭگەر مەھەللىسىدە 78 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئامىنەم. 1926 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1945 ـ يىلى جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ساداقەت ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئىلى ئوبلاستلىق تاشيول ئىدارىسىدە ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققان، 2004 ـ يىلى 78 يېشىدا ۋاپات بولغان.

نىزامىدىن ئىسھاق. 1926 ـ يىلى تېكەس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسەتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن تېكەس ناھىيىلىك كوپېراتىپتا ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققان.

ھەسەننۇر ھاجى بولۇس: 1928 ـ يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان. 1944 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، ھەرەمباغ ئايرودرومىنى ئېلىش، جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئادىناتور بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن غۇلجا ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدا ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان. 2006 ـ يىلى غۇلجىدا ۋاپات بولغان.

مارۇسە. رۇس، 19 ياش، غۇلجىدىكى يەرلىك رۇسنىڭ قىزى. 1944 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، سانىتاركىلىق جەريانىدا نۇرغۇن جەڭچىنى قۇتقۇزغان. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسەتكەن. كېيىن ئۆزىنىڭ رەھبىرى سىدىق

جان ئاخۇنبايېف بىلەن تۇرمۇش قۇرغان.
يۇسۇپجان ئوسمانوف. 1925 ـ يىلى سۈيدۈڭدە تۇغۇلغان. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش، 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى قاچقان دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان (4000 دەك دۈشمەننى ئەسىرگە ئېلىش-تا خىزمەت كۆرسەتكەن). ئازادلىقتىن كېيىن سۈيدۈڭ ناھىيە-لىك باج ئىدارىسىدە ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققان.
مەلىكە. غۇلجىلىق يەرلىك رۇس قىز، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ يا-رىدارلارنى قۇتقۇزۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن. كېيىن ئابدۇغوپۇر سابىر ھاجىيېف بىلەن توي قىلغان.
ۋالىم مۇبارەك. 1928 ـ يىلى غۇلجا ساقى يۇزىدە تۇغۇلغان. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جىڭ، كۇلئۆتەڭ، چىگىشوردىكى ئۇ-رۇشلارغا قاتنىشىپ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن.
ئىمىن ھاجىيېف. 1944 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئايرودۇرۇم، لەڭشاڭ، ھەرەمباغ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا ئوق تېگىپ يا-رىدار بولغان 80 نەپەر جەڭچىنىڭ يارىسىنى داۋالاپ ساقايتىشتا زور تۆھپە ياراتقان دوختۇر. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا 1 ـ دەرىجىلىك ئالتۇن ئوردېن بەرگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا خارلىنىپ 42 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن.
مۇقاش. قىرغىز، 1929 ـ يىلى قىرغىزىستاندا دۇنياغا كەلگەن، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سۈيدۈڭ، جىڭ، كۇلئۆتەڭ، چىگىشور ئۇرۇشلىرىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن، چىگىشور ئۇرۇشىدا ئوق تېگىپ مەجرۇھ بولۇپ قالغان. ھازىر سۈيدۈڭ نا-ھىيىسىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

قاسىم ئىسكادرون. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جىڭ، كۈلئۆ ـ تەڭ، چىگىشور ئۇرۇشلىرىدا خىزمەت كۆرسەتكەن، ئازادلىقتىن كېيىن يۇرتى ئاقسۇغا كەتكەن. 1934 ـ يىلى شىڭ شىسەيگە ئەسكەر بولغان چاغدا ئىسھاقبېكنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغان ـ كەن. مەن 1968 ـ يىلى خىزمەت بىلەن قاغىلىققا چۈشۈرۈلگەن چېغىمدا ئۇنى ئاقسۇدا كۆرگەنىدىم، شۇ چاغدا ئۇ ھارۋىكەشلىك قىلىۋاتقانىكەن.

ژېنىيە. رۇس، 1928 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجى ـ غا ئۆتكەن رۇسنىڭ قىزى، شۇ چاغدا 17 ياش ئىدى. 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـكۈنى جىڭ ناھىيىسىدىكى سەككىز تام ئۇرۇ ـ شىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان.

نۇربىيە. 1926 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان.

خان زۆھرە. 1926 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1944 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قى ـ لىش ئۇرۇشىدا سانىتاركىلىق قىلىۋاتقاندا ئوق تېگىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان.

مۇھەممەد رازاق. 1926 ـ يىلى جىڭ ناھىيىسىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىن ـ قىلابىغا قاتناشقان. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى جىڭ ناھىيىسى ـ نى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

رەيھانە غابىدىن. تاتار، 1929 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قاراقول رايونىدا زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1934 ـ يىلى ئائىلىسى بويىچە غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ بەش

قېتىم ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئوردېن ئالغان. 1950 ـ يىل 3 ـ ئاي- نىڭ 23 ـ كۈنى مەن بىلەن توي قىلغان ھەمدە بىر دوختۇرنىدا بىللە خىزمەت قىلغان. 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئا- لەمدىن ئۆتتى.

ئابدۇراخمان روزىيېف. 1920 ـ يىلى غۇلجا سۇدەرۋازا مە- ھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1944 ـ يىلي 12 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جىڭ ناھىيىسى- نى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، پىلى- موتچى.

قۇربانجان. 1925 ـ يىلى غۇلجا جېلىلىيۇزىدە تۇغۇلغان. 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1945 ـ يىلى جىڭ ناھىيىسىنىڭ قۇمباغ (ساسەنزە) دېگەن يېرىدە دۈشمەننىڭ مىناميوت ئوقىدا قۇربان بولغان.

رۇستەم ئەرشىدىنوف. 1921 ـ يىلى غۇلجا جېلىلىيۇزىدە تۇ- غۇلغان. 1944 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قات- ناشقان. 1945 ـ يىلى جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئىلى ئوبلاستلىق پوچتىخانىدا ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىقىپ، 2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 83 يېشىدا ئا- لەمدىن ئۆتكەن.

مەمەتجان تېيىپوف. غۇلجىدىن، 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ھازىر غۇلجىدا 92 ياش.

ياقۇپ سىدىق. غۇلجا جېلىلىيۇزىدىن، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان، پىلى- موتچى، ھازىر غۇلجىدا ھايات.

ئىزاھلار:

① كېيىن باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، شېڭ شىسەي 1942 ـ يىلى

روشەنگۈلنىڭ دادىسىنى ئۇرۇمچىگە چاقىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ قىز 1944 ـ يىلى ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىنقىلابقا پىدائىي بو ـ لۇپ قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي ھەرەمباغ، لەڭشاڭ قا ـ تارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، ئۆزىگە خاس قەھرىمانلىق ئوبرازىنى ياراتقان جەسۇر قىز ئىكەن.

② شىرمەتخان يۈز يىلنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن باتۇر كىشى بولۇپ، جىڭ ناھىيىسىدىكى بىر باينىڭ مالىيى ھەمدە داڭلىق مەرگەنىكەن، ئوغلاق تارتىشتا تەڭداشسىز ئادەم بولغاچقا، باي ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغانى ـ كەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە شىرمەتخان باينىڭ بىبىنۇر ئىسىملىك ساھىب ـ جامال قىزىنى كۆرۈپ قېلىپ پۇرسەت تېپىپ ئېلىپ قېچىپ، ئاچالغا بېرىپ تاغ ئۆڭكۈرىدە بىبىنۇر بىلەن ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغانىكەن، كې ـ يىن كىشىلەر بۇ جاينى «شىرمەتخان ئۆڭكۈرى» دەپ ئاتاشقانىكەن.

③ توختى مەرگەن 1943 ـ يىلى 6 ـ ئايدا غۇلجىدىن جىڭ ناھى ـ يىسىگە كېلىپ تۇرۇپ قالغان يېتىمچى بولۇپ، 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جىڭدىكى يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتناشقان. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا باتۇرقان (قازاق) ئىسىملىك خائىننىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى بىلەن كەرىم توختار باشلىق تەشكىلاتنىڭ 11 ئادىمى جىڭ ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ۋە ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇپ توختى مەرگەننى تۇتماقچى بولغاندا، دەرھال تەشكىلات ئەزالىرىغا خەۋەر بېرىۋې ـ تىپ، ئاغىنىسى قۇۋان مەرگەن بىلەن بىللە كېچىلەپ ئاچالغا قېچىپ بېرىۋالغان. مىللىي ئارمىيىنىڭ چۆچەك، ئالتايلاردىكى ئۇرۇشلىرىدا خىزمەت كۆرسىتىپ ساداقەت ئوردېنى، باتۇرلۇق ئوردېنى ئالغان. بۇ كىشى 1997 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جىڭ ناھىيىسىدە 83 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

④ بارات پالۋان 1962 ـ يىلى 30 ـ ماي ۋەقەسىدە سوۋېتدۇڭدىكى تۇغقانلىرى تەرىپىدىن تۆھمەتكە ئۇچراپ قولغا ئېلىنغان ھەم سوۋېدۇڭ ناھىيە ئۆكتەبىر گوڭشې پارلاق كەنتىگە رېجىم ئاستىدا ئىشلەشكە چۈ ـ شۈرۈلگەن، 1975 ـ يىلى ئاقلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلگەن، شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى 65 يېشىدا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

⑤ رازاق مەۋلانوف 1975 ـ يىلى قىرغىزىستاندا قىساسچىلار تەرە ـ پىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

⑥ ئەنۋەرجان 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىخۇ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان.

⑦ دوساجىم ئاتۇشلۇق ئادەم بولۇپ، 1869 ـ يىلى جىڭ ناھىيىسىگە كەلگەن. دەسلەپتە جىڭدىكى سىپىلماخۇن، قۇتلۇقئاخۇن دېگەن ئۇستىلاردىن شامچىلىقنى ئۆگىنىپ شام ياساپ ساتقان، كېيىن موزدوزلۇق قىلىپ، قالماق ئۆتۈكى تىكىپ داڭ چىقىرىپ باي بولغان. كېيىن ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلگەن. ئۇ يۇرت بويىچە چوڭ باي بولۇپ، ناھىيىدە تۇنجى بولۇپ تۈگمەن چۆرۈگەن كىشى. 1945 ـ يىلى 95 يېشىدا جىڭ ناھىيەسىدە ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ تۈگمىنى جايلاشقان سايىنى خەلق «دوساجىمنىڭ سايلىقى» دەپ ئاتايتتى.

⑧ بۇ ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلارنىڭ قەبرىسى ئەينى يىللاردا قوپۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىر تۈزلىنىپ كەتتى.

⑨ بۇ قېتىمقى پاجىئەدە ئامان قالغان بەزى جەڭچىلەر پولك كوماندىرى مەۋلانوفقا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇرۇشتا ئۆز مەيلىچە قارار چىقىرىپ تاكتىكا جەھەتتە ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدى، دەپ شىكايەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەۋلانوپ ئاشكارا ھالدا خاتالىقىنى بويىنىغا ئالمىدى.

⑩ جىڭ ناھىيىسىدە ئىككى سېپىل بار، چوڭ سېپىل ناھىيە بازىرى ئىچىدە بولۇپ، چوكانبۇت سېپىلى، كىچىك سېپىل ناھىيە بازىرىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدە بولۇپ كىچىك جىڭ سېپىلى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سېپىلنىڭ خارابىسى ھازىرمۇ بار، ئورنى ھازىرمۇ ئۇيغۇر، قازاق قەبرىستانلىقىدا.

⑪ سىدىقجان ئاخۇنبايېف ـ تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ مايور دەرىجىلىك ئوفىتسېرى بولۇپ، ناھايىتى چېۋەر، چەبدەس 25 ياشلار ئەتراپىدىكى بالا ئىدى. ئۇ 1940 ـ يىللىرى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. كېيىن مارۇسە ئىسىملىك بىر رۇس قىزى بىلەن توي قىلغان.

⑫ پولك كوماندىرى يىراقتىن دۇربۇن بىلەن كۆرۈپ، بۇ نېمە ئالامەت، دەپ ئاخۇنبايېفتىن سورىغاندا مايور خۇشال بولۇپ: پاھ... بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز غەلىبە قىلىپتۇ، دېگەن ئىكەن.

⑬ بۇ 1944 ـ يىلى 12 ـ ئايدىكى غۇلجا ئايرودۇرۇم ئۇرۇشىدا

مىللىي ئارمىيە گومىنداڭدىن ئولجا ئالغان كۆرەشچى ئايروپىلان بولۇپ، مىللىي ئارمىيە جىلڭ ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىشتا دۈشمەنلەرنى قايـ- مۇقتۇرۇپ، بۇ ئايروپىلاندىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانىدى.

⑭ كۆلئۆتەڭ جىلڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان بو- لۇپ، تارىختىن بۇيان قونالغۇ ئۆتەڭ بولۇپ كەلگەن، 1912 ـ يىلى بۇ يەردە ئۇيغۇرلار توغراقنىڭ كۆلىدىن (شاخاردىن) سوپۇن ياساپ ساتقان. شۇندىن بۇيان بۇ جاينى كىشىلەر كۆلئۆتەڭ دەپ ئاتاپ كەلگەن.

# يولۋاس بىلەن بىللە بولغان كۈنلىرىم

## ھەسەن بارات



مەن 1913 ـ يىلى قومۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى يېزا ساڭخىي مەھەللىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم. ئۆسمۈرلۈك چېغىمدا شەھەر ئىچىدىكى مەئازى قارىدا دىنىي تەلىم ئالدىم. بىز ئۈچ ئوغۇل بولۇپ، مەن ئوغۇللارنىڭ كىچىكى ئىدىم.

1931 ـ يىلى ئەتىيازدا قومۇل خەلقىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئىنقىلاب كۈنسايىن ئۇلغىيىپ، ئاخىرىدا پۈتۈن شىنجاڭنى ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ كەتتى. 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خوجانىياز ھاجى تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن قومۇل پىدائىيلىرىنى باشلاپ تۇرپانغا ماڭغاندا 2 ـ ئاكام ئابلاخۇنمۇ قوشۇن بىلەن تۇرپانغا بارغان. قوشۇن پىچاننىڭ لۈكچۈن ۋاڭى سىپىلى ئىچىگە كىرگەندە قورشاۋدا قالغان، ئۇلار قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىشۋاتقاندا ئاكام ئابلاخۇنغا ئوق تېگىپ شېھىت بولۇپ كەتكەن. چوڭ ئاكام نىياز سوپىنى يولۋاس تۇرپانغا ماڭغاندا ئۆزىگە كاتىپ قىلىپ ئېلىپ كەتكەن. 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ما جۇڭيىڭ 2 ـ قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ، قومۇلدىن ئەسكەر ئالغاندا مەنمۇ مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، گۇچۇڭ ئۇرۇ-

شىغا قاتناشتىم. ئۇرۇشتا ما جۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ما جۇڭيىڭ-
نىڭ سىپىلغا يامىشىپ چىقىۋاتقاندا ئوق تېگىپ يىقىلىپ
چۈشكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. گۇچۇڭ ئۇرۇشى
بەك دەھشەتلىك بولدى. سىپىل تۈۋىگە ئۆلۈكلەر دۆۋىلىنىپ
كەتتى. ما جۇڭيىڭ ئاخىرى گۇچۇڭ شەھرىنى ئالدى. شەھەر
ئىچىدىكى سۇلار قىپقىزىل قان بولۇپ ئاقتى. گۇچۇڭ ئۇرۇ-
شىدىن كېيىن مەن يولۋاسنىڭ يېنىدا كاتىپلىق قىلىۋاتقان
ئاكام نىياز سوپىنى تاپتىم. كېيىن يولۋاس تۇرپانغا چىكىن-
گەندە مەنمۇ ئاكام بىلەن بىللە تۇرپانغا باردىم. ما جۇڭيىڭ
يولۋاسنى شەھەر مۇداپىئە قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى. 1934 -
يىلى يازدا ما جۇڭيىڭ شىڭ شىسەي ۋە سوۋېت ئارمىيىسى تە-
رىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندىن
كېيىن، يولۋاسمۇ ئۆزىگە قاراشلىق قىسىملارنى ئېلىپ قومۇل-
غا قايتقاندا مەنمۇ ئاكام بىلەن بىللە قايتتىم.

1934 - يىلى يولۋاس قومۇلغا كېلىپ گارنىزون قوماندا-
نى بولۇپ، قومۇلدىكى بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغدىن ئەسكەر
قوبۇل قىلدى. يولۋاسنىڭ «بىر ئائىلىدە ئىككى ئوغۇل بولسا
بىرى چوقۇم ئەسكەر بولۇش كېرەك»، دېگەن بۇيرۇقى بويىچە
مەن يولۋاسقا ئەسكەر بولدۇم، ئاكام ئاتا - ئانامنىڭ ھالىدىن
خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆيگە قايتتى.

يولۋاس تۇرپاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كونا ئەسكەر-
لەر بىلەن يېڭى ئېلىنغان ئەسكەرلەرنى بىر پولك قىلىپ تەش-
كىللەپ، ئۇنىڭغا دۆۋەجىن يۇقىرى مەھەللىلىك تۆمۈرنىيازنى
تۇەنجاڭ، راھەتباغ چوڭتۇرلۇق توختائەمەتنى مۇئاۋىن تۇەنجاڭ
قىلىپ تەيىنلىدى. تۇەن قارىمىقىدا ئۈچ يىڭ بولۇپ، 1 -
يىڭنىڭ ئاتلىق يىڭ ئىدى، ئۇنىڭ يىڭجاڭى قورايلىق قادىر تۆ-
لەن، 2 - يىڭنىڭ يىڭجاڭى ئارائاقىيەرلىك ئىسمائىل، 3 -
يىڭنىڭ يىڭجاڭى شەھەر ئىچى سۇ قوۋۇقلۇق ئىسمائىل تور-
پاق ئىدى. ئۈچ يىڭدە 300 دىن ئارتۇق ئەسكەر بار بولۇپ،

ھەممىسى ئۇيغۇر ئىدى. ھەر بىر لىيەندە ئۇچتىن پەي بار ئىدى. مەن 1 ـ ئاتلىق لىيەندە ئىدىم. بۇ لىيەندىكى 1 ـ پەيىنىڭ پەيجاڭى قورايلىق ئابدۇراخمان، 2 ـ پەيىنىڭ پەيجاڭى چوڭتۇرلۇق سوپى، 3 ـ پەيىنىڭ پەيجاڭى قاراتاللىق سايىم ئىدى. مەن 1 ـ بەننىڭ بەنجاڭى ئىدىم. مۇئاۋىن بەنجاڭ پالۋانتۇرلۇق سالى قارى ئاخۇنۇم ئىدى. بىزگە راھەتباغ شۇمشۇقلۇق خەنزۇچە بىلىدىغان قاسىم ھەربىي تەلىم بىرەتتى. ئەسكەرلەر ئۇ كىشىنى قاسىم جاۋلىيەن دەپ ئاتايتتى.

1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. بىزنىڭ تۆمۈرنىياز تۈەنجاڭ كانۋېيى ئىسھاق ئاخۇن ۋە ھەربىي لاۋازىمەت مۇدىرى لى شىزەي (خۇيزۇ، ئىلگىرى ماجۇڭيىڭغا ئەسكەر بولغان) يولۋاسنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شىڭشىسەيغا بارغاندا، تۆمۈرنىياز تۈەنجاڭ بىلەن لى شىزەي قەستكە ئۇچرايدۇ. بەختكە يارىشا دۆۋەجىن غولئېرىقلىق ئىساقئاخۇن ئامان قالىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن يولۋاس مۇھاپىزەتچىلىرىدىن راھەتباغ دۆشتۇرلۇق ئىبراھىم فۇگۈەن، قورايلىق غەلمەت فۇگۈەن، راھەتباغ دۆشتۇرلۇق ھەمدۇل فۇگۈەنلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ راھەتباغ تۆۋەنتۇرلۇق ھادى پالۋاننىڭ يول باشلىشى بىلەن مۇئاۋىن تۈەنجاڭ توختامەتنىڭ باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە قومۇلدىن ماشىنا بىلەن يولغا چىقىپ خوتۇنتام ئارقىلىق يالغۇز تۇيۇمغا بارغاندا ھاشىم ھاجىلار ئالدىمىزنى توستى. ھاشىم ھاجى ئەسلىدە سوۋېت ھۆكۈمىتى 1935 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شېڭ شىسەيگە ياردەمگە ئەۋەتكەن ئۈچ ھاجى (سېيىت ھاجى، قادىرھاجى) نىڭ بىرى بولۇپ، قومۇل ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. بىز ھاشىم ھاجىلار بىلەن بىر قەپەس ئۇرۇشتۇق. ھادى پالۋان ئۆزىنىڭ ئۇستا مەرگەنلىك ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ھاشىم ھاجىنىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى قىرىۋەتتى. ئەگەر ھادى پالۋان بولمىغان بولسا ھاشىم ھاجى

بىزنى تۇتۇپ كەتكەن بولاتتى. بىز قامالنى بۆسۈپ چىقىپ تاشۋىلىقتا بىرىپ ئاندىن يەنە خوتۇنتامغا قايتىپ كەلدۇق. يوللارنىڭ ھەممىسىنى شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى قامال قىلىۋالغاندى. يولۋاس مۇئاۋىن تۇەنجاڭ توختامەتكە: «سىلەر بىر قىسىم ئەسكەرنى ئېلىپ قومۇلغا قايتىپ بىرىپ قورالل- رىڭلارنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلەر، سىلەرگە ھېچ ئىش بولمايدۇ»، دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتتى. بىز يەنە بىر قىسىم ئەسكەرنىڭ ھىمايىسىدە خوتۇنتامدىن قىرچوماق غولىغا بىرىپ، ئادەم ۋە ئۇلاغلارنى خىللاپ باغداشقا بارغاندا يولۋاس ئۆزىنىڭ ئۈچ فۇ- گۇەنىدىن باشقا ھادى پالۋان، ئەسكەرلەردىن ئويۇپ فۇگۇەن (قورايلىق)، ئابدۇللاخۇن (شە ھەرئىچىلىك)، قاسىم (قەشقەر- لىك)، بەرەم (ئاراتۇرك تۇركۆللۈك)، ئەمەت (روزى دەپمۇ ئاتى- لىدۇ، قازاق، شارلار تىغىدىن)، غوجامنىياز (قاراتاللىق، يولۋاسنىڭ كۈتكۈچىسى)، لەپۈڭقارى (ئەسلى ئىسمى ئېنىق ئە- مەس، قاراتاللىق نەجمىدىن دېھقاننىڭ ئوغلى) ۋە مەن قاتارلىق ئەسكەرلەرنى تاللىۋېلىپ قالغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋەتتى. ئۇلارغا «سىلەرمۇ كېتىڭلەر، قوراللىرىڭلارنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلەر، سىلەرگە ھېچ ئىش يوق، مېنى سورىسا (كەتتى) دەڭلەر»، دەپ ئۇلارنىمۇ قايتۇرۇۋەتتى. يولۋاس ھەر بىرىمىزگە ئىككىدىن ئات بەردى، باغداشنىڭ بوجاڭى يول باش- لىدىغان بىر بوۋاينى تېپىپ كەلدى. بۇ بوۋاي بىزنى ئاراتام بىلەن قاراقاپچىن ئارىلىقىدىكى ئەجگىي غول دەپ ئاتىلىدىغان غول بىلەن باشلاپ ماڭدى. بىر داۋاندىن ئېشىپ تۇزلەڭلىككە چۈشسەك، شەرقىي جەنۇب تەرىپىمىزدە ئايرودۇرۇم، شەرقىي شىمال تەرىپىمىزدە ئاراتام، غەربىي جەنۇبىي تەرىپىمىزدە قو- مۇل، غەربىي شىمال تەرىپىمىزدە قاراقاپچىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپ- تۇ. بوۋاي بىزنى ئاراتامنىڭ ئاستى، ئايرودۇرۇمنىڭ ئۇدۇل ئۇستىدىكى ئېقىنغا ئېلىپ چۈشۈپ «ئەمدى مەن سىلەرنى تو- نۇمايمەن، سىلەرمۇ مېنى كۆرمىگەن بولۇڭلار»، دەپ كېتىپ

قالدى. بىز ئېقىننى بويلاپ جەنۇبقا كېتىۋېتىپ، قومۇلدىن خوتونتام ۋە ئاراتامغا چىقىپ كېتىۋاتقان شىلىڭ شىسەينىڭ ماشىنىلىق ئەسكەرلىرىنى كۆردۇق. ئۇلار «داداڭ ياۋزىي (ئوغرى يولۋاسنى يوقىتايلى)» دەپ شوئار توۋلىغان پېتى ئۆتۈپ كەتتى. بىز ماشىنىلارنى كۆرگەن هامان ئاتلاردىن چۈشۈپ مۆكۈنۇۋالاتتۇق. ماشىنىلار ئۆتۈپ كەتسە يەنە ماڭاتتۇق. تاڭ يورۇشقا يېقىن ساۋۇلاقتىكى يارى دورغىنىڭ كارىزىغا كەلدۇق. بۇ يەردىكى ئادەملەر بىزگە نەچچە تونۇر نان يېقىپ قويغان ئىكەن. نانلارنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ يەنە داۋاملىق چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ مېڭىپ، ئەتىسى كۈن ئۆرلىگەن چاغدا جىگدە بۇلاققا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە بىر قورۇل بار بولۇپ، يولۋاسقا قاراشلىق قورۇل ئىدى. يولۋاس قورۇلدىكىلەرگە «ئەمدى سىلەرمۇ كېتىڭلەر، قومۇلنىڭ ئىشى تۈگىدى»، دەپ ئۇلارنىمۇ قايتۇرۇۋەتتى. هادى پالۋان «يەنە ئازراق ماڭساق قاشقا بارىمىز، ئۇ يەردە توغراقلىق ۋە بۇلاق بار. توغراقلىققا كىرىۋالساق بىزنى هېچكىم كۆرەلمەيدۇ، ئۇلاغلارنى دەم ئالدۇرۇپ داۋاملىق ماڭساق ئەپيۇن توشۇيدىغان خېچىريولى بىلەن دۇنخۇاڭغا كىرىپ كېتىمىز»، دېدى.

بىز توغراقلىققا كىرىپ، بىر تۈپ توغراقنىڭ تۈۋىگە چۈشۈپ ئاتلارنى سۇغارغىلى بۇلاققا بارساق غەرب تەرەپتىن پالاق - پۇلۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. بىز دۆڭدىن ئارتىلىپ چۈشسەك، ئىبراهىم فۇگۇەن، غەلمەت فۇگۇەن ۋە لەپۇڭقارى قاتارلىق تۆت ئادەم بىزدىن ئىلگىرى ئاتلىرىنى سۇغارغىلى بۇلاققا بېرىپ، ئەتراپتا ئادەم يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، لەپۇڭقارىدىن باشقا ئۈچەيلەن قومۇلغا قاراپ قاچقان ئىكەن. يولۋاسنىڭ چوڭ ئوغلى نىيازبەگ پىلىموتتىن ئۇلارغا ئوت ئاچتى. هادى پالۋان «ئاتمىسىلا، ئۇلار كەتسە كېتىۋەرسۇن، بىز يولىمىزغا مېڭىۋېرەيلى» دەپ توسۇپ قالدى. لەپۇڭقارى قاچماي قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يولۋاس ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، مايكا، كالتا ئىش-

تانلىرىدىن باشقا كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئاچچىقسۇغا
بارغاندا ئاندىن ئۇنى قايتۇرۇۋەتتى. كېيىن ئاغلىساق ئۇ يولدا
ئوت - چۆپلەرنى يەپ يەتتە كۈن دېگەندە قاراتالغا يېتىپ بې-
رىپتۇ.

هادى پالۋان «ئەمدى تېز ماڭمىساق بولمايدۇ، بىزنى قوغلاپ
بوغاز، قاراتال ۋە شىڭشىڭساي تەرەپتىن ئەسكەر كېلىپ قېلى-
شى مۇمكىن، ئۇ هالدا قىيىن ئەهۋالغا چۈشۈپ قالىمىز» ، دەپ
مېڭىشقا ئالدىراتتى. شۇنىڭ بىلەن يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ
قۇم بارخانلىرىدىن ئېشىپ ئاچچىقسۇغا يېتىپ باردۇق. هادى
پالۋان «مۇشۇ يەردە بىر ئويمانلىق بار، ئاتلارنى سۇغىرىپ
ئازراق دەم ئېلىپ، ئالدىمىزدىكى قىردىن ئاشساق قۇمتاغقا يې-
تىپ بارىمىز، ئۇ يەردە ھەممە نەرسە بار»، دېدى. بىز قۇمتاغ-
نىڭ يېرىمىغا بارغاندا بىر ئايروپىلان پەس ئۇچۇپ كەلدى. بىز
ئايروپىلان كەلسە ئاتتىن چۈشۈپ يېتىۋېلىپ، ئۆتۈپ كەتسە يە-
نە داۋاملىق ئىلگىرىلىدۇق. لېكىن ئىككى كۈن بولغاندا ھېلى-
قى ئايروپىلان زادى ماڭغىلى قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن كېچىسى
يول مېڭىپ، كۈندۈزى توغراقلىقتا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئاران
دېگەندە قۇمتاغقا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەر تەكلىماكاننىڭ بىر
چېتى بولۇپ، ياۋا تۆگە، قۇلان قاتارلىق ياۋايى هايۋانلار ناهايى-
تى كۆپ ئىكەن. ئىلگىرى هادى پالۋان بۇ يەرلەرگە كېلىپ
ئوۋچىلىق قىلغانىكەن.

قۇمتاغقا كىرگەندىن كېيىن ئايروپىلاننىڭ پاراكەندىچىلى-
كىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدۇق. لېكىن يەپ - ئىچىدىغىنىمىز تۈ-
گەپ كېتىپ ناهايىتى قىيىن ئەهۋالدا قالدۇق. بۇ يەرگە پىش-
شىق هادى پالۋان يەنە «مۇشۇ تاغدىن ئاشساق يۇلغۇنلۇق شې-
غىرتما بار، شۇ يەردە سۇ بار» دەپ شۇ يەرگە باشلاپ باردى.
ئاتلارنىڭ پۇتى يەرگە پېتىپ قالدى، لېكىن سۇ يوق ئىدى. ها-
دى پالۋان شېغىرتمىنى كولىۋىدى، شۇ زامانلا سۇ چىقتى. ئۇ
يەردىن چىقىپ بىر چولاق سوقما بار، سۇمۇ بار بىر يەرگە بار-

غاندا هادى پالۋان يولۋاسنىڭ 2 ـ ئوغلى ياقۇپ بەگ ۋە ئويۇپ فۇگۇەن (يولۋاس بۇ كىشنى ئىبراھىم فۇگۇەن قاتارلىق ئۈچ كىشى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىگە فۇگۇەن قىلىۋالغان) لەرنى ئېلىپ ئوۋ قىلغىلى كېتىپ بىردەمدىلا بىر قۇلاننى ئېتىپ ئاتقا ئارتىپ كەلدى. قارنىمىز بولمىغاچقا قورۇق توغراققا ئوت قويۇپ قۇلان گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېدۇق. قالغان گۆشنى خورجۇنغا سېلىپ يەنە داۋاملىق يول يۇردۇق. ئىككى كۈن ئىچىدە ئاسماندىكى ئۇچار قۇشتىن باشقا ھېچقانداق جانلىق ئۇچرىمىدى. 2 ـ كۈنى كەچتە يەنە بىر قۇم تاغقا يېتىپ باردۇق، قۇمتاغ سىيرىلىپ تۇرىدىكەن. بەك چارچاپ كەتكەنلىكىمىزدىن ئۆزىمىزنى ئېتىپ ئۇيقۇغا كەتتۇق. يېرىم كېچە بولغاندا قۇلىقىمغا ئەزان ئاۋازى، توخۇلانىڭ چىللىغان، ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ۋە ناغرا ـ سۇنايلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. مەن ھادى پالۋاندىن «ھادى ئاكا، بۇ نېمە ئىش» دەپ سورىسام، ئۇ كىشى «بۇ يەر بىر زامانلاردا تىلسىم قىلىۋېتىلگەن يەر ئىكەن، بۇ ئاۋازلار شۇ يەردىن كېلىۋاتىدۇ»، دەپ جاۋاب بەردى. بۇ يەردىن داۋاملىق جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ قەدىمكى زامانلاردا قومۇل، قارادۆۋە، لاپچۇق قاتارلىق يۇرتلارنىڭ سۇيى ئېقىپ بارىدىغان بىر غارغا باردۇق. غاردا تۇرنا، غاز قاتارلىق تۇرلۇك ـ تۇمەن قۇشلار بار ئىكەن. بۇ يەردىمۇ ئۆتۈپ ئۇچۇق تۇزلەڭلىككە چىقىپ قۇمتاغنى بويلاپ ماڭدۇق. ئۇسساپ ھېچ ھالىمىز قالمىغاندا قۇلان گۆشىنى ئاغزىمىزغا سېلىپ ئۇسسۇزلۇقنى باستۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن بەيخۇلۇ دېگەن قومۇشلۇققا يېتىپ باردۇق. بۇ يەر دۇنخۇاڭنىڭ چېگرىسى بولۇپ، سۇ جەنۇبتىن شىمالغا ئاقىدىكەن. ھادى پالۋان «ئالدىمىزدا بىر غول بار، غولدىن ئۆتسەك قومۇشلۇق بار، ئۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىدىغان پۇقرالار بار»، دېدى. ھەقىقەتەن غولدىن ئۆتۈپلا بىر توپ تۆگىنى كۆردۇق. تۆگە باققۇچىدىن «بۇ كىمنىڭ تۆگىلىرى» دەپ سورىۋىدۇق «دىخوتاڭ (بىر باي خويزۇ

كارۋان بېشىنىڭ ئىسمى)نىڭ تۆگىلىرى، بىز شىنجاڭغا چاي ئېلىپ ماڭدۇق»، دەپ جاۋاب بەردى. باشلىقنى سورىساق شىدمال تەرەپنى شەرەت قىلدى. ئۇ يەرگە بارساق نۇرغۇن چاينى دۆۋىلىۋېتىپتۇ. يولۋاس دىخوتاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ «سىلەر شىنجاڭغا چىقماڭلار، چىقساڭلار شىڭ شىسەي بارلىق نەرسە ــ كېرەكلىرىڭلەرنى تارتىۋالىدۇ»، دېدى. بىز ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر كۈن تۇردۇق. بىز تېرىلغۇ يەرلەرنى بويلاپ داۋاملىق مېڭىپ بىر جاڭزىغا بارساق ئادەم يوق ئىكەن، يەنە ئىلگىرىلەپ قويۇق تاللىق جايغا كېلىپ چۈشتۇق. هادى پالۋان بىر دانە يامبۇنى ئېلىپ ئادەم بار تەرەپكە كېتىپ بىر هازادىن كېيىن يۇرتنىڭ شاڭيۇسى باشلىق 20 ــ 30 ئادەمنى باشلاپ كەلدى. يولۋاس شاڭيۇ بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبىنى ئېيتتى. شاڭيۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، هورنان، پۇرچاق، مېۋە ــ چېۋە قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئەكىلىپ بەردى ۋە بىر نەچچە قوينى سويۇپ يەڭلەر دەپ تاشلاپ كەتتى. هاردۇقىمىز چىققاندىن كېيىن هادى پالۋان يولۋاسقا دۇنخۇاڭغا بېرىپ يۇرت چوڭلىرىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش مەسلىھەتىنى بېرىۋىدى، يولۋاس قوشۇلۇپ، بۇ ئىشقا هادى پالۋاننىڭ ئۆزىنى ئەۋەتتى. هادى پالۋان 20 كۈندىن كېيىن بىر تۇەنجاڭنىڭ باشچىلىقىدا 20 خۇيزۇ ئەسكەرنى باشلاپ كەلدى. تۇەنجاڭ ما بۇفاڭنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىكەن. يولۋاس ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ «هەر بىرىمىزدە ئۈچتىن قورال (تاپانچا، پىلىموت، مىلتىق) بار، بۇلارنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىمىز»، دېۋىدى، هېلىقى تۇەنجاڭ «بىزگە يۇقىرىدىن بۇ هەقتە بۇيرۇق يوق، قوراللارنى يەنىلا ئۆزۈڭلار ساقلاڭلار» دەپ، ئۇنىمىدى. يولۋاس ئاخىرى «بارلىق ئاقىۋەتكە ئۆزۈم مەسئۇل، قورالالرنى بىزگە ساقلاپ بەرسەڭلەرلا بولىدۇ»، دەپ ئۇلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي قورالالرنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. بىز هېلىقى تۇەنجاڭنىڭ يول باشلىشى بىلەن 20 يول (10 كىلومېتىر) مېڭىپ شەهەرگە كىردۇق. يولنىڭ بىر

تەرىپىدە ئەسكەرلەر، يەنە بىر تەرىپىدە ئەمەلدارلار قاتار تىزىلىپ بىزنى قارشى ئالدى.

قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن ئىلگىرى دۇنخۇاڭغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان پىچانلىق ئايۇپ شاڭيۇ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان 20 نەچچە ئائىلىلىك ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇغا شاڭيۇ ئىكەن. ئەمەلدارلار بىزنى ناھىيىلىك يامۇلغا، ئەسكەرلەرنى گارنىزون شتابىغا ئورۇنلاشتۇرىمىز دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىردا بىز ئايۇپ شاڭيۇنىڭ قورۇسىغا چۈشتۇق. شۇ چاغدا دۇنخۇاڭ چىڭخەيگە قارايدىكەن. بىزنىڭ ئەھۋالىمىز چىڭخەيدىكى مابۇفاڭغا تېلېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن ما بۇفاڭ «قومۇلدىن كەلگەنلەرنى جيۇچۈەنگە ئېلىپ كېلىڭلار، مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماشىنا ئەۋەتىمەن»، دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. يولۋاسنىڭ ئىلگىرى مابۇفاڭ بىلەن خۇسۇسىي سودا ئالاقىسى بار ئىدى. بىزنى غوجى ھاجى (شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ دادىسى، قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدا قېچىپ بارغان ئىكەن. كېيىن قومۇلغا قايتىپ چىقىپ ئالەمدىن ئۆتتى)، زەيدىن ئاخۇن (كۇچالىق سودىگەر بولۇپ، بىز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي جيۇچۈەندە ۋاپات بولۇپ كەتتى)، ھەبىيبىر ئاخۇن (تۇرپانلىق سودىگەر بولۇپ، بىز چىڭدۇدىن قايتىپ چىقىۋاتقاندا جيۇچۈەندە ۋاپات بولۇپ كەتتى) قاتارلىق كىشىلەر بىزنى قوي سويۇپ، پولو ئېتىپ ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. بىز غوجى ھاجىلار بىلەن جيۇچۈەنگە بېرىپ ئۇلارنىڭ دۇڭگۈەن دەپ ئاتىلىدىغان خۇيزۇلار مەھەللىسىدىكى قورۇسىغا چۈشتۇق. بىز جيۇچۈەنگە بېرىپ 21 كۈندىن كېيىن ئىككى ماشىنا كەلدى. يولۋاس خوتۇنى بىلەن بىر ماشىنىغا، بىز بىر ماشىنىغا چىقىپ گاۋتەيگە باردۇق. ئۇ يەردىمۇ بىزنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. لياڭجۇغا بارغاندا يۇرت چوڭلىرى ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، ئۇ يەردىمۇ بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى پىڭلياڭغا بېرىپ بىر كۈن تۇردۇق. ئۇ يەردىن چىقىپ يېرىم كۈندە بىر كۆۋرۈككە

يېتىپ كەلدۇق. بۇ كۆۋرۈك ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا جايلاشقان
بولۇپ، كۆۋرۈك بولمىسا ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈش مۇمكىن ئە-
مەس ئىدى. بۇ يەردە خېكۇ دەپ بىر توساق بار بولۇپ، ئۆتكەن ـ
كەچكەن ماشىنىلارنى قاتتىق تەكشۈرىدىكەن. يولۋاس ئۇلارغا
چىڭخەيدىن كەلگەن تېلېگراممىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن يەنە
ئىشىنەلمەي چىڭخەيگە تېلېفون قىلغاندىن كېيىن «ئۆتكۈزۈۋې-
تىڭلار» دېگەن خەۋەر كەلدى بولغاي، ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇ توساق-
نىڭ باشلىقىمۇ مابۇفاڭنىڭ بىر تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىكەن.
بىز يولغا چىقىپ چۈش ۋاقتى بولغاندا بىر تۈزلەڭلىككە كەل-
دۇق. چىڭخەي ئايرودرومىغا كەلگەندە چىڭخەينىڭ ھەربىي ـ
مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. يولۋاس
يىراقتىنلا ماشىنىدىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى. مابۇفاڭمۇ
يولۋاسنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈش-
تى. مابۇفاڭ بىلەن يولۋاس قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆپچى-
لىككە ئېھتىرام بىلدۈردى.

بىز ھاردۇق تامىقى يەپ بولغاندىن كېيىن مابۇفاڭ،
يولۋاسلار بىلەن بىللە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە باردۇق. مابۇفاڭ
شۇ چاغدا گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ چىڭخەيدە تۇرۇشلۇق 82 ـ
كورپۇسىنىڭ كوماندىرى ۋە چىڭخەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
رەئىسى ئىكەن. بىز بارغان كۈنى دەل مابۇفاڭنىڭ ئوغلىنىڭ
توي كۈنى ئىكەن. تويغا ھەر ساھە، ھەر مىللەتتىن نۇرغۇن ئا-
دەم كەلگەنىكەن. بىزمۇ ئىككى تال چوكا ئالتۇننى سوۋغا قىل-
دۇق. يولۋاس مابۇفاڭغا ئەھۋالنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن بىز-
نى ياتاققا ئورۇنلاشتۇردى. ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە مابۇفاڭ
جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللىدى. 20 كۈندىن كېيىن جياڭ
جيېشىدىن نەنجىڭغا كېلىش توغرىلىق جاۋاب كەلدى. يولۋاس
ئويۇپ فۇگۇەن بىلەن سوپى فۇگۇەننى ئېلىپ نەنجىڭغا كەتتى.
ئاردىن ئۈچ ئاي ئۆتتى، يولۋاستىن خەۋەر يوق. مابۇفاڭ بىزنى
جۇجيا خۇايۇەن دېگەن شەخسىي بېغىغا ئورۇنلاشتۇردى. چىڭ-

خەينىڭ دوليە دېگەن ناھىيىسىدە ئىلگىرى بىرىپ ئولتۇراقلى-
شىپ قالغان قازاقلار بار ئىكەن. ئۇلار بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىز-
نى ئاڭلاپ تەيجىلىرى باشلىق 40تەك ئادەم 20 ـ 30 قوينى
ئېلىپ بىزنى يوقلاپ كەلدى. يولۋاسنىڭ ئوغۇللىرى ئۇلار بى-
لەن كۆرۈشۈپ دادىسىنىڭ نەنجىڭغا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.
تەيجىلەر بىزدىن خەۋەر ئېلىشقا ئالتە ئادىمىنى قالدۇرۇپ يېي-
مەك ـ ئىچمەك، گۆش ۋە باشقا نەرسە لازىم بولسا بىزگە دەڭ-
لەر»، دەپ خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى. بىز چىڭخەيدە تۇرۇپ
بىر يىل بولغاندا ئاندىن يولۋاستىن خەۋەر كەلدى. 1938 ـ
يىلى جياڭ جيېشى يولۋاسقا گېنېرال لېيتېنانت دەرىجىلىك
مەسلىھەتچى (جۇڭجياڭ سەنيى) مەنسىپىنى بېرىپتۇ. يولۋاس
خوتۇن ـ بالىلىرى ۋە فوگوەنلىرىنىڭ چىڭخەيدە قالغانلىقىنى
ئېيتقاندىن كېيىن، بىزنىڭ ھەممىمىزنى نەنجىڭغا يولغا سې-
لىۋېتىش توغرۇلۇق مابۇفاڭغا تېلېگرامما يوللىغانىكەن. شۇڭا
مابۇفاڭ بىزنى ماشىنا بىلەن يولغا سېلىپ قويدى. لەنجۇغا بې-
رىپ 20 كۈن تۇرۇپ قالدۇق، ئۇ يەردىمۇ ئۇيغۇرلار كۆپ ئى-
كەن، بىزنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. ئۇ يەردىن ئاپتوبۇس
بىلەن باۋجىغا باردۇق. شۇ ۋاقىتتا تۆمۈر يول باۋجىغا يېتىپ
كەلگەنىكەن. ئۈچ كۈندىن كېيىن پويىز بىلەن نەنجىڭغا قاراپ
يولغا چىقتۇق. قومۇلغا نىسبەتەن بىز تۇنجى قېتىم پويىزغا
ئولتۇرغانلار ھېسابلانساق كېرەك. پويىزنىڭ تېزلىكىدە يول بو-
يىدىكى دەرەخلەر يىقىلىپ چۈشۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىز شى-
ئەنگە بېرىپ بەش كۈن تۇرۇپ، بازارلانى ئايلىنىپ 6 ـ كۈنى
يەنە پويىزغا چۈشۈپ ماڭدۇق. چاڭجياڭ دەرياسىغا كەلگەندە پو-
يىزنى پاراخوت بىلەن ئۆتكۈزدى. چۈنكى شۇ چاغدا چاڭجياڭ
دەرياسىغا تېخى كۆۋرۈك سېلىنمىغانىكەن. نەنجىڭغا بېرىپ
شىنجاڭ ئىش باشقارمىسىغا چۈشتۇق. يولۋاس كېلىپ بىز بى-
لەن كۆرۈشتى.

بىز نەنجىڭغا بېرىپ بىر يىلدىن كېيىن ياپونلار نەنجىڭنى

بومباردىمان قىلغىلى تۇردى. بىر كۈنى بىز تۇرغان يەرگە يېپ-
قىنلا يەردە بومبا پارتلىدى. بىز ئۈچ - تۆتەيلەن يوغان بىر
تاشنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالدۇق. يولۋاسمۇ خوتۇن - بالىلىرى
بىلەن گەمىگە كىرىۋاپتۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نەنجىڭدىن
چېكىنىۋىدى، بىزمۇ ئەگىشىپ خەنكۇغا باردۇق. يولۋاس مۇشۇ
يەردە بىر خەنزۇ قىز لياۋيۈچيۇ (ئۇيغۇرچە ئىسمى مەدىنە
خېنىم) بىلەن توي قىلدى. كېيىن بۇ خوتۇننى قومۇلغا بىللە
ئېلىپ كەتتى. ياپونلار داۋاملىق باستۇرۇپ خەنكۇغا كىردى.
بىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئەگىشىپ چۇڭچىڭغا كەلدۇق. شۇ-
نىڭدىن كېيىن چۇڭچىڭدا تۇرۇپ قالدۇق.
1944 - يىلى 9 - ئايدا جياڭ جيېشىنىڭ خوتۇنى سۇڭ
مېيلىڭ شېڭ شىسەينى ئىندەككە كەلتۈرۈپ چۇڭچىڭغا ئېلىپ
بارغاندا، جياڭ جيېشى شېڭ شىسەيدىن «ئىلگىرى سېنىڭ باش-
قۇرۇشۇڭدىكى قومۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاس ھازىر مېنىڭ قې-
شىمدا، سەن ئۇنى تونۇمسەن؟» دەپ سورىغانىكەن. شېڭ شى-
سەيمۇ «تونۇيمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشى بىر كۈ-
نى يولۋاس بىلەن شېڭ شىسەينى كۆرۈشتۈردى. سورۇندا بىزمۇ
بار ئىدۇق. شېڭ شىسەي يولۋاسنى قۇچاقلاپ يىغلاپ «سەن
ئەسلىدە ياخشى ئادەمكەنسەن، ئارىمىزدىكى ئىشپىيونلار گەپ
توشۇپ، بىزنى بىر - بىرىمىزگە قارشى قىلىپ قويغان ئى-
كەن»، دېدى ۋە يەنە «قانچە ئادىمىڭ بىلەن كەلدىڭ»؟ دەپ سو-
رىدى. يولۋاس «خوتۇن - بالىلىرىم ۋە فۇگۇەنلىرىم بىلەن
كەلدىم»، دەپ بىزنى كۆرسىتىپ قويدى.
كېيىن جياڭ جيېشى يولۋاسنىڭ ياقۇپ بەگ، ئەمەت بەگ
دېگەن ئوغۇللىرى ۋە ناسىر بەگ دېگەن نەۋرىسى (بۇ نىيازبەگ-
نىڭ ئوغلى، ھازىر قومۇلدا ھايات) * ۋە بىز فۇگۇەنلەرنى
چېڭدۇدىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇتتى. ھەربىي مەكتەپ ئەس-
لىدە نەنجىڭدا بولۇپ، گومىنداڭ چۇڭچىڭغا چېكىنگەندە مەك-
تەپمۇ تەڭ كۆچۈرۈلۈپ كېلىنگەنىكەن. بىز ھەربىي مەكتەپتە

ئوقۇۋاتقاندا جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئىسىملىك بىر ياش ھىندىستان ئارقىلىق چېگىدۇغا كەلگەنىكەن. ئۇ ئىلگىرى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان كىشى بولغاچقا، يولۋاسنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىزنى ئوقۇتۇپ ساۋادىمىزنى چىقاردى. چېگىدۇنىڭ ھاۋاسى بەك نەم بولغاچقا ئابدۇرېھىم ئاخۇن، قاراتاللىق غوجامنىياز، يولۋاسنىڭ ئىككىنچى قىزى ئايىم خېنىم ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنى خۇيزۇ مەسچىتكە ئېلىپ بېرىپ سۇغا ئالدۇرۇپ، خۇيزۇلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلدۇق.

بىز ھەربىي مەكتەپنىڭ ئالىي مائارىپ مەشىق سىنىپىدا ئىككى يېرىم يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ئوقۇشىمىز پۈتكەن بولدى. ماڭا يىڭجاڭلىق مەنسىپى بېرىپ، غەربىي شىمال بارگاھىغا تەقسىم قىلدى. ئايلىق مائاشىمىز 10 يۈەن ئىدى. غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ باشلىقى دېڭ شىخۇي بولۇپ، باش شتابى چېگىدۇدا ئىدى.

بىز قومۇلدىن ئايرىلىپ ئىچكىرىدە يەتتە يىل تۇرۇپ قالدۇق. بىر كۈنى بىز بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان جاڭ فامىلىلىك بىر ئەسكەر بىز تۇرغان يەرگە كېلىپ «مېنى قاراشەھەرگە قوماندان قىلدى، پات ئارىدا ئەسكەرلىرىم بىلەن يولغا چىقىمەن. ئەگەر يۇرتۇڭلارغا قايتىشنى خالىساڭلار مەن سىلەرنى ئالغاچ كېتەي»، دېدى. ئەمەت (قازاق)، ئابدۇللاخۇن، ئويۇپ، بەرەم نىياز ۋە مەن بەشىمىز مەسلىھەتلىشىپ، ھەر بىرىمىز 40 ـ 50 تاختىدىن چاي ئېلىپ جاڭ سىلىڭ بىلەن بىللە يولغا چىقتۇق. بىز ماشىنىلىق قاراشەھەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن رۇخسەت سوراپ قومۇلغا قايتىپ كەلدۇق.

1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يولۋاسمۇ قالغان ئادەملەرنى ئېلىپ قومۇلغا قايتىپ چىقىپ يەنە قومۇلغا ۋالىي بولدى. يولۋاس بىزنى يەنە ئۆز يېنىغا ئەكىلىپ ئىشلەتتى. مەن يولۋاسنىڭ مېھمانخانىسىدا كۈتكۈچى بولدۇم. يولۋاسنىڭ نەۋ-

رىسى ناسىربەگ بىر بۆلۈمنىڭ باشلىقى بولدى.
مەن يولۋاسنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قومۇلدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلغۇچى گومىنداڭغا قارشى ياشلار تەشكىلاتى قۇرۇلغانىكەن. ئاكام نىياز سوپىمۇ بۇ تەشكىلاتقا ئەزا ئىكەن. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن بىر كاتىپ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىكەن. بۇ كاتىپنى ئىشپىيونلاردىن xxx دىن مەن چاي قۇيۇۋېتىپ ئاڭلاپ قالدىم ۋە دەرھال ئاكام نىياز سوپىغا مەلۇم قىلدىم. ئاكام بۇ ئىشنى ئۇۋەيس ھاجى، نىياز نۇرۇل قاتارلىق كىشىلەرگە ئېيتىپ تۇرۇپ كاتىپنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ. xxx ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ مەندىن گۇمانلىنىپ يولۋاسقا ئىنكاس قىلغانىكەن. لېكىن يولۋاس «ھەسەن مېنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمىم، مۇمكىن ئەمەس»، دەپ ئىشەنمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ مەن يەنە ئېھتىيات قىلىپ ئۆيگە كەتتىم، كېيىن ئۆيدە تۇرۇشنىمۇ خەتەرلىك بىلىپ ئاستانىگە كەتتىم. بىر ئايدىن كېيىن (1949 ـ يىل 10 ـ ئايدا) ئازادلىق ئارمىيە قومۇلغا كىردى. قومۇلدىكى ئاخۇن، باي ۋە ئەمەلدارلار ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقتى. ئازادلىق ئارمىيە چوڭ گازارمىغا ئورۇنلاشتى. يولۋاس يەنىلا قومۇلنىڭ ۋالىيسى ئىدى. بىر كۈنى يولۋاسنىڭ خەنزۇ خوتۇنى لياۋ يۈڭچيۇ چوڭ گازارمىغا بېرىپ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 16 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى گۇەن شىڭجىغا يالغاندىن «دەرت تۆكۈپ» يولۋاسنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغاندىن كېيىن، گۇەن شىڭجى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ يولۋاسنىڭ پات ئارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يولۋاس 1950 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 2 ـ قېتىم قېچىپ تەيۋەنگە كەتتى.
1951 ـ يىلى مەن ئاستانە گۇمبارۋەنگە كۆچۈپ باردىم. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا مېنى «خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان، گومىنداڭنىڭ قالدۇقى» دەپ سۆرەپ كۈرەش قىلد-

ـدى ۋە ئالـتـە ئاي سولاپ ئەمگەككە سالـدى. شۇ چاغلاردا ئۆيۈمگە ئوت كېتىپ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىك كىنىشـ ـكام ۋە خاتىرە سۈرەتلىرىمنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كېتىپ ھەمـ ـمىدىن قۇرۇق قالدىم. 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەسىلەم قايتا تەكشۈرۈلۈپ ئۈۋال قىلىنغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىندىم.

رەتلەپ قەلەمگە ئالغۇچىدىن: بۇ ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولغان ھەـ ـسەن بارات 1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 90 يېشىدا ئاستانە ـدە ۋاپات بولدى.

ھادى پالۋان چىڭخەيىگە بېرىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ۋە پاتەم ئىسىملىك خوتۇنى ئايالغا ئۆيلەنگەن، 1945 ـ يىلى قومۇلغا قايتىپ چىققان، 1946 ـ يىلى يولۋاس قومۇلغا قايتىپ چىققاندا تەكلىپ بىلەن بوغاز ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن، 1952 ـ يىلى گوـ ـمىنداڭغا ئىشلىگەن، دېگەن جىنايەت بىلەن 10 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1975 ـ يىلى يۈرتى چوڭتۇردا 85 يېشىدا ۋاپات بولغان. 1978 ـ يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاقلانغان.

* بۇ ماقالىنى رەتلەۋاتقاندا ناسىر بەگ ھايات ئىدى. 2004 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى 83 يېشىدا قومۇلدا ۋاپات بولدى.

1999 ـ يىلدىكى ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئاساسەن رەتلىگۈچى: **ئابلىـ ـمىت ئابدۇللا**

# ما جۇڭيىڭ، يولۋاسلارغا مەجبۇرىي ئەسكەر بولغان چاغلىرىم

## هاجى ئىسهاق مىرى

مەن 1915 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قومۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر يېزىسى غولئېرىق كەنتىدە تۇغۇلدۇم. ئۆسمۈرلۈك چېغىمدا يۇرتۇمدا دىنىي تەربىيە ئالدىم.

تۇنجى بوۋام ئىسلام ئاخۇن 1677 ـ يىلى 2 ـ ئوغلى ئابدۇگۇل ئاخۇننى ئېلىپ يەكەندىن قومۇلغا كېلىپ ئەبەيدۇللا تارخانبەگ ئوردىسىدا ئاخۇنلۇق قىلغان، ئىسلام ئاخۇن بوۋىمىز ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇگۇل ئاخۇن ۋاڭ ئوردىسىدا ئىشلىگەن. بىز يەتتە ئوغۇل، تۆت قىز بولۇپ، 11 بالا ئىدۇق.

1931 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قومۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلىدى. بۇ چاغدا مەن موللىدا ئوقۇۋاتاتتىم. دېھقانلار ئىنقىلابى باشلىنىشى بىلەن خەلق قومۇل تاغلىرىغا، ياقا يۇرتلارغا قېچىشقا باشلىدى. بىزمۇ ئاراتامغا قېچىپ چىقتۇق. تاغدىن قايتىپ كېلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن (1933 ـ يىلى ياز ئايلىرى) بازاردا ئولتۇرۇشلۇق ئايلىرپام ماڭا:

ــــ سەن بازاردا بىزنىڭكىدە تۇرۇپ، مېۋە ـ چېۋە ساتساڭ بولمامدۇ؟ ــــ دېگەن تەكلىپنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن بازارغا كىرىپ، ئايلىرپامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، ئۇششاق تىجارەت قىلدىم. 1933 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى بازاردا تىجارەتچىلەر «تۇڭگانلار كەپتۇ!» دېيىشتى. مەن، تۇڭگانلار نەدىن كەل-

گەندۇ؟ دەپ ئويلىدىم. مەن بازاردا كىشىلەرگە ئەگىشىپ يۈرۈپ چاھارباغقا چىقسام، دېڭەندەك تۇڭگانلار كېلىشىپتۇ، قارىساق تۆگىلەر ۋە ئەسكەرلەر كېلىشىپتۇ، ئۇلار تاراتمىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان تۇڭگانلار ئىكەن. ئۇلار تۆگىلەرگە ئارتقان يۈكلەرگە قوڭغۇراق ئېسىپ قويغاندەك قىلاتتى، يېقىن كەلگەندە قارىساق قوڭغۇراق ئەمەس ئادەمنىڭ بېشى ئىكەن. بىرى سىدىق تۆەنجاڭ (مارجان)، يەنە بىرى مۇتىئى ئاخۇننىڭ ئۇكىسى ياسىن ليەن-جاڭنىڭ بېشى ئىكەن. تۇڭگانلار باستۇرۇپ چىققاندا قۇربان دورغا ئاران دېگەندە يوتقاندىن سۆغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئاتلىق قې-چىپ كېتىپتۇ. تۇڭگانلار بازارغا كېلىپ توختى دورغىنىڭ سا-رىيىغا چۈشتى ۋە سىدىق تۆەنجاڭ بىلەن ياسىن ليەنجاڭنىڭ بېشىنى سۇپىغا تاشلاپ قويدى. بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ كەينىدە بىر دەڭ بار بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ تۇڭگانلار چۈشكەندى. ئەتىسى بىز-نىڭ ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئۇرۇلۇپ، ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلان-دى. مەن، ئۇلار ئىشىكنى ئاچ، دەۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، بىرىپ ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم، ئۇلار ھويلىغا كىردى. مەن ئايلىرپامنى چاقىرىپ چىقتىم، ئۇ، نېمىشقا سىرتقا چىد-قىسەن؟! دەپ ماڭا ئاچچىقلاندى. تۇڭگانلار يەنە ئۆيىنىڭ ئىشى-كىنىمۇ ئۇرۇپ، ئادەم بارمۇ؟! دەپ ۋارقىراشتى، مەن بۇ ئى-شىكنىمۇ ئېچىپ بەردىم ۋە بۇ ئۆيدە قاسساپلار بار، دېدىم. قاسساپلار، بىز قېرى تۇرساق، بىزنى نېمە قىلىسىلەر؟ دېدى. تۇڭگانلار ئايلىرپامنىڭ يولدىشى ئىبراھىم باي ئاكام ياتقان ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭغا، تۇر ئورنىڭدىن! تالاغا ماڭ! دەپ ۋارقىراشتى. ئۇ كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندى. ئۇ تۇڭگانلارغا «مەن كېسەل تۇرسام، مېنى نېمە قىلىسىلەر؟» دېدى. تۇڭگانلار گەپكە ئىشەنمەي، كېسەل بولساڭ ئاغزىڭنى ئاچ! دېدى. تۇڭگانلار ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ، ئۇنىڭ كېسەل ئى-كەنلىكىگە ئىشەندى. بۇ چاغدا ئايلىرپام تۇڭگانلارنىڭ ئەسكەر-لىككە ئادەم تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، مېنى دەرھال سىرتتىكى

ئۆيگە باشلاپ چىقىپ، چوڭ بىر ساندۇقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويدى ۋە «شەپە چىقارماي جىم يات!» دېدى. مەن ساندۇقنىڭ ئىچىدە يېتىپ، سىرتتىكى «تاراق - تۇرۇق» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا قارىشىمغا، بىر تۇڭگان ئەسكەر كېلىپ «زۇا!» دەپ مېنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئايلىرىپام ماڭا قاراپ، ھەي، ھەي... كىچىك بالا دېگەننى قارىمامدىغان، مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ، نېمە دەپ ساندۇقتىن چىقىسەن؟... ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ دېگەندەك ھويلىدا قالدى. كوچا ئادەملەرگە تولۇپ كېتىپتۇ، مېنى شۇ ئادەملەرگە قوشۇپ قويدى. تۇڭگانلار بىزنى ھەيدەپ يۇقىرىقى مەسچىت (ھازىرقى تۆت كوچىنىڭ غەربىي تەرىپى، قومۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى مەسچىت) نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مەسچىت ئالدىدا پەقەت كېرەم ئىمام (قومۇل شەھىرى ئارائاقيەر مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق پېشقەدەم مائارىپچى، مەرھۇم نۇرئەخمەتجان مۇئەللىمنىڭ دادىسى) يالغۇز ئىكەن. ئۇ: مەسچىتتە پەقەت مەنلا قالدىم، مەسچىتنىڭ جامائەتلىرىنى تۇڭگانلار ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتتى، خۇدا ئامانلىق بەرسۇن، دەپ يىغلاپ تۇرۇپتۇ. تۇڭگانلار بىزنى باۋۇدۇن دېگەنگە ھەيدەپ بېرىپ سولاپ قويدى. ئەتىسى ئاپام جاننارى ئاپپاق مېنىڭ خەۋىرىمنى ئاڭلاپ يىغا - زارە قىلىپ بازارغا كىرىپتۇ. تۇڭگانلار بىزنىڭ دۆربەجىن غولئېرىق مەھەللىسىدىن قۇربان دۇئا (قۇربان باي)، زىكرىيا ئەشمىيا (زىكىياخۇن)، سېيىت ئاداش (سېيىت تۆمۈر)... لەرنىمۇ تۇتۇپ كەپتۇ. ئەتىسى كېچىدە تۇڭگانلار بىزنى داۋانچىڭغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇ چاغدا خاڭگۇڭدىكى داتۇ بايلار يۇزلۇك ئادەملەر ئىدى. 2 - ئاكام ئابدۇخالىق ئاخۇنۇم ئىسمائىل داتۇغا ئەھۋالنى ئېيتقانىكەن، ئۇ:

— بۇ ئىش چاتاق بوپتۇ، ئۇكىلىرى قانچە ياشقا كىرگەن؟ — دەپ سوراپتۇ، ئاكام:

— 16 ياشقا كىرگەن، — دەپتۇ (ئەمەلىيەتتە مەن 18 ياش

ئىدىم، ئاكام مېنى قۇتۇلۇپ قالارمىكىن دەپ، 16 ياش دەپتىكەن)، — «تۇڭگانلار نېمە ئالسا مەن بېرەي، ئۇكامنى قويۇپ بەرگەن بولسا، — دەپتۇ ئاكام. ئىسمائىل داتۇ ئاكامغا:
— ئىككى ئات تەييارلىسىلا، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاكام 5 - ئاكام ئابدۇللا ئاخۇننىڭ بايتىلىنى مىنىپ، يەنە بىر ئاتنى يېتىلەپ، بىز بىلەن بىللە مېڭىپ، سومقاغىنچە بېرىپ باقاي، ئۇ يەردە ئۇكامنى قويۇپ بەرسە ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپتۇ. بىراق سومقاغىدا مېنى قويۇپ بەرمىدى. توغۇچىغا بارغاندا ئىسمائىل داتۇ ئاكامغا، ئۇكىلىرىنى تۇڭگانلار كۆرگىدەك، دەپتۇ. تۇڭگانلارنىڭ باشلىقى:
— ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلار ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىك بالا بولسا ئېلىپ كېلىڭلار! دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ باشلىقنىڭ يېنىغا كىردىم. يېشى كىچىكلەردىن يالغۇز مەنلا بولغان بولسام قويۇپ بېرەر ئىكەن، بىراق بىز ئىككى بولۇپ قالدۇق، چاچتۆمنىياز دېگەن ئادەمنىڭ ئوغلى سۇلايمانمۇ 16 ياش ئىكەن. تۇڭگان باشلىق ئىسمائىل داتۇغا:
— يېشى كىچىكلەر بىرلا بولغان بولسا قويۇپ بەرسەك بولاتتى، بىراق ھازىر ئىككى بولۇپ قالدى، بىرنى قويۇپ بېرىپ، بىرنى ئېلىپ قالساق بولمايدۇ، شۇڭا بۇلارنى قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ، — دەپ مېنى قويۇپ بەرمىدى. ئاكام يەنە بىزگە ئەگىشىپ جىگدىگىچە باردى، بۇ يەردە دۆربەجىن يۇقىرى مەھەللىلىك مۇختەر ئاخۇنۇم (دورغا موللاخۇن) بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاكىسى تۆمۈر نىياز يولۋاسنىڭ قول ئاستىدا تۇەنجاڭ بولۇپ، يولۋاسنىڭ يېنىدا ئىكەن. يولۋاس ئۇ چاغدا تۇرپاننىڭ مۇداپىئە قوماندانى ئىدى. ئاكام مۇختەر ئاخۇنۇمغا:
— ئاداش، تۇڭگانلار ئۇكامنى قويۇپ بەرمىدى، تۇرپانغا بارغاندا ئاكىلىرىغا دېسىلە، ئۇكامنى قۇتقۇزغىلى بولارمىكىن، — دەپ ئامانەت قىلىپ، قولىغا پۇل بەردى. مۇختەر ئاخۇنۇم:
— بولىدۇ، تۇرپانغا بارغاندا ئۇكىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئا-

كامغا دەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەمنى تۇتۇپ بېرىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولار...، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاكام مەن بىلەن خوشلىشىپ قايتتى.

ئاكام كەتكەندىن كېيىن بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. قىش كۈنلىرى بولغاچقا، ئۇسساپ كەتسەك يول بويىدىكى قارنى يېدۇق. بىز شىڭچىڭزى دېگەن يەردىن ئۆتۈپ يوەنجۇن دېگەن يەرگە كەلگەندە، مەن ئاغرىپ قالدىم ۋە ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم. يېنىمدا قۇربانباي ئاكام بار ئىدى، ئۇ مېنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. بولالمىغاندا ئەھۋالنى تۇڭگانلار باشلىقىغا ئېيتىدۇ، مېنى زاغرىنان قاچىلاپ ماڭغان هارۋىغا سېلىپ قويدى. بىز ۋە تۇڭگان ئەسكەرلەر داۋاملىق يول يۈرۈپ پىچان ئارقىلىق لۈكچۈنگە بېرىپ بىر كېچە قوندۇق. ئارىمىزدا قومۇل شەھەر ئىچىلىك نىياز ئىسىملىك بىرسى بار ئىدى، ئۇ كېچىدە ھاجەتكە چىقىپ قاچماقچى بولۇپ، ھاجەتخانىنىڭ تېمىدىن سىرتقا ئارتىلغاندا، پوستتا تۇرغان قاراۋۇللار كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئېتمۆەتمەكچى بولغاندا لۈكچۈنلۈك كىشىلەر تۇڭگان باشلىقىدىن ئۇنى تىلىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نىياز قۇتۇلۇپ قالدى. ئەتىسى بىز لۈكچۈندىن يولغا چىقىپ تۇرپان ئاستانىگە بېرىپ، مەھمۇت شىجاڭنىڭ قورۇسىغا چۈشتۇق. مەن يەنىلا ماڭالمايتتىم. ئەتىسى بىز ئاستانىدىن تۇرپان بازىرىغا باردۇق. مۇختەر ئاخۇنۇملار بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرپانغا كەتكەنىدى. تۇرپان شەھىرىدە ما جۇڭيىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانىكەن. بىز تۇرپان شەھىرىدە بىر كېچە قوندۇق، ئەتىسى ما جۇڭيىڭ بىزنى داۋانچىڭغا ئېلىپ ماڭدى. مۇختەر ئاخۇنۇم مېنى تۇڭگانلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرالمىدى. داۋانچىڭغا بارغاندىن كېيىن مەن ھاساتاياق بىلەن ماڭىدىغان بولدۇم. داۋانچىڭغا بىز قومۇلدىن چىققانلارغا مىلتىق ۋە ھەربىي فورما تارقىتىپ بەردى. تۇڭگان باشلىق ماڭا قاراپ:

— ئۇ كېسەل ئىكەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ماڭا قورال

ۋە ھەربىي فورما بېرىلمىدى. ھەربىي فورما بۆز رەخت بولۇپ، قومۇچىنىڭ پۆپىكىدە بويالغانىكەن.
بىز داۋانچىڭدا يەتتە كۈن تۇردۇق. بىر كۈنى جەڭ قائىدە-سىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، بىزنى بىر سايغا باشلاپ باردى. ئات-لىقلار غەربتە، پىيادىلەر شەرقتە تۇردۇق. بىردەمدىن كېيىن كاناي چېلىندى. بىزمۇ، ئاتلىقلارمۇ يۈگۈردۇق، ئۈستىمىزدىن ئوقلار ۋىژىلداپ ئۆتتۈۋاتاتتى. بىر ۋاقىتتا ما جۇڭيىڭ كېلىپ:
— بۈنى مانىۋېر دەيمىز، ئۇرۇش مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېدى. مانىۋېردىن كېيىن تۇرالغۇمىزغا قايتىپ كەلدۇق. كېچە بىر چاغدا، «ئەسكەرلەر يولغا چىقسۇن!» دەپ بۇيرۇق كەلدى. بىز كېچىچە يول يۈرۈپ سايئوپۇغا كەلدۇق. بۇ يەردە ئىككى ئا-دەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئوقتىن مۇداپىئەلىنىش ئورىكى كولاپ ئۇرۇشقا تەييارلاندۇق. مەن يەنىلا ماڭالمايتتىم. بىر چاغدا يىراقتىن زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلاندى، ئەمما ئادەم كۆرۈنمەيت-تى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە بىز يەنە بىر ئۇقتۇرۇش تاپشۇ-رۇۋالدۇق، مەن داۋانچىڭغا قايتىدىغان ئوخشايمىز، دەپ ئويلى-دىم، چۈنكى ئۇ يەردە نەرسە - كېرەكلىرىمىز قالغانىدى. بىزنى داۋانچىڭغا باشلاپ بارماي، بىر داۋانغا ئېلىپ كەلدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر بىزدىن بۇرۇن داۋانغا چىقىپ بولغانىكەن. داۋانغا چىققاندىن كېيىن ئاتلىق ئەسكەرلەر بىزنى توختىتىپ:
— ئەمدى ماڭمايمىز! مۇشۇ يەردە دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز! — دېدى. بۇ چاغدا مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— مەن كېسەل، — دېۋىدىم، ئۇلار ماڭا:
— ئاغزىڭنى ئاچ! — دېدى. ئۇلار ئاغزىمغا قاراپ — راست كېسەل ئىكەن... — دەپ مېنى ئۆتكۈزۈۋەتتى، كەينىمدىن بىر گاچا بالا كېلىپ ئىشارەت قىلدى، تۇڭگانلار ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرۇپ كۆرۈپ، — بۇ كېسەل ئەمەسكەن، — دەپ ئۇنى ئۆتكۈزمىدى. مەن داۋاندىن پەسكە چۈشۈپ قارىسام بىر كەپە بار ئىكەن. كەپىدە بىر قازان، قازاندا شوۋاگۇرۈچ بار ئىكەن،

مەندىن بۇرۇن كەپىگە كىرگەنلەر ئۇنىڭدىن ئىچىشىپتۇ، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەچكە مەنمۇ بىر قاچا ئىچتىم ۋە بۇ يەردە نورمايلا ئۇرۇش بولغۇچە باشقىلار بىلەن بىللە يولغا چىقتۇق. تۇز كۆلگە يېقىن قالغاندا ئاسماندا ئايروپىلانلار پەيدا بولۇپ بىزگە بومبا تاشلىدى، بىز قېچىپ تاشلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدۇق. ئايروپىلانلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بىز يەنە مېڭىپ تۇز كۆلگە كەلدۇق. بىر يەردىن ئىس چىقىۋاتاتتى، مەن بىرەرسى ئۇ يەردە چاي قايناتىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ شۇ يەرگە بارسام، بايىقى ئايروپىلانلارنىڭ بومبىسى بۇ يەردە پارتلاپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ مەن تېخىمۇ قورقۇپ تۇرپان تەرەپكە مېڭىشقا پېتىنالماي، كىشىلەرگە ئەگىشىپ توقسۇن تەرەپكە ماڭدىم. بىر چاغدا يېنىمىزدىن ئاتلىقلار ئۆتۈپ كەتتى. يېنىمدا تونۇشلار يوق ئىدى. بىر چاغدا كەينى تەرەپتىن «گۇر ــ گۇر» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ماشىنىمىكىن دەپ كەينىمگە قارىسام تانكا ئىكەن، ئىچىدە ما جۇڭيىڭ بار ئىكەن، ئۇ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىزگە قاراپ قويۇپ توقسۇن تەرەپكە كەتتى. كۆپ يول يۈرۈپ چارچاپ كەتكەچكە، بەزىدە مېڭىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشىمەن، بەزىدە ئۇخلاپ قېلىپ، سوغۇقتىن ئويغىنىپ كېتىپ يەنە يول يۈردۈم. ئەتىسى كۈن چىققاندا توقسۇنغا يېقىنلاشتۇق، بۇ چاغدا تۇڭگانلار يەنە مېنى توسۇۋالدى، مەن ئۇلارغا كىسەللىكىمنى ئېيتسام، ئۇلار يەنە ئاغزىمنى ئاچقۇزۇپ كۆرۈپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. مەن بىر تاياقنى هاسا قىلىۋالغاندىم، هاسىغا تايىنىپ يۈرۈپ توقسۇنغا كەلدىم، بىر مەهەللىنىڭ بېشىدا چوڭ بىر خامان، خامان ئەتراپىدا ئۆيلەر بار ئىكەن، خامان يېنىدا لىق نان قاچىلانغان بىر هارۋا تۇرۇپتۇ، مەن هارىكەشتىن:

ــــ بۇ ئۆيلەردىكى ئادەملەر ئۇيغۇرمۇ، خەنزۇمۇ؟ ــــ دەپ سورىسام:

ــــ ئۇيغۇر، كىرسىڭىز بولىدۇ، ــــ دېدى. مەن بىر ئۆيگە

كىرسەم بىر بوۋاي بار ئىكەن. مەن بوۋاي بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ قومۇلدىن كەلگەنلىكىمنى ۋە كەچۈرمىشلىرىمنى بوۋايغا سۆزلەپ بەردىم. بوۋاي مېنى ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى، گەرچە ئۇ چاغدا ھەربىي كىيىم بولمىسىمۇ، تۇڭگانلارنىڭ مېنى كۆرۈپ قېلىپ ئېتىپ تاشلىشىدىن قورقۇپ، بوۋايغا مېنى يوشۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندۇم. بوۋاي:

— تالادىكى يوغان خاماندا بىر قانچە دۆۋە سامان بار، سىز سامان ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋېلىڭ، — دېدى. مەن بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە خامانغا چىقىپ بىر دۆۋە ساماننىڭ ئىچىگە چۈشتە كىرىۋالغان پېتى نامازدىگەرگىچە ياتتىم. خامان يېنىدىكى يولدا گۈلدۈر - گۈلدۈر قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر چاغدا بوۋاينىڭ نەۋرىسى سامانلىققا كېلىپ:

— قومۇللۇق، ھەي قومۇللۇق! — دەپ چاقىردى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ:

— نېمە بولدى، — دېسەم، ئۇ:

— بوۋام سىزنى چاقىرىدۇ، — دېدى. مەن ئۇنىڭدىن:

— تۇڭگانلار كەتتىمۇ، — دەپ سورىسام، ئۇ:

— كەتتى! رۇسلار بىلەن خەنزۇ ئەسكەرلەر تۇڭگانلارنى قوغلاپ كەتتى! — دېدى. مەن سامانلىقتىن چىقىپ، ئۆيگە كىرسەم، بوۋاي:

— قورقماڭ، ھەممىسى كەتتى، — دەپ مېنى خاتىرجەم قىلدى. مەن بوۋاينىڭ ئۆيىدە بىرقانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ئەھۋال ئىگىلەپ باقماقچى بولۇپ كوچىغا چىقىپ، قومۇللۇق بىرسىنى ئۇچرىتىپ قالدىم.

— سەن بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭ؟ — دەپ سورىسام، ئۇ:

— مەنمۇ بۇ يەرگە تۇڭگانلار بىلەن بىللە كېلىپ، بىر ئۆيگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ قۇتۇلۇپ قالدىم، — دېدى. بىر ئازدىن كېيىن ئىككىمىزگە قومۇل لەڭگەرلىك سالى ئاكا (يولداش ئا-

خۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ھازىر قومۇلدا ھايات) ئۇچراپ قالدى، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش قۇتۇلۇپ قاپتۇ. كوچىدا يۈرۈپ قومۇل پالۋانتۇرلۇق پەزۇل ئاخۇن قاتارلىق بىرنەچچەيلەن سىپىمىزگە قوشۇلۇپ، 8 ـــ 10 دەك ئادەم بولۇپ قالدۇق. بىز توقسۇن بازىرىغا قاراپ مېڭىپ بازارغا ئاز قالغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ئامالسىز ئەتراپتىكى بىر ئۆيدە قونۇپ ئەتىسى تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتۇق. تۇرپان شەھرىگە يېقىنلاشقاندا بىزگە ئۈچ ئاتلىق ئادەم ئۇچرىدى. بىز ئۇلاردىن تۇرپان شەھىرىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىساق، ئۇلار تۇرپان شەھىرىنى رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قاپلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە تۇرپانغا كىرمەسلىكىمىز توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز شەھەر ئىچىگە كىرمەي، تۇرپان ئاستانىگە بېرىپ، قورساقلىرىمىزنى تويغۇزۇۋېلىپ، يولىمىزغا ماڭدۇق. بىز تۆيۈق غوجامغا كەلسەك، ئادەملەر ئۈزۈم ئېچىۋاتقانىكەن. ئۇلار بىزگە:

ـــ ئۈزۈم ئېچىشقا ياردەملەشسەڭلەر پۇل بېرىمىز، ـــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەندىن باشقىلار ئۈزۈم ئاچقىلى كەتتى، سالامەتلىكىم ياخشى بولمىغاچقا، مەن بىر جايدا ئولتۇردۇم. بىر چاغدا بىر ئادەم كېلىپ مەندىن:

ـــ ھۈنىرىڭىز بارمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى. مەن:

ـــ موزدۇزلۇقتىن بىر ئاز خەۋىرىم بار، خۇرۇمنى كېسەلمەيمەن، بىراق كېسىپ بەرگەننى تىكەلەيمەن، ـــ دېدىم. ئۇ ئادەم ماڭا:

ـــ ئۇنداق بولسا بىزگە ياردەملىشىڭ، ـــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن موزدوزغا يەتتە كۈن ئىشلەپ بېرىپ، يەتتە سوم پۇل تاپتىم. 10 كۈنچە بولغاندا ھەممىمىز بىر يەرگە جەم بولۇپ كېتىشنى مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن يەنە يولغا چىقتۇق. كىشىلەردىن تۆيۈقتا قومۇل ۋاڭنىڭ كارىزى بارلىقىنى ئاڭلاپ «قومۇل ۋاڭنىڭ كارىزى بولغاندىن كېيىن، بىزگە ئىگىدارچىلىق قىلامدىكىن» دېگەن ئۈمىدتە كارىزغا كەلسەك، بۇ يەردىكى-

لەرنىڭ بىزگە ئىگە بولغىدەك ھالى يوق ئىكەن. بىز بۇ يەردىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزۈپ لەمجىنگە باردۇق ۋە مەسلىھەتلىشىپ ھەممىمىز ئۆي - ئۆيلەرگە تارقىلىپ يېمەكلىك تەييارلىدۇق. لەمجىندىن خاندوغا بارغىچە خالتىلىرىمىزنى نانغا توشقۇزدۇق. بىز خاندودا مەھەللىدىكى بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كەلسەك، بىر نەچچە ئايال نان يېقىۋاتقانىكەن، بىز ئۆي ئىگىلىرىگە ئەھۋالىمىزنى ئېيتىپ، قورساقلىرىمىزنى توقلىغاندىن كېيىن مۇشۇ يەردە كېچىنى ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق. ئەتىياز بولغاچقا، كېچىسى ھاۋا سوغۇق ئىدى. بىز تونۇرنىڭ ئوتىدا ئىسسىنىپ ئولتۇردۇق، توڭلىساق تونۇرغا چۈشۈپ نۆۋەت بىلەن ئىسسىنىپ تاڭ ئاتقۇزدۇق. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن پىچانغا قاراپ ماڭدۇق. پىچانغا كېلىپ بىر بوۋاينىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ، ئاندىن بازارغا كىردۇق. بازاردا ما جۇڭيىڭنى قوغلاپ پىچاندا تۇرۇپ قالغان شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن كەينىمىزگە قايتىپ بوۋاينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ چىقتىمغا باردۇق. سالى ئاكا:

— ئالدىمىزدا غازى ئاقسالنىڭ كارىزى بار، شۇ يەردىن قومۇلغا كىرىپ كېتىمىز، — دېدى ۋە بىزنى كەچكە يېقىن شۇ كارىزغا باشلاپ كەلدى. كارىزدا بىرلا ئائىلە بار ئىكەن، بىز ھويلىغا كىرسەك بۇ يەردە بىزدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن، بىزگە ئوخشاش قومۇللۇق باللار بار ئىكەن. بىز بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى سالى ئاكىنىڭ يولباشچىلىقىدا قومۇلغا قاراپ ماڭدۇق. كەچتە قوشقا يېتىپ كېلىپ، ئارام ئېلىپ، يېرىم كېچە بولغاندا يەنە يولغا چىقتۇق. كۈندۈزى ئۆتتۇراگەمە دېگەن يەرگە كېلىپ دەم ئالدۇق. بىز مۇشۇ تەرىقە ئۇدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول ماڭغاندىن كېيىن لاپچۇق كەنتىنىڭ قارىسىنى كۆردۇق. تۇرا دېگەن يەردىن ئۆتۈپ بىر ئازدىن كېيىن ئىككى ئات يېتىلىۋالغان بىر ئادەمنىڭ بىز تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى ئادەم بىزگە يې-

قىنىلاشتى، قارىسام 6 ـ ئاكام ئىمىن ئاخۇن ئىكەن، ئۇ بىر
ئاتنى مىنىپ 5 ـ ئاكام ئابدۇللا ئاخۇننىڭ بىر ئېتىنى يېتىـ
لەپ كەلگەنىكەن. ئاكام ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ
كەتتۇق. ئاپام بىزدىن ئىلگىرى قومۇلغا يېتىپ كەلگەن با-
لىلاردىن بىزنىڭ يولدا كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىمىزنى ئاڭلاپ،
ئىمىن ئاخۇن ئاكامنى ئالدىمغا ئەۋەتكەنىكەن. ئات ئىككى، بىز
ئون نەچچە بولغاچقا ھەممىمىز بىللە مېڭىشقا ئىمكانىيەت
بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاكام ئىككىمىز يولداشلىرىمىز بىلەن
خوشلىشىپ، ئاتلىرىمىزنى ئۆي تەرەپكە قارىتىپ بولۇشىغا
چاپتۇردۇق. چۈش بولغاندا لاپچۇقتىكى ھەمدۇل موللامنىڭ ئۆ-
يىگە كېلىپ غىزالاندۇق. ئۇ يەردىن چىقىپ نامازدىگەرگە يېقىن
شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق 2 ـ ئاكام ئابدۇخالىق ئاخۇنۇم-
نىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. بىز ئۇنىڭ ئۆيىدە چاي ـ پاي
ئىچكەندىن كېيىن، ئۇ بىزگە:

— تېزدىن دۆربەجىن غولئېرىققا چىقىپ، ئاپام بىلەن
كۆرۈشۈڭلەر، ئاپام يولۇڭلارغا قاراپ، تولا يىغلاپ، كۆزىنىڭ
قارىسى ئېقىپ كېتەي دېدى، — دەپ بىزنى يولغا سالدى. بىز
ئاكام بىلەن خوشلىشىپ، نامازدىگەردىن سەل ئۆتكەندە مەھەل-
لىگە كەلدۇق. ئاپام، چوڭ ئاكام موللانۇر (ھاجى ئىمام) ۋە باش-
قا قېرىنداشلار مەھەللىنىڭ غەربىدىكى باغچا بېشىغا چىقىپ
بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. بۇ كۈن روزى ھېيتنىڭ ھارپىسى
بولۇپ، جامائەت ھېيت تەييارلىقى قىلىۋاتقانىكەن. ئۆيگە كىر-
گەندىن كېيىن ئاپام ۋە قېرىنداشلىرىمغا بېشىمدىن ئۆتكەن
ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇرۇق ـ تۇغ-
قانلار بىلەن خوشال ـ خۇرام ھېيت ئۆتكۈزدۈم. مۇشۇنداق
خۇشال، غەمسىز، تىنچ تۇرمۇش ئاران ئۈچ ئايچە داۋاملاشتى.

ما جۇڭيىڭ شىڭ شىسەي ـ سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلەشمە
قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىن-
گەندە، تۇرپان شەھىرىنىڭ مۇداپىئە قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى

ئۆتەۋاتقان يولۋاس يېقىنلىرىنى ۋە تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭ، مۇخ-تەر ئاخۇنۇملار بىلەن بىللە، بىز قومۇلغا كېلىشتىن بۇرۇن قومۇلغا قايتىپ كېلىپ، قومۇل گارنىزونىنىڭ قوماندانى ۋە قومۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغانىكەن. شۇ چاغدا يولۋاسنىڭ قولىدا بىر تۇەن ئەسكەر بار بولۇپ، تۆمۈر نىياز بۇ تۇەننىڭ تۇەنجاڭى ئىكەن. مۇختەر ئاخۇنۇم يۇرتى دۆربەجىن يۇقىرى مەھەللىگە قايتىپ ئاخۇنلۇق قىلىۋاتقانىكەن. يولۋاس قومۇلغا كەلگەندىن كېيىن قول ئاستىدىكى چوڭ ياشلىق ئەسكەرلەرنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ، ئورنىغا ياش بالىلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىشقا باشلىدى. يولۋاس «بىر ئائىلىدە ئىككى ئوغۇل بولسا، بىرى چوقۇم ئەسكەر بولۇشى كېرەك، يالغۇز ئوغۇل بولسا ئۆز ئىخ-تىيارلىقىدا بولىدۇ، مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ»، دېگەن بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قومۇلدىكى نۇرغۇن ياشلار ئەس-كەرلىككە قوبۇل قىلىندى. يولۋاسنىڭ يولىيورۇقى بىلەن ئەس-كەرلەر گازارمىدا ئىككى ئاي تۇرسا، ئائىلىسىدە ئىككى ئاي تۇرۇش بەلگىلەندى. تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭ بىزنىڭ مەھەللىدىن سالى ئاخۇن (ھازىر ھايات)، تالىپ ئاخۇن، مەمەت تاھىر ۋە مېنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، بىزنى ئۆزىنىڭ كانىۋيى قىلىۋال-دى. بىزمۇ بەلگىلىمە بويىچە گازارمىدا ئىككى ئاي، ئائىلىدە 2 ئاي تۇردۇق. مەن ئەسكەرلىكتىن ناھايىتى قاتتىق بىزار بولۇپ كەتكەچكە، 5 ـ ئاكام ئابدۇللا ئاخۇن مېنىڭ ئورنۇمدا بىر نۆ-ۋەت گازارمىدا 2 ئاي تۇردى. بىز شۇ تەرىقىدە تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭنىڭ يېنىدا تۆت يىل تۇردۇق.

1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئۆزگىرىپ، شېڭ شىسەي بىلەن يولۋاس ئوتتۇرىسىدىكى زىددى-يەت كەسكىنلەشتى. 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا يولۋاس تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭنى باركۆلدە ئۆتكۈزۈلىدىغان «12 ـ ئاپرېل» بايرىمى (شېڭ شىسەي تەختكە ئولتۇرغان كۈن) غا قاتنىشىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭ مەمەت تاھىر بىلەن مېنى بىللە

ئېلىپ چىقتى. باركۆلنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەمۇرىي ئەمەلدارى (قازاق) بىزنى كۈتۈۋالدى. بىز باركۆلدە بىر ھەپتە تۇرۇپ «12 - ئاپرېل» بايرىمىغا قاتنىشىپ قايتتۇق. ئەسلىدە شىڭ شىسەي- نىڭ باركۆلدىكى ئادەملىرى بىزنى قولغا ئېلىپ يوقاتماقچى بولغانىكەن، بىراق قولىمىزدا قورال بولغاچقا، قول سېلىشقا پېتىنالمىدى. قايتىشىمىزدا باركۆلنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى نيۇجېنخەي بىزگە، سىلەرنى داۋانغىچە ئۇزىتىپ قويايلى دەپ، ئىككى ئەسكەرنى قوشۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ پىلانى يولدا بىزگە قول سېلىش ئىكەن. بىراق قوللىرىمىزدا قورال بولغاچقا، نى- يىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. بىز قومۇلغا كەلسەك بۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. شىڭ شىسەي يولۋاستىن خاتىرجەم بولالماي، ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن شۇ يوگۇاڭنىڭ قوماندانلىقىدا 2000 كىشىلىك قوشۇن- نى قومۇلغا ئەۋەتكەندە، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يولۋاسمۇ تو- غۇچىغا قوشۇن ئەۋەتىپ، شۇ يوگۇاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى قومۇلغا كىرگۈزمەپتۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە «شەرق تەرەپتىنمۇ قوشۇن كېلىۋاتىدۇ»، دېگەن خەۋەر كەلدى. يولۋاس تۆمۈر نىياز تۆەنجاڭغا «سىز بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىڭ» دەپ ئىسمائىل لىيەنجاڭ (زاھىدىن ئىسمائىل دەپمۇ ئا- تىلىدۇ) قوماندانلىقىدا 100 كىشىلىك ئەسكەرنى قوشۇپ بەر- دى. تۆمۈر نىياز تۆەنجاڭ، تۆەن ھەربىي لاۋازىمەت مۇدىرى لى شىزەي، مەن ۋە قومۇل ج خ ئىدارىسىدىن ۋاڭ كىجاڭ باشلىق تۆت ئادەم (بۇلار شىڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى) بولۇپ يەتتەيلەن ماشىنىلىق، ئىسمائىل لىيەنجاڭلار ئىككى چوڭ ماشىنا بىلەن يولغا چىقتۇق. بىز يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى يولۋاس ئۆلكە- لىك چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى قومۇل ئىش بېجىرىش ئور- نىنىڭ مۇدىرى دۇ جياتيەن بىلەن قومۇل ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۇ چېڭفانى (شىڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى) تۇتۇپ قې- لىپ، «ئەگەر تۆمۈر نىياز تۆەنجاڭ باشلىق ئادەملىرى سالامەت

قايتىپ كېلەلمىسە، ئىككىڭىزنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن»، دېگەندەكەن. بىراق بىز كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىككىسى يولۋاسنىڭ ئائىلىسىنى باشقىلار بىلەن نىيەت قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، داناخان پوسلارغا يولۋاسنىڭ نامىنى سېتىپ بۇ ئىككىسىنى قويغۇزۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇ چېڭفا باركۆلگە، دۇ جياتيەن شىڭشىڭسايغا قېچىپ كېتىپتۇ. بىز يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى يولۋاس تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭغا «قارىمۇقچى، سايبۇلاق بىلەن مېڭىڭلار، ئۇ يەردىكى قورۇللاردا تېلېفون ئارقىلىق كۆرۈشۈپ تۇرايلى، ئەگەر ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولسا سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن»، دەپ تاپىلاپتۇ. بىراق بىز ساقىغا كەلگەندىن كېيىن، شوپۇر تۇەنجاڭغا:

— قارىمۇقچى، سايبۇلاق بىلەن ماڭساق يول قۇم، ماشىنا ماڭالمايدۇ، بىز ئۇدۇللا تۆگە قوتىنى ئارقىلىق يەندۇنغا ئۆتۈپ كەتسەك، — دېگەن تەكلىپنى بەردى. تۇەنجاڭنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن بىز شۇ بويىچە ماڭدۇق. يەندۇنغا بېرىپ تۇەنجاڭ يولۋاسقا تېلېفون بەردى. تېلېفوندا يولۋاسنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلىيالماي، تۇرۇپكىنى ۋاڭ كېجاڭغا بەردى، ۋاڭ كېجاڭ تېلېفوندا «سۆزلىشىپ» بولۇپ، تۇەنجاڭغا:

— يولۋاس بىزنى داۋاملىق مېڭىڭلار، دەيدۇ، — دېدى. ئەمەلىيەتتە يەندۇندىكى تېلېفونچى شېڭ شىسەينىڭ ئادىمى بولۇپ، قەستەن تېلېفوندىن چاتاق چىقىرىپ، تۇەنجاڭنى يولۋاس بىلەن سۆزلەشكىلى قويمىغانىكەن. ۋاڭ كېجاڭ سۆزلەشكەندە يولۋاسنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئەمما تۇەنجاڭغا يولۋاسنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئەكسىنى يەتكۈزگەنىكەن. ئەمەلىيەتتە يولۋاس تېلېفوندا:

— كەينىڭلارغە قايتىڭلار، قومۇلنىڭ ئىشى تۈگىدى، بىز قومۇلدىن تاغقا قاراپ قاچتۇق، سىلەرمۇ ئۆزۈڭلەرنى چەتكە ئېلىڭلار، — دېگەنىكەن. ۋاڭ كېجاڭ تۇەنجاڭغا:

— يولۋاس سىلىنىڭ سىلەرنى شىڭشىڭسايدىكى ئادەملەرنىڭ

ئاز ـ كۆپلۈكىنى ئۆز كۆزۈڭلەر بىلەن كۆرۈپ كېلىڭلەر، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، ئەسكەرلەر كەينىڭلەردىن بارىدۇ، دېدى، ـــ دەپ يالغان سۆزلىسە تۈەنجاڭ بۇنىڭغا ئىشىنىپ قاپتۇ. ئىسمائىل ليەنجاڭنىڭ ماشىنىلىرى قىزىپ كەتكەچكە، بىز ئاۋۋال مېڭىپ تۇرىدىغان، ئۇلار كەينىمىزدىن بارىدىغان بولۇپ يەنە يولغا چىقتۇق. بىز ساچۈەنزىگە كەلگەندە، ئالتە ـ يەتتە كېيىك ماشىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇۋالدى. تۈەنجاڭ مېنى كېيىكلەرنى ئېتىشقا بۇيرۇدى، مېنىڭ ئۇلارنى ئېتىشقا رايىم بارماي ئوقنى مىلتىقتا قەستەن تەتۈر سالدىم. يېنىمدىكى خەنزۇ:

ـــ ئوقنى قورالغا تەتۈر سېلىۋاتىسەنغۇ، ـــ دەپ مىلتىقنى قولۇمدىن ئېلىپ، ئوقنى چىقىرىپ ئوڭ سېلىپ قولۇمغا بەردى. ئاڭغىچە كېيىكلەرمۇ يولنى بوشىتىپ كېتىشتى. بىز داۋاملىق ئىلگىرىلەپ چۈشكە يېقىن شىڭشىڭسايغا كەلدۇق، ئەتراپىمغا قارىسام تاغ بېشىدا قارا قاغىدەك نۇرغۇن ئەسكەر بار ئىكەن، بىز بىر ئويمانلىقتا بېرىپتىمىز، ئۈستىمىزدىن ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتكىلى تۇردى، ئەسكەرلەر بىزنى قورشاپ ئەسىرگە ئالدى. بىر نەچچە ئەسكەر كېلىپ تۆمۈر نەياز تۈەنجاڭنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ يان قورالىنى ئېلىۋالدى. ئەسكەرلەر بىزنىمۇ قوراللارنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇدى. تۈەنجاڭ:

ـــ بېرىڭلەر، بىز قومۇلغا چىققاندا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ـــ دېدى.

يولۋاس بىزدىن ئەنسىرەپ، كەينىمىزدىن ماشىنىلىق ئادەم ئەۋەتىپتۇ، ئۇلار ئىسمائىل ليەنجاڭلارغا يېتىشىۋېلىپ بىزنى سوراپتۇ ۋە شىڭشىڭسايغا بېرىپ بولغانلىقىمىزنى پەرەز قىلىپ، ئىسمائىل ليەنجاڭلارنى كەينىگە قايتۇرۇپ كېتىپتۇ.

بىزنى ئەسىرگە ئالغان بۇ قوشۇن جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى قىزىل 4 ـ ئارمىيىگە قاراشلىق 30 ـ جۇن 88 ـ شى 268 ـ تۈەن بولۇپ، مۇھاپىزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەچكە، جەڭگە قاتناشماي غەربىي يونىلىش ئارمىيىسى بو-

يىچە ساقلىنىپ قالغان بىردىن بىر تۈەن ئىكەن.
ئۇلار بىزنى بىر ئۆيگە قاماپ قويدى. بىزنى بىردەم ـ بىردەم ھاجەت قىستايدۇ، بىراق ھاجەتكە چىقساق ھېچنېمە يوق، ئادەم قورقۇپ كەتسە شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، يەنە ھاجەتكە چىقىشنى تەلەپ قىلساق، ئەسكەرلەر رۇخسەت قىلمىدى. مەن مۆگدەپ قاپتىمەن، ئويغىنىپ قارىسام ئۆيدە تۈەنجاڭ ئىككىمىزلا قاپتۇق. لى شىزەي يوق تۇرىدۇ. مەن قوپۇپ ئۆينىڭ كىچىك دېرىزىسىدىن تالاغا قارىسام، بىر نەچچە ئەسكەر لى شىزەينى ھەيدەپ تاغ ئارىسىغا ئېلىپ كېتىۋېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن «پاڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئەسكەرلەر لى شىزەينى ئېتىۋەتكەنىدى. مەن يەنە مۆگدەپ قاپتىمەن، ئويغانسام يېنىمدا تۈەنجاڭ يوق، ئۆزۈم يالغۇز قاپتىمەن، ببرىپ دېرىزىدىن قارىسام يەتتە ـ سەككىز ئەسكەر تۆمۈر نىياز تۈەنجاڭنى ھەيدەپ ئېلىپ مېڭىپتۇ، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى، ساناپ تۇرسام تۈەنجاڭغا يەتتە پاي ئوق ئاتتى. مەن «بۈگۈن بېشىمغا ئۆلۈم كەپتۇ، مەن ئۆلۈپ كەتسەمغۇ كارى چاغلىق، ئەمما ئاپامغا يامان بولىدىغان بولدى...»، دېگەنلەرنى كاللامدىن ئۆتكۈزدۇم. بىر ئازدىن كېيىن ئەسكەرلەر كىرىپ مېنى ئىتتىرىپ تالاغا ئېلىپ چىقتى. شىڭشىڭسايدا بىر ساقچىخانا بار بولۇپ، 10 دەك ساقچى بارئىكەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسمائىل ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر (ئاقسۆلۈق) بار ئىكەن، ئۇ مۇشۇ ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ئىكەن. مەن ئىسمائىلغا:
— مېنىڭ دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار، — دېدىم. ئىسمائىل گېپىمنى ئەسكەر باشلىقىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئەسكەر باشلىقى ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق قىلىپ قولۇمنى يەشكۈزۈۋەتتى. مەن ھەربىي كىيىمنىڭ تۈگمىسىنى يەشمەستىنلا تارتىپ تۈگمىلىرىنى ئۈزۈپ سېلىپ تاشلىدىم، ئاندىن ئۇلارغا قاراپ:
— مەن ھەربىي ئەمەس، پۇقرا، ئىچ كىيىمىمگە قاراڭلار! —

دېدىم. ئۇچامدا كۆك شەيتان تېرىسىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك بار بولۇپ، ئۇنى ئاپام تويۇمدا تىكىپ بەرگەنىدى. مېنىڭ توي قىلغىنىمغا ئەمدىلا ئىككى ئاي بولغانىدى. ئۇلار گېپىمگە ئىـ-شەنگەندەك قىلدى، — مەن تېرىقچىلىق قىلىۋاتقانىدىم، ئۇلار كېلىپ بىزنى باشلاپ يولغا چىقىرىپ قويدى، دەپ مېنى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، — دەپ ھەربىي ئىشتانىنىمۇ سېلىۋەتتىم. بۇ ۋاقىتتا بىز بىلەن بىللە شىڭشىڭسايغا بارغان خەنزۇلاردىن بىرى:

— بۇ بالا راستىنلا ئەسكەر ئەمەسكەن، ئۇ يولدا كەلگۈچە مىلتىقتا ئوقنى تەتۈر سېلىۋاتىدۇ، ئەقەللىسى مىلتىق تۇتۇش-نىمۇ بىلمەيدىكەن، — دەپ گۇۋاھلىق بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي باشلىق مېنىڭ يۇقىرىلىقىمغا تولۇق ئىشەندى ۋە مېنى باشقا ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئالدىمغا هورنان ۋە چاي قويدى. مەن بەك قورقۇپ كەتكەچكە موما گېلىمدىن زادىلا ئۆتمىدى. موما ئەكەلگەن خەنزۇ ماڭا تەسەللى بەردى ۋە ئۆزىنىڭمۇ قومۇللۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ماڭا زەخىم يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى چۈ-شەندۈرگەن بولسىمۇ، بىراق گېلىمدىن يەنىلا تاماق ئۆتمىدى. كېيىن ئۇلار مېنى ئاشپەزگە ياردەملىشىدىغان ئاشخانىغا ئەكى-رىپ قويدى. ئاشپەز چوڭ ياشلىق بىر خەنزۇ ئىكەن، ئۇ تۆمۈر نىياز تۇەنجاڭنىڭ خۇرجۇننى ئېلىپ كېلىپ ماڭا بەردى، مەن ئالغىلى ئۇنىمىسام، ئۇ خۇرجۇننى يەنە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئاشپەزگە ياردەملىشىپ ئوت قالاپ، سۇ توشۇدۇم. ئىككى كۈندىن كېيىن ھاشىم ھاجى كەلدى، ئۇ يولۇۋاسنى قوغلاش داۋامىدا چېرىكلىرىدىن ئايرىلىپ مەغلۇپ بولۇپ، ساقىغا كې-لىپ، ساقلىق شەرۋل ئاكىنى يول باشلىتىپ شىڭشىڭسايغا كەلگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە شەرۋل ئاكا ماڭا ھەمراھ بولدى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، ئاسماندا ئايروپىلانلار پەيدا بولۇپ، ھاۋادىن ئوق قاچىلانغان ساندۇقلارنى تاشلىدى، ھەممى-مىز يەرگە چۈشكەن ساندۇقلاردىكى ئوقلارنىڭ ساقلىرى بىلەن

بۇزۇلغانلىرىنى ئايرىپ چىقتۇق. ئەتىسى يەنە ئايروپىلانلار كې-لىپ تاغاردا نان تاشلىدى، ھەممىسى ئۇرۇمچىدە يېقىلغان نانلار ئىدى. ئەتىسى ئايروپىلانلار يەنە كېلىپ يەرگە قوندى، بۇ قې-تىم مىلتىق ۋە ھەربىي كىيىم ئېلىپ كەلگەنىدى. 5 ~ 6 - كۈنلىرى ئەسكەرلەر كېلىشكە باشلىدى، بۇلار شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بولۇپ، قومۇلدا يولۋاسنى قوغلاپ تۇتالماي، بۇ يەرگە كەلگەنىكەن. شۇ كۈنى چۈشتە بارلىق ئەسكەرلەر ماشىنا بىلەن قومۇلغا قاراپ يولغا چىقتى، بىزنىمۇ مەخسۇس بىر ما-شىنىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. ھاشىم ھاجىمۇ بىز بىلەن ماڭ-دى. بىز يول بويى بىرەر ئادەمنىمۇ ئۇچراتمىدۇق. مەن كۆڭ-لۈمدە «شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى قومۇلنىڭ يۇقىرىلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋەتكەنمىدۇ؟» دەپ ئويلىدىم. بىز قىزىل يول-غۇن مەھەللىسى (قومۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىغا قاراش-لىق، پۈتۈنلەي خەنزۇلار ئولتۇرۇشلۇق كەنت) دىن ئۆتۈپ كې-تىۋېتىپ، بىر تامنىڭ يوچۇقىدىن ئىككى تونۇش ئادەمنى كۆ-رۈپ قالدىم، ئۇلارنىڭ بىرى مەن بىلەن ئەسكەر بولغان يۇقىرى مەھەللىلىك سالى ئاخۇن، يەنە بىرى غوجابدۇل قارى ئىدى. بىز نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن غوجامبۇلاق (ھازىرقى پالۋانتۇر يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ ئورنى) قا كەلگەندە ما-شىنىلار توختاپ ئەسكەرلەر يەرگە چۈشۈپ، مىلتىقلىرىنى ئوقلاپ مۇداپىئەگە تەييارلاندى. بىزنى ماشىنىدىن چۈشكىلى قويمىدى. بىر ماشىنا شەھەردىن چىقىپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىدۇ، كېيىن يەنە شەھەرگە كىرىپ كېتىدۇ، بۇ ماشىنا يەنە چىقىدۇ، يەنە كىرىپ كېتىدۇ. بىلسەك بۇ ماشىنىدىكىلەر سو-ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خادىملىرى ئىكەن. بىز يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە بازارغا كىرسەك، ئەسكەرلەر رەت - رەت تۇرۇپ كې-تىپتۇ. ئەسكەرلەر پارول سورايدۇ، جاۋاب بېرەلىسە ئۆتكۈزى-دۇ، بولمىسا تۇتۇۋالىدۇ. ئارىمىزدا بىر تۆگىچان بار ئىدى، ئۇ چاقىرتىلىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى، كېيىن ئاڭلىسام ئۇنى

ئۆلتۇرۇۋېتىپتۇ. بىز ناھىيىلىك يامۇلدا بىر نەچچە كۈن تۇر-دۇق. ئۇ يەردىن بىزنى ئېگەر قويىدىغان ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى. ئەتىسى تالاغا ھاجەتكە چىقسام ئىلگىرى يولۋاسقا ئەسكەر بولغان باللاردىن ئىككىسى ئۇچراپ قالدى. مەن ئۇلاردىن:

— سىلەر بۇ يەردە ئىكەنسىلەرغۇ؟ — دەپ سورىسام، ئۇلار:

— بىز خوتۇنتامدا ئىدۇق، يولۋاس ئىچكىرىگە كېتىپ بىز قالدۇق، شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىزنى «ئاتلارنى قومۇلغا ئەكىلىشىپ بېرىڭلەر» دەپ مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، — دېدى. بىر ھەپتە ئۆتۈپ بىر كۈنى ئات ئېغىلىدا بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئېشىكىگە ئوت - سامان بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، قارىسام بۇ كىشى قومۇل لەڭگەرلىك رەمزە ئاتىغا ئىكەن. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماي تۇرۇپ (قاراشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى):

— رەمزە ئاكا، مېنى تونۇدىلامۇ؟ مەن ئىساق ئاخۇن، ئاپامغا خەۋەر قىلىپ قويغان بولسىلا، مەن ھازىر قومۇلغا چىقىپ قالدىم، — دېدىم. ئۇ ئەتىسى دۆربەجىنگە چىقىپ ئاپامغا، شەھەرگە كىرىپ 2 - ئاكامغا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. ئاكام خۇش بولۇپ كېتىپ مەن تۇرغان قورۇغا كەپتۇ. دەرۋازىدىكى پوسمۇ ئاكامنى كۆرمىگەن ئوخشايدۇ، ئاكام مېنى كۆرۈپ:

— ئۇكام، جېنىم ئۇكام، بارمۇ سەن؟ ھايات ئىكەنسەن، — دەپ مېنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى، مەنمۇ يىغلىدىم. ھويلىدىكى باشلىقلاردىن بىرى:

— بۇ يەر پۇقرالار قالايمىقان كىرىدىغان يەر ئەمەس، بۇندىن كېيىن دىققەت قىلىڭلار، — دېدى. بۇ يەردە قارىمۇقچىنىڭ دورغىسى سېيىت رېھىمنىياز بار ئىدى. ئۇ كىشى باشلىققا:

— بۇ ئادەم بىلمەي كىرىپ كېتىپتۇ، ئەمدى دىققەت قىلسۇن، — دېدى. ئۇلار قولىمىزغا خەت يېزىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاكام ئىككىمىز ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. تۆمۈر نىياز تۇۋەن-

جاڭنىڭ ئۆيىدىكىلەر مېنىڭ كەلگىنىمدىن خەۋەر تېپىپ، بىر كۈنى چوڭ ئوغلى ئاقموللام مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ:

— ئۆزلىرى دادام بىلەن بىللە كەتكەن، هازىر دادام قەيەردە؟ ئۈرۈمچىدىن بىر خەنزۇ كەپتىكەن، ئۇ دادامنى ئۈرۈمچىدە كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى، مەن ئۇنىڭغا بەش كۇرە بۇغداي بەردىم، — دېدى. مەن قورقۇپ راست گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدىم. چۈنكى مېنى قويۇپ بەرگەن چاغدا «كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىڭنى بىر كىمگە تىنمايسەن»، دەپ تاپىلىغانىدى. موللاخۇن ئاكام (مۇختەر ئاخۇنۇم) ئۇنىڭغا:

— سىلەر ئىساق ئاخۇندىن ئىنچىكىلەپ گەپ سورىماڭلار، چۈنكى ئىساق ئاخۇن هۆكۈمەت ئىشى بىلەن باردى، — دېدى. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئاقموللامغا:

— داداڭلارنى شىڭشىسەيدا ئېتىۋەتتى، — دەپ راست گەپنى قىلدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ياشلارنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتىدىغان ئىشلار قايتا يۈز بەرمىدى.

بۇ ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى هاجى ئىساق مىرى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 85 يېشىدا غولجىرىقتا ۋاپات بولدى.

1997 - يىلى 10 - ئايدىكى ئۇنىڭ ئالغۇ لېنتىسىغا ئاساسەن رەتلىگۈچى: ئابلىمىت ئابدۇللا

# تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا

## مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

1935 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەر خەلقىگە غەيرىي بىر خەۋەر يېتىپ كەلدى، ئۇ بولسىمۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى ئىدى، بۇيرۇقتا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «بۇرۇن قەشقەردە ئاپاق خوجىنىڭ خېلى كۆپ يەر ـ زېمىنلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر يىللىق ھوسۇللىرىدىن ئەۋلادلىرى بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن، لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە شىئەندە ياشاپ كەلگەن بىر قىسىم ئەۋلادلىرى شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە يول توسۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن 20 نەچچە يىللىق ئاشلىقتىن بەھرىمەن بولالمىغان، ئۇلار ھازىر تېگىشلىك ھەققىنى تەلەپ قىلىپ مەھكىمىمىزگە ئەرز قىلدى. تەپتىش قىلىشىمىزچە ئافاق خوجىنىڭ زېمىنلىرى قەشقەردە بولۇپ، يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەسەررۇپ قىلىپ كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەردىكى ئۇيۇشما مەزكۇر كىشىلەرنىڭ ئالالمىغان ھەقلىرىنى بېرىشى لازىم...» بۇيرۇققا ئۆلكە رەئىسى لى يۇڭ تەستىق سالغانىدى.

بۇ «بۇيرۇق» قەشقەر جەمئىيىتىدە زور غۇلغۇلا پەيدا قىلدى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئالىدىغىنى ھەر بىرىنىڭ يىلىغا نەچچە 10 چارەك ئاش بولۇپ، 10 نەچچە كىشىنىڭ 20 نەچچە يىلغا ئالىدىغىنى بىر قانچە مىڭ چارەك ئاشلىقتىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ ئاشلىقلارنى ھازىر بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى، بۇنچە كۆپ ئاشلىق ئۇيۇشمىنىڭ ئامبىرىدا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. يىللاردىن بېرى ئاپاق خوجىنىڭ نامىدىدىكى ۋەقپە زېمىنلار ھەركىم، ھەر كىملەرنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، چىققان ھو-

سۇلنى ئەنە شۇلار ئىشلىتىپ كەلگەن، ھازىر ئۇلارنىڭ كۆپىند-
چىسى يوق، بار بولغاندىمۇ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئىشلىتىپ كەت-
كەن، كىشىلەر يەپ - ئىچىپ تۈگەتكەن مۇنچىۋالا كۆپ ئاش-
لىقنى ئۇيۇشمىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
ئۇ ۋەقپە زېمىننى يېقىندىن بېرى ئۇيۇشما ئىگىلىگەن بولسى-
مۇ، ئۇيۇشما تەمىنلەپ كېلىۋاتقان مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا،
دارىلئاجىز، دارىلئىتام، قېرى - چۆرى، مېيىپ، يېتىملارنىڭ
خىراجەتلىرى ئەنە شۇ يەرلەرنىڭ كىرىمىدىن بېرىلىپ كېلىۋا-
تاتتى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ يېتىم - يېسىرلارغا ئەنە شۇ كى-
رىمدىن تەمىنلەشكە توغرا كېلەتتى. مانا شۇ سەۋەبتىن قەشقەر
جەمئىيىتى بۇ ھەق تەلەپ دەۋاسىنى رەت قىلدى.

بۇ رەت قىلىش ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ
كەلدى، — «قايتۇرۇش كېرەك» — دېگەن بېسىم كۈچەيگەنى-
دى. «ئۇيغۇر ئېلىدە زادى ئاپاق خوجىنىڭ نىمىسى بار ئىدى؟!»
دېگەن سوئال قەشقەر خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسى ئىدى.

ئاپاق خوجىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋاسى رەت قىلىنغاندىن كې-
يىن بۇ ھەقتە قەشقەردە چىقىدىغان «يېڭى ھايات» گېزىتى ئا-
پاق خوجىنىڭ تەرجىمىھالى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە كۆرسەتكەن
«خىزمەتلىرى»، كەلتۈرۈپ بەرگەن قىرغىنچىلىقلىرى، خەلقنى
ئۇزۇن يىللاپ نادانلىقتا، خۇراپاتلىقتا باشلىغان بىر «زات» ئى-
كەنلىكىنى ئاممىغا كەڭ تۈردە تونۇشتۇردى.

زېمىن مەسىلىسىدە: ئاپاق خوجىنىڭ زېمىنى ئەينى زاماندا
زالىم ھۆكۈمەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەلققە ئالۋان - يا-
ساق سېلىپ توپلىغان زېمىن ئىكەنلىكىنى، ھەر خىل ئالۋان -
ياساققا چىدىمىغان خەلق يەرلىرىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى،
ھەتتا بەزىلىرى ئاپاق خوجىغا يەرلىرىنى سېلىق ھېسابىغا بى-
كارغا بېرىش بىلەن ئالۋاندىن قۇتۇلغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن
نۇرغۇن يەرلەر ئاپاق خوجىغا مەنسۇپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئا-
پاق خوجىنىڭ مال - مۈلكى جۇملىدىن يەر - زېمىنلىرى

خەلقتىن تارتىۋېلىش بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ زېمىندا مىراسى يوقلۇقىنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇردى، بۇنى چۈشەنگەن خەلق: يەر ـ يەرلىكنىڭ، نېمە ھەققى بار ياقا يۇرتلۇقنىڭ، دېگەن «پەتىۋا» نى چىقىرىپ ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادىغا ھېچنېمە بەرمەيمىز، دېيىشتى.

بۇ ئىش ئاپاق خوجا تەرەپدارلىرى بولغان بىر تۈركۈم ھوقۇقدارلارنىڭ ئوغىسىنى قايناتماي تۇرالمىدى. قەشقەردىكى ئاپاق خوجىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەيدىغان شۇم ئېغىزلار «غوجامنىڭ زېمىنىنى قايتۇرۇش كېرەك، ئەۋلادلىرىغا ھەققىنى تۆلەپ بېرىش كېرەك» دەپ جار سېلىپ، مەخپىي ھالدا ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە ئەرز سۇنۇپ قەشقەردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى تاقىۋېتىشنى ياكى ئۇنىڭ ھېساباتىنى تەكشۈرۈشنى، ئۈرۈمچىنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىشىپ، ھەق ـ تەلەپ دەۋاسىنى ئاشكارا قوللىدى.

قەشقەردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بۇ مىراس ئىپتىراپ قىلىنغاندا، ئۇيۇشما تەمىنلەيدىغان يېتىم ـ يېسىرلەر ئىگە ـ چاقىسىز قالىدىغانلىقى توغرۇلۇق قايتا ـ قايتا ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، مىراسخورلارنى يۆلەشنى ئاساس قىلغان ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ئۇيۇشمىنىڭ مالىيىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرىمىز ھەتتا ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئالىمىز، دەپ بېسىم قىلغان بولسىمۇ بۇ دەۋا بىر يىلغىچە سۆرۈلۈپ كەتتى.

ئاخىرى ئۈرۈمچى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى مەنسۇر ئەپەندى (ۋەتەن ئوغلى) باشچىلىقىدىكى ھېساب تەكشۈرۈش كومىسسىيىسى قەشقەرگە ئەۋەتىلدى. لېكىن ئۇلار قارشىلىققا ئۇچرىدى، زورلۇق كۈچ قوللىنىش خەۋپى تۇغۇلغاندا، بىر نەچچە قېتىم ئېچىلغان مەجلىسلەردە قەشقەرنىڭ قازىسى، ئۆلىما ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈۋالغانلىقى ھەممىنىڭ غەزىپىنى قوزغىغانىدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن تەكشۈرۈش كو-

مىسسىيىسى تەرىپىدىن تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغانلىقتىن، ئەمدى قەشقەر خەلقى ئالدىدا بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش كېرەكمۇ قانداق؟ — دېگەن سوئال تۇغۇلدى. خەلقنىڭ قان - تەرىگە كەلگەن بۇ مەبـ لەغلەرنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ھېچكىم خالىمايتتى. بۇ ھەقتە ھەيئەت تەشكىل قىلىندى، بىرقانچە قېتىملاپ يىغىنلار ئېچىلدى، كومىسسىيىگە ئەھۋال چۈشەندۈرۈلگەن بولسىمۇ لېـ كىن ئۇلار ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋەردى، سۈركۈلۈش كۈچەيدى، تالاش - تارتىشلار كۆپەيدى، ئاخىر ئىش خەتەرلىك باسقۇچقا كېلىپ قالدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن گارنىزون قوماندانى، ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكىرىي 6 - دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى مەھمۇت مۇھىـ تى بىر ئۇيغۇرلۇق سالاھىيىتى بىلەن يىغىنغا قاتنىشىپ خەلق تەرەپتە تۇرۇپ پىكىر قىلىش قارارىغا كەلدى.

— ئەپەندىلەر، — دېدى، ئۇ قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، — سىز- لەر ئۆيۈشمىمىزدىن راستىنىلا ھېساب ئالامسىلەر؟ ئۆيۈشمىـ مىز مالىيىسىدىكى توپلانغان مەبلەغ پۈتۈنلەي خەلقنىڭ كىشىـ لەر تەرىپىدىن بېرىلگەن ئۆشرە - زاكات، ئىئانە، مازار ۋەقپە كىرىمى قاتارلىقلاردىن كەلگەن. ئۆيۈشمىمىز بۇ كىرىم بىلەن نەچچە يۈزلىگەن قېرى، مېيىپ، ئىگە - چاقىسىز كىشىلەرنى ئاساس قىلغان دارىلئاجىزنى، نەچچە يۈزلىگەن يېتىمنى ئاساس قىلغان دارىلئېتاملارنى باقىدۇ، ئۇلارنى ئوقۇتىدۇ، تەربىيىلەيـ دۇ، شەھەر ئەتراپىدىكى يۈزلىگەن مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار بۇ كىرىملەر بىلەن تەمىنلىنىدۇ، بۇ ھەقتە نەچچە قېتىملاپ چۈشەنچە بەرسەك قۇلاق سالمىدىڭلار، سىلەرنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئۈمىدى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئۈمىدى بولغان ياش غۇنچىلارغا، ئاجىزلارغا سەرپ قىلىدىغان بۇ مەبلەغنى ئاشۇ مىراسخورلارغا ئەپ بېرىدـ شىڭلارغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن!»

ئۇ يىغىندا سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇۋالغان قازى رەئىس،

كاتتا ئۆلىما ئابدۇغوپۇر داموللىغا نەپرەت كۆزى بىلەن تىكىلدى ـ دە، پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى: ــ سىلەر يەنە ھېساب ئالامـ سىلەر، ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار ھېسابنى مانا مۇشۇ بېرىدۇ!!...

مەھمۇت مۇھىتى بەتلەنگەن تاپانچىنى غەزەپ بىلەن شىرە ئۈستىگە تاشلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ ئۆز ئىرادىسىدىن ۋاز كېچىپ مەجلىس زالىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان «ھېساباتچىلارغا» مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

مەھمۇت شىجاڭنىڭ بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلاـ شىشى ۋە خەلق تەرەپتە تۇرۇپ ھەققانىيەتنى ياقلىشى، كەڭ خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقى، ئۇرۇش ۋە مالىمانچىلىق تۇپەيلىـ دىن ئۇيغۇر ئۇيۇشما مالىيىسىدە ۋەقپىنى تۆلىگىدەك ئىقتىساد بولمىغانلىقتىن تەپتىش كومىسسىيىسى ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەتتى. كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا بۇ دەۋامۇ بېسىلىپ قالدى.

# قومۇلدا باندىت تازىلاش

## توختى ئىبراھىم

## I

1949 ـ يىلى 11 ـ ئايدا 5 ـ كورپۇسنىڭ (سابىق مىللىي ئارمىيە) 14 ـ دىۋىزىيە 40 ـ پولكى ئۈرۈمچىگە كىردى. شۇ چاغدا پولك كوماندىرى يۇسۇپوف، مۇئاۋىنى گىمادىيوف مالىك، كومىسسارى دۇڭ xx، سىياسىي باشقارما باشلىقى لى قاملىلىك كىشى ئىدى. پولك ئۈچ باتالىيوندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئادەم سانى 1000 دىن ئاشاتتى، بۇلار ئۈرۈمچىگە كىرىپ بۇرھان شەھىدىنىڭ قورۇسىغا ئورۇنلاشتى.

قوشۇن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر تەركىبى سۈپىتىدە مۇداپىئە خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

قومۇلنىڭ شۇ چاغدىكى ۋەزىيىتىگە ئاساسەن 3 ـ باتالىيون قومۇلغا باردى. باتالىيون كوماندىرى كاپىتان ئىبلاخۇن، شتاب باشلىقى ساقان ھاجىيېۋ، مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى ئەكبەروف ئىدى. باتالىيوندا ئىككى روتا بار ئىدى، 1 ـ روتا كوماندىرى كاپىتان مومۇزا، 2 ـ روتا كوماندىرى تۇردىيېۋ ئىدى. 1 ـ روتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پاروچىك ئىدرىس، سىياسىي رەھبەر ياسىنجانلار باشچىلىقىدا 300 دەك كىشى بۇيرۇق بويىچە ئايروپىلان بىلەن قومۇلغا باردى. بۇلارنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 6 ـ دىۋىزىيىسى قارشى ئالدى.

شۇ چاغدا قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى يولۋاس بولۇپ، ئۇ گومىنداڭنىڭ قومۇلدا قالدۇرغان ئىشەنچلىك ئادىمى ئىدى.

هامۇتخان دېگەن كىشى قومۇلنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىپ قوشۇن بىلەن بىللە قومۇلغا باردى. بۇ كىشىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، ھەربىي رايون بەلگىلىگەن بولغاچقا، قوشۇندىكىلەر ھەممە ئىشنى ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلاتتى. بۇ ئادەم ئەسلىدە بۇرھاننىڭ مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى بولغانىدى. ئىچكى ئىشلارنى 6 ـ دىۋىزىيە رەھبەرلىرى باشقۇراتتى، باتالىيونغا 6 ـ دىۋىزىيىدىن بىر كىشى مەسلىھەتچى بولدى. بۇ چاغدا باتالىيوندا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇش ئۈچۈن 7 ئادەمنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پارتىيە ياچېيكىسى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ ئىسمائىلوف، ئىبلاخۇن، مومۇزا، ئىدرىس، خې چۆلىن قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن تۇنجى ياچېيكا ئىدى.

II

شۇ چاغدا قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋەزىيىتى جىددىي ئىدى. 6 ـ دىۋىزىيە رەھبەرلىرى ئەھۋالنى داۋاملىق باتالىيون رەھبەرلىرىگە ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى. 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يولۋاس تاغدا توي ئىشمىز بار دەپ ئىككى ماشىنىغا بالا ـ چاقىلىرىنى بېسىپ، 100 نەچچە ئەگەشكۈچىسى بىلەن تاغقا چىقىپ كەتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن «يولۋاس باركۆلدىكى گومىنداڭنىڭ بىر قالدۇق باتالىيونىنى قوزغاپ، ئوسمان بىلەن بىرلىشىپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. 6 ـ دىۋىزىيە رەھبەرلىرى 3 ـ باتالىيونغا كېلىپ، يولۋاسنىڭ ئوسمان بىلەن قوشۇلۇپ باندىتلىق ھەرىكىتىگە كىرىشكەنلىكىنى ئۇقتۇردى ۋە 3 ـ باتالىيوننى باركۆلگە بېرىشقا بۇيرۇدى. باتالىيون بىر كېچىدىلا قوزغىلىپ ئاپتوموبىل بىلەن باركۆلگە يېتىپ بېرىپ، باركۆلدە ئىككى كۈن تۇرۇپ ئۆزلىرىگە ئوزۇق تەييارلىدى ۋە ئاتلىق ئىسكادىرون بولدى. مۇشۇ چاغدا 6 ـ دىۋىزىيىگە پولك كوماندىرى رېن شىتەن رەھبەرلىك قىلاتتى. بىز شۇ ئادەمنىڭ رەھبەرلىكىدە باندىت قوغلاش ئۈچۈن شوخۇڭ لوشا

دېگەن يەرگە يېتىپ باردۇق. بىز تەرەپتىن ئاساسلىق كوماندىرلار ئىسمائىلوف، ئىمىنوف ئېلاخۇن، ئىدرىس، تۇردىيېفلار ئىدى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئوسماننىڭ قۇيرۇقچۇقلىرى بىلەن جەڭ قىلدۇق. ئالدىدا ئۇرۇمچىدىن كەلگەن 40 ـ پولك ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ قايتىپ كەتكەنىكەن.

رېن شىتەن بىزگە باندىتلارنىڭ داخۇڭ لۇشا دېگەن يەرگە ئورۇنلىشىۋالغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئالدى بىلەن ئىدرىس باشچىلىقىدا بىر ئىمزۋوت ئەسكەر باندىتلارنى چارلاشقا داخۇڭ لۇشاغا ماڭغۇزۇلدى. بىز بۇ يەردە دەم ئېلىپ تۇردۇق. ئۇلار قىدىمن، ئاچا يوللارنى بېسىپ ئۇ يەرگە يېتىپ باردى. بۇ كەڭ ساي بولۇپ، ئىككى تەرىپى مۇنبەت يايلاق ئىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇلار باندىتلارنىڭ رازۋېتكىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇ. بۇ چاغ نامازشام ۋاقتى ئىدى. ئۇلار يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالمايدۇ. دۇشمەن كۆپ، ئۇلار ئاز، دۇشمەن تاغ ئۈستىدە، ئۇلار پەستە ئىدى. قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئەھۋال يار بەرمەيتتى، ئارقا سەپكىمۇ خەۋەر بەرگىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار سايدىكى بىر دۆڭگە ئورۇنلىشىۋالىدۇ. كەچ كىرگەندە ئارقىغا چېكىنىپ، ئاچال ئاغزىغا بېرىپ، كەلگەن يولدىكى تاغنى مۇداپىئە قىلىپ يېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار پىلان بويىچە شۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ، ئىككى ئالاقىچىنى بىز تەرەپكە ماڭغۇزىدۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن 3 ـ باتالىيون، ئازادلىق ئارمىيىدىن بولۇپ بىر پولكقا يېقىن ئادەم چارلىغۇچىلىرىمىز تۇرغان يەرگە يېتىپ كەلدۇق. ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، شىۋىرغان ئىچىدە قالدۇق. تېمپېراتۇرا ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئات ـ قېچىرلارمۇ چىدىيالمىدى. قوشۇنىمىز كۈندۈزى تاغ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ، جەڭچىلەر چارچىغان ئىدى. رېن شىتەن بىر يول باشلىغۇچى بىلەن بىللە ئوتتۇن بار ئورۇنغا يېتىپ باردى. چېدىر تىكىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئوت قالاشقىمۇ تەس ئىدى. بىز قايناق سۇ قاينىتىپ ئىچىپ، تاغ ئارىسىدا مۆكۈنۈپ ياتتۇق.

جەڭچىلەر بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ يېتىپ بىر ـ بىرىد- نى ئىسسىتاتتى. قار توختىماي يېغىپ جەڭچىلەرنى كۆمۈپ تۇراتتى. تاڭ يورۇشى بىلەن قار ـ شىۋىرغان توختاپ هاۋا ئې- چىلدى. سىگنال چېلىنىشى بىلەن جەڭچىلەر خۇددى داكا رەختنى بۆسۈپ چىققان بىگىزدەك قارنىڭ تېگىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، سەپكە تىزىلدى، بىرقانچە ئات ـ قېچىر توڭلاپ ئۆلۈپ قالغان، بىرقانچە جەڭچىنىڭ پۇت ـ قوللىرى ئۈششۈپ قالغان ئىدى.

يولۋاس تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە، بىز تەسكەي تەرىپىدە ئىدۇق. باتالىيون كوماندىرى ئىسمائىلوف تاغ تۆپىسىدە دۇربۇن بىلەن قارىشىغا بىر پاي ئوق كېلىپ دۇربۇننى يەرگە ئۇچۇرد- ۋەتتى. كوماندىرلار دەرهال قىسىملارغا ۋەزىپە تاپشۇردى. 1 ـ لىيەنگە تاغ چوققىسىنى ئىگىلەش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. دې- مەك، دۈشمەنگە تاغ چوققىسىنى بەرمەسلىك كېرەك ئىدى، چۈنكى بۇ چوققا ئىستراتېگىيىلىك ئەهمىيەتكە ئىگە چوققا ئىدى. بۇ چوققىنى ئىگىلەش ئۈچۈن هەر ئىككى تەرەپ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. دۈشمەن ئوق ياغدۇرۇپ، چوققىنى ئىگىلەش هەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى. شۇ چاغدا ئىدرىسنىڭ ئېتى ئوق تېگىپ يىقىلدى. دېمەك، ئالدىدا ماڭغان قوشۇن بەلگىلەن- گەن جايغا ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇلار دۈشمەنگە ئوق ياغدۇرۇپ، دۈشمەننى توسۇپ تۇردى. قالغان قىسىملار بەلگىلەنگەن ئورۇن- غا يېتىپ بارغاندىن كېيىن باندىتلار قېچىشقا باشلىدى. 1 ـ لىيەنمۇ تاغدىن چۈشۈپ باشقا قىسىملار بىلەن بىرلىكتە قوغلاشقا كىرىشتى. بىز بىر ئاز قوغلىغاندىن كېيىن بۇيرۇق بويىچە قوغلاشنى توختىتىپ، قېپقالغان غەنىيمەت ماللارنى تېرىشتۇرۇپ ئالدۇق. ئات يىقىلغاندا 2 كىلوگراملىق باكىلاش- كىغا ئوق تېگىپ، تۆشۈكتىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان هاراقنى ئىدرىس ئىچىۋالغان ئىدى. جەڭچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پۇ- تىدا خەي بولغانلىقتىن سوغۇقتا پۇتلىرى ئۈششۈپ قالغانىدى.

3 ـ باتالىيون ئۇلارنى ئاتقا مىنگۈزۈپ، مىيىپلەرنى كۆتۈرۈپ، تاغدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ، ماشىنا بىلەن باركۆل ناھىيىسىگە باردى.

III

باركۆلگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، رەھبەرلەر ئەھۋال ئىگىلىدى. بىرقانچە كۈن جىددىي تەييارلىق قىلغاندىن كې- يىن، گۇچۇڭدىن «ئوسمان باركۆل تەرەپكە كەتتى» دېگەن خە- ۋەر يېتىپ كەلدى. ئىدرىس يەنە ئوسمان كېلىدىغان يولنى چارلاشقا كەتتى. كېچىدە دۈشمەنلەر يېتىپ كەلدى. كېچە تۇ- مانلىق، ئادەمنى ئادەم كۆرگىلى بولمايتتى، لېكىن ئادەم ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىز «ئوسمان نەنسەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەت- تى» دەپ دەرھال خەۋەر بەردۇق. ئەسكەرلەر تاڭ سۈزۈلۈشى بى- لەن ئارقىسىدىن قوغلىدى. قوشۇن نەنسەن تېغىنىڭ ئاغزىغا كەلگىچە دۈشمەن تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. يولدا بىر قازاق ئايالنى ئۇچراتتۇق. ئۇ ئايال ئوسماننىڭ ئات سويۇپ، قەسەم بېرىپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار قازان ئېسىپ ئات گۆشىنى خاملا يەپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كەت- كەنىدى. قوشۇن ئۇلارنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ بىر كۈن ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇشتا بىر ئات ئۆلدى، بىر ئادەم قۇربان بولدى، چۈنكى دۈشمەن تاغ تۆپىسىگە چىقىۋالغانىدى. قوشۇن يۇقىرى- نىڭ بۇيرۇقى بويىچە قايتىپ باركۆلگە كەلدى.

قوشۇن باركۆلدە بىر كۈن دەم ئېلىپ، جىددىي تەييارلىق كۆردى. بۇ چاغدا ئوسمان، جانىمقان، يولۋاسلار قوراي تېغىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىرلىشىپ، پۇقرالاردىن ئەسكەر تۇتۇپ چوڭ بىر باندىتلار قوشۇنىنى قۇرغان ئىدى. بىزنىڭ قوشۇنىمىز بىر كېچىدىلا جىددىي يۈرۈش قىلىپ دۈشمەن بار جايغا يېتىپ بې- رىپ قاتتىق ئۇرۇشتۇق. دۈشمەن قېچىپ كەتتى، پۇقرالار قۇت- قۇزۇپ قېلىندى، جانىمقان شۇ مەيداندا تۇتۇلدى. پۇقرالار مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن قوشۇن باركۆلگە غە- لىبىلىك قايتىپ كەلدى.

IV

ئاراتوُروُك ناھىيىسىدە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بىر لىيەن ئەسكىرى بار ئىدى. بىز باركۆلگە كېلىپ بىرقانچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئاراتوُروُك ناھىيىسىدىكى خەلقنىڭ پۈتۈنلەي تاغقا قېچىپ كەتكەنلىكى، بۇ يەردىكى بىر لىيەن ئەسكەرنىڭ دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تاپشۇرۇۋال-دۇق. بىز پولك كوماندىرى رېن شىتەننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، تېزدىن قوزغىلىپ ھېلىقى لىيەنگە ياردەم بېرىشكە ماڭغۇزۇل-دۇق. قوشۇن كاپىتان ئىسمائىلوف، ئېلاخۇن باشچىلىقىدا يولغا چىقتى. بىز بىر سوتكا يول يۈردۇق، بىزنى يول ئۈستىدە بىر-نەچچە ئورۇندا يولۋاسنىڭ كۈيئوغلى توسۇغان بولسىمۇ ئۇلارغا زەربە بېرىپ، تېزلىك بىلەن ئاراتوُروُك ناھىيىسىدىكى قور-شاۋدا قالغان لىيەننىڭ قېشىغا باردۇق. ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بۇ لىيەنى ناھىيە ئەتراپىدىكى پوتەيلەرگە ئورۇنلاشقان ئىكەن. بىز بارغاندىن كېيىن ئۇلار «باندىتلار كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ جىد-دىي ھالەتتە تۇردى. بىز تەرەپتىن ئىككى، ئۇ تەرەپتىن ئىككى ۋەكىل ئاق بايراق كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇچراشقاندىن كېيىن، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، خۇشال بولۇشتى. ئۇلار ناھىيىگە كىرگەندە بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. قوشۇنىمىز ئاتقا يەم ـ خە-شەك ئىزدەپ كىرگەندە بىر ئۆيدىكى ئەۋرەزدە بىر كىچىك بالا يۇندىغا چېلىنىپ قولىنى پاتقاقتا تىقىپ دۈم ياتقان ئىكەن. بۇ-نى كۆرگەن جەڭچىلەر بالىنى دەرھال پاتقاقتىن ئېلىپ روتا كوماندىرى ئىدرىسنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. شۇ ھامان دوخ-تۇر ئەسمەتۇللانى چاقىرىپ تەكشۈرتكەندە بالىنىڭ يۈرىكى سوقۇۋاتقان ئىكەن. بالا ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ئۆ-لەر ھالەتكە كېلىپ قالغان ئىدى. بالىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغاندىن كېيىن بالا ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كەلدى. بۇ بالا ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن جەڭچىلەر كونا كىيىملىرىنى سۆكۈپ بالىغا كىيىم تىكىپ كىيگۈزدى. ئۇنىڭ بېشىدا كەيمە

تۇماق، ئۈچىسىدا كۇرەك جۇۋا بار ئىدى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا گەپ قىلىدىغان بولدى.

بىز بۇ ليەن بىلەن بىرلىشىپ ئۈچ ليەن بولۇپ، تاغقا قېچىپ كەتكەن خەلقنى تىنچلىق بىلەن سۆھبەت ئارقىلىق قايتۇرۇپ كېلىشنى پىلانلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ھامۇتخان ۋالىي، ئىسمائىلوف، ئىدرىسلاردىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى بايراق كۆتۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى (بەش ئادەم) بىلەن بىر تۇزلەڭلىكتە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. شۇ چاغدا ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالنى تولۇق چۈشەندى. خەلق قايتىپ كەل-گەندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلارنى ئۇقتۇردى. ئۇلار بىزنىڭ چۈشەندۈرۈشىمىزگە قايىل بولغاندەك قىلدى. ئۇلار بىز تەرەپكە ئۈچ كۈندىن كېيىن جاۋاب بېرىشنى ۋەدە بېرىپ قايتتى. بىز تەرەپمۇ ئۈچ كۈن كۈتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ ئارىدا ھېلىقى بالىنىڭ ھايات ئىكەنلىكى، ئاتا ـ ئانىسى بولسا تاپشۇرۇپ ئې-لىشى كېرەكلىكى ئېيتىلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى ناھىيىگە قاي-تىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى تاغقا چىقىپ كەتتى. ئۈچ كۈن كۈتكەندىن كېيىن ئۇلار ئەكسىچە يىراقتىن ئوق چىقىرىپ قارشىلىق بىلدۈرۈشكە ئۆتتى. تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قوشۇنىمىز ئىلاجسىز تاغقا چىقىپ ئۇلارغا قارشى ئوت ئاچ-تى. ئېتىشقاندىن كېيىن باندىتلار قېچىپ كەتتى. پۇقرالارغا تەشۋىقات ـ تەربىيە بېرىلىپ ناھىيىگە قايتۇرۇپ كېلىندى. بۇلار قايتىپ كەلمىگەن، قېچىپ يۈرگەن خەلققە خەۋەر بېرىپ، سىياسەتنى يەتكۈزگەندىن كېيىن تەرەپ ـ تەرەپتە تېنەپ يۈر-گەن خەلق قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارمۇ خاتىرجەم قى-لىندى.

شۇ ۋاقىتتا تاشۋىلىقتا يولۋاس باندىتلىرى بارلىقى ھەققى-دە يۇقىرىدىن خەۋەر كەلدى. ھېلىقى بالىنى خەلققە تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولغىنىمىزدا «بۇ بالىنىڭ ئىگىسى يوق، سىلەر ئال-غاچ كېتىڭلار» دەپ ئۇنىمىدى. ئاندىن يەنە 1 ـ ليەن بالىنى

ئېلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن قوشۇنىمىز دۈشمەننى قوغلاشقا يولغا چىقتى. بالىنى بىر تۆگىگە مىنگۈزۈپ، ئالاھىدە بىر جەڭچى ئەمەتجانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. باتالىيون بىلەن داۋانغا كەلگەندە بالا تۆگىنىڭ قورسىقىغا ساڭگىلاپ، سوغا پاتۇرۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ ھايات قالدى. بۇ چاغدا قوشۇن بىلەي داۋانغا چىققاندىن كېيىن باندىتلارنى قورشىۋال-دۇق. قوشۇنىمىز ئۇلار بىلەن ئىككى سائەت ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن باندىتلار قاچتى. ئەمما تۆگىگە بىرقانچە پاي ئوق تېگىپ ئۆلگەن بولسىمۇ، بەختكە يارىشا بالا يەنىلا ئامان قالدى. قوشۇ-نىمىز باندىتلارنى قوغلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ شىخشىڭشاغا يېتىپ باردى. ئۇ يەردە باندىتلارنى قورشاۋغا ئېلىپ گومىنداڭ-نىڭ قالدۇق بىر لىيەنى بىلەن باندىتلارنى تەسلىم قىلىپ، قورallىق باندىتلارنى ئېلىپ قومۇلغا قايتىپ كەلدۇق. يولۋاس، ئوسمان باندىتلىرى تۇتۇق بەرمەي قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قومۇل ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى باندىتلار تازىلىنىپ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدۇق.

V

ھېلىقى بالا لىيەندە جەڭچىلەر بىلەن بىللە ياشاشقا باشلى-دى. ئۇنى ھەربىي پاسوندا چىرايلىق ياساپ قويغان ئىدۇق. ھەممە جەڭچىلەر ئۇنى ياخشى كۆرۈپ ئاسرايتتى. قولمۇقول ئەركىلىتىپ بىللە ئوينىتاتتى. بالىمۇ جەڭچىلەر قانداق ھەرد-كەت قىلسا شۇنى قىلاتتى. چىرايىدىن خەنزۇ ياكى خۇيزۇ ئىد-كەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى نامەلۇم ئىدى، بالىنىڭ ئىسمىمۇ يوق ئىدى. بىز بالىنىڭ ئىسمىنى قويۇشنى مۇزاكىرىلەشتۇق. جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى، «ئىسلام» قويايلى دېسە، بەزىلىرى «پولك ئوغلى»، «باتالىيون ئوغلى» قو-يايلى دەيتتى. ئاخىرىدا بىرقانچە تۈزلۈك ئەھۋالغا قاراپ «ھا-يات» ئىسىم قويۇلدى. ئاخىرىدا «ھايات» يولداش ئىدرىسنىڭ بىر دېنىبىر ئېزىز، كۆيۈمچان پەرزەنتىگە ئايلاندى.

شۇنىڭ بىلەن ھاياتنىڭ خەتنە تويى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇ شىد-
خوغا قايتىپ كېلىپ، ئىدرىسنىڭ ئانىسى ئايىمخاننىڭ تەربى-
يىسىدە ئوقۇپ، 1964 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى
ئەلا پۈتتۈرگەن ئىدى. چوڭ ئانىسى ئايىمخان ۋاپات بولغاندىن
كېيىن ئىدرىس ئۆزىنىڭ قېشىغا ئەكىلىۋالدى. «ھايات» دادىسى
ئىدرىس بىلەن 1 - چارۋىچىلىق مەيدانىدا بىللە تۇرۇش جەريا-
نىدا بىر تەرەپتىن ئىشلەپ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ ياشلار
ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولدى. ھازىر 1 - چارۋىچىلىق مەيدانى
پوچتا ئىدارىسىنىڭ كادىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ھايات ئۆيلەن-
دى، ئايالى ئايشەم ئىككى ئوغۇل تۇغدى.

1969 - يىلى ئۈرۈمچىدە داجەيدىن ئۆگىنىش يىغىنى ئې-
چىلدى. يىغىنغا ئىدرىسمۇ قاتناشقان ئىدى. ئۇ ئاراتۈرۈكتىن
كەلگەن ۋەكىللەرنى تېپىپ ئۇلارغا ھايات توغرىسىدىكى
ئىشلارنى دەپ بەردى؛ نەتىجىدە ھاياتنىڭ ئاتا - ئانىسى يوق،
ئىككى ئاكىسى ۋە بىرقانچە تۇغقانلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى.

ۋەكىللەرگە ھاياتنىڭ سۈرىتى بېرىلدى. بىر مەزگىل ئۆت-
كەندىن كېيىن ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى ئاكىلىرىدىن خەت
كەلدى. ئاخىرىدا ھاياتمۇ خەت يازدى، ئاكىلىرىدىن خەت ۋە
سۈرەتلەر كەلدى. بۇلارنىڭ چىرايى ناھايىتى ئوخشىشاتتى. ئارا-
تۈرۈكتە بىر ئاخۇنۇم بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تۇغماس قىزى بول-
غان. ھاياتنىڭ دادىسى ھاياتنى ئاخۇنۇمنىڭ قىزىغا بېقىۋېلىشقا
بەرگەن، ئاخۇنۇم باندىتلارغا ئەگىشىپ قاچقاندا، بالىنىڭ يان-
چۇقىغا بىر چاڭگال قوناق سېلىپ تاشلاپ قېچىپ كەتكەن ئى-
كەن. ھايات ھېلىمۇ 1 - چارۋىچىلىق مەيدانى پوچتىخانىسىدا
بار.

# «ئىلى قىزىل قاناتلىقلار» تەنتەربىيە ئۆمىكى

توختى ئىبراھىم

1931 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ياپون باسقۇنچىلىرى
جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىسىنى بېسىۋالدى.
جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن
بۇ كۈن «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دېگەن نام بىلەن خاتىرىلەندى.

بىر قىسىم ئىلغار ۋەتەنپەرۋەر ياشلار بېشىنى ئېگىپ تىد-
قىپ يۈرۈۋەرسە تېخىمۇ ئېغىر مۇنقەرزگە بوغۇلىدىغانلىقىنى
تونۇپ يەتتى - دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى كۈرەش
جەريانىدا تاۋلاپ دۈشمەنگە كۈچ كۆرسىتىپ تاقابىل تۇرۇشقا
بەل باغلىدى. ئۇ بولسىمۇ تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ
«18 - سېنتەبىر ۋەقەسى»نى خاتىرىلەش ئارقىلىق خەلقنى
ئويغىتىپ كۈرەشكە چاقىرىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ياپونىيە كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچى-
لىق ئۇرۇشىنى باشلىۋەتتى. ج ك پ نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق
ۋەكىللىرى «18 - سېنتەبىر» كۈنىنى پۈتكۈل شىنجاڭ تەۋە-
سىدە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ياۋۇز دۈشمەنگە
قارشى كۈچ كۆرسىتىش كۈنى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. تە-
رەققىيپەرۋەرلىك نىقابىغا ئورنىۋالغان شېڭ شىسەي بۇنى ما-
قۇللاشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇقتۇرۇشقا بىنائەن ئۆلكىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، نا-
ھىيە ۋە شەھەرلىرىدە تەييارلىق خىزمەتلىرى باشلىنىپ كەت-
تى. ئىلى ۋىلايىتى بويىچە خەلقپەرۋەر، دېموكراتىك زات ياۋ
سىلىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «ئىلى قىزىل قاناتلىقلار» كوماند-
دىسى تەشكىل قىلىندى. كوماندا ۋالىي چېن يۈبەينىڭ يېتەك-

چېلىكىدە ئۆز ئىشىنى باشلىۋەتتى. كوماندا ـ دارىلمۇئەللىمىن، ئىلى گىمنازىيىسى، رۇس، تاتار مەكتەپلىرى، ھەرقايسى ئىدارە، جەمئىيەتلەردىكى ياش ھەۋەسكارلاردىن تەركىب تاپقانىدى. كوماندىغا ئۇيغۇر، تاتار، رۇس، قازاق، شىبە، موڭغۇل، ئۆزبېك ۋە خەنزۇلاردىن بولۇپ 80 ماھىر قاتناشتى. بۇلارنىڭ 95 پىرسەنتى مىللىيلار ئىدى. ئۇلار ئىچىدە ئەنۋەر (قازاق)، نائىل، ھاجى، ئىسرائىل، جېلىل، ئايتۇرغان، رەپقەت، مەسئۇت، ئارۇپ، ئىلھام، توختى قاتارلىق چېنىققان تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرى بار ئىدى. ئۇيغۇر تىلىغا ماھىر، باشقا مىللەت تىللىرىنى راۋان چۈشىنىدىغان ۋاڭ پىڭ كوماندىنىڭ باش تىرېنېرى ئىدى، كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ خەنزۇلىقىنى بىلمەي قالاتتى. ھەممىمىزگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن تەنتەربىيە كىيىملىرى ۋە سايمانلىرى تارقىتىپ بېرىلدى. كىيىملەرنىڭ ئالدىغا كېرىلىپ تۇرغان قۇشنىڭ قانىتى قىزىل رەڭدە تىكىلگەنىدى. كوماندا شۇڭا «قىزىل قاناتلىقلار» دەپ ئاتالدى. بىزنىڭ تەييارلىغان تەنتەربىيە تۈرلىرىمىز 18 خىلدىن ئاشاتتى.

سېنتەبىر ئېيىمۇ يېتىپ كەلدى. ھەممىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگەن بۇ كوماندا ئىلى ۋە چۆچەك خەلقىنىڭ پەخرىگە ئايلاندى. مۇسابىقە تەييارلىقلىرىمۇ پۈتۈپ قالدى. 8 ـ سېنتەبىر ئەتىگەندە ياۋ سىلىڭ، ۋالىي چېن يۈبەي، مۇئاۋىن ۋالىي نەزەرخان خوجا ۋە ھېكىمبەگ خوجا، تەلئەت مۇسابايوف قاتارلىقلار نەق مەيداندا كوماندىنىڭ تەييارلىقلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، تەييارلىقلىرىمىزدىن ئالاھىدە مەمنۇن بولۇپ ئالقىش ياڭراتتى.

كەچقۇرۇن ئۇيغۇر ـ قازاق ـ قىرغىز كۇلۇبىدا ئۇزىتىش زىياپىتى بېرىلدى. ياۋ سىلىڭ «شىنجاڭنى يېڭى شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ئانا تۇپرىقى، ھەر مىللەت قول تۇتۇشۇپ ئۆز زېمىنىنى گۈللەندۈرۈشى كېرەك، ھەممە

مىللەت خەلقى باراۋەر بولغان گۈزەل ئائىلىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ھەممىمىز جاسارىتىمىزنى ئۇرغۇتۇپ ياۋۇز دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. سىلەر مەن تاقاپ قويغان قانات بىلەن ئۇرۇمچىگە ئۇچۇپ بېرىپ، شەرەپ قازىنىپ يەنە شۇ قانىتىڭلار بىلەن ئېگىز ئۇچۇپ قايتىپ كېلىڭلار» دېگەندە مەيدان گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى بىلەن مۇزىكا ساداسىغا تولدى.

ئەتىسى يەنى 9 ـ سېنتەبىر كۈنى ۋالىي چېن يۈبەينىڭ يېتەكچىلىكىدە سوۋېت ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ 4 ـ كۈنى ئەتىگەندە ئۇرۇمچىگە يېتىپ باردۇق. ئۇرۇمچىنىڭ قىياپىتى غۇلجىنىڭكىگە ھەرگىز ئوخشىمايتتى. ئۇرۇمچى ئاسمىنىنى ئىس ـ تۈتەك قاپلىغاچقا نەپەس ئېلىش قىيىن ئىدى. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ خىل ھاۋاغىمۇ كۆنۈپ قالدۇق. بىزنىڭ چۈشكەن يېرىمىز شەھەرلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىنىڭ بىر قانچە ئېغىزىدا تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن 3 ـ قارارلىق ئوقۇغۇچىلار خىزمەت كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ گالىستۇك تاقىۋالغان بولۇپ، بىر دەقىقە ۋاقىتنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەيتتى، ئىشقىلىپ كىتاب كۆرۈش، ساز چېلىش، شاخمات ئويناش، توپ ئويناش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇلار بولۇپمۇ تورنىك، بىليارت ئويناشنى بەك ياخشى كۆرەتتى.

بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن بىزنىڭ ياتاقتا بىر ئۇيغۇر زىيالىي كىرىپ كەلدى. ئۇ گەپ ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ قومۇللۇق ئىكەنلىكى، غۇلجىغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئارزۇيىنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ بەردى. دەرۋەقە بۇ كىشى يىل ئۆرۈلۈشى بىلەن غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ بىزگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدى. مانا بۇ كىشى كېيىنكى مەزگىللەردە ئىنقىلابنىڭ

يولباشچىلىرىدىن بىرى بولغان ھەمدۇللا قۇربانوف دېگەن كىـ-
شى ئىدى.

17 - سېنتەبىرگىچە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ تەنتەربىيە كوماندىلىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولدى. شۇ كۈنى شەھەر ئىـ-چىدىكى «قارا بۇتخانا»نىڭ چاڭچىلە قويىدىغان سەھنىسىدە ئۆلكىلىك تەنتەربىيە ھەيئىتى بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان تەنتەربىيىچىلەرنى قارشى ئېـ-لىش يىغىنى ئېچىلدى. بۇتخانا سەھنىسىگە بىر قانچە باشلىق پەيدا بولدى. 600 گە يېقىن تەنھەرىكەتچىنىڭ كۆزى ئەنە شۇ كىشىلەرگە تىكىلگەنىدى. ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىغىنىـ-مىزدا بىرەيلەن بىزگە پىچىرلاپ «ئۇلار كومپارتىيىنىڭ ئادەمـ-لىرى، ئۇلار چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ، دېڭ فا دېـ-گەنلەر شۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ئۆلكىلىك جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىـ-پى ۋاڭ ئەپەندى قارشى ئېلىش يىغىنىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ماۋ زېمىن خۇشخۇي تەبەسسۇم بىلەن نۇتۇق سۆزـ-لىدى، ئۇنىڭ سۆزى قىزغىن قارشى ئېلىندى. يىغىن ئاخىرىدا ئېسىل كونسېرت قويۇلدى. شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدە «ئۇلۇغ داھى»غا چوقۇنۇشتەك قايناق كەيپىيات ئەۋجىگە چىققانىدى. بىگۇناھ ئادەملەر تۇتقۇن قىلىنىپ قاتتىق باستۇرۇش ئەۋجىگە چىققانلىقتىن ۋەھىملىك، سۈرلۈك كەيپىيات ئۈرۈمچى ئاسـ-مىنىنى بىر ئالغانىدى.

17 - سېنتەبىر كۈن چىقىش بىلەنلا ئۈرۈمچى ئاسمىنىنى قاپلىغان ئىس - تۈتەكلەر تارقاپ ھاۋا ئېچىلدى. تەنھەرىكەتچىـ-لەر تەييارلىق مانېۋىرى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەربىي مەكتەپ ئالدىدىكى كەڭ مەشىق مەيدانىغا توپلاندى. ھەرقايسى تەنتەربىيە كوماندىلىرىنىڭ كىيىملىرى ئارىسىدا يەنىلا ئىلى كوماندىسىـ-نىڭ كىيىملىرى ئالاھىدە كۆركەم ئىدى.

ئۆلكىلىك مۇسابىقە ھەيئىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇللا داموللا،

مۇئاۋىن رەئىس مىڭ يىمىڭلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەرقايسى تەنتەربىيە ئۆمەكلىرى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن تەنتەربىيە مۇز- بىرى ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. دۇخوۋوي ئوركېستىرنىڭ كەينىدىنلا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە «ئىلى قىزىل قا- ناتلىقلار» ئۆمىكى ئۆتتى. سائەت 11 دە تەييارلىق كۆرۈكى ئا- خىرلاشتى. ئابدۇللا داموللا ھەيئەت نامىدىن تەنتەربىيە مۇسابى- قىسى ئۆتكۈزۈش شارائىتىنىڭ تولۇق ھازىرلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

دەل شۇ پەيتتە غەرب ئاسمىنىنى يېرىپ موسكۋادىن ئۇچۇپ كەلگەن ئايروپىلان ئۇرۇمچى ئاسمىنىنى بىر ئايلىنىپ كونا شەرقىي ئايرودرومغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. بىز ئاسمانغا قاراپ ئۇرۇلغان چاۋاك ۋە ھۇررا سادالىرىنىڭ كىمگە ۋە نېمىگە قارى- تىلغانلىقىنى بىلمەي ھاڭ - تاڭ قالدۇق. ئۇلار: «ئۇلۇغ داھى- مىز دۇبەن جانابلىرى ياشىغاي، تۇمەن مىڭ يىللار ياشىغاي، سىزنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى قىزغىن تەبرىكلەي- مىز» دېگەن ئەسەبىي ئاللا - چۇقانغا قاراپ ئاندىن ئايروپىلاندا كىمنىڭ بارلىقىنى بىلدۇق. پاراتقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ھەم كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان ئەمەلدارلار ماشىنىغا ئولتۇرۇپ پەرىشان ھالدا ئايرودروم تەرەپكە كېتىپ قالدى.

ئەسلىدە شېڭ شىسەي 8 - ئاينىڭ ئاخىرى مەخپىي ھالدا كرېملىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن موسكۋاغا كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ستالىن بىلەن قىلغان خۇپىيانە سىياسىي سودىسى ئا- ياغلاشقاندىن كېيىن، گۈزەل بىر رۇس قىزىنى ھەمرا قىلىپ قايتىپ كەلگەنىكەن.

1938 - يىلى 18 - سېنتەبىر كۈنى زەمبىرەك، قوڭغۇراق ئاۋازلىرى بىلەن سۈرلۈك قىياپەتكە كىرىپ تەنتەربىيە مەيدا- نىدا 30 نەچچە ئۆمەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 600 دىن ئوشۇق تەنھەرىكەتچى سەپ تۈزۈپ مەيدان ئالدىدا ھازىر بولدى. ئون مىڭلىغان تەنتەربىيە مەستانىلىرى، ئوقۇغۇچىلار مەيدان ئەترا-

پىغا توپلاندى. 90 مېتىردىن ئاشىدىغان ھەشەمەتلىك بېزەلگەن مۇنبەردىن ھەرقايسى نازارەتنىڭ نازىرلىرى، ئۆمەك باشلىقلىرى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كومپارتىيە مەسئۇللىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى، گېنېرال ئانتونوف قاتارلىقلار ئورۇن ئالغانىدى.

سەھنە ئالدىغا كېلىپ توختىغان قارا پىكاپ ئىچىدىن ئىككى پۇتىدىن ئايرىلغان مىڭ يىمىڭنى بىر ئادەم ھاپاش قىلىپ سەھنىگە ئېلىپ چىقتى.

ئەتىگەن سائەت توققۇزدا شېڭ شىسەي مەيدانغا كىرىپ كەلگەندە ئۇنىڭ شەرىپىگە مەدھىيە شوئارلىرى، ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كەتتى. ئۇ مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ قورشاۋىدا بولغاچقا ئاسانلىقچە كۆرگىلى بولمايتتى.

ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، يېڭى دەۋر روھىدا تۈنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن بۇ مۇسابىقە مۇنبىرىدە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان زاتلاردىن خوجانىياز ھاجى، قۇربان مۇھەممەتى، گېنېرال بېكتىيوف، مۇھەممەدىن ئەزىزى، شەرىپخان تۆرە، يۇنۇسبەگ، ئەزىز مۇھەممەتى، تۇردى ئاخۇن باي، موللا ھېلىم شەنجاڭ قاتارلىق كىشىلەر كۆرۈنمەيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جاللات شېڭ شىسەي چوڭ تازىلاشتا ئۇجۇقتۇرۇپ بولغان ئىكەن، شۇڭا سەھنىدە پەقەت ئابدۇللا داموللا قاتارلىق بىرنەچچىلا مىللىي رەھبەر چۆرگىلەپ يۈرەتتى.

«ئۇلۇغ داھى» شېڭ دۇبەن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە سەھنىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، مۇسابىقە باش قوماندانى ئابدۇللا ئەپەندىم يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى جاكارلىدى. «پىدائىيلار» ناخشا - مۇزىكا ساداسى ياڭراپ پوجاڭزىلار ئېتىلدى. قىزىل تاغ ئۈستىگە ئورنىتىلغان ساليوت توپىدىن چىققان ئاۋاز ئۈرۈمچى ئاسمىنىنى زىل زىلىگە كەلتۈردى. ئالقىش سادالىرى ئىچىدە مۇئاۋىن باش قوماندان مىڭ يىمىڭ قىسقا نۇتۇق سۆزلەپ ئاخىرىدا «ياپون ئالۋاستىلىرىغا قارشى يۈرۈش

قىلايلى» دەپ شوئار توۋلىدى. ئۇنىڭ سۆزى غەزەپلىك شوئارلار بىلەن بۆلۈنۈپ تۇردى.

تەبرىك سۆزلىرى تۈگىگەندىن كېيىن ھەرقايسى ئۆمەكلەر ئوركېستىرلارنىڭ باشچىلىقىدا پاراتتىن ئۆتتى. ئارقىدىن ئۆل-كىلىك تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ھەر مىللەتكە سىمۋول قىلىنغان ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى مەيداننى جانلاندۇرۇۋەتتى. چۈشتىن كې-يىن تەنتەربىيە مۇسابىقىسى رەسمىي باشلاندى. مۇسابىقە بەش كۈن داۋام قىلدى. 26 تۈردە ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقە «ئىلى قىزىل قاناتلىقلار» كوماندىسىنىڭ تولۇق غەلىبىسى بىلەن ئا-ياغلاشتى. كوماندىمىز مۇسابىقىنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە چېمپى-يونلۇقنى قولغا كەلتۈردى. مۇسابىقە غەلىبە شادلىقىنى نامايان قىلىدىغان ئاخىرقى باسقۇچقا كىردى. بىرقانچە يۈز ئەمەلدار ۋە جەمئىيەت ئەربابلىرىنىڭ شىڭ شىسەينى ئارىغا ئالغان ھالدىكى 200، 400، 500 مېتىر ئارىلىقلار بويىچە يۈگۈرۈش مۇسابى-قىسى قايناپ كەتتى. «قان ـ قەرز ئۆچۈن يۈگۈرەيلى»، «ياپونغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلايلى» دېگەن شوئارلار ياڭراپ تۇراتتى.

چىرايىنىڭ قېنى قېچىپ ساپسېرىق تاتىرىپ كەتكەن شىڭ شىسەي 1 ـ بولۇپ پەللىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئامالسىز چىلىد-ىنىۋاتقان چاۋاكلار ۋە روھلاندۇرۇشقا مۇيەسسەر بولۇپ تۇردى. ئۇ بىر ئەپيۇنكەش بولغاچقا، ھالىدىن كېتىپ قالاي دېگەندە ئىككى مۇھاپىزەتچىسى قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى، ئۇ يانچۇقىدىن دورىسىنى ئېلىپ ئاغزىغا سېلىۋالدى.

مەيداندىكى تاماشىبىنلارنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. بىز بىلەن قول ئېلىشىپ تەبرىكلەۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈل-مەيتتى. مەيدىلىرىمىز مېدال، خاتىرە ئىزناكلار بىلەن تولغاند-ى. نائىل، ئايتۇرغان، ئەنۋەر، جېلىل، رەپقەت قاتارلىقلار چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى. كوماندىمىزغا بېرىلگەن مۇكاپات بۇ-يۇملىرىمۇ كۆپ بولدى. قىزلار گۈلدەستىلەرنى ئالدىمىزغا تاشلاپ تۇردى.

بىز ئەنە شۇنداق غەلىبە شادلىقى ئىچىدە ياتاققا قايتىپ كەلدۇق. ئۆگۈنلۈكى نامازدىگەر ۋاقتىدا شىڭ شىسەينىڭ مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى لى رۇڭ (بۇ كىشى ئىلگىرى غۇلجىدا ياۋ سىلىڭنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولغان) پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنى كۆرۈپ ھەممىمىز ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدۇق. ئۇ ۋالىي چېن يۈبەي بىلەن بىللە ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ قېنى قاچقاندى. چېن يۈبەي: «ئۇلۇغ داھىمىز دۆبەن جانابلىرى بۈگۈن بىزنى ئالاھىدە زىياپەتكە تەكلىپ قىپتۇ» دېگەندىلا ئاندىن ھەممىمىزنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى. كەچقۇرۇن رەتلىك تىزىلىپ دۆبەن مەھكىمىسىگە كەلسەك، بىر قانچە مۇھاپىزەتچى بىزنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلار بىزنى غەربىي زالنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بىر قەۋەت كەڭ مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. ھەممىمىز كوماندىغا بويسۇنۇپ رەتلىك، ئەدەپلىك ئولتۇردۇق. پولكوۋنىك لى XX نىڭ دىرىژورلۇقىدا «پىدائىيلار مارشى»نى ياڭراتتۇق.

شىڭ شىسەي تەرجىمان خەمىت ھەكىمنىڭ ھەمراھلىقىدا زالغا كىرگەندە ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ چاۋاك چالدۇق. ئۇ ھەربىي كىيىم كىيىپ، گېنېرال پولكوۋنىكلىق پاگونى تاقىۋالغانىدى. مەيدىسىگە قانداقتۇر «قىزىل يۇلتۇز ئوردېنى»غا ئوخشاش سوۋېت ئىتتىپاقى ئوردېنىدىن بىرنى تاقىۋالغانىدى.

ئۇ ھەربىي شىنىلنى يېپىنچاقلىغان پېتى ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىپ، خەمىت ھەكىمنى «سىزمۇ ئورۇندۇققا چىقىڭ» دەپ شەرەت قىلىسىمۇ، ئۇ كىشى ئەيمىنىپ چىققىلى ئۇنىمىدى. ئۇ «مەن ئۆز ئۆمرۈمدە نۇرغۇن مۇسابىقىلەرنى كۆرگەن ۋە قاتناشقان بولساممۇ لېكىن سىلەردەك ھەممە تۈردە يېڭىلىق ياراتقان ئەزىمەتلەرنى كۆرمىگەنلىكىمنى ئىقرار قىلماي تۇرالمايمەن. سىلەر ئۆزەڭلەرنىڭ يۈكسەك شىجائىتىڭلار ۋە نەتىجەڭلار بىلەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا كۈچ كۆرسەتتىڭلەر، سىلەرنىڭ بۇ غەلىبەڭلەردىن چەكسىز سۆيۈندۈم. سىلەر ھەتتا بېرلىن

ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بىرقانچە رېكورتلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدىڭلار. ئەگەر جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى سىلەر-نىڭ ئىزىڭلار بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان بولسا، ھەرقانداق قۇدرەت-لىك كۈچمۇ بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. سىلەر ئۆز يۇرتۇڭلارغا قايتىپ بارغاندا «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەر مىللەت ياشلىرىنى تەنھەرىكەت بىلەن تاۋلاپ يېتىشتۈرۈ-شۈڭلەرنى تەۋسىيە قىلىمەن» دەپ سۆزلىدى. بىز ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ۋاڭ تىرېنېرنىڭ يېتەكچىلىكىدە «داھى»نىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداشقا قەسەم بەرگەن بولدۇق.

بىز شەرەپ بىلەن غۇلجىغا قايتقىنىمىزدا ئارىمىزدا ۋالىي چېن يۈبەي كۆرۈنمىدى. بىزنى ئۈچ دەرۋازا ئالدىغا يىغىلغان ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللىرى، مەكتەپ، ئىدارە، ئورگان ۋە جەمئىيەتتىن بولۇپ بىرقانچە يۈز كىشى كۈتۈۋالدى. ماشىنىدىن چۈشكىنىمىزدە مەيدىلىرىمىزدە شاراقلىغان مېدال ئاۋازى مەيداننى بىر ئالغاندى.

ئەتىسى ياۋ سىلىڭ بىلەن مۇئاۋىن ۋالىي نەزەرخان خو-جىلار كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بىزنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋالدى. ياۋ سىلىڭ «سىلەر ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە شان ـ شە-رەپ ئېلىپ كەلدىڭلەر، ھەتتا كۈتكەن ئۈمىدىمىزدىن ئارتۇق شەرەپ قازاندىڭلار. ئىلىنى يۈتكۈل ئۆلكە خەلقىنىڭ قەلبىگە ماكانلاشتۇردۇڭلار، ئاتا ـ ئانائىڭلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىدىڭلار. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون ئالۋاستىلىرىغا قارشى روھىنى نامايان قىلدىڭلار، شان ـ شەرەپ سىلەرگە مەنسۇپ» دەپ قە-دەھكە تەكلىپ قىلدى. «پېشۋايىمىز ياۋ سىلىڭغا شان ـ شە-رەپلەر بولغاي» دېگەن شوئارلارنى ياڭرىتىپ ھەممىمىز قەدەھ-لەرنى كۆتەردۇق.

شۇنداق قىلىپ ۋىلايىتىمىزدە تەنتەربىيە پائالىيىتى يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. بىراق شۇ غەلىبە شادلىقىنىڭ ئەكسىچە شېڭ شىسەي چېن ۋالىينى ئۆجۈقتۇرۇۋەتتى. شۇ يىلى يەنە

غۇلجا بويىچە چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ ياۋ سىلىنىڭ، نەزەرخان خوجا، گىمنازىيە ۋە پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى گاۋ XX، ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ئەخمەتجان، داموللا جاللاپ، تېيىپ زات خەلپىتىم قاتارلىق بىر قانچە يۈز دېموكراتىك زات، ئەلسۆيەر رەھبەرلەرنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى. ئۇرۇمچىدە ئۆتكۆزۈلگەن داغدۇغىلىق تەنتەربىيە پائالىيىتىنىڭ روھىنى دەپنە قىلىۋەتتى.

# ھېكايىچى مەھبۇس

## مۇھەممەت روزى

1943 ـ يىلى ئەتىياز كۈنلىرى ئىدى. بىز قۇرۇلۇش قىلىۋاتاتتۇق. بىر كۈنى قۇرۇلۇشتا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن بىر قىسىم كىشىلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئەمما ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىر قانچە كۈنگىچە بىلەلمىدىم. ئەسلىدە ئۇلار تۈرمىدىكى مەھبۇسلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېلىشكەن، قاپقارا بۇرۇتلۇق، كىشىلەرگە سەمىمىي ۋە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. بۇ كىشى ئىش ئارىلىقلىرىدا بىزگە قىزىقارلىق خەلق چۆچەكلىرىنى ۋە مەسەللىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. بىز ھەممىمىز بۇ ئادەم بىلەن تېزلا يېقىنلىشىپ كەتتۇق. يېنىمىزدىكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سوپۇن زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرىمۇ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى «ھېكايىچى مەھبۇس» نىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا ھەركۈنى كېلىدىغان بولدى. بىزنىڭ ھېكايىچىمىز يېڭىدىن ھېكايە ئاڭلاشقا كەلگەن ئىشچىلار بىلەنمۇ يېقىن دوست بولۇپ كەتتى.

بۇ ھېكايىچىمىز بىزگە «بۆرىنىڭ مېھرىبانلىقى»، «باي بىلەن مالاي»، «ئەقىللىق پادىچى بالا» قاتارلىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. ھازىر ئويلىسام، بۇ مەھبۇس شۇ چاغدا بىزگە چۆچەك، مەسەللەر ئارقىلىق نۇرغۇن قائىدىلەرنى چۈشەندۈرگەنىكەن.

ئۇلار سوپۇن زاۋۇتىدىكى روزى نەمەت دېگەن كىشى بىلەن ھەركۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن قوشۇمچە ئىشلەپ قۇم تاسقايتتى. ئۇلار بىر كۇب مېتىر قۇم تاسقىسا، بىر يېرىم كۇب مېتىر، بەزىدە ئىككى كۇب مېتىر ھېسابلاپ پۇل بېرەتتىم.

ئۇلار مۇشۇنداق ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئىشلەپ بىرئاز پۇل يىغدى بولغاي، ئۇنى يول كىراسى قىلىپ غۇلجىغا كېتىپتۇ. ئۇلار كېتىشتىن بۇرۇن بىر قىسىم كىتابلىرىنى بىر ساندۇققا سېلىپ روزى نەمەتكە ئامانەت قويۇپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئۈچ مەسلىكىگە دائىر كىتابلارمۇ بار ئىكەن.

1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، بىزنىڭ ھېكايىچىمىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇق. ئۇ كىشى ئەسلىدە ئەخمەتجان قاسىمى ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلىگەن ئىشچىلاردىن بىر قانچىمىز ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ تاپالمىدۇق. كېيىن ئۇ بىزنى ئالاھىدە ئىزدەپ كېلىپ بىز بىلەن ئەھۋاللاشتى ۋە روزى نەمەتتىن شۇ چاغدا ئامانەت قويغان كىتابلىرىنى سورىدى، بولۇپمۇ ئۈچ مەسلەككە ئائىت كىتابلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئالاھىدە سۈرۈشتۈردى. روزى نەمەت «گومىنداڭنىڭ ئۇ كىتابلىرىنى نېمە قىلىسىز؟» دەپ سورىۋىدى، ئەخمەتجان قاسىمى «سۇن جۇڭشەن ئەپەندى جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن خانلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرغان ئۇلۇغ ئىنقىلابچى. ئۇنىڭ بۇ كىتابىدىن ئىنقىلابنىڭ قائىدىلىرىنى، خەلقنى ئويغىتىشنىڭ يوللىرىنى، جەمئىيەتنى قانداق چۈشىنىشنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىز ئىشچىلارغا قالدۇرغان ئورتاق تەسىرلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئادەم ناھايىتى تىرىشچان ئىدى. ۋاقىتنى بىردەممۇ بوش ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى. ھەر خىل كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئوقۇش ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. ھەتتا ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىشلەيدىغان بىر خەنزۇ بالىدىن خەنزۇچە خەتمۇ ئۆگەنگەنىدى.

1945 ـ يىلى ئەخمەتجان قاسىمى رەھىمجان سابىر ھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە ۋە بىر تەرجىمان بىلەن بىللە ئۈرۈمچى چوڭ رەستە (ھازىرقى داشىزى — ت)دە روزى نەمەتكە ئۇچراپ قاپتۇ.

روزى نەمەت ئەخمەتجان قاسىمىنى تازا ياخشى تونۇيالماپتۇ. بۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭغا قول ئىشارىتى قىلىپتۇ. روزى نەمەت ئالدىراپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ-تۇ. ئەخمەتجان قاسىمى يېنىدىكى ۋەكىللەرگە «بۇ، مېنىڭ تۇر-مىدىن چىقىپ رىجىم ئاستىدا سوپۇن زاۋۇتىدا ئىشلىگەن چاغ-دىكى خىزمەتدىشىم ۋە دوستۇم» دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى بىردەمدىلا ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر ئورىۋاپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ كىشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇ-ئاۋىن رەئىس بولدى. بۇنداق بولۇشىنى ھېچكىم ئويلاپ يەتمىگە-نىدى.

(بۇ ۋەقەنى قوشنىمىز ـــ تامچى سەيدۇللا ئاكا 1945 ـ يىلى ئېيت-تىپ بەرگەن)

## بىر قېتىملىق ئۇنتۇلماس نۇتۇق

### شام شېرىپ مۇھەممەتغالى ئوغلى

ئالتاي شەھىرى (شۇ چاغدا سارسۇمبە دەپ ئاتىلاتتى) 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئازاد قىلىندى. 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقى ۋە ئوسمان ئىسلامنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. ئەمما ئوسمان ئىسلام ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى كۆزگە ئىلماي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن مەدەت تىلەپ، ئۆزىنىڭ ئالتاينىڭ يەرلىك خاقانى بولۇش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ياش ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ـــ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى ئۈجۈقتۇرۇۋېتىش مەقسىتىدە ئوسمان ئىسلامنى جىنىنىڭ بارىچە ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بەردى. 1946 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى «سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، كۈتۈنمىسەم بولمايدۇ» دېگەن باھانە بىلەن ئالتاي شەھىرىدىن كۆكتوقاي ناھىيىسىگە كۆچۈپ كەتكەن ئوسمان ئىسلام دەرھال ئەگەشكۈچىلىرىنى يىغىپ، مۇستەقىل قوراللىق كۈچ توپلاشنى پىلانلىدى ھەمدە توپلىغان 1000 دىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىسىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بەرگەن قورال ـ ياراغلار بىلەن قوراللاندۇردى. ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى 1947 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئالتاي شەھىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشقان بولسىمۇ، ھەربىي كۈچ جەھەتتە پەرق چوڭ بولغانلىقى، ياردەمگە

ئېرىشىشتىن ئۇمىد قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئالتاي شەھىرىدىن چېكىندى. 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئوسمان ئىسلام قىسىملىرى ئالتاي شەھىرىنى ئىشغال قىلدى، ئارقىدىن قوراللىق قىسىملارنى ئەۋەتىپ، ئالتاي ۋىلايىتىنى تىزگىنلىۋالدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى پۇختا تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دەلىلقان سۈگۈرباييېفنىڭ قوماندانلىقىدا ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ، ئالتاي ۋىلايىتىنى بېسىپ ياتقان ئوسمان ئىسلام قىسىملىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى ۋە 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئالتاي شەھىرىنى غەلىبە بىلەن قايتۇرۇۋالدى. 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەپ، دەلىلقان سۈگۈرباييېفنى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئالتاي ۋىلايىتى قايتىدىن تولۇق ئازاد بولدى.

ئالتاي خەلقى قايتىدىن ئازاد بولۇپ، غالىبىيەت نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەۋاتقان، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشكە تۇتۇش قىلىۋاتقان پەيتتە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى 1948 ـ يىلى ئەتىيازدا ئالتاي خەلقىدىن ۋە ئالتايدىكى مىللىي ئارمىيەدىن ھال سوراش ئۈچۈن ئالتايغا باردى. ئەخمەتجان قاسىمى ئالتاي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىۋى يىغىندا يېرىم كۈن نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئالتاي خەلقىدىن، مىللىي ئارمىيەنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرىدىن ھال سورىدى ۋە ئالتاي خەلقىنىڭ 2 ـ قېتىملىق ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلىدى؛ ئاندىن شۇ چاغدىكى دۇنيا ۋەزىيىتى، مىللىي ئىنقىلاب ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى، ئىچكىرىدە خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكى ھەققىدە ئۇزاق سۆزلەپ، ۋەزىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى كەڭ خەلققە پايدىلىق تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈردى.

ئەخمەتجان قاسىمى مۇنداق دېدى: «ئەمدىلىكتە خەلقىمىزگە ئەڭ زۆرۈر بولۇۋاتقىنى تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، خەلقچىللىق يولى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھۆنەر ـ كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بايلىقى مول، مۇنداق زېمىن ھېچقانداق يەردە يوق، ئىلگىرى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتى خەلقنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە يول قويمىغانىدى، ئەمدىلىكتە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدۇق، خەلقىمىز ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلىشى كېرەك.»

يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قازاقلار ئىدى. ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سالىدىغان، تەشۋىقات ئۇنۇمىدىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان بۇ چېۋەر رەھبەر نۇتۇق داۋامىدا قازاق خەلقى خىزىردەك كۆرۈپ ئۇلۇغلايدىغان تەڭداشسىز تالانتلىق شائىر ئاباي قۇنانباينىڭ بىر شېئىرىنى مىسالغا ئالدى. قازاقلارغا ئەقىل كۆرسىتىشتە ئاباي ئاتىمىزنىڭ شېئىرى خۇددى شىپالىق دورىدەك زۆرۈر ئىدى. شۇڭا رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى بۇ مىسالنى دەل جايىدا كۆرسەتتى. ئۇ خەلقنى ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىققا چاقىرغاندا، جانلىق، يالقۇنلۇق ۋە قىزغىن سۆزلىدى. يىغىن قاتناشچىلىرى قىمىرلىماستىن، نۇتۇقنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى يېرىم كۈن نۇتۇق سۆزلەش داۋامىدا قەغەزگە قارىماي سۆزلىدى، باشقا مىللەت تىلىدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ئارىلاشتۇرماي، ساپ قازاق تىلىدا سۆزلىدى. ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار «پاھ! رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى نېمىدېگەن دانا، نېمىدېگەن زېرەك، تەپەككۇرى نېمىدېگەن چوڭقۇر، پىكرى نېمىدېگەن سىستېمىلىق ـ ھە!» دېيىشىپ ھەيران بولۇشتۇق.

ئەخمەتجان قاسىمى نۇتقىدا: «بىلىشىمىز كېرەككى، دۇشمەـ

نىمىزنىڭ دۈشمىنى دوستىمىز بولىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان بۇ سۆز بىزگە يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلدى ۋە تەپەككۇرىمىزنى ئاچتى. راست ئەمەسمۇ، ئىچكى ئۆلكىلەردە كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشماقتا، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دۈشمىنى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەلۋەتتە بىزنىڭ دوستىمىز بولىدۇ.

يىغىن ئاخىرىدا رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 2 ـ قېتىم ئازاد بولۇشىدا خىزمەت كۆرسەتكەن مىللىي ئارمىيىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرىگە ۋە كادىر ـ ساقچىلارغا ئوردېن، مېدال تەقدىم قىلدى، شۇ قاتاردا ئەخمەتجان قاسىمى مېنىڭ مەيدەمگىمۇ 2 ـ دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت» ئوردېنىنى مۇبارەك قولى بىلەن تاقاپ قويدى، بۇ ئىش ئۆمرۈمدە ئۇنتۇلماس بىر خاتىرە بولۇپ قالدى.

شۇ كۈنكى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، خەلق قەھرىمانى گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايېف يىغىن ئاخىرىدا ئالتاي خەلقى نامىدىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىغا ئالتۇن مېدال تەقدىم قىلدى. رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن خەلقىمىز ئۈچۈن ئۇنچىۋالا كۆپ خىزمەت كۆرسىتەلمىدىم، سىلەرنىڭ ماڭا مۇنچىۋالا ھۆرمەت قىلغانلىقىڭلاردىن خىجىل بولۇۋاتىمەن، ـ دېدى. ئارىدىن 60 يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ سۆزى ھازىرغىچە قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ.

# ئەخمەتجان قاسىمى ھۇزۇرىدىكى كۆڭۈللۈك مىنۇتلار

## توختى ئىبراھىم

پولكوۋنىك ماخمۇتوف ئابلاخان تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆر-بىلجىن ناھىيىسىنى ئازاد قىلغان پەيتلەردە ھەقىقەتكە قايتىپ، مىللىي ئارمىيە سېپىگە قاتناشقان گومىنداڭ ئوفىتسېرى ئىدى. ئۇ ئەينى چاغدا گومىنداڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ھەربىي تالانتى خېلى يۇقىرى ئىدى. پولكوۋنىك يۇسۇپوف مۇھەممەتجان، مايور ئوبۇلقاسىم كەرىموف قاتارلىق گومىنداڭ قوشۇنىدا ئىشلەۋاتقان ئونلىغان ئۇيغۇر ئوفىتسېرىمۇ قوشۇنىمىزغا قوشۇلغانىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئالدىغا سېلىۋېلىپ توپ يېمى قىلىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە باشقا جايلاردىن يۆتكەپ كەلگەن مىللىي ياللانما ئەسكەرلەر خېلى كۆپ بولغاچقا، ئۇلاردىن ئەسىرگە چۈشكەنلەرمۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك سېپىمىزگە قوشۇلۇپ تۇراتتى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلىرىمىز ئۇلارغا نىسبەتەن دانا تەدبىر قوللىنىپ، قوشۇنىمىزنىڭ سېپىنى ئۇلغايتىش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ قوشۇنىمىز ئىچىدە مۇھىم خىزمەتلەرگە قويغانىدى. پولكوۋنىك ئابلاخان ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ چۆچەك پىيادىلەر پولكىغا كوماندىر بولۇپ تەيىنلەندى، 1947 - يىلى غۇلجا زاپاس پولكىغا كوماندىر بولۇپ تەيىنلىنىپ يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇ ئوڭ پۇتىنى سۆرەپ ئاقساپ ماڭغاچقا ئەل-ئاغىنىلىرى چاقچاق قىلىپ «پولكوۋنىك ئابلاخان توكۇر»، «توكۇر پولكوۋنىك» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ چاغلاردا مەن ئۇنىڭ پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ئىدىم.

شەنبە كۈنى، ئۇ ئوغلى سەنئەتنىڭ خەتنە تويىنىڭ تەييارلى-

قى بىلەن ئالدىراش ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، قازان بې-
شىدىكى تەييارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتىم. ئۇ ئىچكىرىكى
ئۆيدىن چىقىپ مەن بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ماڭا:
— هۆرمەتلىك كومىسسار، سىز ئەتە ئەتىگەندە قىسىمدىكى-
لەرنىڭ دەم ئېلىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئەخمەت
ئەپەندىمنى، باش قوماندان ئىسهاقبېك مۇنونوفنى، ئابباسوفنى
ئۆزىڭىز بىرىپ پەيتونغا ئولتۇرغۇزۇپ توي مەرىكىمىزگە باشلاپ
كەلسىڭىز، باغاق ئەۋەتكەن بولسامۇ، كېلەلمەي قالامدىكىن دەپ
ئەنسىرەيمەن، — دېدى.
ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا مەن قىسىمدىكىلەرنىڭ دەم ئې-
لىشىنى ئورۇنلاشتۇردۇم - دە، ئالدى بىلەن باش قوماندان ئىس-
هاقبېكنىڭ ئۆيىگە باردىم، باش قوماندان ئۆيىدە يوق ئىكەن. مەن
ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىمدە، يولداش جىلانوف
مېنى ئۇنىڭ مېهمانخانىسىغا باشلاپ كىرىپ ئۇنىڭغا تونۇشتۇر-
غاندىن كېيىن، ئاستا يۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى.
بۇ چاغدا ئەخمەت ئەپەندىم مۇھەممەت مەخسۇم بىلەن پاراڭلى-
شىۋاتقانىكەن. مەن سۆيۈملۈك رەهبىرىمىزگە چاس بېرىپ،
هۆرمەت بىلدۈردۈم. ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ
مېنىڭ بىر ئاز هودۇقۇپ بىر قىسما بولۇۋاتقىنىمنى سېزىۋالغان
بولسا كېرەك.
— هە كاپىتان، بۇ ئولتۇرۇشىمىز سۆهبەت دېمەكتۇر،
سۆهبەت دېگەندە، ئادەم ئۆزىنى قانچە ئەركىن تۇتسا، ئېچىلىپ -
يېيىلىپ ئولتۇرسا، ئارمىنىغا يەتكۈدەك، بەكمۇ قورۇلۇپ قى-
سىلسا، ئۆز ئارمىنىغا يېتەلمىگۈدەك، ئايرىلغاندا پۇشايمان يەپ
روهىي ئازاب چەككۈدەك، شۇنداق ئەمەسمۇ، مەخسۇم ئاكا — دې-
ۋىدى، يۈرىكىم ئىزىغا چۈشۈپ، كۆڭلۈم ئېچىلىپ، قانچە سۆز-
لىسەممۇ هودۇقمايدىغان هالەتكە كەلگەندەك بولدۇم ۋە كېلىش
مەقسىتىمنى ئېيتتىم. ئەخمەتجان ئەپەندىم:
— مەخسۇم ئاكا، تويغا بارساقمۇ بارايلى، — دېدى.

— پارتىمىز توختاپ قالدىغۇ، كاپىتانىمىز ئۆز ئادىمىمىز، سىلى دېمەكچى بولغان گەپنىڭ ئىچىدە بۇ كىشىمۇ بار، — دېدى ئەپەندىم ئەسكەرتىپ. مۇھەممەتجان مەخسۇم سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەپەندىم، مېنىڭچە ئاشۇ ئۆگىنىشلەرنى توختىتىمۇەتسەڭلار بولارمىكىن دەيمەن، مۆتىۋەر زاتلار ۋە ئۆلىمالىرىمىز ئىچىدە نارازىلىق، غۇلغۇلا كۆپىيىپ قالدى. قىزىل پاچاقلار يىغىلىپ، دىنىمىزغا مۇخالىپ كېلىدىغان مۇنازىرە باشلاپتۇ، بۇ، كوممۇنىستلارنىڭ قىلىقى، ھېلىقى ئابباسوفلارنىڭ ئىشى، ئاڭلىساق ئەپەندىممۇ قاتنىشىپتۇدەك، دېگەن گەپلەر كۆپىيىپ قالدى. بۇنداق ئىشلاردىن دۈشمەنلەر پايدىلىنىپ كەتسە، جامائەت بىزدىن قېچىپ قالمىدىغۇ دەيمەن.

ئەپەندىم چوڭقۇر ئويغا چۆككەنىدى، ئارىلاپ ئۈستەلنى چېكىپ قوياتتى.

— ئۆلىمالىرىمىزنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىمىز، — دېدى ئەپەندىم، — ئىش ئۇلار ئويلىغاندەك بولمىسا كېرەك، ھازىرقى ۋەزىيەتكە نىسبەتەن زىيالىيلىرىمىزنىڭ سىياسىي - نەزەرىيە سەۋىيىسى تەكشى ئەمەس. ئىنقىلاب كۆپلىگەن سىياسىئونلار، لەشكەر باشلىقلىرى ۋە باغۋەنلەرگە موھتاج، بۇ ساۋاتسىزلارنىڭ ساۋات چىقارغىنىغا ئوخشاش ھەرىكەت ئەمەسمۇ.

مەخسۇم ئاكا يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئالدىدىمۇ چەكسىز ئىناۋەت ۋە نوپۇزغا ئىگە بۇ رەھبىرىمىزنىڭ سۆزىگە قايىل بولدى بولغاي، ئۇنىڭ چىرايى خېلى ئېچىلىپ قالدى.

1947 ـ، 1948 ـ يىللىرى قىشتا ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيدۇللا سەيپۇللايېف، ئەسئەت ئىسھاقوف، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 60 نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان زىيالىيلارنىڭ پەلسەپە مۇنازىرە كۇرژۇكى ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى. بۇ مۇنازىرە ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم بولاتتى. بۇ ئۆگىنىشكە ھەربىي قىسمىدىن پولكوۋنىك ئىمىنوف، بايچۇرىن، ئابلاخان، مايور غەنى كەرىموف ۋە ئىبراھىموف توختى قا-

تارلىق ئۇن نەچچە ئوفىتسېر قاتناشتۇق. بەلگىلەنگەن تېما بو-
يىچە ئالدىن تەييارلىق كۆرگەن بىر كىشى لېكسىيە سۆزلەيتتى،
ئاندىن كېيىن كۆپچىلىك قىزغىن مۇنازىرىگە چۈشۈپ كېتەت-
تۇق. مۇنازىرە جەريانىدا مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە دۇچ كەلسەك،
ئەخمەت ئەپەندىمنى تەكلىپ قىلاتتۇق. ئۇ ھەر قانچە ئالدىراش
بولسىمۇ ئېرىنمەي كېلىپ، مەسىلىلەرنى ئەمەلىيەت بىلەن زىچ
بىرلەشتۈرۈپ، ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن تولۇق ئىسپاتلاپ تەپسى-
لىي چۈشەندۈرۈپ، ھەممىمىزنى قانائەتلەندۈرەتتى. بۇ مۇنازىرە
ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيىسىنىڭ
ئۇرۇقىنى چاچقانىدى. شۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ
كۈچلەرنىڭ ئوغىسى قايناپ، غۇلغۇلا قوزغىلىپ كەتكەنىدى،
ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ دانا تەدبىر كۆرۈپ، ماھىرلىق بىلەن
قارشىلاشقانلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشى بىلەن، بۇ مۇنازىرە ھەر-
خىل شەكىللەر بىلەن ئۆلكە ئازادلىقىغا قەدەر داۋاملىشىپ
كەلگەنىدى...

— ھە كاپىتان، جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنىڭ كەيپىياتى
قانداق؟ ساۋات چىقىرىشى قانداق؟ يېڭى خەۋەرلەرنى، ئۇچۇرلارنى
يەتكۈزۈپ تۇرغان بولساڭلار، ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىشى قانداق؟ —
دەپ سورىدى ئەپەندىم.

مېنىڭدەك بىر ئاددىي ئوفىتسېرغا بۇنداق سوئاللارنى قوي-
غانلىقىدىن ھاياجىنىمنى باسالماي، ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ
سۆزلەپ كېتىپتىمەن.

— ھە، مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم بىلەن ئوخشاش سۆزلىدىڭىز،
بىز ئۇمىدۋار پوزىتسىيىدە تۇرۇۋاتىمىز، ۋەزىيەت، يېڭىلىقلار
ۋاقتىدا چۈشەندۈرۈلسە، قوشۇننىڭ ھوشيارلىقى ئۆسۈپ سەگەك
تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ.

مەرىكە ۋاقتى توشۇپ قالغانىدى. مەن ئەپەندىم بىلەن مەخ-
سۇم ئاكىنى پەيتۇنغا تەكلىپ قىلدىم. ئەپەندىم:

— ھە، ھۆرمەتلىك كاپىتان، سىز ئابلاخان سەركەردىنىڭ

سىياسىي ئەپەندىسىكەنسىز، ئۇ ئاقساپ قالمىسۇن، بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى يېتەكلەڭلار، قەدەم تەكشى بولسۇن، — دېدى. مەخسۇم ئاكا باشلىق ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— ھۆرمەتلىك رەھبىرىمىز، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزنى چوقۇم ئورۇندايمىز، — دېدىم.

شۇ ئارىلىقتا ئابلاخان ئەنسىرەپ ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى جۇمەتايىنى ئەۋەتكەنىدى. بىز مېھمانخانىدىن ھويلىغا چىقساق، ئەپەندىمنىڭ رەپىقىسى، مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم ماھىنۇر خانىم چوڭ دەرۋازىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇ مېنى تونۇپ قول باغلاپ سالام بەردى. ئۇ:

— ۋاي ـ ۋۇي، ئۇستازىم توختى ئەپەندىم سىزنى يوقلاپ كەپتۇدە، — دېدى. مەن بۇ تەلەيلىك ئوقۇغۇچىمغا قىزغىنلىق بىلەن جاۋابەن سالام بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سورىغاچ:

— ئەپەندىم باشلىق سىلەردىن ھال سورىغاچ ھۆرمەتلىك پولكوۋنىكنى ئويىنىتىپ كېلەي دەيمىنا، — دېدىم. بىزنىڭ بۇنداق قىزغىن سالامىلىشىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئەپەندىم مىيىقىدا كۈلۈپ، ئۆز خۇشاللىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇلار پەيتۇنغا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا ماھىنۇر خانىم يۈگۈرۈپ كېلىپ ئەپەندىمنىڭ ياقىسىنى تۈزەشتۈرگەچ ئۇنىڭ يانچۇقىغا پاكىزە يۇيۇلغان قول ياغلىقنى چىرايلىق قاتلاپ سېلىپ قويدى.

ئەپەندىم چاقچاق ئارىلاش:

— مەن سىلىنى ئاۋارە قىلىپ قويۇپتىمەن، كەچۈرگەيلا، — دېدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاياجىنىمنى باسالماي:

— ئوقۇغۇچىم ماھىنۇرنى ئاللا سىلىگە بۇيرۇپتىكەن، مەن روشەنباغدىكى ياردەم مەكتىپىدە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن چېغىمدا ئۆزلىرى مەكتەپكە كۆمۈر توشۇپ بېرەتتىلە، سىلىنىڭ يازغان ھۆججەتلىرىنى كۆرۈپ پۈچۈركىلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران قالغاندۇق. بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ ۋىلايەتلىك قىرائەتخانىدا رۇسچە قامۇسلارنى كۆرۈۋاتقانلىقلىرىنى ئۇچرىتىپ قالاتتۇق،

سىلىزە ئەنە شۇ چاغلاردا ئوقۇغۇچىم ماھىنۇرنى ئىندەككە كەل-
تۈرۈۋاپتىكەنلىدە، — دېۋىدىم، ئەپەندىم ئىككى تىزىنى شاپىلاق-
لىغىنىچە كۈلۈپ كەتتى. پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ مەرىكە بو-
لۇۋاتقان قوروغا كەلگەنلىكىمىزنى تۇيماي قاپتىمىز.

ساھىپخان ئابلاخان بىزنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ
خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالدى. ئۇ ئاقساقلىغىنىچە
يۈگۈرۈپ كېلىپ ھۆرمەت سالىمى بەرگەندىن كېيىن، بىزنى
ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئىچكىرىكى ئۆيدە لىق مېھمان بار ئىدى،
تاشقىرىقى ئۆي بوش ئىدى. ئەپەندىم بىلەن مەخسۇم ئاكا ئىچكى-
رىكى ئۆيدىكى مېھمانلارنى قوزغىمۇەتمەسلىك ئۈچۈن تاشقىرىقى
ئۆيدىلا ئولتۇردى. ئىچكىرىكى ئۆيدىكى مېھمانلار ئاللىقاچان
داستىخانغا داخىل بولۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئەخمەت ئەپەن-
دىمگە بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ غىزالىنىپ بولۇشى-
نى كۈتۈپ داستىخاننى يىغماي ئولتۇرۇشتى. قولغا سو بېرد-
لىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە سەزگۈر ئەپەندىم:

— مەخسۇم ئاكا، ئىچكىرىكى ئۆيدىكى مېھمانلار بىزگە
قاراپ قالدى، دۇئا قىلىۋەتمەمدۇق، — دېدى.

مەخسۇم ئاكا دۇئا قىلغاندىن كېيىن، مېھمانلار ئۇپۇر - تو-
پۇر بولۇشۇپ ئەپەندىمنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن
قىزغىن كۆرۈشۈشكە باشلىدى. ئەپەندىم ھەربىر كىشى بىلەن
بىرمۇ بىر كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن ھال - ئەھۋال سورىدى.

توختاخۇن ئەپەندى قاراۋاي ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ قولىنى
مەھكەم سىقىپ، كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

— سۆيۈملۈك ئەپەندىم، بىز سىزدەك دانىشمەن رەھبەرگە
ئىگە بولغانلىقىمىزدىن چەكسىز پەخىرلىنىمىز، بىز سىزنى جان
تىكىپ قوغدايمىز، سىزنىڭ ئىزىڭىزنى بويلاپ، ئاخىرقى مەق-
سىتىمىزگە يەتكىچە كۈرەش قىلىمىز، ياشاڭ ئەپەندىم، ياشاڭ! —
دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىۋەتتى. بەزى كىشىلەر ئەپەندىمنى ئۆز ئۆيى-
گە ئۇزۇم، نەشپۈت، سارىم ئالمىلارنى يەپ كېلىشكە تەكلىپ

قىلسا، بەزىلىرى نارىن چۆپ يەپ كېلىشكە تەكلىپ قىلاتتى، يەنە بەزىلەر قايماق چاي بىلەن گۆش قاتلىما يەپ كېلىشكە تەكلىپ قىلاتتى.

تالاي قېتىم ھەمتاۋاق بولۇپ ئولتۇرۇشقان ئەلنەغمە پېرشىۋالىرىدىن زوردۇن ئاكا بىلەن زىكرى ئاكىنى كۆرۈپ ئەپەندىم:

— ھە زوردۇن ئاكا، دەريا بويىدىن كۆرە، چاپچاللارغا بېرىپ، چاڭ باخشىنىڭ ئۆيىدە ئويناپ، پوشكال يەپ كەلمەمدۇق، — دەپ چېقىشتى. زوردۇن ئاكىنىڭ لەقىمى «شىبە» بولۇپ، ئەپەندىم ھەمىشە ئۇنىڭغا چاپچال ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن گەپ ئېچىپ چاقچاق قىلاتتى.

— چاپچالغا ئۆزلىرىنى ئېلىپ چىقايلى ئەپەندىم، بىكار يەنە خالايىقنىڭ كۆزى تەگمىسۇن، — دەپ چاقچاق قىلدى، كۆپچىلىك پاراقىدە كۇلۇشۇپ كەتتى.

ئەپەندىم كۆپچىلىككە:

— ۋەزىيەتتىن ياخشى خەۋەردار بولۇپ سەگەك تۇرايلى، ياخشى كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى پۇختا تەييارلىقلار بىلەن كۈتۈۋالايلى، مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەۋلادلىرىمىزنى ئوبدان ئوقۇتايلى، يېتىم - يېسىر ۋە ئاجىزلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلەيلى، ئۇلارمۇ نارىن، گۆش قاتلىما، قايماق چايغا ئېغىز تېگىپ باقسۇن، سىلەردەك كىيىم - كېچەك كىيىپ باقسۇن. ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرايلى، — دېدى.

بىزنىڭ ئۇلۇغ رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى خەلقپەرۋەرلىكى، مىللەتپەرۋەرلىكى بىلەن بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات!

# ئۇنتۇلماس خۇشاللىق كۈنلەر

## ھوشۇروف ئىسلام

1948 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەينى چاغدا سار تو ـ قايدا تۇرغان كوماندىر، جەڭچىلەرنىڭ ئېسىدىن زادى چىقمايدىـ غان خۇشاللىق كۈن. چۈنكى، شۇ كۈنى ئىنقىلابىي رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايېف بۇ يەرگە كېلىپ قىسىمدىكى كوماندىر، جەڭچىلەردىن ھال سو ـ رىغانىدى.

8 ـ ئاي. تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى راسا قاينىغان چاغ. ھاۋاسىنىڭ سوغۇقلۇقى بىلەن مەشھۇر ئالتاي ۋىلايىتىدىكى سارتوقايمۇ ئوخشاشلا ئىسسىپ كەتكەنىدى.

سارتوقاينىڭ كەڭ يايلاقلىرىدا ئوت ـ چۆپلەر پىشىپ، گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلىپ، شامالدا يەلپۈنۈپ ئەتراپقا خۇشپۇراق چا ـ چاتتى. ۋەزىپىدىن بوشىغان جەڭچىلەر ئۈچۈن گۈزەل دەريا سا ـ ھىلى ئاجايىپ ھۇزۇر بەخش ئارامگاھ ئىدى.

مۇشۇ كۈنلەردە قىسىمدىن ئاجرىتىلغان يىگىتلەر بۇ يەردە ئوت ئورۇپ، ئاسمان پەلەك دۆۋىلەپ، مايا قىلىپ باسماقتا ئىدى.

دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن كېسىپ تەييارلانغان ئوتۇنلار دولقۇنلۇق ئۇلۇڭگۇر دەرياسىدا ئېقىتىلىپ، سارتوقايغا توشۇپ كەلتۈرۈلمەكتە ئىدى. قىسقىسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى ساھىلىدىـ كى چەكۈرتە، كۆل يايلاق، سارتېرەك، كۆلەڭسىاي، سۇخابا، ھوز ـ دۇرقارا، قارا يۇلغۇن قاتارلىق يايلاقلاردا جەڭگىۋار ھايات قاينىـ ماقتا ئىدى.

سارتوقايدا تۇرۇۋاتقان 3 ـ ئاتلىق پولكنىڭ ئاساسلىق ۋە ـ زىپىسى سارتوقاي مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەم ساقلاپ، ئومۇمىي

شىمالىي يۆنىلىش فرونتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. شۇڭا، بەزى قىسىملار دۈشمەن ئارقىسىغا ئۆتۈپ «تىل» تۇتاتتى، بەزىلەر ئۇلۇغ گۈر دەرياسىنىڭ باش ۋە ئاياغ ئېقىملىرىغا بېرىپ، ئىز تەكشۈرۈپ، دۈشمەنلەرنى ئەدەبلەپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى تولىمۇ ئۈستۈن، ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي تەييارلىق ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى.

بۈگۈنكى كۈنمۇ تىنچ ئۆتۈپ كەتتى.

زاۋال ۋاقتى بىلەن پولك شتابىدىكىلەر ئالدىراپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى راتسىيە بۆلۈمىگە، بەزىلىرى قىسىملارغا قاراپ يۈگۈرۈشتى.

كەچ سائەت سەككىز بولغاندا پولكتىكى كوماندىرلار ئۈچۈن تىزىۋوگا (جىددىي يىغىلىش) سىگنالى بېرىلدى. ئوفىتسېرلار چەبدەسلىك بىلەن كىيىنىپ، سەپكە تىزىلدى. پولك شتابى ئالدىدىكى كۆكەلمەيدان ئوفىتسېرلار سېپى بىلەن تولدى.

پولك كومادىرى، پودپولكوۋنىك خەمىتوف كۆپچىلىك بىلەن ھەربىي قائىدە بويىچە سالاملاشتى.

— يولداشلار! خۇش خەۋەر! — دېدى پودپولكوۋنىك سەل تىنىۋېلىپ، ھەممەيلەن ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى، — بۈگۈن ئالىي رەھبىرىمىز ئەخمەتجاننى كۆرىدىغان بولدۇق، ئۇلار بىزدىن ھال سوراشقا كېلىۋېتىپتۇ.

قەلبى خۇشاللىققا چۆمگەن جەڭگىۋار ياشلار ھاياجىنىنى باسالماي «ھۇررا» سېلىشىپ كەتتى.

ئەسلىدە شتاب يېڭىلا تاپشۇرۇۋالغان خەۋەردە مۇئاۋىن باش قوماندان گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايېفنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندىلا سارتوقايغا قاراپ يولغا چىققانلىقى ئۇقتۇرۇلغانىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئوفىتسېرلار ئاجايىپ ھاياجانلاندى. بۇ نېمە دېگەن بەخت ھە! ئىنقىلابنىڭ ئالىي رەھبىرىنى ھەر قانچە داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالسىمۇ ئەرزىمەمدۇ؟

پولك كوماندىرى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— گېنېرال شتابىنىڭ رادىئوگراممىسىدا «ئالاھىدە داغدۇغا قىلىنمىسۇن» دەپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىزگە كىچىكتۈرۈپ خەۋەر قىلىنىپتۇ، مېھمانلار بىردەمدىن كېيىن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا، داغدۇغا قىلماي، مۇشۇ ئادەملەر بىلەنلا كۈتۈۋالىمىز.

پودپولكوۋنىك خەمىتوف دەرھال مۇنچىغا ئوت يېقىپ، جەڭچىلەرنى شەخسىي تازىلىق ۋە مۇھىت تازىلىقى قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى، ئەتە رەھبەرلەر بىلەن پاكىز ـ رەتلىك كۆرۈشۈشنى ۋە باشقا تەييارلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ چاغدا «ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن گېنېرال دەلىلقان كەلگۈدەك» دېگەن خەۋەر ھەممە قىسىملارغا چاقماقتەك تېز تارقىلىپ، سارتوقاي باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە يېپ يېڭى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئالماشتۇرۇۋالغان ئوفىتسېرلار قارا تۈگكىي تۈزلەڭلىكىگە تەلمۈرۈپ قارىشاتتى. خۇشاللىقتىن يايراپ كەتكەن ياش يۈرەكلەر گۈپۈلدەپ سوقماقتا.

مانا كۈتكەن پەيتمۇ يېتىپ كەلدى. كەچ سائەت توققۇزدىن ئۆتكەندە قارا تۈگكىي تۈزلەڭلىكىدىن يولتۇزدەك پىلىلداپ نۇر كۆرۈندى. ئۇ نۇر بارغانسېرى روشەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئاخىرى كېلىۋاتقان ئاپتوموبىللارمۇ كۆرۈندى. يۈرەكلەر كۆكرەك قەپەزنى يېرىپ چىقىشقا ئۇرۇناتتى. ئاخىرى بىر چوڭ ئاپتوموبىلدىكى قوراللىق قىسىمنىڭ مۇھاپىزىتىدىكى ئىككى كىچىك جىپ مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، سىلىققىنە توختىدى. ماشىنىدىن تەڭلا چۈشكەن رەھبەرلەر گۈگۈم قاراڭغۇسىدا قول ئىشارىتى ئارقىلىق مەيداندىكىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرگەچ، سالماق مېڭىپ سەپنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن، ئېگىز بويلۇق بىرەيلەن:

— يولداشلار! بۇ كىشى ھۆرمەتلىك رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى بولىدۇ، شۇنچە يىراق يوللارنى بېسىپ ھەممىمىزدىن ھال سوراش ئۈچۈن كەلدى، — دېدى.

ئۇيغۇر تىلى بىلەن قازاق تىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىگەن بۇ بەستلىك، قاۋۇل ئادەم مىللىي ئارمىيەنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايېف ئىدى.

قوشۇن رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئەزىز مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەخمەتجان قاسىمى كۆپچىلىككە قاراپ:

— دوستلار! بۈگۈن قوماندانىمىز گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايېف بىلەن ئىككىمىز سىلەرگە مېھمان بولۇپ كەلدۇق، مۇشۇنداق كېچىدىمۇ ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئېلىپ تۇرۇپسىلەر، ھۆرمەت قىلغىنىڭلارغا رەھمەت! سىلەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمىزگە ئىككىمىز بەكمۇ خۇشال بولۇۋاتىمىز، — دېدى.

— بالدۇرراق كېلىپ ھەممەيلەن بىلەن يورۇقتا دىدارلاشماقچى ئىدۇق، — دېدى ئۇ، — ئەپسۇسكى، قامچا ئۆتمەيدىغان مونۇ تۆمۈر ئېتىمىز تازا گەپكە كىرمەستىن بىزنى كەچكە قويدى، ئەپۇ قىلارسىلەر!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

كۈتۈۋېلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئوفىتسېرلار ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئېغىر - بېسىق، كىچىك پېئىللىقىنى، كەمتەرلىكىنى ئېغىز - ئېغىزىغا تەگمەي ماختىشىپ، ياتاقلىرىغا تارقىلىشتى.

كەچ سائەت ئوندىن ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ ھارماس مېھمانلار كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا، دەممۇ ئالماستىن پولك مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا پۈتكۈل سارتوقاي مۇداپىئە رايونىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى، ئۇنىڭدىن كېيىن دوختۇرخانا، ھەربىي تەمىنات بۆلۈمى ۋە جەڭچىلەرنىڭ ياتاق، تاماق ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىدى. پوستا تۇرغان جەڭچىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، ئەھۋال ئىگىلىدى. ئۇلار كېچىچە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇچرىغانلا جەڭچىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ يۇرتى، مىللىتى، ئىسمى، خىزمەت ستاژى جەھەتلەردىن ھال - ئەھۋاللىشىپ، چاقچاقلاشتى.

رەھبەرلەر 6 ـ ئىسكادىرونىنىڭ گۇچۇك تەرەپتىكى ئالدىنقى ئىستىھكامىنى ساقلاۋاتقان پوستلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقانلاردىن باشقا يەنە ئىككى جەڭچى كەچلىك تاماق يەۋاتاتتى، ئەخمەتجان قاسىمىلار كەپىگە كىرگەندە بۇ جەڭچىلەر چۆچۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قاچا ـ قۇچىلىرىنى ئالدىراپ يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

— ھە، ياخشىمۇ سىلەر؟ ئوبدان تۇرۇۋاتامسىلەر؟ — دەپ جەڭچىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ئەخمەت ئەپەندىم، — قارىغاندا تاماق يەۋاتقان ئوخشايسىلەر، ھە، قېنى تامىقىڭلارنى يەۋېرىڭلار. كونىلاردا «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دېگەن ماقال بار. تاماق يېمەي تۇرۇپ ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۇلارنى تاماق يېيىشكە دەۋەت قىلىسىمۇ، ھاياجانلانغىنىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان جەڭچىلەر ھۆرمەت سالىمى بىلەن قېتىپ تۇراتتى.

— بولدى، قولۇڭلارنى چۈشۈرۈڭلار، — دېدى ئۇ، — بىز سىلەرگە مېھمان بولۇپ كەلدۇق. مېھمانغا ئاتىغىنىڭلارنى چىقارمامسىلەر. بىللە ئولتۇرۇپ يەيلى.

ئەخمەتجان قاسىمى بىر ياققا ئۆتۈپ ئولتۇردى. ئىككى جەڭچى خۇش بولۇپ، ئالمان ـ تالمان يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خالتىلىرىدىكى قۇرۇتۇلغان نان، بوغۇرساق، تارى ۋە بىر نەچچە تال قۇرۇتنى ئېلىپ ئېزىز مېھمانلارنىڭ ئالدىغا تىزدى. بىردەمدىلا تەييارلانغان بۇ زىياپەت داستىخىنىغا ئەخمەت ئەپەندى، گېنېرال مايور دەلىلقان، پولك كوماندىرى خەمىتوف قاتارلىق سەككىز ئادەم داخىل بولۇپ، ئۇ نەرسىلەرنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. تاماق ئۈستىدە ئەخمەت ئەپەندىم:

— بىز ئۇيغۇرلاردا «ياۋاش ئاشقا ئۇلگۈرۈپتۇ، بەڭباش گەپكە» دېگەن تەمسىل بار. مانا بۈگۈن بىز ئاش ئۈستىگە كەلدۇق، رىزقىمىز بار ئىكەن. ياۋاش ئوخشايمىز. لېكىن، بۇ ياۋاشلىقنى دۈشمەنلەرگە ئىشلەتمەيمىز جۇمۇ! — دەپ ھەممەيلەننى كۈلدۈ-

روۋەتتى.

— مانا مۇشۇنداق ئەڭ ئالدىنقى سەپنىڭ قاۋاۋۇلخانىسىدا ئولتۇرۇپ، قەھرىمان جەڭچىلەر بىلەن بىللە ئوزۇقلىنىشنىڭ ئۆزى نېمە دېگەن بەخت - ھە! بۇ تاماق بەكمۇ لەززەتلىك بولدى، — دېدى ئۇ ئاندىن كېيىن.

— ھە، ئابلەت! — دېدى ئۇ ئادىيۇتانتىغا قاراپ، — سىز جىم ئولتۇرۇپ چايلا ئىچىسىز، بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقنىڭ ھەققىنى تۆلەيمۇ دېمەيسىزغۇ، بىلىپ قويۇڭ، ھەر قانداق مېھماندارچىلىقتا پۇل تۆلىمەي بىكارغا مېھمان بولىدىغان ئىش يوق.

باشقىلار كۈلۈشۈپ كەتتى، پولك كوماندىرى خەمىتوف:

— بولدى، بۇنىڭ پۇلىنى بىز تۆلەيمىز، — دېدى.

— پولكوۋنىك، — دېدى گېنېرال دەللىقان گەپ ئارىلاپ، — سىز بەك كايىپ كەتمەڭ. رەئىسنىڭ گېپى پۈتۈنلەي توغرا. سىلەر 3 - پولكنىڭ ئەزاسى بولغىنىڭلار بىلەن، ھۆرمەتلىك رەئىس بىلەن مېنىڭ تىزىملىكىم سىلەردە ئەمەس. دېمەك، بىزنىڭ نورمىمىزمۇ بۇ يەردە يوق، دېگەن سۆز. بىز ئۆزىمىزنىڭكىنى ئۆزىمىز تۆلەيلى.

شۇ ئارىدا ئابلەت بىلەن كانۋوي يوغان بىر قارا سومكىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئەخمەت ئەپەندىم سومكىنى ئېچىپ، بىر مۇنچە ياغلىق توقاچ بىلەن كونسېرۋالارنى ئېلىپ داستىخانغا تىزغاچ:

— بۇ بىزنىڭ سىلەرنىڭ مېھماندارچىلىقىڭلارغا ھەق تۆلىگىنىمىز ئەمەس، مېھمان قىلىش نۆۋىتى ئەمدى بىزگە كەلدى. قېنى ئېلىڭلار، — دەپ ھەممەيلەننى تەكلىپ قىلدى. ئىككى جەڭچىگە ئوندىن توقاچ، ئىككى قۇتىدىن كونسېرۋا بېرىپ، دۇئا بىلەن داستىخاننى يىغدى.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ خىل كىچىك پېئىللىقى ۋە سەمىمىي، ئادىل مۇئامىلىسى سارتوقاي فرونتىدىكى بارلىق

فرونتداشلارنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇپ، ئۇلارغا تۈگىمەس ئىلھام بەخش ئەتتى.

كەچ سائەت 11 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە باشلانغان تەكشۈرۈش ئىشى ئەتىسى تاڭ سەھەر سائەت تۆتكىچە داۋاملاشتى. ئۇلار ئىككى سائەتمۇ دەم ئالماستىنلا تاڭ يورۇپ كەتتى.

رەھبەرلەر يەنە خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى.

بۈگۈن سارتوقاينىڭ ھاۋاسى خۇددى خۇشاللىقتا چۆمۈلگەن جەڭچىلەرنىڭ چىھرىدەك سۈپ ـ سۈزۈك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئەتىگەندىلا سارتوقايدا تۇرۇۋاتقان بارلىق قىسىملار رەت ـ رەتى بىلەن پولك شتابىنىڭ ئالدىدىكى تۈزلەڭگە كېلىشكە باشلىدى.

ھەممەيلەن ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقان مىنۇتلاردا، ئالىي رەھبەرلەر ياتاقتىن چىقىپ، سالماق قەدەملەر بىلەن قوشۇن تۇرغان يەرگە كەلدى، ھەممەيلەن بۇ ئىككى رەھبەر بىلەن تۇنجى دىدارلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ چىرايى گېزىت ـ ژۇرناللار ئارقىلىق ھەممىگە تونۇش بولۇپ كەتكەنىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ئادەتتىكى رەختتىن تىكىلگەن گىمناستيوركا كىيىپ، كۆكرىكىگە بىرلا ئالتۇن مېدال تاقىۋالغانىدى. خۇش پىچىم، ئوتتۇرا بويلۇق بۇ كىشى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئامىمغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، تېتىك قەدەم تاشلاپ، مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىدە پۈتۈنلەي ھەربىيچە كېيىنگەن، گېنېرال مايورلۇق پاگونىنى تاقىغان، گەۋدىلىك، ئېگىز بوي، سۈرلۈك ئادەم ـــ مۇئاۋىن باش قوماندان دەلىلقان سۇگۇربايېف كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆكرىكىدىكى بىر نەچچە تال ئالتۇن مېدال ئۇنىڭغا ئېخىمۇ سالاپەت قوشقانىدى. پۈتۈن قوشۇن رەھبەرلەرنى ھەربىيچە ھۆرمەت بىلەن تىك تۇرۇپ كۈتۈۋالدى. رەھبەرلەر يېتىپ كەلگەندە، پولك كوماندىرى سەپتىن ھۆرمەت قەدەم بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـــ ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر! سارتوقاي ئىستىھكامىنى ساقلاۋاتقان تارباغاتاي 3 ـ ئاتلىق پولكىدىكى بارلىق جەڭچى،

ئوفىتسېرلار ۋەتەن ۋە خەلقىمىز تاپشۇرغان جەڭگىۋار ۋەزىپىـ لەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي تەييارلىقـ تا تۇرماقتا. دوكلات قىلغۇچى پولك كوماندىرى پودپولكوۋنىك خەمىتوف، ــــ دەپ دوكلات قىلدى.

بۇ رەسمىيەتلەردىن كېيىن، رەھبەرلەر «سالام جەڭـ گىۋارلار!» دېدى. سەپتە تۇرغان مىڭلىغان ئادەم «سالام» دەپ ئۈنـ لۈك جاۋاب قايتۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ خۇشاللىق بىلەن «ھۇررا» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئۇلۇغ دەرياسىنىڭ شاۋـ قۇنى بىلەن قوشۇلۇپ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئەكس سادا بولۇپ، پۈتكۈل سارتوقاي ئاسمىنىنى زىل ـ زىلىگە سالدى.

ئەخمەت ئەپەندىم سۆزگە چىقتى. كۆپچىلىكنى ھەيران قالـ دۇرۇپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ياشلا بىر يىگىت تۇراتتى. شىنـ جاڭدىكى ھەممە كىشىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان، ھەممەيلەن چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەتلەيدىغان، ھىمايە قىلىدىغان بۇ ئالىي رەھبەر 34 ياشلىق كىشى ئىدى. مانا مۇشۇ ياش ئوغلان شىنجاڭ خەلقى ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا ئېغىر ۋە مۇشكۇل مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، گېگانتتەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ــــ جەڭگىۋار سەپداشلار! دوستلار! ــــ دەپ باشلىدى ئەخمەتـ جان قاسىمى سۆزىنى، ــــ بىز بۈگۈن مۇئاۋىن باش قوماندان گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايېف بىلەن بىللە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ سالىمىنى سىلەرگە ئېلىپ كەلدۇق. قوبۇل قىلغايسىلەر!

«ھۇررا» ساداسى يەنە بىر قېتىم كۆكنى ياڭراتتى.

ئەخمەت ئەپەندى سۆزىدە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىلەن باش قوماندان گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبەك مۇنۇنوفقا ۋاكالىتەن ھەممەيلەندىن سەمىمىي ھال سورىدى. ئاندىن كېيىن تارباغاتاي 3 ـ پولكىنىڭ جەڭ تۆھپىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۇلارغا خەلق نامىـ دىن رەھمەت ئېيتتى ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى. ئەخمەتجان

قاسىمى سۆزىدە مۇنداق دېدى:

— يولداشلار! دوستلار! خەلقىمىز تارىختىن بۇيان كۆپ قې-تىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ نۇرغۇن ئىنقىلابلارنى قىلدى. غۇلجا با-ياندايى ۋە كۇرەدىكى سادىر پالۋان، ئابدۇرۇسۇل بەگلەر باشچىلى-قىدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلار ۋە جەنۇبىي، شەرقىي شىنجاڭلار-دىن تارتىپ ئالتاي تاغلىرىغىچە سوزۇلغان قوزغىلاڭلارنىڭ ھەم-مىسى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى خەلقىمىزنىڭ ئۈستىدە زوراۋانلىق قىلىۋاتقان مۇستەبىت مانجۇ خاندانلىقى ۋە شېڭ شىسەي، گومىنداڭ رېئاكسىيونلىرىنىڭ چىرىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، خەلقنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئىدى. 1944 – يىلى 11 – نويابىردا نىلقىدىن باشلانغان بىزنىڭ بۇ قوراللىق كۈرىشىمىز ئۆتمۈشتىكى بارلىق مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ داۋامى. بۇ كۈرەش داۋامىدا خەلقىمىز پىداكارانە كۈرەش قىلىپ، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان گومىنداڭ قوشۇنى-نى تارمار قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنى ئازاد قىلىپ، خەلقى ئالەمنى ھەيران قالدۇرغان ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى ياراتتى. بۇ شۇنىڭ ئۈ-چۈنكى، بىز تۇتقان يول ھەققانىي ۋە توغرا، بىزنىڭ ئىنقىلابى-مىز ئادالەتلىك ئىنقىلاب!

كۈچلۈك «ھۇررا» ساداسى ئىچىدە ئەخمەتجان قاسىمى سۆ-زىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز مۇشۇ غەلىبىلىك يۈرۈشىمىز بىلەن چىرىپ زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان گومىنداڭ رېئاكسىيون ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايمىز. شۇنى ئوچۇق ئېيتىمىزكى، بىز خىتاي مىللىتىگە قارشى ئەمەسمىز، بەلكى ئىستىبدات تۈزۈمنى ئاغدۇ-رۇپ تاشلاش يولىدا، تارىختىن بۇيان فېئودال ھاكىمىيەتنىڭ جەبرى – زۇلۇمنى تەڭ تارتقان ھەممە مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىشىپ، يىمىرىلمەس قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، گو-

مىنداڭنىڭ رېئاكسىيون ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى گۇماشتىسى مۇتەئەسسىپ گېنېرال سۇڭ شىلىيەن، ماچىڭشىياڭ، خائىن ئوسمان، قالىبېك قاتارلىقلارغا قارشى تۇرىمىز ۋە ئۇلارنى يوق قىلىمىز، مەسئۇت، ئەيسا، مەمتىمىن، ئەلەنۋاڭ، جانىمقان، زاكىچىن، سالىس قاتارلىق يەرلىك مۇناپىقلارغا قارشى تۇرىمىز. بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنىڭ توغرا نىشانىنى بۇرمىلاپ، بىزنى خىتاي خەلقىگە قارشى تۇرىدۇ، دەپ ئىغۋا تېرىغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرىمىزكى، بولمىسا ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ.

يەنە قىزغىن ئالقىشلار ياڭرىدى.

— بىز بۇ مۇقەددەس ئۇلۇغ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سوقۇشتۇق، جەڭ قىلىپ قان كەچتۇق. بىز بۇ كۈرىشىمىزنى تاكى مەقسەتكە يەتمىگىچە توختاتمايمىز!

ئەخمەتجان قاسىمى ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى، ۋەزىپىسى ۋە ئىستىقبالى توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلىدى. ھازىرقى ۋەزىيەتنى چۈشەندۈردى. جەڭچىلەرنىڭ ھاياجانلىق ئالقىشلىرى ئۇلۇغۋار دەرياسىنىڭ كۈچلۈك شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ گويا قۇدرەتلىك يانار تاغ ساداسىدەك سارتوقاي ئاسمىنىنى لەرزىگە سالدى. ئەخمەتجان قاسىمىدىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى گېنېرال مايور دەلىلقان سۈگۈربايېف سۆزلىدى.

— بىز تۇنۇگۈندىن بۇيان سارتوقاي ئالدىنقى لىنىيىسىنى قوغداۋاتقان بۇ قىسىمنىڭ بارلىق ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق، — دېدى ئۇ سۆزىدە، — ئىشلىرىڭلار يامان ئەمەسكەن. ئەڭ مۇھىمى مۇداپىئە قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەلەپكە لايىق ئىشلىنىپتۇ. ئىشلىرىڭلاردىن رازى بولدۇق.

دەلىلقان سۆزىدە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى:

— ئەمما، شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتەيكى، ئىشلىرىمىزدىن قانا-

ئەتلىنىپ، بىخۇتلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. ھوشيار بولمىساق ئو-ڭايلا چاتاق چىقىپ، مەسىلە يۈز بېرىشى مۇمكىن. خۇسۇسەن، مۇھىم تۈگۈن بولغان سارتوقاي ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇۋاتقان سىلەرگە نىسبەتەن ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم. چۈنكى، سىلەر رېئاكسىيون گېنېرال سۇڭ شىليەن بىلەن خائىن ئوسمانىنىڭ كۆز قارچۇقىغا سانجىلغان مىخ. دۈشمەنلەر بۇ مىخنى يۇلۇۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ھەرئىككىسى ھەم قۇۋ ھەم تولىمۇ ھىيلىگەر نەيرەڭۋازلار. ئۇلارنىڭ تېخنىكا، قورال كۈچى ۋە ئادەم سانى جەھەتلەردە بىزدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە سىر بولمىسا كېرەك، ئەلۋەتتە.

گېنېرال مايور دەلىلقان ئاخىرىدا:

— ھوشيارلىقىڭلارنى ئۆستۈرۈپ، مۇستەھكەم پولات قورغان سارتوقاي ئىستىھكامىنى ئۇبدان قوغدىشىڭلارنى سورايمەن، — دەپ گېپىنى تۈگەتتى.

ئاخىرى پولك كوماندىرى پود پولكوۋنىك خەمىتوف سۆز-لەپ، رەھبەرلەرنىڭ ھال سوراپ كەلگەنلىكىگە چوڭقۇر تەشەك-كۈر بىلدۈردى.

— بىز بۈگۈن چۈشەندۇقكى، — دېدى ئۇ، — ۋەتىنىمىز-دىكى ھەرمىللەت خەلقى بىزنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى بىزنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمىز. مەن پۈتۈن پولكتىكى جەڭچى، ئوفىتسېرلارغا ۋاكالەتەن ۋەدە بېرد-مەنكى، تارباغاتاي 3 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ بارلىق جەڭگىۋارلىرى رەھبەرلىرىمىزنىڭ بىزگە بەرگەن تۈگىمەس ـ پۈتمەس ئىلھامى-نى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ۋەتەن ۋە خەلقىمىز بىزگە تاپشۇرغان ھەرقانداق مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئادا قىل-لىمىز!

پۈتۈن سەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغاندەك كۈچلۈك

«ھۆررا» تووۋلىدى. پودپولكوۋنىك سۆزىنىڭ ئاخىرىدا رەھبەرلەر-نىڭ ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن سالامەتلىكىنى ئاسرىشىنى ئۈمىد قىلدى.

رەھبەرلەر پولك مەسئۇللىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاش-تى.

جەڭچىلەر بوگۈنكى قۇتلۇق كۈننىڭ تەسىراتىغا چۆمۈپ، چاڭ توزۇتۇپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ كەينىدىن ئۇزاققىچە قاراپ قېلىشتى.

# ئەخمەتجان قاسىمنىڭ تۇرپانغا كېلىشى

## نۇرىدىن ساتتار

مەن تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلىنىش ئالدىدا ئەخمەتجان قاسىمنىڭ تۇرپانغا كېلىش ئەھۋالىنى ئۆزۈم ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ھەمدە ئەينى ۋاقىتتا ئەخمەتجان قاسىمنىڭ تۇرپانغا كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن يولداشلارنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىگە ئاساسەن، رەتلەپ يېزىپ، يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇندۇم، شاھىدلارنىڭ، ئەھۋالنى بىلىدىغانلارنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۈچ ناھىيە خەلقىگە غايەت زور ئىلھام ۋە ئۈمىد بېغىشلىدى.

1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «11 ماددىلىق بېتىم» ئىمزالاندى، 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، جايلاردىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ مۇناسىپ ھالدا قايتا تەشكىللىنىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كۈرسىتىشى بىلەن، 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بۇرھان شەھىدى، ئابدۇراخمان مۇھىتلار تۇرپانغا كېلىدۇ، ئەتىسى تۇرپان قىلۋى قوۋۇقتىكى رەختىتۇل قارىينىڭ مەسچىتىدە 5000 دەك ئادەم قاتناشقان چوڭ يىغىندا بۇرھان شەھىدى نۇتۇق سۆزلەيدۇ. نۇتۇقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ــ ھازىرقى شىنجاڭ ۋەزىيىتى، 11 ماددىلىق تىنچلىق بېتىمىنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە تۇرپاننىڭ ۋەزىيىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. يىغىن ئاخىرىدا بۇرھان شەھىدى ھاكىم زىيائ ۋېنۋۇنىڭ

ئورنىغا ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ ھاكىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى، بۇ ۋاقىتتا خەلق ئاممىسى گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىپ، ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ ھاكىم بولغانلىقىنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئابدۇراخمان مۇھىتى ھاكىم بولغاندىن كېيىن ھەربىر ئىدارە، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاپپاراتلىرىنى پىششىقلاشقا كىرىشتى. تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇپ كەلگەن ۋە ج ك پ نىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلارنى ھەر قايسى ئىدارە ـ ئورۇنلارغا مەسئۇل قىلىپ، 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ روھى بويىچە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قايتىدىن بېكىتىپ چىقتى. بۇ ئورگانلارغا بېكىتىلگەن ئىلغار زىيالىيلار ۋە ياشلار 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاكتىپ ئىجراچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. ھەرقايسى جايلاردىكى ياشلار ھەرخىل ئۇيۇشمىلارنى قۇرۇپ، ئۆز ئارا ئالاقىلىشىپ تۇردى، ئۇيۇشمىلار كەچكۈرس ئېچىش پائالىيىتىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى، تەشۋىقاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چىرىكلىكىنى پاش قىلىش، ئىنقىلاب قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى شەرھلەش ۋە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى قوغداش، ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. ياشلار ئۆزلۈكىدىن تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى مەخپىي رەۋىشتە ئاممىۋى سورۇن، مۇھىم يول ۋە مەسچىتلەرگە تارقىتىدۇ. كەچكۈرس سورۇنلىرىغا «دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلماسلىق — جىنايەت»، «ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلماسلىق — خىيانەت» دېگەن شوئارلارنى چاپلايدۇ. قىسقىسى، بۇ چاغدا ياشلار ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ بولغان، خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى غەزەپ ـ نەپرىتى چېكىدىن ئاشقان، ياشلار قوزغىلىڭنىڭ پارتلىشىغا ئازلا ۋاقىت قالغانىدى. ئاستانە ئەتراپىدىكى ياشلار سىڭگىم ئېغىزىدىكى گو-

مىنداڭ پوتەيلىرىنى ئىككى سائەتكە قالماي ئالىمىز. دەپ يۇرگەن پەيتلەر ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئەخ- مەتجان قاسىمى باشلىقلىقىدا رېھىمجان سابىرھاجىيېۋ، تېيىپ هاجى، قالى ئاباكوپ، نۇرىدىنبەگ قاتارلىق يەتتە كىشى بىتىم- نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۇرۇش ئۇچۇن ئۇرۇمچىدىن تۇرپانغا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللىي ئارمىيە فورمىسىدا كىيىنگەن بولۇپ، ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ هويلىسىنى چۇشكۇن قىلىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى كۇلۇپ تۇرۇپ:

— بىز ئىلىلىقلار تۇرپاننى زىيارەت قىلغىلى، ئەسھابۇل- كەھفنى تاۋاپ قىلغىلى كەلدۇق، دەيدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىش ئۇچۇن جايلارغا ئادەملەر ئەۋەتىلىدۇ. يىگىتشەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئىپ- تىزلىقتا بىر يىغىن مەيدانى تەييارلاشقىمۇ ئادەملەر بېكىتىلىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ھەر ساھە خەلقى ھەر تەرەپتىن يېتىپ كېلى- دۇ. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ ئاممىغا سالام بېرىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى قا- تارلىق رەھبەرلەرنى كۆرگەن خەلق خۇددى پاراتتىن ئۆتكەندەك روھلۇق ھالدا ئىككى سائەت ئىچىدىلا يىغىلىپ بولىدۇ. چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال شۇنچە كۆپ يىغىلىدۇكى، بازار ئىچى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ. بۇ يىغىنغا ھەر ساھە كىشىلىرى، ھەتتا تۇرپاندىكى گومىنداڭ ئەمەلدارى تەن رېمى قاتارلىقلارمۇ قاتنى- شىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى ئاممىغا نوتۇق سۆزلەيدۇ:

— مەن ئەخمەتجان قاسىمى بولىمەن، مەن سىزلەردىن رۇخسەتسىز 11 بىتىمگە قول قويغان خەلق ۋەكىللىرىدىن بىرى بولىمەن، شىنجاڭ خەلقى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەكسىلئىنقىلا- بىي چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ پۇتمەس ـ تۇگىمەس زۇلۇمىغا ۋە دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ۋە چىدىغۇسىز بالايى ـ ئاپەت- كە ئۇچرىغانلىقى ئۇچۇن، ئاخىرى سەۋر ـ تاقەت قاچىسى تاش- تى، پىچاق گۆشتىن ئۆتۈپ سۆڭەككە يەتتى: ئىلى، تارباغاتاي،

ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئەركىنلىك، ھۆررىيەت
ئۈچۈن، ئىستىبدادلىققا، زۇلۇمغا قارشى كۈرەشنى باشلىۋەتتى.
تۇرپان خەلقى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىغە ئوخشاشلا زۇلۇم ۋە ئېكس-
پىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ كەلدى. تۇرپان — قەدىمدىن بۇيان ئەك-
سىيەتچىل ھاكىمىيەتلەرنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشىگە ۋە باستۇرۇ-
شىغا ئۇچرىغان جاي، تارىختىن بۇيان بۇ جاي كۈرەشنىڭ ماكانى
بولۇپ كەلدى. بىز بارلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ، تىنچلىق-
نى قوغداپ، ئەكسىيەتچىلەرگە ۋە مىللىي مۇناپىقلارغا قارشى
تۇرۇش كۈرىشىنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىمىز. دۈشمىنىمىز-
نىڭ دۈشمىنى — بىزنىڭ دوستىمىز. بۈگۈنكى خائىن ئەتە خەلق
ئالدىدا رەسۋا بولماي قالمايدۇ. بىز خەنزۇلارغا قارشى ئەمەسمىز،
بىزنى ئەزگۈچى ئېكسپىلاتاتورلارغا، زومىگەر - مۇستەبىتلەرگە،
خەلققە زۇلۇم سالغۇچى ئىستىبداد ھاكىمىيەتكە قارشىمىز، بىز
تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن، يېڭى تەشكىللەنگەن يېڭى ھاكىمى-
يەتنى ھىمايە قىلىمىز، 11 بىتىمنىڭ ھەقىقىي ئىجراسى ئۈچۈن
تىرىشىمىز. ئالدىمىزدىكى پوتەيلەرنىڭ بىزگە يەنە نېمە كېرىكى
بار؟ خەلق ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدۇ، ھۆكۈمەت خەلقنى ئاسرى-
شى كېرەك. ئەگەر خەلق يەنە زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچ-
رىسا، بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ. بىز ئەزەلدىن سەۋرچان
خەلق، بىز تىنچلىقنى، ئادالەتپەرۋەرلىكنى سۆيگۈچى خەلق. تۇر-
پان خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي جاسارىتىنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ؛ سى-
لەرنىڭ مۇشۇ ئىنقىلابىي جاسارىتىڭلارغا مىڭ رەھمەت! سىلەر-
نىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقلىقىڭلارغا مىڭ رەھمەت! سىلەرنىڭ با-
تۇر - قەيسىرانە قەھرىمانلىق روھىڭلارغا مىڭ رەھمەت! سىلەر-
نىڭ زۇلۇمغا قارشى، ئەركىنلىك ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن كۈ-
رەش قىلغان ھىممىتىڭلارغا مىڭ رەھمەت! سىلەرنىڭ غەيرەت -
شىجائەت بىلەن تىنچلىقنى ھىمايە قىلىدىغان ئارزۇيۇڭلارغا مىڭ
رەھمەت! سىلەرنىڭ ئازاد - ئەركىن ھايات كۆچۈرۈش ئۈچۈن
چېلىشىۋاتقان قورقماس روھىڭلارغا مىڭ رەھمەت! سىلەرنىڭ

ھەر مىللەت خەلقى بىلەن دوستانە ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلاشـ
قانلىقىڭلارغا مىڭ رەھمەت! ياشىسۇن خەلق!...
يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن خەلق ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ
پىكاپىنى كۆتىرىپ ماڭىدۇ ۋە «ياشىسۇن ئەخمەتجان قاسىمى!»
دەپ شوئار توۋلاپ تەنتەنە قىلىدۇ. ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىـ
نىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئەخمەتجان قاسىمى گومىنداڭنىڭ تۆەذـ
جاڭىدىن: «مىنىڭدىن سورايدىغان سوئالىڭىز بارمۇ؟» دەپ
سورايدۇ. ئۇ، تۆەنجاڭ: «سورايدىغان سوئال يوق، خەلق بىزنى ياـ
مان كۆرىدۇ» دەيدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى: «سىلەر خەلققە زۇلۇم
قىلمىساڭلار، خەلق سىلەرنى يامان كۆرەمدۇ؟ ھەممە ئىشتا سەۋەب
بار، خەلقنىڭ نېنى، سۈيى يوق، مەن خەلققە بىر پۇڭ پۇل بەرمىـ
دىم، بىر چىنە سۇ بەرمىدىم، لېكىن مەن خەلققە نان بېرىمەن
دېگەن بايراقنى كۆتەردىم. شۇڭا خەلق مېنى ھىمايە قىلىدۇ،
سىز خەلقنى مىلتىق بىلەن باسالمايسىز» دەيدۇ.
شۇ كۈنى ئېتىزلىقتا ئېچىلغان يىغىندىن كېيىن، سائەت
12 لەردە ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى رەھبەرلەر ئابـ
دۇراخمان مۇھىتىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاستانە تەرەپكە قاراپ ماـ
ڭىدۇ، ئاستانە تەرەپتىكى ئامما بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،
ئۈچ كۆۋرۈككە 10 مىڭدەك ئادەم يىغىلىدۇ. ئەخمەتجان قاسىـ
مىلار ئۈچ كۆۋرۈككە كەلگەندە، ئامما قىزغىن قارشى ئالىدۇ،
رەھبەرلەر ئاممىغا سالام بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ كېلىش مەقسىتىـ
نى سۆزلەيدۇ. شۇ كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئەخمەتجان قاـ
سىمى نوتۇق سۆزلەيدۇ:
— «مەن ئەخمەتجان قاسىمى بولىمەن، سىزلەردىن بىسوراق
11 بىتىمگە قول قويغان ۋەكىللەرنىڭ بىرسىمەن. مېنىڭ ھەردـ
كىتىم، دىلىم، مەقسىتىم سىزلەر بىلەن بىر. نىشانىمىز ئورـ
تاق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىڭىزلارنىڭ بىرلىكتە ئىتتىپاقلىـ
شىپ، 11 بىتىمنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن تىرىشىشىڭىزلارنى، تىنچـ
لىقنى قوغداپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ھوشيار

بولۇشىغىزلارنى تىلەيمەن».

ئامما «ياشىسۇن ئەخمەتجان ئەپەندى»، «ياشىسۇن ئەركىنلىك»، «ياشىسۇن تىنچلىق» دېگەن شوئارلارنى ياڭرىتىپ مەيداننى خۇشاللىق كەيپىياتىغا چۆمدۈردى.

ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر ئاممىۋى سورۇندىن تارقاپ ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. بۇ ئۆيدىكى ئولتۇرۇشتىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تۇيۇق غوجامغا بارىدۇ، ئاندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ئەسھابۇلكەھفنى زىيارەت قىلىدۇ، ئاندىن ئامما بىلەن خوشلىشىپ ئاستانىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى پىچان خەلقىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ، ئاستانىغا كەلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، پىچانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. لېكىن شۇ كۈنى ئابباسوپتىن ئەخمەتجاننىڭ تېز قايتىپ چىقىشى توغرۇلۇق تېلېفون كېلىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە «25 ـ فېۋرال» ۋەقەسى يۈز بەرگەنىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى رەھبەرلەر شۇ كېچىسى ئۈرۈمچىگە قاراپ ئالدىراش يولغا چىقىدۇ.

# ئەخمەت ئەپەندىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن

## مۇزەپپەر ئابدۇللايېۋ

### ھەربىي بۆلۈم چاقىرىدۇ

1946 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمى بولسا كېرەك، ئاغرىپ قالدىم. دوختۇرنىڭ رۇخسىتى بىلەن نىلقىغا چىقىپ داۋالىنىپ، بىر ئاز ياخشى بولغان چېغىمدا، ئۆزۈم تۇرغان قىسىم ــ غۇلجا زاپاس 4 ـ پولكنىڭ ئالدىنقى سەپكە يۆرۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئالدىراش غۇلجا شەھەر گارنىزونىغا كېلىپ قىسىمغا قايتىش ئۈچۈن تىزىمغا ئالدۇردۇم. شۇ كۈنلەردە، غۇلجا زاپاس 4 ـ پولك ئەسلىدىكى ئورنىدىن يۆتكىلىپ، كۈرە، سۈيدۈڭ ۋە لوسىگوڭنى بويلاپ جايلىشىپ، جەڭگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ۋە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىۋاتقانىكەن. ئەتىسى گارنىزون باشلىقى پودپولكوۋنىك غازىيېۋ «سىزنى ھەربىي بۆلۈم چاقىرىدۇ، ھەربىي بۆلۈم ھۆكۈمەت بىناسى ئىچىدە، تېز بېرىڭ» ــ دېدى.

ھۆكۈمەت بىناسى ھازىرقى ئىلى شۆبە ھەربىي رايونى ئورنىدا ئىدى. ھەربىي بۆلۈم دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىنكى سول تەرەپتىكى بىنادا ئىكەن. ئىشىكنى چېكىپ، «كىرىڭ» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ كىرسەم، قىسقا قارا بۇرۇتلۇق، ئوتتۇرا بوي بىر پودپولكوۋنىك يېزىق ئۈستىلىدە قانداقتۇر بىر ماتېرىيالنى كۆرۈۋاتقانىكەن. مەن «ھۆرمەتلىك پودپولكوۋنىك، ھەربىي بۆلۈمنىڭ چاقىرتىشى بىلەن كەلدىم. فىلدفېبىل (ھازىرقى شياۋۋېي ئۇنۋانىغا تەڭ) ئابدۇللايېۋ مۇزەپپەر» دەپ دوكلات قىلدىم. ئۇ ئادەم

كۆلۈمسىرەپ كېلىپ، مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى (ھەربىي ئىنتىزام بويىچە تۆۋەن دەرىجىلىكلەر كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قول ئۇزاتمايدۇ)

— سىزنى مەن چاقىرتقان، شەھەر گارنىزونى ئالدىنقى سەپكە بارىدىغانلارنىڭ قىسقىچە ئانكېتى بىلەن تىزىمىنى يوللىدى. غانىكەن. سىز ئىلقىلىق كەمبەغەل ئائىلىدىن ئىكەنسىز، ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغانىكەنسىز. بۇ قېتىم قورغاستا ئېچىلغان ھەربىي كۇرسنى تۈگىتىپ، ئىككىنچى قېتىملىق كۇرستا ھەربىي مۇئەللىم، شۆبە ئەترەت كوماندىرى بولغانىكەنسىز. بىز سىلەرگە ئوخشاش ئوفىتسېرلارغا موھتاج. كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى. قېنى، ئولتۇرۇڭ، — دېدى. ئۆزىمۇ ئولتۇردى.

ئۇ ئادەم سۇس ماشرەڭ گىمناستيوركا كىيىگەن، مۇرىسىز ئوفىتسېرلار رىمىنى باغلىغان، قولاقلىق بۆرۆلكا (گەلەپى) كىيگەن. پۇتىدا شۇ چاغدا ئىشچىلار كىيىدىغان شىگرىن ئۆتۈك، بېشىدا ھەربىي شەپكە بولۇپ، تولۇق ھەربىي فورمىدا ئىدى. مەن ئۇ ئادەمنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ تۇردۇم.

— مېنىڭ تۇيۇقسىز چاقىرىشىمدىن، نېمە ئىشكىن، دەپ ئويلاۋاتىسىڭىز كېرەك، — دېدى ئۇ كىشى، — ھازىر ھەربىي ئىشلار جىددىي كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بار، بىز ھەرەمباغدا ئوتدېلېنىيە، ئىزۋوت كوماندىرلىرىنى تەربىيىلەيدىغان تەلىم - تەربىيە روتىسى تەشكىل قىلدۇق، ھەر قايسى قىسىملاردىن جەڭنى باشتىن كەچۈرگەن بىر قىسىم ئوتدېلېنىيە كوماندىرلىرى، كۆپرەكى ساۋاتلىق جەڭچىلەر يىغىلدى. ئۇلارغا ھەربىي تەلىم - تەربىيە بېرىش ۋە باشقۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي ساۋاتتىن خەۋىرى بار بىر نەچچە ئوفىتسېر لازىم ئىدى. ھازىر ئىككى ئوفىتسېر بولسىمۇ بەك ئازلىق قىلىۋاتىدۇ. سىزنى شۇ يەرگە ئەۋەتمەكچىمىز. سىز تەلىم - تەربىيە روتا كوماندىرى ھەم ھەربىي مۇئەللىم بولىسىز، ئۇنىڭدىن باشقا، جەڭدە ياردار بولۇپ،

ھەربىي گوسپىتالدا داۋالىنىپ قايتىپ چىققان، لېكىن دەرھال ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىشكە بولمايدىغانلارنى ھەرەمباغقا يىغقاندۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوفىتسېرلارمۇ بار، جەڭچىلەرمۇ بار. ئۇلارنى ماغدۇرىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇدۇللۇق ئالدىنقى سەپكە ماڭدۇرۇپ تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ھەم ئۇلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىسىز.

بۇ ئىش ئىدىيەمدىن ئۆتمىدى. دادام مېنى ئەسكەرلىككە ئۇزاتقان چېغىدا: «بالام، سەن كېتىۋاتىسەن، جەڭ دېگەن ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، يارىلىنىش، قۇربان بولۇش، ئاغرىق - سىلاق، ئاچ - توق قېلىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ھالىڭدىن خەۋەر ئالىدىغان ئاتا - ئاناڭ، ئاكىلىرىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭ قېشىڭدا يوق. سەن بىللە بولغان بالىلارنىڭ چوڭىنى ئاكا، كىچىكىنى ئىنىم دەپ، بىر تۇغقان قېرىنداشتەك ياخشى ئۆت، ئەنە شۇلار سېنىڭ ھالىڭدىن خەۋەر ئالىدۇ، غەمخورلۇق قىلىدۇ. سەنمۇ ئۇلارنىڭ يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىغا ياردەملەش، ئۇلاردىن ئايرىلما» دەپ تاپىلىغانىدى. مەن پارتىزانلىق ئۇرۇشى داۋامىدا بولسۇن، غۇلجا شەھىرىدە بولغان ئۇرۇشلاردا بولسۇن، ھەربىي كۇرس داۋامىدا بولسۇن، غۇلجا زاپاس 4 - پولك كوماندانت ئىمزۇوت كوماندىرى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە بولسۇن، دادامنىڭ تاپشۇرۇقىنى دائىم ئەستە ساقلاپ كېلىۋاتاتتىم.

— ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان بولسامۇ پەقەت ئىككى يىللا ئوقۇيالىدىم، — دېدىم مەن، — يەنىلا ئۆز قىسمىمغا كەتكىنىم ياخشى. ئالدىنقى سەپتە جەڭ بولۇۋاتىدۇ، جەڭگىۋار سەپداشلىرىمدىن ئايرىلالمايمەن، — دېدىم مەن پىكرىگە قوشۇلمايدىغانلىقىمنى بىلدۇرۇپ.

ئۇ ئادەم سۆزۈمنى بۆلمەي باشتىن - ئاخىر دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، سۆزۈمنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى پەملىگەندىن كېيىن، يەنىلا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئويلايمىز، مېنىڭمۇ ئالدىنقى

سەپكە كەتكۈم بار. لېكىن، ھۆكۈمەت مېنى ئالدىنقى سەپكە ئە-ۋەتمىدى. سىزنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن، ئالدىنقى سەپكە بېرىش قىزغىنلىقىڭىز ياخشى، بۇ روھنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. لې-كىن، سىز ئويلاپ كۆرۈڭ، ھەممە ئادەم ئالدىنقى سەپكە كەتسە، ئارقا سەپتىكى ئىشنى كىم قىلىدۇ؟ ئارقا سەپ ئالدىنقى سەپنىڭ تىرىكى، ئۇلى، ئۇل بولمىسا ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. ئارقا سەپ-نىڭ ئىشى ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلغان بىلەن ئوخشاش، ئىك-كىسى بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ ھەم بىر ـ بىرىگە تايىنىدۇ، سىز بۇنى چۈشەنمىگىدەك دەرىجىدە ئەمەس. ئالدىنقى سەپكە كو-ماندىرلارنى تەربىيىلەپ ئەۋەتىشنىڭ ئۆزىمۇ ئارقا سەپتىكى بىر جەڭ. تەلىم ـ تەربىيە روتىسىدىكى 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلەپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتسەك، ئالدىنقى سەپتە 100 كو-ماندىر كۆپىيىدۇ. سىز بارسىڭىز پەقەت بىر كوماندىر كۆپىيىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە، بەلكىم سىز ئالدىنقى سەپكە بارسى-ڭىز ئون نەچچە كوماندىرنىڭ رولىنى ئوينىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما، ھازىرقى زۆرۈرىيەتتىن قارىغاندا، ئەڭ ياخشىسى يەنىلا تە-لىم ـ تەربىيە روتىسىغا بارغىنىڭىز تۈزۈك. بىز بۇنى كېلىشىپ بولغان.

بۇ كىشى «كېلىشىپ بولغان» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتتى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ، سوئال نەزەرى بىلەن ماڭا تى-كىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرى پۈتۈنلەي يوللۇق بولغاچقا، بىرەر باھانە ـ سەۋەب تېپىشقا ئامالسىز قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىشى بېكىتىپ بولۇنغانلىقىنى ئېيتتى، بۇيرۇققا بويسۇنماي نېمە ئامال بار، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئىچىمدىن ئۆت-مىسىمۇ «بوپتۇ، بارسام باراي»، ـــ دېدىم. لېكىن، مەقسىتىمگە يېتەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن روھىي كەيپىياتىم تۆۋەن ئىدى. گار-نىزونغا يولۇقمايلا بىر ھارۋىنى كىرا قىلىپ كېتىپ قالسامغۇ بۇ ئىشلار يوق ئىدى، دەپ ئويلىدىم. ئۇ ئادەمنىڭ ماڭا تىكىلىپ قارىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى خۇددى ئىچىمدىكىنى كۆرۈپ تۇرغاند-

دەك ئىدى. ئۇ يېنىمغا كېلىپ:
— تازا قىزغىن كۆرۈنمەيسىز، ھازىرچە ئىدىيىڭىزدىن تازا ئۆتكۈزەلمەي قالغان بولسىڭىز كېيىنچە ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ كېتىسىز. بىز دېگەن ھەربىي ئەمەسمۇ؟ ھەربىي دېگەن بۇيرۇقتا بوي سۇنۇپ نەگە دېسە شۇ يەرگە بېرىشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك، — دەپ مۇرەمنى قېقىپ قويۇپ، ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — خوش، ئەمدى مەقسەتكە كېلەيلى، تەلىم - تەربىيە روتىسىنى ئۈچ ئىزۋوت، ھەر ئىزۋوتنى ئۈچ ئوتدېلېنىيە قىلىپ رەسمىي تەشكىل قىلىش. ئوتدېلېنىيە كوماندىرلىرىنى جەڭ كۆرگەن، ساۋاتلىق جەڭچىلەردىن تاللاپ بېكىتىش. ھازىر بار ئىككى ئوفىتسېرنى كوماندىر ئىزۋوت قىلىش. يەنە بىرسىگە جەڭ كۆرگەن، ئوتدېلېنىيە كوماندىرى بولغان، ساۋادى ياخشىراقلىرىدىن تاللاپ بېكىتىپ، دوكلات يېزىش. ئۆتۈلىدىغان ھەربىي دەرسلەر توغرىسىدا بىر پىلان تۈزۈش. ۋاقىت ئىككى ئاي بولسا بولىدۇ. پىلان، تاكتىكا، قورال، ساپيورنى، پىيادە سەپ تۈزۈش، قاراۋۇللۇق ۋە ئىچكى خىزمەت نىزامنامىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالسۇن. ئەمما تاكتىكا بىلەن قورال 70%، ساپيورنى 15%، قالغانلىرى 15% ۋاقىتنى ئالسا بولىدۇ، تاكتىكىدا يالغۇز جەڭچى ھەم ئوتدېلېنىيىنىڭ ھۇجۇم ۋە مۇداپىئەسىنى ئاساس قىلىش. قورالدا مىلتىق، ئاپتومات، پىلىموت، گىراناتنى ئاساس قىلىش. ساپيورنىدا ھۇجۇم ۋە مۇداپىئەدىكى يالغۇز جەڭچى ۋە ئوتدېلېنىيەنىڭ ھەر تۈرلۈك ئاكوپلىرى، يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىش، كۆۋرۈك، تو-سالغۇ، پوتەيلەرنى پارتلىتىش ۋە ياساش، توساق ئورنىتىش، نە-قابىلىنىشلارنى ئاساس قىلىش؛ قالغان ۋاقىتنى قاراۋۇل ۋە ئىچكى خىزمەت نىزامنامىسى ئالسا بولىدۇ. ياردارلارغا نەزەرىيە جەھەتتىن تاكتىكا، قورال، ساپيورنىدىن دەرس ئۆتسەڭلار بولىدۇ. ئەمەلىيەتنى ئىشلەش ئۇلارغا ئېغىر كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى جەڭگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئوڭاي چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ. شۇڭا، تاك-

تىكا، قورال 80%، ساپيورنى 20% ۋاقىتنى ئالسا بولىدۇ. ھا-زىر ئۇلارغا قارايدىغان بىر دوختۇر، ئىككى سېستىرا بار، ئۇلار-نىڭ تامىقى ئايرىم بولىدۇ، مەن ئالدىنقى كۈنى باردىم، بىر ئاز قالايمىقانراق ئىكەن، ئۇدۇللۇق ياخشى بولغان يارىدارلار ئالدىنقى سەپكە مېڭىپ تۇرغاچقا، ئۇلارنى داۋاملىق رەتكە سېلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەيلى تەلىم - تەربىيە روتىسى بولسۇن، مەيلى يارىدارلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ تاماق سۈپىتىگە، ياتاق، ئاشخانا، شەخسىي تازىلىق ۋە مۇھىت تازىلىقىغا دىققەت قىلىڭ، بۇگۈنلا بېرىپ ئىشقا كىرىشىڭ. پىلاننى ئىككى كۈن ئىچىدە تۈزۈپ ماڭا ئەۋەتىپ بېرىڭ، مېنى بۇ يەردىكىلەر پودپولكوۋنىك ئەخمەت دې-يىشىدۇ. زۆرۈر ئىشلار بولسا مېنى ئىزدىسىڭىز بولىدۇ.

مەن شۇ چاغدىلا بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئەخمەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەربىي بۆلۈم دېگەننىمۇ ئاڭلىمىغا-نىكەنمەن، ھەربىي بۆلۈمنىڭ خىزمەت دائىرىسىنىمۇ بىلمەيدى-كەنمەن، كېيىن ئۇقۇشسام، ھەربىي بۆلۈم ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي ئىدارىسى بولۇپ، پۈتۈن سەپەرۋەرلىك خىزمەتلىرىگە، يەنى يېڭى ھەربىي قىسىملارنى قۇرۇش، خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش، ئالدىنقى سەپنى ئەسكىرىي كۈچلەر بىلەن تولۇقلاش، مۇناسىۋەتلىك ئور-گانلار بىلەن ماسلىشىپ، قىسىملارنى قورال - ياراق، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل ئىدارە ئىكەن.

شۇ كۈنى ھەرەمباغقا چىقىپلا تەلىم - تەربىيە روتىسىنىڭ ئىككى ئايلىق ھەربىي ئۆگىنىش پىلانى بىلەن يارىدارلارنىڭ ئۆ-گىنىش پىلانىنى تۈزدۈم. ئەتىسى تەلىم - تەربىيە روتىسىدىكى ئىككى ئوفىتسېر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ روتىنى ئىزۋوت، ئوت-دېلېنىيەلەرگە بۆلۈپ، كوماندىرلىرىنى بېكىتىپ چىقتىم. ھەر-بىي ئۆگىنىش پىلانى ۋە روتىنىڭ تەرتىپىگە سېلىنىش ئەھۋالى-نى ھەربىي بۆلۈمگە يوللىدىم. شۇ كۈنىلا «ھازىرچە مۇشۇ پىلان بويىچە ئىشلەشكە بولىدۇ» دېگەن تەستىق كەلدى. تەلىم - تەربى-

يه روتىسىدىكىلەرنى يىغىپ، روتىنىڭ تەشكىلىنى ۋە كوماندىر-لىرىنى ئېلان قىلدىم. ئاندىن دەرس پىلانى ۋە دەرس جەدۋىلىنى ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئاخىرىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بەزى تۈزۈملەرنى ۋە كۆن تەرتىپنى ئالاھىدە تەكىتلىدىم. ئەتىسى ياردارلار بىلەن سۆھبەتلەشتىم، تاماق باشقۇرغۇچىلار بىلەن پىكىرلەشتىم. ھەر كۈنى دەرس ئۆ-تەتتىم، ئەمەلىيەتتە ئىشلەتكۈزەتتىم، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنىڭ كونسپېكتىنى يازاتتىم.

## هارۋىكەش

بىر كۈنى ياردارلارغا دىكتار پىلىموتنىڭ جەڭگىۋار خۇ-سۇسىيىتىدىن دەرس ئۆتۈپ بولۇپ، تەلىم - تەربىيە روتىسىغا قايتىپ كېتىۋېتىپ، دەرۋازىدا پوست توختىتىپ قويغان بىر كالاسكىنى كۆردۈم، يېنىغا بارسام ھەربىي بۆلۈم باشلىقى پود-پولكوۋنىك ئەخمەت، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر كىشى ئولتۇراتتى. مەن ھەربىيچە سالام بەردىم:

— قاراڭ، سىلەرنىڭ قاراۋۇلىڭلار چىڭكەن، بىزنى كىرگۈ-لى قويمىدى، بۇ ياخشى ئىش، ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇندى-غانلىق، — دېدى پود پولكوۋنىك ئەخمەت. ئۇ ئادەمنىڭ سول قو-لىدا ئاتنىڭ بوجىسى، ئوڭ قولىدا بىر چىۋىق بولۇپ، كالاسكىدا خۇددى ھارۋىكەشتەك مەزمۇت ئولتۇراتتى. ھەربىي بۆلۈم باشلى-قى پۇقراچە كىيىنگەنىدى.

— خوش، ئەھۋاللار قانداق؟ — دېدى ھەربىي بۆلۈم باشلىقى مېڭىپ كېتىۋېتىپ، مەن ئاساسىي ئەھۋاللارنى قىسقىچە دوكلات قىلدىم ۋە يالغۇزلۇق تارتىپ قالغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— بىلىمەن، — دېدى پودپولكوۋنىك، — ھەربىي كۇرستا بىللە ئوقۇغان ھەم كۇرستا قېلىپ شۆبە ئەترەت كوماندىرى قو-شۇمچە مۇئەللىم بولغان ئالېكسېي دېگەن بىر رۇس بالىنى

سىزگە ياردەمچى قىلىپ بېكىتتۇق. شۇ كۈرستا ئوقۇغان يەنە بىرسىنى چاقىرتتۇق. ئۇلار ئىككى كۈن ئىچىدە كېلىدۇ. ئالىكسى ئۇيغۇرچە خەتكە چالىراق بولسىمۇ ئوقۇيالايدۇ، ئۇيغۇرچە سۆزنى راۋان سۆزلەيدىكەن. بىز بۈگۈن سىلەرنى يوقلىغاچ بۇ يەردىكى گازارمىلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرەيلى، دەپ چىققانىدۇق. گازارمىلار قانداقىراق؟ — دېدى. مەن بىر قۇر ئەھۋال تونۇشتۇردۇم.

— ھازىر بىز تۇرۇۋاتقان گازارمىلار يېڭىدىن رېمونت قىلىنغانىكەن، ئەمما، باشقا گازارمىلاردىن پايدىلىنىشقا بولمايدۇ. ئۇرۇش بولغاندا ۋەيران بولغان پېتىچە تۇرىدۇ، بەزى ئۆيلەرنىڭ ئۇستى پۈتۈنلەي ئۇچۇق، بەزى ئۆيلەرنىڭ تاملىرى ئۆرۈلگەن، كۆپىنچە ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى يوق.

ئۇلار ھەرەمباغ ئىچىدىكى پۈتۈن ئۆيلەرنى ھەتتا ھاجەتخانىلارغىچە بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى. ھەربىي بۆلۈم باشلىقى يېنىدىكى ئادەمگە «خوش، ئەنۋەر ئەپەندىم، ئۆزىڭىز كۆردىڭىز» دېدى. مەن شۇ چاغدا ئۇ ئادەمنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ئەنۋەر مۇساباييېف دېگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇلار كالاسكا يېنىغا كەلگەندە، ھەربىي بۆلۈم باشلىقى ئەنۋەر ئەپەندىگە قاراپ:

— خوش، ئەنۋەر ئەپەندىم، رېمونت قىلىشقا قانچە ۋاقىت كېتەر؟ — دەپ سورىدى.

— جىددىي تۇتۇش قىلساق ئىككى ئايچە ۋاقىت كېتەر، — دېدى ئەنۋەر ئەپەندىم ئويلىنىپ تۇرۇپ.

— ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، سىز قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلىڭ. ئۇلار مۇشۇ ئىشقا مەسئۇل بولۇپ، دەرھال كېلىپ كۆزدىن كۆچۈرۈپ پىلان تۈزسۇن. قانچە ئىشچى لازىم بولسا شۇنچىنى تەشكىللىگىنى ياخشى، ئەگەر ئىشىمىز يۈرۈشۈپ كەتسە، ئىككى ئاي ۋاقىت كەتمەس، — دېدى پودپولكوۋنىك.

— بولىدۇ، تىرىشىپ كۆرىمىز، — دېدى ئەنۋەر ئەپەندىم بېشىنى لىڭشىتىپ.

غۇلجا زاپاس 4 ـ پولك غۇلجا شەھىرىدىن قوزغىلىپ كېتىش بىلەن ئۇلار بۇرۇن تۇرغان ئۆيلەر يەرلىك ئىدارە ـ ئورگانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىۋېتىلگەنىدى. ئەمدى 4 ـ پولك ئورنىغا يېڭىدىن ھەربىي قىسىم تەشكىل قىلىنسا، ھەرەمباغقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى.

— بۇ ئەتراپتىكى خەلق بىلەن مۇناسىۋەت قىلالامسىلەر، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ھال ـ ئوقىتى، ئارزۇسى، روھىي كەيپىياتى قانداقكەن؟ — دەپ سورىدى ھەربىي بۆلۈم باشلىقى ماڭا قاراپ. مەن بۇ ئەتراپتىكى خەلق بىلەن كۆرۈشمىگەنلىكىمنى، ئۇلارنى تونۇمايدىغانلىقىمنى، ھال ـ ئوقىتىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ كىشى كۈلۈمسىرىدى.

— سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىز قاملاشمايتۇ، كەلگىنىڭىزگە ئۇزۇن بولمىدى، ئۇلگۇرەلمىگەن بولىشىڭىز مۇمكىن. ھازىرچە سىزنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ، ئەمما ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھەربىيلەر ھەرقانداق جايدا ئۆز ئەتراپىنى بىلىشى كېرەك. خەلق سىزنىڭ، بىزنىڭ، ھەممىمىزنىڭ يۆلەنچۈكى، بىز خەلقنى دەپ ئىنقىلاب قىلدۇق. بىزنى بېقىۋاتقان، قوراللاندۇرۇۋاتقان، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىۋاتقانلار ئاشۇ خەلق ئەمەسمۇ؟ بىز خەلقتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايمىز. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، تۇرمۇشىنى، تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك، ئۇلارغا قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ بېرىدىشىمىز كېرەك، بۇلا ئەمەس، ھەربىيلەرمۇ ئۆز ئەتراپىدىكى يەر شارائىتىنى بىلىشى كېرەك.

مەن ئوڭايسىزلاندىم، بۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرى ئېسىمدە چىڭ ساقلىنىپ قالدى. كېيىنكى خىزمەتلەر داۋامىدا قەيەرگە بارسام، شۇ يەرنىڭ خەلقى ۋە شارائىتى بىلەن تونۇشىدىغان بولدۇم، خەلق بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشىپ كەلدىم.

— يەنە قانداق قىيىنچىلىق، قانداق پىكرىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى پودپولكوۋنىك قايتىدىغان چاغدا.

— ھازىرچە قىيىنچىلىق يوق، لېكىن ئوق ئېتىش مەشىقى ئۈچۈن ئوقنى بەك قىسىۋەتمىسە، — دېدىم مەن تەلىپىمنى ئىزھار قىلىپ.

— ئوقنىڭ قىسلىقى قىس، قارىغا ئېلىش مەشىقىنى ئوبدان قىلىپ، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ياخشى ئۆگەنمىسە، بىر مىلتىق-قا 40 داندىن ئوق ھېسابلاپ بەرسىمۇ ئۇنى بەربىر نىشانغا تەككۈزەلمەيدۇ، قارىغا ئېلىش مەشىقىنى ئوبدان قىلىڭلار، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈڭلار، بۇ ئىنتايىن مۇھىم، ئوق ئېتىشتا بىرىنچى مەشىقنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ، ئاندىن زۆرۈر بولسا، يەنە قوشۇپ بېرىشكە بولىدۇ، — دېدى ئۇ. ئاندىن ئەنۋەر ئەپەندىمگە قاراپ: — ئەمدى باشقا ئىش بولمىسا ماڭساق بولار، — دېدى.

ئۇلار خوشلىشىپ كالاسكىغا ئولتۇردى. ھەربىي بۆلۈم باش-لىقى بوجىنى سىلكىپ، چىۋىق بىلەن ئاتقا ھەيۋە قىلدى. ئات مېڭىپ كەتتى. شۇ چاغدا بۇ ھارۋىكەش ئادەمنىڭ، كېيىنكى كۈنلەردىكى سۆيۈملۈك يولباشچىمىز ئەخمەت ئەپەندىم بولۇپ چىقىشىنى مەن نەدىن بىلەي؟

## ئىككى ئىستانكىۋوي پىلموت

تېخىچە ئۆز قىسمىمغا قايتىش ئارزۇيۇم ھەل بولمىغانىدى. تەلىم - تەربىيە روتىسىدىكىلەرمۇ يەنە 20 كۈندىن كېيىن قىسىملارغا تەقسىم قىلىنىپ كېتىدۇ، ئاندىن كېيىن مېنى نەلەر-گە ئەۋەتىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرمەي-مەنمۇ، دەپ بىر كۈنى ھەربىي بۆلۈمگە باردىم. ماشىنىست قىز «ئەپەندىم ھۆكۈمەت يىغىنىدا، قاچان چىقىدىغانلىقىنى بىلمەي-مەن» دېدى. بىر دەم ساقلاپ تۇرايمۇ ياكى ھازىر كېتىپ كېيىن كېلەيمۇ، دەپ ئويلاپ تۇرۇشۇمغا ئىككى ئادەم كېلىپ، «ئەخمەت

ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشەتتۇق» دېدى. ماشىنىست قىز ئۇلارغىمۇ ماڭا بەرگەن جاۋابنى بەردى. ئۇلاردىن بىرى «مۇشۇ خەتنى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئۆز قولىغا بېرىپ قويۇڭ» دەپ، كونۋېرتنى بېرىپ چىقىپ كەتتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقتىم. «ھەربىي بۆلۈم باشلىقى»، «پودپولكوۋنىك» دېگەن سۆزلەرگە قارىغاندا «ئەخمەت ئەپەندىم» دېگەن سۆز قولىقىمغا يېقىملىق ئاڭلاندى. ئا- تاشقىمۇ ئوڭاي ھەم قىسقا بولىدىكەن، دەپ ھېس قىلدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە بارسام، ئەخمەت ئەپەندىم بار ئىكەن. ھەر- بىي قائىدە بويىچە سالام قىلىپ، سۆزنى نەدىن باشلاشنى ئويلاپ تىك تۇرۇپ كەتسەم كېرەك، ئۇ ئادەم كۈلۈپ كەتتى:

— قاققان قوزۇقتەك تىك تۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ، قېنى ئول- تۇرۇڭ، ئىش - پىش بارمىدى؟ — دېدى. مەن ئۆز قىسمىمغا قايتىش تەلىپىنى توغرىدىن - توغرا ئوتتۇرىغا قويۇشقا پېتى- نالماي، ئالدى بىلەن تەلىم - تەربىيە روتىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە دوكلات قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا قىسمىمغا قايتىش تەلىپىمنى ئېيتتىم. ئەخمەت ئەپەندىم قولىغا قېرىنداشنى تۇتقان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئويچان ھالدا، ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. يەنە قايتىپ كېلىپ يېزىق ئۈستىلىگە يانداش قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— شۇنداق قىلىپ يەنە كېتىمەن دەڭ، تېخىچە نىيىتىڭىز- دىن يانماپسىزدە، دەسلەپتىلا ئىدىيىڭىزدىن تازا ئۆتمىگەندى، — دېدى ۋە يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا ماڭدى. بۇ مېڭىش بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاندى. ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ قولىدا يەنە بىر قېرىنداش بار ئىدى. ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ روھىي ھالىتىدىن خاپا بولغانلىق ياكى قوشۇلماسلىق كەيپىياتىنى ۋە نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. يېنىمغا كېلىپ توختاپ ما- ڭا سىنچىلاپ قاراپ كۈلۈپ قويدى: — تەلىم - تەربىيە روتىسى- نى، ياردارلارنى ياخشى باشقۇردىڭىز، بىز سىزدىن رازى، ئەمما، تەلىم - تەربىيە روتىسىنىڭ ئىشلىرى ئاياغلاشقاندا ماڭسىڭىزمۇ

بولاتتى، زادى كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، تەلپىڭىزگە قوشۇلسام بولغۇدەك، بوپتۇ، ئالدىنقى سەپكە بارىمەن دېسىڭىز بېرىڭ، ئالېكسېي ئورنىڭىزغا ۋاقىتلىق مەسئۇل بولۇپ تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئۇقتۇرۇش قىلىمىز. سىز مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ماڭسىڭىز بولىدۇ، ئالدىنقى سەپكە ئېلىپ كېتىدىغان ئىككى دانە ئىستانكىۋوي پىلىموت بار، ئالغاچ كېتىڭ.

مەن خۇشاللىقىمدىن كۈلۈمسىرىدىم.

— قورالنى تېز يەتكۈزۈشىڭىز كېرەك، دېدى ئەخمەت ئەپەندىم، — هازىر قاتناش قىيىنچىلىقىمىز بىر قەدەر ئېغىر، هارۋا، ئۇلاغلار بىلەن ئىش قىلىۋاتىمىز، ماشىنا بەك ئاز. بازارغا چىقىپ هارۋىكەشلەر بىلەن سۆزلىشىڭ، ئاتلىرى ياخشى، هارۋىسى پۇختىراقتىن بىرسىنى تېپىڭ، دېگەن مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، هارۋىكەشنىڭ قولىغا خەت يېزىپ بېرىڭ، شۇ خەتكە ئاساسەن هەربىي تەمىنات كىرا هەققىنى بېرىدۇ، — ئۇ ئىككى پارچە خەت يېزىپ مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزدى، — بىرسىنى هەربىي تەمىناتتىكى قورال باشقۇرىدىغان ئوفىستېرغا بەرسىڭىز پىلىموتنى بېرىدۇ، بىرسىنى 4 - پولك كوماندىرى قېيۇم بەگكە بېرىڭ، بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرىكى خەۋەرگە قارىغاندا 4 - پولك شتابى داخىيەنزىدە ئىكەن، سىزگە ئاق يول تىلەيمەن! — ئۇ دولامغا قېقىپ «خوش ئەمىسە» دەپ قول ئۇزاتتى، قولۇمنى شۇنداق چىڭ قىستىكى «ۋاي» دەپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدىم، بۇنى باتۇر، غەيرەتلىك بولۇپ، چىدامىلىق بولۇڭ، هوشيار بولۇڭ دېگەن سۆزسىز ئىشارىتى ۋە قەلبى، دەپ چۈشەندىم. مەن خوشلىشىپ خۇشال هالدا هەربىي بۆلۈمدىن چىقىپ ئۇدۇللا هەرەمباغقا بېرىپ ئالېكسېيغا بولغان ئىشلارنى ئېيتتىم — دە، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بازارغا چىقىپ هاشىم دېگەن هارۋىكەش بىلەن كېلىشتىم.

ئەتىسى قورال باشقۇرغۇچىغا هۆججەت يېزىپ بېرىپ، ئۈچ يەشىكنى ئالدىم. ئىككى يەشىكنىڭ تاختىيىغا ئېنگىلىزچە م.

گ. 34 «پىلىموت» دەپ يېزىلغانىكەن، يەنە بىرسىدە گېرمانكا ئوقى بار ئىكەن. ئۇ ئادەم: ئاڭلىشىمچە دۈشمەننىڭ رازۋېت ئايىروپىلانلىرى سەنتەي، سىتەي، ئۇتەي ۋە داخىيەنزى ئەتراپىغا كېلىپ پات ــ پات ئوققا تۇتۇپ، بومباردىمان قىلىپ تۇرىدىكەن، دېدى. مەن يەشىكلەرنى شۇ ئادەمنىڭ ياردىمى بىلەن سىرتقا ئېلىپ چىقىپ پىلىموتنى پارچىلاپ، بىر ــ بىرلەپ سۈرتۈپ چىقتىم. پۈتۈن تەييارلىقىم پۈتكەندى.

ھارۋىكەش ھاشىم ئاكا ئەتىسى كوچا ئاغزىدا ئىككى ئات قوشقان خادىك ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئالدىمدىن چىقىپ كەلدى. بىز نەرسە ــ كېرەكلەرنى بېسىپ يولغا چىقتۇق. كۆرە ساقچىخانىسىدا بىر كېچە قوندۇم. مەن قوراللارغا قارىغاچ ھارۋىدىلا ياتتىم. ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقىپ، لوسىگۇڭدىن ئۆتۈپ تەلكە غولىغا قاراپ ماڭغاندا، يەشىكنى ئېچىپ پىلىموتنى قۇراشتۇرۇپ، تۇز ۋە پىرقىرىتىپ ئېتىش ھەم ئايروپىلان ئېتىشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، ئارغامچىلار بىلەن پىلىموتنىڭ ئۈچ پۇتىنى ھارۋىغا چىڭ باغلاپ ئۈستىنى پالاز بىلەن يېپىپ قويۇپ لىنتىغا ئوق ئۆتكۈزدۈم. ھاشىم ئاكىنى قورقمىسۇن دېگەن مەقسەتتە، يولدا كەلگىچە، ھەر خىل ئەھۋاللارنىڭ بولىدىغانلىقىنى، ئالدىنقى سەپكە بارغىچە دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى، زۆرۈر بولسا ئېتىش ئۈچۈن پىلىموتنى تەييارلاپ قويماقچى بولغانلىقىمنى ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويغانىدىم، شۇڭا ھاشىم ئاكا بىر تەرەپتىن ھارۋا ھەيدىگەچ، بىر تەرەپتىن مېنىڭ ھەرىكىتىمگە قاراپ ھەر خىل سوئاللارنى بېرەتتى.

## ئابىدىسىز قەبرىلەر

بىز كەڭسايغا كىرىشىمىزگە ئوڭ تەرەپتىكى قاراۋۇل بىزنى توختاتتى. بۇ يەرگە شۆبە ساقچى ئەترىتى جايلاشقانىدى. سول تەرەپتىكى ئۆيلەرگە ئالدىنقى سەپ دالا دوختۇرخانىسى جايلاشقاندى.

كەن. سۇ بويىدا، كۆك چىمەنلەردە، ئورمانلىق ئىچىدە بىشىنى ئاق داكا بىلەن تېڭىۋالغان، قولىنى بويىنىغا ئېسىۋالغان، قولتۇق تاياق بىلەن مېڭىپ يۈرگەن يارىدارلارنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ ئا-رىسىدا ئاق خالاتلىق ئىككى ھەمشىرە يۈرەتتى. سول تەرەپتىكى ئالدىغا چىقىپ تۇرغان تاغ دوقمۇشىنىڭ كۈنگەي يانباغرىدىكى دۈمبەش - دۈمبەش قەبرىلەرگە كۆزۈم چۈشتى. سىرتتىن قارى-غاندا بەزى قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە كۆك چۆپلەر ئۈنگەن، بەزى قەبرىلەرگە بىر نەچچە ئاي بولغان بولسا، بەزىلىرى يېڭىلا دەپنە قىلىنغانلارنىڭ قەبرىسىدەك كۆرۈندى. بىر نەچچە ئائىلە جايلاش-قان بۇ كىچىك بېكەتتە شۇنچە كۆپ قەبرىلەرنىڭ بولۇشىغا ئە-جەبلەندىم. بۇ قەبرىلەرنىڭ تولىسى كەڭسايىنى گومىنداڭ قوشۇن-لىرىدىن تالىشىپ قىلغان ئۇرۇشلاردا قۇربان بولغان پارتىزانلار-نىڭ قەبرىسى ئىكەن. بۇ يەرگە مەخسۇس شۆبە ساقچى ئەترىتى ۋە دوختۇرخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، دوختۇرخانىنىڭ قارا ماشى-نىسى ساقايغان يارىدارلارنى ۋە دورىلارنى كېچىسى ئالدىنقى سەپكە ئاپىرىپ، ئۇرۇشتا يارىدار بولغانلارنى سەھەردە ئەكىلىدى-كەن. يولدا كەلگىچە ئېغىر يارىدارلاردىن قان كۆپ چىقىپ كې-تىپ ئۆلۈپ قالىدىغانلارمۇ بولىدىكەن. دوختۇرخانىدا بەزى يا-رىدارلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پۇت - قولىنى كېسىۋېتىشكە توغرا كېلىدىكەن، بەزىلىرى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپمۇ كېتىدىكەن. ئۇلار مانا مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. مەن چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە تاغ باغرىدىكى ئاشۇ نامسىز قەھرى-مانلارنىڭ قەبرىسىگە قاراپ تۇرۇپ كەتتىم. كۆز ئالدىمدىن خەلقنىڭ ئەركىنلىك - ئازادلىقى ئۈچۈن قوللىرىغا تاياق - توقماق، ئارا - گۈرجەكلىرىنى ئېلىپ، قوشقا قاتقان ياكى ھار-ۋىغا قاتقان ئېتىنى چىقىرىپ مىنىپ، ئات - ئۇلىغى بولمىسا پىيادە مېڭىپ كېلىپ ئۇلۇغ سەپكە قېتىلغان شۇ دېھقان پەر-زەنتلىرىنىڭ سىيماسى ئۆتتى. ئەنە، غۇبارسىز ياشلارا شۇنى دې-گەچ كېتەيكى، مەن ئاشۇ قەبرىستانلىق جايلاشقان كەڭسايدىن

كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆپ قېتىم ئۆتتۇم. ھەر قېتىم ئۆتكىنىمدە ئالدى بىلەن ئاشۇ قەبرىستانلىقتا ئىختىيارسىز قاراپ يۈرىكىم ئېچىشاتتى. كۆڭلۈمگە كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ قەبرىستانلىقتىكى قۇربانلار ئۈچۈن بىر تاش ئابىدە تىكلەش كېرەك، دېگەن ئوي كېلەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قار ـ يامغۇرلار قەبرىدىكى توپىلارنى ئېقىتىپ كەتتى، قەبرىلەرمۇ تۈزلىنىپ كەتتى. لېكىن بۇ ئىشلار رىۋايەتتىكى ھېكايىلەردەك خەلق ئاغزىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە، ئابىدىمۇ تىكلىنىپ لەمدۇق...

كەڭسايدىن قوزغىلىپ داۋانغا قاراپ ئۆرلەپ كېتىۋاتىمىز. تاغنىڭ ئىككى تەرىپى، قاپتال ۋە سايلاردا پارتىزانلارنىڭ بوران ـ چاپقۇن ۋە قاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن قارىغاي ۋە دەرەخ شاخلىرى بىلەن ياپقان گەمە، كەپىلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. يوللار ئەگرى ـ توقاي بولۇپ، كۆپلىگەن تاغ دوقمۇشى ھەم قورام تاشلاردىن ئايلىنىپ ئۆتەتتى. ئۆز ۋاقتىدا پارتىزانلارنىڭ قوراللىرى ئاز بولۇپ، بىر مىلتىقنىڭ ئارقىسىدا نەيزە ـ كالتەك تۇتقان ئونلىغان پارتىزان ھەمدەم بولاتتى. مەرگەنلەر ئادەتتىكى قوراللار بىلەن ئەشۇ دوقمۇش ۋە قورام تاشلارنى دالدا قىلىپ، گومىنداڭنىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلىرى بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشقانىدى. تەلكە داۋىنىنىڭ ئۈستىنى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىگىلىۋېلىپ، ئىككى تانكىنىڭ ھىمايىسىدە مىناميوت ۋە زەمبىرەكلەرنى ئىشقا سېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، پارتىزانلار ئەپلىك جايغا چېكىنىپ، كۆۋرۈكلەرنى چۇۋۇپ تاشلاپ، قارىغاي ۋە قورام تاشلار بىلەن تانكىنىڭ يولىنى توسقان، پىيادە ئەسكەرلىرىنى تۇشمۇ تۇشتىن ئېتىپ تۈرغاچقا، ئۇلار ئىلگىرىلىيەلمەي توختاپ قالغان. كەڭساي بىلەن تەلكە داۋىنى ئارىلىقى ئون نەچچە كىلومېتىر كېلەتتى. مۇشۇ ئارىلىقتا قەھرىتان سوغۇقتا داۋاننى تالىشىپ قىلغان كەسكىن، مۇشەققەتلىك، قانلىق جەڭ 108 كۈن داۋام قىلغانىدى. بۇ جەڭلەردە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەھرىمان پەرزەنتلىرىدىن بىر مۆز-

چىسى مەرتىلەرچە قۇربان بولغانىدى. بىز كۈن پاتمايلا داۋان ئۈستىگە چىقتۇق. داۋان ئۈستىدە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تاشتىن ياسىۋالغان پوتەيلىرى ئۆرۈلۈپ، دۆۋە - دۆۋە بولۇپ ياتاتتى، كولىغان گەمە ۋە ئاكوپلىرىمۇ گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەنىدى. سايرام كۆلىنىڭ غەربىي گىرۋىكىدىكى سىمپۇتوزا دېگەن يەردە گومىنداڭ قوشۇنلىرى قاچقان چاغدا ئوت قويۇۋەتكەن قورال - ياراق ئىسكىلاتىنىڭ خارابىلىكى، ئۆرۈلۈپ كەتكەن پوتەيلەر تۇراتتى.

سەنتەينىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىدىكى ئېگىزلىكتە ياسالغان گومىنداڭنىڭ ئۈچ پوتىيى شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ. سەنتەينىڭ شەرقىي شىمال تەرەپلىرىگە ياسالغان بەش پوتەينىڭ قالدۇق ئىزلىرى تۇراتتى. كىشىلەر ئوقەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كېسەكلىرىنى قومۇرۇۋېلىپ، ئاشخانا ۋە تونۇر ياساپتۇ. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئەسلىدىكى ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى تېشىپ ئوق ئېتىش ئۈچۈن پايدىلانغان تۆشۈكلەر شۇ پېتىچە تۇراتتى. سەنتەيگە يېقىن سايرام كۆلىنىڭ ئىچىدىكى چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان بىر كىچىك ئارالدا گومىنداڭ قوشۇنلىرى ياسىغان، باشقا پوتەيلەردىن ئالاھىدە چوڭ ھەم ئېگىز بىر پوتەي شۇ پېتىچە تۇراتتى. بۇ پوتەي سايرام كۆلى مۇز تۇتقاندا ياسالغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئوت كۈچى دائىرىسى كەڭ بولۇپ، پارتىزانلارنى خېلى قىيىنچىلىقلارغا قالدۇرغانلىقى تەبىئىي ئىدى.

كۈن ئىسسىق، ئەتراپ غىڭ ساي، ئاپتاپتىن پاناھلانغىدەك جايمۇ يوق ئىدى. بىز ھارۋىنىڭ كىچىككىنە سايىسىنى دالدا قىلىپ ئاتلارنىڭ چۆپ يېيىشىگە قاراپ تۇراتتۇق. يەر تېگىدىن ئۈنۈپ چىققاندەك تۇيۇقسىزلا بەش ئاتلىق قورallىق جەڭچى بىزنى قورشىۋېلىپ: «مىدىرلىساڭ ئاتىمەن! كۆتۈر قولۇڭنى!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇلار بىزنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى، نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى، ھارۋىدا نېمە بارلىقىنى سۈرۈشتۈردى. مەن ئۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرگىنىمدىن كېيىن ئۇلار ئىشەندى.

ئۇلار غۇلجا 4 ـ پولك 2 ـ باتالىيونىنىڭ رازۋېدكىچىلىرى ئىد-
كەن. بىز ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ تاشيول بىلەن شەرققە قاراپ
داۋاملىق يۈرۈپ كەتتۇق. مەن ھەر ئېھتىمالغا قارشى پىلىموتقا
لېنتىنى سېلىپ، قۇلاقنى دىڭ تۇتۇپ، ھاۋا بوشلۇقىنى كۆزد-
تىپ ماڭدىم. قاغجىراپ ياتقان كۆز يەتكۈسىز كەڭ دالادا تاكى
ئۇتەيگە بارغىچە سۇ دىدارىنى كۆرمىدۇق. ئوڭ تەرىپىمىزدىكى
تاغلار غەربتىن شەرققە قاراپ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتات-
تى. ئۇتەيدىمۇ گومىنداڭ قوشۇنلىرى ياسىغان پوتەيلەر، ئاكوپلار
تۇراتتى. بۇ يەردە بىرلا بۇلاق بولسىمۇ، ئۇنى گومىنداڭ قوشۇن-
لىرى قاچقاندا توپا ـ شېغىل بىلەن كۆمۈۋەتكەنىكەن. كېيىن
بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئۇتەينىڭ
شىمالىي چېتىدە شەرقتىن غەربىي شىمالغا سوزۇلغان ياپيېشىل
قومۇشلۇق چۆللۈكتىكى بىر يېشىل ياقۇتتەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
بىز بۇ يەردە بىر كۈن قونۇپ ئەتىسى داخىيەنزىگە باردۇق. ئۇ
يەردىمۇ گومىنداڭ قوشۇنلىرى مۇداپىئەدە تۇرغاندا قازغان ئا-
كوپ، خەندەك ۋە ياسىغان پوتەيلەر بار ئىدى. بۇ يەردە غۇلجا
زاپاس 4 ـ پولكىنىڭ بىۋاسىتە قىسىملىرى سانىتار پونكىتى
بار ئىكەن. كۈندۈزى ئادەتتە گومىنداڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ بوم-
باردىمان قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوچۇق ئاشكارا يۈرۈش
چەكلەنگەنىكەن. تەلىيىمىزگە يارىشا بىز سەپەر جەريانىدا گو-
مىنداڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىماي، 4 ـ پولكىنىڭ
كۆچمە قوماندانلىق شتابى جايلاشقان قاراياغاچلىق ئېچىدىكى
بىر جاڭزىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ چاغدا پولك كوماندىرى قېيۇم-
بەگ، شتاب باشلىقى ماتسوك (غۇلجىلىق رۇس) قاتارلىقلار 1 ـ
باتالىيوننى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەتكەنىكەن. مەن پولك سىياسىي
رەھبىرى ھاشىم گۆھەرباقىيېفقا دوكلات قىلىپ پولك كوماند-
رىغا قارىتىپ يېزىلغان خەتنى تاپشۇردۇم. ئۇ ئادەم ماڭا: سەن
ئاغرىپ دەم ئېلىشقا كەتكەندىن كېيىن بىز تۆيۈقسىز يولغا
چىقتۇق. شۇڭا ئورنىڭغا باشقا بىرسىنى كومىندانت ئىزۋوت

كوماندىرى قىلدۇق. سىزنى باشقا خىزمەتكە بەلگىلەيمىز، دېدى.
مەن ئەتىگەنلىكى سائەت سەككىزلەردە پولك كوماندىرى قېيۇم-بەگكە ھەربىي بۆلۈم باشلىقى يېزىپ بەرگەن خەتنى تاپشۇردۇم.
ئۇ ماڭا: سەن يەنە بىر پىلىموتنى غۇلجا 2 ـ پولكىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىپ كەلگىن دەپ، خەرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، يول-نى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى چۈشەندۈردى. خەرىتىدىكى شەرتلىك ھەربىي بەلگىلەردىن قارىغاندا، تېكەس ئاتلىق پولكى، غۇلجا 2 ـ پولكى، خۇيزۇ دىۋىزىيونى، ئارتىللېرىيە دىۋىزىيونى، شىبە ئېسكادونى، 4 ـ پولكىنىڭ 1 ـ باتالىيونى ئاساسىي ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇنلار بولۇپ، بۇلار جەنۇبىي تاغ باغرىدىن شىمالغا قاراپ بىر نەچچە ئاھالە ئولتۇراقلاشقان كىچىك مەھەللە، جاڭ-زىلار، شورتاڭلىق، قومۇشلۇقلارنى بويلاپ تەخمىنەن ئالتە كى-لومېتىر كەڭلىكتىكى ئۇرۇش سېپىگە جايلاشقانىكەن. شەرق تە-رەپتە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق مۇداپىئە لىنىيىسى-نىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسى بولغان يۇڭجىخۇ، باجاخۇلار بىر ـ بىرىگە يانداش كەلگەن، ئۇلار جىڭ دەرياسىنىڭ غەرب تە-رىپىدە بولۇپ، ئاساسىي كۆچى جىڭ بازىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىكەن. خەرىتىدىن قارىغاندا، مېنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان يولۇم 20 كىلومېتىردىن كەم ئەمەس ئىدى. مەن خەرىتىدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ چۈشەندىم، دېدىم. پولك كوماندىرى: مەن كومىندانت ئىزۋوتقا تاپشۇرۇپ قويىمەن، ساڭا بىر ئات بېرىدۇ، شۇ ئات بىلەن بېرىپ كېچىسى قايتىپ كەل، سەن يوق بولغاچقا ئورنىڭغا باشقا بىرسىنى بەلگىلىگەن. ئەمدى سەن 1 ـ باتالىيون 3 ـ رو-تىغا بېرىپ، سىياسىي يېتەكچىلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋال، دېدى. مەن سىياسىي خىزمەتنى قىلالمايمەن دېگەندىن كېيىن، پولك كوماندىرى ئويلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنداق بولسا پولك مىناميوت ئىزۋوتىغا كوماندىر بول، دېدى. مىناميوتنى نىشانغا توغرىلاش، ئارىلىقنى ئۆلچەش توغرا بولمىسا، نىشانغا تەككۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۆز ئادەملىرىمىزگە خەۋپ يەتكۈزۈپ قويۇش

ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەن مىناميوتنى نەزەرىيە جەھەتتىن بىلسەممۇ، ئەمەلىيەتتە ئىلىشتىپ كۆرمىگەن، ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن، دېدىم. پولك كوماندىرى كەسكىن ھالدا: بار، بارغىن، ئۆگەنگىن، ئۇنى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقانلار بار، دېدى. پولك كوماندىرىنىڭ ئەمدى نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ، خوپ، دېدىم.

## باتۇر شىبە ئىسكادرونى

مەن پولك كوماندىرىنىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىقىپ، پولك كۆچمە قوماندانلىق شتابىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كومېندانت ئىنزۋوتتىكى جەڭچىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ قونۇپ قالدىم. جەڭچىلەر باجاخۇ ۋە يۈگجىخۇدىكى كەسكىن جەڭ ۋە جەڭچىلەرنىڭ باتۇرلۇقلىرى ھەققىدە خۇسۇسەن باتۇر شىبە ئىسكادرونى ھەققىدە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرەمباغ ئۇرۇشىدا گومىنداڭ قوشۇنىدىن ئەسىرگە چۈشكەن گاما دېگەن خائىن ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى يوشۇرۇپ ئاكتىپ بولۇۋېلىپ، يۇقىرى ئۆرلەپ خۇيزۇ ئىسكادرونىنىڭ كوماندىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنىكەن، ئۇ 1945 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى (بەزىلەر 25 ـ كۈنى دەيدۇ) گومىنداڭنىڭ يۈگجىخۇ ئۇرۇش سېپىنىڭ ئۇدۇلىدىكى گومىنداڭغا تىغمۇ تىغ قادىلىپ تۇرغان شىبە ئىسكاندرونى، خۇيزۇ ئىسكاندرونى قاتارلىق ئۈچ ئىسكاندروننىڭ ئادەم سانى ۋە قوراللىنىش ئەھۋالى، ھەر قايسى ئىسكاندىرونلارنىڭ مۇداپىئە ئىستىھكامى ۋە يەر شارائىتى، 2 ـ، 3 ـ ئۇرۇش سەپلىرىنىڭ ئارىلىقى ۋە ئۇ يەردىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ جىڭغا ھۇجۇم قىلىغۇچى لەي خېخۋا، بەيشەر، يوجاڭيو قاتارلىق ئۈچ شىرىكىنى گومىنداڭ تەرەپكە قاچۇرىۋېتىدۇ. ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولغان دۈشمەن قوماندانلىق شتابى رازۋېت ئايروپىلانلىرىنى چىقىرىپ تەكرار كۆزىتىش ۋە بايقاشلاردىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ ياردەم كۆ -

چى يېتىپ كەلگۈچە 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۈچ ئىسكاندرونغا
تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ (بەزىلەر 29 ـ كۈنى دەيدۇ) ئايروپىلان
ئارقىلىق ھاۋادىن بومباردىمان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا زەمـ ـ
بىرەك ۋە مىناميوتلار بىلەن شىددەتلىك توپقا تۇتۇپ، خېلى بىر
قىسىم مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى ۋەيران قىلىدۇ. ئارقىدىنلا
زور كۈچ بىلەن ئۈشتۈمتۇت ھۇجۇم قىلىپ بېسىپ كېلىدۇ.
مۇداپىئەدىكى قوشۇن ئېغىر بېسىمغا ئۇچراپ قاتتىق ئېلىشىشـ ـ
تىن كېيىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. كېيىن داۋاملىق ئېـ ـ
لىشقان بولسىمۇ، دۈشمەنگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرەلمەيدۇ. گوـ ـ
مىنداڭ قوشۇنى ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ پىدائىيلارنى قاتتىق
ھالسىرىتىدۇ. ياردارلار قىپقىزىل قانلار ئېقىپ تۇرسىمۇ: «تىـ ـ
نىقىملا بولىدىكەن، ئاخىرغىچە ئېلىشىمەن» دېگەن ئىرادىسىدىن
يانمايدۇ. مۇئاۋىن ئىسكادرون كوماندىرى فۇجا ـ شىڭسەنىڭ
ئوڭ قولىغا ئوق تېگىپ قولى كارغا كەلمەي قالىدۇ. لېكىن ئۇ
«بىر قولۇم ئىشتىن چىقسا، يەنە بىر قولۇم ساق» دەپ سول قوـ ـ
لىدا ئاپتوماتتىن ئوق ئېچىپ جەڭچىلەرگە زور مەدەت بېرىدۇ.
شىبە ئىسكاندرونىنىڭ كوماندىرى نارابايانتۇ قورقماي، تەمتىرـ ـ
مەي، ئېغىر بېسىقلىق ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن جەڭگە بىر تۇتاش
قوماندانلىق قىلىدۇ. ھەمشىرە تانە (غۇلجىلىق رۇس قىزى) گە
ئوق تېگىپ ياردا بولسىمۇ، بىر تەرەپتىن جەڭ قىلىپ، بىر تەـ ـ
رەپتىن ياردارلارنىڭ يارىسىنى تېڭىپ قۇتقۇزىدۇ. بەزى ئورۇش
نۇقتىلىرىدا نەيزىلىشىش، قۇچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كېتىدۇ،
ھەر ئىككى تەرەپتىن بىر ـ بىرىگە تاشلانغان گىراناتلار پارتلاپ،
جەڭ مەيدانىنى ئىس ـ تۈتەك، توپا ـ چاڭ قاپلاپ كېتىدۇ. كەيـ ـ
باۋ دېگەن جەڭچىنىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز كەلگەن گومىنداڭـ ـ
نىڭ ئىككى ئەسكىرى «قولۇڭنى كۆتۈر» دەپ توۋلايدۇ، كەيباۋ
ئوقلاقلىق مىلتىقنى باش ئۈستىگە قويۇش بىلەن تەڭ سول تەـ ـ
رەپتىكىنى ئېتىپ، ئوڭ تەرەپتىكىنى چەبدەسلىك بىلەن مىلتىـ ـ
قىنىڭ پايىنىكىدە ئۇرۇپ يىقىتىپ، ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. مۇشۇنداق

هايات ـ مامات ئۇستىدە ئېلىشىۋاتقان خەۋپلىك مىنۇتلاردا غۇل ـ جا زاپاس 4 ـ پولكىنىڭ 1 ـ باتالىيونى شىددەت بىلەن يېتىپ كېلىدۇ، 2 ـ سەپكە چېكىنىپ جەڭ قىلىۋاتقان ئىككى ئىسكاد ـ رون باتالىيونغا ماسلىشىپ بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، ياردەمچى كۈچلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن شىبە ئەسكەرلەر ئا ـ كوپلاردىن چىقىپ قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ھۇررا سادالىرى، پارتلىغان گىرانات، ئېتىلغان ئوقلار جەڭ مەيدانىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ، مۇشۇ مىنۇتلار دۈشمەن تەرەپ شىبە ئىسكاندرونىنىڭ 4 ـ ئىزۋوت كوماندىرى سايشا باشلىق ئالتە جەڭچىسىنى ئە ـ سىرگە ئېلىپ يالاپ ماڭغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. پۇرسەت كۈ ـ تۈپ ماڭغان سايشا ياردەمچى كۈچلەر كېلىپ قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى سېزىۋېلىپ دەرھال ئىشارەت قىلىدۇ، ھوشيار كېتىۋاتقان جەڭچىلەر بىر بۇيرۇق بىلەن تەڭ ئېتىلىپ بېرىپ گومىنداڭنىڭ يالاپ ماڭغان ئىككى ئەسكىرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ مىلتىق ۋە گىراناتلىرىنى ئولجا ئالىدۇ ھەمدە تۆت تەرەپتىكى دۈشمەنگە شىددەتلىك ئوت ئاچىدۇ. بىز تەرەپتىن قايتارما ھۇ ـ جۇمغا ئۆتكەن قىسىملار دۈشمەننى ئۈچ تەرەپلەپ مۇھاسىرىگە ئېلىپ باستۇرۇپ كېلىدۇ. تەرەپ ـ تەرەپتىن زەربە يەپ گاڭ ـ گىراپ قالغان دۈشمەن مىللىي ئارمىيىنىڭ داخىيەنزىدىكى ئاساسىي ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇنى يېتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ پاتپاراقتا چۈشۈپ، جەڭ مەيدانىدا 500 دىن ئارتۇق جەسەت ۋە يارىدارلارنى تاشلاپ جىڭغا قاراپ قاچىدۇ. ياردەمگە كەلگۈچى جەڭچىلەر بىلەن قەھرىمان شىبە ئىسكاندىرونىدىكى جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، غەلىبىنى تەبرىكلىشىدۇ. ئەمگەكچان، قەھرىمان شىبە قېرىنداشلارنىڭ سادىق پەرزەنتلى ـ رىدىن تەشكىل قىلىنغان ئىسكاندرونىنىڭ داڭقى چۆل ـ جەزىرە، تاغ ـ دەريالاردىن ھالقىپ ئۈچ ۋىلايەتكە كەڭ تارقىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا قەھرىمانلىق ئۈلگىسى بولۇپ قا ـ لىدۇ، شۇنداقلا مىللىي ئارمىيىدىكى جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنىڭ

قەلبىدە ھۆرمەت نامايەندىسى ۋە پەخرى بولۇپ قالدۇ.

## جەڭ مەيدانىدا پىلىموت ئېتىشنى ئۆگىنىش

مەن ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ۋە كېيىن پولك كوماندىرى قىيۇمبەگنىڭ بۇيرۇقى بويىچە پىلىموتنى ئېلىپ داۋاملىق ئالدىنقى سەپكە قاراپ ماڭدىم. بۇ ئۇرۇش مەيدانى بولسىمۇ، بىر ـ بىرىگە قەست قىلىپ پەيت كۈتۈپ تۇرغان ھەر ئىككى تەرەپ ۋاقتىنچە چوڭقۇر خىيالغا پاتقاندەك جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى. لېكىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سەگەكلىك بىلەن بىر ـ بىرىنى پايلاپ تۇرغانلىقى شەك ـ شۈبھىسىز ئىدى. يەر ـ جاھان رەسمىي يورۇغان مەھەلدە غۇلجا 2 ـ پولكنىڭ بىر روتىسىغا يېتىپ كەلدىم. پولكنىڭ شتاب باشلىقى كىرىمنىسوفقا (شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى 35 ـ نىڭ 67 ـ بېتىدە كىرىمنوف دەپتۇ) ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ، پىلىموتنى تاپشۇردۇم.

— يەشكىتكىنى ئېچىپ جەڭگىۋار ھالەتكە كەلتۇر، — دېدى ئۇ. مەن پولك كوماندىرىنىڭ تېز قايتىپ كەل دېگىنىنى، ئالدىرايدىغانلىقىمنى ئېيتسام، ئۇ ماڭا: «بۇيرۇقنى ئىجرا قىل. بىزنىڭ بۇ يەردە بۇنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئادەم يوق، — دېدى، مەن ئۇنىڭغا قورغاستىكى 1 ـ ۋە 2 ـ قارار ھەربىي كۇرستا ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، سىلەرنىڭ پولكتا بار، دېسەم ئۇ:

— ھازىر ئۇلارنىڭ ئىشى بار. بۇيرۇق! كەتمەيسەن! ھازىر بىر ئىزۋوت كوماندىرى كېلىدۇ، بۇ يەردە بىر «كۇرس» ئېچىپ بىر نەچچە جەڭچىگە ئۆگىتىپ قويۇپ كېتىسەن، — دېدى. مەن بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

بىر ئىزۋوت كوماندىرى تۆت جەڭچىنى باشلاپ كەلدى. بىرسى ئوتدېلېنىيە كوماندىرى ئىكەن. مەن يەشكىنى ئېچىپ، پىلىموت زاپچاسلىرىنى چۇۋۇپ بىرمۇ بىر تازىلاتتىم. ئاندىن ئۇلارنى قۇراشتۇرۇش، پارچىلاش، كاشىلا بولۇشتىكى سەۋەب ۋە ئۇنى تۈزىتىش، لېنتىغا ئوق بېسىش ئۇسۇلى ۋە بۇ جەرياندىكى

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار، پىلىموتنى ئورنىتىش، بىرلەپ ـ بىرلەپ ئېتىش، قىسقا ـ قىسقا ئېتىش ۋە ئۈزۈنراق ئوق چىقىرىش، پىرقىرىتىپ ئېتىش، ئايروپىلان ئېتىشقا تەييارلاش ۋە ئۇنى ئېتىش ئۇسۇللىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن تەكرار ـ تەكرار ئۆگەتكەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىگە چۈشۈش ۋە قۇراشتۇرۇش مەشىقى ئىشلىتىپ، بىر تەرەپتىن، ھەربىر زاپچاسنىڭ رولىنى ۋە ئۇنى ئاسراشنى سۆزلىدىم ھەم ئۆزلىرىگە سۆزلەتتىم. لېكىن بۇ جەڭ مەيدانى بولغاچقا خالىغانچە ئەمەلىي ئوق ئېتىپ ئۇلگە كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇ يەرنىڭ جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ تارقالغاندا دېھقانلار بۇغدايلىرىنى يىغمۇېلىشقا ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، قوناقلىرىنى يىغمۇېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قېچىپ كەتكەنىدىكەن. چارۋىچىلار چارۋىلىرىنى ھەيدەپ تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىپتىكەن. شۇڭا ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەك، ھەتتا سوپۇندىن تارتىپ چېكىدىغان تاماكىغىچە ئارقا سەپتىن يەتكۈزۈپ بېرىلىدىكەن. دۈشمەن ئايروپىلانلىرى تاشيول، ھاۋا يولىنى بويلاپ داۋاملىق رازۋېت قىلىپ بومباردىمان قىلىپ تۇرغاچقا، ئوزۇقلۇق ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ئەھۋاللار پات ـ پات بولۇپ تۇرىدىكەن. شۇ چاغدا ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ «ھەممە ئادەم ئالدىنقى سەپكە كەتسە، ئارقا سەپنىڭ ئىشىنى كىم قىلىدۇ؟»، «ئارقا سەپ ئالدىنقى سەپنىڭ تىرىكى»، «ئارقا سەپمۇ بىر جەڭ مەيدانى» دېگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىغاندەك بولدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى.

مەن ئىستانكىۋوي پىلىموتنى ئۆگىتىۋاتقان چېغىمدا، ئىز ـ ۋوتىنكى جەڭچىلەر كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. ئۇلار بىزمۇ ئۆگىنىۋالايلى، دېيىشەتتى، ئىزۋوت كوماندىرى ئۇلارغا، ھازىرچە مۇنۇ تۆتى ئۆگەنسۇن، كېيىن ھەممىڭلارغا ئۆگىتىمىز، ئورنىڭلارغا تېز قايتىڭلار، دەيتتى.

ئىزۋوت كوماندىرى جەڭچىلەردىن ياخشىراق ئۆگىنىۋالدى،

شۇ ئارىلىقتا شتاب باشلىقى پەيدا بولدى. ئۇ جەڭچىلەرنى سىناپ كۆرۈپ، «تېخى چالا ئىكەن، داۋاملىق ئۆگەت، تولۇق ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن قايتىسەن» دېدى. بىز تۇرغان يەر ئارقىدىراق، ئويمان يەر بولۇپ، قوۋم بارخانلىرى، دەرەخ ۋە يۇلغۇنلار توسۇپ تۇرغاچقا، دۈشمەن ئاسانلىقچە پەرق ئېتەلمەيتتى. بۇ كېچە ئاشۇ يەردە تۆت جەڭچى بىلەن يېتىپ قالدىم. تاڭ ئاتقىچە دۈشمەن تەرەپتىن ئېتىلغان پىلىموت، مىلتىق ئاۋازلىرى ئاندا ـ ساندا ئاڭلىنىپ تۇردى. قارىسىغا ئاتىمۇ ياكى بىز تەرەپتىن «تىل» تۇتۇشقا بارغان رازۋېدكىچىلارغا ئاتتىمۇ بىلىپ بولمايتتى. تاڭ سەھەردە دۈشمەن تەرەپ بىر ئىككى يەردىن، كېيىن پۈتۈن سەپ بويىچە ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن بىز تەرەپتىن ئوق ئاز ئېتىلاتتى. دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بىر قېتىم بومباردىمان قىلدى، كېيىن مىناميوت، زەمبىرەكلەر بىلەن توپ-قا تۇتتى. بەزى سىنارەتلەر ئالدى ـ ئارقا ۋە يېنىمىزدىلا پارتلايتتى. مىلتىق ۋە پىلىموت ئوقلىرى ئۈستىمىزدىن ۋىد-ژىلداپ ئۆتۈپ كەتسە، بەزىلىرى يەرگە تېگىپ قۇم ـ توپىلارنى چاچرىتاتتى. مېنىڭ يېنىمدا تۇرغان جەڭچى: — دۈشمەننىڭ ئوقى جىق، بىزگە ھەيۋە قىلىپ دائىم مۇشۇنداق ئېتىپ تۇرىدۇ، بىزدە ئوق ئاز بولغاچقا ناھايىتى زۆرۈر بولغاندىلا ئاتىمىز، كۆپ ھاللاردا بۇيرۇق بويىچە نىشانلاپ ئاتىمىز. ھازىر ئېتىشىۋاتقانلار بىزنىڭ ئوڭ تەرىپىمىزدىكى قوشنا روتىنىڭ جەڭچىلىرى، — دېدى.

كۈن ئاش ۋاقتى بولاي دېگەندە بىر پودپوروچىك كېلىپ ئۆ-زىنى روتا كوماندىرى دەپ تونۇشتۇردى. بىزنى ئۆملەپ مې-ڭىڭلار، دەپ 1 ـ لىيەنگە ئېلىپ كەلدى. كەلگەندىن كېيىن پىلە-موتنى جەڭگىۋار ھالەتكە كەلتۈردۈم. 1 ـ لىنىيە بىلەن دۈشمەن ئارىلىقى يىراقراقى 500 مېتىرچە، يېقىنراقى 300 مېتىرچە كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدىم. بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدىكى دۈشمەن-نىڭ 1 ـ لىنىيىسى تەخمىنەن 400 مېتىرچە كېلەتتى. دۈشمەن-

نىڭ پوتەيلىرىنىڭ ئوق ئېتىش تۆشۈكلىرى قارامتۇل بولۇپ، خۇددى پوتەيگە بىر نەرسە چاپلاپ قويغاندەك قارا كۆرۈنەتتى. دۇشمەن ئاكوپىدا ئارىلاپ نېرى - بېرى ماڭغان ئەسكەرلەرنىڭ بېشى كۆرۈنۈپ قالاتتى. روتا كوماندىرى دۇشمەن تەرەپنىڭ جايلىشىش، قوراللىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ماڭا كۆرسەتتى.

— شتاب باشلىقىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۈگۈن مەشەدە دۇشمەننى بىر تەرەپتىن كۆزىتىپ، بىر تەرەپتىن ئەمەلىي ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىسەن، كەچتە سېنى يولغا سېلىپ قويىمەن، — دېدى ئۇ ۋە يەنە بىردەم كۆزەتكەندىن كېيىن سۆزىنى تولۇقلىدى، — دۇشمەن تەرەپ بىزنىڭ بۇ يەردە ئىستانكىۋوي پىلىموت بارلىقىنى بىلىپ قالسا بومباردىمان قىلىدۇ، شۇڭا ئوق ئاتقاندىن كېيىن دەرھال پىلىموتنىڭ ئورنىنى يۆتكەپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

كېچىچە ئوڭ - سول ۋە ئارقا تەرەپكە پىلىموتنىڭ زاپاس ئوق ئېتىش ئاكوپلىرىنى ياساتتىم.

ئارىلاپ - ئارىلاپ ئوقلار ئېتىلىپ تۇراتتى، ئادەمنىڭ كىچىككىنە يېرى كۆرۈنۈپ قالسىمۇ پوتەيلەردىن ئوق ياغاتتى. پوتەيلەر ئېگىزرەك يەرگە جايلاشقىنى ئۈچۈن، دۇشمەن ھەرىكىتىمىزنى سېزىپ قېلىپ ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىزگە ئېتىشقا باشلىدى. بىز يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالدۇق.

— مۆكۈنۈپ تۇرۇپ دۇشمەن ھەرىكىتىنى كۆزىتىڭلار، مېنىڭ بۇيرۇقۇمسىز ئوق چىقارماڭلار، — دېدى روتا كوماندىرى.

مەن دۇشمەن پىلىموتلىرىنى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان پوتەيلەردە بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغانىدىم. لېكىن ھېلىگەر دۇشمەن بىزنى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان پوتەيگە جەلپ قىلىپ، پوتەينىڭ ئوڭ ھەم سول تەرەپ ئالدىغىراق نىقابلانغان پىلىموت ئوت توچكىسىنى ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، بۇنى بايقاپ قېلىپ روتا كوماندىرىغا دېسەم، ھە، تۇنۇگۈنلا يوق ئىدى، بۈگۈن كېچىسى ياسىغان ئوخشايدۇ، دېدى ئۇ. دۇشمەن ئەسكەرلىرى مۇداپىئە لىنىيىسى بىلەن پوتەيلەر ئارىلىقىدا قاتناپ تۇراتتى،

بۇلارنىڭ باشلىرى بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي قالاتتى. ئاتايىـ مۇ، دەپ سورىغىنىمدا، روتا كوماندىرى مەنمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىـ مەن، بىراق ئوق تەگمىسە بىكار ئۆزىمىزنى ئاشكارىلاپ قويىـ مىز، دەپ تۇرۇشىغا دۈشمەن ئوت توچكىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە مۆرىسىدە بىر نەرسە كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئۈچ ئەسكەر كۆرۈنۈپ قالدى.

— ئات! — دېدى كوماندىر. مەن دەرھال قارىغا ئېلىپ ئۇزۇن ئوق چىقاردىم. روتا كوماندىرى، — بىرى يىقىلدى، دېدى. مەن تازا ئېنىق پەرق ئېتەلمىدىم. ئوق تېگىپ يىقىلدىمۇ ياكى دەرھال يېتىۋالدىمۇ بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. شۇنىڭ بىلەن ئېتىش باشلىنىپ كەتتى. روتا كوماندىرى دەرھال سول تەرەپتىكى زاپاس ئاكوپقا يۆتكىلىڭلار، دەپ تۇرۇشىغا بىر سنارەت يېنىمىزغا چۈشۈپ پارتلاپ كەتتى. مېنىڭ تىزىمغا بىر نەرسە تەگكەندەك قىلدى، توپا ـ چاڭغا كۆمۈلۈپ كەتتۇق. روتا كوماندىرىنىڭ ئوڭ يانپېشىغا ئوق تېگىپ تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، پۇتىنىڭ ھەرىـ كەت قىلىشىغا قارىغاندا سۆڭەك ساقتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يارىـ سىنى تېڭىپ داۋالاش پونكىتىغا ئېلىپ كەتتى.

بىز روتا كوماندىرى كۆرسەتكەن جايغا بېرىپ ئورۇنلاشتۇق. دۈشمەن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— بىز بىر مىنۇت كېچىكىپ قالدۇق، ئوق ئېتىپلا ئورۇن يۆتكەپ كەتكەن بولساق، روتا كوماندىرىغا ئوق تەگمەيتتى، ئۇ ياخشى كوماندىر ئىدى، — دېدى ئىززەت كوماندىرى كۆڭلى يېـ رىم بولغان ھالدا.

مېنىڭ تىزىم ئېچىشقاندەك قىلدى، قارىسام قان ئېقىۋاتىـ دۇ. ئەگەر ئوق تەگكەن بولسا پۇتۇمنى چېقىۋەتكەن بولاتتى. ئوق ئەمەس بەلكى سنارەت زەربىسىدىن چاچراپ چىققان تاش پارـ چىسى تەگكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلدىم. ئىززەتتىكى بىر جەڭچى پۇتۇمنى تېڭىپ قويدى.

مەن بۇيرۇق بويىچە ئاچقان «كۇرس» ئاياغلاشقانىدى. شۇنداق

قىلىپ مەن بۇ يەردە بىر كىچە ئىككى كۈندۈزنى بىللە ئۆتكۈز-
گەن ئىززۆت كوماندىرى ھەم تۆت جەڭچى بىلەن كونا قىەدد-
ناسلاردەك خوشلىشىپ قايتتىم. چۈنكى مەن يولباشچىمىز ئەخ-
مەت ئەپەندىمنىڭ ستانكىۋوي پىلىموتنى ئالدىنقى سەپكە يەتكۈ-
زۈش بۇيرۇقىنى تولۇق ئورۇندىغانىدىم.

ئاردىن 55 يىل ئۆتتى. ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئۈچ قېتىم
كۆرۈشكەن چاغدىكى سۆزلىرىنى ئەسلەيدىغان بولسام چوڭقۇر
ئويغا چۆمىمەن. بۇ تالانت ئىگىسى ئۆزىنىڭ تەبەسسۇم جىلۋىلد-
نىپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى، سەممىي ۋە كەمتەرلىكى، قا-
يىل قىلىش كۈچىگە باي سۆزلىرى، كېچە - كۈندۈز تىنىماي
ئىشلەيدىغان ھارماس روھى، خەلقنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە چەك-
سىز ئىشىنىدىغان، خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، دەردىگە دەرمان بولد-
دىغان ئالىيجاناب پەزىلىتى، قەيسەر كۆرەش ئىرادىسى بىلەن
قەلبىمدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ كەتتى.

# كۇچا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كۆرەڭگە كېلىشى

## توختى ئىبراھىم

1930 ـ يىلى كۇچا خەلق سەنئەت ئۆمىكى ئۇشتۇمتۇت كۇ ـ رە چېگرا ھەربىي رايونىدا پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ئۆمەكنى كۇرە ـ نىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرۇپ، جاڭ شەنسىگنىڭ ھەشەمەتلىك سارىيىغا چۇشۇرۇپ، بىرقانچە كۇن پۇقرالاردىن يوشۇرۇن تۇتتى. مەن شۇ چاغدا ھېـ ـرىپ ـ چارچاشنى بىلمەيدىغان، ئويۇن دېسە ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بالا ئىدىم. ئېگىز تام، دەرۋازا، ئۆگزىلەرگە، ئاسمان پەلەك ئۆسكەن دەرەخلەرگە چىقىش مەن ئۇچۇن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئات، كالا، ئېشەك، تۆگە، قېچىر ھەتتا تېكە، قوچقارلارنىـ ـمۇ مىنىپ چاپتۇرالايتتىم. ھېلىقى سارايىنىڭ ئىچىدىن ئاجايىپ شوخ، مۇڭلۇق، ناخشا ـ سازلارنىڭ ئاۋازى سىرتقا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نۇرغۇن بالىلار ۋە چوڭلار سارايىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، قۇلاقلىرىنى تامغا يېقىپ، دەرۋازىنىڭ يوچۇقلىرىدىن مارىلاپ، قاراڭغۇ چۇشكىچە سارايدىن چىققان نەغمە ـ ناۋانى ئاڭلايتتى. ئېشىك باقار قاراۋۇللار يىغىلىۋالغانلارنى تولا قوغلاپ چارچىغىـ ـنىدىن قارا تەرگە چۆمۇپ كېتەتتى.

بىر كۇنى باراقسان شاخلىرى ئېگىز ئۆگزىلەرنى يېپىپ تۇرغان سۆگەتلەرگە يامىشىپ چىقىپ، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ھويلا ـ ئارامدىكى تەييارلىق ئويۇنلىرىنى كۆرۇشكە مۇيەسسەر بولالىدۇق. ئەر ـ ئايال، ئوغۇل ـ قىزلاردىن تەركىب تاپقان بۇ ئۆمەكتە 30 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. بۇلار ئارىسىدا 12 ـ 13 ياشلىق ئو ـ غۇل ـ قىزلار، ساقىلى ئاقىرىشقا باشلىغان قېرىلارمۇ بار ئىدى. كىيگەن كىيىملىرى خۇددى كونا پادىشاھلىق دەۋرىدىكى

ئوردا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى. ساراي ھويلىسىغا چىرايلىق، سىپتا گىلەملەر سېلىنغانىدى، ئۆمەكتىكىلەر جاڭجۇننىڭ ھۇزۇرىدا قويۇلىدىغان ئويۇنلارنى مەشىق قىلىدىكەن. بىز ئەنە شۇ تەييارلىق ئويۇنلىرىنى ئۆگزىنىڭ لەمپىسىدىگە چاپلىشىپ يېتىپ تۇرۇپ كۆرەتتۇق.

1926 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى كورە ھەربىي رايونىغا مىللىتارىست جاڭ پېييوەن يېتىپ كەلدى. پۈتۈن كورە، سۈيدۈڭ خەلقى ۋە بارلىق ئەمەلدارلار تەلكە ئېغىزىغىچە بېرىپ، بىرقانچە ئورۇنغا نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولغان سورۇنلارنى راسلاپ ئۇنى قارشى ئالدى. ئۇ پاكار، دوغىلاق كەلگەن، سالپاڭ قۇلاق ئادەم ئىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر «گاز» ماركىلىق ئاپتوموبىل، بىر قانچە قىزىل سىرلانغان ئاپتوبۇس، بىرقانچە ھەشەمەتلىك پەيتۇنلارنى ئەكەلدۇردى. ئىككى دۆلەتنىڭ مال ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغا كەڭ يول قويىدى. ئىلىدا ئۆكسۈپ قالغان چاي، قەنت، كىرسىن، ھەرخىل رەخت ۋە خەلق ئېھتىياجلىق بۇيۇملار ئىلىغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. سوۋېت تەرەپ بىزدىن مال ـ چارۋا، يۇڭ، ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالاتتى. ئەينى چاغدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ تۈۋرۈكى مۇسابايېفنىڭ چوڭ ئوغلى ساۋۇت ئەپەندى قاتارلىقلار ئىدى. ئۇ كورە جاڭجۇننىڭ يېنىغا كۆپ بارىدىغان بولۇپ قالدى. ساۋۇت ئەپەندى ياۋروپاچە كىيىنگەن، ئېگىز بويلۇق، كۆلرەڭ چاچلىق، خۇشخۇي ئادەم ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىسى قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كېيىنلىكىدە بۇ جاڭجۇن كورە خەلقىگە ئىشىنىدىغان بولغاندىن كېيىن، كەڭ قورساق سىياسەت قوللاندى. خەلق ئۈستىدىكى بىرقانچە ئېغىر سېلىقنى ئېلىۋەتتى، پۇقرالارنى جازالايدىغان ئىشلار كۆرۈلمەيدىغان بولۇپ قالدى. چېرىكلەرنىڭ ھەمىشە پۇقرالارنى، ئوقەتچىلەرنى تاسما بىلەن بىھۇدە ساۋايدىغان قىلىقلىرى يوقاپ كەتتى. كورەدىكى ئىبراھىم باينى شاڭزۇڭلۇققا تەيىنلەپ، كورە ھەربىي رايون ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش ئە-

مەلدارلىقىغا ئۆستۈردى. ساۋۇت ئەپەندى ۋە ئىبراھىم شاڭزۇڭ قاتارلىقلار جاڭجۈننىڭ يېنىغا بىۋاستە كىرىپ چىقالايتتى. جاڭجۈننىڭ مەخسۇس ماشىنىسىنى تۇرسۇن دېگەن سوۋېتلىك ئۇيغۇر شوپۇر ھەيدەتتى. جاڭ سىلىڭ سەيلى - ساياھەتكە چىقـقاندا قارا تۇلپار ئاتلىق 40 مۇھاپىزەتچىسى گاز ماركىلىق ئاپتوموبىلىنىڭ ئىككى تەرىپى ۋە كەينىدىن چېپىشىپ، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭاتتى.

سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولاي دەپ قالدى. بىر كۈنى ئەتىگەن ئاشپىشىم ۋاقتىدا ئىبراھىم شاڭزۇڭنىڭ تۈگمەنبېشىدىكى بوستانلىقىدا كۆچا سەنئەت ئۆمىكى ئويۇن قويىدىكەن، جاڭ سەركەردە (دۇدۇ) باشلىق كاتتا ئەمەلدارلار چىقىپ بۇ ئويۇننى كۆرىدىكەن، دېگەن گەپ - سۆزلەر تارقىلىپ يۈردى. مەھەللىلەردىن تۈگمەنبېشىغا ئادەملەر سەلدەك ئېقىپ كېتىپ باراتتى. بوستانلىقنىڭ شەرق تەرىپىنى كۈرەنىڭ شىمالىدىكى يانبۇلاقتىن باشلانغان، ئايىغى ئىلى دەرياسىغا تۇتىشىدىغان چوڭقۇر يار ئايرىپ تۇراتتى. يارنىڭ تېگىدە سارىبۇلاقتىن ئېقىپ كەلگەن سۇ دولقۇنلاپ ئېقىپ ئۆتەتتى. بوستانلىقتىكى ھەيۋەتلىك، بۈك - باراقسان سەھنىگە رەت - رەت ئۇستەل - ئورۇندۇقلار قويۇلۇپ، ھەرخىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇلغانىدى. بۇ سورۇننىڭ ئالدىغا ئېسىل گىلەملەر سېلىنىپ، ئويۇن قويۇش سەھنىسى ياسالغانىدى. جاڭ سىلىڭ ئولتۇرىدىغان زىياپەت سورۇنى بىلەن ئويۇن قويۇش سەھنىسىنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق ئىدى. ھېلىقى يارنىڭ شەرقىي قىرغىقى ياشلار ۋە بالىلار بىلەن تولغانىدى. بالىلار يار بويىدىكى قويۇق دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانىدى. بوستانلىقنىڭ غەرب تەرىپى كۆتكۈچى، ئاشپەز ۋە مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن لىق تولغانىدى.

«ئۆمەك كەلدى!» دېگەن ئاۋازلار تۈگمەنبېشىنى بىر ئالدى. بىرقانچە ھارۋىغا ئولتۇرغان ئۆمەك خادىملىرى تۈگمەنبېشىغا كەلگەندە ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ئۆمەكنىڭ ئالدىدا كىچىك

پەيتۇنغا يالغۇز ئولتۇرۇپ كەلگىنى ئۆمەكنىڭ پېشۋاسى مۇ- ھەممەت ئىمىن ساتار ئىدى. 60 ياشتىن ھالقىغان بۇ مەشھۇر خەلق ھاپىزى ئۆزى چېلىپ مۇقام ئېيتىدىغان، ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان 150 يىللىق تارىخقا ئىگە تەۋرروۈك سازىنى كۆتۈ- رۈۋالغانىدى. ئۇلار ھارۋىدىن چۈشۈپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن بوستانلىقتىكىلەرگە سالام بېرىپ، سەپ بولۇپ سەھنىدىن ئورۇن ئالدى. ئۆمەك باشلىقى تۇردى ئاخۇن ئۇياق - بۇياقلارغا مېڭىپ يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۆمەكتىكى 30 نەچچە ئادەم رەڭگارەڭ قەدىمىي ئۇيغۇر كىيىملىرىنى كىيىپ، كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك تۇسكە كىرگەنىدى. بولۇپمۇ ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ كىيىملىرى ئاجايىپ چىرايلىق ۋە نەپىس ئىدى. سا- زەندىلەرنىڭ ئالدىدا ۋە قوللىرىدا دۇتار، تەمبۇر، ساتار، راۋاب، خۇشتار، غېجەك، قالۇن، نەي، سۇناي، داپ، ساپايى، چاقماق، بالمان قاتارلىق سازلار بار ئىدى. شاگىرۇتنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كورە سۇيدۇگدىكى ئەينى چاغدىكى مەشھۇر سازەندە ۋە قىزىق- چىلاردىن بارات تەمبۇر، سەلەي قىزىقچى، ساۋۇت ساتىراش (سا- تارچى)، توختاخۇن نەي، ئابدۇراخمان چاڭ قاتارلىق نۇرغۇن خەلق ھاپىزلىرى ئۆمەكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بارات تەمبۇر ھەممە سازنى چالالايدىغان ئاجايىپ تالانت- لىق، ھەييار ۋە داڭلىق ئۇسسۇلچى، ھەرقانداق سازنى ئۆزى يا- سىيالايدىغان تالانتلىق ئۇستا ئىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا 1939 - يىللىرى ئىسكىرىپكا ۋە ماندالىنلارنىمۇ قاملاشتۇرۇپ ياساپ چېلىپ داڭ چىقارغانىدى.

مانا بۇ تارىخىي ئەھمىيەتلىك قارشى ئېلىش بەزمىسىگە رى- ياسەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ھەربىي كىيىم كىيىپ، يېنىغا تا- پانچا ئېسىۋالغان ئىبراھىم شاگىرۇك ئەتىگەندىلا پەيدا بولدى. كورە دۇدۇ يامۇلىدا شىبە مۇزىكانتلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان جاڭجۇن ئىختىيارىدىكى 60 كىشىلىك دۇخوۋۇي ئوركېستىر بار ئىدى. بۇلار ئەينى چاغدا شىبە خەلقىنىڭ سەركەردىسى چاڭباخ-

شىنىڭ تۈرتكىسىدە شىبە ياشلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىد-
قىرىپ تەربىيىلەپ كەلگەندى. بۇلارنىڭ كېيىنكىلىرى پۈتۈنلەي
چار پادىشاھنىڭ دۇخوۋوي ئوركېستىر ئۆمىكىنىڭكىگە ئوخ-
شايتتى. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن كۈرە ھەربىي رايون قو-
ماندانلىق شتابى غۇلجىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، بۇ ئۆمەكمۇ
غۇلجىغا يۆتكەپ كېتىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىنمۇ
بۇ دۇخوۋوي ئوركېستىر مىللىي ئارمىيە تەركىبىدە ئۆزىنىڭ
سەنئەت پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ بىر
مەزگىل ئىلى ھەربىي رايون ئىختىيارلىقىدا ئۆز پائالىيىتىنى
داۋاملاشتۇردى.

شاڭزۇڭ چىقىپ بىر ئاشپىشىم ئۆتمەيلا دۇخوۋوي ئوركېس-
تىر دۇدۇ ياڭۇلىدىن قوزغىلىپ تۈگمەنبېشىغا يېتىپ كەلدى.
جاڭ سىلىڭ كېلىۋاتىدۇ دېگەن سادا ياڭراشقا باشلىدى. گەيشەڭ-
دىن تۈگمەنبېشىغىچە توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. تۇر-
سۇن ھەيدىگەن گاز ماركىلىق ئاپتوموبىلغا جاڭ سىلىڭ، ساۋۇت
ئەپەندى ۋە ئىككى مۇھاپىزەتچى ئولتۇرغانىدى. ۋاسىلى ھەيدىگەن
قىزىل ئاپتوبوستا ھەربىي رايون ئەمەلدارلىرى، غۇلجىدىن كەل-
گەن مېھمانلار ئولتۇرغانىدى. ئىككى گرۇزوۋاي ئاپتوموبىلدا
جاڭجۈننىڭ 40 تىن ئارتۇق مەخسۇس مۇھاپىزەتچىسى ئولتۇرغا-
نىدى. دۇخوۋوي ئوركېستىر مۇزىكىلىرىنى چېلىپ ئۇلارنى
قارشى ئالدى. شاڭزۇڭ جاڭجۈننىڭ ئالدىغا بېرىپ تازىم قىلغاند-
دىن كېيىن ئۇنىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. شۇنىڭ
بىلەن جاڭجۈن ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كۇ-
لۈمسىرەپ كوچا سەنئەت ئۆمىكىگە قاراپ چاۋاك چېلىشتى. ئۆ-
مەكتىكى تۇردى ئاخۇن، مۇھەممەت ئىمىن باشلىق ئەزالار ئۇلار-
نىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلىپ سالام بەردى.

قارشى ئېلىش بەزمىسىگە چىققان ئەزالار ئىچىدە يەرلىك
ئاقساقاللاردىن چاڭباخشى، جايىقباي، نەسرۇللا باي، ياقۇپ باي
ھاجىم، گېنېرال بېكتېيېۋ، ھەسەنەم پالتىباييېۋ، ئوسمانباي،

ياڭ شەنسىڭ، سۈيدۈڭلۈك يوغانباش (ۋاڭ شەنسىڭ) قاتارلىق بىرقانچە نوپۇزلۇق زات بار ئىدى. يەرلىك بايلاردىن مۇھەممەت ئىمىن، خۇدا بەردىباي، ئابدۇللا شەيخى زامان، ھوشۇر مۇھەممەت شاياخۇنباي، ئابدۇللا شەيخى زامان قاتارلىقلار بار ئىدى.

ئۆمەك باشلىقى تۇردى ئاخۇن جاڭجۇنگە ئۈچ تازىم قىلغاندىن كېيىن ئويۇننى باشلاشقا ئىجازەت ئالدى. ئالدى بىلەن مۇھەممەت ئاخۇن ئاكا ساتارنى مۇڭلۇق ياڭرىتىپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ چەببىيات مۇقامىنى باشلىۋەتتى. زىيايەت سورۇنى جىمجىتلىققا چۆمدى، بىرمۇنچە بوۋاي باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. قالغان سازەندىلەر مۇقامچىنىڭ ئىشارىتىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. مۇھەممەت ئىمىن ئاكىنىڭ بىر باش شەرتى بىلەن مۇقام مەرغۇللىرى باشلىنىپ كەتتى. ئاجايىپ تەڭكەش قىلىنغان مەرغۇل ئاۋازى تۆگمەنبېشى بوستانلىقىنى بىر ئالدى. جاڭجۇننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ساۋۇت ئەپەندى ئارىلاپ جاڭجۇنگە بىر نېمىلەرنى دەپ چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. مۇقام مەرغۇللىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ناخشا ـ ئۇسسۇل نەغمىلىرى مەيدانىنى بىر ئالدى. قىزلارنىڭ جۆر بولۇپ ئېيتقان ناخشىلىرى زىل ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مۇقامنىڭ ئۇسسۇل پەدىسى باشلانغاندىن كېيىن، بەقەسەم تون، چىمەن دوپپا، قىزىل ئۆتۈك كىيگەن، بېلىنى يېشىل شايى رومال بىلەن باغلىۋالغان بىر يىگىت لەرزان، كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ يالغۇز كىشىلىك سەنەم ئۇسسۇلى ئويناشقا باشلىدى. ئاندىن كېيىن كوللېكتىپ نەغمە ئۇسسۇل، نازىركوم، كۇچا ئۇسسۇلى، دولان ئۇسسۇلى قاتارلىقلار ئوينالدى. يالغۇز كىشىلىك سەنەم ئۇسسۇلى باشلانغاندا سەھنە ئۆرۈملەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئىبراھىم شاڭزۇڭ قىزىل تاۋار ياغلىق چىگىلگەن چىرايلىق تاينى، ئىككى چوڭ قوچقارنى ئۆرۈم قىلىپ، سەھنىنى ئايلاندۇرۇپ بولۇپ، بوستانلىققا باغلاپ قويدى. ئالاھەزەل ئۆرۈمە قىلىنغان 30 دىن ئارتۇق قوي، سەككىز ئات بوستانلىققا باغلىنىپ بولدى. ساۋۇت ئەپەندى ئۆمەك-

ـنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئالـتە توپ ھەرخـىل گۈللـۈك ئىسـىل رەختنى ئۆرۈمە قىلدى. ئۆمەك باشلىقى بۇ ئۆرۈملـەرنى تاپشـۇ- رۇپ ئېلىش ۋە مىنەتدارلىق بىلدۈرۈش جەريانىدا قارا تەرگە چۈ- مۈپ كەتتى. چۈشلۈك زىياپەتتىن كېيىن بارات تەمبۇر ئۆزىنىـڭ كـارامەت ئويۇنـلىرىنـى باشلىـۋەتتى. ھەيـيارلىق، دورامـچىلـىـق (ھەرخىل جانىۋارلارنى دوراش)، يەر بېغىرلاش ئۇسسۇلى، دۈككە ـ دىڭكاك ئۇسسۇلى قاتارلىق ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىپ، سورۇننـى كۈلكىگە چۆمدۈرۈۋەتتى، ھەتتا تولا كۈلۈپ قورساقلىرىنى مـۇ- جىۋالغان ئەمەلدارلارمۇ خېلى كۆرۈلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئـۆ- مەكنىڭ ئەل نەغمىلىرى تۆت سائەتتىن ئارتۇق داۋاملىشىپ تـا- ماملاندى. ئاخىـرىدا جاڭجۈن ئورنىدىـن تۇرۇپ ئۆمەك بـاشلىقـى تۇردى ئاخۇننى ئالدىغا چاقىرىپ بىر قىـزىل باغاقنى ئۆز قولـى بىلەن ئۇنىڭغا بەردى. كېيىن بىلىشىمىزچە قىزىل قەغەزدىكىسى جاڭجۈننىڭ ئۆمەككە ئاتىغان سوۋغىتىنىڭ تىـزىملىكى ئىكەن. جاڭجۈن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دەرەخكە ئىلىقلىق ھەربىي شەپكە- سىنى ئالماقچى بولغاندا، شەپكە قولىدىن چىقىپ كېتىپ ئېرىق- تىكى سۇغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ دەرھال باشقا شەپكە كىيىۋېلىپ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە دۇدۇ يامۇلىغا قايتتى.

جاڭجۈننىڭ ئايالى بەي خېنىم ئوتتۇرا ياش، بۇغداي ئۆڭ، كېلىشكەن ئايال بولۇپ، كۇچادىكى بىر تيەنجىنلىك سودىگەرنىڭ يالغۇز قىزى ئىكەن، ئۇ كۇچادىكى چېغىدا كۇچا قىزلىرى بىلەن دوستلىشىپ، ھەر خىل باغ سەيلىسى، بەزمە، قىز ئولتۇرۇشلىد- رىدا ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن بىللە بولغانىكەن. ئۇيغۇرچىنى كۇچا شېۋىسىدە راۋان سۆزلىيەلەيدىكەن، ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىيالايدىكەن، ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتالايدىكەن، چىمەن دوپپا، ئەتلەس كۆينەكلەرنى كىيىپ يۈرىدىغان چاغلىرى كۆپ ئىكەن. قۇلىقىنى تەشتۈرۈپ ياقۇت كۆزلۈك زىرە سالغانىكەن، ئۇيغۇر تائاملىرىنى ياخشى كۆرىدىكەن. بەي خېنىمنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ سەنئەت ئۆمىكى دۇدۇ يامۇلىغا بېرىپ بارلىق ئەمەلدارلارنىڭ

ئاياللىرىغا ئۈچ قېتىم ئويۇن قويۇپ بېرىپتۇ. ساۋۇت ئەپەندى، ئىبراھىم شاڭزۇڭ، تۇرسۇن شوپۇرنىڭ ئاياللىرىمۇ شۇ سورۇندا بىللە بوپتۇ. بەي خېنىم سەنئەتچىلەرگە جور بولۇپ ناخشا ئېيىتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، كۇچادا ئۆتكەن ۋاقىتلىرىنى ئەسلەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

كۇچا سەنئەت ئۆمىكى كورەدە بىر ئايدەك ئويۇن قويغاندىن كېيىن چىرايلىق ئۇزىتىپ قويۇلدى. بۇ ئۆمەكنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسىدە كورە، سۈيدۈڭلەرنىڭ خەلق سەنئەت پائالىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. 1934 ـ يىلى سۈيدۈڭدە ئابدۇراخمان چاڭ، ساۋۇت ساتىراچ، توختاخۇن نەي، ئابلەت داپ، قاسىم دۇتارلاردىن تەركىب تاپقان سازەندىلەر گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ سانائى نەفىسە ئۆمىكى ۋۇجۇتقا كەلدى. سۈيدۈڭ سەنئەتكارلىرىنىڭ پېشىۋاسى باۋۇدۇن ئاكا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانتىنى نامايان قىلىپ، سۈيدۈڭدە مىسلى كۆرۈلمىگەن سەنئەت مەدەنىيەت دولقۇنىنى بارلىققا كەلتۈردى. كورەدىكى بارات تەمبۇر ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، كۇچا سەنئەت ئۆمىكى ئىشلەتكەن ھەممە سازنى ياساپ، سازەندىلەرنى تەمىنلىدى. كورەگە كەلگەن كۇچا سەنئەت ئۆمىكى كورەدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ، مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە سەنئەت ئۇرۇقىنى چاچتى.

# تاتار خەلقىنىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىلىرى ھەققىدە ئەسلىمە

## ھاكىم جاپپار

تاتار خەلقى مەملىكىتىمىزدىكى تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەتلىك تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرى. تاتار خەلقى ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى بىللە ياشاپ كەلمەكتە. تاتار خەلقى مەملىكىتىمىزدىن باشقا دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا، بولۇپمۇ ئاسىيا بىلەن ياۋروپا تۇتىشىدىغان جايلاردا ياشىغاچقا، باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بۇرۇنراق تەرەققىي قىلغان، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا سانائىتى تەرەققىي قىلغان ھازىرقى زامان مىللەتلىرى قاتارىغا كىرگەن. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى يۈكسەلگەن، تاتارلاردا ئەنە شۇ چاغلاردىن باشلاپ سوكنو توقۇش، تېرە ـ كۆنچىلىك، مىس ئېرىتىش، كېمىسازلىق قاتارلىق ھۈنەر ـ كەسىپ كارخانىلىرى قۇرۇلغان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاتارلار ئىسلامىيەتتىن باشلاپ 20 ـ ئەسىرگىچە ئەرەب يېزىقىنى، 1919 ـ يىلىدىن كېيىن لاتىن يېزىقىنى، 1939 ـ يىلىدىن كېيىن سلاۋيان يېزىقىنى قوللانغان.

تاتار بىلەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي قانداشلىقى، تىل ئورتاقلىقى، تېررىتورىيە تۇتاشلىقى، دىنىي ئېتىقاد بىرلىكى قاتارلىق تەرەپلەردە قويۇق مۇناسىۋىتى بار، تارىختىن بېرى ئارىلىشىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قۇدا بولۇشۇپ

كەلگەن مۇشۇنداق ئالاھىدە ئۆزگىچە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنـ
جاڭنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەقـ
قىياتى جەھەتتە تاتار خەلقى مۇھىم رول ئوينىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تۇرپانلىق مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق تەرەققىپەرۋەر زاتلار روسىيە تەۋەسىدىن كۆپـ
لىگەن تاتار زىيالىيلىرىنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ ئەـ
كەلگەن، 1913 ـ يىلى روسىيە تەۋەسىدىن ھەيدەر ئەپەندى قاتارـ
لىق كىشىلەرنى ئەكەلدۈرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇرات ئەپەندى (1853 ـــ 1934) نى قازاندىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلـ
گەن. مۇرات ئەپەندى ئاۋۋال چۆچەك شەھىرىدە، 1929 ـ يىلىدىن كېيىن تۇرپاندا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، شۇ چاغدا تۇرپان ئاستاـ
نىدا «مەخسۇدىيە» نامىدىكى پەننىي مەكتەپ بارلىققا كەلگەن.

ھۆرمەتلىك ئۇستاز گۈلەندەم ئانا (1889 ـــ 1947) يولدىشى مۇھىبۇللا ئابدۇللىن ئەپەندى بىلەن بىللە 1818 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىغا كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، كېيىن چۆچەككە بېرـ
رىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا، چۆچەكتە ئاتاقلىق «گۈـ
لەندەم» مەكتىپىنى بەرپا قىلغان. گۈلەندەم ئانىنىڭ جاھالەتنىڭ قارا چۈمپەردىسىگە سولانغان، قۇل ئورنىدا خارلانغان ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت خانىم ـ قىزلىرىنى ئاشۇ زۇلمەتلىك دۇنيادىن قۇـ
تۇلدۇرۇپ، يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇزۇشتىكى جاپالىق ئەجرى، تۆھپىسى زور.

شۇ يىللاردا مەخسۇت مۇھىتى مۇھىبۇللا ئەپەندىلەر قاتارىدا ئۇفا شەھىرىدىن ئەلى ئىبراھىم، ھېسامىدىن باۋى، ئابدۇللا لوقمانوف، نىغمەتۇللا شەيخى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن.

ئەلى ئەپەندى (1900 ـــ 1974) 1919 ـ يىلى ئوقۇش پۈتـ
تۈرۈپ، سېمىپالاتىنسكى شەھىرىگە كەلگەن. ئۇ بۇ شەھەردە شىنجاڭدىن كەلگەن سودىگەرلەردىن تۇرپانلىق مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ۋە ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن تۆگە كارۋاذـ

لىرى ئارقىلىق 1919 ـ يىلى سىنتەبىردە تۇرپانغا كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ 1930 ـ يىلى بۇرھان شەھىدى، ھەيدەر سايرانى، تۆمۈر غەلى ئىسھاقوفلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1937 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچىدىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان 6 ـ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ھەمدە بۇنىڭغا قوشۇمچە تۈرلۈك مەخسۇس كۇرسلارنى ئېچىش ۋە بۇ كۇرسلارغا مۇدىرلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، شۇنداقلا بۇ مەخسۇس كۇرسلارغا دەرس بەرگۈچى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ رۇس تىلىدا تۈزگەن دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، 1937 ـ، 1938 ـ يىللىرى ئاقسۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە ئاقسۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان، 1938 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى بولغان، 1946 ـ يىلى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى تەھرىر ـ تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ، دەرسلىك تۈزۈشكە قاتناشقان ۋە شۇ يىلى ئۆلكىلىك مەركىزىي تاتار مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان، 1947 ـ يىلى بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، غۇلجىغا بېرىپ تاكى ئازادلىققىچە غۇلجىدا تاتار مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئەرلەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن، ئازادلىقتىن كېيىن ئۇزۇن ۋاقىت ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان. ئەلى ئەپەندى 1940 ـ يىلى جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىپ، 1945 ـ يىلى تۈرمىدىن چىقتى. ئەلى ئەپەندى 1956 ـ يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ سىفەن داشۆسىدە، ئىلى سىفەن مەكتەپتە ئىشلىدى، شىنجاڭ داشۆسى كۇتۇپخانىسىنىڭ باشلىقى بولدى. 1979 ـ يىلى ئەلى ئەپەندىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئەلى ئەپەندى 1929 ـ يىلى تۇرپانلىق ئۇيغۇر قىزى پاتىمە رەخمۇۋا بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ ئەر ـ ئايال ئىككىسىلا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

تاتار زىيالىيلىرىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي

خىزمەتلەردىكى تۆھپىسىنى ئىلى رايونىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك كۆرگىلى بولىدۇ. 20 ـ يىللاردىن كېيىنلا ئىلى رايونىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىدا تاتار زىيالىيلىرىنىڭ رولى كۆرۈنەرلىك بولۇپ كەلدى. غۇلجىدىكى ئاتاقلىق تاتار زىيالىيلىرىدىن ھەبىب يۇنىچى (1908 ـــ 1945)، فەرىد ئابىدى، زەينەپ ئابىدى (1905 ـــ 1985)، غارىب سىراجى، ماھىنۇر خانىم سىراجىيېۋا، مالىك بېكتېمىروف، فەرىخە ئەلى ئەكبەروۋا قاتارلىقلارنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. بۇلاردىن ھەبىب يۇنىچى، مالىك بېكتېمىروفلار گېرمانىيە ۋە تۈركىيىلەردە ئوقۇغان بولۇپ، بىر نەچچە خىل چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە كىشىلەر ئىدى. قالغان ئىسمى ئاتالغانلارمۇ مول بىلىم ـ تەجرىبىگە ئىگە پېداگوگلار بولۇپ، رۇس تىلىنى بىلەتتى. مالىك بېكتېمىروف بىلەن فەرىخە ئەلى ئەكبەروۋالار ئىلى گىمنازىيە (ئىلى بىلىم يۇرتى) نىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇپ، مېنىڭ ئۇستازلىرىم ئىدى. مالىك ئەبزى ئالگېبرا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق دەرسلەرنى، فەرىخە ئاپپاي بولسا زوئولوگىيە، ئاناتومىيە دەرسلىرىنى بېرەتتى.

ھەبىب يۇنىچى 30 ـ يىللاردىن باشلاپ، ئاساسلىقى، ئىلىدا گېزىتخانىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ يەنە ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە ئېچىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا دەرس ئۆتەتتى. ئۇ 1944 ـ يىلى قۇرۇلغان يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلات «ئازادلىق جەمئىيىتى» نىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىدىن بىرى ئىدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ناھايىتى كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغانىدى. 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى.

40 ـ ۋە 50 ـ يىللاردا غۇلجا شەھىرىدىكى بىر قانچە نۇقتىلىق مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى تاتار زىيالىيلىرى ئىدى. مە-

سلەن: غۇلجا ئۆزبېك مەكتىپى («نەمۇنە» مەكتەپ، ھازىرقى 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ) نىڭ ئىلمىي مۇدىرى رەمزىيە خانىم، غۇلجا «شەرق» مەكتەپ (ھازىرقى 11 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ) نىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئەلفىيە خەمىدىۋا، «ئۇمىد» مەكتەپ ۋە «سايرامىيە» (ھا-زىرقى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ) لەردە 1920 ـ يىلىدىن تارتىپ ئو-قۇتقۇچىلىق ۋە مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۆتەپ كەلگەن پېشقەدەم ئۇستاز زەينەپ ئابىدىۋا، غۇلجا قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىگە مۇدىر بولغان ماھىنۇر سىراجىيېۋا بىلەن رەئىسە كېرىموۋا، تا-تار مەكتەپ (ھازىرقى 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ) نىڭ مۇدىرى كې-رىم خالىد قاتارلىقلار.

شىنجاڭدىكى ھازىرقى يۇقىرى ئۇنۋانلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى ۋە كادىرلىرىنىڭ زور بىر قىسمى پېشقەدەم ئۇستاز-لىرىدىن ئىبرىكچى يۇنچى، ئابدۇلھەي ئەختەموف (1918 ـ 1978)، ۋافى يولداباييېفلارنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئىب-رىكچى يۇنچى ئۇچ ۋىلايەت ۋاقتىدا ئىلى بىلىم يۇرتىدا، ئازاد-لىقتىن كېيىن شىنجاڭ شۆيۈەنىدە فىزىكا ـ ماتېماتىكا فاكۇل-تېتىنىڭ مەسئۇلى بولغان ۋە بۇ پەنلەردىن دەرس ئۆتكەن. ئاب-دۇلھەي ئەبزى يېتىشكەن خىمىك بولۇپ، ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ داشۆسىدە تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرى-غىچە خىمىيە دەرسى ئۆتكەن. ۋافى يولداباييېف بولسا ئۇچ ۋىلايەت ۋاقتىدا ئىلى بىلىم يۇرتىدا، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ سىفەن شۆيۈەنىدە تارىخ ـ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ مەسئۇلى بولغان ۋە جۇغراپىيىدىن دەرس ئۆتكەن. مانا مۇشۇ تاتار زىيالىيلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق كۈچ چىقىرىشى بىلەن تارىختا تۇرپاندا «مەخسۇدى-يە»، چۆچەكتە «مەھمۇدىيە»، «گۇلەندەمىيە»، ئىلىدا «ھۇسەينى-يە»، «تۇرانىيە» ۋە «سايرامىيە» قاتارلىق يېڭىچە مەكتەپلەر قەد كۆتۈرگەنىدى.

غۇلجا، ئۇرۇمچى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا مەكتەپ مائارى-پىدىن باشقا، تاتار خەلقىنىڭ باشلامچىلىقىدا زامانىۋى سەنئەت

ئۆمەكلىرى (كۇرژۇكلىرى) قۇرۇلۇپ، تۈرلۈك مەدەنىي پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرىگە بولغان تەسىرى زور بولۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتتىمۇ زور ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى ئوينىدى. بولۇپمۇ ئاتاقلىق تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي، ھادى تاختاشلارنىڭ نامى كەڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا خېلى ئۇزۇندىن بېرى تونۇشلۇق. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۇلارنى ئۇستاز تۇتقاندى.

شىنجاڭدا ھازىرقى زامان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ قانات يېيىشىدىمۇ تاتار خەلقى باشلامچى بولدى، دېيىشكە بولىدۇ.

شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىشلىرىدىمۇ تاتارلاردىن چىققان بوغالتىر، ئىقتىسادشۇناسلار ئۆز تالانتىنى كۆرسىتىپ، مالىيە - بوغالتىرلىق كەسپلىرى بويىچە ئېچىلغان كۇرسلاردا دەرس ئۆتۈپ، مالىيە كادىرلىرىنى تەربىيىلىدى. ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى بىر مەزگىلگىچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ئورگان، زاۋۇت، كارخانىلىرىنىڭ مالىيە ئىشلىرىدا نۇرغۇن تاتار ياشلىرى ۋە كادىرلىرى ئىشلەپ كەلدى. مەسىلەن: ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاققاس ھاجى مىرشانوف، مالىيە نازارىتىنىڭ باش بوغالتىرى ھەم بانكا باشلىقى، ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان ھۈسەيىن مۇراتوف، ئىلى ۋە ئالتايلاردىكى ۋالىي مەھكىمىلىرىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەن رەفقەت ئەبزى، غىلاجىددىن ئەبزى، سادىق دولاتوفلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

تاتار خەلقىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسىنى ئۇلارنىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىدە ئوينىغان رولى، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھازىرقى زاماندىنلا ئالىدىغان بولساق، ئىلىنى مەركەز قىلىپ كۆتۈرۈلگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ھەبىب يۇنىچىنىڭ ئوينىغان رولى ھەم-

مگە مەلۇم. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يېقىن سەپدىشى، كېيىنكى ئىدارىسى باشلىقى بولغان، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان ئەسئەت ئىسھاقوف (1921 — 1976)نىڭ نامىنى ھەممىمىز ئېپتىخار — سېغىنىش ھېسسىياتىمىز بىلەن تىلغا ئېلىپ ئەسلەيمىز. ئەسئەت ئەبزى پىشقان تەربىيىچى ھەم تەشۋىقاتچى بولۇپ، ئەڭ كەمتەر، ئەڭ پاك — دىيانەتلىك، راست سۆزلۈك، ئاق كۆڭۈل يولداش ئىدى. مەن بىر مەزگىل ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بىللە ئىشلىدىم. ئۇنىڭ ئىشچانلىقىنى، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيىسىنى، يۈكسەك ئەخلاق — پەزىلىتىنى، توغرا ۋە ئادىل ئىستىلىنى ھازىرغىچە ئەسلەپ، ئۆزۈمگە ئۈلگە قىلىپ كەلدىم.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئاتاقلىق گېنېرالى مەرغۇپ ئىسھاقوف، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكلىرى ئايتوغان يۈنىچى، فۇئات خەمىدوف قاتارلىقلارنىڭ خەلق ئازادلىق يولىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ھەمدە ئىلقىدىن قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى پارتىزانلىق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى نامى چىققان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئالاقزادە قىلغان خەلق باتۇرلىرى ئىچىدە تاتار خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىدىن باتۇر ئاتالغان خەمىت مۇسلىموف (1944 — يىل 9 — ئايدا ئىلقا ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان)، فاتىخ مۇسلىموف، رەپىق بايچۇرىنلار دائىم ئەسكە ئېلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

دېمەك، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىدە بولسۇن، جۇملىدىن مەدەنىيەت — مائارىپ، مالىيە ئىشلىرىدا بولسۇن، تاتار خەلقىنىڭ، تاتار زىيالىيلىرىنىڭ ئەمگىكى، سىڭدۈرگەن قان — تەرى، قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن زور. مەن بۇ

ماقالەمدە تاتار زىيالىيلىرىنىڭ تۆھپىسىنى پەقەت بىر قىسىم ئۇستازلارنى ۋە يولداشلارنى ئەسلەش قاتارىدىلا يۈزەكى تونۇشتۇ-رۇپ ئۆتتۈم.

تاتار خەلقىنىڭ شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، مىللىي ئازادلىق كۈرەشلەردە خەلقنى ئويغى-تىش، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن ئۆچمەس خىزمەتلىرى سان ـ ساناقسىز. بىز شىنجاڭ تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ ئۆتكەن بۇ كىشىلەرنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز. ئۇلارنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرى ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ. بۇ كىشىلەر شىنجاڭ تارىخىنىڭ سەھىپىسىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئېلىشقا ھەقلىق.

# جەسەتنى سازايى قىلىش

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

1968 ـ يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تازا ئەۋجىگە چىقىپ، رەئىس ماۋزېدۇڭغا، كومپارتىيىگە ساداقەت بىلدۈرۈش دولقۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئەتىگەندە ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتى ئالدىدا ساداقەت ئۇسسۇلى ئويناش، ساداقەت ناخشىسى ئېيتىش، كەچتە بىر كۈنلۈك ئىشتىن دوكلات بېرىش ساداقەتنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئىدى. ساداقەت بىلدۈرۈشكە ھەربىي قىسىمدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر، كان، زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلار، يېزىلاردىكى دېھقانلار ۋە ئوقۇغۇچىلار تولۇق قاتنىشىشى كېرەك ئىدى. «ساداقەت ناخشىسى» دا:

قەدىردان ماۋجۇشى قەلبىمىزدىكى قىزىل قۇياش،  
سىزگە ئېيتار سۆزىمىز شۇنچە كۆپ بىزنىڭ.  
كۈيلەپ سىزنى تۈگىمەس ناخشىمىز بىزنىڭ،  
كۈيلەپ سىزنى زور ھاياجاندا.  
باقار ئىللىق چىرايلار قىزىل قۇياشقا،

بىز سىز ئاتىمىزغا چەكسىز ئۇزۇن ـ چەكسىز ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز.

دېگەنگە ئوخشاش مىسرالار بار ئىدى.

قاراقاش ناھىيىسىدە 1968 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئەتىگەندە يېڭىشەھەر كەنتىنىڭ 1 ـ مەھەللىسىدىكى دېھقانلار «ساداقەت ئۇسسۇلى» ئويناش ئالدىدا ئەترەت باشلىقى توختاخۇن يوقلىما قىلىپ، مەمتىمىننىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلدى.

هاشىخان دېگەن ئايال توختاخۇننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن مەمتىمىننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنى ئويغاتتى. مەمتىمىن دادىسى كېسەلدە، ئىنىسى ئەلەم كۈرىشىدە ئۆلۈپ كەتكەن تىكەندەك يالغۇز ئوغۇل ئىدى. مەمتىمىن هازىرلا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. توختاخۇن هاشىخاننىڭ يالغۇز كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— مەمتىمىننى نېمىشقا بىللە ئېلىپ كەلمىدىڭىز؟ كەينىڭىزگە قايتىپ، دەرھال ئۇنى بىللە ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى. هاشىخان كەينىگە يېنىپ مەمتىمىننىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

— تېز بولۇڭ، شياۋدۈيجاڭ ئاچچىقلاپ قالدى، — دېدى. مەمتىمىن:

— كىيىمىمنى كىيىۋاتىمەن، هازىرلا باراي، توختاخۇن مەن بىلەنلا قاپتىمغۇ؟ — دېدى. هاشىخان توختاخۇننىڭ يېنىغا كېلىپ، گەپتىن گەپ تۇغدۇرۇپ:

— مەن توختاخۇننىڭ X نى بىرنېمە قىلمىدىم. مەن بارمىسامۇ ناخشىسىنى ئوقۇۋەرسۇن، — دېدى دەپ تۇرۇشىغا مەمتىمىن كېلىپ قالدى. توختاخۇن مەمتىمىنگە:

— نېمىشقا شۇنداق دەيسەن، — دەپ ھۆركىرەپ دېۋەيلەپ كەلدى. مەمتىمىن ئۇنداق دېمىگەنلىكىنى دەپ تۇرسىمۇ، توختاخۇن ئۇنىڭ ياقىسىنى بوغۇپ:

— ئاشۇ گېپىڭنى مېنىڭ ئالدىمدا يەنە بىر دېگىنە، — دەپ ۋارقىراپ، 18 ياشلىق مەمتىمىننى ئاستىغا بېسىۋېلىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. مەمتىمىن مۇشتقا چىدىيالماي «توۋا قىلدىم» دېگەن مەنىدە «ماۋجۇشى ياشىسۇن!» دەپ توۋلىدى. لېكىن توختاخۇن ئۇنى ئۇرۇۋەردى. مەمتىمىن جان ئاچچىقىدا يانچۇقىدىكى پىچىقنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزىنى بېسىپ تۇرغان توختاخۇننىڭ بوينىغا تىقتى. پىچاق ئىتتىك بولغاچقا، توختاخۇننىڭ بويۇن تومۇرىدىن ئوقتەك قان ئېتىلىپ چىقىپ شۇ يەردىلا جان بەردى.

«سادىق بولۇشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن قاتىل، نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» مەمتىمىن دەرھال تۇرمىگە قامالدى. ئىنقىلابىي

ئامما (ئاساسلىقى توختاخۇننىڭ تۇغقانلىرى) ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئالدىغا كېلىپ، مەمتىمىننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئايرىم كامېرغا سولاپ قويۇلغان مەمتىمىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى. چاپىنىنى يىرتىپ يىپ ئېشىپ، كامېرنىڭ ئىچىدە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى.

ھازىرقى ناھىيىلىك تۇرلۇك ماللار شىركىتىنىڭ ئۇنىۋېر ـ سال ماگىزىنىنىڭ ئورنى ئەسلىدە ئېگىز مازارلىق ئىدى. 1966 ـ يىلى يازدا لاي ئېقىتىپ تۈزلەندى. 1967 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ يەر ناھىيە بويىچە چوڭ يىغىن مەيدانى بولدى. يىغىن سەھنىسىـ نىڭ ئالدىدىكى لوزۇنكا، پلاكات ئېسىلىدىغان دار شەكىللىك ياـ غاچ قۇرۇلما ئاشۇ كۈنى بەئەينى دارنىڭ ئۆزىلا بولغانىدى.

ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سەھنىدە مەمتىمىننىڭ جىنايىتىنى ئوقۇدى ۋە «جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆلۈۋالغان نەق ئەكسىلئىنقىلابچى دارغا ئېسىلسۇن» دەپ ھۆكۈم ئېلان قىلدى. مەمتىمىننىڭ بويىنىغا سېلىنغان سىرتماق تارتىلىپ، جەسەت تۆت مېتىر كۆتۈرۈلگەندە ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپ، جەسەت يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەيدانغا يىغىلـ غانلار 2000 دىن ئارتۇق كىشى بولۇپ، ھېچكىمنىڭ يىغلىشى ۋە كۈلۈشىگە رۇخسەت يوق ئىدى. ھېيت قاسىم، باۋۇدۇن، ئەـ مەتجان، تۇرسۇننىياز دودەن قاتارلىق يەتتە «ئۇنسۇر» بۇيرۇققا بىنائەن جەسەتنى شەھەر رەستىلىرىدە سۆرەپ سازايى قىلدى. جەسەت تاشتىن ـ تاشقا سوقۇلۇپ، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل بوـ لۇپ كەتتى. «ئىنقىلابىي ئامما» ۋەكىللىرى «ئۇنسۇر»لارغا:

ـــ تېز يۈگۈرۈپ سۆرىگىن، ـــ دەپ ھەيۋە قىلاتتى. ئۇلارـ دىن بىرسى تېز ماڭمىدى دەپ ھېيت قاسىمنىڭ پۇتىغا نەيزە سانجىدى. يەنە بىر «ئۇنسۇر» يولبويى جەسەتنى يوغان تاياق بىلەن ئۇرۇپ «ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى»نى نامايان قىلـ لىپ ماڭدى. «ئۇنسۇر»لار جەسەتنى سۆرەپ شەھەر كوچىلىرىنى

ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، دەريا بويىغا سۆرەپ چىقتى. «ئىنقىلابىي ئاما» ۋەكىللىرى جەسەتنىڭ بويىنىنى سۆگەتنىڭ ئاچقىسىغا ئېسىپ، ئاستىغا پاخال دۆۋىلەپ، بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇۋەتتى. جەسەتنىڭ پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالدى. كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن جەسەتنى دەريا بويىغا كۆمۈپ قويۇشتى.

بۇ ئىش بۇ مۇدھىش ۋەقەگە شاھىت بولغان كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق.

# تار جىلغىسىدىكى قانلىق جەڭ

## مەتمىن ياسىن

1935 ـ يىلى 24 ياش ۋاقتىم ئىدى. كۆز پەسلىدە مەھمۇت
شىجاڭنىڭ 6 ـ شى 32 ـ تۇەن 2 ـ لىيەن (لىيەنجاڭ تۇرپانلىق
ھەمدۇل ئىدى) 3 ـ پەي (پەيجاڭ ئاقسۇ ناھىيە ئايكۆل يېزىسى ـ
دىن باسىت قارى بولۇپ، 1933 ـ يىلى تۆمۈر شىجاڭغا قوشۇلۇپ
كەلگەنلەردىن ئىدى)، 2 ـ بەندە (بەنجاڭ قومۇللۇق ھېمىت ئى ـ
دى) ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن ئەسكەر بولدۇم. ئۇ چاغدا مۇئاۋىن
تۇەنجاڭ مۆيدىن قاماقتا ئىكەن، بوساق تۇەنجاڭ ئىدى. 1937 ـ
يىلى 4 ـ ئايدا مەھمۇت شىجاڭ ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەندىن
كېيىن، يەكەندىكى 34 ـ تۇەن، يېڭىساردىكى 33 ـ تۇەن ۋە
قەشقەر شەھىرى دۆڭباغدىكى 32 ـ تۇەننىڭ كۆپ قىسمى خو ـ
تەندىكى ماخۇسەن قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، شىڭ شىسەيگە
قارشى تىغ كۆتۈردى. بىز قوزغىلىپ چىققاندىن كېيىن، 6 ـ
شىنىڭ بىر قىسىم ئەسكىرى بىزگە قوشۇلدى، قالغانلىرى قۇر ـ
بان سەئىدى (6 ـ شىدا شتاب باشلىقى) ۋە رۇس مەسلىھەتچى ـ
لەرنىڭ دەۋىتى بىلەن يېڭىشەھەرگە چىقىپ كېتىپ، شىڭ شى ـ
سەي ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇردى. شۇنداق قىلىپ، قوشۇن توق ـ
سۇنلۇق ئابدۇنىياز كامالنى دىۋىزىيە باشلىقى، تۇرمىدىكى مۆي ـ
دىننى (كورلا شەھەر ئىچىدىن) شتاب باشلىقى قىلىپ تىكلەپ،
ماخۇسەننىڭ قول ئاستىدىكى مافۇيۈەن قىسىملىرى بىلەن ماس ـ
لىشىپ يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر مارالبېشى ۋە ئاقسۇ، شايار،
كۇچالارغىچە ئۇرۇش قىلىپ بېرىپ، شىڭ شىسەينى خېلىلا تەم ـ
تىرەتتۇق. ئادەم سانىمىزمۇ 8000 دىن ئېشىپ يەتتە تۇەن بولۇپ
كېڭەيدى.

ئاقسۇ دەريا خان كۆۋرۈكى بويىدا ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق تىركىشىپ قالدۇق، ئەسكەرلىرىمىز قورال - ياراغ، ئوق - دورىلار كەمچىل، تەمىنات يېتىشمىگەن ئەھۋالدا بەرداشلىق بېرىپ ئۇرۇش قىلدى. مارالبېشى، كەلپىن، ئاۋات، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇنىڭ جەنۇبى - دەريانىڭ بۇ قېتى بىزنىڭ ئىشغالىيىتىمىزدە ئىدى.

قىسىملىرىمىز ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئايكۆل يېزىسى دائىرىسىدە تۇرۇۋاتقاندا، شىڭ شىسەي تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم سورىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ماشىنىلاشقان بىر قىسىم قىزىل ئارمىيىنى ئۇلۇغچات ئارقىلىق شىجاڭغا كىرگۈزدى. شىڭ شىسەينىڭ چېگرا ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى ئۇلارغا ماسلاشتى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن بىر بۆلىكى يەكەن، خوتەن تەرەپكە، بىر بۆلىكى مارالبېشى، ئاقسۇ تەرەپكە ھۇجۇمغا ئۆتتى، بىز بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال كەلپىندىن ئۇچتۇرپانغا چېكىندۇق. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى قوغلۇغۇقتىن، ئايروپىلانلىرى ھاۋادىن ھۇجۇم قىلاتتى. بىز ئۇچتۇرپاندىن ئايكۆلگە چېكىندۇق. قىزىل ئارمىيە ئايروپىلانلىرى بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كېلىپ بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى. ساي ئېرىقتىكى ئىمىن ئاكىنىڭ قورۇسىغا بومبا چۈشۈپ قورۇنى كۆكۈم تالقان قىلىۋەتتى. ئايروپىلانلار يەر بېغىرلاپ ئۇچقانلىقتىن، قىسىملىرىمىز ساي ئېرىقتا ئاددىي مىلتىق بىلەن بىر ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈپ رۇس ئۇچقۇچىنى ئەسىر ئالدى، بۇ ئۇچقۇچى ئېگىز بوي، چېقىر كۆز بولۇپ، ئىنتايىن ھاكاۋۇر ئىدى.

بىز يۇقىرىلارنىڭ ئەمىرلىكىنى ئويلاپ، ئايكۆلدىكى ئاھالىلەر رايوندىن چېكىنىپ يانئېرىق، قومباش، بەشئېرىق ئارقىلىق ئاۋاتقا، ئاندىن ئاۋات غورۇچۆلگە چېكىندۇق، چۆل - جەزىرىلەردە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. بومباردىمان قىلىۋاتقان ئايرو-

پىلانلار ئايكۆل كونا بازار ئىچىدە پەس ئۇچۇپ يۈرگەندە، ئۇلاردىن بىرىنىڭ قانىتى كونا بازار بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى كۆۋرۈك بېشىدا يوغان تېرەككە سوقۇلۇپ كېتىپ پاچاقلاندى. 2 ـ كۈنىگىچە كۆرگىلى كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. كېيىن بۇ ئايروپىلان سۇنۇقلىرىنى ھۆكۈمەت تەرەپ ھارۋا، تۆگىلەرگە ئارتىپ ئاقسۇغا ئېلىپ كەتتى.

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ۋە شېڭ شىسەي قىسىملىرى ھۇجۇمنى كۈچەيتىپ بىزگە زادىلا ئارام بەرمىدى، قىسىملىرىمىزنىڭ بىر بۆلىكى يانئېرىق ئارقىلىق، بىر بۆلىكى قۇمباش ئارقىلىق ئاۋاتقا چېكىندى.

قىسىملىرىمىز غورۇچۆلدىكى چاغدا ئۈزۈندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بەزىبىر ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن، مافۇيۈەن قىسمى بىلەن ئارىمىز بۇزۇلدى، سۈركىلىش كۆپەيدى، شۇ ئارىدا سايئېرىقتا بىزگە ئەسىرگە چۈشكەن رۇس ئۇچقۇچىسى سوۋېت ئايروپىلانلىرىنىڭ ماسلىششى بىلەن قېچىپ كەتتى. بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا يىغىلىش بۇيرۇقى بېرىلدى، بىز ھەممىمىز سىدىق كۆۋرۈكى بويىغا يىغىلدۇق، مافۇيۈەن قىسىملىرىمۇ يىغىلدى، ئابدۇنىياز شىجاڭ باشلىق تۇەنجاڭلارمۇ بار ئىدى. شاپ بۇرۇت، ئاق سېرىق، چېقىر كۆز، ئېگىز گەۋدىلىك مۆيدىن تۇەنجاڭ يالاڭباش، ئاق خەسىدىن كۆڭلەك ـ تامبال كىيگەن، قولى باغلانغان ھالدا بىر بەن قوراللىق ئەسكەر تەرىپىدىن يالاپ ئېلىپ كېلىندى. باشلىقلار ئۆزئارا بىر نېمە دېيىشىپ ئاندىن بىزگە:

— ئۇ ئىنقىلابقا خائىنلىق قىلدى، كىم چاپىدۇ! ـ دەپ جاكارلىدى. بۇنى ئاڭلاپ ھەممىمىزنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئەسكەرلەرگە غەمخور كىشى ئىدى. شۇڭا ئۇنى قەتلى قىلىشقا ئادەم چىقمىدى. ئاڭغىچە مۆيدىن تۇەنجاڭ ئىككى رەكەت تۆۋۋە ـ ئىستىغفار نامىزى ئوقۇۋالدى. جاكار قايتا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، 3 ـ لىيەندىن ئەيسا ئىسىملىك بىرى چىقىپ:

— ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت دەپتىكەن، مانا مەن

چاپىمەن ـ دېگىنىچە قىلىچىنى يالىڭاچلاپ كېلىپ يوكۈنۈپ ئولتۇرغان مۆيدىن تۆەنجاڭنىڭ گەجگىسىگە چاپتى، ئەتراپ سۈر ـ لۈك تۈس ئالدى، باش ئۈزۈلمىگەچكە، ئەيسا ئۇنىڭ مەيدىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ 2 ـ قېتىم قىلىچ ئۇرۇپ بېشىنى ئۈزۈۋەتتى، ناھايىتى كۆپ قان چىقتى. باش بىلەن تەن بىرلىكتە توغراق مازاردىكى بىرتۈپ توغراقنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ تاشلانغاندىن كېـ ـيىن، قىسىملار ئۆز رېتى بويىچە ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلارغا قايـ ـتىشتى.

مۆيدىن تۆەنجاڭنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ئىلگىرى ـ كېيىن ھەرخىل گەپلەر چىقتى. بەزىلەر مۆيدىن تۆەنجاڭ كېيىن ئاينىپ شىڭ شىسەي تەرەپكە بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن مەلۇمات بەرگەنـ ـكەن، مەلۇمات يېرىم يولدا قولغا چۈشۈپ قاپتۇ دېيىسە، بەزىلەر رۇس ئۇچقۇچىنى مۆيدىن تۆەنجاڭ قاچۇرۇۋەتكەنمىش دېيىشتى. يەنە بەزىلەر مۆيدىن تۆەنجاڭ تۇڭگان قىسىملىرى بىلەن كېلىـ ـشەلمىگەچكە، تۇڭگانلارنىڭ بېسىمى بىلەن چېپىلغان دېيىشتى. بىز ئۇ چاغلاردا ئاددىي ئەسكەر ئىدۇق. شۇڭا ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋىرىمىز يوق ئىدى.

سوۋېت ـ شىڭ شىسەي قىسىملىرى ئايروپىلانلارنىڭ مۇھا ـ پىزىتىدە بىزگە غورۇچۆلدە قاتتىق ھۇجۇم باشلىدى. تايانچ بازد ـ ـمىز يوق، ئوق ـ دورىمىز كەمچىل، قورال ـ ياراغلىرىمىز ناچار بولسىمۇ، تەسلىم بولماي جان تىكىپ ئېلىشتۇق، ئەمما ئاخىد ـ ـرىدا يەنىلا بەرداشلىق بېرەلمەي غورۇچۆلدە تارمار بولۇپ، قارا ـ كۆل، مارالبېشى، خوتەن دەرياسى، شايار تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ چېكىندۇق. شۇ ئارىدا مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەنىدى. دۈش ـ مەنلەر تېخى غورۇچۆلگە باستۇرۇپ كېلىش ئالدىدا ھەمدۇل لىيەنجاڭ شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن مېنى توختى ئىسىملىك يەكەنلىك ئەسكەر بىلەن بىرگە قوغلاپ كېلىۋاتقان قوشۇننىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۈچ كىلومېتىر ماڭغاندا قۇم دالىدىسىدىن بىزگە قارىتىپ ئوق ئېتىلدى. توختىنىڭ ئېتى

ۋە ئۆزىگە ئوق تېگىپ شۇ يەردىلا ئۆلدى. دەرھال يېتىپ ئېتىش-تىم. بىر چاغدا بىرسى ئارقامدىن «قولۇڭنى كۆتۈر!» دېۋىدى، كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىسام، مېنى ئەسىر ئالغىنى شىپاڭ شىسىەي قىسىملىرىنىڭ ھەربىي فورمىسىنى كىيگەن، ئېگىز بويلۇق، 25 ياشلار چامىسىدىكى بۇغداي ئۆڭلۈك بىر ئۇيغۇر يىگىت ئىكەن. ئۇ ئاۋۋال مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىدى، مەن يوشۇرماي ھەممىنى دەپ بەردىم. ئۇ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى، ئۇنىڭ ئىسمى ئۆمەرجان كېرەم بو-لۇپ، مارالبېشىلىق ئىكەن، 1933 ـ يىلى تۆمۈر شىجاڭغا ئەس-كەر بولۇپ، كېيىن مەھمۇت شىجاڭنىڭ 6 ـ شى 31 ـ تۇەنىدە تۇرغانىكەن. بۇ قېتىم ئاشۇ تۇەننىڭ بىر يىڭى خوتەنگە، بىر يى-ڭى يەكەنگە، بىر يىڭى ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەندە، ئۆمەرجان كېرەم مۇشۇ يىڭ تەركىبىدە رۇس ـ قىرغىز تۇەنلىرىگە ماسلىشىپ بىزگە قارشى جەڭ قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەنىكەن.

— ئەڭ ياخشىسى ئەسكەر بولمايدىغان گەپ ئىكەن، ئەسلى قېرىنداش قىسىم ئىدۇق، مانا ئەمدى بىر ـ بىرىمىزنى قىرىپ يۇرىمىز، نېمە ئامال، سىلەردىن بىرسى ئۆلۈپتۇ، بىزمۇ ئىككەي-لەن رازۋېدكىغا چىققانىدۇق، قالتىس مەرگەنىكەنسەن، رۇس پەي-جاڭمىنى ئۆلتۈردۈڭ، كەل شېرىكىڭنى كۆمۈپ قويايلى، سېنى قويۇۋېتەي، دەرھال قوشۇنىڭغا يېتىپ تېزدىن چېكىنىڭلار، ھا-لىڭلار خەتەرلىك، — دېدى. توختىنىڭ جەسىتىنى قۇمنى كولاپ كېيىمى بىلەنلا كۆمۈپ قويدۇق، بەلگىمۇ قىلالمىدۇق. رۇس پەي-جاڭنىڭ ئۆلۈكىنى ئاتقا ئارتىشىپ بەردىم. شتابقا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى شتابقا دوكلات قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ تۇەننىڭ بىر يىڭى ۋە مافۇيۈەن قىسىملىرىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر يىڭ ئەسكەر (ھەممىسى ئاتلىق) ئاۋۋال خوتەن تەرەپكە ئۆتۈپ، ئاندىن دۇنخۇاڭغا كېتىۋېلىشنى نىيەت قىلدۇق. ئەينى چاغدا 800 چە ئادىمىمىز بار ئىدى. ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن دەريالىرى قوشۇلىدى-غان دېلتىنىڭ ئۇستىدە، خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي

تەرىپىدە خوتەنگە چىقىپ كېتىدىغان تار دېگەن بىر جىلغا بار
بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان ئاۋاتلىق بىر-
قانچە يىگىتنىڭ يول باشلىشى بىلەن شۇ جىلغا تەرەپكە يول ئال-
دۇق. بۇ جىلغا ئىككى قاسنىقى ئېگىز، ئىچى تار، ئەتراپى چىڭ-
دىلىپ كەتكەن قۇملاردىن تەركىب تاپقان تارچۇق جىلغا ئىكەن.
بىزنىڭ كېلىشىمىزنى بىلىپ قالغان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى
بىر پەي ئېغىر پىلىموتچى ئەسكىرىنى جىلغىنىڭ ئىككى قاس-
نىقىدىكى ئەپچىل جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پىلىموتلىرىنى بەت-
لەپ بىزنى كۈتۈپ ياتقانىكەن. مافۇيۈەن قىسمى يول تالىشىپ
ئالدىغا ئۆتۈۋالدى، بىز ئارقىدىن ماڭدۇق. مەن قوشۇننىڭ ئار-
قىدىراق ئىدىم. قىسىملار جىلغا ئىچىگە كىرىپ 500 ـ 600
مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا ماكسىم پىلىموتىنىڭ تا-
تاتلىغان ئاۋازى ياڭراپ كەتتى. جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن
يامغۇردەك ئېتىلغان پىلىموت ئوقىدا مافۇيۈەن قىسمى ئاساسەن
قىرىلىپ كەتتى. ئارقىدا قاچقانلىرىمۇ بىزگە قاپلىشىپ قېلىپ
پىلىموت ئوقىغا يەم بولدى، بىزنىڭ قىسمىمىزدىن 300دىن ئار-
تۇق ئادەم ئۆلدى. جىلغا ئىچىنى يارىدارلارنىڭ ۋاي ـ داتلىرى،
جان تالىشىۋاتقان ئاتلارنىڭ خارتىلداشلىرى قاپلاپ كەتتى. ئار-
قىدىكىلىرىمىز مارالبېشىلىق مۇئاۋىن لىيەنجاڭ ئەخمەت، پەيجاڭ
باسىت قارىنىڭ قوماندانلىقىدا (قالغان ئوفىتسېرلارنىڭ كۆپ
قىسمى ئۆلدى) ئېتىشىپ تۇرۇپ چېكىندۇق. قارىسام ئوڭ تەرەپ-
تىكى پىلىموتتىن ئوق ئېتىۋاتقىنى ئەينى ۋاقىتتا 32 ـ تۇەن-
نىڭ پىلىموتچىلار لىيەنىگە ھەربىي ئوقۇتقۇچى بولغان كازالكىن
دېگەن رۇس ئىكەن. ئارىلىقىمىز 60 مېتىرچە كېلەتتى، مەن ئۇ-
نى بۇرۇتىدىن تونۇۋالدىم، ئۇ ھىجىيىپ تۇرۇپ ئېتىۋاتاتتى. ئاڭ-
غىچە باسىت قارى تاپانچىسىدىن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى.
شۇنىڭ بىلەن پىلىموت بىر پەس توختاپ قالدى، ئاڭغىچە يەنە
بىر پىلىموتمۇ جىمىپ قالدى، ئادەم يەڭگۈشلىنىپ بولغۇچە خې-
لى يەرگە چېكىنىپ بىرىۋالدۇق، تۇيۇقسىز ئېتىمغا ئوق تەگدى.

ئات ئاستىدىن چىقىپ تۇرسام ئاۋاتلىق روزى دېگەن ئەسكەر مېنى ئېتىنىڭ كەينىگە مىنگەشتۇرۇپ چېكىندى. پىلىموتلار ئارقىمىزدىن ئېتىلىپ تۇردى. دوكەي دېگەن يەرگە سۈرۈلۈپ شايار تەرەپكە چىقىپ كەتمەكچى بولۇشتۇق. بۇ چاغدا 200چە ئادىمىمىز قالغانىدى. دەريانىڭ غەربىي قاپتىلى بىلەن مېڭىپ كەچ بولغاندا ھېرىپ ھالىمىز قالمىدى. تەلىيىمىزگە رۇسلار ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەلمىدى. دەريا ياقىسىدا بىر مال قوتىنى بار ئىكەن. چۈشكۈن قىلىپ ئاتلىرىمىزنى ئوتقا قويدۇق. مالچىغا يالۋۇرۇپ، تىللا - تەڭگە بېرىپ 20دەك قوينى سېتىۋېلىپ يەپ ھاردۇق چىقاردۇق. ئېغىر ياتقۇ بولغاندا پەيجاڭ باسىت قارى بىلەن مۇئاۋىن ليەنجاڭ ئەخمەتنىڭ گەپ تالىشىۋاتقان ئاۋازى قۇلىقىمىزغا كىردى - دە، ھەممىمىز تۇرۇپ كەتتۇق. ئەخمەت ليەنجاڭ:

— ئەخمەق بولمىسىلا باسىت قارى، ئۆزۈل - كېسىل تۈگەشتۇق. بارار يېرىمىزنىڭ تايىنى يوق، يا ئوق - دورىمىز يوق، قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتىمىز يوق، - دېسە، باسىت قارى:

— بىز نېمە دەپ قان كەچتۇق، ئاشۇ ئەجنەبىي ئورۇسلارنىڭ قولىدا خورلانغان خوتۇن - قىزلىرىمىز، كۆز ئالدىمىزدا بىھۇدە قىرىلىپ كەتكەن سەپداشلىرىمىزنىڭ خۇن - قىساسىنى ئالمىساق قىيامەتتە ئۇلارنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ياقىمىزدا بولمامدۇ؟ تەسلىم بولساقمۇ بەربىر ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە جەڭدە ئېلىشىپ شېھىت بولۇپ كېتەيلى -، دەپ تۇرۇۋالاتتى. باسىت قارى:

— بوپتۇ ئەمىسە، ئۆزۈم باراي، ئازراق ئوق - دورا يىغىپ بېرىڭلار، رۇسلار تېخى ئادىمىزاتسىز چۆلدىن چىقىپ بولالمىدى. تاڭ يورۇغاندا قايتىپ كەلسەم كۆرۈشەرمىز، ئەگەر قايتىپ كېلەلمىسەم شېھىت بوپتۇ دەپ بىلىپ يولۇڭلارغا مېڭىڭلار، مەن بىلەن بېرىشنى خالايدىغانلار ئات توقۇڭلار -، دېۋىدى، 3 - پەي-

ـدىكى ئاۋات غورۇچۆللۈك تالىپ دېگەن يىگىت:
— مانا مەن بارىمەن! ـ دەپ ئىتىنى توقۇپ چىقتى. باسىت قارىغا بىرسىنىڭ ئىگىسىز ئارغىمىقىنى توقۇپ بەردۇق. ئۇلارغا ئولجا ئالغان ياپون پىلىموتىدىن بىرنى، ئوقتىن ئۈچ دىسكا جايلاپ بەردۇق ۋە يىغا ـ زارە قىلىپ خوشلاشتۇق. باسىت قارى بىلەن تالىپنى يولغا سېلىپ قويۇپ، تاڭ سوزۇلۇپ كۆن ئۆرلىـ گەنگە قەدەر كۈتتۇق، ئۇلار كەلمىگەندىن كېيىن شايار تەرەپكە كەتمەكچى بولدۇق. چۈنكى شايار، كۈچا تەرەپلەردە پارتىزانلىق قىلىۋاتقان قىسىملىرىمىز بار ئىدى. كۈن چۈش بولغاندا دوكەي دېگەن يەردىن ئۆتۈپ تارىم دەرياسى بويىغا يېتىپ بارغىنىمىزدا باسىت قارى، تالىپلار يېتىشىپ كەلدى، ئۇلار بىلەن قۇچاقلىـ شىپ كۆرۈشتۇق. تالىپ ئىگەرنىڭ ئارقىسىدىكى تاغارنى يەرگە تاشلاپ تۆكۈۋىدى، غەرق قانغا مىلەنگەن 10 دانە كاللا تورۇكلاپ چۈشتى. باسىت قارى شۇندىلا:
— قىساس ئالدۇق، ئات چاپتۇرۇپ تار دېگەن جىلغا تەرەپكە باردۇق. ئايدىڭدا قارىساق شىھىتلار شۇ پېتى يېتىپتۇ. چۆل ئىـ چىدە يول تېپىپ كېتىۋاتساق بىر يەردە ئوت ئۇچقۇنى كۆرۈندى، قورالىمىزنى ئوقلاپ پەس، قومۇشلۇق يەرلەر بىلەن مېڭىپ ئوت يورۇقىغا يېقىنلاشتۇق. بۇ ئەسلىدە بىر قوتان بولۇپ، بىزنى قىرغىن قىلغان رۇسلار مۇشۇ يەردە ئىكەن. بىر ئۇيغۇر ئەسكەرـ نى پوستتا قويۇپتىكەن، تۇيدۇرماي بېرىپ بوغۇزلىۋەتتۇق. ئاڭـ دىن كېيىن باستۇرۇپ كىرىپ ئۇيقۇدا ياتقان ئورۇسلارنى ئوققا تۇتتۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى ئويغىنىپ بىزنى كۆرۈپ «ۋاي بىز مۇسۇلمان، مەن قىرغىز، ماۋۇ ئۇيغۇر» دېيىشتى ھېلىقى قىرغىنچىلىقنىڭ ئاچچىقىدا ئېتىۋەتتۇق. مانا بۇلار ئىككى ئۇيـ غۇر، بىر قىرغىز، بىر قازاق، ئالتە رۇس بولۇپ جەمئىي 10 ئاـ دەمنىڭ كاللىسى، — دېدى. بىز بۇ كاللىلارنى قېرى توغراق تۈـ ۋىدىكى ئازگالغا تاشلىۋەتتۇق. ئۇلار چاقلىق ئىغىر پىلىموتتىن ئىككىنى، سەككىز مىلتىق، ئىككى ساندۇق ئوق ئولجا ئالغانىدـ

كەن، بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى شادلاندۇق. ئوبدان ئارام ئېلىپ ئاندىن تارىم دەرياسىدىن ئۆتۈپ شايار تەرەپكە يول ئالدۇق. توقاي دېگەن يەرگە بارغاندا ئابدۇراخمان ھاجى دېگەن كىشى 60 نەچچە قورallıq ئادىمى بىلەن بىزگە قوشۇلدى.

بىز شايار چېگرىسىغا يېقىنلاشقىنىمىزدا كەينىمىزدىن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قوغلاپ كەلدى. ئالدىمىزدىن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇمچى قورۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ خەنزۇ، ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن زەربىدار ئەترەت توستى. ئىككى پىلموت، ئازغىنە مىلتىق بىلەن قارشىلىشىپ باققان بولساقمۇ، قورشاۋدا قېلىپ ئاخىرىدا 250 تەك ئادەم ئەسىرگە چۈشتۇق. ئاشۇ زەربىدار ئەترەتتە سوپاخۇن سۈۋۈرۇوف دېگەن بىر كىشى بار ئىكەن. ھەربىي سوراقتا ئۇ بىزگە خەنزۇچە تەرجىمانلىق قىلىپ بەردى. ئارىمىزدىن مۇئاۋىن پەيجاڭدىن يۇقىرى 30دەك ئوفىتسېرنى ئايرىم تاللاپ ئېلىپ كەتتى (ئارىمىزدىن بىر كىشى باسىت قارى بىلەن تالىپنى چېقىپ قويغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئايرىم ئېلىپ ماڭدى). بىزنى ئاقسۇ كونا شەھەرگە ئاپىرىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇردى. شۇ چاغدا ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىگە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن تەرەققىيپەرۋەر زات كامال ئەھمىدى دېگەن كىشى ھاكىم ئىكەن. ئۇ كىشى بىزگە بىر ئايغىچە سىياسىي تەربىيە بېرىپ ئاندىن كېيىسەك قويۇش، مەكتەپ سېلىش ئىشلىرىغا سالدى. ئاندىن ھەر بىرىمىزگە كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە، 20 سەردىن كۆمۈش تەڭگە بېرىپ قويۇپ بەردى. دەسلەپتە ئاقسۇ كونا شەھەردە ئولتۇراقلىشىپ، كېيىنچە يەنى 1952 ـ يىلى ئاقسۇ شەھىرىگە كۆچۈپ چىقىپ شۇ يەردە ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

كېيىن ئاڭلىسام شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى ھېلىقى ئايرىم ئېلىپ كېتىلگەن 30دەك ئوفىتسېرنى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ سىپىل ئىچىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى تام تۈۋىگە (ھازىرقى

ۋىلايەتلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ) ئورا كولاپ تىرىك كۆمۈپتۇ، كۆمۈشتىن ئاۋۋال باستى قارى بىلەن تالىپىنى تۇۋرۇككە باغلاپ ئوفىتسېرلارغا كۆرستىپ تۇرۇپ تىرىك سويۇپتۇ. شۇ قېتىم تىرىك كۆمۈلگەنلەردىن ئايكۆللۈك ھوشۇر، مارالبېشىلىق ھامۇت، يېڭىسارلىق مامۇتلار ئورەكنىڭ ئۇستىگىرەك كۆمۈلگەچكە، توپىنى تاتىلاپ ئېچىپ قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. بولغان ئىشلارنى مەن شۇلاردىن ئاڭلىدىم. كېيىن بىر ئىش بىلەن ئاۋاتقا بېرىپ ئاڭلىسام، تار جىلغىسىدا ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى كۆمۈكسىز قاپتۇ، 70 ـ يىللاردىمۇ ئىسكىلىتلارنىڭ ئوچۇق يېتى تۇرغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

# مەھكىمە شەرئىدىكى ئىشلار

مەمتىمىن نۇرى

1940 ـ يىللار گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى زامانىدى. گومىنداڭنىڭ قانۇن تارماقلىرىدىن تەپتىش ئورگىنى يوق بولۇپ، ئەدلىيە بىلەن سوت بىر گەۋدە ئىدى. ساقچى ئورگىنىنى جىڭساجۇ دەپلا ئاتايتتى.

بۇ ئورگانلار گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا قارشى دەپ قارالغان دېلولار ۋە قاتىللىق دېلولىرىدىن باشقا ئۆزلىرى ھەل قىلالمىغان ئادەتتىكى دەۋا ئىشلىرىنى مەھكىمە شەرئىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرەتتى.

ئۇ چاغلار مېنىڭ 13 ـ 14 ياشلىق تازا تەنتەك، داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان، ئادەملەر توپلاشقان يەرلەردە ئويۇن ـ تاماشا كۆرۈپ، ھاڭۋېقىپ يۈرىدىغان چاغلىرىم ئىدى. بىزنىڭ ئۆي مەھكىمە شەرئى جايلاشقان مەدرىسىدىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. شۇڭا پات ـ پات ئۇ يەرلەرگىمۇ بېرىپ مۇنداق ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى كۆرەتتىم:

مەھكىمە ئالدىدا بىر قانچە پۈتۈكچى ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر قانچە يېرىگە ياماق چۈشكەن نىمكەش خۇرجۇن ياكى كىچىككىنە بىرەر پارچە كونا پالاز ئۈستىدە ۋاراقچە شەكلىدە كېسىپ، تەييارلاپ قويۇلغان خوتەن قەغىزى، مىس ياكى تۇچ قاتارلىق ھەرخىل مېتال ۋە ھايۋانات مۈڭگۈزىدىن ياسىۋالغان دۇۋەتلەر تۇراتتى. دۇۋەتلەرگە سىياھ ياكى قازان قارىسى قاچىلانغان ياكى جىن چىراغ ئىسىنى پىياز سۈيىگە ئىلەشتۈرۈپ داكا پارچىلىرىغا ئوراپ چىلاشتۇرۇپ قويۇلغانىدى. پۈتۈكچىلەر يەرلىك قومۇشتىن ئۇچلىۋالغان قەلەملىرىنى چېكىسىگە ياكى قۇلىقىغا

قىستۇرۇۋېلىپ ھاجەتمەنلەرنى كۈتتۈپ ئولتۇراتتى ھەمدە خەت ـ چەك يېزىشتا «گۈل كەلتۈرۈۋېتىدىغان»لىقىنى داڭلىشىپ بىر بىرىدىن خېرىدار تالىشاتتى. ئەرز ـ شىكايەت، ھۆججەت، يىراق. تىكى تۇغقانلىرىغا «سالامنامە» يازدۇرىدىغان ھاجەتمەنلەر ئۆزلى. رى خالىغان بىر پۈتۈكچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ مەقسەت ـ مۇددى. ئالىرىنى ۋە خەتنىڭ مەزمۇنىنى دەپ بېرەتتى.

پۈتۈكچىلەر يېزىپ بولغاندىن كېيىن، خەتنى خېرىدارغا ئۇرغۇلۇق قىلىپ ئوقۇپ بېرەتتى. بەزىلەر شۇنداق قاملاشتۇرۇپ يازاتتىكى، ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشى قايىل بولماي قالمايتتى. ھاجەتمەنلەر رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ پۈتۈكچىلەرگە ئازراق پۇل ياكى بىرەر زاغرا، بىر ـ ئىككى سىقىم ئۈزۈم، گۈلە ـ قاق دې. گەندەك نەرسىلەرنى قەلەم ھەققى قاتارىدا بېرەتتى.

مەھكىمە شەرئىينىڭ ئىچكى سەيناسىدا يەنى مەسچىتنىڭ ئالدىدا كەڭ بىر سەھنە (ئېسىل كىگىز، گىلەملەر سېلىنغان سۇپا) بولاتتى، بۇ شەرئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش مۇنبىرى ھېسابلىناتتى. مەزكۇر مۇنبەردە مەھكىمە شەرئىينىڭ ئۆلىمالىرى رەت تەرتىپى بويىچە كىشى ئەيمەنگىدەك سۈرلۈك قىياپەتتە ئول. تۇرۇشاتتى.

بۇلار ئەلەم، مۇپتى، رەئىس مۇپتى، قازى كالان ۋە رەئىس قازى ئاخۇنۇملاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا خىزمەت مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. مەسىلەن: ئەلەم ئومۇ. مىي ئىشلارغا، مۇپتى دەۋا ـ دەستۇرلارنى تەھقىقلەشكە، رەئىس مۇپتى مەلۇم بىر ئىجتىمائىي مەسىلە، ۋەقە، دېلو ئۈستىدىن قۇرئان، ھەدىس مەزمۇنلىرىغا ئاساسەن پەتىۋا (ھۆكۈم) چىقى. رىشقا، قازى كالان داۋا ـ دەستۇرلارنى سوراش، كېلىشىم، توخ. تامنامىلەرنى مۇقىملاپ بىر تەرەپ قىلىشقا، رەئىس قازى بولسا شەرئەت ئەھكاملىرىنى تەشۋىق قىلىش ھەمدە بازار تەرتىپىنى ساقلاپ، مال باھاسى ئۆرلەپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، گەز، مىتىر، تارازا، سەر قاتارلىق ئۆلچەم ـ كەمچەنلەرنىڭ كەم ياكى

ئارتۇقلۇقىنى تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

مەھكىمە شەرئىنىڭ مۇنبىرىدە ئىش بىجىرگۈچى ئاخۇ-نۇملارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ خۇشخەت بىلەن ئىسىم - فامىلىسى ئويۇلغان مەخسۇس يۇمىلاق كۈمۈش مۆھۈرلىرى بولاتتى. ئاخۇ-نۇملار بۇ مۆھۈرلىرىنى بارماق چوڭلۇقىدىكى قارا سىياھ بىلەن بىرگە كىچىككىنە كۆن خالتىغا ئوراپ، ئىچ كىيىمىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا تىقىپ ئەگۈشتەردەك چىڭ ساقلايتتى. بىرەر خەت - چەككە مۆھۈر بېسىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا تۈكۈرۈكى بىلەن سىياھنى ھۆلدەپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا يۇقتۇرۇپ، مۆھۈرگە تەكشى سۈۋاپ، ئاندىن خەتنىڭ ئەڭ نۇقتىلىق جۈملىسى يېزىلـ-غان يېرىنى تىلى بىلەن نەمدەپ، سول قولىنىڭ ئالقىنىغا قويۇپ مۆھۈرنى پوككىدە نىقتاپ باساتتى. مۆھۈر بېسىلغاندىن كېيىن خەت شەرتسىز كۈچكە ئىگە بولاتتى.

مەھكىمە شەرئى ئارقا كوچىغا جايلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى «ئاۋات» جاي ئىدى. بۇ يەردىن ھەركۈنى دېگۈدەك دەۋا - دەستۇرچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. جېدەل - ماجىرا، تالاش - تارتىش، ۋارقىراش - جارقىراشلار بېسىقمايتتى.

خەت - چەكلەر «تارىخقا بىر مىڭ ئۈچ يۈز XX يىلى ماھى XXنىڭ XX كۈنى XX كەنتىدىن XX دۈرمەن...» دەپ باشلىناتـ-تى. ئۇ چاغلاردىكى خەت - چەكلەر ھىجرىيە كالېندارى بويىچە قېلىپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئوخشاش بىر خىللا ئۇسلۇبتا يېـ-زىلاتتى.

شەرىئەتكە خىلاپ، ئىجتىمائىي ئەخلاققا زىت يامان قىلـ-مىشلارنى بولۇپمۇ زىنا قىلغۇچى ئەر - ئاياللار رەئىس مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىغا ئاساسەن جازاغا بۇيرۇلاتتى. ئەرلەرگە دەررە ئۇرۇلاتـ-تى، ئاياللارغا باشقىچە يەڭگىلرەك جازا بېرىلەتتى، دەررە ئۇرۇلـ-مايتتى. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا زىناخور ئاياللارنىڭ كۆ-شۈككە تېڭىلىپ، تۆت كوچا دوقمۇشىغا ئېسىلىپ، خەلقى ئالەمـ-گە سازايى قىلىنىدىغانلىقى يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەن

مۇنداق ئەھۋالنى ئۇچراتمىدىم ھەم ئاتا ـ بوۋامدىنمۇ مۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغانىدىم.

دەررە مەھكىمە شەرئىنىڭ ئاساسلىق جازا قورالى بولۇپ «جەلدە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ تىغ ۋە دەستىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 65 ـ 67 سانتىمېتىر، دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 ـ 18 سانتىمېتىر، تىغىنىڭ كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر كېلىدۇ. دەررىنىڭ تىغى ئاشلانغان ئىككى قات كالا تېرىسى ئارىسىغا قۇم ـ شېغىل ئېلىنىپ ياسىلىدۇ، چۆرىسى پىششىق شىرىۋېتىلىدۇ. دەررىگە بۇيرۇلغانلارغا ئۇرۇلىدىغان دەررىنىڭ قېتىم سانى، بوش ياكى قاتتىق ئۇرۇلۇشى مۇناسىۋەتلىك پەتىۋا كىتابلىرىغا ئاساسەن قازى تەرىپىدىن بېكىتىلىدۇ.

دەررە ئۇرۇش قائىدىسى مۇنداق بولىدۇ: دەررىگە ھۆكۈم قىلىنغان ئەر مۇنبەر ئالدىغا ھازىرلىنىپ، ئىشتىنىدىن باشقا كىيىملىرى سالدۇرۇلۇپ يالىڭاچلىنىدۇ، ئاندىن شەيخۇلئىسلام (شەرئەت ساقچىلىرى)لاردىن بىرەيلەن كېلىپ مۇرىسىدىن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى ئارتىلدۇرۇپ ھاپاشلاپ، سەل ئېگىشكەن ھالدا دەررىگە تۇغرىلاپ تۇرىدۇ. ئاندىن جازا ئىجرا قىلغۇچى شەيخۇلئىسلام ئوڭ پۇتىنى ئالدىغا چىقىرىپ، ئوڭ قولىدا دەررىنىڭ سېپىنى چىڭ تۇتۇپ، تىغىنى ئوڭ مۈرىسىگە قويغان ھالدا «تەۋبەتەن نەسۇھا»نى بىر ئېغىز ـ بىر ئېغىزدىن لوقما سېلىش ئارقىلىق ئوقۇتىدۇ، ئۆزىمۇ مۇناسىۋەتلىك كەلىمىلەرنى ئوقۇيدۇ ـ دە، گۇناھكارلارنىڭ يالىڭاچلانغان تېنىگە ئۇرۇشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ بىر شەيخۇلئىسلام ئۇرۇلۇۋاتقان دەررىنى ساناپ تۇرىدۇ. مۇنبەر ئۈستىدە بولسا مەھكىمە شەرئى ئاخۇنلىرى دەررىنىڭ بوش ياكى قاتتىق، كەم ۋە زىيادە ئۇرۇلماسلىقىنى نازارەت قىلىپ ئولتۇرىشىدۇ.

ئەينى چاغدىكى شەرئەت ھۆكمى بويىچە، دەررە ئۇرغاندا قولنى باشتىن ئاشۇرۇپ غۇلاچلاپ چۆرۈپ ئۇرماسلىق، جەينەك-

نىڭ يۇقىرى قىسمىنى ھەرىكەتلەندۈرمەي، بىقىنىغا چاپلاپ راق، تۆۋەن قىسمىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ نورمال ئۈرۈش بۇيرۇلاتتى.

شەرىئەت ئەھلى ۋە ئاۋامنىڭ نەزىرىدە دەررە ئۇرۇلغانلار «ئا- نىدىن تۇغما پاك بولدى» دەپ قارىلاتتى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە مەھكىمىدە ھەق ـ تەلەپ دەۋا ئىشلىرىدا ھەقتىن تانغۇچىلارمۇ چىقىپ تۇراتتى. مۇنداق ئەھۋالدا تانغۇچىغا قازى تەرىپىدىن قەسەم بۇيرۇلاتتى. قەسەمنىڭ دىنىي قائىدە ـ پرىنسىپ بويىچە ئالدىن ئۆتەيدىغان رەسمىيەت- لىرى بار ئىدى. قەسەمگە بۇيرۇلغۇچى جاۋابكار ئالدى بىلەن غۇسلى تاھارەت قىلدۇرۇلۇپ، پاكلانغاندىن كېيىن جايناماز ئۈس- تىدە قازىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، قىبلىگە قاراپ ئولتۇرىدۇ. قازى ئۇنىڭغا قەسەمگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى ئۆگەتكەندىن كېيىن، «قۇرئان»نى تۇتقۇزۇپ قەسەم بەرگۈزىدۇ. بۇمۇ خەلق ئىچىدىكى بەزى ھەق دەۋالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بىر تەدبىرى ئىدى.

1949 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ مۇنداق جازا ئۇسۇللى- رى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دىنىي ئىمتىيازلار تاكى 1958 ـ يىلغىچە داۋاملاشتى.

# تۆندىكى پاجىئە

## مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

مەن دىۋىزىيە باش شتابىدا ئىشلەيتتىم. بۈگۈن ئادەت بويىچە سائەت سەككىزگە ئۈلگۈرۈپ خىزمەتكە چىققىنىمدا، باش شتابنىڭ ئىچىدە كەيپىيات باشقىچە ئىدى. سەككىز چوڭ باشقارمىنىڭ خادىملىرى تېخى ئىشقا چۈشمەي، بۆلۈملىرى ئالدىدىكى گۈللۈك ئەتراپىدا توپلىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ كەيپىياتلىرى چۈشكۈن، نېمىدىندۇر ھودۇقۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئەتراپقا نەزەر سالسام، ھەربىي سوت باشقارمىسى خادىملىرى جىددىيلىشىپ، يېتىراپ قېلىشقانىدى. مەن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىرەر كىمدىن سورىيالماي، بۆلۈمگە كىرسەم باشلىقىم يوق ئىكەن. خىزمەتداشلىرىممۇ سىرتتا ئىدى. شۇ ئارىدا بىر دوستۇم بۆلۈمگە كىرىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ سوئالىمغا:

— بۈگۈن كېچە شەھەرنىڭ باش قازىسى، كاتتا ئۆلىما ئابدۇغوپۇر داموللا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.... دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئاخشام سائەت 10 لاردا شىجاڭنىڭ قېشىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىمدا ئۇچراشقان ئەمەسمىدۇق!

ئەسلى بۇ ۋەقە مۇنداق بولغانىكەن: ئابدۇغوپۇر داموللا ئاخشام مەھمۇت شىجاڭ بىلەن خېلى ئۇزۇن سۆھبەتلىشىپتۇ. سائەت 12 ئەتراپىدا قايتماقچى بولۇپتۇ. مەھمۇت شىجاڭ داموللىنى ئۆز بېغىغا ئاپىرىپ قويۇشقا ئەسكەر قوشۇپ بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ داموللا ئۆزىنىڭ ئادىمى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە ئات يېتىلىگۈچىسى بىلەن دىۋىزىيە شتابىدىن چىقىپ، ھېيتگاھ ئارقى-

لمىق يارباغ دەرۋازىسىغا كەپتۇ. دەرۋازىۋەن ئەسكەر خۇددى دامول-
لىنىڭ كېلىشىدىن خەۋىرى بار كىشىدەك دەرۋازىنى ئېچىپ بې-
رىپتۇ. ئابدۇغوپۇر دامولla تۇمەن دەرياسىنىڭ بىرىنچى كۆۋرۈ-
كىدىن ئۆتۈپ ئىككىنچى كۆۋرۈك ئارىلىقىدىكى بوش جاينىڭ
ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، بىر قورالىق ئادەم چىقىپ ئۇنىڭ ئالدى-
نى توسۇپ، دامولla ھاجىمنىڭ ئادىمىنى ئېتىپ يارىدار قىلىپتۇ-
دە، دامولlanى ئاتتىن يىقىتىپ، ئاغزىنى يىرتىپ، تىللىرىنى
كېسىپ، ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ساقچىلار يېتىپ
كەلگەندە قاتىل ئاللىقاچان قېچىپ كېتىپتۇ.

مەن ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلىغاندا ئانچە ئەجەبلىنىپ
كەتمىدىم. چۈنكى، تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى ئەھۋالنى ئۆز
كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، گەپ سۆزلەرنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭ-
لىغان بولغاچقا، ئۇنى كىم ئۆلتۈرگەنلىكى كۆڭلۈمگە ئايان بول-
غانىدى. لېۋىنى قاتتىق چىشلىدىم. چۈنكى بۇ كىچىك مەسىلە
ئەمەس — تە! ئۆلگۈچى بىلەن ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ھەر ئىككىسىلا
تەسىرى چوڭ كىشىلەر ئىدى.

* * *

مىلادىيە 1936 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەن بىر
خىزمەتدىشىم بىلەن سىرتتىن قايتىپ كەلگىنىمدە، شتاب ئاش-
خانىسىدا تاماق يېيىلىپ بولغانىكەن. بىزگە ئېلىپ قويغان پو-
لونى ئېلىپ، ئاشخانا زالىدا يېيىشكە باشلىدۇق. شۇ ئارىدا مەھ-
مۇت شىجاڭ ئابدۇغوپۇر دامولlanى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار-
نىڭ ئارقىسىدىن ئۇرۇمچىلىك مەھمۇت ئەپەندى دېگەن كىشى
بىلەن شەھەرلىك ھۇسەنجان ھاجىمۇ كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار تا-
ماق يېگەچ خۇشال پاراڭلىشىۋاتاتتى. تاماق يېيىرىملاشقان چاغدا
شىجاڭ توساتتىن جىملىقنى بۇزۇپ:

— دامولlam! ئەتىگەن يوقلاتسام يوقكەنسىز. قەيەرگە بارغان
ئىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— شىجاڭ جانابلىرى! يېڭىشەھەرگە چىققانىدىم.
— ئۇ يەردە نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟
— تۈنۈگۈن لىيۇسىلىڭ جانابلىرى بىزنىڭ باغقا چىققان ئىكەن. مەن يوق بولۇپ قېلىپ، قۇرۇق قول كېتىپتۇ. ئاتايىن چىققانغا قاراپ گەپ - سۆزى بار بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ بۈگۈن ئۇنىڭ ھوزۇرىغا چىققانىدىم. گەپ - سۆزى يوقكەن. كۆڭلى بىزنىڭ باغقا تارتىپ، ساياھەت قىلغىلى چىققان ئىكەن. ئۈرۈمچىگە قاچان ماڭىسىز دېگەنىدى، بۈگۈن ماڭىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ خوشلىشىپ قايتىپ كىردىم.
داموللا ھاجىمنىڭ خىجالەت ئارىلاش جاۋاب بېرىشى شىجاڭنى گۇمانلاندۇردى بولغاي، شىجاڭنىڭ چىرايى ئۆزگەردى.
— بىراۋ بىراۋنىڭ ئۆيىگە تاماشا ئۈچۈن چىققان ئىكەن، ئۇنىڭ كەينىدىن خۇشامەت قىلىپ چىقىش سۈپىتىڭىزگە لايىق كېلەمدۇ؟ بۇ پۈتۈنلەي خۇشامەت بولماي نېمە؟ سىز ئەسلىدە چوڭ خۇشامەتچى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن 10 كىلومېتىرلاپ يول يۈرۈپ خۇشامەت قىلىپ چىقىپسىز - دە! — دېدى شىجاڭ.
مەھمۇت شىجاڭ ئۇنىڭ يۈزىدىكى تەر تامچىلىرىنى ياغلىق بىلەن سۈرتىۋېتىپ، مۇغەمبەرلىكنى ئىشقا سالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، قاپىقىنى تۈردى، ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايى جىددىيلەشتى، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناشقا باشلىدى.
— داموللام! سىز ئالىم - ئۆلىما كىشى، شەھەرنىڭ باش قازىسى. ئېيتىڭا، سىزدە خۇشامەتچىلىك قاچان تۈگەيدۇ؟ بەندىنىڭ سايىسىدە تەلمۈرۈپ كۈن كۆرۈشتىن باشقا ھاياتلىق يولى سىزگە تېپىلمامدۇ؟ ۋۇجۇدىڭىزدىكى قۇللۇق تەبىئەت قاچان ئۆزگىرىدۇ؟
ئابدۇغوپۇر داموللا قوشۇقنى لېۋىگە تەگكۈزگىنىچە قېتىپلا قالدى. مەھمۇت شىجاڭ ئۆز ئادىتى بويىچە بۇرنىنى «قىخ - قىخ» قىلىپ ئىككى - ئۈچ قېتىم قېقىۋېتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئەرەبچە بىر نەچچە جۈملىنى ئوقۇپ:

— ئېيتىپ بېقىڭا! بۇ ئىبارىلەرنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

داموللىنىڭ چىرايى يەنە بىر قېتىم سارغىيىپ كەتتى.

— دىن ۋاقتى كەلگەندە گويا كۆيۈۋاتقان بىر چۆچۈلىغا ئايـلىنىدۇ، ئۇنى تۇتۇشتىن قورققانلار دىننى تۇتالمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ — دېدى داموللا دۇدۇقلاپ.

— بۇ كىمنىڭ سۆزى؟

— پەيغەمبەرىمىزنىڭ سۆزى.

— سىز بۇنى ئوقۇغانمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئوقۇغان، بۇ مەشھۇر ھەدىسلەردىن.

— ئوقۇغان بولسىڭىز نېمە ئۈچۈن ئەمەل قىلمايسىز؟ سىز ئۆلىما تۇرۇقلۇق ئەمەل قىلمىسىڭىز، بۇنىڭ «مۇكاپاتى» نېمە بولۇشى كېرەك؟

داموللا بىر نېمە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن تىلى سۆزگە كەلمىدى.

— ماقۇل، بۇمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى مەھمۇت شىجاڭ — ئۆتكەن كۈنى سىز ماڭا: سىز ھەربىي ئادەم، مەمۇرىي ئىشقا ئاـرىلاشسىڭىز بولمايدۇ. پۈتۈن سۆزنى مەن قىلىمەن، دەپ، مېنى سۆزلەشتىن توستىڭىز. ئەجەبا، ۋاقتى كەلگەندە گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋالدىڭىز. سىز ئالىم ـ ئۆلىماغۇ. ھەق سۆزنى سۆزلەش سىزنىڭ بۇرچىڭىز ئەمەسمىدى؟ قېنى ئېيتىپ بېقىـڭا، ھەققانىي ئىشلارغا قارشى سىز نېمە دېمەكچى ۋە نېمە قىلـماقچى؟....

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە، مەھمۇت شىجاڭنىڭ غەزىپىدىن بىزنىمۇ سۈر بېسىپ، چىقىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدۇق. مېھمانلار ئارىسىدىكى ھۇسەنجان ھاجىمۇ يېقىنىدىلا مەھمۇت شىجاڭدىن قاتتىق تەنبىھ ئاڭلىغاچقا، ئۇنىمۇ تىترەك باستى. ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ زەپەردەك ساپسېرىق چىرايىدىن قان قېـچىپ، مۇردىدەك تاتىرىپ كەتتى. مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئاچچىقى

سەل يانغاندىن كېيىن، داموللامۇ ئۇستىدىن بىر يوغان تاش چۈشۈپ كەتكەندەك بىر ئاز يېنىك نەپەس ئالدى ۋە ئاغزىدىكى ئاشنى يۇتۇۋېتىپ، ئۇزۇن ئاق ساقاللىرىنى بويلاپ تامچىلاۋاتقان تەرلىرىنى سۈرتتى.

مەھمۇت شىجاڭ ھەمراھلىرى بىلەن چىقىپ كېتىۋېتىپ سورىدى:

— داموللام، ئۈرۈمچىگە قاچان ماڭىسىز!

— بۈگۈن كەچقۇرۇن يولۇپ كېتىمەن دەۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا بىر سوۋغىتىم بار ئالغاچ كېتەرسىز.

مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەسەرلىرىدىن «ئاقائىدى زۆرۈرىيە» بىلەن «ئىبادەتى ئىسلامىيە» دېگەن كىتابلارنى قەشقەر مەتبەئەسىدە 12 مىڭ نۇسخا باستۇردۇم. شۇنى ئېلىۋېلىپ، پەيزىۋاتتىن باشلاپ، ئۈرۈمچىگىچە بولغان يول ئۇستىدىكى يۇرتلارنىڭ بارلىق مەكتەپلىرىگە تارقىتىپ بېرىسىز. مۇدىر، مۇئەللىملەرگە قاتتىق تاپىلاڭ، ئوقۇغۇچىلارغا ئوبدان ئۆگىتىپ، بىلدۈرسۇن.

* * *

مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئابدۇغوپۇر داموللىنى شۇنچە قاتتىق ئەيىبلىشى كۈتۈلمىگەن ئىش ئىدى. ئەمما، داموللىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ گارنىزون قوماندانى لىيۇبىننىڭ قېشىغا چىققانلىقىنى ھەقلىق ئەيىبلىگەنىدى. چۈنكى، ئۇ ۋىلايەتنىڭ باش مەدرسەبدارى بولغان بىلەن قۇۋ، مەككار ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ھەر قېتىم كونا شەھەرگە كىرگەندە قىلغان شۇملۇقلىرى ھەممىگە ئايان ئىدى.

شۇ كۈنى نۆۋەتچىلىكىمنى تۈگىتىپ، كەچ سائەت 10دا ئىشتىن چۈشتۈم، ئۆيگە كېتىۋاتقىنىمدا رېشاتكا ئالدىدا داموللا ھاجى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. باش نۆۋەتچى ئۇنى شىجاڭنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى.

ئۆيگە يېنىپ كىرىپمۇ: «ھەربىي باشلىق بىلەن دىنىي باشلىق ئوتتۇرىسىدا ئەجەب بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردا!» دەپ ئويلاپ كەتتىم.

شۇ ئاخشىمى تاغامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بارلىق ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم. تاغام ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى.

— ئۇ راستىنلا قورقۇنچاق ئادەم — دەپ گەپ باشلىدى تاغام، — پەيتنى تاپقاندا كۆككە ئۆرلەيدىغان، يامان كۈن كەلسە چاشقاننىڭ تۆشۈكىنى ئىجارىگە ئالىدىغان زات. 1933 ـ يىل 9 ـ ئاۋغۇستتىكى ئەھۋالدىلا ئۇنىڭ مەۋقەسى بەلگىلىنىپ بولغاندى. ئۇ ئەسلىدە مەرھۇم تۆمۈر شىجاڭنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن ئىدى. تۆمۈر شىجاڭ ئۇنى ئالىم ـ ئۆلىما دەپ ئىززەتلەپ، ئۆز يېنىدىن ئورۇن بەرگەن، قەشقەرگە باش قازى ھەم ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىپ، بەكمۇ ھۆرمەتلىگەنىدى. لېكىن، ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ۋاپاسىزلىق قىلدى. تۆمۈر شىجاڭنى ما جەنساڭنىڭ ئادەملىرى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرگەندە، ئۇ ۋاپادارلىقنى كۆرسەتمەي، بىر بۇلۇڭغا مۆكۈۋالدى. بۇنىڭ ئورنىغا سېلىم ئاخۇن خەلپىتىم قازىلىق سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ما جەنساڭلارنى ئەيىبلىدى.

تاغام سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇكام! يېقىندا ئۇرۇمچىدىن بىرنەچچە ۋەكىل قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن ھېساب ئالىمىز، دەپ كەپتىكەن. لېكىن ئۇيۇشما ھېساب بېرىشنى رەت قىلغانلىقتىن تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپتۇ. ئېھتىمال ئابدۇغوپۇر داموللام ئۇلارغا سۆز قىلىشنى ھۆددىگە ئالغان بولسا كېرەك، ئەمما مەجلىستە گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋالغانلىقتىن، مەھمۇت شىجاڭنىڭ غەزىپى كېلىپ، باشقا گەپ قىلمايلا «ھېسابنى مانا مۇشۇ بېرىدۇ!» دەپ تاپانچىسىنى شىرە ئۈستىگە جاققىدە تاشلاپ مەجلىستىن چىقىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ، نەچچە كۈنلۈك تالاش ـ تارتىشنى تاپانچا ھەل قىلغانىدى.

ئابدۇغوپۇر داموللام ئەسلى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شاپتۇل يېزىسىدىن بولۇپ، شۇ يېزىدا ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، ناھىيىدە ۋە قەشقەردە مەدرىسىلەردە ئوقۇغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇغان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانغا بې ـ رىپ ھەج قىلىپ كەلگەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پەيزاۋاتتا قازى، قەشقەرگە كېلىپ مۇدەررىس بولغان. ئۇنىڭ بەختىگە مىلادىيە 1914 ـ يىلى قەشقەرنىڭ شەيخۇلئىسلامى ۋە بۈيۈك ئۆ ـ لىماسى باھاۋۇدۇن مەخدۇم ۋاپات بولۇپ، ھوقۇق ئاخۇنبايېف ئۆ ـ مەربايىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى. ئابدۇغوپۇر داموللا دەرھال ئۆ ـ مەربايىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئۇ دەسلەپتە ئۆمەر بايىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى چاسا (چارسۇ) مەدرىسىگە ئىمام ۋە مۇدەررىس، كېيىنكى كۈنلەردە «خانلىق مەد ـ رىسە»گە مۇدەررىس بولدى.

ئابدۇغوپۇر داموللا يېتىشكەن ئالىم بولغانلىقتىن مۇدەررى ـ سلىك قىلىش داۋامىدا نۇرغۇن تالىپلارنى ئوقۇتۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى سۆزمەنلىكى بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن «شاپتۇل ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجى» دەپ تونۇلغان. ئەينى چاغدىكى دوتەي ما شاۋۋۇنىڭمۇ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. 1933 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى دېھقان ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، شجاڭ تۆمۈر ئېلى ھەربىي ھوقۇق يۈرگۈزگەن چاغدا ئابدۇغوپۇر داموللا تۆمۈر شجاڭنىڭ يېقىنىغا ئايلىنىپ، قەش ـ قەرنىڭ باش قازىلىقىغا كۆتۈرۈلگەن. كېيىن سابىت داموللا ھا ـ كىمىيەت بېشىغا چىققاندا ئۇنىڭ ئامىتى قېچىپ، كونا ھې ـ سابلارنى بېرىشكە قىستالدى. ئۇ ئىككى تەرەپنىڭ قاتتىق بېسى ـ مىغا ئۇچرىدى: خوتەن تەرەپ 1933 ـ يىلى 7 ـ 8 ـ ئايلاردا خوتەن ئەمىرلىرى بىلەن تۆمۈر شجاڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇ ـ رۇشنىڭ پارتلىشىغا ئابدۇغوپۇر داموللا سەۋەبچى، ئۇنى دارغا ئېسىش كېرەك دەپ قارايتتى. سابىت داموللا تەرەپ مەشھۇر ئا ـ لىم ئابدۇقادىر داموللا ھاجىمنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدە ئابدۇغوپۇر

داموللىنىڭ قولى بار. ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش كېرەك، دەپ قارايتتى. شۇ چاغلاردا قەشقەردە «ئابدۇغوپۇر داموللا دارغا تارتىلىمىش» دېگەن پاراڭمۇ كەڭ تارقالغانىدى. لېكىن ما جۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىشى بىلەن داموللا بۇ قازالاردىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ما جۇڭيىڭ باسمىچىلىرى قەشقەردە دەۋران سۈرگەن يېرىم يىل داۋامىدا، ئۇ قېچىپ يۈرۈپ جان ساقلىدى. 1934 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئۇنىڭ يۇلتۇزى ئېگىز كۆتۈرۈلدى. شىجاڭ مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كەلگەندە، ئابدۇغوپۇر داموللا ئۇنىڭ يېقىنى بولۇۋالدى. مەھمۇت شىجاڭ ئۇنى دىنىي ئۆلىما، ئالىم دەپ ساناتتى. چۈنكى تۇرپان ئۆلىمالىرى ئىچىدە ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ شاگىرتلىرى كۆپ ئىدى. مەھمۇت شىجاڭ ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئەتىۋارلاپ ئۆزىگە مۇشاۋۇر قىلىۋالدى. ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ بىلەن كېڭەشتى. ھەتتا قەشقەر «مىللەت مەجلىسى» نىڭ رەئىسى قىلىپ تىكلىدى. شۇنىڭدەك، 1935 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان قۇرۇلتايغا قەشقەرنىڭ خەلق ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن كۆپ ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىدى. لېكىن ئابدۇغوپۇر داموللا قۇرۇلتايدىن قايتىپ كېلىپ، خەلقنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە ھۆكۈمەتنى ماختاپ، شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»ىنى كۆككە كۆتۈردى. ئابدۇغوپۇر داموللا ئۇرۇمچىگە بارغاندا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئالاھىدە كۈتۈۋېلىنغانلىقىنى، شېڭ شىسەينىڭ ئالاھىدە ئۇنىڭ ئالدىغا چىققانلىقىنى، قايتقاندا ئۇزىتىپ قويغانلىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىگەنىدى. بۇ ھالدىن ھەمەيلەن گۇمانلانغانىدى.

* * *

چۈشتىن كېيىن مەن دېۋىزىيە باش شتابىدىكى خىزمەتداشلىرىم بىلەن بىرگە ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشقىلى ماڭدىم. شەھەر خەلقى تۈمەن دەريا تەرەپكە سەلدەك

ئىقىپ كېتىۋاتاتتى. بىز تۇمەن دەرياسىنىڭ بىرىنچى ـ كۆۋرۈ-كىدىن ئۆتكىنىمىزدە،ئۇ يەردىن ئىككىنچى كۆۋرۈككىچە بولغان كەڭ ئارىلىقتىكى بوشلۇق ئادەم بىلەن تولغانىدى. كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن خىلمۇخىل روھىي ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. گاھىلار ھازا تۇتۇپ يىغلىسا، گاھىلار تاماشا كۆرۈۋاتقاندەك ھاڭ-ۋېقىپ قاراپ تۇراتتى. قارا كالتەكلىك ساقچىلار ئامانلىق ساقلاپ يۈرەتتى. ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ جەسىتى ساھىلنىڭ ئوتتۇرد-سىدا بورا ئۈستىدە ئاق خەسە يېپىقلىق ياتاتتى. ئەتراپىنى قورال-لىق ئەسكەرلەر قوغداۋاتاتتى. يان تەرەپتە سەللىلىك تالىپلار ئۇ-زۇن سەپ تارتىپ تۇراتتى. ئاياغ تەرەپتىرەك شىجاڭ مەھمۇت مۇھىتى بېشىغا سەللە ئوراپ، ئۈستىگە ئۇزۇن تون كىيىپ ئۆرە تۇراتتى ئەتراپىدا قوراللىق مۇھاپىزەتچىلىرى قوغداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى مەيۈس، يوغان قارا كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى.

ساھىلنىڭ باش تەرىپىدە «ئىزچى» ئوقۇغۇچىلار ئالا كالتەك تۇتۇپ، تەرتىپ ساقلىماقتا. نېرىراقتا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ گار-نىزون قوماندانى لىيۇبىن بىلەن ۋالىي شۇلەن، شەھەر ھاكىمى ھەمدۇللا باشچىلىقىدىكى ئىدارە ـ ئورۇنلارنىڭ باشلىقلىرى سۈكۈت ئىچىدە ئۆرە تۇرۇشاتتى. شەھەرنىڭ قازى، ئۆلىمالىرى يان تەرەپتە سەپ تۈزۈپ تۇراتتى.

6 ـ دىۋىزىيىنىڭ 31 ـ، 34 ـ پولكلىرى كېچىدىن تارتىپ قاتىلنى ئىزدەپ، بۇ ئەتراپنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش بىلەن مەش-غۇل بولۇپ، شامالباغ، نەزەرباغ، قوغان ئەتراپلىرىدا قوراللىق ھەرىكەتلەنگەنىدى.

بىز ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىلگىرىلەپ ماڭالماي، كەلگەن يېرىمىزدە تۇرۇپ قالدۇق. كىشىلەر ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ ئۆ-لۈمى ھەققىدە تۈرلۈك مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمىلەرنى يۈرگۈزۈشەت-تى. گاھىلار ھەسرەتلەنسە، گاھىلار «داموللا ئۇلۇغ ئادەم ئىكەن، شېھىتلىك ماقامىنى تېپىپتۇ.....» دەيتتى. گاھىلار قاتىلنى قا-غىسا، گاھىلار داموللامنى ھۆكۈمەت يوقىتىۋەتتى، دېيىشەتتى.

يەنە بەزىلىرى «ئۆزۈڭنى بىل! ئۆزگىنى قوي! دېگەندەك، داموللام ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلاشماي ئۆز يولىغا ماڭغان بولسا، بۇ ئاقىۋەتكە قالمىغان بولاتتى» دېيىشەتتى.

شۇ ئارىدا، نېرىدىراق تۇرغان ئەپەندى سوپەت ئىككى يىگىت سۆزگە ئارىلاشتى.

— ئاكىلار — دېدى بىرى، دۈشمەنلەرنىڭ ئارىمىزغا تارقاتقان ئۆسەك گەپلىرىنى تەكرارلىماڭلار. بۇ دامولللىغىمىزلار سىزلەر داڭلىغىدەك ئادەم ئەمەس. «ئەل قىساسۇلمىنەلھەق»، بۇ كىشىنى ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ قىساسى بوغدى. چۈنكى، 12 يىل ئىلگىرى ئۇ زاتنى ئۆلتۈرۈشتە بۇ دامولللىنىڭ ھەسسىسى بار ئىدى.

كىشىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يىگىتكە قارىغىنىچە جىم بولۇپ قالدى. يەنە بىر يىگىت سۆزگە ئارىلاشتى.

— ئابدۇغوپۇر دامولللا شۇنداق كاتتا ئالىم تۇرۇقلۇق شىڭ شىسەينى پەيغەمبەر قىلماقچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى «ئادىل» دەپ كۆككە كۆتۈردى. ئالتە سىياسەتنى «قۇرئان» بىلەن سېلىشتۇرۇپ قەسەم ئىچتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ قەسىمى ئۆزىنى بوغدى.

ئابدۇغوپۇر دامولللىنىڭ جەسىتى قان يۇقى كىيىملىرى بىلەنلا جىنازىغا سېلىنىپ نامىزى چۈشۈرۈلدى. مەھمۇت شىجاڭ باش مۇسىبەتدار بولۇپ جىنازا ئالدىدا ھازا تۇتۇپ ماڭدى. كەينىدىن قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى، ئاندىن كېيىن دامولللىنىڭ ئەۋلادلىرى، تالىپلىرى ماڭدى. ئابدۇغوپۇر دامولللىنىڭ جەسىتى ئاپاق خوجا مازىرىغا بارىدىغان يول تۆپىسىدىكى بىر قەبرىستانلىققا قويۇلدى[1].

* * *

«بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا» دېگەندەك ئىش بولدى. ئابدۇغوپۇر دامولللىنىڭ ئۆلۈمى سىرلىق بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت گۇمانلىق كىشىلەر دەپ قاراپ قەشقەردە زور رول ئويناۋاتقان

ئابدۇراخمان ھاجى بىلەن ئەخمەت قۇل ھاجىلارنى قولغا ئالدى.

ئابدۇراخمان ھاجى ئەسلى ئاتۇشلۇق بولۇپ، ئىلمى، چۆچەك تەرەپتە تىجارەت بىلەن ئۆتكەن، مەلۇماتلىق، قابىلىيەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ 1935 ـ يىلىنىڭ ئاياغلىرىدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇش ئۇچۇن ئۇرۇمچىدىن قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن ھەم ئۇيۇشمىغا رەئىس بولۇپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، مەدەنىيەت ـ مائارىپنى راۋاجلاندۇرغان، دارىلئېتام، دارىلئاجىزىنلارنى قۇرۇپ، يوقسۇل، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىغان. قەشقەردە ياغاچ مەتبەئەنى يولغا قويۇپ، «يېڭى ھايات» گېزىتىنى چىقارغان، دەرسلىك كىتابلارنى باستۇرغان. ئۆز خىراجىتى بىلەن يارباغنىڭ غەربىدە بىر نەچچە سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇرغان. ئۇ داموللا پاجىئەسىدىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىلا «مىللەت مەجلىسى»نىڭ بىر يىغىنىدا ئابدۇغوپۇر داموللام بىلەن بىر مەسىلە ئۈستىدە توقۇنۇشۇپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ قەشقەر يەنە يارامىلىق ئىككى ئادىمىنى قۇربان بەردى.

ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجى ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى ئالدىدا ئىنائەتلىك كىشى بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدە ئۇ «مىللەت دوستلۇقىنى چىڭىتىش ۋە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەشكەن بۈيۈك باھادىر»[②] ئىدى. ئۇ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «دامولام شانلىق ئاپرېل ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرى بولغان مۇقەددەس ئالتە سىياسىي شۇئارنى شىنجاڭ تارىخىدا ئەڭ قىممەتلىك تارىخىي بىر ۋاقىئە دەپ باھالاپ، ئۆزىنىڭ يېڭى ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ تۇتقان سىياسىي يولىغا تولۇق رازى بولۇپلا قالماي، بەلكى خەلققە شۇ سىياسەتنىڭ توغرىلىقىنى چۈشەندۇرۇش، خەلقنى ھۆكۈمەت بايرىقى ئاستىغا توپلاش يولىدا بىباھا، قىممەتلىك، ھەقىقىي ۋە سەمىمىي سانسىز خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن»[③]، «ئۇ سۆيۈملۈك ئالىيجاناب ھەقىقىي بىر دىنىي داھى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنىڭ گۈللىنىشىگە قەھرىمانە خىزمەت قىلغان بولسا، ھازىرقى خەلقپەرۋەر، ئادالەت

ۋە مۇساۋات ئاساسىغا قۇرۇلغان يېڭى ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ ئالتە سىياسىي شۇئارىنىڭ دىن ۋە قۇرئان كەرىمگە مۇخالىپ ھېچ-قانداق يېرىنىڭ يوقلۇقىنى تەكىتلەش بىلەن قانائەتلەنمەي، بەل-كى بىزنىڭ ھەققانىيەتلىك يولىمىزنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شېرىپلەردە زىكرى بولۇنغان ۋە شۇنداق يول بىلەن مېڭىشقا بۇي-رۇلغانلىقىنى تەكىتلىگەن»[4] كىشى دەپ ماختالغاندى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ، داموللىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغان ھامان، ئۈرۈمچىدە زور ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، شېڭ شىسەي ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ماختاپ نۇتۇق سۆزلىگەندى.

ئابدۇغوپۇر داموللىنى ھۆكۈمەت شۇ قەدەر ماختىغان، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۇچۇن شۇنچىۋالا قايغۇرغان، ھەتتا: «مەرھۇم داموللام-نىڭ يېڭى ھۆكۈمەت ۋە يېڭى ئادىل سىياسەت دەۋرىدە، شىنجاڭ-نىڭ يېڭىدىن ئادالەت، مۇساۋات (باراۋەرلىك) ئاساسىدا جەۋرى ـ زۇلۇمسىز تەرەققىياتقا قەدەم قويغان دەۋرىدە يېزىپ، سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز تارىخىي خىزمەتلەرنى قىلىپ، خەلق ۋە ھۆكۈمەت خائىنلىرىنىڭ رەھىمسىز ۋە ۋەھشىيانە قوللىرىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇشى، سۆيۈملۈك دوستىمىزنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدىن يوقىلىشى يېڭى ھۆكۈمەت ۋە بىز دۇبەن، جۇشى ۋە فۇجۇشىلار ئۇچۇن ۋە بارلىق شىنجاڭ خەلقى ئۇچۇن ئەڭ ئېغىر ماتەملىك ئېسىمىزدىن چىقمايدىغان قايغۇلۇق بىر ئەھۋالدۇر... شۇنداق قىممەتلىك، ئالىيجاناب دوستىمىز يوقالدى. بۇنىڭغا بىزنىڭ ۋە بارلىق خەلقنىڭ يۈرەكلىرىمىز داغ بولدى. لېكىن، مەرھۇم يوق بولغان بىلەن ئۇنىڭ تارىخىي خىزمەتلىرى يېڭى شىنجاڭ تارى-خىنىڭ بىرىنچى ـ سەھىپىسىگە ئالتۇن قەلەم بىلەن يېزىلىپ، دائىم خاتىرىدە ساقلانغۇسىدۇر... يېڭى ھۆكۈمەت قاتىلنى تېپىش ۋە ئۇنى قاتتىق جازالاش يولىدا قەتئىي چارىلار كۆرمەكتە»[5]، دەپ جاكارلىدى. ئەمما قەشقەر خەلقى ئابدۇغوپۇر داموللامنىڭ مەھمۇت شىجاڭ بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا چىقارغان «يولدىن ئازغان، شە-

رىئەت جازىسىدىن چىققان كىشىنىڭ تىلى كېسىلىپ، ئاغزى يىرتىلىپ، كانىيى بوغۇزلىنىشى كېرەك» دېگەن پەتىۋاسىنى ئاڭلاپ، ئۇنى «ئۆلۈم پەتىۋاسى» (كېيىن «ئۆلۈم ۋەدىنامىسى») دەپ ئاتاشتى ۋە داموللام مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئۆلۈمگە پەتىۋا چىقىرىپتىكەن، شۇ بويىچە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، — دېيىشتى ھەم ئۇنىڭغا باشقىچە كۆز قاراشتا بولدى.

ئابدۇغوپۇر داموللام ئۆلتۈرۈلۈپ 10 ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، 1937 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى (جۈمە) مەھمۇت مۇھىتى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدىلا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنى ئوچۇق - ئاشكارا «خائىن»، «جاھانگىرلارنى قويرۇقى» دېدى ۋە ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ رىسالىسىنى نەشردىن چىقىرىپ، خەلققە ھەقسىز تارقىتىپ بېرەلىدى.

ئابدۇغوپۇر داموللا بۇ كىتابنى قەشقەردە يازغان. ئۇ كىتابىدا دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ، شەيخ سەئىدى يازغان «تۈلكىنىڭ ھېكايىسى»نى نەقىل كەلتۈرۈپ، خەلقىمىزنى شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە تايىنىشقا دەۋەت قىلغان ھەم شۇنداق قىلغاندىلا روناق تاپالايدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ ساتقان. 1935 - يىلى ئابدۇغوپۇر داموللا قەشقەر ۋەكىلى بولۇپ، ئۈرۈمچىگە قۇرۇلتايغا بارغاندا بۇ كىتاب شىڭ شىسەي تەرەپدارلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مەنسۇر ئەپەندى (ۋەتەن ئوغلى)نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە 1936 - يىل 11 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» باسمىخانىسىدا 5000 نۇسخا بېسىلدى.

ئابدۇغوپۇر داموللا ئۆزىنىڭ بۇ كىتابىنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق يازغاندى: «كاشغەر ئەئيانلىرى بۇ ھەقىر بىئېتىبارنى ئۈرۈمچى شىڭغا ۋەكىل قىلىپ ئىبەرگىنىدە، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ تۈتقان يولى شەرىئىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق بولغىنى ئۈچۈن، كامال خۇرسەند بولغىنىمدىن مەجلىسى مەئبۇساندا بىر،

ئىككى ئايەت ۋە ھەدىس بىلەن سۆيلىنىپ، بۇ ۋەزدە مۇتەئەسسىر بولغان (تەسىرلەنگەن) بەزى ئەئىيانلار: مۇنىڭ نەپئى (پايدىسى) ھەممە شىنجاڭ خەلقىغە يەتسۇن، بەلكى ھەممە دۇنياغا كەتسۇن، دېگەن ياخشى نىيەت بىلەن ئۇشبۇ رىسالىنى بۇيرۇپ ئىدى. ئۇ-نىڭ ئۇچۇن قۇۋۋەت، ئىستىبداتىمنىڭ يېتىشىچە يېزىپ، ھەر مىللەت ۋەتەنداشلارگە ھەدىيە قىلدىم.

... بۇ رىسالە 1335 - ھىجرىيە يىلى مۇھەررەمنىڭ بېشى تامام بولدى»[6].

بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا دۇبەن شېڭ شىسەي بىلەن ئۆلكە رەئىسى لى يۇڭلار ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ بېغىشلىما يازغانىدى.

شېڭ شىسەينىڭ بېغىشلىمىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«بىسىلغۇسى مەرھۇم ئابدۇغوپۇر داموللامنىڭ بۇ رىسالىسى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىستىقبالى، ھاياتى ئۇچۇن چوڭ ئورۇن ئا-لىدىغان قىممەتلىك ۋە قەدىرلىك تارىخىي، سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر رىسالىدۇر.

بۇ رىسالە ھۆرمەتلىك مەرھۇمنىڭ ئىككىنچى قۇرۇلتايدا بارلىق مىللەت ۋەكىللىرى ئالدىدا سۆزلىگەن، ھەقىقەتكە ئا-ساسلانغان نۇتقىنىڭ ۋە 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن كېيىن ئۆز-نىڭ بارلىق غەيرەت ۋە ئىجتىھادى، ھەقىقىي دىلى بىلەن خەلققە قىلغان تەشۋىق ۋە تەرغىبلىرىنىڭ مەنتىقى داۋامىدۇر...

مەرھۇم ئابدۇغوپۇر دامولللامنىڭ بۇ ئەسىرىنى شىنجاڭ خەل-قى ئۇ زاتنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە يەنە بىر مەرتىبە ئىشەن-سۇن ۋە مەرھۇم باشلاپ بەرگەن يول بىلەن مېڭىپ، يېڭى ھۆكۇ-مەتكە ھەقىقىي ئىشەنچلىرى كۆچىيىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك ۋە سائادەتلىك خەلقلەردىن بولسۇن دەپ چىقاردۇق»[7].

ئۆلكە رەئىسى لى يۇڭنىڭ بېغىشلىمىسىدا مۇنداق يېزىل-غاندى: «مەرھۇم ئابدۇغوپۇر دامولللامنىڭ بۇ ئەسىرى بىز ئۇچۇن

غايەت بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. چۈنكى، ئالتە سىياسەت شۇ- ئارىمىزنىڭ مۇسۇلمانلىق دىنىغا قارشى بولماي بەلكى مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى مەرھۇم بۇ ئەسىرىدە ئوچۇق كۆرسىتىپ يازغاندۇر، بۇ ھەقتە شىڭ دۇبەن ۋە فۇجۇشىلەرنىڭ يازغان مۇقەددىمىسىگە مەن تولۇق قوشۇلۇشۇم بىلەن بىرگە بۇ ئەسەرنىڭ پات ئارىدا بېسىلىپ خەلق ئارىسىغا تارقىلىشىنى تىلەيمەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز كۆپ مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىدۇ ــ دەپ چىن كۆڭلۈم بىلەن ئىشىنىمەن»[8].

ئاردىن يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ كەتتى، «تۈندىكى پاجىئە»مۇ تارىخىي ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالدى.

شۇ يىللاردا مەن 6 ــ دېۋىزىيە باش شتابىدا خوجىلىق باشقارمىسىدا ئىشلەيتتىم. دېۋىزىيىنىڭ قورال ــ ياراغ ۋە ھېسا- بىنى باشقۇراتتىم، ئۆيىمىزمۇ دېۋىزىيە شتابى جايلاشقان يۇمىلاق شەھەرگە يېقىن ئەنجان كوچىسىدا ئىدى. مەھمۇت شىجاڭ يېنىدا دائىملىق خىزمەتتە بولغانلىقىمدىن ئابدۇغوپۇر داموللاھاجى بىلەنمۇ پات ــ پات ئۇچرىشىپ قالاتتۇق، قەشقەر شەھىرىدە يۈز بەرگەن تۈرلۈك ۋەقە ــ ھادىسىلەر بولۇپمۇ شۇ «پاجىئە»نىڭ ئالدى ــ كەينىدىكى ئەھۋاللاردىن ھەر ۋاقىت خەۋەردار بولۇپ تۇرغان شا- ھىدلارنىڭ بىرى بولغىنىم ئۈچۈنمىكىن، ئۇ كارتىنىلار خۇددى تۈنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەندەك كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشلار خەلقنىڭ نەزىرىدىن ساقىت قالمىسۇن، دەپ خاتىرىلەپ قويدۇم.

ئىزاھاتلار:

① ئابدۇغوپۇر داموللامنىڭ جەسىتى بۇرۇن بىر تەرىپى بەشكېرەمگە، يەنە بىر تەرىپى ئاپاق خوجا مازىرىغا ماڭىدىغان كونا يول دوقمۇشىغا دەپنە قىلىنغان. كېيىن بۇ جايغا 1950 ــ يىللاردا خۇمدان سېلىنىپ ئون يىللاپ ھاك ۋە قىش پىشۇرۇلغان ئىدى. بۇ جاي ھازىرقى قەشقەر تۆشۈك دەرۋازا «ھەزرەت يولى» بويىدىكى 10 ــ ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇدۇلىـ

ىدىكى دوقمۇش، يەنى 1 ـ بىناكارلىق شىركەت ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا ماڭىدىغان يول دوقمۇشىغا توغرا كېلىدۇ.

②③④⑤ ئابدۇغوپۇر داموللا يازغان رىسالىدىكى شېڭ شىسەيىنىڭ بېغىشلىمىسىغا قارالسۇن.

⑥⑦⑧ ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجى يازغان رىسالىدىكى شېڭ شىسەي ۋە لى يۇڭلارنىڭ بېغىشلىمىسى ۋە ئۆزىنىڭ يازغان خاتىمىسىگە قارالسۇن.

# «تەكلىپنامە»گە ئورالغان كىشەن

## قاۋۇل ساۋۇر

1947 ـ يىل 25 ـ ئىيۇل رامىزاننىڭ 7 ـ كۈنى گۇگۇم ۋاقتى. گومىنداڭ قاغىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ بېغىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان «ئىپتارلىق زىياپەت» سورۇنىغا ھاكىم ئابدۇلئەھەت خېلىلوفنىڭ نامىدا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ما ـ ئارىپچىلار، سودا ـ سانائەتچىلەر، بەگ ـ باۋجاڭلار، قىسقىسى، ھەر ساھەدىن بولۇپ 100چە كىشى يىغىلماقتا ئىدى. ئەنە شۇ مېھمانلارنىڭ بىرى بولغان ئەينى ۋاقىتتىكى «ئانار بازىرى» مەك ـ تەپنىڭ مۇدىرى سىدىق بارات تەرەپ ـ تەرەپكە قويۇلغان قورال ـ لىق «مۇھاپىزەتچى»لەرنى كۆرۈپ، بۈگۈنكى جۇمەلىك ئىپتارنىڭ سىرلىق پەردىسى كەينىدە بىرخىل قاباھەت كۆلەڭگۈسىنىڭ ئە ـ گىپ يۈرگەنلىكىنى تۇيغاندەك بولدى. ئۇ، مېھمانلار تولۇق يى ـ غىلغىچە ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ھاكىم خېلىلوف سى ـ دىق باراتنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ، سىدىق باراتنى يېقىن بۇرادەرلىرىدىن بىرى ھېسابلايتتى. سىدىق بارات ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلگىنىچە: «خېلىلوف، بۇ....؟» دېدى. خې ـ لىلوف ئۇندىمەستىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ھەسرەت بىلەن ئۇ ـ لۇغ ـ كىچىك تىندى. بۇنىڭدىن خېلىلوفنىڭ ئامالسىزلىقتىن ئازابلىنىۋاتقانلىقى، گومىنداڭ ھەربىي ۋە ساقچى دائىرىلىرى خۇپىيانە پىلانلىغان مەلۇم بىر رەزىللىكنىڭ مۇقەررەرلىشىپ قالغانلىقى ئايان بولدى. بۇ يازلىق تەتىل مەزگىلى بولۇپ، «ئانار بازىرى» مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلىۋاتاتتى. كۇرسى ـ نىڭ ئىلمىي مۇدىرى، گومىنداڭ ناھىيىلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۈي جىجۇڭ بۇندىن 10 كۈن ئىلگىرى

مەكتەپ دەرۋازىسىغا كىچە ـ كۈندۈز پوس قويۇشقا باشلىغانىدى. 1946 ـ يىلىدىن باشلاپ مىللىي ئىنقىلاپ سېپىگە ئاتلانغان سىدىق بارات ئۆزىنىڭ بۇگۈنكى «زىياپەت» تە زاكۇسكا قىلىنىدىغانلىقىنى شۇئان جەزملەشتۈردى ـ دە، يېنىدىكى 13 سەر تەڭگىسىنى بالا ـ چاقىلىرىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى جېكىلەپ، مېھمان تۇرسۇن دېگەن كىشىگە بەردى. مېھمان تۇرسۇننىڭ تۇتقۇن قىلىنىش ئېھتىمالى يوق ئىدى. چۈنكى مەككارلىقتا ئۇچىغا چىققان سۈي جىجۇڭ (ئۇيغۇرچە قويۇۋالغان ئىسمى سۇلايمان) گۇمان تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، «ئىپتار» غا تۇتقۇن قىلىنىدىغانلار بىلەن تۇتقۇن قىلىنمايدىغانلارنى ئارىلاشتۇرۇپ چاقىرغانىدى. ئىپتارلىق غىزانىڭ تەييارلىنىشى تولىمۇ ھەيران قالارلىق بولۇپ، بىر تەرىپى ئۆزۈم بارىڭى، ئىككى تەرىپى قويۇق دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان زىياپەت مەيدانىدىكى شىرەلەرگە باشتىن ـ ئاياغ ئۆپكە ـ ھېسىپلار تىزىلغانىدى. شۇنچە كۆپ ئۆپكە ـ ھېسىپلارنى كىملەرنىڭ قۇيغانلىقى ۋە قانداق قۇيۇپ بولغانلىقى تەسەۋۋۇرغا سىغمايتتى.

«زىياپەت» باشلاندى. گومىنداڭ 4 ـ بىرىگادا 2 ـ پولك 3 ـ باتالىيونىنىڭ كوماندىرى چى بىلەن لياڭ فامىلىلىك تەرجىمان كىرىپ كەلدى. ئۇلار زىياپەت مەيدانىنىڭ بىر تەرىپىگە ئۈستەل ـ ئورۇندۇق قويۇپ، بىرىگادا كوماندىرى تاڭ جىگرېننى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. تاڭ جىگرېن كۆپچىلىككە سۇرلۇك قىياپەتتە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، مۇغەمبەرلەرچە تەبەسسۇم بىلەن سۆز باشلىدى:

— كۆپچىلىك، سىلەر ناھىيە بازىرىدىكى ئوردا كۆلىنى ياخشى بىلىسەر. ھازىر ئۇ كۆلدە يۇقۇملۇق كېسەل مىكروبلىرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ئەگەر ۋاقتىدا تازىلىمىساق، بازار ئاھالىسى ئىدىچىدە كېسەللىك يامراپ كېتىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سورۇن ئەھلى ئۆزئارا جاۋاب ئىزدەۋاتقاندەك بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراشتى.

يىتىملىقۇم باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئابدۇل رېشىت

قۇددۇس جاۋابەن سۆز ئالدى:

ـــ جانابلىرى، مىكروپنى تازىلايمىز دېسەك، مىكروپ پەيدا قىلمايدىغان مۇھىت يارىتىشىمىز كېرەك. ھازىرسوۋېت ئىتتىپاقىدا بۇنداق مۇھىت يارىتىلدى. بىز بولساق نە ھالدا تۇرىۋاتىمىز؟ ھېچقانداق تەرەققىيات بولمىسا، بۇنداق بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە مىكروپ پەيدا بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ تاڭ جىگىرىن ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى ـ دە:

ـــ ياخشى، ناھايىتى ياخشى، ـــ دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ـــ بۇ قانداق زىياپەت؟ ئۆپكە ـ ھېسسىپتىن باشقا نەرسە بولمىسا.

ـــ بەلكىم يەنە ئاتاپ قويغىنى باردۇ؟

ـــ بار ئوخشايدۇ، تېخىمۇ ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرى باردەك قىلىدۇ.

سورۇن ئەھلىنىڭ گۇمان ۋە تەشۋىشلىك پىچىرلاشلىرى قۇلاقنى يارغۇدەك بىر پۇشتەك ئاۋازى بىلەن جىمىپ كەتتى.

ـــ «ھەممىڭ قولۇڭنى شىرەگە قوي!» دېگەن بۇيرۇق بىلەن تەڭ ئەتراپتىكى ئۈزۈم بارىڭى ۋە دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدىن نەچچە يۈزلىگەن مىلتىق، پىلىموتلارنىڭ ستۋوللىرى كۆرۈندى. تۇتقۇن قىلىشقا باشلاندى. «ئانار بازىرى» مەكتەپتىن سىدىق بارات، مامۇت توختى، نامەت ئىسلام، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى ئىسھاقجان (ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان)، دوختۇر ئابدۇغوپۇرجان، ئوقۇتقۇچى مۇسا ئىبراھىم قاتارلىق 13 كىشىنىڭ ئىسمى بىر ـ بىرلەپ ئېلان قىلىنىشى بىلەن تەڭ، قوراللىق ھەربىي ۋە ساقچىلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى تېڭىپ، قوللىرىنى باغلاپ، بىر ـ بىرىگە چېتىپ، باغنىڭ ئىچكىرىسى بىلەن ئاشلىق ئامبىرى (ھازىرقى ئاشلىق ئىدارىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئورنى)غا ئېلىپ چىقتى. ئۇلارنى ئوڭ تەرەپكە ئېلىپ ماڭسا، گومىنتۇەنگە (国民团)، سول تەرەپكە ئېلىپ ماڭسا،

بىرىگادا شتابىغا ئايرىدىغانلىقى ئېيتىق ئىدى. سول تەرەپكە قايرىلىپ، بىرىگادا شتابىغا ئېلىپ ماڭدى.

شتاب دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئابدۇغوپۇرجان، ھەبىبۇللا مويىدىن، مۇسا ئىبراھىملارنى شتاب تۇرمىسىگە ئەكىرىپ كەتتى. قالغان ئون كىشىنى تاغارغا سولاپ، هارۋىغا بېسىپ، باتالىيون شتابى (هازىرقى تۇرۇبا سۇيى شىركىتىنىڭ ئورنى)غا ئەپكەلدى. بۇ جاي ئەسلىدە يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ قوروسى ئىدى. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى كۆكتات ئامبىرى قىلغان قاپقاراڭغۇ يەر ئاستى ئۆيىگە تاشلاندى. بۇ ئۆينىڭ تورۇسى تولىمۇ پەس بولۇپ، ئۆرە تۇرغىلى بولمايتتى. باۋۇدۇن ئابدۇللا ئىسىملىك تۇتقۇن تاغاردىن بېشىنى چىقىرىپلا ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، تورۇسقا ئۇسۇپ بېشىنى يېرىۋالدى. ئىككى كۈندىن كېيىن قولناغىدىن ئىككى ئادەمنى ئەكىلىپ تاشلىدى. بىرسىنىڭ ئىسمى «ھاشىم تۆەنجاڭ»، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى ھەسەنبەگ بولۇپ، سوراقتا مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار «بەشكەنت تاغ»دا ئاز كەم 300 قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ گومىنداڭغا قارشى تۇرغانىكەن. بەش كۈندىن كېيىن ھاشىم خۇيجاڭ بىلەن تۇردى قاربەگنى تۇتۇپ كېلىشتى. شۇنداق قىلىپ بۇ زىنداندىكىلەر 14 كە يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ـ بىرىدىن مۇھىم ئۈچ كىشى بار ئىدى. تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي قىسىملىرى 1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قاغىلىقنى ئازاد قىلغاندىن باشلاپ، 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «11 بىتىم» سەۋەبىدىن قورال تاپشۇرغانغا قەدەر، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ھاشىم خۇيجاڭ قاغىلىق ئۇيغۇر پولكىنىڭ كوماندىرى؛ قەشقەر، پوسكام، قاغىلىق بىرلەشمە ئۇيغۇر پولكىنىڭ كوماندىرى؛ 2 ـ بىرىگادىنىڭ كوماندىرى؛ تۇردى قاربەگ قاغىلىق ئۇيغۇر پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى؛ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان 16 ـ پولكىنىڭ كوماندىرى، ئىسھاقجان تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي قىسىملىرى تەيىنلىگەن قاغىلىق ۋالىيسى ساۋۇت قارىنىڭ مەسلىھەت ـ

چىسى؛ ناھىيەلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي قىسملىرى قوماندانلىق باش شتابىنىڭ سەھىيە ئىشلىرى مەسئۇلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، شۇ سەۋەبتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى كۈچلۈك ئىدى.

جاڭ فاگۇەن ئىسىملىك سوراقچى 14 كىشىنى نۆۋەت بىلەن ئېلىپ چىقىپ سوراق قىلاتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىرگىدا شتابىغا قامالغانلارنىڭ ئارىلىقىدا توختىماي قاتراپ، يىپ ئۇچى ئىزدەيتتى. سوراق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنى يەر ئاستى ئۆيىدىن يەر ئۈستىدىكى بىر ئېغىز ئۆيگە يۆتكىدى. پەقەت شۇ چاغدىلا مەھبۇسلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئېلىپ كەلگەن تاماقلارنى ئېلىشىغا يول قويىدىغان بولدى. بىراق ئەكسىيەتچىلەر كۈتۈلمىگەن بىر شۇملۇقنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بىر كۈنى ئۇلار «سىبىلىس كېسىلى تارقالدى» دېگەن نەيرەڭ بىلەن مەھبۇسلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ چىقىپ ئوكۇل ئۇرۇشقا باشلىدى. بىرىنچى نۆۋەتتە مامۇت توختى دېگەن كىشىگە ئوكۇل سېلىندى. ئۇ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، يەنە بىرەيلەننى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئاللىقاچان ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغان ئىسھاقجان بىردىنلا يىغلاپ تاشلىدى. باشقىلار بۇ قەيسەر ئادەمنىڭ كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئۇ، بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئېچىنىشلىق ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئىسھاقجان ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقاندا، شېڭ شىسەي گۇمانلىق دەپ قارىغان بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى تۈرمىگە تاشلىدى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، تۈرمە دائىرىلىرى ئىككى ئەر ـ خوتۇن روس دوختۇرنى باشلاپ كىردى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا ئوكۇل سېلىشتىن ئىلگىرى ھېلىقى ئايال دوختۇر «بۇ بالا كىچىككەن، ئائىلە ئىشلىرىمنى قىلسۇن» دەپ ئىسھاقجاننى ئايرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىسھاقجان ئۇلار بىلەن بىللە بولۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ

ئوكۇل بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنى كەسىپ قىلغان جاللاتلار ئىكەنلىكىنى، شۇ قېتىمقى ئوكۇل سېلىشتىمۇ بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى چۈشەنگەندى. كۆپچىلىك ئىسھاقجاننىڭ بايىقى كۆز يېشىنىڭ دەل ئاشۇ ئەسلىمە بىلەن كۆز ئالدىدىكى دەھشەتلىك رېئاللىقنى باغلاپ چۈشىنىشىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىردەك سۈكۈتكە چۆمدى. نەھايەت، ئىسھاقجاننىڭ قىياسى ئىسپاتلاندى. بۇ قېتىمقى ئوكۇل سېلىش نەتىجىسىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاساسلىق قىساس ئوبيېكتلىرىدىن بولغان ھاشىم خوجاڭ بىلەن تۇردى قارىبەگ ئۆلتۈرۈلدى، روشەنكى، باشقا مەھبۇسلارغا سېلىنغىنى زەھەرسىز ئوكۇل، مىللىي ئىنقىلابنىڭ ئىككى پېشىۋاسىغا سېلىنغىنى بولسا جان ئالىدىغان زەھەرلىك ئوكۇل ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ يارامىلىق ئىككى سەپدىشى ۋە ئۇستازىدىن ئايرىلغان 12 كىشىدىن ئىسھاقجان، سىدىق بارات، يۇسۇپ ھوشۇر، ھەسەن يۇسۇپ، نامەت ئىسلام، ئايۇپ مۇھەممەتلەر 1949 ـ يىل 2 ـ ئايدا ناھىيىلىك قورچاق ساقچى تۈرمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئابدۇرېھىم ھېيىت بىلەن باۋۇدۇن ئابدۇللا باغچا مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا، سابىتوف، ئوسمان ئەلى قاتارلىق 5 كىشى گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى قاسىمبەگ (خەنزۇچە ئىسمى ماشىڭمو)نىڭ خۇسۇسىي موخوركا زاۋۇتىغا ئەمگەككە تۇتۇپ بېرىلدى.

بىرگادا شتابىغا قامالغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك خەتەرلىك ۋە گۇمانلىق دەپ قارالغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى باتالىيون شتابىغا قامالغانلاردىن خېلىلا كۆپ ئىدى. 1948 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇلارنىڭ قېرى، ئاجىز، كېسەلچانلىرىنى قويۇۋېتىپ، ياش، بېجىرىم، كۈچلۈكلىرىنى تاشقورغان پارتىزانلىرى تەرىپىدىن پارتلىتىۋېتىلگەن يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنى ياساش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى. ئۇلار قاماقتىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىرگادا تۈرمىدىكىلەرگە 80 يۈەندىن پۇل

تارقىتىپ بەردى. بۇ پۇلغا بىر كىلوگرام گۆش سېتىۋالغىلى بولاتتى. تۇتقۇنلاردىن كىمدۇر بىرسى ئۆزىگە تارقىتىلغان پۇلنى رەت قىلدى. پۇل تارقاتقۇچى بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئۇ: «مەن ئەمدى ئەخمەق ئەمەس، ئىپتاردا قاقتەك بىر پارچە ئۆپكىنى يەپ قويغىنىمغا 80 نەچچە كۈندىن بېرى قامىلىپ ياتتىم، 80 يۈەننى ئالسام، تۈرمىدە سېسىپ كېتىشىم مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ «مېھمان» چاقىرىپ ئادەم تۇتقۇن قىلىشتەك نامەرتلىكىگە قارىتىلغان ئاچچىق مەسخىرە ئىدى.

بۇ ماتېرىيال سىدىق بارات، ئابدۇغوپۇرجان، مۇسا ئىبراھىملارنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن رەتلەندى.

# تۇمشۇقتىكى سوقۇش

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

1933 ـ يىلى باھار بايرىمى ھارپىسىدا جەنۇبىي شىنجاڭدى ـ كى ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ دىۋىزىيە قوماندانى جىن شۇجى دورا يەپ ئۆلۈۋالدى. گەنسۇ تۇڭگىشۇيلۇك باش سەنمۇ لۇ دىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلىنىپ، ئاقسۇدىن قەشقەرگە قاراپ كېلىۋاتقان «ئىسيانچىلار»نىڭ ئالدىنى توسۇش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قوشۇن تەشكىللىدى. لى دۇگرۇڭ بۇ قوشۇننىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى بولدى، ئاتلىق ۋە توپچى قىسىملىرىنى باشلاپ مارال ـ بېشىنىڭ تۇمشۇق دېگەن يېرىگە يېتىپ باردى.

تۇمشۇق مارالبېشىنىڭ ئىككى ئۆتەڭ نېرىسىغا جايلاشقان جاي بولۇپ، ئەتراپى تاغلىق، سوقۇش قىلىشقا ئەپلىك جاي ئىدى. ئاقسۇدىن كېلىۋاتقانلارمۇ بۇ جايغا يېقىنلىشىپ قالغاچقا، لى دۇگرۇڭ قوشۇنلىرىنى تۇمشۇق تاغلىرىنى دالدا قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلگەن قوماندان لۇ دىڭ تۇمشۇقتىن بىر ئۆتەڭ بېرى بولغان چارباغدا قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشقا باشلىدى.

لۇ دىڭ ئاقسۇ يېڭىشەھەرتىكى سوقۇشتا خىزمەت كۆرسى ـ تەلمىگەن ياڭ تۇەنجاڭنى ئەسكىرىي خىزمەتتىن بوشىتىپ، ئۇنى ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا، قوشۇمچە مارالبې ـ شىنىڭ ھاكىملىقىغا قويدى.

ئاقسۇدىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر، خۇيزۇ قوشۇنلى ـ رىمۇ تاغنى دالدا قىلىپ شەرق تەرەپكە ئورۇنلاشتى. ئۇيغۇرلارغا توقسۇنلۇق ئەمەت ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى تۆمۈر ئېلى، خۇيزۇلارغا قاراشەھەردىن يېڭىدىن بېرىلگەن قوماندان ماجەنساڭ باشچىلىق

قىلاتتى.

قورال جەھەتتە ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوراللىرى خىل، ئوقلىرى كۆپ ئىدى. پىدا-ئىيلارنىڭ قوراللىرى ناچار، ئوقلىرى يېتەرسىز ئىدى. ئۇي-غۇرلارنىڭ خۇيزۇلارنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. تۆەنجاڭ تۆمۈر ئېلى ناچار قورال بىلەن قوراللانغان پىدائىيلىرد-نى ۋە كالتەك بىلەن قوراللانغان نۇرغۇن ئادەمنى باشلاپ ئۇ-رۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئۇرۇش بىر ئايغا سوزۇلدى. پىدائىيلار ھەرقانچە قەھرىماز-لىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ياخشى قورال مۇھىم ئامىل بولغاچقا، قارشى تەرەپ ھامان ئۈستۈن بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەردىن ئۈزلۈكسىز يېتىپ كېلىۋاتقان ئەسكەر ۋە قورال ـ ياراغ ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى. خۇي-زۇلاردا قورال خىل، ئوق كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار ئارقا سەپتە تۇرۇ-ۋېلىپ، ئوقلىرىنى ياكى ئاتماي، ياكى ئۇيغۇرلارغا بەرمەي، پاس-سىپ بولۇۋالغاچقا، تۆمۈر ئېلى تەمتىرەپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋال-نى كۆرگەن كورلىلىق تۆەنجاڭ كۆكرەك كېرىپ چىقتى ـ دە، يارامىلىق ئادىمىدىن يەتتىنى تاللاپ، تاغ ئارقىسىدىكى يول بىلەن تۆۋەنگە قاراپ ماڭدى.

ئۇلار تاغنىڭ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل جايلىرى بىلەن تاغنى ئاي-لىنىپ ئۆتۈپ، چارباغ كەنتىگە كەلدى ـ دە، لۇ دىگىنىڭ باش شتابىنى تاپتى. بۇ چاغ 3 ـ ئاي مەزگىلى بولغاچقا، ھاۋا ئىنتا-يىن بورانلىق ئىدى. يەنە كېلىپ ھۆكۈمەت تەرەپ توختىماي يار-دەم قىلىپ تۇرغاچقا، لۇ دىڭ بىخارامان ئەپيۇن چېكىش بىلەن بەنت ئىدى. بۇ كۈنى لۇدىڭ ئەپيۇننىڭ كەيپى بىلەن شېرىن ئۇي-قۇغا چۆشكەن، مۇھاپىزەتچىلىرىمۇ چۆشلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئېلى ھاجى بۇ پەيتتىن پايدىلاندى. ئۇلار مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ قوراللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، لۇ دىگىنى كارىۋىتىنىڭ ئۈستىدىلا جايلىدى ۋە بىرقانچە تال ياخشى قورالنى ئولجا ئېلىشىپ جىم-

غىنا چىقىپ كەتتى.

چارباغدىكى بۇ دەھشەتلىك خەۋەر ئالدىنقى سەپنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىغا گويا يەر ــ جاھان تەۋرەنگەندەك سېزىلدى بولغاي، ئۇلارنى ۋەھىمە ــ تەشۋىش قاپلىۋالدى. بۇ خەۋەر قەشقەرنىمۇ زىلزىلىگە كەلتۈردى. لىۇ دىڭنىڭ مۇنداق بىپەرۋالىقى ھەممىنى غەزەپلەندۈردى. لىۇ دىڭنىڭ ئورنىغا سەنمۇلاردىن سى چۇخەن قوماندان بولۇپ جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. سى چۇخەن ئالدىنقى سەپنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قوشۇندىكىلەرنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. سى چۇخەننىڭ ئىلھامى لى دۇڭرۇڭنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. ئۇ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ «سا...» دەپ ۋارقىرىغىنىچە باستۇرۇپ باردى. ئىككى تەرەپ گىرەلىشىپ كەتتى. تۆمۈر ئېلىنىڭ جاسارىتى باشقىلارنىڭ جانپىدالىقىغا تۈرتكە بولدى. ئاقىۋەت ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى چىداشلىق بېرەلمەي چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنى چېكىنىش يولىدا كۈتۈۋاتقان بۆكتۈرمىچىلەر تېخىمۇ ھالسىزلاندۇردى. تۆمۈر ئېلى بۇ ئۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن تۇەنجاڭلىقتىن لۈيجاڭلىققا كۆتۈرۈلدى.

قوشۇندىكى بۇ خىل چىدامسىزلىقنى كۆرگەن قوماندان لى دۇڭرۇڭ ئەسەبىيلەشتى ــ دە، ئەسكەرلىرىنى چېكىنىشتىن توسۇپ قالالمىغانىنىڭ ئۈستىگە «خىزمەت كۆرسىتەلمىگەن» دېگەن ئاتاقنى ئېلىشنى نومۇس بىلىپ تاپانچىسى بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالدى.

مانا بۇ چېكىنىش ۋە مەغلۇبىيەت تۇمشۇق ئۇرۇشىغا خاتىمە بەردى. سى زىخۇي قالدى ــ قاتتى ئەسكەرلىرىنى توپلاپ چارباغدا پىدائىيلارنىڭ ئالدىنى توستى، لېكىن روھى چۈشكەن بۇ قوشۇن چىداشلىق بېرەلمەي، مارالبېشىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. دەل مۇشۇ كۈنلەردە مارالبېشىلىق تۇردى ھاجى دېگەن كىشى ئادەم توپلاپ مارالبېشى ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقاچقا، سى زى-

خۇي مارالبېشىدا ئۆزۈن تۇرالماي قەشقەرگە قاراپ چېكىندى. ئۇ ئۆزى بۇ شەرمەندىلىك بىلەن قەشقەرگە قايتىشتىن ئۇيالغان چېغى، ئاساسىي قوشۇنىنى چوڭ يول بىلەن قەشقەرگە يولغا سېلىۋەتتى. ئۆزى توپچى قىسمىنى ئېلىپ سېرىقبۇيا تەرەپ بىلەن يەكەنگە بېرىپ، يەكەن يېڭى شەھىرىگە قامىلىپ قالغان سۇڭ تۇەنجاڭ بىلەن بىرلىشىپ قارشى تەرەپنى يوقاتماقچى، قەشقەرگە كېلىپ مۇداپىئە قورغانى قۇرماقچى بولدى.

ئۇ مارالبېشىدىن چىقىپ شامال دېگەن يەردە قوندى. ئەتراپتىكى خەلقنىڭ قويلىرىنى تۇتتۇرۇپ، ئاشپەزلىرىنى تاماقىقا بۇيرۇدى. ئەسكەرلەر چېدىر قۇرۇپ ئارام ئېلىشتى. سى زىخۇينى بىر خىل ئەنسىزلىك قاپلىۋالدى. پەقەت ئارام ئالالماي، ئېتىنى توقۇتۇپ، ئىككى مۇھاپىزەتچىسى بىلەن تەرجىمانىنى ئېلىپ ئەتراپنى چارلاشقا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەتراپنى چارلاۋېتىپ بىر يەرگە كەلگەندە قۇلىقىغا غەيرىي ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئاۋازى ئىدى. زىخۇي تەرجىمانغا تىكىلدى. تەرجىمان بىرئاز قۇلاق سالغاندىن كېيىن، «زىخۇي جانابلىرى، بۇ نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئاۋازى، نۇرغۇن ئادەم بىر يەرگە توپلانغاندەك تۇرىدۇ. ھەممىسى توس! توس! توس! دەۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا دۈشمەن ئالدىمىزدىن توسۇپ چىققان ئوخشايدۇ» دېدى. زىخۇينىڭ كەيپى ئۇچتى. تېزدىن قايتىپ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ھېچنەرسىگە قارىماستىن يان يول بىلەن سېرىقبۇيا تەرەپكە قاراپ كەتتى.

ئەسلىدە بۇ ئاۋاز توغراقلىق ئارىسىغا جۇغلاشقان بىر توپ بەڭگىنىڭ ئاۋازى بولۇپ، ئۇلار گۇلخان يېقىپ نەشە چەككەچ دوست تارتىشىۋاتقانىدى. ئۇلار توۋلىغان بۇ «دوست» زىخۇيغا «توس» دەپ ئاڭلانغانىدى.

روھى چۈشكەن سى چۇخەن ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئاقسا ـ مارالدىن ئۆتۈپ، زەي دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ توپلىرى پاتقاققا پېتىپ قالدى، ئاتلار ئېغىر توپنى سۆرىيەلمىدى. ئۇلار تاڭ ئاتقاندا توپلىرىنى تارتىپ چىقىرىشقان بولسىمۇ،

مەكىت تەرەپتىن كەلگەن يولۇچىلاردىن مەكىتتىمۇ قوزغىلاڭ
بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، مېڭىشتىن توختىدى. سى چۇخەذ-
نىڭ بېشى قاتتى. ئىككى ئارىدا سولىنىپ قالغانلىقى ئۇنىڭغا
بەكمۇ ئەلەم بولدى. ئىلاجىسىزلىقتىن ئەسكەرلىرىنى مۇۋاپىق
بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆزلىرىنى قوغداشقا كىرىشتى.

كۈنلەر ئۆتتى، ھەپتىلەر كەچتى. ياز كۈنلىرىدە پاشىنىڭ
تولىلىقىدىن بىر سائەتمۇ چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان بۇ جاڭ-
گالدا ئاچ - توق كۈن ئۆتكۈزگەن سى زىخۇي ئاخىرى بۇ روھىي
قاماقتىن قۇتۇلۇش كۈنىگىمۇ ئۇلاشتى. قەشقەردىكى دوتەي ما-
شاۋۋۇنىڭ مارالبېشىدىكى خۇيزۇلار بىلەن سۈلھى قىلىش ئۈچۈن
ئەۋەتكەن ۋەكىلى ئابدۇللاخان ئىككى ئارىدا تىل بىرىكتۈردى.
ماجەنساڭ ئادەم ئەۋەتىپ بۇ جايدىكى قىسىمنى تۇڭگانچە كىيىن-
دۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەسكىرى قىلىپ ئوغرىلىقچە قەشقەرگە ئېلىپ
كەتتى، قوراللىرىنى ئۆزى يىغىۋالدى. بۇ ئىش ئۇيغۇرلار بىلەن
خۇيزۇلار ئارىسىدا مەلۇم ئاداۋەت ۋە بۇزۇلۇش پەيدا قىلغانىدى.

# چەشتاغدا ئاققان قانلار

## مامۇت غازى

بۇ يىل 8 ـ ئايدا تاشقورغان خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىديەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلىڭى غەلىبە قىلغانلىقىغا 55 يىل بولدى. بۇ قوزغىلاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ياردەم بېرىشى، ئىنقىلابىي قوشۇندىكى كوماندىر، جەڭچىلەرنىڭ دۈشمەنگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشى ئارقىسىدا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تاشقورغان تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىپلا قالماستىن، 10 ـ ئايغىچە قەشقەر تەرەپتە ئوپالنى ئىگىلەپ، شىمالدا يامانيار، جەنۇبتا تاشمىلىقىچە، يېڭىسار تەرەپتە شەھەردىن 25 كىلومېتىر بېرىدىكى جايلارغىچە، شەرقتە ئېگىز ياردىن ئۆتۈپ سۆگەت رايونىغىچە بولغان جايلاردىن قوغلاپ چىقىرىپ بۇ جايلاردىكى خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلدى ۋە تاشقورغاندىن يەكەنگىچە بولغان تاغ يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ يىل ئاخىرىغىچە يەكەننىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىنى، پوسكام، قاغىلىق ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ، بۇ ئىككى ناھىيىدە ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇردى.

تۆۋەندە 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تاشقورغاندا تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقى تۈپەيلىدىن چەشتاغ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا بولۇپ ئۆتكەن تاشقورغان ئىنقىلابىغا دائىر بەزى ۋەقەلەرنى ئەسلەپ ئۆتىمەن.

## چەشتاغ

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى تاشمىلىق رايونىنىڭ سا-غان كەنتىدە شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان تەخمىنەن بەش كىلو-مېتىر كېلىدىغان توپاتاغ بار، تاغنىڭ شىمال بېشىدىكى يۇمىلاق تىك ئېگىز چوققا چەشتاغ دېيىلىدۇ. تۆپىسى ھەربىيلەرنىڭ مە-شىق مەيدانى، شەرق تەرەپتە پەلەمپەي بىلەن چۇشۇپ چىقىدى-غان، ئىككى ئەسكەر قوراللىق پوستا تۇرىدىغان قوشقاناتلىق ئى-شىك بولۇپ، ئىچى ھەربىيلەرنىڭ ياتىقى، ئاشخانىسى ۋە يەر ئاستى قورال - ياراغ، ئوق - دورا ئامبىرى. مەيدانىنىڭ غەربى ئېگىز دۆڭلۈك، ئاخىرى تىك يار، پەستىكى سايدا ئوپالدىن جە-نۇبقا بارىدىغان تاشمىلىق يولى بار. يولنىڭ غەرب تەرىپى شىمال-غا قاراپ ئاقىدىغان گەز دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. بۇ دەريانىڭ غەربى تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرىغا، شەرقى گومىنداڭغا تەۋە، مەيدانىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ئوت - چۆپ، دەرەخلەر كۆكىرىپ تۇرىدۇ. ئەينى چاغدا كىچىك بىر ئېرىق سۇمۇ بار ئىدى. شەرق تەرىپىدە تاغ ئۈستىگە چىقىدىغان يىلان باغرى كەتكەن بىر توپىلىق يول بار. يۇقىرالار ئۆزىگە چۈشكەن ئوتۇن - سامان، بېدە - بوغۇز سېلىقـ-لىرىنى مۇشۇ يول بىلەن تاغقا ئېلىپ چىقىپ ھەربىيلەرگە تاپ-شۇرۇپ تۇرىدۇ. تاغنىڭ جەنۇبى ئۇچىدىكى قارا دۆۋە دېيىلىدىغان يەرگە تاشمىلىق لەڭزە جايلاشقان، ئىشىك ئالدى تاشقورغان چوڭ يولى، بۇ ئىككى جاي خالىيەنجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان ئەيسا ليەنجاڭ باشچىلىقىدا گومىنداڭنىڭ ئەڭ ئىلغار زامانىۋى ياراقلار بىلەن قوراللانغان 2000 دىن ئارتۇق ئەسكىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئال-دىنقى سەپ قاراۋۇلى بولۇپ قالماستىن، گومىنداڭ ئىشپىيون-لىرىنىڭ ئاخبارات مەركىزى ۋە بىز ئەسلەپ ئۆتمەكچى بولغان قانلىق ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولغانلىقى ئۈچۈن قىسقىچە تونۇش-تۇرۇپ ئۆتتۇق.

### گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ دېھقانلارنى پىلمۇتقا تۇتۇشى

1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 48 كىشى ئاقتۇ نا ـ
ھىيىسىنىڭ پىلال يېزىسىدىن ئىلىشقا چىقىپ پىلال ئۆستىڭد ـ
نى بويلاپ غەربكە قاراپ ماڭدۇق. مۇشۇ مېڭىشىمىزدا چەشتاغ ـ
نىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ يەنە 10 كىلومېتىرچە يول يۈرسەك گەز
دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدىكى سۇ كۆپەيتىدىغان جايغا يېتىپ كې ـ
لەتتۇق. بۇ چاغدا تاشقورغان ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ گو ـ
مىنداڭ ئارمىيىسىنى گەز دەرياسىنىڭ غەربىدىكى جايلاردىن پۈ ـ
تۈنلەي قوغلاپ چىقارغان، ئىنقىلابچىلار يېڭىسار تەرەپتە گو ـ
مىنداڭ قىسىملىرى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىۋاتقان، ئۈچ ۋىلا ـ
يەت ئارمىيىسى باي، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىلىرىنى ئىگىلەپ،
يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ گومىنداڭ قىسىملىرىنى
قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا قىستاۋاتقان، گومىنداڭ ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابى، تاشقورغان ئىنقىلابى ئۈستىدە تەتۈر تەشۋىق
تارقىتىپ خەلق ئاممىسىنى قايمۇقتۇرۇۋاتقان، شۇنداقلا قالايمى ـ
قان ئەسكەر ئېلىپ ئاممىغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئالۋان ـ سېلىق ـ
نى كۆپەيتىپ، دېھقانلارغا زۇلۇم سېلىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. بىز
چۈشكە يېقىن چەشتاغنىڭ شىمالىدىكى ئورمانلىقتىن ئاقتىچى،
يەڭۋاپا، پىلال يېزىلىرىغا بارىدىغان ئۆچئۆستەڭنىڭ بويىدا توخ ـ
تاپ بىرئاز دەم ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇشىمىزغا، چەشتاغ ـ
نىڭ ئۈستىدىن ئەسكەرلەر دۈربۈن سېلىپ تەكشۈرگىلى تۇردى.
باشلىقىمىز 1934 ـ يىلدىكى ئىنقىلابقا قاتناشقان قادىر لىيەن ـ
جاڭ دەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ دۈربۈن سېلىشى
ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس، تېز ماڭايلى دېدى. بىز ئالدىراش
مېڭىپ توما بېشىغا كەلدۇق، تومىغا قارايدىغان ئىگەمبەردى ئاكا
بىزگە چاي قاينىتىپ تۇرغانىكەن. بىراق ئىككى ئۆستەڭنىڭ ئا ـ
دەملىرى كېچىسى مېڭىپ كېتىپ، بىزنى ھەيدەپ مېڭىشقا بىر
دورغىنى قويغانىكەن. ئۇ چاي ئىچكۈزمەي ئۇرۇپ قوغلىغىلى
تۇردى، ئىككى ئادەمنى نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزگە قاراشقا قو ـ

يۇپ، 64 كىشى بىردىن ناننى بەلگە تۇگۇپ، بىر تالدىن بادرىنى كۆتۈرۈپ ئەمدى سايغا چىقىشىمىزغا، چەشتاغنىڭ غەربىدىكى دۆڭدىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىزنى پىلىموتقا تۇتۇشقا باشلىدى. باشلىقىمىز يارنىڭ تۇۋىگە كېلىپ «دۈم يات» دەپ بولغۇچە ئىككى قېرىندىشىمىزغا ئوق تەگدى. ئوققا تۇتۇش خېلى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدى، پىلىموت ئوقلىرىنىڭ تاشقا تېگىپ تاراسلىغان ئاۋازى پىلىموتلارنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ سايىنى بىر ئالدى، ئوق تەگكەنلەرنىڭ ۋايساشلىرى، قېرىلارنىڭ بىر - بىرىدىن رازىلىق ئېلىشىپ يىغا - زارە قىلىشلىرى داۋاملاشماقتا ئىدى. بىر چاغدا پىلىموت ئاۋازى توختىدى، بىزنى پىلىموتقا تۇتقان قىرغىز ئەسكەرلەر چەشتاغ تەرەپكە ھەيدەپ ماڭدى. يارىدارلارنى دەملىشىپ كۆتۈرۈپ تاغ ئۈستىگە يېتىپ چىقتۇق. ئەتراپىمىزدىكى قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى قىرغىز، ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىككى ئۇيغۇر ئىزۋوت كوماندىرى ئالدىغا چىقىپ قادىر لىيەنجاڭدىن نەچچە ئېغىز گەپ سوراپلا ھېلىقى دورغىنى ئېسىپ ئۇرغىلى تۇردى. ئاندىن يەرگە چۈشۈرۈپ ئىشتاندىن باشقا كىيىمنى سالدۇرۇۋېتىپ ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ باغلاپ كېچە سۇ تۇتقىلى كەتكەن ئىككى ئۆستەڭنىڭ ئادەملىرىنى ئىككى سائەتكىچە قايتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئوق تەگكەنلەرنىڭ يارىسىدىن قان توختىماي ئېقىۋاتاتتى. بىز ئاۋۋال ئۇلارنىڭ يارىسىنى داۋالاشنى تەلەپ قىلدۇق. ئاندىن تۆت ئەسكەر يارىدارلارنى داۋالاشقا ئېلىپ ماڭدى. بەش ھەربىي باشلىق چىقىپ بىزنى سوراق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ھۇرپىيىپ تۇرۇپ: «سىلەر نېمىشقا كۈندۈزدە تاياق - توقماق كۆتۈرۈپ تاغ ئوغرىلىرىنىڭ قېشىغا ماڭىسىلەر؟» دېدى. باشلىقىمىز جاۋاب بېرىپ: «بىزنىڭ كۆتۈرگىنىمىز توقماق ئەمەس، بادرا، ئەسكەرلىرىڭلار كۆردى. بىز بادرىنى يوغان تاشقا يۆلەپ ئاندىن ئالدىغا تاش تىزىپ سۇنى تۇتىمىز. بۇنداق قىلمىساق گەز دەرياسىنىڭ سۈيىنى توپا تۆكۈپ تۇتقىلى بولامتى» دېدى. «نېمىشقا بىزدىن

روخسەت سورىماي ماڭىسىلەر؟» دېيۋىدى، دېھقانلار «يەر سوغىرىدىغان سۇنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن ھەربىيلەردىن روخسەت ئالامدۇ؟ بۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ يوق ئىشقۇ» دېدى. ھەربىيلەر قايىل بولماي يەنە گەپ باشلىغىلى تۇرغاندا، كۆپچىلىك بۇ ئىشنى توغرا سورىمىساڭلار ئۈستۈڭلاردىن ئۈرۈمچىگە ئەرز قىلىمىز دەپ ۋارقىراشتى. توپنىڭ ئارىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئون نەچچە كىشى بار ئىدۇق. ئۇلار باشلامچىلىق قىلىپ، «جاۋاب بەرسۇن» دەپ ئۈزمەي ۋارقىراشتى. بۇ چاغدا قوراللىق ھەربىيلەرنىڭ ھەممىسى ئۆۋىسىدىن چىقتى. يەنە بىر پوشتەك بىلەن يوقالدى، ئاڭغىچە بىزدىن گەپ سورىغان ھەربىيلەر يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپ، يەنە قېشىمىزغا كەلدى. ئۇلار «بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ. بۇ ئىش مۇشۇ يەردە تۈگىسۇن، يۇرتقا بارغاندا باشقىلارغا دېمىسەڭلار» دەپ يالۋۇرغىلى تۇردى، شۇنداق قىلىپ ئوق ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن مامۇت ئىبراھىمنى (ھازىر پىلال يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يېنىدىكى مەھەللىدە ئولتۇرىدۇ) يېڭى شەھەرگە ئاپىرىپ داۋالىتىشقا قوشۇلدى. ئوق ئىككى بارمىقىنى ئۈزۈۋەتكەن سوپاخۇننى دورا بېرىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشقا ماقۇل بولدى. دېمەك، بىز ئاخىرى قايتىدىغان بولدۇق. ھەربىيلەر بىزگە تاماق، قوغۇن ـ تاۋۇز بەرمەكچى بولۇۋىدى، بىز ئۇنىمىدۇق. ئەپسۇسكى، شۇنىڭغىچە ئاران 25 ئادەم قاپتىمىز، قالغانلار بىرلەپ ـ ئىككىلەپ قېچىپ كېتىپتۇ. ياردارلارنى ئاتقا مىندۇرۇپ، بىر ئۇيغۇر ئەسكەر بىللە ئېلىپ ماڭدى. تاغدىن چۈشسەك، ئالدىمىزدا كەتكەنلەر بىر يەرگە يىغىلىپ تۇرغانىكەن، بىز ھەممىمىز بىللە قايتتۇق. لېكىن، ئورمانلىقتىن چىقساق پىلالدىن ئىككى كۆك بېشى (مىراب) يېتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇقماي سەنلەر نېمىشقا سۇنى تۇتماي يېنىپ كېلىشتىڭ دەپ ئالدىدا ماڭغانلارنى ئۇرغىلى تۇردى. كۆپچىلىك غەزەپلىنىپ، ئىككى مىرابنى ئۇرۇشقا باشلىدى. بەكرى بېدىك دەيدىغان مىراب قېچىپ كەتتى. يانتاق چوڭ دېگەن

باش مىراب قىرى ئادەم ئىدى. قادىر لىيەنجاڭ «ئۆرىدىغىنىنى قاچۇرۇپ قويدۇق، بۇنى ئۇرساق بىر زەمبىل گۆش بولىدۇ، ئۇرماڭلار» دەپ كۆپچىلىكنى ئۇرۇشتىن توختاتتى. مىرابمۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ ھەممىمىزدىن ئەپۇ سورىدى. بىراق مۇشۇ مالىمانچىلىقتا يارىدارلانى ئېلىپ ماڭغان ھەربىي قېچىپ كېتىپتۇ، ئۇلارنى بىز ئائىلىسىگە ئاپىرىپ قويدۇق. كېيىن پىلال مەكتەپتە ئوقۇغان بەشقومۇشلۇق ياسىن مەمەت دېگەن قىرغىز ئوفىتسېرنىڭ «پىلىموت ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كەلسەم، 31 پىلىموتنى ئىشقا سالغانىكەن، مەن بۇيرۇق بىلەن توختاتتىم، ئۇلارغا ئاچچىقلاندىم، لېكىن خىجىل بولۇپ دېھقانلار بىلەن كۆرۈشمىدىم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇ ئىش «پىلىموتقا تۇتۇش ۋەقەسى» دېيىلدى.

## ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ يېتىپ كېلىشى

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ يېڭىسار تەرەپتە جەڭ قىلىۋاتقان قىسمىدىن بىر لىيەنجاڭ باشچىلىقىدا ئىككى جەڭچى بارىنلىق ئىسمائىل قارى دېگەن كىشىنىڭ يول باشلىشى بىلەن پىلال يېزىسىنىڭ قورغان كەنتىدىكى مەكتەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇلار ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كىگىز سېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنغاندا، لىيەنجاڭ مەكتەپ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇشنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ قورۇسىغا ئورۇن راسلاندى. جۈمە مەسچىتنىڭ ئىمامى كېرەم خاتىپ ئاخۇنۇم يېتىپ كېلىپ، مېھمانلارنى قايماق چاي، مېۋە - چېۋە بىلەن كۈتۈۋالدى. ئىنقىلابچىلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ مەكتەپ ئىچىگە ئادەم يىغىلىشقا باشلىدى، كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ياشلار، قېرىلار، بالىلىق ئاياللار، كىچىك بالىلارمۇ بار ئىدى. لىيەنجاڭ كۆپچىلىككە تازىم قىلىپ سۆزىنى باشلىدى، بىر ئەسكەر لىيەنجاڭنىڭ يېنىدا تىك تۇردى. يەنە بىرى دەرۋازىدا قوراللىق تۇردى. ئىسمائىل قارى، مەن يەنە بىر ياش ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇردۇق. كۈن ئولتۇرۇۋات-

قىننغا قارىماي كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بۇنىڭدىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئېزىلگەن كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىككە قانچىلىك تەشنا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. سىرتتا كۈزىتىۋاتقانلارغا شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، ئىلگىرى گومىنداڭنىڭ ئادىي ئەمەلدارى ياكى بەگ ـ دورغىلار كەلسە خۇددى تاپ پۇراپ يۈرگەن لالما ئىتلاردەك ئەمەلدارلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ «خوش» دەپ قول باغلاپ تۇرىدىغان يۈز بېشى، ئون بېشى، قور بېشى، توپ بېشى، ئاقساقال، مىراپ، باجگىر، قاتارلىقلارنىڭ بىرسىمۇ كەلمىدى. مەھەللىمىزدە بىر باي بولۇپ، ئۇ ئەمەلدار ئەمەس ئىدى، لېكىن ئەمەلدارلارنى كۆرسە ھېچنېمىنى ئايىمايتتى. لىيەنجاڭ سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ چاكىرى قاسىم ئىككى قېتىم كېلىپ مەكتەپ تېمىنىڭ كۈڭگۈرىسىدىن مارىدى. ئۇنى ئىسمائىل قارى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن «نېمە ئىشىڭ بار؟ نېمىشقا ئىچىگە كىرمەي ئىككى نۆۋەت كېلىپ تۆشۈكتىن قارايسەن؟» دېۋىدى، ئۇ دۇدۇقلاپ: «ساۋۇت خان باي بارمىكىن دەپ قارىدىم» دېدى. مەن ئۇنىڭغا «باي ئاكاڭ بۇ يەرگە كەلمىدى، ھۇجرىسىدىن تېپىۋال» دېدىم. بۇ سۆزۈم كېيىن ماڭا بەزى ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈردى. لىيەنجاڭنىڭ سۆزى ئارىلاپ ئالقىشلىنىپ تۇردى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىسىدا بۈگۈندىن ئېتىبارەن پىلال خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىنى، بۇندىن كېيىن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ يېزىغا كېلىپ پۇقرالارغا ئالۋان سېلىپ، زۇلۇم سالالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر زۇلۇم سالغۇچىلار كۆرۈلسە، ئىنقىلابچىلار كەلگەندە ئۇنداقلارنى سۈرۈشتۈرۈپ، قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى جاكارلاپ سۆزىنى تۈگەتتى. ئەسكەرلەر ئاتنىڭ قېشىغا ماڭغاندا لىيەنجاڭ ماڭا: «سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئىسمائىل قارىدىن ئاڭلىدىم، ئوقۇغان ئاڭلىق يىگىت ئىكەنسىز، بىز پات ئارىدا قايتىپ كېلىمىز، بىز كەلگىچە ياشلارغا خىزمەت ئىشلەپ، ئوبدان تەشكىللەڭ، لېكىن، ئىشپىيونلاردىن پەخەس بولۇڭ» دې-

دى. ئۇلار بىز بىلەن خوشلاشقاندا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مەن خاتىرجەم بولالماي بىر چوماقنى ئېلىپ ئوق چىقىۋاتقان تەرەپكە ماڭدىم. تۈگمەن بويى مەھەللىسىگە يېقىنلاشقاندا ئوق ئاۋازى توختىدى، مەن ئەتراپنى ئايلىنىپ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي قايتىپ كەلدىم. ئۆيگە كىرمەي ھامامنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام، يەنە ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۆگزىگە چىقىپ قارىسام، ئېتىلىۋاتقاننىڭ بىرقىسمى بەلگە ئوق ئىكەن. بىر قىسمى رەس-مىي ئوق بولۇپ، تام، دەرەخلەرگە تېگىپ كىشىلەرنى ئەندىشىگە سالاتتى. مەن قوناقلىقتا ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدۇم، كېيىن مەلۇم بولدىكى ئىنقىلابچىلار چوڭ باش كەنتىگە بېرىپ قاقىللا يولى بىلەن بارىنغا قايتماقچى بولۇپ، دۆڭدىن چوڭ باش يولىغا چۈش-كەندە، تۈگمەن بېشىدا ئولتۇرۇشلۇق مۇھەممەت نايىپ بەگنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ تۇرغان، چارشەنبە بازار ساقچىخانىسىدىن كەل-گەن ساقچىلار ئىنقىلابچىلارغا قارىتىپ قاراڭغۇدا قالايمىقان ئوق چىقارغان. لىيەنجاڭ ئاپتوماتىنى ئىشقا سالغاندا، ئىككى ساقچىغا ئوق تېگىپ، بەدەر قاچقان. كېيىن، گومىنداڭچىلار بۇ ۋەقەنى بۇرمىلاپ تەشۋىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بارات ناۋاي دې-گەن ساقچى بىر قولىنى نەچچە ئاي بوينىغا ئېسىپ يۈرگەنتى. كېيىنكى ئېتىلغان ئوقلار ئىنقىلابچىلار قايتقاندىن كېيىن، ساقچىلار ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئاتقان ئوقلار ئى-كەن. بۇ چاغدا يېڭى شەھەردىن ئاقتۇ ۋە يېڭىسارغا بارغىچە بول-غان ئارىلىقتا، شۇنداقلا پىلال يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقتىچى، بارىن، يەلكەن، سايباغ ئارقىلىق يېڭىسارغا بارىدىغان ئارىلىقتا گومىنداڭنىڭ قوراللىق ئورگىنى، پىلالنىڭ غەربىگە چېگرىداش قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇلاقسۇ يېزىسىدىن قەشقەر كونا شەھەرگىچە گومىنداڭنىڭ قوراللىق كۈچى يوق ئىدى. ئىككى سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئىش قانداق قىلىپ ئاقتۇ ساقچىخانىسىغا يەتكۈزۈلدۇ؟ ئىنقىلابچىلار بارىندىن يولغا

چىقىشتىن بۇرۇن، تاشمىلىق لەڭزىنىڭ نامىدىن تۆت پارچە خەت كەلگەن، ئىنقىلابچىلار پىلال يېزىسىغا يېتىپ كەلگىچە چارشەنبە بازار ساقچىخانىسى 10 نەچچە پارچە ئاخبارات تاپشۇرۇپ ئالغانىكەن. بۇ ئاخباراتلاردا تاغ ئوغرىلىرىغا ياردەم بەرگەنلەرنى تەكشۈرۈپ قاتتىق جازالاش، ھەرگىز يۈز خاتىرە قىلماسلىق تەلەپ قىلىنغانىكەن.

ئىنقىلابچىلارنىڭ كېلىشى دېھقانلاردا تاشقورغان ئىنقىلابىغا نىسبەتەن ئىشەنچ ھاسىل قىلدى، ياشلارنى ئويغاتتى. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە يېزىلاردىكى فېئودال يەر ئىگىلىرى، ئىشپىيونلارنى ئەندىشىگە سالدى. يىل ئاخىرىغىچە بۇ يېزىغا ھەربىي، ساقچى، باشقا مەمۇرىي ئەمەلدارلار پەقەت كەلمىدى. يۈز بېشى، باجگىرلار كەلسىمۇ بۇرۇنقىدەك 20 ـ 30 ئادەم ئاتلىق كېلىپ ئالۋان ـ سېلىق چاچىدىغان، پۇقرالارنى باغلاپ ئېسىپ قويۇپ، ئۇرۇپ سوراق قىلىدىغان، نەچچە قوينىڭ گۆشىنى يەپ، ئۆزىنىڭ يانچۇقىنى تولدۇرۇپ كېتىدىغان قىلىقلارنى قىلالمايدىغان، ئىككى ـ ئۈچ كىشى كېلىپ ئىشنى تۈگىتىپ، ئۈن ـ تىنسىز قايتىدىغان بولدى، دېھقانلار خۇش بولۇپ، ئويتاغ ئىنقىلابچىلىرى بىزنى ئۇنتۇپ قالماي ئايدا بىر قېتىم كېلىپ يوقلاپ تۇرسا بولغۇدەك دېيىشتى. بۇ ۋەقەنىڭ تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى قورال تاپشۇرغاندىن كېيىنكى ئاقىۋىتى ئۈستىدە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە توختىلىپ ئۆتىمىز.

«پودپولكوۋنىك» ئەنجانباي

زۇلۇم زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلاشقا بەل باغلىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇر ئوغلانى ئەنجانباي تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرىنى باشلاپ، ئويتاغنى مەركەز قىلغان ھالدا قەشقەر تەرەپلەردە گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن نەچچە قېتىم ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان غەلىبىلەرگە ئېرىشكەچكە، گېنېرال ئىسھاقبېك «پودولكوۋنىك» ئۇنۋانى بەرگەنىدى. ئۇنىڭ تاشمىلىق لەڭزە ۋە چەشتاغدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى تال-

تۆكۈس يوقىتىپ، ئويتاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۆز ئا-دەملىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، زامانىۋى ياراغلار بىلەن قوراللانغان گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن بىر كۈن دەم ئالماي، بىر ئوتلام سۇ ئىچمەي ئېتىشىپ مەرتلەرچە قۇربان بولغانلىقىغا بۇ يىل 10 ـ ئايدا 55 يىل توشتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆ-تىمەن.

ئەنجانبايىنىڭ دادىسى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە قاراش-لىق ئوپالدىكى كونا بازارنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇرۇشلۇق، ياماندىن قورقمايدىغان، ياۋاشنى بوزەك ئەتمەيدىغان، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمە-گىكىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان باقى باي دېگەن كىشى ئىدى. مېنىڭ دادام سوۋېتكە ئالتە قېتىم چىققان كىشى بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن سەل ئىلگىرى تۆتىنچى قېتىم سوۋېتكە چىقىپ تاشكەنتتە تۇرغان چاغدا باقى ئاكام بىلەن تونۇشۇپ ياخ-شى ئۆتكەن ئىكەن، قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئىزدىشىپ تۇراتتى. باقى ئاكام جۇمە كۈنى تۇغۇلغان تۇنجى ئوغلىغا جۇمەباي دەپ ئات قويغان، كەينىدىن تۇغۇلغان قىزىغا ئايتۇللاخان (كى-شىلەر ئايتۇللاخېنىم دەيتتى) دەپ ئات قويغان. تۇرمۇش قىيىن-چىلىقى تۈپەيلىدىن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئۆكتەبىر ئىن-قىلابىدىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن. ئەن-جانغا كەلگەندە، توختى ئايىسىم ئاچا يەنە بىر ئوغۇل تۇغقان. بۇ ئوغلىغا سەپەر خاتىرىسى سۈپىتىدە «ئەنجانباي» دەپ ئات قوي-غان. كىچىك ئوغلى قادىرخان ئىدى. ئەنجانباي كىچىكىدىن ئە-قىللىق بالا بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدۇ. 1940 ـ يىللارغا كەلگەندە خەلق ئارىسىدا نامى چىقى-دۇ. ئۇ ئېگىز بويلۇق، تەمبەل، ساغۇچ، بۇرۇت قويۇۋالغان، قاڭ-شارلىق، گەپنى ئۇدۇل قىلىدىغان، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق با-تۇر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆپ چاغلاردا تاغام ئېزىزبەگنىڭ

دۆكىنىدا كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق، كېيىن بىر مەزگىل كۆرۈنمىدى. 1944 ـ يىلى ئەتىيازدا بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ بورا دېگەن يېرىدە بولىدىغان يەكشەنبە بازار كۈنى تاغامنىڭ دۆكىنىغا كەلسەم، ئۇ پىچاق كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن. «ئەنجانباي ئاكا، سىلىنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولدى، نەگە بېرىپ كەلدىلە» دەپ سورىدىم، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەن باشقا يەرگە بارمىدىم ئۇكام، گومىنداڭنىڭ تۈرمىسىنى كۆرۈپ كەلدىم» دېدى. شۇ چاغدا ئۇ تۈرمىدىن يېڭى چىققانىكەن. شۇ يىلى يازدا ئوپال بېگىنىڭ ئەركە ـ نايناق ئوغلى يولسىزلىق قىلغاچقا، ئەنجانباي ئۇنى ئۇرغان، نەتىجىدە شۇ كېچىسى تۈيۈقسىز تۇتۇپ كېتىلگەن. دادىسى ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىغان، 1945 ـ يىلى ئەتىيازدا تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ، ئۆيىگە كېلەلمەي، ئوپال بازىرىنىڭ غەربىدىكى تاغقا چىقىپ كەتكەن. تاغدا قالىبېك (قىرغىز) بىلەن تونۇشۇپ ئۆيىگە خەۋەر بېرىپ ئاكىسى، ئىنىسىنى يېنىغا ئېلىپ كېلىۋالغان، يېقىنلىرىدىن يەنە نەچچە كىشىمۇ يېتىپ كەلگەن. قالىبېكنىڭ ئىشەنچلىك قوشنا ئاۋۇللىرىدىن تۆت كىشى كەلگەن. بۇلار مەسلىھەتلىشىپ ئەنجانباينىڭ يېتەكچىلىكىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا بىرلىككە كېلىدۇ. بىراق ئادەم قورال ـ ياراغنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتقاندا، گومىنداڭنىڭ تۆت قوراللىق ئەسكىرى يۇك ئارتىلغان سەككىز تۆگىنى ئويتاغ تەرەپكە ئېلىپ ماڭغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى كېچىسى قونغان يېرىدە جىمىقتۇرۇپ، تۆگىلەرنى ئۆزى تۇرغان جايغا ئەپكەلگەن. تۆگىدىكى يۈكنىڭ كۆپ قىسمى قورال ـ ياراغ، ئاز قىسمى يېمەكلىك، كىيىم ئىكەن، ئەنجانباي ئۇزۇندىن بېرى ئويلىغان خىيالىنىڭ ئەمدى رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولغان. ئۇ يېنىدىكىلەرگە قاراپ، بۇرادەرلەر 11 ئادەم بىلەن ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، قوراللارنى ھازىرچە كۆمۈپ قويۇپ تۇرايلى دەيدۇ. بەختكە يارىشا تۆگە يېتىلگەن بالا ئەنجانباي بىلەن تۈرمىدە بىللە ياتقان بوۋاي-

نىڭ ئوغلى نەسىردىن بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار تاغ يوللىرىغا قارا-ۋۇل قويۇپ، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىدۇ. كېچىسى يۇرتلارغا ئادەم ئەۋەتىپ نېمە ئىش بولىۋاتقانلىقىنى ئىگىلەپ، ۋاقتىنچە ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. تاشقورغان ئىن-قىلابى پارتلاشتىن ئىلگىرى ئۆزبېكىستاندىن كەلگەن ھەربىي مۇ-تەخەسسىسلەر سوۋېت - تاشقورغان چېگرىسىدا تاجىك، قىرغىز پارتىزانلارنى تۇركۇم بويىچە تەربىيىلەۋاتاتتى. بۇنىڭ شامىلىنى بىلگەن گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرى يېزىلاردىن ئەسكەر ئې-لىشقا باشلايدۇ. ئويال تاشمىلىقتىن ئەسكەر ئېلىشنى تاشمىلىق لەڭزىدە تۇرىدىغان ئەيسا لېيەنجاڭغا تاپشۇرىدۇ. ئۇ ئويالغا كېلىپ بەگ، يۈز بېشىلەر بىلەن بىللە يۈرۈپ، 93 نەپەر ياشنى ئەسكەر-لىككە تىزىملايدۇ. ئەنجانباينىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، دادىسى با-قى ئاكام تىزىمغا ئېلىنغان ياشلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا خىزمەت ئىشلەپ، 47 نەپەر ياشنى ئوغۇللىرى تۇرۇۋاتقان جايغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۆزىمۇ كېچىسى ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى ئېشەككە ئارتىپ باللىرى بار تاغقا چىقىپ كېتىدۇ. ئەنجانباي كۆمۈپ قويغان قورallىرىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، 68 كىشىنىڭ ھەممىسىنى قوراللاندۇرىدۇ. قالبېك يېڭى كەلگەنلەرگە مىلتىق ئېتىشنى ئۆگىتىدۇ. ئەيسا لېيەنجاڭ ئۆزى تىزىملىغان ياشلارنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە ئاچچىقلىنىپ تۇرغان ۋاقىتتا، تاشقورغان قوزغى-لىڭى باشلىنىدۇ. تەربىيە كۆرگەن قوراللىق پارتىزانلار 8 - ئاي-نىڭ 10 — 11 - كۈنلىرى ئەتراپىدا ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، تاشقور-غان تەۋەسىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىغا بىرلا ۋاقىتتا تەڭ ھۇ-جۇم باشلايدۇ. گومىنداڭ قىسىملىرى بىر بىرى بىلەن ئالاقىلى-شالماي، پەرىشان ھالدا تاغ يوللىرى بىلەن شەرققە قاراپ قې-چىشقا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتلىق، پىيادە قېچىپ كېلىۋاتقانلىقى-دىن خەۋەر تاپقان ئەنجانباي پارتىزانلىرىنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىنى خىيالىغا

كەلتۈرمىگەن قورچاق ئەسكەرلەر قالايمىقان ئوق ئېتىپ، ئات، قېچىرلىرىنى ۋە بەزى قوراللىرىنى تاشلاپ قاچىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭ ئەنجانباي ئەترىتىنىڭ تۇنجى غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشـ. ـدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، گومىنداڭ ئەنجانباينى ئۆزىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى تىرىك تۇتۇپ بەرگەنلەرگە 100 سەر ئالتۇن، 10 جىڭ نەشە مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ قەشقەر بۆلىكىدە تۇرۇۋاتقان ھەربىي باشلىق بۇ ئېلاننى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەنجانباينى ئويۇ. ـتاغقا چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەيدۇ. ئاخىد. ـرىدا گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئۇنى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن چىد. قارغان ھېلىقى ئېلاننى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ، ئىشپىيونلارنىڭ ھەرىكىتىدىن پەخەس بولۇشنى تاپىلايدۇ. تاشقورغان ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئازاد رايونلار ئىككىگە ئايرىلغا. ـنىدى. تاشقورغاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جايلار يېڭىسار بۆلد. ـكى، ئۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلغان قوشۇنلار يېڭىسار پولكى دەپ، تاشقورغاننىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى تاشقورغان، ئۇلۇغ. چات، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق ئازاد قىلىنغان جايلار قەشقەر بۆلىكى، ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلار قەشقەر پولكى دەپ ئاتىلاتتى. پولكنىڭ تۇرىدىغان مەركىزى ئويتاغدا بولغاچقا، كىشىلەر تاشقورغان ئىنقىلابىنى ئويتاغ ئىنقىلابى ياكى ئويتاغ ئىنقىلابچىلىرى دەپ ئاتىغانىدى. 1945 ـ يىل 9 ـ ئايـ. ـنىڭ 16 ـ كۈنى قەشقەر بۆلىكىدىكى قوشۇنلار ئوپالنى ئىشغال قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ئەنجانباينىڭ ئەترىتى يەرلىك بولغاچقا، ئويد. ـتاغ ئىنقىلابچىلىرىغا ھەر تەرەپتىن ماسلىشىپ، ناھايىتى چوڭ كۈچ چىقاردى. ئوپال ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئەنجانباي خېيىمد. خەتەرگە قارىماي گومىنداڭنىڭ چەشتاغ، تاشمىلىق لەڭزىدىكى قىسىملىرىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، تاشمىلىق، بارىن رايونلىرىغا بېرد. ـرىپ، ياشلارنىڭ تەشكىللىنىشى توغرىسىدا تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلەيدۇ. ئۇ ياشلارغا «ھازىر ئوپال ئازاد بولدى، پات ئارىدا

چەشتاغ، تاشمىلىق لەڭزىنىمۇ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن تارتىۋالىمىز، ئاندىن سىلەر بىلەن بىللە قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىمىز، ھەممىڭلار تەشكىللىنىپ تەييارلىنىڭلار» دەيدۇ. ئوپال ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خۇشاللىقى تېنىگە سىغماي قالىدۇ. ئەنجانباينىڭ قەشقەر بۆلىكىدە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى توغرىسىدا تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق ھەربىي باشلىقلىرىنىڭ بىرى بولغان ھاكىم شېرىپ ئۆزىنىڭ «تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابى توغرىسىدا» دېگەن ئەسلىمىسىدە «ئۇ ۋاقىتتا مىللىي ئىنقىلابقا قاتناشقان دېھقانلار ئىچىدە ئوپاللىق ئەنجانبايمۇ بار ئىدى. ئۇ ئادەم ناھايىتى ئۆتكۈر، قەيسەر، ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان يۈرەكلىك ئادەم بولغاچقا، ئىنقىلاب جەريانىدا ئۇنتۇلغۇسىز باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن. 1943 ـ يىلى مەن قەشقەر تۈرمىسىدىكى ۋاقتىمدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، مىللىي ئىنقىلابنى قايسى يوللار بىلەن ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا كۆپ سۆھبەتتە بولغانىدىم. تۈرمىدىن چىقىپ مىللىي ئىنقىلابنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىرىمىزدا، ئارىلىقىمىز يىراق بولغانلىقتىن، بىز زادىلا يۈز كۆرۈشەلمىدۇق» دەيدۇ. ئەنجانباي ئالدىن ئادەم ئەۋەتىپ، چەشتاغدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، چەشتاغقا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشنى پىلان قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئادىمى 200 گە يېتەي دەپ قالغانىدى. چۈنكى خېلى بۇرۇنلا ئەيسا لىيەنجاڭ تاشمىلىقتىن مەجبۇرىي تۇتۇپ كەلگەن 45 نەپەر ئۇيغۇر ياش كېچىسى قېچىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئەترىتىگە قوشۇلغانىدى. ئوپال ئازاد بولغاندا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى خوجا ئابدۇراخمان قاتارلىق زىيالىيلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە دېھقان ياشلىرىمۇ ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلغانىدى. ئۇ ئادەملىرىنى تۆت ئەترەتكە ئايرىپ، جۇمەباي، قادىرخان، نەسىردىن، قالسبېكنى بىردىن ئەترەتكە مەسئۇل قىلىپ قايتىدىن تەشكىللەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېچىسى كېلىپ چەشتاغقا ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، يېرىم كېچىدە چەشتاغنى ئالىدۇ ۋە نۇر-

غـۇن قورال ـ ياراغقـا ئىگە بـولـدۇ، 21 دۈشمـەن ئۆلـدۇ. پـار ـ تىزانلاردىن قۇربان بولغان تۆت كىشى ئەنجانباينىـڭ تاپشۇرۇقـى بىلەن چەشتاغنىڭ غەربىدىكى دۆڭگە دەپنـە قىلىنىدۇ. تاڭ ئـات ـ قاندا گومىنداڭ قىسىملىرى ئىككى تەرەپتىن يېتىپ كېلىـدۇ. ئەنجانبايمۇ تاغدىن چۈشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چەشتاغنىڭ شىمالىـ ـدىكى سايدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىـدۇ. دۈش ـ مەنلەر ئەنجانباينى تىرىك تۇتۇشنى كۆزلەپ، ھەدەپ ئـىككى تـە ـ رەپتىن قىستاپ كېلىدۇ. مۇشۇ پەيتتە پودپولكوۋنىك قاسىم تاش 50 ئادەم بىلەن يېتىپ كېلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئارقا تـەرىپىدىـن ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر چېكىنىدۇ. ئـەنجانبـاي ئەترىتىمۇ ئۆز ئورنىغا قايتىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا مەن ئەنجانبـاي پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن تەييارلانغان سەككىز نەپەر ياش ـ نىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۇنى ئىزدەپ 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىـڭ 3 ـ كۈنى ئەتىگەندە ئۆيدىـن چىقىـپ چىڭقى چۈشتە چـەشتاغقـا يېتىپ كەپتىمەن، ئەھۋالنى ئۇقۇپ بېقىشنى ئويلاپ تاغنىـڭ تـۆ ـ ۋىدىكى يولنىـڭ دوقمۇشىـدا يوشۇرۇنۇپ تـۇرسام، بىر بـوۋاي 15 ياشلىق ئوغۇل بالا بىلەن يەتتە ئېشەكنى ھەيدەپ تاغدىن چۈشۈپ كەلدى. ئىككىمىـز بىر ئاز ئەھۋاللاشقاندىن كېيىـن ئۇ ئىككى ئې ـ شەكنى ئېلىپ قېلىپ ھېلىقى بالىنى كەتكۈزىۋەتتى. ئىككەيلەن ئېشەكنى يېتىلەپ ئۈچ ئۆستەڭنىڭ ئارىلىقىدىكى ئورمانلىققـا كىرىپ ئولتۇردۇق. بوۋاي ساغان كەنتىنىـڭ بارىنىغا تۇتاش مـە ـ ھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ھەسەن مـوزدوز دېگەن كىشى ئىكـەن، مەن كېلىشتىكى مەقسىتىمنى دېدىم. ھەسەن ئاكا «ھىممىتىڭگـە رەھمەت، خېلى جىگەرلىك بار بالا ئىكەنسەن، بۇ ئاي، بۇ كۈنلـەردە بۇ يەرگە جىن ـ ئالۋاستىمۇ دەسسىمەيدۇ. ئەنجانباي بۇ تاغدا ئە ـ مەس، بەش كۈن ئىلگىرى چەشتاغدا بىر كېچە ئوق ئاۋازى تـوخ ـ تىمىدى، سەھەردە ئوپالدىن مەجبۇرىي ئەسكـەرلىككە تۇتۇلغـان ئىككى بالا قېچىپ كەپتىكەن، ئەتىسى كېچىدە يولغا سېلىپ قويدۇم، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە 25 ئادەمنىڭ قېنى چەشـتاغقا ئې ـ

قىپتۇ، كۆپىنچىسى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر، قىرغىز بالىلىرى ئىكەن، ئەنجانباي تەرەپتىن ئۆلگەن تۆت ياشنى تاغنىڭ قىبلىسىدىكى دۆڭگە دەپنە قىلغانىكەن. ھېلى ئەسكەرلەر ئېيـ. شەكتىكى ئۇن، ئوتۇننى چۇشۇرگىچە سىيگىلى بارغان بولۇپ ئۆلارنىڭ بېشىغا بېرىپ ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلىپ قويۇپ كەلـ. دىم. بۇ زالىملار ئەنجانباي بۇركۇتنى چەشتاغقا چىقىرىپ، تىرىك تۇتماقچى ئىكەندۇق، مەقسىتى ئەمەلگە ئاشماي، تاڭ ئاتقاندا ئىككى تەرەپ سايدا ئېتىشىپتۇ. شۇ چاغدا 1933 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتا تۇەنجاڭ بولغان ھېلىقى قاسىم تاش دېگەن كىشى يار- دەمگە كەلگەچكە، ئەنجانبايلار سالامەت قايتىپ كېتىپتۇ» دېدى. مەن ئەنجانباي بىلەن ئۇچرىشالماي بوۋاينىڭ تەكلىپىگە رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ كەتتىم.

ئويتاغ ئىنقىلابچىلىرى ئوپالدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەنـ. دىن كېيىن، تاشمىلىق لەڭزىدىكى ئەيسا لىيەنجاڭ كۆرەڭلەپ ھەددىدىن ئېشىپ بىر تەرەپتىن ئەنجانباينى تىرىك تۇتىدىغانلىقى توغرىسىدا پو ئاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇرۇن ئويتاغ ئىنقىلابـ. چىلىرىدىن قورقۇپ ئوپال، تاشمىلىق يولىدىكى سايغا چىقالماي. دىغان ئەسكەرلىرىنى گەز دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئويتاغقا ماڭىدىغان قارا كۆۋرۈككىچە ئەۋەتىپ ئەنجانباي پارتىزانلىرى بىلەن قورال. لىق توقۇنۇش پەيدا قىلىپ تۇرۇۋاتقاندا، ئەنجانباي ئىسھاقبېكـ. نىڭ ئۆزىگە ھەربىي ئۇنۋان بەرگەن چاغدىكى «پات ئارىدا ئويتاغ قوماندانلىق شتابى سىزگە بىر بۆلۈك ھەربىي كۈچ ئاجرىتىپ بېرىدۇ، ئۇ چاغدا سىز بىر پولك ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىـ. سىز، تاشمىلىق لەڭزىدىكى دۇشمەنلەرنى يوقىتىشتا پىداكارلىق كۆرسىتىڭ» دېگەن يوليورۇقىنى ئويلاپ، دەرھال ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى نەسىردىننى چاقىرىپ، چەشتاغدىكى دۇشمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. نەسىردىن قايتىپ كېـ. لىۋېتىپ سەھەردە ئېشەكلىك كېتىپ بارغان بىر ئادەمگە ئۇچـ. رىشىدۇ. ئۇنىڭدىن «نەگە بارىسەن» دەپ سورىسا، ئۇ «تاغدا قويۇم

بار، مەن شۇ قويلىرىمنى كۆرۈپ كېلىشكە كېتىپ بارىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. نەسىردىن بۇ ئادەمنىڭ تەقى ـ تۇرقىغا قاراپ ئۇ ـ نىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، بىللە كېتىۋېتىپ ئەنجانبايغا ئۇچرايدۇ. نەسىردىن ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا يېڭى مەلۇمات ئالدۇق، دەپ ئەھۋالنى دوكلات قىلىدۇ. ئەنجانباي ھېلىقى ئىشەكلىك ئادەمگە يول باشلىتىپ تاشمىلىق لەڭزىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئىشپىيون كۆزدىن غايىپ بولۇشى بىلەن تەڭ لەڭزە ئىچىدىن بىر پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، لەڭزىنىڭ ئىچى، تېشىنى ھەربىيلەر قاپلاپ كېتىدۇ. ئەنجانباي ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ نەسىردىننى ئادەملىرى بىلەن ھېلىقى ئىشپىيوننى جايلىۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۆزى 12 نەپەر يىگىتنى ئېلىپ ئەتراپنى ئورىۋالغان دۈشمەنلەر بىلەن ئېتىشقاچ چېكىنىپ چەشتاغنىڭ شىمالىدىكى دۆڭلۈككە يېتىپ كېلىدۇ. چەشتاغ بىلەن ئوپال تاغلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سايىنىڭ ئىچى گومىنداڭنىڭ ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرلىرى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. نەسىردىن ۋەزىيەتنى ئورۇنداپ ئەنجانباينىڭ يېـ ـنىغا كىرمەكچى بولغان بولسىمۇ، دۈشمەنلەر ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. دۈشمەنلەر بىلەن قەھرىمانلارچە ئېلىشىدۇ، ئۇنىڭ بەش ئادىمى قالغاندا باش شتاب ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياردەمگە ئەۋەتكەن 36 نەپەر ئاتلىق ئەسكەر يېتىپ كېلىپ نەسىردىنگە قوشۇلىدۇ. ئۇلار نەسىردىننىڭ قوماندانلىقىدا ئېتىشىپ نەچچە ئون دۈشـ ـمەننى يەر چىشلىتىدۇ، جىددىي ئېتىشىۋاتقان پەيتتە نەسىردىنـ ـنىڭ ئېتىغا ۋە بىر قولىغا ئوق تېگىپ دۈشمەنلەرگە ئەسىرگە چۈشىدۇ. ياردەمگە كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى قۇربان بولىدۇ، ئۈچ كىشى يارىدار بولىدۇ، بىر قىسمى ئەسىرگە چۈشىدۇ.

جۇمەباي، قالىبېكلەرمۇ بىر تەرەپتىن ئېتىشىپ، بىر تەـ رەپتىن چېكىنىپ شىمال تەرەپتىكى دۆڭلۈككە يېتىپ كېلىدۇ، لېكىن گومىنداڭ قىسىملىرى مىلتىق، پىلىموت، قول بومبىـ ـلىرىنى ئېتىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىق قوغلاپ كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەن بىلەن بىر كۈن پۇخاـ

دىن چىققىچە ئېتىشىپ ئاخىرى ئوق تېگىپ قۇربان بولىدۇ
ئەنجانباي ــ ئەيسا لىيەنجاڭ، خا لىيەنجاڭلارنىڭ تىرىك تۇ-تىدىغان بىردىنبىر نىشانى ئىدى. ئۇ 12 ئادەم بىلەن بىر كۈن دەم ئالماي كۈن ئولتۇرغىچە بارلىق ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ پىلىموت بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن دۈشمەننى يەر چىشلى-تىدۇ. ئۈچ ئادىمى قالغاندا ئىنىسى قادىرخان ئىككى ئادەم بىلەن ئاتلىق يېتىپ كېلىدۇ. ئەنجانباي قايتىدىن جانلىنىپ ئېتى-شىۋاتقاندا، ئاۋۋال قادىرخاننىڭ ئېتىغا، ئاندىن قادىرخانغا ئوق تېگىپ جان ئۈزىدۇ. ئەنجانباينىڭ يېنىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئوق تېگىپ قۇربان بولىدۇ. ئەنجانباي پىلىموتنى تاشلاپ قادىرخاننىڭ ئاپتوماتىنى ئېلىپ ئالدىغا كەلگەننى موللاق ئاتتۇرىۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ ئېتىغا ئىككى پاي ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. ئۇ ئۆلگەن ئاتنىڭ دالدىسىدا بىردەم بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىردەم يېتىۋېلىپ ئاپتومات بىلەن بەش دۈشمەننى يەر چىشلىتىدۇ. دۇربۇن ئارقىلىق بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئىككى لىيەنجاڭ ئەنجانباينى تىرىك تۇتۇشقا كۆزى يەتمەي، ئۇنىڭغا قارىتىپ نەچچە تەرەپتىن ئوق چىقىرىدۇ. ئاۋۋال ئۇنىڭ سول قولىغا ئوق تېگىدۇ. ئەنجانباي ئاپتوماتنى تاشلاپ ئۆمىلەپ بېرىپ دۆڭگە تاشلىنىۋەتكەن پىلىموتنى تۇتقاندا كۆكسى-گە ئوق تېگىدۇ. ئۇ ئوڭ قولىدا پىلىموتنى تۇتقان پېتى دۆڭگە يۆلىنىپ جان ئۈزىدۇ.
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ قە-پەزگە سولاپ يەكەن، قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كوناشەھەرلەردە ھۆكۈمەتكە قارشى چىققانلار مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، دەپ تەشۋىق قىلغاندىن كېيىن، ئوپالغا ئېلىپ كېلىپ بازارنىڭ ئوتتۇرىسى-دىكى يوغان تېرەككە ئېسىپ، بىرنەچچە ئەسكەر خەلققە سۆز-لەۋاتقاندا ئەنجانباينىڭ ئاچىسى ئايتۇللاخېنىم ئەسكەرلەرنى تىللاپ قاتتىق رەسۋا قىلغانىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى سۆزى تاش-قورغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسى تەرىپىدىن يېزىلغان «تاشقورغان ئىنقىلابى توغرىسىدا» دېگەن ئەسلىمىسىدە بېسىلىپ

چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قايتا تەكرارلىمىدۇق. مەن يۇقىرىدا ئۆزۈمنىڭ تاشقورغان ئىنقىلابى جەريانىدا بېشىمغا كەلگەن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ ئەنجانباي توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمنى يېزىپ چىقتىم. بۇ ئەنجانباينىڭ ھەممە ئۇتۇقلىرىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ ئەلۋەتتە.

**ئىشپىيونلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى**

تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ يېڭىسار بۆلىكىدىكى ئىنقىلابچىلار يەكەن، پوسكام ئەتراپىدا گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىۋاتقان چاغدا، قەشقەر بۆلىكىدىكى ئىنقىلابچىلار ئارىسىدا مۇنداق ئۈچ ۋەقە بولۇپ ئۆتتى. بىرى، ئىنقىلابچىلار ئوپالدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. ئىككىنچىسى، تاشمىلىقتا ھۇجۇم قىلىپ يېڭىلىپ قالدى. ئۈچىنچىسى، ئەنجانباي پارتىزانلىرى ئېچىنىشلىق ھالدا قۇربان بولۇپ تۈگىدى. بۇ مەغلۇبىيەتنى ئىنقىلابىي قوشۇن رەھبەرلىكىنىڭ ھوشيارلىقى يېتەرلىك بولماسلىقى، تەشكىلىي ئىنتىزام چىڭ بولماسلىق يايكى ئايرىم كىشىلەردە مەغرۇرلۇق، قانائەتچانلىقنىڭ ساقلانغانلىقىدىن بولغان دېيسەكمۇ، ئاساسلىق سەۋەب، ئىشپىيونلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەنجانباينىڭ مەغلۇبىيىتى بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇ چاغدىكى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ئاساسەن يېزىلاردىكى مۇتەئەسسىپ، فېئودال يەر ئىگىلىرى، شەھەر ۋە يېزا، قىشلاقلاردىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى، گومىنداڭ ئەزالىرى، مەكتەپلەردىكى ئاز ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامىنى يەر ئىگىلىرى ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ياقىلايدىغانلار كۆپ ئىدى. مەسىلەن: تاشمىلىقنىڭ ئارال دېگەن يېرىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەمەت بەگنى (ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان) ئالساق، ئۇ، گومىنداڭغا سېتىلغان كەسپىي ئىشپىيون بولۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئالىي مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا 20 نەپەر قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزۇش ھوقۇقىنى بەرگەن، پۈتۈن تاشمىلىق رايونىنى

ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. تاشمىلىق لەڭزىنىڭ پۇ-تۇن قوراللىق پائالىيىتى ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بولغان. گو-مىنداڭغا ئەزا قوبۇل قىلىش، ئۇنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى بەر-گەن. ئەينى چاغدا بىز يۇقىرىدا كۆرسەتكەن ئۈچ ۋەقەدىمۇ ئۇنىڭ زەھەرلىك قولى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالغانىدى. تاشقورغان ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشىپ يېڭىسار تەرەپكە يۈرۈش قىلغان چاغدا، ئەمەت بەگنىڭ چوڭ ئوغلى يولۋاس بەگ، ئۇنىڭ يېقىن ئادىمى زەيدىن بەگ (زەيدىخان شاڭزۇڭمۇ دېيىتتى، ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان) تاشقورغاندا سودا قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى، بۇ ئىككىسى ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتنىشىپ روتا كوماندىرى بو-لۇپ ماڭىدۇ. ئەمەت بەگ ئىككىسىگە ئاستىرتتىن خەت يېزىپ، قايتىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. زەيدىن بەگ بىر قىسىم ئادىمى-نى تاغ ئۈستىدە قويۇپ، ئۆزى ئىشەنچلىك 17 ئادەم بىلەن پەسكە قاراپ ماڭىدۇ. مېڭىش ئالدىدا «بىز پەستىكى گومىنداڭ-چىلارنى ئالداپ ئېلىپ چىقىمىز، بىزنى كۆرگەن ھامان بىزگە ماسلىشىڭلار» دەپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. پەستە ئەمەت بەگنىڭ قوراللىق ئادەملىرى ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ يالغاندىن ئۇرۇش ھالىتىنى شەكىللەندۇرۇپ تۇرىدۇ. يولۋاس بەگ دادىسى-نىڭ كېيىنى ئاڭلىماي ئاخىرىغىچە ئىنقىلاب قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرمۇ ئىنقىلابىي ئائىلە قاتارىدا تاشمىلىقنىڭ بولاق بېشى مەھەللىسىدە ياشاپ كەلمەكتە. زەيدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەمەت بەگ تاشمىلىق لەڭزىدىكى ئەيسا لىيەنجاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئويتاغ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ باش شتابىغا بەش كىشىلىك ھال سوراش ئۆمىكى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار بەش ئىشەككە ئۇن، گۈرۈچ، ئىككى ئېشەككە كىگىز، كىيىم - كېچەك ئار-تىپ، ئەمەت بەگنىڭ بىر پارچە ھال سوراش خېتىنى ئېلىپ، ئويتاغقا يېتىپ كېلىدۇ. تاجىك، قىرغىز خەلقى ئەمەت بەگنى ياخشى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆمەكنى قارشى ئېلىپ كۈتىدۇ. ئۆمەكتىكىلەر ئەمەت بەگنىڭ مېڭىش ئالدىدىكى مەخپىي تاپشۇ-

روقىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ تاغدىكى قوي، يىلقىلىرىدىن 35 تۇياق قوي، ئىككى جۈپ ئاتنى شتابقا تەقدىم قىلىدۇ. ئويتاغ باش شتابى ئەمەت بەگنىڭ ئىنقىلابچىلارنىڭ يېڭىسار بۆلىكىدە قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆمەكتىكىلەرنى 15 كۈن تۇرغۇزۇپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ پۈتۈن ئىچكى ئەھۋالىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىچكى سىرىنى ئەمەت بەگكە دوكلات قىلىدۇ. ئۇ تاشمىلىق لەڭزىگە يەتكۈزىدۇ. ئىنقىلابچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئېنىق ئىگىلەپ، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئەمەت بەگ زەيدىن بەگنى ئېلىپ 17 نەپەر قوراللىق ئادىمى بىلەن يەنە بىر بۆلۈك ماددىي نەرسىلەرنى ئېلىپ ئويتاغقا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار يالغاندىن ئىنقىلابچى بولۇۋېلىپ، بىرئازا ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەمەت بەگ، زەيدىن بەگ بىلەن ئىككىسى قورال ـ ياراغ ئامبىرىنىڭ ساقلىغۇچىسى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇنىڭ قوراللىق ئادەملىرىمۇ مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلىدۇ. ئۇلار پەيت كۈتۈپ تۇرغاندا، 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى سوۋېتلىكلەر قايتىپ كېتىپ، ئىنقىلابىي قوشۇندىكى ئەسكەرلەر ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، ئەمەت بەگ، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى زەيدىن بەگ ئۆزلىرىگە قاراشلىق قورال ئامبىرىدىكى زاپاس قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى تۆگىگە ئارتىپ، تاشمىلىققا قايتىپ كېلىپ، تاشمىلىق لەڭزىدىكى ئەيسا لىيەنجاڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. مانا بۇ ئىشپىيونلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن بىر پاكىت. بۇ ۋاقىتتا تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ يېڭىسار بۆلىكىدە ھەربىي باشلىق بولۇپ تۇرغان ئىسكادىرون كوماندىرى يولداش ھاكىم شېرىپ ئۆز ئەسلىمىسىدە «مۇشۇ ۋاقىتتا يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىنمۇ بىرقانچە ئۇيغۇر دېھقانلار كېلىپ مىللىي ئىنقىلابقا قاتناشقان ۋە ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن، لېكىن، بۇلارنىڭ ئىچىدىن شۇ ۋاقىتتىكى ئاتالمىش

يۇرت ئاقساقاللىرى دىگەنلەردىن ئەمەت بەگ، زەيدىن شاڭزۇڭ مۇشۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلابقا قاتنىشىپ مەلۇم تۆھپىلەرنى قوشقان بولسىمۇ، ئەمما 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېتلىكلەر قايتىپ كېتىپ، ئەسكەرلەر ۋاقىتلىق ئارقىغا چېكىنگەن چاغلاردا ئەمەت بەگ مەسلىھەتچى، زەيدىن شاڭزۇڭ قورال ئامبىرىنىڭ باشلىقى ئىدى، ئۇلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىگە قاراشلىق بىر نەچچە 10 ئەسكەر بىلەن بارلىق زاپاس قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى تۆگىگە ئارتىپ، گومىنداڭچىلار ئارىسىغا قېچىپ كەتكەن. بۇ تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابى جەريانىدىكى بىر قېتىملىق خائىنلىق ۋەقەسى بولۇپ قالغان» دەيدۇ.

گومىنداڭ ساقچىلىرىنىڭ زوراۋانلىقى

1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى ئۇرۇش توختىتىپ، قورال تاپشۇرغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ھەربىي ساقچىلىرى يەرلىك ئىشپىيونلار بىلەن بىرلىشىپ تاشقورغان ئىنقىلابىغا قاتناشقان ياكى ماددىي ياردەم بېرىپ قوللىغان كىشىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ، 11 ماددىلىق بىتىمنى چۆرۈۋېتىپ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇستەبىت ئۇسۇلنى قوللىنىپ، جادوغا بېسىپ كاللىسىنى ئېلىش، پۇت ـ قولىنى باغلاپ تىرىك كۆمۈش، بېشىنى كېسىپ سازايى قىلىشقا ئوخشاش ھەرخىل ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن ئىنقىلابچىلارنى قىرغىن قىلدى. تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى قاغىلىقنى ئىگىلەپ ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت تەشكىل قىلغاندا، مۇئاۋىن ھاكىم بولغان مۇھەممەت قاسىم ھاجى، مەسلىھەتچى راشىدىن مۇپتى قاتارلىق نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جەسىتىنى قىلىچ بىلەن چاناپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتكەنلىكى، ئىنقىلابچىلار 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېڭىسار تەرەپكە يېتىپ كەلگەن چاغدا، 1934 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابقا قاتنىشىپ «باتۇرغازى» دەپ نام ئالغان يېڭىسارلىق بەختىيارخاننىڭ ئوغلى ھەسەن ھاجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىنقىلابقا قاتناشقانلار ئىچىدىن شۇ چاغدىكى تەشۋىقات خىزمىتىدە

مۇھىم رول ئوينىغان xxx نى پۈت ـ قولىنى باغلاپ تىرىك كۆ-
مۈۋەتكەنلىكى، قۇشقاچ بېغى يېزىسىدىكى ئەھەتخان باي قاتارلىق
ئۈچ كىشىنى يېگىسار، يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ يېنىدا پېشىن
ۋاقتىدا جادوغا بېسىپ كاللىسىنى ئالغانلىقى، ئەنجانبايىنىڭ
كاللىسىنى كېسىپ سازايى قىلغانلىقى، يۇقىرى سۆزىمىزنىڭ
تولۇق دەلىلى بولالايدۇ.

# «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى

مۇھەممەت روزى

بۇرۇن ئانچە كۆڭۈل بۆلۈنمىگەن ۋە تۇتۇلمىغان ئىشلار پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئېتىبارغا ئېلىنىپ، نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلار قىلىندى. شۇ جۈملىدىن، ھەرقايسى ساھەلەردە تەزكىرە يېزىش ئىشى قانات يېيىپ كەتتى. مەن مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەتنىڭ ئىلھامى بىلەن قولۇمدىكى ماتېرىياللاردىن ۋە پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئەسلىمىلىرىدىن پايدىلىنىپ، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇر تىلىدا قانداق ئەھۋالدا نەشر قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە شىنجاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ساھەلىرىدە ئوينىغان رولى ھەققىدە بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم، بۇنىڭ باشقىلارنىڭ شىنجاڭنىڭ گېزىتچىلىك تەزكىرىسىنى يېزىشىدا پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىرەر ماتېرىيال بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

* * *

30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا ھەرخىل زىددىيەتلەر ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كەتكەندى، ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇراتتى. ئىچكى ئۆلكىلەردە مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ قالدۇق ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە ۋە مىللىتارىستلارغا قارشى كارامەت ئىشلار بولۇۋاتاتتى. سۇن جۇڭسەن ئەپەندى باشچىلىق قىلغان شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئىلغار ئىدىيە تەسىرلىرى جەبر ـ زۇلۇمنىڭ دەستىدىن خارلانغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىمۇ ئويغىتىشقا

باشلىدى. شۇڭلاشقا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياڭ زېڭ-شىن، جىن شۇرېن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر ئارقا - ئارقىدىن بولۇپ تۇردى. بولۇپمۇ تۆت يىل داۋام قىلغان قومۇل دېھقانلار قوزغى-لىڭى شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۇرۇپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيى-تىنى لىڭشىتىپ قويدى. بۇنى كۆرگەن شېڭ شىسەي (ئۇ شۇ چاغدا جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىدە سەنمۇجاڭ ئىدى) ھىيلىگەر-لىك بىلەن 1933 - يىلى «12 - ئاپرىل» سىياسىي ئۆزگىرىشى-نى قوزغاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ۋە ياراشتۇرۇشى بىلەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىپ، يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇپ ئۆزى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالدى. ئۇ، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا، خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇسى بويىچە بەزى ئىسلاھاتلارنى ئې-لىپ بېرىشقا، ھەر مىللەتتىن بىر قىسىم ئىلغار زاتلارنى ۋە ئۇ-قۇمۇشلۇق زىيالىيلارنى جەلپ قىلىپ، ئاتالمىش يېڭى ھاكىمى-يەت تەركىبىگە كىرگۈزۈشكە ھەم بەزى يېڭىلىقلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت قارمىقىدا بىر مۇنچە نازارەتلەر، ئىدارىلەر، ئاساس قاتلام ھاكىمىيەت ئۇرۇنلىرى قۇ-رۇلدى. ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئۆزلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ، يېڭى ھۆكۈمەت سىياسىتىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ھەرخىل مۇئەسسە-سەلەرنى قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

1934 - يىلى ئابدۇراخمان رەھمىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۇ-يۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇ-رۇش تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەندى. 1934 - يىل 8 - ئاي-نىڭ 5 - كۈنى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇ-لۇش يىغىنى رەسمىي ئېچىلدى. يىغىندا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە ئابدۇراخمان رەھمى سايلاندى. بۇ يىغىندا يەنە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپاراتلىرى مۇزاكىرە قىلى-نىپ، ئۇيۇشما قارمىقىدا بىرقانچە باشقارمىلار قاتارىدا نەشرىيات

باشقارمىسى قۇرۇش قارار قىلىندى. نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا شاۋۇدۇن زۇنۇنى، باش مۇھەررىرلىككە قادىر ھاجى ھاشىم، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىككە ھەيدەر ئەپەندى تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئەدەبىي ھەپتىلىك گېزىت — «يېڭى شىنجاڭ» گېزىتىنىڭ 1 ـ سانى 1935 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى دۇنياغا كەلدى.

ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئىلغار ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلىش، مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىش جەھەتتە مۇھىم رول ئويناپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزىگە ئايلانغانىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدا چىققان «يېڭى شىنجاڭ» گېزىتىنىڭ بېشىغا «ياشىسۇن شىنجاڭ خەلقىنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقى!» دېگەن شوئار بېرىلگەندىن باشقا، گېزىتنىڭ مەقسىتى «پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ھوقۇقتا باراۋەر قىلىپ، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىققا ئۇيۇشتۇرۇپ، گۈللەنگەن يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش» دېيىلگەنىدى. «4 ـ ئاينىڭ 12 ـ سىگە تەييارلىق» دېگەن ماقالىدا: «بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرىمىزنىڭ بىرى — پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى مەرىپەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەدەنىي ـ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» دېيىلگەن، بۇ چاغدىكى گېزىتلەرنىڭ ئايرىم سانلىرىدا ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ سۆزلىرى بېرىلگەندىن باشقا، ھەر سان گېزىتتە دېگۈدەك مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقى، مەدەنىي ـ مائارىپ، ئۇيۇشما پائالىيەتلىرىگە دائىر خەۋەرلەر ۋە ئۇيۇشما قۇرۇلتايلىرىدا بېرىلگەن دوكلاتلار، ھەرقايسى ناھىيىلەردە قۇرۇلغان شۆبە ئۇيۇشمىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ۋە يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدىكى تەشۋىقاتلار، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدە يېزىلغان شېئىر ـ قوشاقلار،

جايلاردا تۈركۈم ـ تۈركۈم ئېچىلىۋاتقان يېڭى مەكتەپلەر، ئۆشرە ـ زاكات يىغىش خەۋەرلىرى، پارىخور ـ خىيانەتچىلەرگە كۆرۈلگەن چارىلەر، ئىئانە توپلاش، نامۇۋاپىق نىكاھ مەسىلىلىرىگە دائىر ئىشلار، نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن كېلىپ چىققان پاجىئەلىك ۋەقەلەر، سانائى نەپىسە (سەنئەت ئۆمىكى) ھەققىدىكى خەۋەر ـ ماقالىلەر بېسىلىپ تۇراتتى. ئەينى چاغلاردا گېزىتكە چىققان خەۋەر ـ ماقالىلەر جەمئىيەتتە دەرھال كۈچلۈك ئىنكاس قوزغايتتى، بەزى ماقالىلەر يولىيورۇق قاتارىدا ئىجرا قىلىناتتى. مەسىلەن: ئۈيۈشما سانايى نەپىسە مۇدىرى مۆمىن ئەپەندى ئۆزى تەييارلاپ پادىشاھ رولىنى، ئايالى «ساھىپ جامال» رولىنى ئالغان سەھنە ئەسىرى «بوز يىگىت» بىرىنچى قېتىم ئوينالغاندا، ئاياللارنىڭ سەھنىگە چىققانلىقىنى كۆرگەن تاماشىبىنلار ھەيران قېلىشقانىدى. بۇ ھەقتىكى ھەرخىل ئىنكاسلار بىرقانچە سان گېزىتنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالغانىدى.

«يېڭى شىنجاڭ» گېزىتى بىرىنچى ساندىن 18 ـ سانىغىچە ماقالىلىرىنى شامقەغەزگە يېزىپ، شافىگىراپتا بېسىپ تارقىتىلغانىدى. بۇ چاغدىكى گېزىت ھازىرقى «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» گېزىتىنىڭ چوڭلۇقىدا، يەنى سەككىز فورمات چوڭلۇقتا ئىككى بەت چىقاتتى. ئۇ بەزى ئايلىرى 100 نۇسخا، بەزى ئايلىرى 300 نۇسخا تارقىتىلاتتى.

1935 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن، يەنى «يېڭى شىنجاڭ» گېزىتىنىڭ 19 ـ سانىدىن باشلاپ، چۆچەكتىن يۆتكەپ كېلىنگەن ۋەلى ئەخمەت دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا بۇ گېزىت تاش مەتبەدە ھازىرقى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ چوڭلۇقىدا يەنى تۆت فورمات، ئىككى بەت قىلىپ چىقىرىلدى. بۇ چاغدا گېزىتنىڭ تىرازى 500 نۇسخىغا يەتكەنىدى. باشقا ئىشلار قاتارىدا مەتبۇئاتچىلىقمۇ شۇ زاماننىڭ شەرت ـ شارائىتىغا مۇۋاپىق ھالدا يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ بىر قەدەر تەرەققىي قىلىشقا باشلىغانىدى. ئالتاي، چۆچەك، ئىلى، قەشقەر، ئاقسۇ ۋە كور-

لىلاردىمۇ قول يازمىلار بىلەن گېزىت چىقىرىلىپ، ئىلغار ئىدد-
يىلەر تەشۋىق قىلىنغانىدى. جايلاردا گېزىت ژۇرناللارنىڭ چىد-
قىرىلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئاڭ - پىكىرى كۈندىن -
كۈنگە كۆتىرۈلۈپ، گېزىت - ژۇرنال ئوقۇيدىغان كىشىلەرمۇ
بارغانسىرى كۆپەيگەن، گېزىتكە بولغان تەلەپمۇ بارغانسىرى ئاش-
قانىدى.

ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى گېزىتنى خەلقنىڭ
تەلىپى بويىچە كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاش ئۈچۈن كۆپ تىرىش-
چانلىق كۆرسەتتى. 1935 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئې-
چىلغان ئۇيۇشمىنىڭ ئومۇمىي ھەيئەتلەر مەجلىسىدە تۆۋەندىكى-
چە قارار چىقىرىلغانىدى: «ھازىردىن باشلاپ مەتبە خادىملىرىنى
تەييارلاش؛ گېزىتنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاپ، بەت سانىنى كۆپەي-
تىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا چىقىرىپ تۇرۇش؛ جايلارغا بارىدىغان ئىش-
چى - خىزمەتچىلەر ۋە جايلاردىكى ئۇيۇشمىلار ئارقىلىق مۇشتەد-
رىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش، مۇخبىرلار تورى تەشكىل قىلىپ،
ئۇلارغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، گېزىت ئەتراپىغا يېڭد-
دىن - يېڭى قەلەم كۈچلىرىنى توپلاش؛ جايلاردىكى گېزىتخانىلار
بىلەن بولغان ئالاقىنى چىڭىتىپ، ئۇلارغا بولغان رەھبەرلىكنى
كۈچەيتىش. گېزىتلەردە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، مەدەنىي -
مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىد-
رىنى — سانائەت، سودا، تەنتەربىيە، سەھىيە، دىن، ئەخلاق،
ئىنتىزام، پۇل مۇئامىلىسى، كۆۋرۈك سېلىش، يول ياساش، مەد-
دەن كانلىرىنى ئېچىش، يېزا ئىگىلىكىنى يېڭى ئۇسۇلدا يېڭى
ماشىنىلار بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەدەبىيات ۋە سانايى نەد-
پىسە ئىشلىرىنى، خارجى ئاخباراتلارنى، شەھەر - يېزىلاردا، يۇرت
ئارىسىدا بولغان ئىشلارنى گېزىت ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا خەلققە
يەتكۈزۈپ تۇرۇش؛ جاھانگىرلىككە قارشى ئويۇشما بىلەن يېقىن
ئالاقە قىلىپ، ئۇنىڭغا پائال ياردەملىشىش؛ مەكتەپلەردە تام گې-
زىتى چىقىرىشقا باشلامچىلىق قىلىش؛ ئوقۇغۇچىلارغا جاھاد-

گىرلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى چىڭىتىش تەربىيىسى بېرىش، تىرىشىپ پەن ـ بىلىم ئىگىلەش، تەرتىپ ئىنتىزامنى كۈچەيتىش ۋە يۇقىرىقى مەزمۇنلاردا ماقالە، شېئىر، قوشاق يېزىش، نۇتۇق سۆزلەش، دىكلىماتسىيە قىلىشقا ئۇيۇشـ تۇرۇش، يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيۇشمىنىڭ مەقـ سەت ۋەزىپىلىرىنى، بولۇپمۇ تەشۋىقات ئىشلىرىنى يولغا قويۇش؛ ئۇرۇمچى مەدەنىيەت كۇلۇبى يېنىدا بىر قىرائەتخانا تەشكىل قىـ لىپ، ئۇنىڭغا ھەرخىل كىتاب ـ گېزىتلەرنى قويۇش، ئاساسلىق گېزىتخانا قارىمىقىدا ئايدا بىر قېتىم چىقىدىغان بىر ژۇرنال نەشر قىلىش؛ چىقىرىلىدىغان كىتاب ـ ژۇرناللارنى مائارىپ نازارىتىدە تەشكىل قىلىنغان تەكشۈرۈش ھەيئىتىگە مەلۇم قىـ لىپ، ئۇلارغا مەدەنيي ـ ئاقارتىش جەھەتتىن ماسلىشىش»، ئۇنـ دىن باشقا يەنە ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن «يېڭى شىنجاڭ گېزىـ تى» نىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئابدۇللا داموللا، مەنسۇر ئەپەندى (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىپ، شىڭ شىسەيگە مەسلىھەتچى بولغان، بۇ كىشىنى باشقىلار سىياسىي رەھبەر دەپـ مۇ ئاتايتتى)، بۇرھان ئەپەندى، ۋەلى ئەخمەت ئەپەندى، سابىت ئەپەندى، شاۋۇدۇن ئەپەندى، ئېلى ئەپەندى، رەقىپجان ئەپەندى، ئىلھامجان ئەپەندى، نەمەت خەلپىتىم، تۇردى ئەپەندىلەر گېزىتـ نىڭ تەھرىر ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەنگەن. مەنسۇر ئەپەندى مەسئۇل مۇھەررىر بولغانىدى.

بۇ چاغقا يەتكەندە گېزىتتە يەنىلا مىللەتلەر باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى كۈچەپ تەشۋىق قىلىنغاندىن تاشقىرى، شىنجاڭـ دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش يۈزىسىدىن شىنجاڭنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا يېڭى مەكتەپلەرـ نىڭ كۆپلەپ ئېچىلغانلىقى، ساۋاتسىزلىقنى يويۇش ھەرىكىتىنىڭ كەڭ ئەۋج ئالغانلىقى، ئوتتۇرا مەكتەپ، سىفەن مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشقا باشلىغانلىقى، چەت ئەللەرگە بولۇپمۇ، سوۋېت ئىتـ تىپاقىغا يۈزلەپ ئوقۇغۇچى چىقىرىلغانلىقى ۋە جاھانگىرلىككە

قارشى ئۇرۇش قاتارلىق ئىشلار نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىناتتى. گېزىتتە يەنە ئىلىم - مەرىپەتتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان شىنجاڭ خوتۇن - قىزلىرىدىن بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا بىرنەچچە ئون مىڭ كىشىنىڭ ئوقۇشقا كىرگەنلىكى، بەزىلىرىنىڭ ئالىي مەلۇماتلىق بولۇپ جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىقى، ھەرقايسى ئورۇنلاردا خوتۇن - قىزلار جەمئىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، ئۇنىدىن باشقا ئاياللارنىڭ ئازادلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئازدلىق ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرى خەۋەر قىلىناتتى.

1935 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن باشلاپ، گېزىت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن مىخ مەتبەئەدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» دېگەن نام بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، پەننىي ھەم ئەدەبىي نەشر ئەپكارى بولۇپ 2000 نۇسخىدىن كۆپرەك تىراژدا نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان خادىملىرىنىڭ تەشەببۇسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن شىنجاڭدا «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەقدىر قىلىش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇقنى چىڭىتىش، پارىخورلۇقنى يوقىتىش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش» تىن ئىبارەت ئالتە سىياسەت يولغا قويۇلغانىدى. شۇڭلاشقا بۇ چاغدا چىققان گېزىتلەرنىڭ بەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئاساسەن مۇنداق بولاتتى:

1 - بەتكە: ئالتە سىياسەتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى. ئىجراسى توغرىسىدا يېزىلغان چوڭ - چوڭ ماقالىلەر، ئوبزورلار، ئۆلكىنىڭ مۇھىم خەۋەرلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ سۆزلىرى ۋە يىغىن خەۋەرلىرى، خىزمەت دوكلاتلىرى بېرىلەتتى؛

2 - بەتكە: دېھقان - چارۋىچىلىق، سانائەت، قاتناش، قۇرۇلۇش خەۋەرلىرى ۋە بۇلار ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەر، ئىلمىي

لېكسىيىلەر بېرىلەتتى؛

3 ـ بەتكە: مائارىپ، سەھىيە، سانايى نەپىسە ھەققىدە يېزىلغان خەۋەر، ماقالىلەر بېرىلىشتىن تاشقىرى پات ـ پات بۇ بەتنىڭ بىر قىسمىغا ئەدەبىي ئەسەرلەر بېرىلەتتى؛

4 ـ بەتكە: بۇ بەتنىڭ بىر قىسمىغا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى، بىر قىسمىغا خەلقئارا خەۋەرلەر، ئىئانە توپلاش خەۋەرلىرى، ئۇقتۇرۇش ۋە ئېلانلار بېرىلەتتى.

1936 ـ يىلىغا كەلگەندە «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» «تياناشان» نامى بىلەن چىقىۋاتقان خەنزۇچە گېزىت بىلەن بىرلەشتى. قازاقچە «شىنجاڭ گېزىتى»مۇ ھەپتىدە بىر قېتىم چىقىدىغان بولدى. گېزىتنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى قايتا تەڭشىلىپ، ۋاڭ باۋچيەن (3 ـ ئىنتېرناتسىئونالدىن ئەۋەتىلگەن كىشى ئىدى) گېزىتخانىنىڭ باشلىقى، مەنسۇر ئەپەندى مۇئاۋىن باشلىقى بولدى، ئايۇپ مەنسۇر باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلەندى. تەھرىر بۆلۈمدە مەرۇپ سەئىدى، ئەسئەت ياقۇپ، خېلىل ساتتار، ۋەلىخان قاتارلىق كىشىلەر ئىشلەيتتى. قازاق تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى شەمسى دېگەن كىشى بولۇپ، قازاق تەھرىر بۆلۈمدە غەزىز سارمولا، نەزىر، غېنىزات شاكىرىم، شېرىپقان دېگەن كىشىلەر ئىشلەيتتى. 36 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باش مۇھەررىرلىككە مەرۇپ سەئىدى تەيىنلەندى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئابلىز شەرىپى، قاسىم پەرسا، ئىبراھىم سامساق دېگەن كىشىلەر گېزىتخانىغا تەقسىم قىلىنىپ، تەھرىر بۆلۈمدە ئىشلىدى. گېزىتخانا نەشرىيات بۆلۈمىگە بەدىردىن، ماناپ بەكمىتوف دېگەن كىشىلەر مەسئۇل بولدى، گېزىتنى ئۇرۇمچى شەھىرىگە نامان ئاكا دېگەن كىشى تارقىتاتتى. باسما ئىشلىرىغا ئىمىنجان دېگەن كىشى مەسئۇل ئىدى، نابور بۆلۈمدە ئەخمەت يۇسۇپ، تۇرسۇن كېبىر، مۇسا سايىت، مۇقاش، ئەكرەم، مەنسۇر، تۇردى قاتارلىق كىشىلەر ئىشلەيتتى.

ئەينى يىللاردا مەتبەئە تېخنىكىسىنى تولۇق بىلىدىغان ئىشچىلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىش شارائىتى ناھايىتى ناچار بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئىشچىلار يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلەتتى. 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى مەتبەئە ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ۋەكىللىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى زور بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنە نۇرغۇنلىغان مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرى كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلغار ھەرپ تىزىش، بېسىش، سىنكىگراف، ئىستراتىپ تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، گېزىت سۈپىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئاخباراتچى ۋە مەتبەئە ئىشچىلىرىنى كۆپلەپ تەربىيىلەش ئۈچۈن، 1936 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى ئاخبارات، تېخنىك كادىرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچتى. 1 ـ قارارلىق كۇرستا ئۇيغۇرلاردىن غوپۇر توختى، ئىسمايىل نەمەتلەر ئوقۇدى. 2 ـ قارارلىق ئوقۇغۇچىلار پۈتۈنلەي خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئىدى. 3 ـ قارارلىق كۇرسقا 12 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇلار كېيىنچە شىنجاڭ ئاخبارات، مەتبەئە خادىملىرىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد قوشۇنى بولۇپ قالدى. شىنجاڭ خەلقىنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرى يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنى كۆپلەپ قۇرۇپ، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1935 ـ يىلى ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 202 ئوقۇغۇچى، بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 100 ئوقۇغۇچى، 1933 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار خىزمەتكە تەيىنلەندى. بۇلار شىنجاڭنىڭ مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاساسلىق كۈچ بولۇپ شەكىللەندى، بۇنىڭ بىلەن، يېڭى پەننىي مەكتەپلەر، ھەرخىل سىيا-

سى كۇرسلار، قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرس-لىرى، ساۋات چىقىرىش مەكتەپلىرى كۆپلەپ قۇرۇلۇشقا باشلى-دى. بۇ ھەقتىكى خەۋەر ـ ماقالىلەر گېزىت سەھىپىسىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيتتى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بولۇپمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى خە-ۋەر ـ ماقالىلەرگە ھەرسان گېزىتنىڭ كۆرۈنەرلىك جايلىرىدىن ئورۇن بېرىلەتتى. بۇ ماقالىلەردە خەلق ئاممىسىغا ۋەتەنپەۋەرلىك تەربىيىسى بېرىلىش بىلەن بىللە، شىنجاڭ خەلقى ئىچكى ئۆل-كىلەردىكى خەلقنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرىشىگە ياردەم بېرىشكە چاقىرىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئومۇميۈز-لۈك ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. جېنى بارلار جېنىنى، پۇلى بارلار پۇلىنى ياردەم قىلىش شۇئارى ئاستىدا بىر قانچە ئاي ئىچىدىلا ئالدىنقى سەپكە شىنجاڭ خەلقى 10 ئايروپىلان ياردەم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر گېزىت-لەردە كەڭ تەشۋىق قىلىندى.

1935 ـ يىلى قىش پەسلىدە ياپون باسقۇنچىلىرى ئىچكى مۇڭغۇلىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، سۇيىۈەن سوقۇشىنى قوزغىدى. 1937 ـ يىلى ئەتىيازدا ياپون باسقۇنچىلىرى شىمالىي جۇڭگودا ئەسكەر كۆپەيتتى. 29 ـ ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، «7 ـ ئىيۇل» لۇگوچياۋ ئۇرۇشى باشلاندى. 1937 ـ يىلىدىكى «7 ـ ئىيۇل» قانلىق ۋەقەسىدىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى ئويغاندى. پۈ-تۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاق بولۇپ، يا-پون باسقۇنچىلىرىنىڭ غالجىرانە تاجاۋۇزىغا قارشى قەھرىمانە كۈرەشكە ئاتلاندى. بۇ چاغدا گېزىتتە ئاساسەن، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە ئائىت خەۋەر ـ ماقالىلەر مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. گېزىت تىراژىمۇ كۆپىيىپ 5000 نۇسخىدىن ئاشتى. گېزىت نامى ئۆزگىرىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» بولۇپ چىقىشقا باشلىدى. «شىنجاڭ گېزىتى» بۇ چاغدا ئاساسەن مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى

ۋە تاس س نىڭ تارقاتقان خەۋەر ـ ماقالىلىرىنى ئىشلىتەتتى.
مەن 1941 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى گېزىتخانا تەرىپىدىن ئېچىلغان ئاخبارات تېخنىك كادىرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ 3 ـ قارارىغا ئوقۇشقا كىرگەنىدىم. بۇ چاغدا گېزىتخانىنىڭ ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈپ چىققىنىغا بىر يىلدىن سەل ئاشقانىكەن. گېزىتخانىدىمۇ بەزى يېڭىلىقلار كۆرۈلۈۋاتقانىكەن. گېزىتخانىنىڭ باشلىقى يەنىلا ۋاڭ باۋچيەن دېگەن كىشى بولۇپ، گېزىتخانىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىدە يەنئەندىن كېلىپ، گېزىت چىقىرىش ئىشىغا ياردەملىشىۋاتقان بىرقانچە كوممۇنىست بار ئىكەن (بۇلارنىڭ كوممۇنىست ئىكەنلىكىنى كېيىنچە بىلگەندۇق). بۇ كىشىلەر بىز بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشاتتى ۋە بىزگە قېرىنداشلىرىدەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلار دائىم بىرلىكتە ئۆگىنىش قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ تۇرمۇشى ۋە قىزغىن، ئوچۇق چىراي، ئۆم يۈرۈشلىرى بىزنى قىزىقتۇراتتى. بىر كۈنى، كۆزەينەك تاقاپ يۈرۈيدىغان ئوتتۇرا بوي، ۋىجىكرەك كەلگەن لى يەنجىاڭ دېگەن كىشى بىزنىڭ ياتاققا بېرىپ، بىر قانچىمىز بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتى. ئاۋۋال بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزنى، تۇرمۇش ئەھۋالىمىزنى سورىدى. ئۇ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى، ماركسىزمنىڭ داۋلىلىرىنى چۈشەندۈردى. گومىنداڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى بۇزغانلىقىنى غەزەپ بىلەن سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئىنقىلابنىڭ بەزى داۋلىلىرىنى چۈشىنىۋالدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار بىزگە ھەردائىم دېگۇدەك ئىنقىلابىي شېئىرلارنى ئۆگىتەتتى. بىر كۈنى يولداش ۋاڭيى بىزگە «ليەنخې چىلەي» دېگەن شېئىرنى ئۆگەتتى. ئۇ، بۇ شېئىرنى بىزگە شۇنداق ئىشتىياق بىلەن ئۆگەتتىكى، بىز ئۆگىنىۋالغىچە بىزدىن ئايرىلمىدى. بەزىلىرىمىزنىڭ تىلى كەلمىسە، ھەرگىز خاپا بولمايتتى، سەمىمىي كۈلۈپ تۇرۇپ، قايتا ـ قايتا ئۆگىتەتتى. ئۇلار ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلسا، ئىنتايىن بېرىلىپ قىلاتتى.

1942 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك، ئۇلار بىز يەن-
ئەنگە قايتىدىغان بولدۇق، دەپ بىز بىلەن يىغلىشىپ تۇرۇپ
خوشلاشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كىتابلىرىنى،
ئىشلەتكەن قەلەم قاتارلىقلىرىنى بىزگە سوۋغا قىلىپ قالدۇردى.
كېيىن بىلسەك، ئۇلار يەنئەنگە كەتمەپتۇ، ئەكسىچە، شىڭ شى-
سەينىڭ تۈرمىسىگە سولىنىپتۇ.

خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمىدىكى كوممۇنىست يولداشلار ئۇيغۇر-
چە، قازاقچە، رۇسچە گېزىت تەھرىر بۆلۈملىرى بىلەنمۇ قويۇق
ئارىلىشاتتى ۋە ئۇلار بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ، تەشۋىقات
نىشانى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ تۇراتتى. شۇڭا گېزىتكە بېرىل-
گەن ماقالە، خەۋەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ بېيىپ
بارغانىدى. ئۇيغۇر، قازاق گېزىتىگە ھامۇت مەمەتوف دېگەن كى-
شى مەسئۇل ئىدى. ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە پولات قادىرى، ئۇي-
غۇر سايرانى، ئەسئەت تاھىر، بەدىردىن ئابدۇخالىق، ئەخمەت زى-
يا، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، خەلىم ھەلىموف، رەۋەيدۇللا، مەمتىمىن
توختايوپ، پەرىدە قاتارلىق كىشىلەر ئىشلەيتتى. كېيىنچە نۇر-
سادىرۇف، تۇرسۇن ۋاھىدىلار كېلىپ قوشۇلدى. قازاق تەھرىر
بۆلۈمىدە ئامانتۇر (قىرغىز)، قوشبەك قاتارلىق كىشىلەر بار ئى-
دى. بۇ چاغدا مەتبەئە ئىشلىرىمۇ خېلى تەرەققىي قىلغانىدى.
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىرمۇنچە مۇتەخەسسىس كېلىپ مەتبەئە
ئىشلىرىغا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلاتتى. گېزىتخانا شۇ زامانغا
نىسبەتەن مەلۇم تېخنىكىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە نۇرغۇنلىغان باسما
ماشىنىلىرىنى ۋە ھەرخىل نۇسخىلىرىنى ئالدۇرغانلىق-
تىن، گېزىتنىڭ بېسىلىش سۈپىتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. خەن-
زۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە گېزىتلەر «شىنجاڭ گېزىتى» دېگەن
نام بىلەن چوڭ تۆت بەتلىك بولۇپ، رۇسچە گېزىت «بېلىيوتىن»
دېگەن نام بىلەن كىچىك تۆت بەت بولۇپ چىقاتتى. بۇ گېزىتلەر-
نىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم تەھرىر بۆلۈملىرى بار
ئىدى. تەشۋىقات پىلانلىرىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، ھەرقايسى تەھ-

رىر بۆلۈم مەسئۇللىرى ئىدارە باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بە-
لەن بىر يەرگە يىغىلىپ، مەسلىھەتلىشىپ بىرلىكتە بېكىتەتتى،
بۇ چاغقا يەتكەندە گېزىتنىڭ تىرازى 10 مىڭدىن ئاشتى، بولۇپمۇ
گېزىتكە ماقالە، خەۋەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازىدىغان مىللىي
ئاپتورلار كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيدى. گېزىتنىڭ ئەدەبىيات
بېتىگە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدى-
كى زىيالىيلار ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلى-
نىشقا باشلىدى. ئىنقىلابىي قۇربان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوت يۈ-
رەك شائىرى ل. مۇتەللىپ گېزىتنىڭ ئەدەبىيات بېتىگە مەسئۇل
بولغاندىن كېيىن، «ئەدەبىيات گۈلزارى» مەخسۇس بېتىنى چى-
قىرىپ، زىيالىيلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ل. مۇتەللىپ
گېزىتخانىدا پائالىيەتچان، ناھايىتى قىزغىن ئىدى. ئۇ ئەدەبىيات
بېتىنى ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى ھەرپ تىزىش سېخىغا كېلىپ، بەت
ياساتقاچ ئىشچىلار بىلەن ئەھۋاللىشاتتى، ئۇلارغا ھېكايە ئېيتىپ
ۋە قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بېرەتتى. بىر كۈنى ئەدەبىيات بېتى-
نى ياسىغان بەتچىك يولداش بەتكە بىر ئاز شېئىر كەملەپ قال-
غانلىقىنى ئېيتىدۇ. ل. مۇتەللىپ بەتچىك بىلەن مەسلىھەتلى-
شىپ، ئۇنى ھەرقانچە قىلىپ تولدۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى
بىلىپ، ئىش ئۈستىدىلا: «مەرىپەت ئىزدە ئېرىنمە، بوياق بىلەن
بويىغىچە تېشىكنى، ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى» دەپ
بىر كۇپلېت شېئىر يېزىپ كەم ئورۇننى تولدۇرۇپ بەرگەنىدى.
ئۇنىڭدىن باشقا ل. مۇتەللىپنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە تەشكىللىشى
بىلەن گېزىتخانىدا بىر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىسى
قۇرۇلدى. ل. مۇتەللىپ يازغان «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ»، «پېرى-
خۇن» ۋە ئازادلىق ئورۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى كۈرەشنى
ئەكس ئەتتۈرىدىغان «تاڭ ئالدىدىكى كۈرەش» قاتارلىق سەھنە
ئەسەرلىرىنى گېزىتخانا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىسى
ئۈرۈمچىنىڭ ھەر قايسى كۇلۇبلىرىدا ئويناپ چىققانىدى. ئاساس-
لىق روللارنى ل. مۇتەللىپ ئۆزى ئالاتتى. بۇ سەھنە ئەسەرلىرى

خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشىش، نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن كۈ-رەشكە چاقىراتتى. بىلىم ئېلىشقا ئۈندەيتتى. خەلقنى ئىنقىلابىي روھ بىلەن تەربىيىلەيتتى. بۇ خىل ئىنقىلابىي كەيپىياتتىن چۆچىگەن جاھالەت كۈچلىرى ل. مۇتەللىپنى بۇ قاينام - تاشقىن مۇھىتتىن چەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاقسۇغا يۆتكىۋەتتى.

1941 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى گىتلېر گېرمانىيە-سى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈزۈشكەن 10 يىللىق تىنچلىق شەرتنامىسىنى شەرمەندىلەرچە يىرتىپ تاشلاپ، سوۋېت ئىتتىپا-قىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى. بۇ چاغدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئاساسەن شەرقتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا، غەربتە گىتلېر گېرمانىيىسى بىلەن مۇسسولىن باشچىلىقىدىكى ئىتا-لىيە فاشىستلىرىغا قارشى تۇرۇشقا دائىر خەلقئارا خەۋەرلەر كۆپلەپ بېرىلىپ تۇردى. بۇ ھالەت 1943 - يىل شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ساختا قىياپىتىنى ئۆزۈل - كېسىل ئاشكارىلاپ، ئۆزد-نى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئاتقانغا قەدەر داۋاملاشتى. 1943 - يىلدىن باشلاپ، گېزىتتە ئوچۇقتىن - ئو-چۇق كوممۇنىزمغا قارشى ماقالىلەر بېسىلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن زىيالىيلارغا زەربە بېرىلىپ، كىشىلەر تۇتۇلۇشقا باشلى-دى. ئۇيغۇر سايرانى، ئۆتكۈر، نۇر سادىروف قاتارلىق كىشىلەر تۈرمىگە تاشلاندى. ئۇلار تۈرمىدە بۇرۇن گېزىتخانىدا ئىشلىگەن ۋە يەرئاستى خىزمىتىنى قىلغان كوممۇنىست يولداشلار بىلەن تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى.

بۇ چاغدا گېزىتنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قاتتىق نازارەت قىلىپ تۇرسىمۇ، گېزىت سەھىپىلىرىدە يەنىلا ئەينى زاماندىكى سىياسىي كۈرەشلەر، ھەرخىل سىياسىي قاراشلار، كىشىلەرنىڭ پارلاق كېلەچەككە بولغان ئارزۇ - ئارمانلىرى ھەرخىل ژانىرلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ تۇردى، 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىلھامى بىلەن، ئۈرۈمچىدە تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار كۈچلەر تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. 1945 ـ يىلىغا كەلگەن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىشپىيون ـ جاسۇسلىرى ئىگىلىۋالدى. ھەرقايسى تەھرىر بۆلۈملىرىگە بولۇپمۇ گېزىتچىلىكنىڭ مۇھىم ھالقىلىرىدىن بىرى بولغان باسما زاۋۇتىغا ئىشپىيون ـ جاسۇسلار ھەرخىل ناملار بىلەن كىرىۋالدى. ئۇلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقى چەكتىن ئېشىپ، كىشى تاقەت قىلغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. شۇڭلاشقا 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مائاش تارقىتىشتىكى ۋە كادىرلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ مائاشىدىكى، تۇرمۇش مەئىشىتىدىكى پەرقىنىڭ ناھايىتى ئادالەتسىزلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىگە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن باسما زاۋۇتىدىكى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، رۇس، تاتار، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق ھەرمىللەت ئىشچىلىرى مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلدى ۋە ئىشچىلارنىڭ تەمىناتى مۇۋاپىق ھەل قىلىنغۇچە ئىشقا چۈشمەيمىز دېگەن شۇئار ئاستىدا ئىش تاشلىدى. بۇ ئىش شۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كەلگەنىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەخمەتجان ئەپەندى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «مەتبەئە ئىشچىلىرى سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئاڭلىق ئىشچىلار قوشۇنى، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى ناھايىتى توغرا بوپتۇ، مەن ئۇلارنى قوللايمەن. ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك» دېگەن. لېكىن گومىنداڭچىلار تۈرلۈك ئالداش، پوپوزا قىلىش ئارقىلىق ئىشچىلارنى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىشقا چۈشۈشكە مەجبۇرلايدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، قاتتىق مەخپىي سوراق قىلىنىشلار باشلىنىپ كېتىدۇ. يۇ جاڭسى (رۇسچە ئىسمى فېدە. بۇ كىشى رۇسچە گېزىتنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، ئىشچىلارغا سىياسىي تەربىيە بېرەتتى)، جاڭ دېيۇ، لى ۋېيشى، گوپېيچىڭ، چىڭ فېڭتاۋ، مۇ-

قاش، قۇربانجانلار ئايرىم تۇتۇپ تۇرۇلۇپ سوراق قىلىنىدۇ. ئۇلارغا «سىلەر ئىشچىلارنى قۇتراتقان قىزىل پاچاقلارنىڭ ئا-گېنتلىرى» دېگەنگە ئوخشاش تۆھمەتلەر چاپلىنىدۇ. لېكىن ئۇلار ئىشچىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقى ۋە بىرلىك ئىتتىپاقلى-قىدىن قورقۇپ، بۇ يولداشلارغا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ.

1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالاندى. 11 ماددىلىق بىتىمدە «خەلققە مەتبۇئات ئەركىنلىكى بېرىلىدۇ» دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەت-تە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدى. نەتى-جىدە ئۇيغۇر ـ قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نى ئايرىپ چىقىشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭغا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تۈر-لۈك يوللار بىلەن قارشىلىق قىلدى. لېكىن گېزىتخانىدىكى ئىلغار زىيالىيلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇيغۇر ـ قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نى ئايرىپ چى-قىشنى جىددىي تەلەپ قىلدى. گېزىتخانىدىكى خادىملارنىڭ بۇ ھەرىكىتى جەمئىيەتتىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىش-تى. ئاخىرى 1946 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇيغۇر ـ قازاق تىللىرى-دىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نى چىقىرىۋاتقان بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پۈتۈن بىر يۈرۈش مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىنى ئايرىپ، نەنلياڭغا كۆچۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر ـ قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇيغۇر سايرانى ئۇيغۇر ـ قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باشلىقى، تۇرسۇن ئىسرائىل باش مۇ-ھەررىر، قالى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇيغۇر ـ قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تەشۋىقات يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن ماقالىلەرنى با-سىدىغان، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىنى، جۇڭگو كومپارتىيە-

يىسىنى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تونۇشتۇرىدىغان، تەشـ ۋىقات قىلىدىغان بىردىن ـ بىر ئىنقىلابىي گېزىتكە ئايلاندى.

ئۇيغۇر ـ قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، كوندىلىك گېزىت بولۇپ چىقىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ خادىملىرى تولۇقلاندى. مەزمۇنى بېيىدى، سەھىپىلىرىمۇ كۆپەيدى. ئۇ، شىنجاڭدا تىنچلىق ئورنىتىش، دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش ۋە 11 ماددىلىق بىتىمنى قوغداپ، ئۇنىڭ ئىجراسىـ نى جارىي قىلدۇرۇش جەھەتتە ئىجابىي رول ئوينىدى. لېكىن 11 بىتىمنىڭ مەتبۇئات ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىدـ گە بىنائەن، 1947 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر تىلىدا يەنە بىرقانـ چە خىل گېزىت چىقىشقا باشلىدى. بۇ گېزىتلەرنىڭ سىياسىي خاھىشى ۋە تەشۋىقات مەزمۇنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى.

1945 ـ يىلى جاڭ جىجوڭ شىنجاڭغا چىققاندا، ئىچكى ئۆلكىلەردە يۈرگەن مەسئۇد، ئەيسا، مەمتىمىنلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇلار لەنجۇدىن كۆچۈرۈپ كەلگەن ئالتاي نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئالتاي» دېگەن ئۇنىۋېرسال ژۇرنال چىقىرىلدى. 1947 ـ يىلغا كەلگەندە «ئەرك» نامىلىق گېـ زىت تەسىس قىلىندى، «ئەرك» گېزىتى ئاساسەن مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى تارقاتتىمۇ، بىرئاز مۆتىدىلرەك بولغاچقا، بۇنىڭ ئەتراپىغا بىرقىسىم زىيالىيلار توپلاشقانىدى. «ئەرك» گېزىتى بىلەن تەڭلا دېگۇدەك «يالقۇن» نامىلىق يەنە بىر گېزىتمۇ نەشر قىلىندى. بۇ گېزىت 1945 ـ يىلى مەسئۇد، ئەيسالار بىلەن ئىچكىرىدىن ئۈرۈمچىگە بىللە چىققان، تۈركىيىدە ئوقۇغان قۇرـ بان قوداينىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە چىقاتتى. «يالقۇن» گېزىتى ئىلغار كىشىلەرنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ۋە كوممۇنىستلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تىللايدىغان، پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان گېزىت ئىدى، شۇڭلاشقا بۇ گېزىتنىڭ ئۈرۈمچىدە ئانچە ئىناۋەـ تى يوق ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئابلەت مەخسۇم قاتارلىق بىر قانچە كىشىـ

ـنىڭ باشچىلىقىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللايدىغان ۋە ئۇنى تونۇشتۇرىدىغان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جايلاردىكى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدىغان «ئالغا» ناملىق گېزىتمۇ نەشىر قىلىندى، بۇ گېزىت بىرقانچە سان چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مەتبەئەسى بولمىغاچقا توختاپ قالدى.

دېمەك 1947 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ـ قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە سىياسىي كۆرەش ئىنتايىن كۈچىيىپ كەتتى. بۇ گېزىت بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 11 بىتىمگە قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرىنى ۋە دېموكراتىيىگە قارشى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن «يالقۇن» گېزىتىنىڭ سىياسىي پىتنىسىنى پاش قىلىدىغان، پانتۈركىزمنىڭ زەھەرلىرىنى تازىلايدىغان ماقالىلەرنى بېسىپ، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي روھىغا زور ئىلھام بەردى، بولۇپمۇ ياشلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىنقىلابىي ئىدىيە بىلەن تەربىيىلىدى. بۇ ياشلار ئارىسىدىن كېيىنكى چاغلاردا نۇرغۇن ئىنقىلابىي ئەدىبلەر، ژۇرنالىستلار، جامائەت ئەربابلىرى يېتىشىپ چىقتى. لېكىن دېموكراتىيىنى، خەلقنىڭ مەتبۇئات، سۆز ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، ئۇلارنى نادان، قالاق ھالەتتە قالدۇرۇپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇيغۇر ـ قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 11 بىتىمدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھوقۇقلارغا ئاساسەن، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، ئىنقىلابىي ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلىشىغا چىداپ تۇرالماي بۇ گېزىتكە تۈرلۈك بېسىملارنى ئىشلەتتى.

گومىنداڭ مەمۇرىي پالاتاسىنىڭ 1947 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن 4 ـ قېتىملىق يىغىنى مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، ئەيسا بەگنى باش كاتىپ قىلىشنى تەستىقلىدى. جايلاردا خەلق بۇنىڭغا قارشى نامايىشلار ئۆتكۈزدى. بۇ پائالىيەتلەر گېزىتتە تەشۋىق قىلىندى، مەسئۇدنى

پاش قىلىدىغان، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ خەلققە قىلغان زور-لۇق - زومبۇلۇقلىرىنى پاش قىلىدىغان ماقالىلەر ئارقا - ئار-قىدىن گېزىتكە بېرىلدى. بۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى، گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى بۇنىڭغا ئاشكارا ئارىلىشىپ ئۇيغۇر - قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گې-زىتى» نىڭ باشلىقى ئۇيغۇر سايرانىغا تەھدىت خەتلىرىنى يازدى. ئاخىردا ئۇنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنىمۇ چۈشۈردى. بۇ ئىش ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن ھۆكۈمەت تەركىبىدە تۇرۇۋاتقان ئەخمەتجان قاسىمىغا ئۇقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەربىيلەرنىڭ بۇ ھەرىكىتى-گە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىلدى ۋە بۇ ھەقتە ھەربىيلەر بىلەن ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر مەزگىل خېلى كەس-كىن كۈرەشلەر بولدى، ئاخىرى ئۇيغۇر سايرانىنى قولغا ئېلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، بۇنىڭغا ھەربىيلەرنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ ئو-رۇنسىزلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ ئىش يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا مەسئۇد ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈ-مەتنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان ئۇيغۇر - قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» بۇ خىل ماقالىلەرنى بېسىشنى توختاتمىسا، گېزىتخانىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى تو-ختىتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە گومىنداڭ جىڭبېي سىلىڭبۇسىدىن مەخسۇس كىشىلەر كېلىپ، گېزىتنىڭ بېسىلىشىنى نازارەت قى-لىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، يوقىرىدىكىدەك ماقالىلەر قاتتىق كونترول قىلىنىپ، بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر ئاز ئازلىدى، بۇ چاغدا ئورۇمچىدە جەمئىيەت كەيپىياتى يەنە جىددىيلىشىپ كەت-تى. گومىنداڭنىڭ يوقىراچە ياسىنىۋالغان ئىشپىيون - جاسۇس-لىرى ئىلغار زىيالىيلارنىڭ پېيىگە چۈشتى. ھەتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىر-گەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ھەيئەت ئەزال-رى ئولتۇراقلاشقان «نەنخۇايۇەن» (ھازىرقى مائارىپ نازارىتىنىڭ

ئورنى) ئەتراپىنى كىچە ـ كۈندۈز پايلاپ يۈرىدىغان مەخپىي كۈ ـ زەتچىلەر كۆپەيدى، بۇ ئىشتىن نارازى بولغان ئەخمەت ئەپەندى غەربىي شىمال شتاپ مۇدىرى جاڭ جىجۇڭغا ئوچۇق خەت يازدى:

«خەنزۇ تىلىدا چىقىدىغان ‹شىنجاڭ رىباۋ› گېزىتىنىڭ يېـ ـقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان چىققان سانلىرىدا بىزنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قورۇيىمىز ‹نەنخۇايۈەن› توغرۇلۇق ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئىغۋالار بىلەن تولغان ماقالىلەر بېسىلماقتا. 13 ـ ئىـ ـيۇل 3704 ـ ساندىكى ‹نەنخۇايۈەن تەكشۈرۈلسۇن› دېگەن ماقا ـ لىدا ‹نەنخۇايۈەن› گە يەنى بىز تۇرغان قورۇغا ئوچۇقتىن ـ ئو ـ چۇق ھۇجۇم قىلىشقا دەۋەت قىلىنغان. بۇنىڭ سىرتىدا، ئۈرۈمـ ـچى ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن بىزگە قارشى ئىغۋالىق ھەرىـ ـكەتلەر بولماقتا...

بۇنداق بۆھتان ھەرىكەتلەرنىڭ ياخشىلىققا ئېلىپ بارماسلىـ ـقىنى جانابلىرىغا مەلۇم قىلىش بىلەن بىتىمنىڭ ئىچىگە سىغـ ـمايدىغان ئىغۋا ھەرىكەت دەپ قارشىلىقىمىزنى بايان قىلىمىز.

تېزلىكتە جانابلىرىنىڭ ئىشەنگەن كىشىنى ئەۋەتىپ بىزنىڭ قورۇنى تەكشۈرۈپ، ئىغۋاگەرنى تېگىشلىك جاۋابكارلىققا تارتـ ـماقلىرىنى ئۆتۈنىمىز».

بۇ خىل خەت ۋە خەلقنىڭ ھەققانىي تەلەپلىرىگە گومىنداڭـ ـچىلار پىسەنت قىلمىدى. ئۆزلىرى نېمىنى ئويلىسا شۇنى قىلـ ـۋەردى. ئاخىرى 11 بىتىم ئۇزۇل ـ كېسىل بۇزۇلدى. ئۇيغۇر ـ قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ باشلىقلىرى بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن 1947 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى تەرەپكە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. گېزىتخانىدا قالغان ئىلغار خىزمەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتى يوشۇرۇن ھالەتكە كۆچتى. ئۇلار شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان «خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتى» بىلەن ئالاقە باغلاپ (گېزىتخانىدىمۇ خەلقچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى بار ئىدى)، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى پائال

تەشۋىقات ئېلىپ باردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قىلمىشىنى پاش قىلىدىغان تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەرىپىدىن چىقىرىلغان گېزىت ــ ژۇرناللارنى يوشۇرۇن تارقاتتى. بۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇيغۇر ــ قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» گە پولات قادىرنى باشلىق، نەزىر (قازاق) نى مۇئاۋىن باشلىق، ئۆتكۈرنى باش مۇھەررىر قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن گېزىتتە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋە ھەققانىي تەلەپلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلمەيلا قالماي، بەلكى كومپارتىيىگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ماقالىلەر بېرىلىدىغان بولدى. گېزىت خەلق نەزىرىدىن چۈشۈپ كىشىلەر ئوقۇمايدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ تىراژىمۇ 300ـ 400 نۇسخىغا چۈشۈپ قالدى.

1948 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە قايتىدىن تەشكىل قىلىنىپ، بۇرھان ئەپەندى ئۆلكە رەئىسى، ئەخمەتجان قاسىمى، مەمتىمىن بۇغرا، يولۋاس، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇملار مۇئاۋىن رەئىسى بولدى (يولۋاسنىڭ ئورۇمچىگە كېلىپ بىر ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يولۋاس بىلەن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئورۇمچىگە كېلىپ ۋەزىپە ئۆتىمىدى). ئۇيغۇر ــ قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىغا يۇسۇپ سەئىدى باشلىق بولدى، ئۇزۇنغا قالماي، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇرھان ئەپەندى ئۆزىنىڭ كاتىپى ھوشۇر ئېلىنى تەيىنلەپ، يۇسۇپ سەئىدىنى ئۆزىنىڭ كاتىپى قىلىۋالدى. ھوشۇر ئېلى گېزىتخانىغا باشلىق بولغاندىن كېيىن، گېزىت تەشۋىقاتىدا ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. ماۋزېدۇڭنىڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ــ قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئاشكارە ئېلان قىلىندى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ تارتقان ئازاب ــ ئوقۇبەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەلەپلىرى گېزىتتە ئەكس ئېتىدىغان بول-

دى، ئۇنىڭدىن باشقا شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشى، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدىكى ماقالىلەر كەڭ تەشۋىق قىلىندى.

1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەربىي شتاب قوماندانى تاۋ سىيۆ، مۇئاۋىن قوماندان جاۋشىگۋاڭ باشلىق ھەربىي ئەمەلدارلار خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، 26 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بۇرھان ئەپەندى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بويسۇنىدىغانلىقىنى، غۇلجىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بېيجىڭغا تېلېگراممىا ئەۋەتتى. بۇ خۇشخەۋەر گېزىتتە چوڭ ھەرپلەر بىلەن داغدۇغىلىق خەۋەر قىلىندى. شۇنىڭدەك خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا ۋە ئۈرۈمچىگە كىرگەندە خەلقنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى بىرقانچە 10 كىلومېتىر ئالدىغا چىقىپ، كۈچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ قىزغىن قارشى ئالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر چوڭ شوئارلار بىلەن گېزىتكە بېرىلدى. ئۇيغۇر ـ قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ غۇلجىغا كەتكەن باشلىقى ئۇيغۇر سايرانى، مۇئاۋىن باشلىقى قالى، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش مۇھەررىر ئەنۋەر لوقمانلار ھۇسەيىن ئەبەيدۇللا، ئابلىز نازىرى، ئەيسا يۈسۈپ، خەمىت توھپى قاتارلىق تەھرىرلەرنى باشلاپ، ئۇيغۇر ـ قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە قايتىپ كېلىپ خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى.

1950 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش دېڭ لىچۈن، تەش-

ۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارد-
سىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش خۇۋېنىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە،
خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە، قازاقچە شىنجاڭ گېزىتىنىڭ بىرلىشىشى
توغرۇلۇق كەڭ مەسلىھەتلەر بولدى ۋە پىكىرلەر ئېلىندى. بۇ
مۇناسىۋەت بىلەن ئىككى گېزىتخانىدىكى خادىملارنىڭ تونۇشۇشى
يۈزىسىدىن ئۇلانبايدا كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىد-
غىندا ئۇيغۇر سايرانى بىلەن خەنزۇچە گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى
يولداش خۇ ۋېنلار سۆز قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر ـ قازاق
تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ بارلىق خادىملىرى
مەتبەئە ئۇسكۇنىلىرى بىلەن بارلىق مۈلۈكلىرىنى چوڭ كۆۋرۈك-
تىكى هازىرقى گېزىتخانىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ ئىشقا چۈشتى.

ئىككى گېزىت ئىدارىسى قوشۇلغاندىن كېيىن، موڭغۇلچە «شىنجاڭ گېزىتى»نى چىقىرىش قارار قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ئور-گان گېزىتى بولۇپ نەشر قىلىندى. تۆت تىلدىكى گېزىت بىر ئىدارە بولۇپ تەشكىللىنىپ، رەھبەرلىكى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

دېمەك، 1934 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە ئىككى گېزىت-خانا بىرلەشكەنگە قەدەر ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئۆز بېشى-دىن نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلارنى ئۆتكۈزدى، گېزىتنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىمۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىغا ئوخ-شاش ئەگرى ـ توقاي بولدى. «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئاخبارات خىزمىتىگە قاتناشقان يولداشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەر-خىل قىيىنچىلىقلارنى، ناچار شەرت ـ شارائىتلارنى يېڭىپ، توغرا، ئادىل، دېموكراتىك مەيداندا تۇرۇپ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز ئەجىر سىڭدۈردى.

# مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق)نىڭ ئۆلۈمىگە دائىر ئەسلىمىلەرگە ئەمەلىي تولۇقلىما

## ئابدۇكېرىم ماخمۇتوف

مېنىڭ مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) ھەققىدىكى بىر پارچە ئەسلىمەم «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. لېكىن مەن ئەسلىمەم بەك ئۆزىراپ كەتمىسۇن دەپ ئويلاپ، مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق)نىڭ ئۆلۈمىگە دائىر ئىشلارنى يازمىغانىدىم. يولداش غەيرەتجان ئوسماننىڭ «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان «مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق)نىڭ ئۆلۈمىگە دائىر ئەسلىمىلەرگە قىسقىچە تولۇقلىما» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇپ، شۇ دەۋرنىڭ ھەقداسى، شۇنداقلا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شاگىرتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەرھۇمنىڭ ئۆلۈمىنىڭ جەريانىنى يورۇتۇپ بېرىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم.

مەن كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە شۇنى سېلىپ قويايكى، مەن مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىر يۇرتلۇق ھەم ئۇنىڭ شاگىرتى، ئۇ ئۆزى بىۋاسىتە تەربىيىلىگەن ئىزچىلار (ئىز باسارلار ــ ت )ئەترىتىنىڭ ئەزاسى ئىدىم. مەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا قەشقەر شىبۇ (ھازىرقى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى تۇرۇشلۇق جاي) دا تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن «12 ـ ئاپرېل» بايرىمىغا، كېيىنكى كۈنلەردە قىزىل دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ يېنىدىكى مەيداندا ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ۋە ھەر يىلى 9 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقانىدىم. ئۇ زاماندىكى مۇسابىقە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرار-

لىق ھالدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلەتتى. مەمتىلى ئەپەندى رەھبەر-لىكىدە مۇسابىقىگە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ھەرقانداق مۇسابىقى-دە غەلىبە ئۇستىگە غەلىبە قازىنىپ، چوڭ داغدۇغا بىلەن ئاتۇش-قا قايتىپ كېلەتتى.

1937 - يىلى مەمتىلى ئەپەندى «12 - ئاپرېل» تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن «ئاز بولسۇن، ساز بولسۇن» دەپ يارامىلىق ئوقۇغۇچىدىن 200نى تاللاپ مەشىق قىلدۇردى. ئەسلىدە 1937 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەھەردە يولغا چىقماقچى ئىدۇق. لېكىن شۇ كۈنى قەشقەر شەھىرىگە بېرىش توغرۇلۇق ھېچ بىر شەپە بولمىدى. ئۆزىنىڭ خۇش ئاۋازلىقى بى-لەن دائىم كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدىغان ئۇستازى-مىز مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چىرايىدىن جىددىيلىك ۋە غەم - ئەندى-دىشە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلار بۇنى كۆرۈپ ئۇستازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئەپەندىم، نېمە بولدى؟ شەھەرگە قا-چان ماڭىمىز؟» دەپ سوراشقا باشلىدى. مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇ-غۇچىلىرىنىڭ تەشۋىشىنى تۈگىتىش ئۈچۈن دەرھال ئۇلارنى سىنىپقا يىغىپ «خەۋەرلەرگە قارىغاندا، مەھمۇت شىجاڭ 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سەھەردە دىۋىزىيىدىكى ئۆزىگە ئەگەشكەن ئەسكەرلەرنى باشلاپ يېڭىسار ئارقىلىق يەكەنگە كېتىپتۇ. ھازىر قەشقەر شەھىرىدە ۋەزىيەت ئانچە ياخشى ئەمەسكەن. بۇ نۆۋەت بايرامغا بارساق ئەھۋال بىزگە پايدىسىز، بەزى كۆڭۈلسىزلىك-لەرگە يولۇقۇشىمىز تۇرغانلا گەپ، ئەگەر بارمىساق ھۆكۈمەت تەرەپ ئاتۇشلۇقلار مەھمۇت شىجاڭغا ھېسداشلىق قىلىپ كەلمى-دى دەپ قاراپ بىزگە تېخىمۇ ئېغىر مالامەت كەلتۈرىدۇ. شۇڭا بارمىغاندىن بارغىنىمىز ياخشىراق تۇرىدۇ، قورقماي بارايلى» دې-دى. شۇنداق قىلىپ بىز 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سەھەردە پىيادە يولغا چىقىپ، كەچ سائەت ئۈچكە قالماي قىزىلدۆۋە كەنتىدە ئال-دىن تەييارلاپ قويۇلغان جايغا يېتىپ باردۇق. شەھەر خەلقىنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ھەممە يەرنى ۋەھىمە قاپلاپ

كەتكەنىكەن، چاپلانغان ئىلانلاردا قۇربان سەئىدى دېگەن ئادەمنىڭ مۇۋەققەت شىجاڭ بولغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. بىز «12 ـ ئاپرېل» تەنھەرىكەت بايرىمىغا قاتنىشىش جەريانىدا ئۇزۇقلۇق ئۇچۇن ئې- لىپ كەلگەن نەرسىلىرىمىزنى ئوغرىغا بەرگەندىن باشقا خېيىم ـ خەتەرگە ئۇچرىمىدۇق. بىز ھەممىمىز ئاتۇشقا سالامەت قايتىپ كەلدۇق. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ باشلىرى مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى قۇرغان ئۇتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى (بۇرۇنقى ئىزچىلار ئەترىتىنى) يىغىپ ۋەزىيەت توغرۇلۇق سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «ھازىر ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك، ۋىجدانىنى، ئار ـ نومۇسىنى ئازغىنە پۇلغا سېتىۋەتكەن بەزى مۇناپىقلار ئارقامغا كىرىۋالدى، سايىگە ئوخشاش مەندىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماي كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار مېنىڭ ھاياتىمغا خەۋپ يەتكۈزىدىغاندەك قىلىدۇ». ئۇ سۆز- لەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە جىم بولۇپ قالدى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شاگىرتلار ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ: «ئادەم دۇنياغا بىرلا كېلىدۇ، ئادەم ئۆز بېشىغا بالايىئاپەت كەلگەندىمۇ تەمكىن بولۇشى، قورقماسلىقى، ئۆزى تاللىۋالغان يولدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىشى، ئۆز ئىرادىسىدە، مەسلىكىدە چىڭ تۇرۇشى لازىم، يىغلىماڭلار، يىغلاش ئاجىزلىق- نىڭ ئىپادىسى» دېدى.

ئۇستاز مەمتىلى ئەپەندى توختاجى شۇ قېتىمقى ئىشتىن كېيىن بىر ھەپتىگە قالماي قولغا ئېلىندى.

مەمتىلى ئەپەندى قولغا ئېلىنغان كۈنى ئەتىگەندە ئادىتى بو- يىچە چاي ئىچىپ بولۇپ سومكىسىنى قولتۇقلاپ ئۇيۇشمىغا پىد- ياده بارىدۇ. بۇ چاغدا قەشقەر شەھىرىدىن كېچىلەپ يولغا چىقىپ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى ئوبۇلقاسىئاخۇن دېگەن كىشى 30دەك ئا- دىمى بىلەن ئاتۇش ئۇيۇشمىسىغا يوشۇرۇنۇپ ئۇنى ساقلاپ تۇرات- تى، مەمتىلى ئەپەندى ئۇيۇشمىغا كىرىشىگىلا ئۇلار يوشۇرۇنغان جايلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنى قورشاپ تۇتۇپ قولىغا كويزا

سالىدۇ. بۇ شۇم خەۋەر ھەش ـ پەش دېگۈچە ئاتۇشنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مەكتەپتىن كوچىغا چىقـ- ساق يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر ئاللىقاچان بالا ـ چاقىلىرى بىلەن كوچىلارغا، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يىغلاپ تۇرغانىكەن. ساقچىلار مەمتىلى ئەپەندىنى قۇمالتاغقا بارىدىغان چوڭ يول بىـ- لەن ئېلىپ ماڭغاندا «ئەپەندىم!»، «ئۇستازىم!» دېگەندەك يىغا ئاـ- رىلاش ئاۋازلار پەلەككە يەتكەنىدى. مەمتىلى ئەپەندى يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى خەلققە، ئوقۇغۇچىلىرىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ: «خەير، ئەزىز قېرىنداشلىرىم» دېگەندەك ئىشارىلەرنى قىلاتتى. ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەلق ئاممىسى ئەپەنـ- دىمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بىر كىلومېتىر يەرگە بارغاندا، ساقچىلار تەھدىت سېلىپ توسۇپ ماڭغۇزمىدى. شۇ كۈنى مەمتىـ- لى ئەپەندى قۇرغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئىزچىلىرى تارقاپ كەتتى. يېزا ـ كەنتلەردىكى مەكتەپلەرمۇ تاقالدى. ئۆزلىرىگە خەۋپ كېـ- لىدىغانلىقىنى سەزگەن مۇئەللىملەر، يېشى چوڭراق ئوقۇغۇ- چىلار ئاتۇشتىن كەتتى.

5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا مەھمۇت شىجاڭ ئەسكەرلىرى ئابدۇ- نىياز (ئىلگىرى مەھمۇت شىجاڭنىڭ قول ئاستىدا تۇەنجاڭ بولـ- غان)نىڭ رەھبەرلىكىدە يەكەندىن قايتىپ كېلىپ، قەشقەر يېڭىـ- شەھەر بىلەن كونا شەھەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرـ- لەردىكى شېڭ شىسەي ئادەملىرىنى قورشىۋالىدۇ. ئامالسىز قالـ- غان شېڭ شىسەي تەرەپدارى، مۇۋەققەت شىجاڭ قۇربان سەئىدى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمىدە ئابدۇنىياز بىلەن قەشقەر كونا شەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىش توغرىلىق كېلىشىم تۈزىدۇ. قەشقەر شىبۇدىكىـ- لەر كونا شەھەردىن چىقىپ كېتىدىغان كۈنى كېچىسى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قانخور جاللات قادىر ھاجى يارباغ دەرۋاـ- زىسى يېنىدىكى ساقچى ئىدارىسىگە قامالغان 120دىن ئارتۇق مەھبۇسنى تۈرمە ئالدىدىكى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ ئېتىپ ئۆلـ-

تۇرىدۇ ۋە جەسەت ئۇستىگە بىنزىن چېچىپ ئوت قويۇپ كۆيدۈ-رۈۋېتىدۇ. يولداش غەيرەت ئوسماننىڭ «مەمتىلى ئەپەندى (تەۋ-پىق)نىڭ ئۆلۈمىگە دائىر ئەسلىمىلەرگە قىسقىچە تولۇقلىما» دېگەن ماقالىسىدە ئابدۇقادىر ھاجى مەھبۇسلارنى ھويلىنىڭ بىر-ئىغا ئېلىپ چىقىپ ئېتىپ تاشلىغان، مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇ ئىشتىن بىخەۋەر قالدۇق ئەسكەرلىرى «دۈشمەن تەرەپ بىزگە ئوق چىقىرىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئوق ئاۋازى چىققان تەرەپكە قول بومبىسى تاشلىغان، بومبا جەسەتلەرنىڭ ئۇستىگە چۈشكەچكە بەزى جەسەتلەر كۆيۈپ كەتكەن، دېيىلگەن. بۇ گەپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئې-تىلغان گرانات چۈشكەن يېرىدىن 40 ~ 50 سانتىمېتر ئۆرلەپ ئاندىن پارتلايدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆرە تۇرغان ئادەمگە ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ، يېتىۋالغان ئادەملەرگە زىيىنى ئانچە چوڭ بولمايدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭدا بەلكىم كۆيدۈرگۈچ بومبا بولمىسا كېرەك. گراناتنى ئادەتتە 30 ~ 40 مېتىر ئارىلىققا تاشلىغىلى بولىدۇ. شىبۇدىكى سېپىلنىڭ ئۇستىدىن يارباغ دەرۋازىسىدىكى تۈرمىگە تاشلانغان گرانات جەسەتنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، دېگەن سۆز مەنتى-قىغە ئۇيغۇن ئەمەس.

مەمتىلى ئەپەندى ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلى-نىپ قەشقەر يارباغ تۈرمىسىگە تاشلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئا-كىسى نىزامىدىن توختاجىنىڭ ئوغلى رىشات قەشقەردىكى تۇغ-قانلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ موللا ئاكىسى (ئۇ مەمتىلى ئەپەندىنى مۇشۇنداق ئاتايتتى) غا كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق ئاپىرىپ بېرىپ يوقلاپ تۇرغان. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ئاتۇشتىن كەلگەن نىزامىدىن توختاجى، ئاباس چوڭلار ساقچى ئىدارىسىدىكى قىرغىنچىلىقتىن خەۋەرسىز ئەتىگەندە رىشاتنى باشلاپ ساقچى ئىدارىسى ئالدىغا بېرىپ ئۇ يەرنىڭ جىمجىت تۇر-غانلىقىنى، ئىچىدىن سېسىق پۇراق ۋە تۈتۈن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ، ئۇلار بۇ يەردە نېمە ئىش بولغاندۇ؟ دەپ ساقچى ئىدارى-

سىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئىچىگە قارىسا، تۈرمە ئالدىدىكى مەيداندا جەسەتلەر كۆيۈپ تۇرغانىكەن. ئۇلار دەرھال ئىچىگە كىرىپ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ جەسىتىنى ئىزدەيدۇ. جەسەتلەر كۆيۈپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەچكە، ئۇلار دەماللىققا ئەپەندىمنىڭ جەسىتىنى تاپالمايدۇ. ئاخىر رىشات كۆيمەي قالغان كارىشناۋاي ئاياغ كىيىمىدىن ئۇنىڭ جەسىتىنى تونۇۋالىدۇ. مەمتىلى ئەپەندى ئاشۇ ئاياغ كىيىمى (پۇتىغا سېلىنغان كىشەننىڭ تۆۋەن تەرىپى كۆيمىگەن)دىن باشقا جايلىرى كۆيۈپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىكەن. بۇ يەرگە تېخى ھېچكىم كەلمەستە بۇ ئۈچەيلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ جەسىتىنى ئېھتىيات بىلەن يەكتەك، چاپانلىرىغا ئوراپ دەرھال رىشات ياتقان ئۆيگە ئېلىپ بارىدۇ، ئاندىن جەسەتنى تاغارغا سېلىپ ئېشەككە ئارتىپ، شۇ كۈنى كېچىلەپ ئاتۇش بۇيامەتكە ئېلىپ كېلىپ، مەرھۇمنى دادىسى توختاجىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىدۇ. بۇ ئىشنى مەزكۇر ئۈچ كىشىدىن باشقا ئادەم بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئابباس چوڭ مېنىڭ دادام ئىدى.

# تاشقورغان ئىنقىلابى مەزگىلىدە قاغىلىقتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم

## مۇسايېف ئىمىنىياز

1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى شىمالىدا چۆچەككە، شەرقتە ئۈرۈمچى تەرەپكە، جەنۇبتا ئاقسۇ تەرەپكە زەپەر قۇچۇپ ئىلگىرىلەۋاتقان پەيتتە، تاشقورغاندا 200 نەپەر كىشى تەشكىللىنىپ، 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شەھەر ئىچى، تاغارما، سۇ بېشى، داۋان، بۇلۇڭكۆل قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە بىر كېچە - كۈندۈزدىلا تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسىنى قۇردى، ئۇلار ئەسكەرلەرنى كۆپەيتىش، ئازاد رايونلارنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئىككىنچى قەدەمدە قاغىلىقنى ئازاد قىلماقچى بولدى. تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى ئالدى بىلەن قاغىلىقنى ئازاد قىلىشتا مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئويلاشقان: بىرىنچىسى، قاغىلىق ساقچى ئىدارىسىدە بوز يىگىت ئىسمىلىك شائۇيې دەرىجىلىك بىر تاجىك دۇساجاڭ بولۇپ، ئۇ تاشقورغاننىڭ تاغارما يېزىسىدىن ئىدى. تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى ئۇنى بىز تەرەپتە ئۆز مىللىتى، ئۆز يۇرتلۇقلىرى تەرەپتە تۇرىدۇ، شۇڭا قاغىلىقنى ئېلىش ئاسانغا توختايدۇ، دەپ ئويلىغان؛ ئىككىنچىسى، قاغىلىقنى ئازاد قىلىپ، قەشقەر بىلەن خوتەندىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىساق، پايدىلىق شارائىتقا ئىگە بولىمىز، دەپ قارىغان.

شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرىدىن بىر قىسمى قاغىلىققا كېلىپ، ساقچى ئىدارىسى ئەتراپىغا يوشۇرۇنۇۋالدى (جايتېرەك ئۆستەڭ بويىدىكى تالىپ ئاخۇن-

ىنىڭ ئۆيىگە ئىكى كىشى يوشۇرۇندى). ئۇلار شۇ كېچىسى ساقچى ئىدارىسىگە قارىتىپ ئوق ئاتتى ھەمدە بوز يىگىتنى قورال تاپ- شۇرۇشقا ئۈندىدى. بوز يىگىت ئىنقىلابچىلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ ئۇلارغا جېنىنىڭ بېرىچە قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىن- قىلابچىلاردىن بىرەيلەن يار كوچا قارلىغاچ ئاغزى دېگەن يەردىكى تېرەككە چىقىۋېلىپ، ساقچى ئىدارىسى شىتابىغا ئوق ياغدۇردى. بۇنى ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر سېزىپ قېلىپ، ئۇ يىگىتنى ئې- تىپ چۈشۈرۈۋەتتى. بۇ يىگىت شۇ يەردىلا قۇربان بولدى. باشقا ئىنقىلابچىلار ساقچى ئىدارىسى ئىچىگە دۈۋۈلەپ قويغان بېدە - سامانغا ئوت قويۇش بىلەن تەڭ ھۇجۇمنى كۈچەيتتى. ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر ئىنقىلابچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەل- مەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئالدى بىلەن ساقچى ئىدارىسىگە يىغىنۋالغان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرىدىن ھاكىم ھېيىت قورچاق، ھېلىم قورچاق، چوپان توختىبەك، زۇڭلاڭ توختىبەك- لەرنى، مەھكىمە شەرئىيەدىن ھېبىبۇللا ئەلەم، ھوشۇر مۇپتى، سالى قازى قاتارلىقلارنى قاچۇرۇۋەتتى، ئارقىدىن ساقچى ئىدارى- سىنىڭ باشلىقى سۇججۇڭ، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى توختى لوسى قاتارلىقلار قاچتى. ئەڭ ئاخىرىدا ھېلىقى دۇساجاڭ بوز يىگىت ھاشىم خۇيجاڭدىن سېتىۋالغان ئاتنىڭ قورسىقىدا تۇرۇ- ۋېلىپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئات بىلەن قېچىپ كەتتى ①.

1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قاغىلىق تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. قاغىلىقتىكى سودا - سانا- ئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى ھاشىم ياقۇپ ②، جەمجۇم ئۆستىڭىنىڭ مىراپ بېگى تۇردى قازى بەك، قازى رەئىس مەتقا- سىم قازى قاتارلىق كىشىلەر ئىنقىلابقا پائال ئاۋاز قوشتى. ئۇلار ئىنقىلابىي قوشۇننى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئۈچۈن كوچىلارغا ئەس- كەر قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئېلان چاپلىدى ھەمدە بىر قانچە جايدا پونكىت قۇرۇپ تىزىملىدى. ھاشىم خۇيجاڭ قورۇسىدا (يار كوچىدا) بىر پونكىت، ھازىرقى چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى-

نىڭ ىنقىلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ئورنى (سوپى ھاجىم قورۇ-سى)دا بىر پونكىت، باغچا مەكتەپتە بىر پونكىت، سودا شىركىتى ئورنىدا بىر پونكىت قۇرۇپ، «ئەسكەر بولىمەن» دەپ كەلگەنلەرنى تىزىملىدى. مەن شۇچاغدا «ئەسكەر بولىمەن» دەپ كىرسەم، «بو-يۇڭ مىلتىقتىن پەسكەن» دەپ قوبۇل قىلمىغان. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئىنقىلابىي قوشۇندىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى 4000 غا يەتكەن، بەزىلەر: 7000 غا يەتكەن، دەيدۇ. بۇ ئەسكەرلەر تەنتەر-بىيە مەيدانىدا مەشىق قىلدۇرۇلاتتى. ئۇلارغا كىيىم - كېچەكمۇ بېرىلمىگەن.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈ-مىتىنىڭ ۋەكىلى ئىمزالىغان بىتىمگە ئاساسەن، 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تاشقورغان قىسىملىرى قاغىلىقتىن چېكىندى. چوپان توختىبەك [3] دېگەن كىشى گومىنداڭ 36 - پولك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى يولدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغاچ خانلەڭگەر (ھازىرقى دۆڭئەن ئۆستەڭ ئېلىش بېشى)دىكى تاجىك كالتەك ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالدى. گو-مىنداڭ 36 - پولك كوماندىرى گۇەن زىيۇەن [4] ليۇ ليەنجاڭنىڭ قوماندانلىقىدا بىر ليەن ئەسكەر ئەۋەتىپ، كالتەك ھاجىمنىڭ ئۆيىنى قورشاۋغا ئالدى. قاتتىق جەڭدىن كېيىن تاشقورغان ئىن-قىلابچىلىرى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. ليۇ ليەنجاڭ ئىنقىلابچىلار-نى تۇتۇۋالالمىغاندىن كېيىن، كالتەك ھاجىمنىڭ ھامۇلىخان ۋە كامۇلىخان دېگەن ئىككى ئوغلىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا تىرىك تۇرغۇزۇپ، كۆزلىرىنى ئويۇۋالدى، يۈرەكلىرىنى ئېلىپ كاۋاپ قىلىپ يېدى. ئۇ جامائەتكە: «قايسىڭ ئوغرىلارنى ئۆيۈڭگە يوشۇر-ساڭ، ئاقىۋىتىڭ مۇشۇنداق بولىدۇ» دەپ تەھدىت سالدى. ئۇلار كالتەك ھاجىمنىڭ ئوغۇللىرىنى جامائەت ئالدىدا ئورا كولاپ كۆمۈۋەتتى. قوشراپتا تۇرۇشلۇق پارتىزانلارمۇ ليۇ ليەنجاڭنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن چېكىنىپ كەتتى. ليۇ ليەنجاڭ ئۆز

قىسمىدىن ئون نەچچە ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز ئەسكەرنى مىللىي ئارمىيىچە ياساندۇرۇپ، مىللىي ئارمىيىدىن ئولجا ئالغان قورالللا بىلەن قورالللاندۇرۇپ، ئۇچۇلۇق سېلىپ توقۇلغان ئاتلارغا (مىللىي ئارمىيە ئاتلارنى ئۇچۇلۇق بىلەن توقۇيتتى) مىندۇرۇپ، كاچۇڭغا ئەۋەتتى. ئۇلار: «بىز مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى، قايتىپ كەلدۇق» دەپ شۇ يەردىكى سېيىت ئابدۇۋەلى خان غوجامنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. بۇنى راست دەپ قالغان بىر نەچچە يەرلىك كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، گومىنداڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. مىللىي ئارمىيىچە ياسىنىۋالغان ھېلىقى ئەسكەرلەر بۇ ساددا كىشىلەرنىڭ دەرت ـ ئەھۋالىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، شىكايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى يېزىۋالدى ھەمدە قايتىپ بېرىپ ليۇ ليەنجاڭغا دوكلات قىلدى. ليۇ ليەنجاڭ ئەتىسى تۆت نەپەر كىشىنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇلارنى قوشراپ ليەنبۇنىڭ ئالدىدا جادۇغا بېسىپ ئۆلتۈرىۋەتتى.

تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى قاغىلىقنى ئازاد قىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خوتەنگە قېچىپ كەتكەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە قاغىلىققا قايتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن قاغىلىق بازار ئىچىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. كىشىلەر ۋەھىمىگە چۈشتى. گومىنداڭچىلار تاشقورغانلىق ئىنقىلابچىلارغا «يان تاياق بولدۇڭ» دېگەن بەتنام بىلەن بىگۇناھ كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلدى، قاتتىق ئۇرۇپ قىيىن ـ قىستاققا ئالدى، چاندى ۋە ئاتتى، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلىدى. ناھىيە بازار ئىچىنى ئاق تېررورلۇق قاپلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، پۇقرالار بازارنى تاشلاپ يېزىلارغا قېچىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن بازاردىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرى توختاپ قالدى. گومىنداڭچىلار «تاغ ئوغرىلىرى يەنە كېلىشى مۇمكىن» دەپ ئەنسىرەپ، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 1000 دەك ئەسكەر ئېلىپ تەربىيىلىدى، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇرۇشلۇق گازارمىلارنىڭ تاملىرىنى يەنىمۇ ئېگىزلىتىپ، ماڭدامىدا

بىر تۆشۈك ئاچتى، گازارما تېمىنىڭ يېنىغا كەڭلىكى بەش مېتىر، چوڭقۇرلۇقى يەتتە مېتىر كېلىدىغان خەندەك كولىدى (بۇ گازارما 18 ـ دوختۇرخانىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، سېپىلنىڭ قالدۇق تاملىرى هازىرمۇ بار). ئۇلار بازار ئىچىدە بىر قانچە جايغا پوتەي سېلىپ، ئەسكەر تۇرغۇزدى. «تاغ ئوغرىلىرى دەرەخكە چىقىۋالىدىكەن» دەپ بازار ئىچىدىكى دەرەخلەرنىڭ هەممىسىنى كەستۈرۈۋەتتى؛ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇرۇشلۇق گازارما ۋە ساقچى ئىدارىسى ئەتراپىدىكى قەبرىلەرنى هەم بەزى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى چاقتۇرىۋەتتى؛ «تاغ ئوغرىلىرى قوشۇلۇپ كىرىۋالىدۇ» دەپ قاراپ، يەكشەنبە كۈنلىرى بازارغا ئادەم كىرگۈزمىدى. خوتەنگە قېچىپ كەتكەن ئەمەلدار ۋە هەممىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئورۇنلىرىنى ئىگىلىدى.

**ئىزاهات:**

① بوز يىگىت 1950 ـ يىلى قاغىلىقتا قولغا ئېلىنىپ، 20 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا هۆكۈم قىلىندى، 1979 ـ يىلى تاشقورغاندا ئۆلدى.

② هاشىم خۇيجاڭ ئەسلىي سايباغ يېزىسىدىن بولۇپ، ياقۇپ هاجىمنىڭ ئوغلى ئىدى. تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرى قاغىلىقتىن كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭچىلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، زەهەرلىك ئوكۇل سېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى (ئۇنى سۇلتانئېرىق كەنتىنىڭ بېگى نەزەر بەگ تۇتۇپ بەرگەن)

③ بۇ ئادەم ئەسلى چوپان يېزىسىدىن بولۇپ، 1952ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيىگە قارشى تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىللار قاتارىدا ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە زوڭلاڭ يېزىلىق توختىبەگ قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار).

④ گۆەن زىيۆەن بىزگە ئەسىر چۈشكەندىن كېيىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىشكە ئاقسۇغا ئەۋەتىلدى، ئۇ بۇ يەردە ياخشى ئۆزگەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىندى.

# دىيارىمىزدىكى تۇنجى مەرىپەت بوشۇكى

## مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يالقۇنى بىرەر يىل ئىچىدىلا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشـ. قاقلىرىغىچە تۇتىشىپ، مۇستەبىت جىن شۇرېننىڭ تەختىنى چۈشىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسـ. لىق قىلغان جاللات شېڭ شىسەي بىر تەرەپتىن، چىرايلىق ۋە. دىلەر بىلەن خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆزىگە تارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ، خەلقـ. نىڭ قان تۆكۈپ قولغا كەلتۈرگەن قوزغىلاڭ مېۋىلىرىنى تار. تىۋالدى. بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ياخشى ئىشنىڭ يامان تەرىپى، يامان ئىشنىڭ ياخشى تەرىپى بولغىنىد. دەك، شېڭ شىسەي 1933 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چوڭ. قۇر دوستلۇق ئورناتتى. خوجانىياز ھاجى مەھمۇت مۇھىتى بىد. لەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، شىنجاڭ خەلقىنى رەھىمسىزلەرچە قىر. غان ماجۇڭيىڭغا قارشى تۇردى. قەشقەر زىيالىيلىرى بۇ پۇر. سەتنى غەنىيمەت بىلىپ تەشۋىق ـ تەرغىباتنى قانات يايدۇرۇپ، قەشقەردە يېڭى مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىش دولقۇنىنى قوزغىد. ۋەتتى. قەشقەردىكى تۇنجى مەرىپەت بوشۇكى ـــ قەشقەر شەـ. ھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئەنە شۇ دولقۇننىڭ مەھسۇلى ئىدى.

1933 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (سەيشەنبە) كېچىسى ئوسمان ئەلى قىرغىز قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئابدۇقادىر ھاجى

باشچىلىقىدىكى ئاتۇش پىدائىيلىرى قەشقەرنى بېسىپ ياتقان ما شاۋۇۋ قوشۇنىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، تاڭ سەھەردە قەشقەرنى ئىگىلىدى ۋە شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا قەشقەر شەھىرىدىكى تۈرمە، گۇۋرۇخانا، قىمارخانىلارنى تاقاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نو بېشىدىكى «چىڭ خۇاڭمياۋ» بۇتخانىسى ۋە ھېيتگاھ (ھازىرقى «خەلق» كۇلۇبىنىڭ يازلىق زال ئورنى)، بولاق بېشىدىكى بۇتخانىنى تاقاپ، بۇتلارنى چېقىپ تاشلىدى. ئەتىسى يەنى 1933 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تۆمۈر ئەلى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى خېلىلا مۇقىملاشتى، خەلقنىڭ يېڭى مەدەنىيەتكە بولغان تەقەززالىقى يېتەرلىك قوللاشقا ئېرىشتى. قەشقەردىكى «جەدىت» دەپ ئاتىلىدىغان زىيالىيلار بىر پەننىي مەكتەپ ئېچىشنى تەشەببۇس قىلدى. تۆمۈر شىجاڭ، ئوسمان ئەلىلەر بۇ تەشەببۇسنى قوللىدى. مەكتەپ ئورنىنى بېكىتىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، كىشىلەرنىڭ كۆزى «چىڭ خۇاڭمياۋ» بۇتخانىسىغا چۈشتى. گەرچە بۇتلار چېقىلغان بولسىمۇ، بۇت قويۇلغان ئۆيلەر بىلەن چاڭچېلىخانا (زال) زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىغاچقا، بۇ يەرگە كۆپ چىقىم قىلمايلا بىر مەكتەپ بىنا قىلىشقا بولاتتى. شۇڭا بۇ ئورۇننى مەكتەپكە ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى.

بۇ يەردە بىز بۇ بۇتخانىنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتەيلى: 1878 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ياقۇپبەگ (بەدۆلەت) ئۆلتۈرۈلۈپ، ھاكىمىيەت زوزۇڭتاڭ باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. زوزۇڭتاڭ ئىشەنچلىك ئادىمى لى جۇيانى قەشقەرنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلىدى. لى جۇيا ياقۇپبەگنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان چاغدا، ھېيتگاھ جامەسىنى «بەدۆلەت ياسىغان» دېگەن باھانە بىلەن تاقىتىپ، ئۇنى بۇتخانىغا ئۆزگەرتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. شەھەر خەلقى قەشقەرنىڭ باش قازىسى ئابدۇقادىر قازى كالان (ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم-

نىڭ بوۋىسى)غا ئىلتىماس سۇنۇپ، ئۇنىڭدىن ھېيتگاھ جامە-
سىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئۆتۈندى. ئابدۇقادىر قازى كالان لى
جۇياغا خەلقنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزگەندە، لى جۇيا قەتئىي رەت
قىلدى. ئابدۇقادىر قازى كالانمۇ تەن بەرمەي، نەچچە مىڭ ئادەم
بىلەن جامە ئالدىغا كەلدى ۋە دەرۋازىغا سېلىنغان يوغان قۇلۇپ-
نى ئۆز قولى بىلەن چېقىپ جامەگە كىرىپ، شۇ كۈنكى جۈمە
نامىزىنى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تەپ-
قان لى جۇيا دەرغەزەپ بولۇپ، ئابدۇقادىر قازى كالاننى تۇتقۇن
قىلىپ، پۇت ـ قول، بويۇنلىرىغا كىشەن، تاقاق سېلىپ گۇن-
دىخانىغا قامىۋەتتى. جامەنى يېڭىۋاشتىن تاقىۋەتتى. بۇنىڭ بى-
لەن خەلقنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىدى. لى جۇيا ئاخىرى ئىش-
نىڭ ئەپلەشمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى ـ دە، بىر نەچچە ئاي
قاماقتا ياتقان ئابدۇقادىر قازى كالاننى قاماقتىن بوشىتىشقا
مەجبۇر بولدى ۋە قويۇۋېتىشنىڭ شەرتى سۈپىتىدە، ئابدۇقادىر
قازى كالاندىن بۇتخانا ياساش ئۈچۈن يەر بېرىشنى تەلەپ قىل-
دى. ئابدۇقادىر قازى كالان قاماقتىن چىققاندىن كېيىن، خەلق-
تىن ئىئانە توپلاپ، نور بېشىدىكى ئەڭ گۈزەل باغلارنىڭ بىرد-
نى سېتىۋېلىپ، لى جۇيانىڭ ئىگىدارچىلىقىغا تاپشۇردى. لى
جۇيا بۇ باغنى چېقىپ، بۇتخانا ياساتتى. مانا بۇ بۇتخانا بىز يۇ-
قىرىدا تىلغا ئالغان «چىڭ خۋاڭمياۋ» بۇتخانىسى.
مەكتەپنىڭ ئورنى بېكىتىلگەندىن كېيىن، شۇ يىلى 5 ـ
ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم باشچىلىقىدا
مەكتەپ سېلىش يېتەكچىلىك ھەيئىتى تەسىس قىلىندى. بۇ
ھەيئەت خەلقنى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر
قىلدى ۋە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەكتەپ قۇرۇلۇشىدا
رەسمىي ئىش باشلاندى. تۆمۈر شىجاڭ، ئوسمان ئەلىلەر باش
بولۇپ مەكتەپكە ئۇل سېلىش ئەمگىكىگە قاتناشتى. شۇنىڭ بى-
لەن بىر چاغدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش باشلاندى. پۇلى بارلار
پۇل، پۇلى يوقلار كۈچ چىقىرىپ ئىش باشلانغان بۇ مەكتەپنىڭ
قۇرۇلۇشى بىر ئايغا قالمايلا پۈتتى. بەزى سىنىپلار يېڭىدىن

سىلىندى. بۇتخانىنىڭ بەزى ئۆيلىرى سىنىپقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇ-
لۇپ ئۆزگەرتىلدى، سىنىپ، ئىشخانىلار ئالتە ئېغىز ئىدى.
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مەكتەپ مۇدىرى، يەرلىك ئۆزبېكلەردىن
شائىر تۇرغۇنجان بايۋەچچە (تەخەللۇسى تولۇئى) ئىلمىي مۇدىر
بولدى. ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر ئانا تىلى، ماتېماتىكا، يۇرت بىل-
گىسى (تارىخ ۋە جۇغراپىيە)، ئەخلاق، تەبىئەت، دىن، ھىپزى
سەھەت (گىگېنا) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى، قۇتلۇق ھاجى
شەۋقى تارىخ، پەخرىدىن ئەپەندى تىل، يۇسۇپ زىيا ئەپەندى
تەنتەربىيە، ماتېماتىكا ۋە غەزەل، ئەخمەت فەرىد (تاتار) ئەخلاق
دەرسلىرىنى ئۆتۈشنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ كىشىلەرنىڭ زور
كۆپچىلىكى چەت ئەللەردە ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەلۇمات
ئالغان كىشىلەر ئىدى. 1933 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلى-
رىدا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ تار بوغۇزدىكى بېغىدا ئوقۇش
باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا تۆمۈر شىجاڭ،
ئوسمان ئەلى، قەشقەرنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋالىيسى يۇنۇس
بەگ، ھاكىم ئەبرار باي ۋە بىرقىسىم مەشھۇر زىيالىيلار قات-
ناشتى. مۇراسىمدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، قۇتلۇق ھاجى
شەۋقى قاتارلىقلار سۆز قىلىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش مەقسى-
تى، ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر، ئوقۇغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر
ئۈستىدە توختالدى. ئاندىن ئۈچىسىغا ماشرەڭ دىگنال تېرىكى-
دىن تىكىلگەن گىمناستىيۇركا، كالتە شىم كىيىپ، بېلىنى
كەمەر بىلەن باغلىغان، پۇتىغا كۆن سەندەل، بېشىغا ئىسپانچە
شەپكە كىيىپ، بوينىغا كۆن سومكا ئاسقان، بوينىڭ ئېگىز ـ
پەسلىكىگە قاراپ رەتلىك تىزىلغان 200 نەچچە تۇنجى ئەۋلاد
يەڭى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى يۇسۇپ زىيا ئەپەندىنىڭ يېتەكچى-
لىكىدە مۇراسىم مەيدانىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، كۆپچىلىككە
گىمناستىكا ۋە باشقا تەنھەرىكەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى، ئان-
دىن روھلۇق، كۆتۈرەڭگۈ، رىتىملىق ئاۋازدا غەزەل ئوقۇدى.

ئەۋۋىلىدە غۇنچە ئىدۇق،
ئەمدى ئېچىلدۇق.
ئەسىرى مەكتەپكە كېلىپ،
ئوقۇش باشلىدۇق.
قانچە يىللاپ زۇلمەتتە،
بىزلەر خار بولدۇق.
ئوقۇيالماي ئىرپانغا
بىزلەر زار بولدۇق.
ئوقۇدۇق مەكتەپتە بىز،
ئالغا باسىمىز.
خەلقىمىزنىڭ باشىغا،
نۇرلار ساچىمىز.
بۇ مۇبارەك يۇرتىمىز،
نۇرى ئىرپاندۇر.
ئىلىم - بىلىم يولىدا،
جانلار قۇرباندۇر،
نەقرات:
ياشىسۇن مەكتەپ!
ياشىسۇن ئىرپان، ياشا!
يوقالسۇن زۇلمەت!
يۇرت بولسۇن بوستان يانا!...

دېمىسىمۇ، بۇگۈنكى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى تولىمۇ ھەيۋەتلىك بولغانىدى. ئۇزۇن يىللىق تارىخىدا مەدرىس بىلەن ئۇزۇن تونلۇق تالىپلارنىلا كۆرۈپ، بارلىق ئۈمىدىنى ئاشۇ تالىپلارغىلا باغلاپ كەلگەن، پەننىي مەكتەپ ۋە بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان قەشقەر خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇگۈنكى بۇ سورۇن قالتىس كاتتا يىغىلىق تۇيۇلغانىدى. شۇڭا زور كۆپچىلىك كىشىلەر «پەننىي مەكتەپ»تىن ئىبارەت بۇ يې-

ڭى شەيئىنىڭ كەلگۈسىدە يۇرت ۋە مىللەت ئۈچۈن نۇرغۇن قا-
بىل بىلىم ئىگىلىرىنى يېتىلدۈرىدىغان بىلىم ئۇچىقى بولۇپ
قېلىشىغا چىن قەلبىدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ كۆز يېشى
قىلىسا، يەنە بەزىلەر ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغان غەزەل ۋە دىكلامات-
سىيىنىڭ مەزمۇنىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلماقتا ئىدى.
يەنە بەزىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆمرىدە كۆرۈپمۇ باقمىغان
كىيىملەر بىلەن چىرايلىق بېزەلگىنىنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى
باسالمايۋاتاتتى. چۈنكى بۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بايلارنىڭمۇ،
نامراتلارنىڭمۇ باللىرى بار ئىدى. بالىلارنىڭ چوڭلىرى 14 ـ
15 ياشتا، كىچىكلىرى يەتتە ـ سەككىز ياشتا بولۇپ، ھەممىسى
ئوغۇل ئىدى. (ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر خەلقى خۇراپاتلىق پاتقى-
قىغا ئىنتايىن چوڭقۇر پاتقان بولۇپ، قىزلارنى مەكتەپكە جەلپ
قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى). ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم ـ
كېچەك، دەپتەر ـ قەلەملىرى شەھەر خەلقى ئىئانە قىلغان پۇل-
غا تەييارلانغان بولۇپ، ئۇلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلگەنىدى.
مۇراسىم ئاخىرىدا، مۇراسىم قاتناشچىلىرىنىڭ زور كۆپ-
چىلىكى سېخىيلىق بىلەن مەكتەپكە نۇرغۇن پۇل ـ مال ئىئانە
قىلدى (بىرىنچى بولۇپ ساخاۋەت قولىنى ئاچقان كىشى ئوسمان
ئەلى ئىدى)، بۇ ئىئانە مەكتەپنىڭ قارا دوسكا، پارتا ۋە باشقا
لازىمەتلىكلىرىنى تولۇقلاش، كەلگۈسىدە قوبۇل قىلىنغۇچى
ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك تەييارلاشقا پۇختا ئاساس
سېلىپ بەردى.
ئەمدى مەكتەپنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە ـ
تېخىمۇ كۆپ بالىلارنى مەكتەپ قوينىغا جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ
قەلبىنى ئىلىم ـ ئىرپان نۇرى بىلەن يورۇتۇش ئىدى. بۇ مەق-
سەتكە يېتىش ئۈچۈن، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى چىرايلىق توپ(ۇر
(قاتار) قىلىپ، جەڭگىۋار غەزەللەرنى ئوقۇتۇپ، ھەپتىدە ئىككى ـ
ئۈچ قېتىم كوچا ئايلاندۇرۇشنى يولغا قويدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ
پاكىز، رەتلىك كىيىملىرى، پۇتلىرىنى كوماندىغا كەلتۈرۈپ،
كۆكرەكلىرىنى تىك تۇتۇپ «گۇپ ـ گۇپ» دەسسەشلىرى، يۇ-

رەكلەرنى تىترىتىدىغان يېقىملىق، شوخ ناخشىلىرى زور كۆپ-چىلىك ئاتا - ئانىلارنى تەسىرلەندۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار بەس - بەس بىلەن مەكتەپكە كىرىشكە باشلىدى. بىراق مۇشۇنداق جۇشقۇن كۈنلەردە، يەنى شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۆمۈر شىجاڭ ماجەنساڭ باشچىلىقىدىكى تۇڭگانلارنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچراپ قازا قىلدى. قەشقەر يەنە ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالدى. مەكتەپنىڭ تەرەققىيات قەدەممۇ ئاستىلاپ قالدى. 1934 - يىل 1 - ئايدا ماجۇڭيىڭ ئەۋەتكەن تۇڭگانلار قوشۇنى قەشقەرگە يېتىپ كېلىشى بىلەن، بۇ مەكتەپ ئالتە ئاي تاقىلىپ قالدى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى (جۈمە) مەھمۇت مۇھىتى قوشۇن باشلاپ قەشقەرگە يېتىپ كې-لىپ، ماجۇڭيىڭنى چەت ئەلگە قوغلىۋەتتى. ماخۇسەن شىڭ شىسەي هۆكۈمىتىگە بوي سۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قوشۇ-نىنى خوتەنگە يۆتكەپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردە تىنچلىق ئورنىتىلدى. مەكتەپتە يېڭىۋاشتىن ئوقۇش باشلاندى. مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم باشلىق بولدى. تۇرغۇنجان بايۋەچچە مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. مەجبۇرد-يەت مائارىپى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ياش - قېرى ھەممەيلەن كەچ كۇرسقا جەلپ قىلىندى. تۇرغۇنجان بايۋەچچە، نامان ئەپەن-دىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ مەكتەپتە مۇزىكا كۇرژۇكى تە-سىس قىلىندى. يېقىندىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىسكىرىپكا چېلىش ۋە ياساشنى ئۆگىنىپ كەلگەن كومپوزىتور سەمەت ئاب-دۇللا كۇرژۇكقا يېتەكچىلىك قىلىپ، قۇرۇلغۇسى سانايى نەفد-سە (سەنئەت ئۆمىكى)گە ئاساس ياراتتى. شىنجاڭنىڭ تۇنجى ئەۋلاد ئىسكىرىپچىلىرى مانا مۇشۇ مەكتەپتە تەربىيىلەنگەنى-دى. كۇرژۇك قاتناشچىلىرى ۋە بىرقىسىم ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ زالىدا كومېدىيە ۋە كونسېرت نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ، يېڭى ما-ئارىپ، يېڭى مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلدى، خۇراپاتلىقنى رە-ھىمسىز تەنقىد قىلدى.

ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش مەركەز قىلىنغان مەدەنىي ئاقارتىش

ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانىيرى سىنىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسلىسى (كۇندۇزى باللار، ئاخشىمى چوڭلار ئوقۇغان ئەھۋالدىمۇ) كېلىپ چىققانىدى. ئاتۇش ئېكساقتىكى «ھۇسەينىيە» مەكتىپىدىن پەخرىدىن شاقاسىم قاتارلىق ئوقۇت- قۇچىلار يۆتكەپ كېلىنىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسلى- سى ھەل قىلىنىدى. 1935 - يىلى بىرقىسىم مەرىپەتپەرۋەر بايلار سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىلا ئەمەس، ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، يېزا - كەنتلىرىدىمۇ يۈزلىگەن مەكتەپ، مىڭلىغان سىنىپ بىنيا قىلى- دى، ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى نەچچە ئون مىڭ كىشىگە يەتتى. بىراق، يەنىلا ئوقۇتقۇچى كەم ئىدى. بۇ مەسلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قەشقەر شەھىرىدىكى بىرقىسىم دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلغارراق خەلپەتلىرى نور بېشى مەكتەپتە بىر مەزگىل تەربى- يىلەنگەندىن كېيىن، شەھەر ئەتراپىدىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇت- قۇچىلىققا ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشى- لىرى كۈندىن - كۈنگە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، بۇ چاغدا نور بېشى باشلانغۇچ مەكتەپ يەنىلا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپ بولۇپ قالغانىدى. تەنھەرىكەت، گىمناستىكا مۇسابىقىلىرىدە شەھەر بويىچە بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەيتتى. بۇ مەكتەپتە ئاتۇشتىكى ئېكساق مەكتەپىنى ئۈلگە قىلىپ، «ئىزچى» (ئىز باسار)لار ئەترىتى تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلار مەكتەپ ئىچىدە باشلامچى، ئامىنۇي سورۇنلارنىڭ تەرتىپىنى ساقلاشتا ئاۋاڭ- گارتلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ كىيىنىشى ئۆزگىچە بولۇپ، دۇم- بىسىگە ھەربىيلەرنىڭكىدەك سەپەر تۇگۈنچىكى بىلەن كالتە ساپلىق ئايپالتا تېڭىپ، مۈرىسىگە سۇدان ئېسىۋالاتتى. ئۇزۇن- لۇقى بىر مېتىر كېلىدىغان قىزىل سىرلانغان «ئىزچى كالتى- كى»نىڭ بىر ئۇچىنى قولىدا مەھكەم تۇتۇپ، بىر ئۇچىنى مۈ- رىسىگە قويۇپ، «ئۆگەن تىرىشىپ، ئىزچى باللار، ۋەتەن غې- مىدە قاينار ۋىجدانلار» دېگەن «ئىزچى ناخشىسى»نى ياڭرىتىپ، كوچا ئايلىنىدىغان بولسا، روپاش ئاياللارمۇ ئىشكلىرىنى قىيا

ئېچىپ تاكى ئۇلار كۆزدىن غايىب بولغىچە تەلمۈرۈپ قارىشىپ كېتەتتى.

نورىبېشى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ «ئىزچى»لىرى 1936 ـ يىلى يازلىق تەتىلدە مۇشۇ ناخشىنى ياڭرىتىپ، تۇرغۇنجان بايۋەچچە، يۇسۇپ زىيا ئەپەندىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېپىنچى ـ سېلىنچىلىرىنى يۈدۈپ، پىيادە سەپەرگە ئاتلىنىپ، چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ، تاغلاردىن ھالقىپ، ئاستىن ئاتۇش، ئۇستۈن ئاتۇش تەۋەسىدىكى مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلدى، ئاندىن غەربكە بۇرۇلۇپ، توققۇزاق، ئوپال، تاشمىلىقلارغا يۈرۈش قىلدى. بۇ قېتىمقى سەپەر ئاتۇش ئىكساقتىكى «ھۇسەينىيە» مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، مەشھۇر مائارىپچى، «ئىزچى»لىق ھەرىكىتىنىڭ ياراتقۇچىسى، داڭلىق شائىر مەمتىلى توختاخۇن (تەۋپىق) ئەپەندى، مۇسابايېۋ ۋە توققۇزاقتىكى تەرەققىيپەرۋەر مائارىپچى ئابدۇللا رازى قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باشلانغانىدى. 40 كۈن ئەتراپىدا داۋام قىلغان بۇ سەپەر «ئىزچى»لارنى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقتۇرۇپلا قالماستىن، مۇھىمى نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. كېيىنچە، ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك «ئىزچى»لار ئەترىتى بارلىققا كەلدى. بارا ـ بارا ۋىلايەتنىڭ ھەممە يېرىدىكى مەكتەپلەردە «ئىزچى»لار قوشۇنى پەيدا بولدى. بۇ قوشۇن كېڭەيگەنسېرى، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە تېزلەشتى...

ئەپسۇس، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قەشقەردە چوڭ تۇتقۇن يۈرگۈزۈپ، تۇرغۇنجان بايۋەچچە، يۇسۇپ زىيا ئەپەندى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى قولغا ئالدى. 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۇلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، جەسىتىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. مۇشۇ قانلىق قىرغىندىن كېيىن، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار سودىگەر، ھۈنەرۋەن، كاسىپ بولۇۋالدى. تاكى 1950 ـ

يىلىغا قەدەر بۇ مەكتەپ دەم ئاۋاتلىشىپ، دەم چۆللىشىپ تۇر-
دى. قىسقىسى، ھەر قېتىملىق ھاكىمىيەت ئالمىشىش بۇ مەك-
تەپكە ئوخشاشمىغان گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش ئېلىپ كەل-
دى. شۇنداقتىمۇ بۇ مەكتەپ ئۆز قوينىدا نۇرغۇن تالانت ئىگى-
لىرىنى يېتىشتۈردى. ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ مەكتەپ ئىزچىل
تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى؛ سىنىپ - ئىشخانى-
لىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىرنەچچە قېتىم رېمونت قى-
لىندى، يېڭىلاندى. ھازىر ئۈچ قەۋەتلىك بۇ مەكتەپتە 1000
نەچچە ئوقۇغۇچى خاتىرجەم ئوقۇماقتا.
ۋىلايىتىمىزدىكى تۇنجى مەرىپەت بۆشۈكى — نورىبېشى
باشلانغۇچ مەكتەپ (ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ
مەكتەپ) دۇنياغا كۆز ئاچقان 55 يىلدىن بۇيان، بىسىپ ئۆتكەن
ئەگرى - توقاي مۇساپىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىز-
دە، ئالدى بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ قۇرغۇچىلىرىنى چوڭقۇر سې-
غىنىپ ئەسلەيمىز. بۇ يولدا ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزغان
تۇنجى ئەۋلاد زىيالىيلىرىمىز تۇرغۇنجان بايۋەچچە، يۈسۈپ زىيا
ئەپەندى قاتارلىق قۇربانلارنىڭ روھىغا؛ جۇملىدىن ئۇلارنىڭ
ئىزىنى بېسىپ، بۈگۈنگىچە بوغۇنلارنى ئىلىم - مەرىپەت سۈيى
بىلەن سۇغىرىۋاتقان بارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا سەمىمىي ئېھتىرام
بىلدۈرىمىز! بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەخلاقىي، ئەق-
لىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئې-
لىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرى ئۈچۈن يارامىلىق ئىز باسارلاردىن
بولۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىمىز!

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە ئەسلىمە

ھاكىم جاپپار

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ 108 ـ سانلىق ھەيئەتلەر يىغىنىدا «شەھەر، ناھىيە مەركەزلىرىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، يېزا ـ قىشلاقلاردا باشلانغۇچ مەكتەپ مەجبۇرىي مائارىپىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارار» ماقۇللاندى ۋە ئارقىدىنلا ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇش بەدىلى ئالماسلىق، يېتىم ـ يېسىرلار مەكتەپلىرىنى (دارىلئېيتاملارنى) ياخشى يولغا قويۇش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش، تولۇقلاش ۋە ئوقۇتۇش ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق بىرمۇنچە مەسىلىلەردە تەدبىرلەر تۈزۈلۈپ، بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى. بۇ ئارقىلىق پۈتۈن جەمئىيەتتە مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىشتەك يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئۈچ ۋىلايەت ئومۇمەن ئۇرۇش ۋە ھەربىي ھالەت ئەھۋالىدا بولسىمۇ، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە ناھىيىلەرگە مائارىپ ئىشلىرىغا ئەستايىدىل قاراش ۋە ئۇنى مۇھىم ئىشلار قاتارىدا تۇتۇش مەسئۇلىيىتى يۈكلەندى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇپ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلار مەيلى خىزمەت تەكشۈرۈپ شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلارغا بارسۇن ياكى يول ئۈستىدە بولسۇن، مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى بىۋاسىتە سوراپ ـ ئىگىلەپ تۇراتتى ۋە بۇ جەرياندا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ

تۇراتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ناھايىتى نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار (زىيالىيلار) ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى. مانا شۇ چاغدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ئارمىيە سېپىگە قاتناشقان (بۇ چاغدا ئارمىيە سېپىدىمۇ مۇشۇنداق زىيالىيلارنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. كېيىنكى قوماندان ۋە سىياسىي رەھبەرلەردىن مەرغۇپ ئىسھاقوف، ئامانتۇر بايزاقوف، ھەمدۇللا قۇربان، باۋۇدۇن نۇرىيېف قاتارلىقلار شۇ چاغدا ئارمىيە سېپىدە قالغانلار ئىدى) زور بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆز ساھەسىگە قايتۇرۇپ كەلدى.

ئۇرۇش ھالىتى تۈپەيلىدىن 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە بىر مەزگىل مەكتەپلەردە ئوقۇش توختاپ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرى ئېچىلدى. 1945 ـ يىل 9 ـ ئايدىن باشلاپ مەكتەپلەردە ئومۇميۈزلۈك ئوقۇش باشلاندى. مۇشۇ چاغدا ئىلىدىكى يۇقىرى ئوقۇش ئورنى بولغان ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدىمۇ ئوقۇش توختىغانىدى. چۈنكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ھەممە نەرسە ئالدىنقى سەپكە قارىتىلغانلىقتىن، ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ ئورنى ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرىنىڭ، كېيىنچە ھەربىي قوماندانلىق شتابىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ئورنى بولۇپ تۇردى. لېكىن 1946 ـ يىلدىن باشلاپ ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى قايتىدىن ئەسلىگە كېلىپ يەنە ئوقۇش باشلىدى. ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ ھەربىي سەپكە قاتناشقان ھەمدۇللا قۇربانوف، ئامانتۇر بايزاقوف قاتارلىق ئاز ساندىكى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن باشقىلىرى قايتۇرۇپ كېلىندى ۋە يېڭىدىن خەمىت ۋەكىلى قاتارلىق بىر تۈركۈم بىلىملىك، قابىل كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا قوشۇلدى.

ئۈچ ۋىلايەتتىكى مەكتەپلەردە ئومۇميۈزلۈك تۆت يىللىق، يەتتە يىللىق، ئون يىللىق تۈزۈم يولغا قويۇلغانىدى. شەھەرلەردە ئون يىللىق، شەرت ـ شارائىتى ياخشىراق رايونلاردا يەتـ

ته يىلىلىق، كەنت ـ قىشلاقلاردا تۆت يىلىلىق تولۇق يولغا قو-
يۇلدى. شۇ چاغدا باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى
سۈرۈشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، چوڭراق يېزىلاردا مەركەز-
لەشكەن مەكتەپ، ئەتراپتىكى كەنت ـ قىشلاقلاردا شۆبە مەك-
تەپلەر تەسىس قىلىنغانىدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەھەرلەردە
تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، يېزىلاردا (چەت ـ يىراق جايلار بۇ-
نىڭ سىرتىدا) تۆت يىلىلىق مەجبۇرىي مائارىپ ئاساسەن ئو-
مۇملاشقانىدى. ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ھەر مىللەت ياشلىرى-
نىڭ، بولۇپمۇ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ
يۇقىرىراق مەكتەپ، سىنىپلاردا ئوقۇپ بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن
ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش مەقسىتىدە ھەربىر ناھىيىنىڭ
مەركىزىدە بىردىن ياتاقلىق، مەركەزلەشكەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك
مەكتەپلەر تەشكىل قىلىنغانىدى. بۇ مەكتەپلەردە تولۇقسىز
سىنىپتىن باشلاپ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلارغىچە دەرس ئۆتۈلەت-
تى. بۇ مەكتەپلەرگە شۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن
تاللاپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تولۇقلىناتتى، ئىلى گىمنازىيە
(بىلىم يۇرتى)نى پۈتتۈرگەن بىرقىسىم ياخشى ئوقۇغۇچىلار
تەقسىم قىلىنىپ سەپلىنەتتى. مەن 1948 ـ يىلى سۇيدۇڭ
(ھازىرقى قورغاس) ۋە قورغاس (چىلپەنزە) ناھىيىلىرىدىكى
مەركەزلەشكەن مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ
كۆرگىنىمدە، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ساپاسى ھەقىقەتەنمۇ غۇلجا
شەھىرىدىكى مەكتەپلەردىن قېلىشمايدىكەن. ئوقۇتقۇچىلار ئۆز
خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆيۈنۈپ، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئىش-
لەيدىكەن. شۇ چاغدىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا ئالىي مەكتەپ
ياكى ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلار يوق دېيەر-
لىك بولۇپ، ئاساسەن، ئوتتۇرا سىفەن، تولۇق ئوتتۇرا، بەزىلى-
رى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن
ئۇلار ئىنتايىن تىرىشچان ئىدى، ئۆز خىزمىتىگە قارىتا مەس-
ئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغاچقا، جان ـ دىل بىلەن
تىرىشىپ ئىشلەيتتى، قېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتى، ئۈچ ۋىلايەت

ئىنقىلابى مەزگىلىدە ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە جايلاردا ئوقۇت-
قۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسلىرى، باشقا ۋاقىتلاردا بىلىم ئا-
شۇرۇش كەچكۇرسلىرى ئېچىلاتتى، كۇرسلاردا ئوقۇتقۇچىلار
بىلىم ئاشۇراتتى. 1947 ـ يىلىدىن باشلاپ غۇلجا شەھىرىدە
كەچكى چوڭلار مەكتىپى قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرا
مەكتەپ دەرسلىكلىرى، بەزىلىرىدە ئالىي مەكتەپنىڭ 1 ـ، 2 ـ
يىللىقلىرىغا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر تاللاپ ئۆگىنىلەتتى، دەرس-
نى بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆتەتتى، بۇنىڭغا ئاساسەن
ئوقۇتقۇچىلار كېلىپ بىلىم ئاشۇراتتى.

ئۈچ ۋىلايەت مەكتەپلىرىدىكى دەرسلىكلەر، ئاساسەن، تەبى-
ئىي پەن دەرسلىكلىرى ۋە تۈرلۈك كۆرسەتمىلىك قورال، خە-
رىتىلەر ئىدى. بۇ خىل دەرسلىكلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئالمۇتا، تاشكەنتتىكى نەشرىياتلىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر، قازاق
تىللىرىدا (ئەرەب يېزىقىدا) مەخسۇس نەشر قىلىنغاندىن باشقا،
بەزى ئىجتىمائىي پەن دەرسلىكلىرىنى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى
تۈزەتتى ۋە ئۇنى شافىگراپتا بېسىپ تارقىتىپ پايدىلىناتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئوقۇت-
قۇچىلارمۇ ئىدارە كادىرلىرىغا ئوخشاش بەزى ئايلاردا ئىش ھەق-
قى ئالماي، ئايلىق ئىش ھەققىنى ئالدىنقى سەپكە ياردەم قى-
لىپ، پىداكارانە روھتا خالىسانە ئىشلەپ كەتكەن چاغلىرى
بولغانىدى.

مۇنداق بىر مەسىلە مېنىڭ ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ: 11
بىتىم تۈزۈلۈپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن
كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەتكە بېسىم
ئىشلىتىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىستى ۋە قامال قىلدى.
شۇ مەزگىلدە ئوقۇتقۇچىلارغا بىرقانچە ئاي ئىش ھەققى تارقى-
تىلمىغانىدى. مۇشۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىدىكى 100 دىن ئارتۇق
ئوقۇتقۇچى توپلىنىپ، بارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا ۋەكىل بولۇپ،
ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىگە ھال ئېيتىپ كەلگەنىدى. مۇشۇ
چاغدا ئوقۇتقۇچىلارغا بېرىدىغان پۇل يوق، ھەر بىر ئوقۇتقۇ-

چىنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن ئىككى خو (بىر خو تۆت پۇت، بىر پۇت 40 قاداق ھېسابلىناتتى)دىن بۇغداي بېرىلگەندە، شۇنىڭ-غىمۇ رازى بولۇپ، ئۆز خىزمىتىنى قىلىشقاندى. جاپالىق خىزمەت ۋە تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن بىر مۇنچە ئوقۇتقۇچىلار ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. بۇلاردىن بەزىلىرى شۇ كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئېسىمدە. شۇڭا ئەخمەتجان قاسىمى 1948 - يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا قىلغان مۇھىم تارىخىي نۇتقىدا: «... ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ قانچىلىك جاپالىق ئىكەنلىكىنى بىلى-مەن. كىشىلىك جەمئىيىتىدە ئوقۇتقۇچىنىڭ مېھنىتىدىن پە-خىرلىكرەك مېھنەت يوقتۇر. چۈنكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت ئەربابى ۋە باشقىلار ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر» دەپ، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە يۈك-سەك دەرىجىدە باھا بېرىش بىلەن يەنە «... مۇشۇ تەربىيىچىلەر بىز ئويلىغان ۋە بىز دېگەن ئورۇننى ئىشغال قىلالمايۋاتىدۇ، بىز ئۇلارغا ياخشى شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرەلمەيۋاتى-مىز، بۇ بولسا بۈگۈنكى شارائىتىمىزنىڭ شۇنداق بولغانلىقى-دىندۇر» دەپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورۇن ۋە تۇرمۇشىغا كۆيۈنگە-نىدى.

ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەنە شۇنداق بەزى قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، لېكىن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى مائارىپ ئىشلىرىنى قىزغىن قوللاپ، ھەر جە-ھەتتىن ياردەم قىلىپ كەلدى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى مەكتەپلەردە ئومۇميۈزلۈك ھالدا مەكتەپ يېنىدا ئاتا - ئانىلار كومىتېتلىرى قۇرۇلغانىدى. بۇ ئاتا - ئانىلار كومىتېتلىرىغا شۇ مەھەللە، كەنتلەردىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى قاتنى-شاتتى. بۇ كومىتېتلار مەكتەپلەرنىڭ چوڭ بىر غەمخورچىسى - يۆلەنچۈكى ئىدى. مەكتەپلەرنىڭ بىنا قۇرۇلۇشى، رېمونت قاتار-لىق مەسىلىلىرىنى، جۈملىدىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرى، نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتى

قاتارلىق مەسىلىلەرنى شۇ كومىتېت ئۇستىگە ئېلىپ ھەل قىلاتتى. ئاتا ـ ئانىلار كومىتېتلىرى قەرەللىك ھالدا مەكتەپ مەسئۇلىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ، مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋا ـ لىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى ۋە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىش ـ لىك مەسىلىلەر بولسا كۆپچىلىككە تايىنىپ ھەل قىلىپ بې ـ رەتتى، مۇشۇنداق ئاتا ـ ئانىلار كومىتېتلىرىنىڭ ياردىمى، ما ـ ئارىپپەرۋەر زاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن سېلىنغان يېڭى مەكتەپ بىنالىرى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەممە ناھىيە، يېزا ـ قىشلاقلىرىدا تېپىلىدۇ. مەن ئۆزۈم بىۋاستە كۆرگەن ۋە بىلگەن مەكتەپلەر ـ دىن غۇلجا شەھىرىدە «ستالىن» مەكتىپى (7 ـ ئوتتۇرا)، ئاي ـ دۆڭ مەكتەپ، ئۆزبېك مەكتەپ، قارادۆڭ مەكتەپ، «روشەن» مەكتىپى، «شەرق» مەكتىپى ھەمدە بۇ مەكتەپلەرنىڭ شۆبە مەكتەپلىرىدىن تاتار مەكتىپى قاتارلىق نۇرغۇن مەكتەپلەرنىڭ بىنالىرى ئەنە شۇ ئاتا ـ ئانىلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچى بىلەن سېلىنغاندى.

ئەينى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە، بولۇپمۇ غۇلجا، چۆچەككە ئوخشاش شەرت ـ شارائىتى بار جايلاردا كەچكى بى ـ لىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرى، چوڭلار كەچكى مەكتەپلىرى، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش كۇرسلىرى بەس ـ بەستە ئېچىلىشقا باش ـ لىغانىدى، ھەتتا غۇلجا شەھىرى قاتارلىق جايلاردا ئائىلىدىكى خانىم ـ قىزلار ئۈچۈن كەشتە تىكىش، كىيىم تىكىش قاتارلىق ھۈنەرلەر ئۆگىتىلىدىغان كەسپىي مەكتەپلەر قۇرۇلغانىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئومۇمىي خەلق ساۋات چى ـ قىرىش خىزمىتىمۇ چىڭ تۇتۇلغانىدى. شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، كۆپلىگەن كىشىلەر ساۋات چىقارغانىدى. بۇ كۇرسلارغا شۇ جايدىكى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى دەرس بەرگەندىن تاشقىرى، شۇ جايدىكى ساۋاتلىق ۋە مەلۇم بىلىم سەۋىيىسى بار ياشلار جەلپ قىلىنىپ دەرس ئۆتۈلەتتى. بۇ خىزمەتكە ئومۇمىيۈزلۈك مەھەللە كومىتېتلىرى مەسئۇل بولغانىدى، 1948 ـ يىلدىن

كىيىن، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ جايلاردىكى يەرلىك تەشكىلاتلىرى مەسئۇل بولغاندى.

شۇنداق، ئۆتمۈشنى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلىرىدىن قايسىبىر ئورۇننىڭ تارىخىدا شۇ جايدا تەرەققىيپەرۋەر، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى، چەت ئەلنىڭ پەن ـ مائارىپ جەھەتتىكى ئىلغارلىقىنى كۆرگەن ياكى چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەنلەر بولغان بولسا، شۇ جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى، جۈملىدىن مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان. مەسىلەن: تۇرپاندا مۇھىتى دېگەن ئادەم باشلىق بىر ـ مۇنچە تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، ئاتۇش، غۇلجىلاردا ھۈسەيىن باي، باۋۇدۇنباي ـــ ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار؛ قەشقەردە ئابدۇكېرىم مەخسۇملارنىڭ شۇ جايلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى ناھايىتى زور. قەشقەر، ئاتۇش رايونلىرىدا تۈركىيە ۋە ئەرەب ئەللىرىدە ئوقۇپ كەلگەن ئەھمەد كامال، ئابدۇقادىر داموللا، مۇھەممەت ئېلى (تەۋپىق) قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر يېڭىلىق تەرەپدارلىرى؛ تۇرپان، چۆچەكلەردە روسىيە تەۋەسىدىن كەلگەن مۇرات ئەپەندى، ئەلى ئىبراھىموف، گۈلەندەم ئاپپاي؛ غۇلجىدا مىسىردا ئوقۇپ كەلگەن ناسۇھا داموللام، تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇراخمان ئەپەندى، مەسئۇت سەبرى، مەسۇم ئەپەندى، جىرجىس ھاجى، سابىت ئەپەندىم قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىدە شۇ جايلارنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغاندى. مۇشۇنداق زىيالىيلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئويغىنىش بولغان ۋە بۇ جايلاردا يېڭىچە مەكتەپلەر مەيدانغا كېلىپ، قاراڭغۇ جاھالەت دۇنياسىغا زەربە بېرىلگەن.

ئىلى رايونىدا ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپلا غۇلجىدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئاچقانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ناسۇھا

داموللام قاتارلىقلار، 20 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئابدۇراخمان ئەپەندى، مەسۇم ئەپەندى، جىرجىس هاجى قاتارلىقلار يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشنى باشلىۋەتكەندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن، غۇلجىدا هۈسەيىن بەگ يۇنۇسوف، سالىھ جانباي باباخانوف، هۈسەيىن تارانوف قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، 1930 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەمەتخان روزى، تېيىپ هاجى سابىتوف، ئابدۇرېھىمجان هەسەنوف، رەھىمجان سابىرهاجى، هەسىنىم پالتىبايېف قاتارلىق كىشىلەر ئىلى مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن، يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. غۇلجىدا 1920 ـ يىللاردىن كېيىن، بولۇپمۇ 1930 ـ يىللاردا ئاتاقلىق مائارىپچى، شائىر مەرۇپ سەئىدىنىڭ ئەمگىكىنى ئالاهىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئاتاقلىق مائارىپچىلاردىن داموللا رازىيېف، هاشىم گۆھەر باقى، هاشىر رەززاقى، هۈسەيىن خەلپەتى (هۈسەيىن سامساق)، يار مۇھەممەت مەخدۇم قاتارلىق كىشىلەر ئىلى مائارىپى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. شۇ قاتاردا ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن (ئۆز ۋاقتىدىكى سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن) سوۋېت يەتتە سۇ رايونىدا قۇرۇلغان (ئۇيغۇرلار ئۈچۈن) سوپى زارۋاتوف (بۇ كىشى سوۋېت هاكىمىيىتىنى قۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتىپ قۇربان بولغان) نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك زارۋات مەكتىپىدە ئوقۇپ كەلگەن ئوسمان ئەيسا، ئابدۇرېھىم ئەيسا، مۇھەممەتجان تۇردىيېف، سېلىم ئاخۇن ئەپەندى، ۋېلەم ئەپەندى، ئالىم ئەيسا، ئەلى ئەكبەر، ئۆمەرجان ئەپەندى قاتارلىق كۆپلىگەن زىيالىيلار ئىلى مائارىپ قوشۇنىغا قوشۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلى (غۇلجا) مائارىپىدا ئالاهىدە يېڭى يۇكسىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

ئىلىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىن ئالغاندا، ئىلى (غۇلجا) ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولغاچقا، تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىدا

ئۆگىنىش، تەسىر كۆرسىتىش زور بولغانىدى. بولۇپمۇ غۇلجا شەھىرىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە تاتار مىللىتىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى باشقا مىللەتلەردىن يۇقىرىراق ئىدى. شۇنداقلا تاتار قېرىنداشلاردىن چەت ئەلنى كۆرگەن، چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەنلەرمۇ كۆپرەك ئىدى. شۇڭلاشقا ئىلىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاپ، يېڭىلىققا يېتەكلەشتە ئۇلارنىڭ رولى ۋە ئىلھام بېرىشى ناھايىتى زور بولدى. بۇنى ھەرگىز ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئىلىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن، ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان غارىپ ئەبزى، ھەبىب يۇنىچى، مالىك بېكتېمىروف، پەرىخە ئەلى ئەكبەرىۋا، رەپىق ئابىدى، زەينەپ ئابىدى، ماھىنۇر سىراجىيېۋا قاتارلىق پېشقەدەم تاتار مائارىپچى زىيالىيلىرىنى ھۆرمەت بىلەن خاتىرىلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. يالغۇز مائارىپ سېپىدىلا ئەمەس، باشقا مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىشلىرىدىمۇ تاتار زىيالىيلىرىنىڭ تەسىرى زور بولدى.

ئىلى (غۇلجا) شىنجاڭدىكى ئىلغار زىيالىيلارنىڭ توپلاشقان ئورنى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىلغار ئىدىيىدىكى يۇزلىگەن زىيالىيلار غۇلجىغا كېلىپ توپلاشقانىدى. نىم شېھىت ئارمىيە ئېلى داموللامدىن تارتىپ ناھايىتى نۇرغۇن يازغۇچى، شائىر، ئوقۇتقۇچىلار ئىلىغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىدى. مانا بۇ كىشىلەر ئىلىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى. 1933 ـ يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئىلىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بىر مەزگىل يەنى جاللات شېڭ شىسەي ساختا نىقابىنى ئېچىپ تاشلىغانغا قەدەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

1936 ـ يىلى ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئوقۇش ئارزۇسى قاندۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغىچە سەككىز قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئىلى ئۈچۈن ۋە پۈتۈن شىنجاڭ ئۈچۈن يۇزلىگەن زىيا-

لىلارنى يېتىشتۈردى. مەن ئاشۇ مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ 6 ـ قارارلىق سىنىپىدا (5 ـ، 6 ـ قارارلىقى بىر يىلدا قوبۇل قىلىنغانىدى) ئوقۇغانىدىم.

ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدە 1940 ـــ 1941 ـ ئوقۇش يىلىدىن باشلاپ بىر سىنىپ ئالىي سىفەن سىنىپى ئېچىلغانىدى. 1948 ـ يىلدىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاشۇ مىللەتلەر گىمنازىيىسى ئاساسىدا «ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى» قۇرۇلدى. بۇ بىلىم يۇرتىدا سىفەن كەسپى، ئاگرانوم، چارۋىچىلىق، قۇرۇلۇش، سىياسىي ـ قانۇن، مالىيە ـ ئىقتىساد كەسپلىرى تەسىس قىلىندى. بۇ بىلىم يۇرتىدا 17 سىنىپ بولۇپ، 500 گە يېقىن ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ئۈچ ۋىلايەتتىن قوبۇل قىلىناتتى. مەكتەپنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇپ، تالانتلىق ئوقۇتقۇچىلار سەپلەنگەنىدى. بەزى كەسپىي دەرسلەرنى ئۆتۈشكە سىرتتىن مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپ قىلىناتتى.

بىلىم يۇرتى بىلەن تەڭلا ئىلى تىببىي مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپكە ئىلىدىكى سوۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، شۇنداقلا ئىلىدىكى ئاتاقلىق يەرلىك دوختۇرلاردىن نىغمەت ئىنئامجانوف، شامىل دوختۇر، شەپىقە خانىملار دەرس ئۆتەتتى. بۇ تىببىي مەكتەپ ئازادلىقتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق تىببىي مەكتەپنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر ئايروپىلان ھادىسىسى بىلەن قازا تاپقاندىن كېيىن، ئىلى بىلىم يۇرتىغا «ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى» دەپ نام بېرىلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بويىچە شىنجاڭ مىللەتلەر شۆيۈەنى قايتا رەتكە سېلىنىپ، ئۇنىڭ ساپاسىنى ياخشىلاش،

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدىكى كادىرغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇ-
رۇش مەقسىتىدە ئىلى بىلىم يۇرتىدىكى مەخسۇس كەسپىي
سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇرۇمچىگە — مىللەتلەر شۆيۈەنىگە
يۆتكەپ كېلىندى. مەيلى بىلىم يۇرتى ياكى تېببىي مەكتەپ
ئوقۇغۇچىلىرى بولسۇن، ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كې-
يىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار خىزمەت ئېھتىياجى بويىچە ئۆلكە
دائىرىسىدە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شۇنى جەزملەشتۇرۇپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىر ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان ھەر ساھەدىكى يۇقىرى
ئۇنۋانلىق زىيالىيلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەنە شۇ گىمنازى-
يە ھەم بىلىم يۇرتىدىن كەلگەنلەردۇر.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا مائارىپ ئىشلىرىنىڭ سا-
پاسىدىلا ياخشىلىنىش بولۇپ قالماستىن، بەلكى مەكتەپلەردىكى
ئوقۇغۇچىلار سانىمۇ يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ باردى. يالغۇز ئى-
لى ۋىلايىتىنى ئالساق، 1945 ـ 1946 ـ ئوقۇش يىلىدا ئىلى
ۋىلايىتىدە 295 مەكتەپ، 980 دىن ئارتۇق سىنىپ، 1051 دىن
ئارتۇق ئوقۇتقۇچى، 28 مىڭ 343 ئوقۇغۇچى بار ئىدى، ئىلى-
نىڭ نوپۇسى كۆپەيمىگەن ئەھۋالدا ئوقۇغۇچىلار 1947 ـ يىلى
24%، 1948 ـ يىلى 25.8%، 1949 ـ يىلى 30%،
1950 ـ يىلى 41% كۆپەيدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
مائارىپ ئىشلىرىغا تەڭ كۆڭۈل بۆلۈنگەنىدى. يالغۇز غۇلجا
شەھىرىدىلا تاتار مەكتىپى، ئۆزبېك مەكتىپى، ئىلى رۇس مەك-
تىپى، خەنزۇ مەكتىپى، خۇيزۇ مەكتىپى قۇرۇلغانىدى، بۇ
مىللەت بالىلىرى ئۆز ئانا تىلىدا دەرس ئوقۇيتتى. بۇنىڭدىن
باشقا، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ پەرزەنتلىرى-
نىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن غۇلجىدا قازاق، موڭغۇللارنىڭ ياتاقلىق
مەكتەپلىرى تەسىس قىلىنغانىدى، بۇ مەكتەپلەرگە ئالاھىدە
غەمخورلۇق قىلىناتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا مەكتەپ-

لەرنىڭ ئوقۇش تۈزۈمى، تەرتىپ ـ ئەخلاق تۈزۈملىرىمۇ كۆچ-لۈك بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇلاتتى. ئوقۇتۇش پروگراممىسى، ئوقۇتۇش پىلانلىرى مەۋسۇم، چارەكلەرگە بۆلۈنۈپ تۈزۈلەتتى. كۈندىلىك ئىش پىلانلىرى كونكرېت يېزىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندىلىپ تۇراتتى. مەكتەپ-لەردە ئومۇمىيۈزلۈك بەش نومۇر قويۇش تۈزۈمى قوللىنىلاتتى. ئوقۇتۇش پروگراممىسى شۇ چاغدىكى سوۋېت مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىك پروگراممىسى ئاساسىدا تۈزۈلەتتى. شۇڭا ئۈچ ۋىلا-يەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى خېلى يۇقىرى ئىدى.

ئۆز ئەمەلىيىتىمدىن ئۆتكەچكە، شۇنى كېسىپ ئېيتالاي-مەنكى، ئازادلىقتىن كېيىن تاكى 1956 ـ يىلغىچە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئالدىغان يىللىق ئىم-تىهان سوئاللىرىنى (تەبىئىي پەنلەردىن) سابىق سوۋېت ئىت-تىپاقى مائارىپ مىنىستىرلىكى چىقىراتتى ۋە شۇ بويىچە ئىم-تىهان ئېلىناتتى. شۇڭا ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە ئۈچ ۋىلايەت ھەم ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ئىدى. ھەتتا مەملىكەت بويىچىمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. بۇ، بىر ئەمەلىي ئەھۋال بولۇپ، بۇنى 1956 ـ يىلى يولداش ليۇشاۋچى پارتىيىنىڭ 8 ـ قۇرۇلتىيىدا مۇئەييەنلەش-تۈرگەنىدى.

ئۈچ ۋىلايەتتىكى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ شۇنداق ياخشى يولغا قويۇلغانلىقىنى ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆ-لۈشى، جۈملىدىن ھەر دەرىجىلىك مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ ئو-قۇتۇشقا يۈزلىنىپ تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكى، تۈزۈملىرىنىڭ ئەمەلىي بولغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مەن قىسقىلا قىلىپ ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارما (ئىدارە)سىنىڭ تەش-كىلىي ئاپپارات ئەھۋالىنى قوشۇمچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي: ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا نازىر سەيپىدىن ئەزىزى ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىك قىلاتتى، ئىلمىي باشقارمىنىڭ

باشلىقى ئەنۋەرخانبابا ئىدى. باشقارما تەۋەلىكىدە كاتىبات بۆلۈمى، مەكتەپلەر بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، پېداگوگىكا ئىشخانىسى بار ئىدى، مەكتەپلەر بۆلۈمى قارىمىقىدا ئىنسپېكتورلار (مۇپەتتىشلەر) كوللېگىيىسى بار ئىدى. خەنزۇ، شىبە، رۇس، موڭغۇل مەكتەپلىرى ئۈچۈن شۇ مىللەتتىن بولغان مەخسۇس مۇپەتتىشلەر قويۇلغانىدى. مەن غۇلجا شەھىرىدىكى مەكتەپلەرگە مەسئۇل ئىدىم. ھەربىر مۇپەتتىشكە بىردىن ئىگەر ـ توقۇملۇق ياراملىق ئات تەييار ئىدى، ئۇلار ھەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم مەكتەپلەرنى ئايلىنىپ كېلەتتى. مەنمۇ غۇلجا شەھىرىدىكى 25 كە يېقىن مەكتەپنى ئايلىنىپ چىقاتتىم.

مۇپەتتىشلەر بىر ئايلىنىپ تەكشۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن دوكلات تەييارلايتتى، مائارىپ باشقارمىسىدىكى ئومۇمىي يىغىندا تەكشۈرۈش ئەھۋالى دوكلات قىلىناتتى، يىغىندا سوئاللار قويۇلاتتى، مۇزاكىرە قىلىناتتى، ئاخىرىدا بۇ دوكلات تۈزىتىلىپ، گېزىتتە ئېلان قىلىناتتى.

شۇ چاغدا مۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەرگەنىدى: 1948 ـ يىلى نىلقا ناھىيىسىگە بارغان مۇپەتتىش نىلقا ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئەھۋالىدىكى بەزى كەمچىلىكلەرنى سىزىدۇ ـ دە، يىغىندا دوكلات قىلىدۇ، بۇ ئەھۋال گېزىتتە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، نىلقىنىڭ ئەينى چاغدىكى ھاكىمى فاتىخ مۇسلىموف (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باتۇرلىرىدىن بىرى) بۇ دوكلاتنى گېزىتتىن كۆرۈپ، خاپا بولۇپ: «ئاشۇ مۇپەتتىش ئەمدى نىلقىغا كېلىدىغان بولسا، مازار (سۇلتان ئۇۋەيس مازىرى)دىن ئۆتسىلا ئاتىمەن» دەپ تەھدىت سالغانىدى. بۇ مۇپەتتىش قورقىنىدىن بىر مەزگىل نىلقىغا بارالمىغان.

دېمەك، مائارىپنى تۈتۈش شۇنداق چىڭ، مەسئۇلىيەت شۇنداق كۈچلۈك ئىدى. مائارىپ باشقارمىسىنىڭ بەنزىسى ئىخچام، يىغىنچاق، چاققان بولۇپ، پۈتۈنلەي ئوقۇتۇشقا يۈزلەنگەن،

ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان، كادىرلىرى خىل، كۈچلۈك، ئىتتىپاقلاشقان بەنزە ئىدى، جاۋابكارلىق روھى كۈچلۈك ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەتتە ھەربىر ئوقۇش يىلى ئاخىرلاشقاندا، يىللىق ئومۇمىي ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلەش يىغىنلىرى ئېچىلىپ تۇراتتى. نەمۇنىلىك مەكتەپ، مۇدىر ۋە ئوقۇتقۇچىلار تەقدىرلىنەتتى، خىزمەت، ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى بېكىتىشتە شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ بىلىمى (ئوقۇش تارىخى)، ستاژى تولۇق ھېسابقا ئېلىناتتى. مەكتەپلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، ئوقۇغۇچىلارنى سۆيۈش يولغا قويۇلغانىدى. ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش پۈتۈنلەي مەنئى قىلىنغانىدى.

# دادامنىڭ خاتىرىسىدىن

## تۇرسۇن بارات

دادام بارات ئاخۇن خەلپىتىم 1880 ـ يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئەگرىتېرەك كەنتى چاقار مەھەللىسىدە تامچى ۋە نەققاش ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1955 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن. كىچىكىدە مەھەللىدە ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى ساچىيە مەدرىسىلىرىدە ئوقۇغان. قاغىلىقتىكى مەشھۇر ئالىم ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ قولىدىمۇ بىلىم ئالغان. 1913 ـ يىل كۈزدە پەيزاۋاتقا قايتىپ كېلىپ مەھەللىدىكى مەدرىسگە ئىمام بولۇپ، بارات ئاخۇن خەلپىتىم دېگەن نام بىلەن يۇرتقا تونۇلغان.

مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا دادام دائىم ماڭا 1933 ـ 1934 ـ يىللىرى پەيزاۋاتتا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. مەن 2002 ـ يىل 8 ـ ئايدا پەيزاۋاتقا تۇغقان يوقلاپ بېرىپ، بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىدە دادامنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋەقەلەرنى يېزىپ قالدۇرغان قولىيازمىسىنى كۆرۈپ قالدىم. قول يازمىدىكى بەزى مەزمۇنلارنى رەتلەپ چىقتىم.

1930 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى خوجانىياز ھاجى، سالى دورغىلار باشچىلىق قىلغان قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن 1931 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى ھەمدۇللا ئەلەم، مەخسۇت مۇھىتى، مەخمۇت مۇھىتى، موسۇلباي، داموللا ئابدۇللابەگ نەئىملەر باشچىلىق قىلغان تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ شامىلى ھەش ـ پەش دېگۈچە شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تاراپ، خەلقنىڭ ئىدىيىسىنى

تەۋرەتتى. بەزى جايلاردا (خوتەن، ئۈچتۈرپان ۋە قاقشال تاغلىق رايونىدا) خەلق مەخپىي ۋە ئاشكارا ھالدا تەشكىللىنىپ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى چىقتى. 1933 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۆمۈر شىجاڭ بۇيرۇققا بىنائەن كۇچا، بۈ- گۈر، ئاقسۇلارنى ئېلىپ، مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق دېگەن يېرىدە قەشقەردىكى ياڭ تۇەنجاڭ قىسىملىرى بىلەن بىر ئايدىن ئارتۇق جەڭ قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ياڭ تۇەنجاڭ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ پەيزاۋات ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى قابىلىنىڭ كۆۋرۈكىنى چېگرا قىلىپ، قوغلاپ كېلىۋاتقان تۆمۈر شىجاڭ ئەسكەرلىرىگە توسۇپ زەربە بەرمەكچى بولىدۇ. پەيزاۋاتنىڭ شەر- قىدىكى غولتوغراق، يېڭى ئاۋات، شەرقىي شىمالىدىكى خۇشئاۋات ۋە ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى خەلق ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ تۆمۈر سىجاڭ ئەسكەرلىرىگە ياردەم بېرىدۇ. دادام بارات ئاخۇن خەلپىتىم ئۆزى ئىمامەتچىلىك قىلىۋاتقان مەسچىتتىكى ياش، ئوتتۇرياش ئەرلەرنى تەشكىللەپ، ئەسكەرلەر بىلەن بىللە ياڭ تۇەنجاڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇش ناھايىتى شىددەتلىك بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن كۆپ چىقىم بولىدۇ. ئاخىرى تۆمۈر شىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن پەيزاۋات خەلقىدىن تەشكىللەنگەن پىدائىيلار ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرىدۇ، ياڭ تۇەنجاڭ قىسمى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي ئۇرۇش سېپىنى تاشلاپ قەشقەرگە چېكى- نىدۇ. تۆمۈر شىجاڭ بىرقىسىم ئادەملىرىنى پەيزاۋاتتا قالدۇرۇپ قويۇپ، چوڭ قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىدۇ. پەيزاۋاتلىق پىدائىيلارنىڭ بىرقىسمى چوڭ قوشۇنغا قوشۇلىدۇ، لېكىن كۆپىنچىسى يەنىلا ئۆز يېزىلىرىغا قايتىدۇ.

1934 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى خوجانىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭ قوشۇنى يەكەندىن چىقىپ يوپۇرغا ئارقىلىق پەيزاۋاتقا كېلىپ، بۇ يەردە خەلقنى بۇلاپ غەمسىز تۇرۇۋاتقان تۇڭگان ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. پەيزاۋاتنى بازا قىلغان تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇش 11 كېچە ـ كۈندۈز داۋاملى- شىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقىمۇ يەنىلا پەيزاۋات ناھىيە بازىرى

ئەتراپىدىكى خەلق ئاممىسى خالىس قاتنىشىپ، خوجانىياز ھاجىغا ياردەملىشىپ زور پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ. داداممۇ شۇ پىداكارلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ بىرى.

**مەخمۇت سىجاڭنىڭ يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشى**

1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خوجانىياز ھاجى بىلەن مەخمۇت شىجاڭلار قەشقەرگە كېلىدۇ. 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خوجانىياز ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەر كوناشەھەردە قالىدۇ، مەھمۇت شىجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەر يېڭىشەھەرگە چىقىپ، خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى سۈرۈپ ـ توقاي قىلىپ سېپىل ئىچىگە كىرگۈزۈپ، سېپىلنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. قەشقەردە ئەسلىدىلا بار بولغان ئەسكەرلەرنىڭ بىرقىسمى مەھمۇت شىجاڭغا ماسلىشىپ تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، يەنە بىرقىسمى ئۇرۇشقا قاتناشماي، ئۇرۇش قىلغانلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرىدۇ. سېپىلنىڭ قايسى تەرىپىدە قەشقەر ئەسكەرلىرى بولسا، تۇڭگان ئەسكەرلىرى شۇ تەرەپتىكى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، قورشاۋ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. مەھمۇت شىجاڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇ يەرگە ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ سېپىل ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىدۇ. قىسقىسى، بىر تەرەپ چىڭ، بىر تەرەپ بوشاڭلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، تۇڭگانلار بىلەن قىلغان ئۇرۇش نەتىجىسىز بولىدۇ.

1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كېچىسى مەھمۇت شىجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئابدۇسەمى دېگەن كىشىنىڭ قوماندانلىقىدا ئەسكەرلەر كىرسىن ئېلىپ بېرىپ قەشقەر يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ بارىن دەرۋازىسىغا ئوت قويىدۇ. دەرۋازا ئۈستىدىكى تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىن تەييارلىقى بولغاچقا، قۇم ۋە سۇلار بىلەن ئوتنى ئۆچۈرۈۋالىدۇ ھەمدە بومبا، پىلىموتلار بىلەن دەرۋازىنى قاتتىق قوغدايدۇ. مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي دەرۋازىنى تاشلاپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما 16 ئەسكەر دەرۋازا يېنىدىكى خەندەكتە قېلىپ، بىر كېچە ـ

كۇندۇز خەندەكنىڭ تېمىنى تېشىپ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، سېپىل ئۇستىدىكى تۇڭگان ئەسكەرلەر بىلەن ئېتىشىدۇ. تۇڭگان ئەسـ-كەرلەر خەندەككە چوڭ توپ ئوقى ئاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خەندەكـ-تىكى ئەسكەرلەردىن نىزامىدىن پەيجاڭ بىلەن مەخسۇت بەنجاڭ شېھىت بولىدۇ. ئەتىسى ئاخشىمى 14 ئەسكەر ئىككى سەپدىشىـ-نىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېلىدۇ. دەرۋازىغا ئوت قويغاندا قوماندان ئابدۇسەمىنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىلانغان بولۇپ، ئۇنى ئالدىن قايتقان ئەسكەرلەر كۆتۈرۈپ كەتكەن ئىدى. قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئېلىش ئۇرۇشىدا مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ناھايىتى زور باتۇرلۇق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما قەشقەردىكى ئەسكەرلەر سۇس پوزىتسىيىدە بولغانلىقى ھەمدە ھەر كۈنى تۇڭگانلارغا ئاخـ-بارات يەتكۈزۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە داۋاملاشقان 27 كۈنلۈك قانلىق ئۇ-رۇش مەھمۇت شىجاڭ قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن ئا-خىرلىشىدۇ. مەھمۇت شىجاڭ ئامالسىز قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئۇ-رۇمچىدىن ياردەمگە كەلگەن 1200 تۇڭگان ئەسكەرگە بوشىتىپ بېرىپ ئاقتۇ ئارقىلىق يېڭىسارغا چېكىنىدۇ.

**چوكانيار ئۇرۇشى**

1934 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاقسۇ تەرەپتىن 1200 تۇڭگان ئەسكەرنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان خوجانـ-ياز ھاجى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن، ھامۇتخان لۈجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ، غوپۇر تۇەنجاڭلارنىڭ قوشۇنىغا بىرقىـ-سىم خوتەن ئەسكەرلىرىنى قوشۇپ، 2000 دىن ئارتۇق ئادەم تەييارلاپ يولغا چىقىپ، ياندۇرما بازىرىغا كېلىپ قونىدۇ. ئۇلار ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن چوكانياردا تۇڭگان ئەسكەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇرۇشنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇرۇش ناھايىتى شىددەتلىك داۋاملىشىۋاتقاندا، گەمەساڭلىق (يۇرت نامى) سىلىم ئاخۇن ئونـ-بېشى تۇڭگان ئەسكەرلەرنى چوكانيارنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر مەھەللە ئارقىلىق باشلاپ مېڭىپ دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، خوجا-نىياز ھاجى قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئەكېلىپ قويىدۇ. تۇڭگان

ئەسكەرلەر قارشى تەرەپنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىپ زەربە بەرگەچكە، خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنى بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بو- لىدۇ. قەشقەر ۋە خوتەنلىك ئەسكەرلەر چوڭ يول بىلەن ئۇدۇل قەشقەر كوناشەھەرگە قاراپ قاچىدۇ. خوجانىياز ھاجى ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئاۋاتنىڭ ئايىغىدىكى سېغىزلىق ئارقىلىق قەش- قەرگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇلار دەريا بويىغا كەلگەندە كۆۋرۈك تار بولغانلىقتىن، كۆۋرۈككە قاپسىلىپ قالىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن 70 تىن كۆپرەك ئاتلىق تۇڭگان ئەسكەر قوغلاپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسمىسا كۆۋرۈكتە قاپسىلىپ قالغان قوشۇن زور چىقىمغا ئۇچرايتتى. خوجانىياز ھاجى غوپۇر تۇەنجاڭغا ئاتلىقلارنى توسۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. غو- پۇر تۇەنجاڭ بۇيرۇققا بىنائەن 20 ئەسكەرنى باشلاپ بىر ئېرىق ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. ئاتلىق ئەسكەرلەر ئېرىققا 50 مېت- تىرچە قالغاندا، ئېرىقتىكى مۆكۈپ تۇرغان ئەسكەرلەر 20 دانە پىلىموتتىن تەڭلا ئوق چىقىرىدۇ. ئالدىدا چېپىپ كېلىۋاتقان بەش ئاتلىق تۇڭگان ئەسكەر شۇ ھامان ئېتى بىلەن موللاق ئېتىپ دوم چۈشۈپ ئۆلىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۆلگەن بۇرادەرلىرىگىمۇ قارىماي، ئاتلىرىنى ئارقىغا بۇراپ جېنىنىڭ بېرىچە قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى زور بىر قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، بەشكېرەم يولى بىلەن كېچىلەپ قەشقەر كوناشەھەرگە قايتىپ كېلىدۇ.

**پەيزاۋات ۋە چوكانيارىدىكى 2 ـ قېتىملىق ئۇرۇش**

خوجانىياز ھاجىلار 1934 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاخشىمى قەشقەر شەھىرىنى تاشلاپ يولغا چىقىپ، ئەتىسى يې- ڭىسارغا كېلىدۇ. يېڭىساردا ئات ـ ئۇلاغلىرىغا ئازراق ئوت ـ سامان بېرىپ يەنە يولغا چىقىپ، 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كەچتە يەكەنگە كېلىدۇ. يەكەندە نەچچە كۈن تۇرۇپ ئازراق تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يوپۇرغا ئارقىلىق پەيزاۋاتقا بېرىپ، شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان تۇڭگان ئەسكەرلەرگە تۇ- يۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا تۇڭگان ئەسكەرلەر

مەغلۇپ بولۇپ قەشقەر يېڭىشەھەرگە قاچىدۇ. مەھمۇت شىجاڭ-نىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى چوكانيارغىچە قوغلاپ زەربە بېرىپ، چوكانيارنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ ساقلاپ ياتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر تەرەپلەردىن كېلىدىغان تۇڭگان ئەسكەرلەرنىڭ يولى ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ پەيزاۋات-نى بازا قىلىپ تۇرۇپ تۇڭگان ئەسكەرلەر بىلەن 11 كۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. قەشقەر يېڭىشەھەردىكى تۇڭگان ئەسكەرلەر چوكانيارغا بىرنەچچە قېتىم چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، مەھ-مۇت شىجاڭنىڭ قوشۇنى ئۆزى تۇرغان جاينى قاتتىق قوغدايدۇ. ئۇرۇش كەسكىن داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە، پەيزاۋات ناھىيىسى-نىڭ سابىق ھاكىمى لى يى (شالغۇت، ئۇيغۇرچە ئىسمى ئەمرۇللا) يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلارغا «خانئېرىق، يوپۇرغا ئارقىلىق پەيزاۋاتقا كېلىڭلار، ئۇيغۇرلارنىڭ ئارقا سېپى بوش، ئادەم يوق» دېگەن مەزمۇندا خەۋەر ماڭغۇزىدۇ. بۇ خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالغان تۇڭگانلار يوپۇرغا ئارقىلىق ئافاق خوجىغا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەھمۇت شىجاڭ چوكانيارنى تاشلاپ پەيزاۋات ناھى-يە بازىرىغا قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

**قابىلنىڭ كۆۋرۈكى ۋە يېڭى ئاۋاتتا بولغان ئۇرۇش**

1934 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەر-دىكى تۇڭگانلار پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ پەيزاۋاتقا ھۇجۇم قىلىدۇ. خوجانىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ پەيزاۋات ناھىيە بازىرىدا ئۇرۇش قىلسا خەلققە كۆپ زىيان بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە 5 ـ 6 كىلومېتىر كېلىدىغان قابىل-نىڭ كۆۋرۈكى ۋە يېڭى ئاۋاتقا كېلىپ تۇڭگانلار بىلەن شىددەت-لىك ئۇرۇش قىلىدۇ. 29 ـ كۈندىكى ئۇرۇشتا خوجانىياز ھا-جىنىڭ قوشۇنى تۇڭگانلاردىن يېڭىلىدۇ. ئەتىسى مەھمۇت شى-جاڭنىڭ قوشۇنى تۇڭگانلار بىلەن يەنە بىر قېتىم قاتتىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارمۇ يېڭىلىپ، بىنامدىن ئۆتۈپ مارالبېشىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسى ئارقىلىق مەكىت ناھىيىسى-گە چېكىنىدۇ. قىسقىسى، بۇ قېتىمقى ئىككى جايدىكى ئۇرۇش

خوجانىياز ھاجى قوشۇنىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلە ئاياغلىشىدۇ. لېكىن بۇ ئۇرۇشلاردا ئەسكەرلەر زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ. پىچان لۈكچۈنلۈك رەقىپ ھاجىنىڭ نەۋرىسى مۇئاۋىن ليەنجاڭ ئابدۇرەشىت مەخسۇم بىر قىسىم ئەسكەرلەر بىلەن بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، تۇڭگان ئەسكەرلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ ۋە تۇڭگانلارنىڭ بىر باشلىقى بىلەن 27 ئەسكىرىنى ئۆي-نىڭ ئەتراپىدا ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. تۇڭگان ئەسكەرلەر باشلىقىنىڭ جەسىتىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ ئۆينىڭ ئەتراپىنى قاتتىق مۇھا-سىرىگە ئالىدۇ. ئەتىگەن سائەت 6 ـ 7 لەردە باشلانغان ئۇرۇش تاكى كەچ كىرگىچە داۋاملىشىدۇ. ئۆيدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئوقى تۈگەپ كەتكەچكە، 33 ئادەم تۇڭگانلارغا ئەسىرگە چۈشىدۇ. غال-جىرلاشقان تۇڭگان ئەسكەرلەر بۇ 33 ئەسكەرنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلايدۇ. تۇڭگانلاردىن 31 ئادەم ئۆلىدۇ، 6 سى يارىدار بولىدۇ.

**خوجانىياز ھاجى پەيزاۋاتتا**

خوجانىياز ھاجى يېڭىئاۋات ۋە قابىلنىڭ كۆۋرۈكىدىكى ئۇ-رۇشلاردىن كېيىن، پەيزاۋاتنىڭ جەنۇبىدىكى چولاق كەنتى ئار-قىلىق ئافاق خوجىغا بېرىپ، ئۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى يەنى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يەنە پەيزاۋاتقا قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەردىكى تۇڭگان ئەسكەرلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇرۇش ئىككى يېرىم سائەت داۋاملىشىدۇ. بۇ قېتىم تۇڭگان ئەسكەرلەر بەرداشلىق بېرەلمەي قەشقەر يېڭىشەھەرگە قاچىدۇ. خوجانىياز ھاجى ئەسكەرلىرى تۇڭگانلارنى شاپتۇل يېزىسىنىڭ بازىرىغىچە قوغلاپ، ئاندىن ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كېلىپ، ئاشلىق ئامبى-رىدىن ئاشلىق، مايلارنى ئېلىپ ئاتۇش تەرەپكە ماڭىدۇ. خوجانى-ياز ھاجى پەيزاۋاتتا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا ناھىيە ھاكىمى لى شيەنجاڭ يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلارغا بىر پارچە مەخپىي خەت ئەۋەتىدۇ. خەتتە «خوجانىياز ئازغىنە ئەسكىرى بىلەن پەيزاۋاتتا تۇرۇۋاتىدۇ، كېچىلەپ دەرھال كېلىڭلار، ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئىمكا-نىيىتى بار» دېيىلگەن. ئەمما بۇ خەت خوجانىياز ھاجىنىڭ قو-

لىغا چۈشكەن ئىدى. خوجانىياز ھاجى لى شىيەنجاڭدىن بۇ ئەھۋالنى سورىغاندا، بۇ ئىشنى ئىللا ـ بىللا مەن قىلمىدىم، ئەـ گەر مەن تۇڭگانلارغا خەت يازغان بولسام ئۆلۈمگە لايىق بولاي، دەيدۇ. خوجانىياز ھاجى خەتنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويغاندا، ئۇ خەتنى كۆرۈپ يەردە ئۆمىلەپ تۇرۇپ «مەن خاتا قىپتىمەن» دەپ جىنايەـ تىگە تەن بېرىدۇ. مەھمۇت شىجاڭ چوكانىياردا تۇرۇۋاتقان مەز ـ گىلدىمۇ تۇڭگانلارغا خەت يازدىڭ، ئۇ خەتنى قوللاق دېگەن ئادەم پىيادە ئېلىپ باردىمۇ؟ دەپ سورىغاندا، بۇنىڭغىمۇ ئىقرار بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجى ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى ھامۇتخان لۇجاڭغا لى شىيەنجاڭنى بىرتەرەپ قىلىۋېتىشنى بۇيرۇيدۇ. ھاـ مۇتخان لۇجاڭ ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئىچىدىلا ئۇنى ئېتىپ ئۆلـ تۈرىدۇ.

**ئارغۇدىكى ئۇرۇش**

خوجانىياز ھاجى 1934 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىدىن ئاشلىق، ياغلارنى ئاـ تۇشقا ماڭدۇرۇپ بولۇپ، لى شىيەنجاڭنى ئۆجۈقتۇرۇۋېتىپ، شۇ كۈنى كەچتە بىرقىسىم ئادەملىرى بىلەن خۇشئاۋات، كاتتايلاق ئارقىلىق 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سۈبھى ۋاقتىدا ئارغۇغا كېـ لىپ، شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان 200 چە تۇڭگان ئەسكەرنى قورشىۋېـ لىپ، 22 ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرمۇنچە قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا، ئاتلارنى ئولجا ئالىدۇ. قالغان تۇڭگان ئەسكەرلىرى جېنىنى ئېلىپ ئاتۇش بازىرىغا قاچىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتۇش بازىرىدا 800 چە تۇڭگان ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇلار ئارغۇدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال ئارغۇغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىگەندە ئۇرۇش باشلىنىپ خۇپتەنگىچە داۋاملىشىپ، ئاـ خىرى خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولىدۇ. خوجانىياز ھاجى بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن ئۇلۇغچاتقان ماڭىدۇ. تۆەنجاڭ سەمەت ھاجى، نىياز دوتەي دېگەن كىشىلەر 500 ئەسكەر بىلەن تاغ ئارىلاپ چېكىنىپ كاتتايلاقنىڭ ئايىغىغا چىقىپ، قاراڭغۇلۇق

ئارقىلىق قارا يۇلغۇنغا كېلىدۇ. ئۇ يەردە ئات ـ ئۇلاغلىرىنى تويغۇزۇۋېلىپ ئاندىن مارالبېشىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسى ئارقىلىق مەكىتكە كېلىدۇ. خوجانىياز ھاجىلار ئارغۇدىكى ئۇرۇشتا تۇڭگان ئەسكەردىن 60 نى ئۆلتۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن 12 سى چىقىم بولىدۇ. توقسۇنلۇق ئابدۇلھەمىت ئاخۇن بىر تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ بوغاز تەرەپتىن كەلگەن تۇڭگان ئەسكەرلەرنى ئۆتكۈزمەيدۇ. ئاخىرى تۇڭگانلار ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئۇنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلايدۇ. بىراق ئۇ تەسلىم بولماي ئوقى تۈگىگىچە ئېتىشىپ قۇربان بولىدۇ. ئۇ تۇڭگانلارنىڭ ئىككى باشلىقى، 11 ئەسكىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. تۇڭگان قوشۇنىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ دېيىشىچە «ئۆلگەن 13 تۇڭگاننىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىغا ئوق تەگكەنىكەن. ئەگەر ئوقى يېتەرلىك بولغان بولسا، ئابدۇلھەمىت ئاخۇننىڭ يېنىغا ھېچكىم بارالماسكەن. چۈنكى ئۇنىڭ تۇرغان يېرى ناھايىتى ئەپچىل، مۇداپىئەلىنىشكە ناھايىتى باب يەر ئىكەن». بۇ ئەسكەر ناھايىتى ئەقىللىق، باتۇر، مەرگەن بولۇپ، ئۇششاقتالدىكى ئۇرۇشتىمۇ ناھايىتى قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنىكەن.

# قەشقەرنىڭ 1933 ـ يىلدىن 1946 ـ يىلغىچە بولغان مەتبەئەچىلىكى ۋە نەشرىياتچىلىقى

مۇھەممەد ئىمىن قۇربانى

قەشقەردە مەتبەئەچىلىك 20 ـ ئەسىر كىرىشى بىلەنلا پەيدا بولغان، ئۇ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. تاش مەتبەئە: بۇ مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئابدۇلۋارىس ئوغلى دوستلىرىنىڭ ياردىمىدە سىرتتىن سېتىۋال ـ غان باسما ماشىنىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا قەشقەردە قۇرۇلغان «ئۆلى ـ مالار جەمئىيىتى» تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «نەسىھەتى ئاممە» ۋە «40 ھەدىس» قاتارلىق رىسالىلەر، دىنىي تەشۋىقات ۋەرەقلىرى، ئابدۇقادىر داموللام ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن بولغان ئالىمجان ئەلبارۇدىنىڭ كىتابلىرىدىن پارچىلار قاتارلىق دىنىي ئەسەرلەر بېسىلغان، بۇ مەتبەئە ئابدۇقادىر داموللام سۇيىقەستكە ئۇچراش سەۋەبلىك ئىشلىتىشتىن قېلىپ، بۇزۇلۇپ يوقالغان.

2. مىللىي مىخ مەتبەئە: بۇ قەشقەرلىك مۇھەممەد ئاخۇن خەلپىتىم دېگەن كىشىنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، بۇ مەتبەئەنىڭ ھەرپلىرى كەسمە شەكىلدە ياغاچتىن ئويۇلغان، ھەرپ شەكلى قوغۇشۇن ھەرپلەرگە نىسبەتەن سەل قوپالراق بولسىمۇ، سۈپەت جەھەتتە خەتلىرى كۆركەم ۋە ياخشى ئىدى. بۇ مەتبەئە ئۇيغۇر دىنىي جەمئىيىتىگە زور خىزمەت كۆرسەتتى. بولۇپمۇ شىنجاڭ ـ نىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى سۇسلاشقان مەز ـ گىللەردە ئىسلام دىنىدىكىلەرنى دىنىي دەرسلىكلەر بىلەن تەمىن ـ لىدى. بۇ مەتبەئەدە «ھەپتىيەك» زىر ـ زەبەر بەلگىلىرى بىلەن بېسىلىپ، تالىپلار ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەنگەن. شۇنىڭدەك ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «ئاقائىدى زۆرۈرىيە» (زۆرۈر ئەقىدىلەر)،

«ئىبادەتى ئىسلامىيە»... قاتارلىق دىنىي تەلىم كىتابچىلىرى بېسىلغان.

3. قوغۇشۇن مەتبەئە: بۇ مەتبەئە 1 ـ قېتىم شۋېت دىن تارقاتقۇچىلىرى تەرىپىدىن 1905 ـ يىلىدىن كېيىن ياۋروپادىن كەلتۈرۈلگەن، 2 ـ قېتىم 1937 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن كەلتۈرۈلگەن.

شۋېتسىيىنىڭ «سۋېدىش مىسسىئون» مەتبەئەسى قول بىلەن ئايلاندۇرۇلىدىغان مەتبەئە بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىلايتتى، چوڭىدا گېزىتلەرنى باسقىلى بولسا، كىچىكىدە كىشىلەرنىڭ تالون قاتارلىق بۇيرۇتمىلىرىنى بېسىشقا بولاتتى. ئۇنىڭ ھەرپلىرى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەرپلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ھەرپلەرمۇ ئىككى خىل بولۇپ، بىرى زىر ـ زەبەرلىرى بار، يەنە بىرى زىر ـ زەبەر بەلگىلىرى يوق ئادەتتىكى ھەرپ ئىدى، بۇمۇ چوڭ ـ كىچىك، ئوتتۇرا دەپ بىرنەچچە خىلغا بۆلۈنەتتى.

شۋېت مەتبەئەسى 20 يىللاپ خرىستىئان دىنى تەرغىباتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. سانسىزلىغان رىسالىلەر بېسىلىپ خەلققە تارقىتىلدى. نۇرغۇنلىغان كالېندارلار بېسىلىپ سېتىلدى، تىجارەتچىلەرنىڭ سودا تالونلىرى بېسىلىپ كىرىم قىلىندى. بۇ مەتبەئە 1936 ـ يىلغىچە قەشقەردە چىقىرىلغان گېزىتلەرنى بېسىپ بېرىپ پايدا تاپتى. بۇ مەتبەئە ھۆكۈمەت تەرەپتىن مۇسادىرە قىلىنغاندىن كېيىنلا ئاندىن قەشقەر شۋېتلارنىڭ مەتبەئەچىلىك جەھەتتىكى ئىقتىسادىي مونوپولىيىسىدىن قۇتۇلدى.

قەشقەردە باسمىدا بېسىلغان گېزىت 1933 ـ يىلدىن باشلاپ خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

1 ـ قېتىم نەشر قىلىنغان گېزىت «ئەركىن ھايات» گېزىتى بولۇپ، بۇ قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان، بۇ گېزىت باشتا بىر بەت، كېيىن ئىككى بەت بولۇپ چىقتى. بۇ گېزىتنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنى يېڭى ھايات ئۈچۈن ئويغىتىش، بىلىملىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش ئىدى.

بۇ گېزىت پەقەت ئىككى يېرىم ئايلا نەشىر قىلىندى.

2 ـ قېتىم نەشر قىلىنغان گېزىت «شەرقىي تۈركىستان هاياتى» ناملىق گېزىت بولۇپ، بۇ گېزىت تۆمۈر شىجاڭ سۈيىقەستكە ئۇچراش بىلەن ئەمەلدىن قالغان «ئەركىن هايات» گېزىتىنىڭ ئورنىنى باسقانىدى. لېكىن بۇ گېزىتمۇ ئۈچ ئايلا ئۆمۈر كۆردى.

شۇ چاغلاردا مۇهەممەت ئىمىن سوپىزادىنىڭ مۇهەررىرلىكىدە « ئىستىقلال» ناملىق ژۇرنالمۇ بىر سان چىقىرىلغانىدى. بۇ ژۇرنال ماجۇڭيىڭ قوشۇنى قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىشى بىلەن ئەمەلدىن قالدى.

3 ـ قېتىم نەشر قىلىنغان گېزىت «يېڭى هايات» گېزىتى بولۇپ، 1934 ـ يىل 23 ـ ئاۋغۇستتىن باشلاپ قۇتلۇق هاجى مۇهەررىرلىكىدە چىقىشقا باشلىغان. بۇ گېزىت باشتا ئابدۇكېرىم خان مەخسۇم مۇدىرلىقىدىكى قەشقەر مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىمئانىگە تايىنىپ چىقىرىلدى، 1936 ـ يىلدىن باشلاپ، قەشقەردە قۇرۇلغان قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدا داۋاملىق چىقىرىلدى. ئۇنى 1937 ـ يىلى كىرىشى بىلەن قۇرۇلغان «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى باشقۇردى.

«يېڭى هايات» گېزىتى «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، يېڭى مەتبەئەدە بېسىلىپ، خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان گېزىتىگە ئايلىنىپ، تىراژى 27 مىڭدىن ئاشتى. بۇ گېزىت ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۆسۈشى ئۈچۈن زور تۆهپە قوشتى.

خەلق ئاڭ ـ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن شېڭ شىسەي 1937 ـ يىلنىڭ بېشىدىلا بۇ گېزىتنى توختىتىۋەتتى.

4 ـ قېتىم چىققان گېزىت «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» بولۇپ، بۇ گېزىت نامىنىڭ مەلۇم دەۋرلەردە ئۆزگەرگىنىنى هېسابقا ئالمىغاندا، ئۇزۇن يىل داۋاملاشتى.

# شىنجاڭدا تۇنجى مەتبەئە كارخانىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى

پەتتار تۇرسۇن ئىدىقۇتى

شېڭ شىسەي 1933 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە «12 ـ ئاپرېل» سىـ-ياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ـ ھەربىي ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆزىنى شىنجاڭنىڭ دۇ-بەنى دەپ جاكارلىدى. 1935 ـ يىلى 4 ـ ئايغا كەلگەندە «قوشنىـ يەم بىلەن ئالداش، ئادەمنى گەپ بىلەن» دېگەندەك شۇم غەرىزىنى ئىشقا سېلىپ، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئالداپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالدى.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ بىر نەچچە يىل ئۆتمەيلا ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە يەنى ئىلى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئالتايلاردا ئۇيغۇرچە، قازاقچە گېزىتلەرنى نەشر قىلدۇردى. گېـ-زىتكە كېرەكلىك مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىـ-پاقىدىن ئېلىپ كېلىندى. ئىككىنچى قەدەمدە شىنجاڭدىكى پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش، مالىيە ـ ئىقتىسادنى ئۆلكە مالىيەـ-سىگە جۇغلاش، ئۆلكىدە بىر تۇتاش پۇل تارقىتىپ، قەشقەر رايو-نىدىكى «قەشقەر قەغەز پۇلى»، ئىلى رايونىدىكى «ئىلى قەغەز پۇ-لى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پىلانىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭدا مەخسۇس پۇل، تالون، چەك باسىدىغان مەتبەئە كارخانىسىنى قۇرماقچى بولدى. بۇ مەتبەئە كارخانىسىنى ئۈرۈمچى چوڭ كۆۋ-رۈكتىكى «فۇمىن» (阜民) توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئورنىـ-غا سېلىشنى بېكىتتى. «فۇمىن» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 1928 ـ

يىللىرى ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، 1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ما جۇڭيىڭ تەرىپىدىن ئوت قويۇپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. بۇ فابرىكىنىڭ ئورنى بوش قالغاچقا، شېڭ شىسەي بۇ ئورۇننى تاللاپ مەتبەئە كارخانىسى قۇرۇشقا جىددىي تەييارلىق قىلدى.

شېڭ شىسەي 1936 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بەش مىليون رۇبلى ئېلىپ، بىر قىسىمىنى مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرى كىرگۈزۈشكە خىراجەت قىلدى. 1937 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 1 ـ تۈركۈمدە سېتىۋېلىنغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە قوغۇشۇن مىخ ھەرپلەر، نابور تىزىش كاسسىلىرى، نابورغا دائىر ماتېرىياللار چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈلدى. 2 ـ تۈركۈمدە يەنى 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى چوڭ تىپتىكى سۇ ـ رەت تارتىش ئاپپاراتى، بەت قاقلاش (قۇرۇتۇش)، بەت يۇيۇش، رەڭ ئايرىش، پۈتۈن تاۋاقلىق رېزىنكە بەتلىك باسما ماشىنىسى، قە ـ غەز پۇل، تالون ـ زايومىلارغا ئاپتوماتىك نومۇر بېسىش ماشىنى ـ سى، پۈتۈن تاۋاقلىق قەغەز كېسىش ماشىنىسى، تۈپلەش ـ پادى ـ يوم قىلىش ماشىنىسى ھەم مۇقاۋا، قەغەز پىرسلاش ماشىنىسى، قاتلانغان قەغەزلەرنى تېڭىش ماشىنىلىرى، كىتاب تىكىش، توك چىقىرىش، پار بېرىش ماشىنىلىرى كەلتۈرۈلدى.

بۇ زاۋۇتنىڭ كۆلىمى 24 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر بولۇپ، غەربىي شىمال بويىچە كۆلىمى چوڭ، مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرى مۇ ـ كەممەل زاۋۇت قىلىش پىلانلانغانىدى. بۇ مۇھىم ۋەزىپىگە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزا ـ سى، شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى قويدى. جۇ بىننىڭ ئەسلىي ئىسمى ماۋ زېمىن بولۇپ، شۇ چاغدا جۇ بىن جۇ نازىر دەپ ئاتىلىدىكەن. ماۋ زېمىن قۇرۇلۇۋاتقان باسما زاۋۇتنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇپ كۆڭۈل قويۇپ رەھبەرلىك قىلدى. 1938 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىۋانوف، ئا. بۇركىن، زىبكىن قاتارلىق 13 مۇتەخەسسىس، ئىنژېنېر، تېخنىك كەلدى. ماۋ زېمىن ئۇلار

بىلەن باسما زاۋۇتىنىڭ ئىشخانا، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنى بىر-خەتەر قۇراشتۇرۇش، تېز پۇتتۇرۇش، تېخنىكا كۈچلىرىنى ۋاقتىدا، يارامىلىق تەربىيىلەش، ئىلمىي باشقۇرۇش پرىنسىپلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ماۋ زېمىن زاۋۇتقا ئۇرۇمچى شەھىرىدىن ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق 100 ياش ئوقۇغۇچىنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا بۇرۇنقى «فۇمىن» توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلىگەن ياش تېخنىك ئىشچىلارنىمۇ ئاز نىسبەتتە قوبۇل قىلدى. ئۇلارنى قىسقا مۇددەت تەربىيىلەپلا ئىش ھالقىلىرىغا تەقسىم قىلدى. مۇشۇ ئاساستا تۇنجى ئەۋلاد مەتبەئە تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنى بارلىققا كەلدى. تەربىيىلەنگەن كۇرسانتلار 1938 ـ يىلى ھەرقايسى ئىش ھالقىلىرىدا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ مۇستەقىل مەشغۇلات قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. بۇ پېرىم يىل جەريانىدىكى كۇرسلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنژېنېر، تېخنىكلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۇنۇم، سەرپىيات ئىلمىي باشقۇرۇش كۇرسەتكۈچى بويىچە دەرس ئۆتتى.

1938 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ماۋ زېمىن شىنجاڭ باسما زاۋۇتىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ لېنتا كەستى. باسما زاۋۇت رەسمىي ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، ئاساسىي ۋەزىپىسىنى شىنجاڭ قەغەز پۇلىنى بېسىش بولدى. 1941 ـ يىلى شېڭ شىسەي «ئىسلاھات» زايومىنى بېسىپ تارقاتتى. قەغەز پۇلغا ۋە «ئىسلاھات» زايومىغا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە خەت بېسىلغانىدى. بۇ زاۋۇتتا شىنجاڭ قەغەز پۇلىدىن سەككىز خىلى بېسىلغاندىن سىرت، شىنجاڭ ئۆلكىلىك «ئىسلاھات» زايومىدىن بىر نەچچە خىلى بېسىلدى. شۇ چاغدا زاۋۇت شىنجاڭ مالىيە نازارىتىگە بىۋاسىتە قارايتتى.

1945 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەيدىن ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىنمۇ بۇ زاۋۇت يەنىلا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتىنى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىنگونىڭ قەغەز

پۈللىرىنى بېسىپ تۇردى. بۇ 10 يىل (1936 ــ 1945) جەريا-
نىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇتەخەسسىس، ئىنژېنېرلىرى يېڭى
مەتبەئەچىلىك ھۈنىرىنى، بولۇپمۇ مىخ مەتبەئە، تەكشى مەتبەئە،
قاتتىق مۇقاۋىلاش، ھەرپ قويۇق قاتارلىق ھۈنەرلىرىنى بىزگە
قالدۇردى. شىنجاڭ باسما زاۋۇتى بوران ـ چاپقۇنلۇق 11 يىلنى
باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، 1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ
كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.


1952 ـ، 1953 ـ يىللىرى شىنجاڭ باسما زاۋۇتى ئاساسلى-
قى كىتاب ـ ژۇرناللارنى بېسىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى،
ماشىنا ـ ئۈسكۈنە، تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇشنى دۆ-
لەت نەشرىيات ـ باسما ئورگىنى تىزگىنلىدى. 1953 ـ يىلدىن
باشلاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ قارىمىقىدا بولدى.

1953 ـ يىلى شىنجاڭ باسما زاۋۇتى «ئالغا گېزىتى»، لىچۈن
سانائەت شىركىتى باسما زاۋۇتى (يىڭۋېن باسما زاۋۇتى) بىلەن
بىرلەشتۈرۈلدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 390گە يەتتى. بۇ
زاۋۇتتا شىنجاڭنىڭ ئاشلىق بېلىتى، رەخت بېلىتى، گۆش، شې-
كەر، تاماكا ۋە پاختا بېلەتلىرى يەنە دەپتەر، تالون، چەك، بانكا
ھېسابات دەپتىرى، خەزىنە چېكى قاتارلىقلارمۇ بېسىلدى. بۇ
زاۋۇت شىنجاڭ بويىچە بىردىن بىر نۇقتىلىق مەتبەئە كارخانىسى
بولغاچقا، ھەرخىل نازۇك باسما مەھسۇلاتلىرى ــ داھىيلارنىڭ
سۈرەتلىرى، كىتابلىرى، مەھسۇلات ماركىلىرى مۇشۇ زاۋۇتتا
بېسىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زاۋۇت نامى «قىزىل
قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن «كونا قالدۇق»، «كونىلىق» دەپ قارد-
لىپ «شىنجاڭ ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەر باسما زاۋۇتى» دەپ
ئۆزگەرتىلدى.

1978 ـ يىلى زاۋۇتنىڭ نامى «شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇ-
تى» دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1938 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە مەت-
بەئە ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھەممىسى چەت ئەلدىن كىرگۈ-

زۇلگەنىدى. 1960 ـ يىللاردىن كېيىن دۆلىتىمىز «ئۆز كۈچىگە تايىنىش» دېگەن چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەتبەئە ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزى ياساپ، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان سەۋ-ىيىگە يەتكەندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدە ياسالغان ئۈسكۈنىلەر ئىشلىتىلدى.




مەزكۇر زاۋۇتتا بېسىلغان ئۆلكە پۇلى ۋە ئاشلىق بېلىتى

1984 ـ يىلى گوۋۇيۈەن ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون-لۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ مەتبەئەچىلىك ھۈنەر ـ سەن-ئىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپلىگەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ھېيدېلبېرگ رەڭلىك باس-ما ماشىنىسى (گېرمانىيە)، رەڭ ئايرىش ماشىنىسى (ياپونىيە)، لازېر نۇرلۇق نابور تىزىش ماشىنىسى — لىنوتىپ (ئەنگلىيە)، موللېرمارتىن (شۋېيتسارىيە)، فوتونابور (دۆلىتىمىزدە ئىشلەن-گەن) قاتارلىقلار ۋە بەت قاتلاش، مۇقاۋىلاش، كېسىش، تۇپلەش، تىكىش، يېلىملاش بىر گەۋدە قىلىنغان تۇپلەش ماشىنىسى قا-تارلىقلارنى كىرگۈزدى،

شىنخۇا باسما زاۋۇتى كۆپ مىللەت توپلاشقان، كۆپ خىل تىلدا كىتاب ـ ژۇرنال باسىدىغان زاۋۇت، نۆۋەتتە زاۋۇتنىڭ

ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 1206گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەۋاتقانلار 566، دەم ئېلىشقا چىققانلار 640. ھازىر شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، موڭغۇلچە، شىبەچە ھەم خەنزۇچىدىن ئىبارەت ئالتە خىل يېزىقتا كىتاب ـ ژۇرنال بېسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىش مەنبەسى تولۇق بولۇپ، دەرسلىكلەرنىڭ 85%نى، ھەرقايسى نەشرىياتلارنىڭ، بانكىلارنىڭ، شىركەتلەرنىڭ، شەخسلەرنىڭ ھەرخىل ژاكازلىرىنى باسىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ كىتاب ـ ژۇرناللىرىنى ۋاكالىتەن بېسىپ بېرىشنىمۇ ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا بۇ مەتبەئە كارخانىسى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق كارخانا ھەمدە غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە بويىچە مۇئەسسەسىلىرى تولۇق، يۇرۇشلەشكەن، زامانىۋىلاشقان مەتبەئە كارخانىسى.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 6 ـ سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى.

2. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزۈلگەن خەنزۇچە ئىچكى ماتېرىيال. 1988 ـ يىل.

# قەشقەردە تۇنجى قېتىم سىزىلغان خەرىتە

## ئوسمان مۇھەممىدى قاراقۇتلۇق

1960 ـ يىللىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ چاسا رايونىغا قاراشلىق ئەلگەكچى كوچىسىدا ئەھمەد ئاخۇن ئاتىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغانىدۇق (هازىرقى 248 ـ نومۇرلۇق ئۆي). ئۆينىڭ ئاستى ئامبار بولۇپ، يار (ئارايار) لېۋىگە ناھايىتى پۇختا قىلىپ سېلىنغانىدى. مېھمانخانا ئۆينىڭ دېرىزىسى جەنۇبقا (ئارايار يولى تەرەپكە) قارىغاچقا، ئۆي ئىچى ناھايىتى يورۇق ئىدى. ئۆينىڭ شىمال تېمىغا دۇنيا خەرىتىسى سىزىلغان بولۇپ، بىر بۇرجىكىگە يوغان قىلىپ «1918» دېگەن رەقەم يېزىلغانىدى. بۇ رەڭلىك خەرىتە بولۇپ، تەخمىنەن بىر كۋادرات مېتىرچە كېلەتتى. كېيىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىن تام توسۇلۇپ، خەرىتە سىزىلغان ئورۇننىڭ ئاستىدىن تامنى تېشىپ كىچىك ئىشىك ئېچىلغانىدى. بىز بۇ ئۆيگە شۇ ئىشىكتىن كىرىپ ـ چىققاچقا، خەرىتىنى دائىم كۆرۈپ تۇراتتۇق. هازىرغىچە شۇ خەرىتىدىكى مسكو، (موسكۋا) پكىن، (بېيجىڭ) كاشغر (قەشقەر)... دېگەن خەتلەر يادىمدا ئېنىق تۇرۇپتۇ. شۇ مەزگىللەردە مەن قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە، سىڭلىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتۇق. دەم ئېلىش كۈنلىرى بىز خەرىتىدىن شەھەر ناملىرىنى تېپىپ ئوينايتتۇق (بۇ بىز ئۈچۈن تولىمۇ قىزىقارلىق ۋە ئەقىل سىنايدىغان ئويۇن ئىدى). هويلىدىكى تاملارغا ھەر خىل ئەقلىيە سۆزلىرىنى ھۆسنخەتچىلەپ يازاتتۇق. شۇ چاغدا ئۆي ئىگىسىنىڭ تېبىبى تېخنىكۇمدا ئوقۇۋاتقان قىزى نۇرگۈل بۇلارنى كۆرگەن ئىدى (نۇرگۈل خانىم چاسا دوختۇرخانىدا دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر دەم ئې-

لىشقا چىقتى).
1990 ـ يىللىرى مەن تارىخچى مۇھەممەد ئىمىن قۇرباند-ىنىڭ «قەشقەردىكى يادىكارلىقلاردىن تەرمىلەر» دېگەن كىتابىدى-كى «قەشقەردىكى تۇنجى خەرىتە» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىمدا نۇرگۇل خانىمنىڭ ئۆيىدە شەھەر ناملىرىنى تېپىپ ئويۇن ئوينايدىغان ھېلىقى تامدىكى خەرىتە ئېسىمگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن نۇرگۇل خانىم بىلەن كۆ-رۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى تامغا سىزىلغان ھېلىقى خەرىتىد-ىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىدىم. ئۇ ناھايىتى ئەپسۇسلىنىپ: ـ ھەي، ئۇ خەرىتىنىڭ قىممەتلىك ئاسارئەتىقە ئىكەنلىكىنى بىل-مەپتىمىز، كېيىن مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرغان كىشىلەر شۇ تامنىڭ خەرىتە بار ئورنىغا ئىشىك ئاچقاندا خەرىتە بۇزۇۋېتىلىپتۇ، ـــ دېدى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەنمۇ تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە ئەپ-سۇسلاندىم. 1918 ـ يىلى سېلىنغان بۇ ئىمارەت ئۇيغۇر ئۇس-تاملارنىڭ بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى نامايان قىلىپ ھا-زىرغىچە مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ دەۋردە نامەلۇم سەنئەتكارلىرىمىز تەرىپىدىن سىزىپ قالدۇرۇل-غان بۇ بىباھا مەدەنىي مىراس خەلقىمىزنىڭ نادانلىقى تۈپەيلى-دىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ يوقالغان.
ئەينى چاغدا تامغا سىزىلغان شۇ رەڭلىك خەرىتە بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى خەرى-تىسىدىن 900 يىل كېيىن سىزىلغان بولسىمۇ، ئەمما 1933 ـ يىلى تاتار ئالىم ئەھمەت فەرىد ئابباس تەرىپىدىن قەشقەر دوتەي يامۇلىنىڭ ئالدىدىكى تامغا سىزىلغان، داڭلىق سىرچى ـ نەق-قاش نامانخان ئۇستام رەڭ بەرگەن خەرىتىدىن 15 يىل بۇرۇن سىزىلغان، شۇنداقلا تەرەققىيپەرۋەر، بىلىملىك ئەجدادلىرىمىز-نىڭ ئېسىل مەدەنىيەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنىڭ ناما-يەندىسى ئىدى.
ئەلگەكچى كوچىسىدىكى بۇ ئۆينى مەرىپەتپەرۋەر، غايىلىك

سودىگەر ئابدۇرېھىم ماموت (1880 ـ 1918) سالدۇرغان، ئۇ ئەھمەت ئاخۇن ئاتىنىڭ ئاكىسى ئىدى. ئابدۇرېھىم ماموت قەشقەردىكى ئاتاقلىق ئالتۇن سودىگىرى بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى نىسبەتەن مەلۇماتلىق، يېڭىلىقنى قوللايدىغان، ئىلغار غايىلىك ياش بايلاردىن ئىدى. ئۇ «سەرراپ» دېگەن نام بىلەن خەلققە تونۇلغان. ئەينى چاغدا مائارىپ، مەدرىسە ـ مەسچىت، يول، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرىغا ۋە خەيرى ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ياردەم قىلغان. ئۇنىڭ خېلى كۆپ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى بالدۇر كەلگەن ئەجەل سەۋەبىدىن ۋۇجۇتقا چىقماي قالغان.

ئابدۇرېھىم سەرراپ 1918 ـ يىلى ئەلگەكچى كوچىسىدىكى ئىمارىتىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، تۆشۈك دەرۋازىسىدىكى مەسچىتنى سالدۇرۇۋاتقان چاغدا بەختكە قارشى قازا قىلىدۇ. ئۇ ئاغرىپ قېلىپ شۇ چاغدا قەشقەردە تۇرۇۋاتقان شۋېت دوختۇرىغا كۆرسىتىلگەندە، دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىرەر نەرسىدىن زەھەرلەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزىبىر ئىچى يامان، قورسىقى تار، كۆرەلمەس ھەسەتخور بايلار ئۇنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ، تامىقىغا زەھەر سېلىپ بەرگەنمىش.

# چىن دوستلۇقنىڭ يالدامىسى

مەھمۇد زەيىدى

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1941 ـ يىلى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىـ رىدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا ئېكسپېدىتسىيە خادىملىرىـ غا جەنۇبىي شىنجاڭ دالىلىرىدا رۇسچە تەرجىمان بولغانىدى. شۇ جەرياندا رۇس مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن، بولۇپمۇ قىرغىز يىگىتى ئاقيول بىلەن يېقىن دوست بولۇشقان.

## سەپەردىكى چىن دوستلۇق

قىرغىز يىگىت ئاقيول جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، تاشقورغان، يەكەن، خوتەننىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولغان بۇ گۇرۇپپىغا يول باشلاپ ماڭغان. ئۇ لۇتـ پۇللا بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى. شۇ قېتىمقى سەپەر ناھايىتى جاپالىق بولۇپ، تاغ يوللىرى ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردا ئات ـ ئۇلاغلىقلا يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ چاغدا شەرت ـ شارائىت بەك ناچار بولغاچقا، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە يېپىنچىلارنى بىللە ئېلىپ يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. قونالغۇدا كەچلىكى شامنىڭ يورۇقىدىن پايدىلىنىلاتتى.

1941 ـ يىلى 7 ـ ئايلاردا بۇ گۇرۇپپا قەشقەردىن پامىر ئېگىزلىكىگە سەپەر قىلىدۇ. گۇرۇپپا قەشقەردىكى قىرغىز ئۇيۇشمىسىدا تۇرغان چاغدا لۇتپۇللا قىرغىز يىگىت ئاقيول بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن پاتلا چىقىشىپ قالىدۇ، گۇرۇپپا يول باشلىغۇچىغا مۇھتاج ئىدى. لۇتپۇللانىڭ تەسىرى بىلەن ھېلىـ قى قىرغىز يىگىت بۇ جاپالىق سەپەردە يول باشلاپ مېڭىشقا رازى بولىدۇ. ئۇلار تاشقورغان، قىزىلتاغ، قوشراپ، يەكەن قاـ

تارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، تاكى خوتەندىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان قاراڭغۇ تاغ ئەتراپىغىچە باردى، بۇ جەرياندا گۇرۇپپىدىكىلەر ئويۇن ـ چاقچاق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بولۇپمۇ لۇتپۇللا بىلەن ئاقىيول ئىككەيلەن سەپەردە بىللە يېتىپ ـ قوپۇش، غىزادا بىللە بولۇش جەريانىدا سىرداشىپ، چىن دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ، ئۇزۇن يولدا دوستلار ناخشا، چۆچەك، ھېكايىلەرنى ئېيتىشىدۇ. دوستلۇق بۇ زېرىكىشلىك، ئۇزۇن يولنى قىسقارتىدۇ، سەپەردە لۇتپۇللا قولىغا قەلەم ئېلىپ خاتىرە دەپتىرىگە تەسىراتىنى ۋە شېئىرلارنى يازىدۇ، چالا ساۋات ئاقىيولغا خەت ئۆگىتىپ، ساۋاتىنى چىقىرىدۇ. ئاقىيول لۇتپۇللانىڭ يازغان شېئىرلىرىنى كۆچۈرۈپ چىقىدۇ ھەم ھەۋەس بىلەن ئوقۇپ يادلايدۇ. ئۇلار يول ماڭغاچ نۆۋەت بىلەن شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشىدۇ. ئاقىيول بىر تەرەپتىن بۇ شېئىرلارنى ساۋات چىقىرىش دەرسلىكى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ شېئىرلار ئارقىلىق ئۆزىنى بەدىئىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ ئېلغار ئىدىيە بىلەن قوراللاندۇرىدۇ. ئۇ كۆچۈرۈپ بىر دەپتەرنى توشقۇزىدۇ. ئاقىيول بۇ دەپتىرىنى 40 نەچچە يىل ئاۋايلاپ ساقلاپ كەلگەن.

## قايتا تۇغۇلغان مۇتەللىپ

ئەقىدە ـ ئېتىقاد كىشى ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى خورنىماس كۈچتۇر (خاتىرە دەپتىرىمدىن).

1941 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى شىمۇرغانلىق بىر كەچلىكى گۇرۇپپا ئەزالىرى ئۆز ئىشىنى يىغىشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، چۈنكى شۇ كۈنى ئالاقىچى دەرھال ئىشنى توختىتىپ ئۈرۈمچىگە قايتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئېلىپ كەلگەنىدى. گۇرۇپپا بۇ جىددىي بۇيرۇقتىن خەۋەر تېپىپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قاراڭغۇ تاغ رايونىدىن يولغا چىقىپ، 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرگە قايتىپ

كېلىدۇ ۋە بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرماي ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىدۇ. بۇ ئارىلىقتا يول باشلىغۇچى ئاقيولمۇ ئەسلىدىكى جايى — سۇباش دېگەن يەرگە قايتماقچى بولىدۇ. لېكىن بىر - بىرىگە ئىجىل بولۇپ قالغان دوستلارنىڭ ئايرىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايدۇ، لۇتپۇللا بۇ دوستىنى كۆكئېرىق يېزىسىنىڭ چېتىگىچە ئۇزىتىپ بارىدۇ، خوشلىشىش ۋاقتىدا ئۇ مۇنۇ سۆزلەرنى قىلىدۇ:

— دوستۇم، سەن بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىشنى مۇنچىۋالا تېز يىغىشتۇرغىنىمىزنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ ھازىر نېمىس فاشىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ، دۇنيادىكى ئاساسىي يۈزلىنىش — فاشىزمغا قارشى تۇرۇش. مەيلى بىز ھازىر ۋە ياكى كېيىن بولسۇن ھامىنى جەڭگە قاتناشماي قالمايمىز. بەلكىم ئۆلكىمىزدىمۇ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن جەڭ، چېلىشلار ئەۋجىگە چىقار، قايسىدۇر بىرلىرىمىز بۇ ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىپ، قايسىدۇر بىرلىرىمىز قۇربان بولۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن. مۇبادا ئەھۋال شۇنداق بولۇپ قالسا، ھايات قالغىنىمىز، كېيىنچە باللىرىمىزغا تارىخىمىزنى ئەسلىتىش يۈزىسىدىن قۇربان بولۇپ كەتكىنىمىزنىڭ ئىسمىنى قويۇپ قويايلى، بۇ دوستلۇقىمىزنىڭ يادنامىسى بولۇپ قالسۇن...

ئادەمنىڭ ياشلىقىدا ئېرىشكەن چوڭقۇر تەسىراتلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەسىرىنى يوقاتمايدۇ، بىرەر ياخشى كىتاب، بىرەر ياخشى ئادەمنىڭ بەرگەن تەسىرى كىشى ئۆمرىدە ئاجايىپ رول ئوينايدۇ، ئاقيول ئەخلاق - پەزىلەتتە لۇتپۇللانىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانىدى. 1944 - يىلى نىلقىدا پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كېڭىيىپ، 1945 - يىلى پامىر ئېگىزلىكىگە تۇتاشقاندا، ئاقيول خەلق قوراللىق قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ جۇشقۇن روھىنى نامايان قىلىدۇ. ۋەزىيەت تېز ئۆزگىرىپ، ئاقسۇدا قىزىل كۈچلەر بىلەن ئاقلار گىرەلىشىپ جەڭ بولغان پەيتلەردە ئاقيولمۇ ناھايىتى جىددىيلىشىدۇ، كېيىن ئۇ لۇتپۇللانىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ چەكسىز قايغۇرىدۇ. ئۇ 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گومىنداڭ

جاللاتلىرىنىڭ لۇتپۇللانى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندا قاتتىق ئېچىنىدۇ ۋە دۈشمەنلەردىن چوقۇم قىساس ئېلىشقا بەل باغلايدۇ. ئۇ قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، لۇتپۇللاچە قەھرىمانلىق بىلەن قەشقەردە ياشلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ۋە ئۇلارنى قورallıq قوزغىلاڭغا تەشكىللەشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ئۇ 1946 ـ يىلى ئەتىيازدا باتالىئون كوماندىرى بولىدۇ. 1946 ـ يىلىدىكى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئىمزالىغان «11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ تەسىرىدە پۈتكۈل شىنجاڭدا دېموكراتىك سايلام ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. مانا شۇ مەزگىلدە ئاقيولمۇ ئاكتىپ تەشۋىقات خىزمىتىدە رول ئوينايدۇ. ئەمما جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇ پائالىيەت گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ «11 ماددىلىق بىتىم» نى يىرتىپ تاشلاپ، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەرەپدارلىرىنى تۇتقۇن قىلىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە قەشقەردە ئاقيولمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. ئۇ تۈرمىدە قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلارغا دۇچ كەلسىمۇ، جەسۇرانە ئىرادىسىنى يوقاتمايدۇ. ئۇ دۈشمەننىڭ قاتتىق ـ يۇمشاق قىيناشلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، 1949 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۈرمىدىن چىقىدۇ.

ئاقيول 1951 ـ يىلى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ نامىدىكى «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى كۆرۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا بۇ شېئىر ئاجايىپ مۆجىزىدەك تۇيۇلىدۇ (بۇ كىتابچىنى سوۋېت يازغۇچىسى ھەسەنوف ئالمۇتا شەھىرىدە «يېڭى ھايات» نەشرىياتىدا ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلدۇرۇپ شىنجاڭغا ئەۋەتىپ بەرگەن. بۇ يىللاردا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى سوۋېت ئۇيغۇر نەشرىياتلىرى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ شىنجاڭغا ياردەم قىلىناتتى).

لۇتپۇللا مۇتەللىپنى كېچە ـ كۈندۈز ياد ئېتىپ كېلىۋاتقان ئاقيول شۇ مەزگىلدە ھاياجان ئىچىدە ئاقسۇغا كېلىدۇ ۋە

لۇتپۇللا مۇتەللىپىنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەيدۇ، قەتلى قىلىنغانلار-نىڭ قەبرىگاھىدا ئۇزاق سۈكۈتتە تۇرىدۇ ۋە لۇتپۇللانىڭ قەبرىسى بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. ئۇ «مەرھۇم دوستۇم لۇتپۇللا، سېنىڭ غايەڭ يولىدا كۈرەش قىلىمەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ بۇ يەردىن ئايرىلىدۇ.

1955 ـ يىلى 9 ـ ئايدا لۇتپۇللانىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىدا مەخسۇس ماقالە بېسىلىدۇ. گېزىت ـ ژۇرناللاردا شائىرنىڭ «يىللارغا جاۋاب»، «يانار تاغلار»، «ماي ـ كۈرەشچان ئاي» ھەمدە «پادىشاھ سامورايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىدۇ. ئاقىيولنىڭ كۆڭلىدە چوڭقۇر ھاياجان ۋە ئۇمىدۋارلىق دولقۇنلايدۇ. شۇ چاغلاردا ئۇ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ، رەپىقىسى ئوغۇل تۇغىدۇ، ئاقىيول خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالىدۇ، نەتىجىدە «لۇتپۇللا!» دەپ ۋارقىرايدۇ، ئۆتكەن يىللارنى، لۇتپۇللا بىلەن بىرگە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەيدۇ، ۋەدىلىرى كۆز ئالدىدىن بىرمۇ بىر ئۆتىدۇ، ئاخىرى ئوغلىغا «مۇتەللىپ» دەپ ئىسىم قويىدۇ.

قىرغىزلاردىن چىققان بۇ جەسۇر ئوغلان ئاقىيول بىلىم ئېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، ئوغلىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىدۇ. مۇتەللىپمۇ مەكتەپتە ياخشى ئوقۇيدۇ. 1984 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى»دە قىرغىز ئوغلى مۇتەللىپنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ پوچتا پونكىتىدا ئىشلەپ ئاممىنىڭ قىزغىن مەدھىيىلىشىگە ئېرىشكەنلىكى خەۋەر قىلىنىدۇ.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ باھار شامىلى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى قاتقان مۇزلارنى ئېرىتتى. ئۇزاقتىن كۆمۈلۈپ قالغان دوستلۇق بۇلاقلىرىنىڭ كۆزى ئېچىلغاندەك، ئاقىيولنىڭ قەلبىدە ئۇزۇن يىللاردىن پىنھان تۇرۇۋاتقان دوستلۇق تۇيغۇلىرى فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. 1982 ـ يىل 12 ـ

ئاينىڭ بىر كۈنى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ خادىمى ئابلى-مىت ئىمىن ئۇنىڭدىن ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بې-رىشنى تەلەپ قىلىدۇ. 60 ياشلار چامىسىدىكى ئاقيول لۇتپۇللا مۇتەللىپنى تىلغا ئېلىپ ھاياجان ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەيدۇ، ئۇنىڭ ياش چاغلىرىدا يادلىۋالغان شېئىرلىرى خۇددى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدا نەقىشلەنگەنىدى. ئاقيول ئاكا شۇ چاغدا 11 پارچە شېئىرنى يادلاپ بەرگەن، ئۇنىڭ تەپسىلىي جەريانى 1984 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە تونۇشتۇرۇلغانىدى، شۇڭا بۇ يەردە تەپسى-لىي توختالماي بۇ شېئىرلارنى بەردۇق.

## لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان شېئىرلىرى

### تەييارلان ئوغلانلار

تۈنلەر ئاخىرىنى تاڭغا ئۇلاشقا،
زۇلمەت ئۆلىمنى دائىم كولاشقا.
تەييارلان ئوغلانلار يەڭلەرنى تۈرۈپ،
تەييارلان، فرونتلاردا،
قىزىتىپ جەڭلەرنى،
ھۆررا توۋلاشقا.

### داۋانلار ئاشمەن

داۋانلار ئاشمەن توختىماي چۈنكى،
داۋانلار ئاشمىسا، مەنزىل كۆرۈنمەس.
چىقمىسا بىر بوران، سۈرۈلۈپ بۇلۇت،
ئارقىدىن ئىللىق ئاپتاپ كۆرۈنمەس.

## راۋابىغىنى يېڭى مۇقامغا چال

راۋابىڭنى يېڭى مۇقامغا سازلىمىساڭ،
كونا مۇقامىڭ، دوستۇم، قۇلاقتا ياقماس.
باغ ياساپ گۈللەر تېرىپ كۆكەرتمىسەڭ،
قاقشال باغدا بۇلبۇللار قانات قاقماس.

«ئاھ، داد» ئېيتمىش ئۆتمۈشنىڭ مىراسى ئۇ،
بۇ مىراستىن ھېچكىم ئۆلۈشمۇ ئالماس.
كۈرەش بىلەن ئالغا چامداش چېغى بۇ،
كۈرەشچانلار فرونتنىڭ ئارقىدا قالماس.

ئېھ، دوستۇم، داتلىما، ئۈمىدلىك بول،
ئۈمىدسىزدىن ئەجدادى ھەم خۇشال بولماس.
ئالغا ئاتلا، تىرمىشىپ، توسقۇنلارنى يار،
شۇندا قىلغان ئارمانلىرىڭ يەردە قالماس.

يۈرەكلىك بول، يېڭىلىقلار يارات تىنماي،
قورقۇنچاقلار يېڭى ئىشقا قول سالالماس.
يېڭى ئىشلار كۈشەندىلىرى توسۇپ ھەرگىز،
بۇ سەپەردىن ئارقىمىزغا ياندۇرالماس.

## قىپقىزىل گۈللەرگە تولسا يەر ـ جاھان

جەنۇبتىن، شىمالدىن تەڭ چىقسا بوران،
ۋەتىنىم ئۈستىدىن تارقىسا تۇمان.
ئارقىدىن كۆرسەتسە قۇياش ھۆسنىنى،
يايرىسا تۇنجۇقۇپ ياتقان ھەر بىر جان.

ياۋۇزلار تەختىنى چاقساق «ھۇررا» دەپ،
قىپقىزىل گۈللەرگە تولسا يەر ـ جاھان.

## كۈرەش مۇشكۈل

كۈرەش مۇشكۈل ھەر قەدەمدە،
ئۇنىڭ مىڭ بىر داۋانى بار.
ئوڭۇشلۇق ئەمەس ئەسلا،
بوران ـ چاپقۇن، تۇمانى بار.

## ئۇلۇغ ئىستەك

مېنىڭ قەلبىمدە بىر ئىستەك،
خەلقىمنىڭ بەختىچۈن ئىشلەش.
كۈرەشتە تاڭ ۋەسلىگە يەتسەم،
بەختىنىڭ قەنتىنى چىشلەش.

## ئېيتقىنا، سەندىن سوراي

ئەي ھىممەت ساي، كەڭرى ساي،
سەندىن ئۆتكەنلەر تالاي.
قاقشىدى قانچىلار سەندە،
قانچىلار سالدى ساراي.

تۇرمىدى ئۇزاق سارايلار،
يېغىلار بولغاچ تالاي.
ئېيتقىنا، كىم ماختىدى، كىم تىللىدى؟
مەن بۈگۈن سەندىن سوراي.

## كەلگەندە شۇندا بىر زامان

جەڭ قىلىپ ئاشسام داۋان،
يولۇمدا گۇم بولسا قاۋان.
كۈلسەم قاھ ـ قاھلاپ دوستلار بىلەن،
كەلگەندە شۇنداق بىر زامان.

## چېچەكتى*

چېچەكتىدەك مۇنداق داۋان كۆرگىنىم يوق،
يامىششتىن قورقۇپ خىيال سۇرگىنىم يوق.
مەيلى ھاۋا شالاڭ بولسۇن، ياكى تۇتەك،
ئازابلىنىپ، ۋايساپ قاپاق تۇرگىنىم يوق.
ئەجەل يېتىپ بۇ يەردە ھەم ئۆلگىنىم يوق.

## پارچىلار

كېلىڭلار، دوستلار ئوينايلى،
جەڭلەرگە بەل باغلايلى.
شېھىتلەر روھى خۇش بولسۇن،
ياۋۇزلار باغرىنى داغلايلى.

* * *

جەڭگە مىنگەن ئاتلارنىڭ،
ئوڭ يېنىدا تامغىسى.

* چېچەكتى ــ تاشقۇرغان بىلەن چارلۇڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز بىر داۋاننىڭ نامى.

قوشاق قېتىپ يىغلايدۇ،
شېھىتلەرنىڭ ئانىسى.

*　*　*

بىلگىنكى دوستۇم، بۇ بىر ھەقىقەت،
سەۋەبسىز بولمسا مۇھەببەت ـ نەپرەت.

1941 ـ يىل 6 ـــ 11 ـ ئايلار

# جەڭگاھتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم

## شەمسىدىن سوپىيېۋ

مەن 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى 17 يېشىمدا مىللىي ئارمىيىگە كىرىپ، ھەرەمباغ، كەڭساي، سىتەي، ئۆتەي، بورتالا، بۆرچىن، كونا شىخۇ، يېڭى شىخۇلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتىم. بۇ جەرياندىكى بەزى كەچۈرمىشلىرىمنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

ھەرەمباغ ئۇرۇشى

1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ، 8 ـ كۈنلىرى قوزغىلاڭچىلار غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئازاد قىلدى. دۈشمەن قوشۇنى ھەرەمباغ، ئايرودروم، لياڭشياڭ بۇتخانىسى قاتارلىق جايلارغا چېكىنىپ مۇداپىئەدە تۇردى. بۇ چاغ قوزغىلاڭچى قوشۇن پارتىزانلىق ھالەتتىن مۇنتىزىملىشىشقا ئۆتۈۋاتقان چاغ ئىدى.

1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ھەرەمباغدىكى دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن، پارتىزان ئەترەتلىرىگە ۋەزىپە تاپشۇردى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز: بايكۆل ئەتراپىدىكى دۈشمەن ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ، دۈشمەن ئەھۋالىدىن قوماندانلىق شتابىغا دوكلات يوللاش ۋە يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى تۆۋەنگە يەتكۈزۈش، جەڭ سىگنالى بېرىلگەن ھامان بايكۆل تەرەپتىكى پوتەينى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش ئىدى. بىز بۇيرۇقتا بىنائەن، كۆرسىتىلگەن جايغا بېرىپ ئورۇنلىشىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزەتكەچ، ئەتراپىنىڭ يەر شەكلىنى ئىگىلەپ، ھۇجۇم سىگنالى بېرىلگەن ھامان دۈشمەن پوتەيىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش پىلانىنى مۇھاكىمە قىلدۇق. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى جەڭچىلەرنىڭ

روهى ئۇستۇن ئىدى. ھۇجۇم سىگنالى بېرىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتۇق.

1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سەھەردە ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلىش سىگنالى بېرىلدى. ئوتدېلېنىيە كوماندىرىمىز دەرھال يىغىلىش بۇيرۇقى بەردى، بىز دەرھال تىزىلدۇق. كوماندىرىمىز: «قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە دۈشمەننى ئۇۋىسىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىمىز، دۈشمەنگە قېچىش يوچۇقى قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئايرودروم تەرەپنىڭ يولى ئېچىۋېتىلدى. دۈشمەن تاغ تەرەپكە يەنى پىلىچى خاڭ تەرەپكە قېچىشى مۇمكىن. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز قېرىنداش قىسىملارغا ماسلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش. ئالدى بىلەن پوتەيگە ھۇجۇم قىلىمىز؛ مەن بۇ پوتەيگە ئىككى قېتىم بارغان. بۇ پوتەيگە بېرىش يولى ماڭا تونۇش، مەن بىر جەڭچى بىلەن ئوڭ تەرەپنى ئايلىنىپ پوتەيگە بارىمەن. سىلەر مېنى قوغداش يۈزىسىدىن پوتەي كۆنگىرىسىنى ئوققا تۇتۇڭلار. ھازىر تاڭ يېقىنلاشتى، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن پوتەي يېنىغا بېرىۋېلىشىمىز كېرەك. مەن پوتەيدىكى دۈشمەن پىلىموتچىكىنى ئۆلتۈرۈپ، پىلىموتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، پوتەيدىن بەلگە بېرىمەن. مەن قايتىپ كەلگىچە ۋاقىتلىق كوماندىرلىق ۋەزىپىسىنى X X يولداش ئۆتەيدۇ» دېدى ـ دە، ئاپتوماتىنى ئېلىپ، يەتتە ـ سەككىز تال گراناتىنى بەلگە قىستۇرۇپ، بىر جەڭچىنى ئەگەشتۈرۈپ پوتەيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

بىز ئالماقچى بولغان بۇ پوتەي ناھايىتى ئېگىز جايغا جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپى تۈپتۈز، دالدا قىلغۇدەك ھېچنەرسە يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پوتەينىڭ ئوت كۈچى كۆپ بولۇپ، پىلىموتى تۆت ـ بەشكە يېتەتتى. پوتەي ئەتراپى پۈتۈنلەي مىنالاشتۇرۇۋېتىلگەچكە، مىنادىن ئېھتىيات قىلىشقا توغرا كېلەتتى. دۈشمەن پىلىموت، مىلتىق، گراناتلارنى ئىشقا سېلىپ، جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، بىزمۇ ئاپتومات بىلەن پوتەي كۆنگىرىسىنى ئوققا تۇتتۇق. ھەممىمىزنىڭ كۆزى دۈشمەن پوتى-

يىدىن بىرىلىدىغان بەلگىگە تىكىلگەنىدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە پوتەينىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى كۆنگىرىسىدىن چاپاننىڭ يېڭى چىقىرىلىپ بەلگە بېرىلدى. ئارىمىزدىن بىر رۇس جەڭچى خۇشاللىقىدىن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھۇررا - ھۇررا دەپ ۋارقىرىشىغا، ئوق قولىغا پىلىموت ئوقى تېگىپ يارىلاندى. ۋاقىتلىق كوماندىر شۇ ھامان ماڭا: «ئوق تەگكەن يولداشنى ئارقا سەپكە ئاپىرىۋېتىپ، بۇ يەردىكى ئەھۋالنى قوماندانغا دوكلات قىل» دەپ بۇيرۇق بەردى. مەن يارىدار يولداشنى ئارقا سەپكە تاپشۇرۇپ بېرىپ، قوماندانغا ئەھۋالنى دوكلات قىلدىم. قوماندان مېنىڭ سۆزۈم تۈگىمەستىنلا ئاچچىقلاپ كەتتى ۋە: «كوماندىرىڭلار كىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر ئوتدىلېنىيە جەڭچىنى تاشلاپ، ئۆزى دۈشمەن ئىستىھكامىغا كەتتى؟ دەرھال ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى قېرىنداش قىسىملارغا خەۋەر قىلىڭلار، ئۇنىڭ سالامەت قايتىپ چىقىشى ئۈچۈن ياردەمگە ئادەم ئەۋەتىلسۇن» دەپ يېنىدىكى ئىككى كوماندىرغا بۇيرۇق قىلدى.

مەن قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدا كوماندىر بىلەن كەتكەن جەڭچىنى ئۇچراتتىم. ئۇ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا: «كوماندىرىمىز مەخمۇت شېھىت بولدى» دېدى. ئۇ، ئوتدىلېنىيىگە قايتىپ كېلىپ، ۋاقىتلىق كوماندىرغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىز پوتەيگە يېقىنلاپ بارغاندا، دۈشمەن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، قارغۇلارچە گراناتا تاشلىدى، بۇ گراناتالار پوتەي ئەتراپىغا كۆمۈلگەن مىنالارنى پارتلىتىپ، بىزنىڭ پوتەيگە يېقىنلىشىشىمىزغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. كوماندىر: «سەن مۇشۇ يەردە يېتىپ دۈشمەنگە ئوت ئېچىپ، گراناتا تاشلاپ، دۈشمەننىڭ دىققىتىنى ئۆزۈڭگە تارتقىن، مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پوتەيگە بېرىۋالىمەن» دېدى. مەن پوتەينى ئۇدۇلدىن ئوققا تۇتتۇم، ئۇ ياندىكى كىچىك دۆڭنى دالدا قىلىپ، پوتەيگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. كوماندىر 50 مېتىردەك يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، بىر گراناتنى تاشلاپ، ئىككىنچى ئورۇنغا يۆتكەلدىم. دۈشمەن گراناتا تاشلانغان جاينى قارغۇلارچە ئوققا تۇتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي

ئىككىنچى ئورۇندىن ئاپتومات بىلەن ئوق ئاتقىلى تۇردۇم. بىر ـ دەمدىن كېيىن پوتەي ئىچىدىن پارتلاش ئاۋازى چىقتى. ئاستىنقى قەۋەتتىكى ئىككى تۆشۈكتىن ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازى يوقالدى. كوماندىر شۇ چاغدا چاپاننى كۈنگىرىدىن چىقىرىپ بەلگە بەردى. دۈشمەن يەنە توختاپ ـ توختاپ ئوق ياغدۇرۇپ تۇراتتى. شۇ ئارىلىقتا پوتەيدىن يەنە بىر قېتىم قاتتىق پارتلاش ئاۋازى چىقىپ، ئەتراپنى ئىس ـ تۈتەك، چاڭ ـ توزان قاپلاپ كەتتى. پوتەينىڭ 2 ـ قەۋەتتىدىن ئېتىلىۋاتقان پىلىموتلار بىراقلا جىممىقتى. مەن پوتەيگە قاراپ ئون نەچچە قەدەم مېڭىشىمغا، كوماندىر بىر پىلىموت، ئىككى تال ياپونكا مىلتىقنى كۆتەرگەن پېتى ئالدىمغا چىقتى: ئارقىغا چېكىن، ئۆز سېپىمىزگە قايتىپ دۈشمەننى كۆزىتىمىز، پوتەيدىكى دۈشمەن ئاساسەن تۈگىدى، 3 ـ قەۋەتتىكى دۈشمەن ھېچ يەرگە بارالمايدۇ. بىھۇدە قۇربان بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قېچىش يوچۇقى قالدۇرۇپ، دۈشمەن پوتەيدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، قورشاپ تىرىك تۇتىمىز، دېدى. شۇ ئەسنادا 3 ـ قەۋەتتىكى دۈشمەن بىزنى غالجىرلارچە ئوققا تۇتتى. مەن كوماندىرنىڭ بەش مېتىر ئارقىسىدا ئۆمىلەپ ماڭدىم. كوماندىر ئېرىقنىڭ ئىچىدىن چىقىپ، نېرىدىكى ئازگالغا ئۆتمەك بولغاندا ئوق تېگىپ يىقىلدى. مەن ئۇنى يۆلەپ ئازگالغا ئېلىپ چۈشۈپ قارىسام، ئالتە ـ يەتتە يېرىگە پىلىموت ئوقى تېگىپتۇ. كوماندىر قولىنى كۆتۈرۈپ پوتەي تەرەپكە سوزۇپ، بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ، ئاغزىنى مىدىرلىتىپلا جىم بولۇپ قالدى. قارىسام شېھىت بولۇپتۇ.

ۋاقىتلىق كوماندىر دوكلاتنى ئاڭلاپ: «يولداشلار، بىز خەلقىمىزنىڭ باتۇر ئوغلانى، بىزنىڭ كوماندىرىمىز مەخمۇت ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشىمىز كېرەك» دېدى. بىز كوماندىرنىڭ جەسىتى قالغان جايغا ئىلگىرىلەپ پوتەيگە يېقىنلىشىشىمىزغا پوتەيدىكى قالدۇق دۈشمەن پوتەيدىن چىقىپ قاچتى. بىز دۈشمەننى ئېتىپ ئۆلتۈردۇق.

1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ھەرەمباغدىن قېچىپ چىققان دۈشمەن پىلىچى سايغا بارغاندا، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان

پارتىزانلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن غۇلجا شەھىرى پۈتۈنلەي ئازاد بولدى.

كەڭساي، ستەي، يەنىسخەيلەردىكى ئۇرۇش

غۇلجا ئازاد بولغاندىن كېيىن، قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇھا-پىزەتچىلەر ئىنزۋوتىغا 40 جەڭچى تاللاپ ئېلىندى، مەنمۇ شۇ 40 جەڭچىنىڭ بىرى بولۇپ تاللاندىم. دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگى-لەش ئۈچۈن، قوماندانلىق شتاب بىر رازۋېدكا ئىنزۋوتىنى كەڭ-سايغا ئەۋەتتى. مەنمۇ شۇلار ئىچىدە ئىدىم. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز كەڭسايدىكى دۈشمەننىڭ سانى، ئىستىھكامى، ئوت توچكىلىرى-نىڭ جايلىشىشى قاتارلىقلارنى ئىگىلەش ئىدى. بىز غۇلجىدىن قېيۇمبۇلاققىچە ماشىنا بىلەن باردۇق. قېيۇمبۇلاقتىن پىيادە كەڭسايغا قاراپ ماڭدۇق. ھاۋا ناھايىتى سوغۇق، قار قېلىن، ئۇ-نىڭ ئۈستىگە ئۈچىمىزدا جۇۋا، پۇتىمىزدا پىيما، ئۆشنىمىزدە مىلتىق بولغاچقا، يول يۈرۈش ناھايىتى قىيىن ئىدى. بىز قى-يىنچىلىقنى يېڭىپ دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا يېقىنلاپ باردۇق. دۈشمەن تاغ چوققىلىرىغا پوتەي ياساپ، مۇستەھكەم جايلىشىپ، جىددىي ھالەتتە تۇرغانىكەن. بىزنى سېزىپ قېلىپ، بىزگە ئوق ياغدۇردى. بىزمۇ دۈشمەننىڭ پۈتۈن ئوت توچكىلىرىنى ئىشقا سالدۇرۇپ ئەھۋالنى تولۇق ئىگىلەش ئۈچۈن، ھەر تەرەپكە قارد-تىپ ئوق ئېتىپ، گرانات تاشلاپ، دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىۋەت-تۇق، دۈشمەن دەسلەپتە بىزنى زور قوشۇن دەپ بىلىپ، پىلە-موت، زەمبىرەك، مىناميوتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قالايمىقان ئوق ئېتىپ، كەڭساي ئىچىدىكى قاشالتىردا يېپىلغان كورپۇس - كورپۇس ئۆيلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بىز ئەھۋالنى تولۇق ئىگى-لەپ كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكەندىن كېيىن قايتماقچى بولدۇق. لېكىن دۈشمەن بىزنىڭ رازۋېدكا قىسىملىقىمىزنى بىلىۋېلىپ، تىرىك قايتىشىمىزغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، بىزگە ھۇجۇم قىلدى. بىز چېكىنىۋاتقاندا مۇئاۋىن كوماندىر زىنكەيوفقا ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. بىز ئىككى ياردار بىلەن زىنكەيوفنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ قېيۇمبۇلاققا قايتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە قو-

ماندان زۇنۇن تېيىپوف بىلەن مازاروف بىزنى كۈتۈپ تۇرغانە-كەن.

قوماندانلىق شتاب بىز تەمىنلىگەن مەلۇماتقا ئاساسەن، ئار-مىيە بىلەن پارتىزانلار ئۆز ئارا ماسلىشىپ، دۈشمەنگە كەڭسايـ-نىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىدىن بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىـ-لىش بۇيرۇقى چىقاردى. كەڭسايدا نەچچە كۈن ئۇرۇش بولغاندىن كېيىن، دۈشمەن قوشۇنى ستەيگە چېكىندى، ئۇتەيدە تۇرۇۋاتقان قوشۇنىمۇ ستەيگە يۆتكەپ مۇداپىئەدە تۇردى. ئارمىيىمىز مۇز تۇتۇپ كەتكەن سايرام كۆلىدىن ئۆتۈپ، ستەيدىكى دۈشمەنگە قاتتىق ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، بىر قىسىم پارتىزانلار بورتالا تەرەپـ-تىكى تاغدا ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ، دۈشمەننىڭ چېكىنىش يو-لىنى توسۇش ئۈچۈن ئىستىھكام قۇردى. 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۇتەيگە قاراپ چېكىنگەن دۈشمەن قوشۇنى پارتىزانلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، نەچچە يۈز ئادىمىدىن ئايرىلدى، ئاز ساندىكى باشلىقلىرىلا قېچىپ قۇتۇلۇپ داخىيەنزىگە بېرىۋالـ-دى. بۇ چاغدا ئالدىنقى سەپكە زۇنۇن تېيىپوف بىلەن مازاروف قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. قوماندانلىق شتابىمىز ستەيگە جايلاشتى، ئالدىنقى سەپ ئۇتەيدە بولدى. دۈشمەن داخىيەنزىنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ تۇرۇپ، جىڭدىن نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكىـ-دى. بىز ئىككى ھەپتىگىچە ئۇرۇش توختىتىپ تەييارلىق خىز-مەتلىرىنى ئىشلىدۇق. قوماندانلىق شتابىمىز ئۇتەيگە يۆتكەلدى. ئاندىن يەنە ھۇجۇم قىلدۇق، ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن بولدى. دۈشمەن ئايروپىلانى ھەر كۈنى ھاۋادىن ئوق ياغدۇرۇپ ۋە بوم-باردىمان قىلىپ تۇردى. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا داخىيەنزە ئازاد قىلىندى.

شىخۇ، جىڭلارنى ئېلىش

1944 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەن شىمالىي يۇرۇش ئارمىيىسىگە بۆلۈندۈم. بىز گېنېرال پالىنوف، زۇنۇن تېيىپوف، ئالېكساندىر ئىۋانوف باشچىلىقىدا بورتالا، چۆچەك، ئالتايلارغا يۇرۇش قىلدۇق. بىز چۆچەكتە بىر ئايغا يېقىن تۇرۇپ، 8 ـ ئايدا شىخۇغا

قاراپ يولغا چىقتۇق. چېپەيزىنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ تۇرغان دۈشمەن بىلەن ئىككى كۈن قاتتىق جەڭ قىلدۇق، گومىنداڭنىڭ ئايروپىلانلىرى كېلىپ بومباردىمانمۇ قىلدى، لېكىن 3 ـ كۈنىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئۇلار كونا شەخۇنى تاشلاپ يېڭى شىخۇغا كىرىۋالدى. بىز كونا شەخۇغا كىرىپ، دوختۇرخانىنى ئارقا سەپ قىلدۇق ۋە يېڭى شەخۇنىڭ شىمالىي، غەربىي تەرىپىنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ ئۇرۇش قىلدۇق. دۈشمەن تانكا، ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سالدى، لېكىن بىزدە تانكا يوق ئىدى. بەش كۈن ئەتراپىدا قاتتىق جەڭ بولدى. نۇرغۇنلىغان يولداشلار قۇربان بولدى. ئېغىر بولغىنى شۇكى، شەخۇنىڭ شەرق تەرىپىدىكى سازلىقتا بىر تۈگمەن بولۇپ، دۈشمەن تۈگمەن ئىچىگە پىلموت ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان، سازلىققا سۇ قويۇپ ئادەم ئۆتۈشكە بولمايدىغان قىلىپ قويغانىكەن. باتالىئون كوماندىرى جەڭچىلەرنى سازلىقتىن ئۆتۈشكە بۇيرۇق قىلدى. سازلىقتا تىزغا كەلگىچە سۇ بار ئىدى. جەڭچىلەر سازلىقتىن ئۆتۈۋاتقاندا، تۈگمەندىكى دۈشمەن پىلموتتىن ئوق ياغدۇرۇپ، بىر روتا ئەسكەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قىرىۋەتتى، پەقەت بىرنەچچە سېستىرالا قالدى. ئاخىرى بىز 3 جەڭچى تۈگمەننىڭ ئۈستىگى بىلەن تۈگمەن ئاستىغا كىرىپ، دۈشمەننى تەسلىم قىلدۇق.

ئىككى كۈندىن كېيىن بىزنىڭ مۇھاپىزەت ئىززۋتىمىز مۇھاپىزەت ئىسكادرونىغا ئۆزگەرتىلدى.

بۇ چاغدا جىڭ تېخى ئازد بولمىغانىدى. بىر كۈنى ئىككى قوماندان 20 مۇھاپىزەتچىنى ئېلىپ، شىخۇدىن جىڭغا قاراپ يولغا چىقتى. بىز قۇمبۇلاق دېگەن يەرگە بېرىپ، ئۇ يەرگە جايلاشقان دۈشمەننى پاراكەندە قىلدۇق. ئارمىيىمىز دۈشمەننىڭ ئارقا سەپ يولىنى ئىگىلىۋالدى. 6 ـ كۈنى جىڭدىكى دۈشمەنلەر ئۈچكە بۆلۈنۈپ قېچىشقا باشلىدى، دېگەن خەۋەر كەلگەندىن كېيىن، شىخۇدىكى ئارمىيىمىز ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دۈشمەن تۆۋەندىكى 3 يولغا بۆلۈنۈپ قاچاتتى: 1. جىڭدىن تاغ ياقىلاپ جەنۇپ تەرەپ بىلەن ئۇرۇمچىگە قاچاتتى؛ 2. ئوتتۇرا

يول يەنى ماشىنا يولى بىلەن مېڭىپ، شىخۇغا كېلىپ تەسلىم بولاتتى؛ 3. ماشىنا يولىنىڭ شىمالىنى بويلاپ ئۈرۈمچىگە كېتەتتى. دەرۋەقە دۈشمەنلەر مۇشۇ 3 يول بويىچە جەڭدىن قېچىپ چىقتى. گېنېرال ئىسھاقبېكنىڭ قوشۇنى دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بەردى. گېنېرال پالىنوفنىڭ قوشۇنى دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دۈشمەننىڭ ئوتتۇرا يول بىلەن كەلگەن 800 دىن ئارتۇق ئەسكىرى چېگىشوردا تەسلىم بولۇپ، بارلىق قورال ـ ياراغلىرىنى تاپشۇردى، بىر پايمۇ ئوق چىقارمىدى. 3 ـ يولدىن قاچقان 1000 دىن ئارتۇق دۈشمەن ئۆز قوماندانىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، كونا شىخۇ تەرەپ بىلەن يەنسىخەينى بويلاپ قاچتى، ئۇلار ئىنتايىن جاھىللىق بىلەن توختىماي ئۇرۇش قىلىپ ماڭدى. لېكىن ئارمىيىمىز ھەممە تەرەپنى قورشىۋالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوقتىن، بەزىلىرى ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ ئازلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچىدە قاتتىق بوران چىقىپ، يامغۇر يېغىپ كەتكەنلىكتىن، نۇرغۇن ئەسكىرى سازلىقتا پېتىپ قالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كاتتىۋاشلىرى جەڭنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، جەڭدىكى گېنېرالنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، بىر جىپ ماشىنا بىلەن 30 قوغدىغۇچىنى يەنسىخەي قومۇشلۇقىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇن ئەۋەتكەنىكەن. جەڭدىن قاچقان ھېلىقى گېنېرال ئاران بىرنەچچە ئادىمى بىلەن قومۇشلۇققا كىرىۋالدى. ئۇلارنى قوغلاپ بارغان بىزنىڭ قوشۇنىمىز قومۇشلۇقنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ بولۇپ، ئەھۋالنى دوكلات قىلغاندىن كېيىن، گېنېرال پالىنوف دۈشمەنگە ئۈچ ۋەكىل كىرگۈزدى. ۋەكىللەر ئىككى سائەتتەك ھايال بولۇپ، ساق ـ سالامەت قايتىپ چىقتى ۋە دۈشمەن گېنېرالىنىڭ تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە تىنچ كېتىۋېلىشى ئۈچۈن يولنى ئېچىۋېتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى دوكلات قىلدى. ھاۋا ئىسسىق، ۋاقىت جىددىي بولغاچقا، گېنېرال پالىنوف پىلان بويىچە، قومۇشلۇقنىڭ ھەممە تەرىپىدىن ئوت يې-

قىشقا بۇيرۇق قىلدى. قورۇپ كەتكەن قومۇشلار ھەش - پەش دې-گۈچە قىپقىزىل ئوت بولۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى، ئىس - تۈتەك ھەممە تەرەپنى قاپلاشقا باشلىدى. قىچىشقا ئامالسىز قالغان دۈشمەن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

**ئالتايغا ئۇچۇش**

مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسىدىن ئارقا سەپكە قايتقاندا، مەن ئايروپىلان ئاتىدىغان زېنىت پىلىموت روتىسىغا بۆلۈنۈپ، غۇلجا ئايرودرومىغا ئورۇنلاشتىم. بىز 70 جەڭچى ئىدۇق، ئالتە زېنىت پىلىموت بار ئىدى. زەنسەنباي روتا كوماندىرى، مەن ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولدۇم. بىزنىڭ بۇ روتىغا قوماندانلىق شتابى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلاتتى، يۈرۈش - تۇرۇشىمىز ئاكوپ ئىچىدە بولاتتى، شتاب بىلەن تېلېفون ئارقىلىق خەۋەرلىشەتتۇق.

1947 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. كېچىدە قوماندانلىق شتابىدىن: «بىر باشلىق بىلەن بەش جەڭچى تاللانسۇن، ئۇلار تاڭ ئاتقاندا قوماندانلىق شتابىغا ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلسۇن» دەپ جىددىي تېلېفون كەلدى. سەھەردە ئالتىمىز قوماندانلىق شتابىغا ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلدۇق. بىر رۇس كاپىتان كىرىپ: «سىلەر ھازىر ئايروپىلان بىلەن ئالتايغا قورال - ياراغ ئاپىرىسىلەر. ئوسمان باندىت خائىنلىق قىلىپ ئالتاي شەھىرىنى ئىگىلىۋالدى. دەلىلقان پولكوۋنىك قوماندانلىق شتابىنى ئالتاي ئايرودرومىغا يۆتكەپ، ئوسمان بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ. قورالنى يەتكۈزۈپ بېرىپ قايتىشتا ئېغىر يارىدارلارنى ئېلىپ كېلىسىلەر» دېدى.

بىز ئايروپىلاننىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇردۇق. يېنىمىزدا ئالاقە قىلىدىغان رادىست بار ئىدى، ئۇ رۇسچە خەۋەرلىشىپ تۇراتتى. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئالتايدىكى خەۋەر ئۈزۈلۈپ قالدى، بۇنىڭدىن ئۇچقۇچىلار جىددىيلەشتى. بەزىلىرى چۆچەككە بېرىپ خەۋەرلەشكەندىن كېيىن ئاندىن بارايلى دېيىشتى. بىراق، ئايروپىلان باشلىقى: «بىز قەتئىي ئالتايغا بارىمىز، ھازىر بىز تەرەپنىڭ ئوق - دورا، قوراللىرى جىددىي» دېدى. بىز ئايرودرومغا شۇڭغۇپ چۈشتۇق. بۇ چاغدا ئوسمان باندىتنىڭ ئەسكەرلىرى

ئايرودرومنى ئىگىلىۋالغانىكەن، ئۇلارنىڭ تەرەپ ـ تەرەپتىن بىز تەرەپكە ئاتلىق چىپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جىددىي قوزغىلىپ ئۇچۇپ كەتتۇق. ئۇلار ئوق ئاتتى. بىز ئالتايدىن چىقىپ چۆچەك ئايرودرومىغا قوندۇق. ئاندىن بۇيرۇق بويىچە غۇلجىغا قايتتۇق.

بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى گېنېرال لېيتېنانت ماژاروفنىڭ بۇيرۇقى بويىچە 2 ـ قېتىم ئالتايغا ئۇچتۇق. ئۇچقۇچىلار ئىچىدە بىر ئۆزبېك يىگىت بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن پات ـ پاتلا ئالتاي بىلەن ئالاقىلىشىش ئەھۋالىنى سوراپتتۇق. ئۇ: «قورقىۋاتامسىلەر، ھېچ گەپ يوق، ئالدىمىزدىن ئېنىق خەۋەر بار، خاتىرجەم بولۇڭلار» دېدى. ئايرو-پىلان ئايرودرومنى بىر ئايلىنىپ ئاندىن قوندى. ئەتراپتىكى ھەربىيلەر ئىنتايىن ئالدىراش يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى، ئۈچ ۋىلايەت بايرىقىمۇ لەپىلدەپ تۇراتتى. بىز خاتىرجەم ھالدا ئايروپىلان قې-شىغا ئادەم كېلىشىنى كۈتتۇق. ھايال قالماي ئىككى ئوفىتسېر كەلدى. بىرى بىزنى قوماندانلىق شتابىغا باشلاپ باردى. بىز كې-رىپ، پولكوۋنىك دەلىلقانغا ھەربىيچە سالام بەردۇق ۋە قولىمىز-دىكى تىزىملىكنى سۇندۇق. پولكوۋنىك بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە بىزدىن ھال سورىدى. بىز بىرەر سائەتتىن كېيىن سالام بې-رىپ قايتىشقا رۇخسەت ئالدۇق. تۆت ـ بەش ياردار بىلەن ئىككى دوختۇرنى ئېلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدۇق. چۆچەك ئايرودرومىدا ماي قاچىلىغاندىن كېيىن، غۇلجىغا قاراپ ئۇچتۇق. بىز غۇلجا ئاي-رودرومىغا يېتىپ كەلگەندە، دوختۇر ماشىنىسى، دوختۇرلار ۋە بەزى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار تەييار بولۇپ تۇرغانىكەن.

# قاغىلىق بازىرىدىكى ھىندىلار

ئابدۇرېشىت خوجائەخمەت

ئازادلىقتىن ئىلگىرى (1917 ـ يىلىدىن 1936 ـ يىلىغىچە) قاغىلىق بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «ھىندى سارىيى» دەپ ئاتالغان ھىندىلار تۇرىدىغان بىر ساراي بولۇپ، ئادەتتە 5 ـ 6 نەپەر ھىندى ئوقەت قىلاتتى. بۇلار ئاساسەن ئۆسۈمگە پۇل چىقىرىپ، سۇتخورلۇق قىلاتتى. پۇلغا ئېھتىياجلىق خەلق ئۇلارنىڭ كېپىلچىلىرى (كېپىلچىلەر يەرلىك ئۇيغۇرلار ئىدى) ئارقىلىق تىلخەت يېزىپ بېرىپ، ئۆسۈمگە پۇل قەرز ئالاتتى. ھەر بىر ھىندىنىڭ يېنىدا ئىككى ـ ئۈچ نەپەردىن كېپىلچى بولاتتى. بۇلار قەرز ئالغۇچى ـ بەرگۈچى ئىككى تەرەپتىن پۇلنىڭ سانىغا قاراپ كېپىللىك ھەققى ئالاتتى. كېپىلچىلەر ۋاقتى ـ قارارى بويىچە قەرزدارلارنى قەرز تۆلەشكە ياكى ئۆسۈمنى تۆلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلاتتى. ئالغان قەرز پۇل — ئانىسى، ئۇنىڭ ئۆسۈمى — بالىسى دەپ ئاتىلاتتى. ھىندىلارنىڭ كاتتا بېشى — ئاقساقال دېيىلەتتى. ئاقساقال ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. شۇ چاغدىكى ھىندىلارنىڭ ئاقساقىلى دىپاباي دېگەن ھىندى بولۇپ، گەۋدىلىك، يوغان قورساق، كېلەڭسىز ئادەم ئىدى. دائىم يوغان دەستار ئوراپ، ماڭلىيىغا قىزىل تامغا بېسىۋېلىپ، قولىدا ئىلمەك زاكون تايىقى تۇتقان ھالدا يۈرەتتى. ھىندىلارنىڭ قەرزدارلاردىن ئالىدىغان ئۆسۈمى ئېغىر بولغاچقا، قەرزدارلار قەرزنىڭ ئانا ـ بالىسىنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمەي قالغاندا، كېپىلچىلەرمۇ ھەيدەكچىلىك قىلىپ ئالالمىغان چاغدا، قەرز بەرگۈچى ھىندى ئۆزىنىڭ ئاقساقىلى دىپابايغا شىكايەت قىلاتتى. دىپاباي

ھىندىلارنىڭ ۋەكىلى سوۋېتىدە يامۇلغا ھېچكىمدىن تەپ تارت-
مىغان ھالدا شاپاشلاپ كىرىپ، ئۇدۇل ماڭغىنىچە 2 ـ داتاڭغا
كېلىپ، ئۇيغۇر تىلىدا «ئامبال دارىن، سىزنىڭ پۇقرايىڭىز يا
ئانىسىنى بەرمەيدۇ، يا بالىسىنى بەرمەيدۇ. سىزنىڭ ئۇنىڭغا
كۈچىڭىز يەتمەمدۇ؟» دەپ داۋراڭ سالاتتى. چەت ئەللىكتىن
ئۆلگۈدەك قورقىدىغان ئامبال دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ
ئوچۇق چىراي بىلەن ھال ئەھۋال سورايتتى. دىپاباي چىشلىد-
رىنى غۇچۇرلىتىپ، قەرزدار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ:
«سىزنىڭ پۇقرايىڭىز ئالغان قەرزنىڭ يا ئانىسىنى بەرمەيدۇ، يا
بالىسىنى بەرمەيدۇ، دەرھال ئالدۇرۇپ بەرمىسىڭىز، ئۆزىڭىز
جاۋابكار بولىسىز» دەپ پوپوزا قىلاتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئامبال
دەرھال يايى بۇيرۇپ قەرزدارنى چاقىرتىپ كېلىپ، گەپ سورد-
ماستىن، ئالدى بىلەن ئۇنى ياتقۇزۇپ يوتىسىغا تارشا بىلەن
بىر ـ ئىككى يۈزنى ئۇردۇرۇپ، ئاندىن سوراق قىلىپ، پۇلنى
تۆلەشكە مەجبۇر قىلاتتى. تۆلەشكە نەق پۇلى بولمىسا، مال ـ
مۈلكى، يەر ـ زېمىنلىرىنى ساتتۇرۇپ، قەرزىنى تۆلەتتى.

ھىندىلارنىڭ بىر يىلدا بىر قېتىم دىنىي بايرىمى ئۆتكۈ-
زۈلەتتى. 3 كۈنگىچە ئىشىك ئالدىنىڭ ئوڭ ـ سول ئىككى يې-
نىدا 3 مېتىر ئېگىزلىكتە توغرىسىغا ياغاچ ئورنىتىپ، ئۇنىڭ
ئۈستىگە بىرەر يۈزچە ساپال چىراغلارنى ياندۇرۇپ قوياتتى.
ھەممە ھىندىلار ھىندى سارىيىدىكى ئىبادەتخانىغا يىغىلىپ
ئىبادەت قىلاتتى. ئۇلار بۇددا دىنىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە
توختىماي تەسۋى سېرىپ «مۇللامانى پاتمەنۇن» دەپ زىكرى قى-
لىشاتتى.

**چەت ئەللىكلەرنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىق بولۇۋېلىش ۋەقەسى**

1917 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قاغىلىقتا 46 ئائىلد-
لىك، 70 نەچچە روسىيە پۇقراسى ۋە بىرمۇنچە ئەنگلىيە
پۇقراسى بولۇپ، ئەنگلىيە پۇقرالىرى ئاساسەن ھىندىستانلىقلار
ئىدى. ئۇ چاغلاردا ھىندىستان ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى
ئىدى. 200 گە يېقىن ئافغانىستان پۇقراسى بولۇپ، ئۇلار ئۆز-

لىرىنى ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ھېسابلايتتى. روسىيە پۇقرالىرى بىلەن ئافغانىستان پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سودىگەر-چىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار بارلىق تىجارەت يوللىرىنى ئىگىلىۋالغانىدى. ئەنگلىيە پۇقرالىرى بولسا، ئۆسۈمگە پۇل بېرىپ جازانە — سۈتخورلۇق بىلەن بېيىپ كەتكەنىدى. ئۇلار-نىڭ ھېچقايسىسى يەرلىك ھۆكۈمەتكە باج - سېلىق تاپشۇر-مايتتى. يەنە كېلىپ يەرلىك خەلقنى ئۆز مەيلىچە بوزەك ئېتەت-تى. بۇ ئادەملەرنىڭ روسىيە، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئاقساقال (ۋەكىل) لىرى بولاتتى. بۇ ئاقساقاللار «ئۆز كىشىلىرىمىزنىڭ ھوقۇق — مەنپەئەتلىرىنى قوغدايمىز» دېگەن باھانە بىلەن يەرلىك ھۆكۈ-مەت دائىرىلىرىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ بەزىدە بېسىم ئىشلى-تەتتى. ئۇلاردا سودا - سېتىق، ئېلىم - بېرىم ۋە باشقا ئىشلاردا يەرلىك خەلق بىلەن دەۋالىشىپ، يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە بارسا، يەرلىك ھۆكۈمەت شۇلارنىڭ دېگىنىدەك ھەل قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ پات - پات ۋەقە چىقىرىپ، يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ تۇراتتى. بىر كۈنى خەنزۇ مەكتىپىدە ئوقۇيدىغان بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى روسىيە پۇقراسى قادىرخاننىڭ دۇكىنىدىن مال ئېلىۋېتىپ گەپ تالى-شىپ قالىدۇ. قادىرخان بولسا، ئۆزىنىڭ روسىيە پۇقراسلىق ئىمتىيازىغا تايىنىپ ھېلىقى ئوقۇغۇچىنى ئۇرىدۇ. بۇ ئوقۇغۇ-چى ئەلەمگە چىدىماي ئامبالغا قادىرخان ئۈستىدىن ئەرز قىلى-دۇ. ئامبال ئۇقۇشماي قادىرخاننى چاقىرىپ كېلىپ 30 پالاق ئۇردۇرىدۇ. بۇ چاغدا قادىرخان ئەھۋالنى ئۆز ئاقساقىلى ياكتىم-سەيلىك توختاخۇن ئاقساقالغا ئېيتىدۇ. قادىرخان ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن قەشقەردىكى روسىيە كونسۇلخانىسىغا ئەرز سۇنىدۇ. كونسۇلخانا قاغىلىقتا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇ كېلىپ قاغى-لىق ئامبىلىغا ھەيۋە قىلىدۇ ھەم ھەر بىر پالاق ئۈچۈن بىر قانچە سەر كۈمۈش تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قاغى-لىقتا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسمىنىڭ باشلىقى ئامبالغا: «ئۇلار-

نىڭ بىزگە قىلىۋاتقىنى زورلۇق، تاقەت قىلىۋىرىشىنىڭ ئۆزى خورلۇق. بىزدە كۈچ تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا بوزەك بولىمىز؟ سىز ماقۇل دېسىڭىز، مەن ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قوغلىۋېتىمەن» دەيدۇ. ئامبال بولسا «ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا شەرتنامە بار، ئۇنداق قىلساق يۇقىرىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ قالىمىز» دەيدۇ ـ دە، كۆمۈش بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، بىرقانچە يامبۇنى پەتنۇسقا سېلىپ كونسۇلخانا خادىمىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ قۇتۇلىدۇ.

قاغىلىقتىكى ئەنگلىيە يۇقراسىنىڭمۇ خورىكى بەك ئۆسۈپ كەتكەنىدى. يەرلىك خەلققە ئۆسۈمگە بەرگەن پۇللىرىنى يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ يىغىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. يىغىپ بەرمىسە ماجىرا چىقىرىشتىنمۇ يانمايتتى.

**يەرلىك ئادەملەرنىڭ چەت ئەل پۇقراسى بولۇۋېلىشى**

قاغىلىقتىكى روسىيە، ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتكە باج ـ سېلىق، غەللە ـ پاراق تاپشۇرمايدىغانلىقىنى كۆرگەن بىر قىسىم يەرلىك كىشىلەر چەت ئەل پۇقراسى بولۇشقا قىزىقىپ كېتىدۇ. بۇ كىشىلەر چەت ئەل پۇقرالىرىنىڭ ئاقساقاللىرىغا پارا بېرىپ، ئۆزلىرىنى كونسۇلخانىلارغا تونۇشتۇرۇپ، چەت ئەل پۇقرالىقىغا قوبۇل قىلىشنى ئىلتىماس قىلىشىدۇ. چەت ئەل پۇقرالىرىنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئاقساقاللىرىمۇ پارا بىلەن چۆنتەكلىرىنى توشقۇزغاندىن كېيىن، يالغان ئانكېتىلارنى تولدۇرۇپ، قەشقەردىكى روسىيە، ئەنگلىيە كونسۇلخانىلىرىغا يوللايدۇ ۋە چەت ئەل پۇقراسىلىق گۇۋاھنامىسىنى ۋە شۇ دۆلەتنىڭ بايرىقىنى ئەكەلدۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ كىشىلەر ئەنگلىيە بايرىقىنى ئېسىپ قويۇشۇپ، گۇۋاھنامىلارنى كۆز ـ كۆز قىلىشىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتكە باج ـ سېلىق، غەللە ـ پاراق تۆلەشتىن قۇتۇلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال 1924 ـ يىللىرىغا كەلگەندە بىرقەدەر يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇلاردىن باج ـ سېلىق ئېلىشقا پېتىنالماي قالغاچقا، دۆلەتنىڭ كىرىمىگە تەسىر يېتىدۇ. ئاخىر شۇ

ۋاقىتتىكى قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ئامبىلى گوي فېڭ بۇ ئەھۋالنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىدۇ. يۇقىرىدىن: «ئۇلار روسىيە، ئەنگلىيەنىڭ قايسى يېرىدىن كەلگەن، بۇ ھەقتە تولۇق ئىسپاتى بارمۇ؟ ئاشۇ جاي ۋە مىللەتنىڭ تىلىنى بىلەمدۇ؟ ئاتا - ئانىسى نەلىك؟ بۇلارغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان پاكىت بولسا، چەت ئەل پۇقرالىقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. بولمىسا چەت ئەل پۇقرالىقى ئىناۋەتسىز» دېگەن مەزمۇندا جاۋاب كېلىدۇ. ئامبال مۇشۇ كۆرسەتمە بويىچە ئىش كۆرىدۇ. بىرىنچى تۇركۇمدە ئۆزى جۇڭگو پۇقراسى تۇرۇقلۇق چەت ئەل پۇقراسى بولۇۋالغانلاردىن يامۇل ئالدىدىكى ئۇزۇن كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق رېمونتچى (كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى رېمونت قىلاتتى) چاۋار ئاخۇن قاتارلىق 20 كىشىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن چەت ئەل پۇقراسى بولۇۋېلىشىدىكى سەۋەبلەرنى بىر - بىرلەپ سۈرۈشتە قىلىپ ئۇلارنى چەت ئەل پۇقراسى بولۇشتىن چېكىندۈرىدۇ.

# چەتنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە قارشى كۆرەش

مۇھەممەدئىمىن قۇربانى

تارىختىن بۇيان چەت ئەل كۆچلىرى ساياھەت، تىجارەت باھانىلىرى بىلەن ياكى ھەربىي كۈچكە تايىنىپ يۇرتىمىزغا باستۇرۇپ كىرىپ ياكى سىڭىپ كىرىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ياراتقان قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ۋە باشقا قىممەتلىك ماددىي بايلىقلىرىمىزنى بۇلاپ تالىدى. مۇقەددەس تۇپرىقىمىزنى ئاياغ ـ ئاستى قىلدى. خەلقىمىزنىڭ ئۈستىدىن زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلدى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق، سۇيىقەستلەرنى ئېلىپ باردى. شۋېت دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ قىلمىشلىرى بۇنىڭ بىر كۈچلۈك دەلىلى.

شۋېت دىن تارقاتقۇچىلىرى شىنجاڭغا 1900 ـ يىلى ئەتراپىدا كەلگەن. ئۇلار دەسلەپتە قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ، ياۋروپاچە تېببىي داۋالاش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ، كېسەل داۋالاش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ئۇلارنىڭ نىقابى ئىدى. ئۇلار، ماھىيەتتە، دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللاندى.

شۋېت دىن تارقاتقۇچىلىرى قەشقەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىي ياقىسىدىكى «گۇلباغ»نىڭ جەنۇبىدىكى سېپىل يېنىغا بىنا سېلىپ، دوختۇرخانا ئاچتى. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن كېسەلخانا تەسىس قىلدى. بۇ جاي «خەستەخانە» دەپ ئاتالدى. كېيىنچە بۇ جايغا «بەيتى خۇدا» (خۇدانىڭ ئۆيى) ۋىۋىسكىسى ئېسىلدى، ئەمەلىيەتتە بۇ كىچىك «كەلىسا» (بۇتخانا)غا ئايلانغانىدى. ئۇلار بۇ «كەلىسا»دا ئوچۇق-تىن ئوچۇق دىن تارقىتىپ، مۇرىت توپلاپ، ئۇلارغا مەسىھ

(ئىپسانىڭ يولى) ئەقىدىسىنى سىڭدۈردى.

20 - ئەسىرنىڭ 1 - چارىكى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن، يۇرتىمىزدا ئادەتتىكىچە بىرەر داۋالاش ئورنى بولمىغان-لىقى ئۈچۈن، كېسەللەر چەت ئەل دوختۇرخانىلىرىغا بېرىپ كېسەل كۆرسىتەتتى. بولۇپمۇ شۋېت دوختۇرلىرىنىڭ داۋالاش ئۈنۈمى ياخشى بولغاچقا، كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇلار تەرىپىدىن جەلپ قىلىنغانىدى. ھەر كۈنى يۈزلىگەن كېسەل ئەتتىگەندىلا «بەيتى خۇدا» نىڭ كېسەل كۆرۈش ئۆيى ئالدىدىكى ئورۇن-دۇقلاردا ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بۇ چاغدا ياندىكى ئۆيدىن ئىبادەت قىلىۋاتقان، گارمۇن ۋە روياللارغا تەڭكەش قىلىپ «مۇناجات» ئوقۇۋاتقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

شۋېتلەر يەنە ئۆز دۆلىتىدىن مىخ مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىنى كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلىدا كىتابچىلارنى باستۇرۇپ تارقىتاتتى. كېسەل كۆرسىتىشكە كېلىپ، ساقلاپ ئولتۇرغان كىشىلەرگە كىتابچىلارنى تارقىتىپ بېرەتتى. ھەقسىز تارقىتىلغان بۇ كى-تابچىلاردا قىزىق ھېكايىلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدى-لىرى تەرغىپ قىلىنغانىدى. كىتابچىدا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىن ئىبارەت ئىككى ئالەمنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ئىپسا دەپ مۇئەييەن-لەشتۈرۈلەتتى، ھېكايە قەھرىمانلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا - قازالارنىڭ ئىپسا مەسىھۇللانىڭ باش پاناھلىقى بىلەن خالاس بولغانلىقى بايان قىلىناتتى.

كىشىلەر بۇ كىتابچىلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز ئەقى-دىسىگە خىلاپ بولغان بۇنداق نەرسىلەردىن يىرگىنىشەتتى. ئەمما، بەزىلەر ياخشى داۋالىنالماي قېلىشتىن قورقۇپ، كىتاب-چىنى يانچۇقىغا سالاتتى. بەزى ئەقىدىسى مەھكەم كىشىلەر شۇ يەردىلا يىرتىپ تاشلاپ نارازىلىق بىلدۈرەتتى. ئەمما، شۋېتلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى بۇنىڭدىن ئەجەپلەنمەيتتى، ئۇلار بەزى-لەرنىڭ كىشىلەر ئىشەنمەيدىغان مۇنداق كىتابنى تارقىتىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار دەپ سورىغان سوئالىغا: «كىشىلەرنىڭ بۇ كىتابلارنى ياقتۇرمايدىغانلىقى بىزگە مەلۇم. لېكىن، بىز غايە

ئۇچۇن سەبرى قىلىمىز. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تولىسى ساۋات-سىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كىتابقا ھۆرمەت قىلىش، كىتابتىن ئاڭلىغانلىرىغا ئىشىنىش پىسخىكىسى كۈچلۈك، بولۇپمۇ، يې-زىلىقلار نادان قالغاچقا، كىتابنى كۆيدۈرسە، ئاياغ ئاستى قىل-سا يامان بولىدۇ، دەپ قاراپ، ئېگىز جايغا ئېلىپ قويىدۇ. يىللار ئۆتىدۇ، ھەتتا 40 ـ 50 يىللار ئۆتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلار-نىڭ بالىلىرى، نەۋرىلىرى بۇ كىتابلارنى ئوقۇيدۇ ۋە ئوقۇتۇپ ئاڭلايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار تارىختا ئاتا ـ بوۋىمىز مانا مۇشۇنداق ئەقىدىدە بولغانىكەن، دەپ قارايدۇ ـ دە، بۇ ئەقىدە ئۇلارغا ئۆز-لىشىدۇ. شۇ چاغدا بىز غەلىبە قىلغان بولىمىز...» دەپ جاۋاب بەرگەن. چەت ئەل دىن تارقاتقۇچىلىرى مانا مۇشۇنداق ۋاستى-لەر بىلەن سىياسىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە سىڭىپ كىرىپ، خەلقنى مەنىۋى قۇللۇققا مەھكۇم قىلماقچى بولغان.

شۋېتلەر ئىگە ـ چاقىسىز، يېتىم ـ يېسىر بالىلارنى يى-غىپ تەربىيىلەپ، خىرىستىئان دىنى ئەقىدىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى يولدىن ئازدۇردى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى سېستىرا ۋە كېسەل كۈتكۈچى قىلىپ تەربىيىلەپ، ئامبۇلاتورىيە ۋە كېسەل-خانىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. يەنە بىر قىسمىنى نابورچىك قىلىپ تەربىيىلەپ، باسمىچىلىق ۋە نەشرىياتچىلىق خىزمىتى-گە ئىشلەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئەرزان ئەمگەك كۈچىنى ئىشلىتىپ، خەلقىمىزنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ نۇرغۇن باي-لىق توپلىدى.

چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ مۇشۇنداق سىياسىي ۋە مەنىۋى تاجاۋۇزىغا يەرلىك ھۆكۈمەت ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا يولنى كەڭ ئېچىپ بەردى. ئېتىبار-سىز قارىدى. دۈشمەنلەر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. ئۇلار يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلاردىمۇ ئۆز شۆبىلىرىنى قۇرۇپ، نامرات كىشىلەر-نىڭ بالىلىرىنى پۇلغا قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مۇرىت ۋە مەنىۋى قۇللىرى قىلىپ تەربىيىلەشكە ئۇرۇندى.

مانا مۇشۇنداق قىلمىشلار يۇرتىمىز ئۈچۈن بىر پاجىئەگە ئايلاندى. بۇنى چەكلەش، توساش، يوقىتىش ۋەزىپىسى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ زىممىسىگە چۈشتى، ۋەتەنپەرۋەر زاتلاردىن ئابدۇقادىر داموللام بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، شۋېتلەرنىڭ قىلىۋاتقان يامان ئىشلىرىنىڭ ئىچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرىنى يۇرت چوڭلىرىغان، خەلق ئاممىسىغا چۈشەندۈردى ۋە ئۆزى بەل باغلاپ ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن شۋېت باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەرىكەت شەكىللەندى.

ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ھەرىكەت قەشقەردە قوزغالغان 2 ـ قېتىملىق ھەرىكەت بولدى. 1 ـ قېتىملىقى بۇنىڭدىن ئون يىللار ئىلگىرى چار روسىيىنىڭ قەشقەرگە كېلىپ خەلقىمىزنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان جازانىخورلىرىغا قارشى «قازى كالان» موللائاخۇن دارازا باشچىلىقىدا قوزغىلىپ، چارروسىيە كونسۇلخانىسىنى زىلزىلىگە سالغان ھەرىكەت ئىدى، بۇ ھەرىكەتتە قەشقەر خەلقى راپائىل شەمئۇن قاتارلىق نەچچە ئون جازانىخورنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقارغانىدى.

بۇ قېتىم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىككى يۈزچە تالىپ ئايپاق سەللە يۆگەپ، شۋېت باسقۇنچىلىرىنىڭ «بەيتى خۇدا» سىغا باستۇرۇپ باردى، ئۇلاردىن ئۆز ھەرىكىتىنى توختىتىپ، قەشقەردىن كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەكىبەر، فەردا قاتارلىق كىشىلەر ۋە سادىق مۇرىت ئايال دوختۇرلار قورقۇپ كېتىپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى. نامايىشچىلار شۋېتلەر بېسىپ تەييارلىغان كىتاب ۋە باشقا نەرسىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، تەنتەنە بىلەن قايتتى. بۇ قارشىلىق ھەرىكىتى باشلانغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن، كۆپ ئۆتمەي، ئابدۇقادىر داموللام سۇيىقەستكە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتتى.

چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە قارشى بۇ ھەرىكەت شۇنىڭ بىلەن ۋاقتىنچە توختاپ قالدى.

# ئىستىقبال سەۋدالىرى

ـــ مەھمۇت شىجاڭ چەتكە چىقىپ كېتىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە

## مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

1937 ـ يىلى شىنجاڭ خەلقى بولۇپمۇ قەشقەر خەلقى ئۇ-چۇن تازىمۇ ياراشمىغان بىر يىل بولدى، ھاۋانىڭ باشقا يىللار-غا قارىغاندا قاتتىق سوغۇق بولۇشى خەلق ئاممىسىغا ئېغىر كۆلپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، كىشىلەر قەل-بىنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان شۇم خەۋەرلەر كەينى ـ كەينىدىن تارقالدى. بۇ خەۋەرلەرنىڭ بىرى، قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر ئاتلىق قىسىم 6 ـ دېۋىزىيە قوماندانى مەھمۇت شىجاڭنىڭ جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۇرۇمچىگە چاقىرتىلىشى ئى-دى. مەھمۇت شىجاڭ ئۇرۇمچىگە كېتىپ قايتىپ كەلمىگىدەك دېگەندەك خەۋەرلەر بىردىنلا قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇش-قاقلىرىغا تارقىلىپ، كىشىلەرنىڭ يۈرىكىگە سوغۇق سۇ سې-پىلگەندەك بولدى. گەرچە بۇنداق چاقىرتىلىشنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇنىڭ شىجاڭلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدىغانلىقى ئاش-كارىلانمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ھەربىي قوشۇندىن ئايرىلىدىغانلى-قى ھەممىدە ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر خىل شۇملۇقنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇنىڭدىن بۇ-رۇن نۇرغۇن كىشى مۇشۇنداق چاقىرتىلىش ئارقىلىق قەتلى قىلىنغانىدى. خەلق ئۆزلىرىگە «تېرەك» دەپ تونۇپ كەلگەن كىشىلەردىن 1 ـ قېتىمدا، 1 ـ بىرىگادىدىن سالىھ لۈيجاڭ بى-لەن مۇئاۋىن لۈيجاڭ ھەمدەم بەگ ھاجى، 2 ـ بىرىگادىسىدىن لۈيجاڭ پازىل بەگ بىلەن مۇئاۋىن لۈيجاڭ توختى ئاخۇن قاتار-

لىقلار مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ھەربىي قوشۇندىن ئايرىۋېتىلـ-
گەنىدى. بۇ تۆت كىشى قۇمۇل قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي
شىنجاڭدىكى كۈرەش يالقۇنىنى تۇتاشتۇرغۇچىلار بولۇپ، قۇ-
مۇلدىن تارتىپ قەشقەرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ ۋادىدا
زالىم جىن شۇرېن ئىستىبداتىغا قارشى ئۇرۇشلاردا، شۇنىڭ-
دەك، باسقۇنچى ماجۇڭيىڭغا قارشى كۈرەشلەردە جانپىدالىق بى-
لەن كۈرەش قىلغان ھەمدە قوزغىلاڭچى كۈچلەرنى باشلاپ،
خەلقنىڭ نومۇس ۋە ئىپتىخارىغا مۇناسىۋەتلىك زورلۇق -
زۇمبۇلۇقلارغا دادىل قارشى تۇرغان قەھرىمانلار ئىدى.

قۇمۇل قوزغىلىڭىنى قوزغاپ چىققان باش ئاۋانگارتلاردىن
سالىھ دورغا بىلەن پازىل دورغا ۋە تۆمۈر شىجاڭنىڭ قول
ئاستىدىكى ئاتاقلىق سەركەردىلەردىن بولغان ھەمدەم بەگ بىلەن
توختى ئاخۇن 6 - دىۋىزىيە قۇرۇلغاندا يۇقىرىقى ئىككى بىرى-
گادىنىڭ بىرىگادىرلىق خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنغانىدى، لې-
كىن، بۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى جەڭچىلەر ماجۇڭيىڭ باندىتى-
لىرىغا قارشى ئۇرۇشتا پەۋقۇلئاددە كېمىيىپ كەتكەنلىكتىن،
ئىككى بىرىگادىدا پەقەت بىر نەچچىلا ئادەم قالغانىدى.

1936 - يىلى 3 - ئايغا كەلگەندە، بۇ «قورچاق بىرىگادا»
ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بۇ تۆت باشلىق مەمۇرىي خىزمەتكە ئو-
رۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ كىشىلەردىن قۇمۇللۇق لۈيجاڭ سالىھ دور-
غا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ۋالىيلىققا تەيىنلەندى، قۇمۇللۇق لۈيجاڭ
پازىل دورغا پىچان ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىندى، توقسۇنلۇق
مۇئاۋىن لۈيجاڭ ھەمدەم بەگ ھاجى شايار ناھىيىسىگە ھاكىم
قىلىندى، توقسۇنلۇق مۇئاۋىن لۈيجاڭ توختى ئاخۇن قەشقەردە
قۇرۇلغان قارا كالتەكلىك پولىتسىيە (ساقچى) ئىدارىسىگە
باشلىق قىلىندى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ كىشىلەر شىڭ شىسەي
تەرىپىدىن ئۇرۇمچىگە چاقىرتىپ كېتىلدى *.

2 - قېتىمدا 6 - دىۋىزىيىنىڭ قەھرىمانى بولغان پولات
تۆەنجاڭ چاقىرتىپ كېتىلدى. پولات تۆەنجاڭ تۇرپانلىق كىشى
بولۇپ، تۇرپان قوزغىلىڭىدىن بۇرۇن خاڭدا ئىشچى بولۇپ

ئىشلىگەن. ئۇ تۇرپاندا ئىنقىلاب پارتلىغاندا، ئىشچىلارنى تەش-
كىللەپ خاڭنى ئىدارە قىلغۇچى ئەزگۈچىلەر ئۇستىدىن ئىسيان
كۆتۈرۈپ غەلىبە قازانغان ۋە تۇرپاندىكى بارلىق ئۇرۇشلاردا،
جىمساردىكى قانلىق كۈرەشلەردە بولۇپمۇ ماجۇڭيىڭغا قارشى
كۈرەشلەردە ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسەتكەنىدى. 6 - دىۋىزىيە
تەشكىللەنگەندە ئۇ يەكەندە تۇرۇشلۇق پولكنىڭ باشلىقى بولغان
ھەمدە ئالدىنقى سەپ دەپ ئاتالغان يەكەن دەرياسىنى قوغداشتا
قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇندىغانىدى. 1936 -
يىلىغا كەلگەندە، ئۇ يەكەندىكى 34 - پولكتىن قەشقەردىكى
32 - پولكقا يۆتكىلىپ، بۇ پولكقا باشلىق قىلىپ تەيىنلەندى.
ئۇ قەشقەرگە يۆتكىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شېڭ شىسەي تەرىپى-
دىن ئۇرۇمچىگە چاقىرتىلىپ قوشۇندىن ئايرىۋېتىلدى.

3 - قېتىمدا، باش شتابتىن باش كاتىپ نىزامىدىن ئەپەن-
دى، تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئەييۇب بەگ، ھەربىي
سوت باشقارما باشلىقى ئابدۇل مۆمىن ھاجى، مۇئاۋىن باش
شتاب باشلىقى نېمىتۇللا خەلفەت قاتارلىق كىشىلەر شېڭ شى-
سەي تەرىپىدىن ئۇرۇمچىگە چاقىرتىپ كېتىلدى.

بۇلاردىن نىزامىدىن ئەپەندى كۇچالىق بولۇپ، شۇ مۇھىت-
تىكى زىيالىيلاردىن بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆمۈر شىجاڭغا
ماسلىشىپ كۇچانىڭ ئازاد بولۇشىغا كۈچ چىقارغان ھەمدە ئاق-
سۇ (جام)، مارالبېشى (تۇمشۇق) لاردىكى ئۇرۇشلاردا خىزمەت
كۆرسەتكەن، كېيىنكى كۈنلەردە قەشقەردە تۆمۈر شىجاڭغا باش
كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن.

ئەييۇب بەگ باي ناھىيىسىدىن بولۇپ، خەنزۇچە ئوقۇغان-
لىقى ئۈچۈن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرىدىكى بىلىملىك
كىشىلەردىن ھېسابلىناتتى، ئۇ ئۇلۇغچات قاتارلىق ناھىيىلەرگە
ھاكىم بولغان كونا ئەمەلدارلاردىن بولسىمۇ، لېكىن سەبدىشى
ياقۇپبەگ لاۋسىلارغا قارىغاندا ئاڭلىق ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە
ئىنقىلابتا خىزمەت كۆرسەتكەن ۋە خوجانىياز ھاجى قېشىدا
جەنۇبىي شىنجاڭ مۇھاپىزەت قوماندانلىق شتابىدا بىر مەزگىل

خىزمەت قىلغان، 1933 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەن، كېيىن 6 ـ دىۋىزىيىدە تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

بۇ پىشقەدەملەر ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ كېتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن «يېڭى قانلار» بېكىتىلگەنىدى.

شەرت ـ شارائىتىنىڭ ئۆز رايىغا مايىللىشىۋاتقانلىقىنى سەزگەن شېڭ شىسەي 6 ـ دىۋىزىيىنى ئۆزى خالىغانچە باشقۇرۇش ئۈچۈن، مەھمۇت مۇھىتىنى 6 ـ دىۋىزىيىدىن ئايرىۋېتىش يولىدا ھەر خىل چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللاندى.

1 ـ قەدەمدە دىۋىزىيە باش شتاب ئاپپاراتىنى قىسقارتماقچى بولدى، مەھمۇت شىجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ گارنىزون مۇئاۋىن قوماندانلىقىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ يېڭىشەھەردىكى گارنىزون قوماندانلىق شتابىغا قايتىپ چىقىشىنى، دىۋىزىيە شتابىنى گارنىزون قوماندانلىق شتابى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2 ـ قەدەمدە 6 ـ دىۋىزىيىگە قاراشلىق 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ پولكلارنى 31 ـ، 32 ـ، 33 ـ، 34 ـ پولكلارغا ئۆزگەرتىپ، بۇ پولكلارنى 6 ـ دىۋىزىيە تەركىبىدىن ئاجرىتىۋەتمەكچى ياكى بولمىسا ئۈرۈمچىگە قاراشلىق بىۋاستە پولك ياكى مۇستەقىل پولك قىلىپ تەشكىللىمەكچى بولدى. شېڭ شىسەي بۇ ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىر پولكقا تامغا ئەۋەتتى، بۇ تامغىلاردا «6 ـ دىۋىزىيىگە قاراشلىق» دېگەن خەت ئېلىپ تاشلانغانىدى.

لېكىن، مەھمۇت شىجاڭ بۇ ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى چىقىپ، 6 ـ دىۋىزىيە تەشكىلىنى ساقلاپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى دائىرىلىرى پولك تامغىلىرىنى قايتىدىن يەڭگۈشلەشكە ۋە دىۋىزىيە شتابىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئىش مۇشۇ خىلدا بولغان بولسىمۇ، شېڭ شىسەي يەنىلا ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، دىۋىزىيە باشقارمىلىرىنىڭ دەرىجە-

سىنى گارنىزون قوماندانلىق شتابىدىن بىر دەرىجە تۆۋەنلەتتى، كادىرلارنىڭ مائاشىنى بىر دەرىجە چۈشۈرۈۋەتتى، 1935 ـ يىلى يولغا قويغان قوشۇنلارنىڭ شتاتىنى رەتلەش چارىسىنى 1936 ـ يىلى يەنە قايتا قوللىنىپ، بىرنەچچە خىل قىسىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پولكتىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى 720 دىن 610 غا قىسقارتتى.

ئەمدى نۆۋەت مەھمۇت شىجاڭغا كەلگەنىدى. بۇ قېتىم مەھمۇت شىجاڭ ئۇرۇمچىگە كۆرۈنۈشتە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئۇلار بىلەن بەزى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرىلىشىشكە چاقىرتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق چاقىرتىلىشتىن خەۋەر تاپقان قەشقەر خەلقى بۇ چاقىرتىلىشنىڭ كەينىگە قانداقتۇر بىر خىل شۇملۇقنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى دەررۇ پەرەز قىلىپ يەتتى ۋە بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈشكە باشلىدى. خەلق ئىچىدە، شېڭ شىسەي مەھمۇت شىجاڭنى قەشقەردىن ئېلىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ تەربىيىلىگەن ئادەملىرىنى بېكىتىپ، مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئۆزىنىمۇ، ئۇ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان قوشۇنىمۇ پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، يەنىلا بىز يامان كۈنگە قالىمىز، مۇھىم ھەربىي تايانچىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر يامراپ كەتتى.

مەھمۇت مۇھىتى شېڭ شىسەينىڭ 6 ـ دېكابىرىدىكى ئىشلەتكەن تۆرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى بولۇپمۇ 6 ـ دېكابىرىدىكى قورالسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان «كونا قوراللارنى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ، يېڭى زامانىۋى قوراللارنى تاپشۇرۇۋېلىش» توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمايلا قالماستىن، بەلكى شېڭ شىسەينىڭ ئالدى بىلەن قورالسىزلاندۇرۇپ ئاندىن يوتۇۋېتىشتەك سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاراشلىدى. قەشقەر خەلقى ئۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتىشتى. لېكىن شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە تېزرەك يېتىش ئۈچۈن، چاقىرىق ـ تېلېگراممىلارنى كەينى ـ كەينىدىن ئەۋەتىشكە باش-

لىدى، خەق بىر تەرەپتىن ئەندىشە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاتتىق غەزەپلەندى. ئاخىرى قەشقەر خەلقى ئۆز ئىشلىرىنى تاشلاپ كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلدى. نامايىشچىلار ئىچىدە ئىدارە – جەمئىيەت ئورۇنلىرىدىكى خىزمەتچىلەر، مەكتەپلەر-دىكى ئوقۇتقۇچى – ئوقۇغۇچىلار، ھۈنەرۋەن، كاسىپلار ھەتتا دېھقانلارمۇ بار ئىدى. نامايىشچىلار قوشۇنى ساھەلەر بويىچە قا-تار تىزىلغان ھالدا، ئالدىن تەييارلانغان پىلاكات ۋە بايراقچىلى-رىنى كۆتۈرۈشۈپ باش شتاب ئالدىدىكى چوڭ سەيناغا كېلىپ، «مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئورۇمچىگە بېرىشىغا قوشۇلمايمىز! بۇي-رۇق ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن!!...» دەپ توۋلىشاتتى. ئوقۇغۇ-چىلارنىڭ دۇمباقلىرىنىڭ ساداسى، ئوقۇغان ناخشىلىرى، ئىدا-رە – جەمئىيەت خادىملىرىنىڭ شوئار سادالىرى ئاددىي پۇقرالارنىڭ «بىز ئۇنى بارغۇزمايمىز» دەپ يىغلىغان يىغا ئاۋاز-لىرى سەينانى بىر ئېلىپ كۆككە كۆتۈرۈلەتتى. «يۇمىلاق شە-ھەر» دەپ ئاتالغان بۇ قورغانچە ھەر كۈنى سەھەردە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا توپ – توپ بولۇپ كەلگەن كىشىلەر بىلەن-لىق تولاتتى، كىشىلەرنىڭ شوئار سادالىرى بۇ قورغانچىنى زىل – زىلىگە كەل-تۈرۈۋېتەتتى. نامايىشچىلار قوشۇنى قەلئە دەرۋازىسىدىن كى-رىپلا باش شتاب ئالدىغا كېلىپ، ئۈنلۈك ۋە قايغۇلۇق ئاۋازدا مەھمۇت شىجاڭغا كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىشاتتى، ئوقۇغۇ-چىلار بولسا «ئازادلىق يولىدا سۈدەك ئاقتى بىزنىڭ قېنى-مىز...» دېگەن مەزمۇندىكى غەزەللىرىنى ئوقۇيتتى، بۇنى ئاڭ-لىغان كىشىلەر قاتتىق تەسىرلىنىپ ئۈن سېلىشىپ يىغلاپ كېتەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوللىرىدىكى لەۋھەلەر ئېگىز كۆتۈ-رۈلگەندە، ئۇنىڭغا يېزىلغان «باغۋەنىنىڭ باغنى تاشلاپ كېتىشى-نى خالىمايمىز...» دېگەن قۇرلار كۆزگە تاشلىناتتى. ناتىقلارنىڭ ئاجايىپ بەدىئىي سۆزلەر بىلەن سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى جاراڭلايتتى. نۇتۇق ۋە شېئىر – دېكلاماتسىيەلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى يەنىلا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئورۇمچىگە بېرىشىنى تو-سۇشتىن ئىبارەت ئىدى، خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان كۈچلۈك ئە-

قىدە ـ ئىخلاسىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياشلار تۆكۈلدى...

مەھمۇت شىجاڭ كۆپچىلىككە: «مەن ـــ ھەربىي ئادەم، بۇ چاقىرىق ـــ ھەربىي بۇيرۇق، شۇڭا مەن بۇيرۇققا ئەمەل قىلىشىم كېرەك، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۆزى ھەربىي قائىدە ـ تۈزۈم ھەم مېنىڭ بۇرچۇم، ۋەزىپەم. ئۈرۈمچىگە بارساممۇ پات يېقىندا قايتىپ كېلىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ مەندىن غەم قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق» دەيتتى.

بىراق، خەلق مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئۈرۈمچىگە كەتسە ھامىنى قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭ كەتمەسلىكىنى تىلەپ تېخىمۇ چىڭ تۇرۇۋالاتتى.

مەھمۇت شىجاڭ خەلققە تەسەللىي بېرىپ: «سىزلەرنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىڭىزلەرنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلاي، بەلكى يۇقىرى پىكىر ـ تەلەپلىرىڭىزلارنى قوبۇل قىلىپ قالار، ئۇنىڭغىچە خاتىرجەملىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغايسىزلەر» دەپ كىشىلەرنى قايتۇراتتى. نامايىشچىلار يەنە تەلەپ خەتلەرنى يېزىپ كېلىپ، ئۇنى مەھمۇت شىجاڭغا بېرىپ بۇنى شىجاڭنىڭ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى، قورغانچىدا ئۇنلۇك شوئارلار توۋلىنىپ تۇراتتى. نامايىشچىلار يەنە ۋالىي مەھكىمىسىگە بېرىپ ۋالىي بىلەن كۆرۈشۈپ، ۋالىيغا مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈلگەن خەتلەرنى سۇنۇپ، ۋالىينىڭ ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن، بەزىلىرى مەپە، ھارۋىلىرى بىلەن، بەزىلىرى ئات ـ ئۇلاغلىرى بىلەن، كۆپ ساندىكىلىرى بولسا قاتار تىزىلغىنىچە پىيادە مېڭىپ يېڭىشەھەرگە باراتتى ـ دە، گارنىزون قوماندانى لوبىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا يېزىپ كەلگەن نارازىلىق خەتلىرىنى سۇنۇپ، ئۇنىڭدىن مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئۈرۈمچىگە بارماسلىقىنى تەلەپ قىلىشاتتى ھەمدە بۇ يەردىن قايتىپ تېلېگراف ئىدارىسىگە بېرىپ ئۈرۈمچىگە نارازىلىق تېلېگراممىلىرىنى ئەۋەتىشەتتى.

بۇنداق نارازىلىق نامايىشلىرى قەشقەرنىڭ كونا شەھەر، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىدە ئەۋج ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئا-تۇش، پەيزاۋات، يېڭىسار ھەتتا يەكەن، مەكىت قاتارلىق جايلار-دىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى، پۈتۈن يۇرت كىشىلىرى قوزغىلىپ يولىنىڭ ئۈزۈن بولۇشى، ھاۋانىڭ سوغۇق بولۇشىغا قارىماي، ئات - ئېشەك، ھارۋىلىرى بىلەن توپ - توپ بولۇپ قەشقەر شەھىرى-گە كېلەتتى، بۇ ھەرىكەت يېرىم ئايغىچە داۋام قىلغانىدى. كو-نا شەھەر بىلەن يېڭى شەھەردىكى ئەمەلدارلار ئەمدىلا بىر توپ نامايىشچىلار قوشۇنىنى ئۇزۇتۇپ بولسا، يەنە بىر توپى كىرىپ كېلەتتى، ئەمەلدارلارنىڭ بۇ كۈنلەردىكى پۈتۈن ۋاقتى كەلگەن نامايىشچىلارنى كۈتۈۋېلىش، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىش، ئۇلار-نىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلاش ۋە ئۇلارغا ۋەدە بېرىش بىلەن ئۆت-تەتتى.

قەشقەر شەھىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن نارازىلىق تېلېگراممىلىرى ئۈرۈمچى دۇبەن مەھكىمىسى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن دۇبەن شېڭ شىسەي چارىسىز قىلىپ، ئاخىرى قەشقەر خەلقىگە مەھمۇت شىجاڭ ھازىرچە كەلمىسۇن دەپ جاۋاب قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

گەرچە قەشقەر خەلقىنىڭ تەلەپلىرى بىر قەدەر ئىجابەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن تېلېگراممىدىكى «ھازىرغىچە كەل-مىسۇن» دېگەن جۈملە مەھمۇت شىجاڭنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ كېتىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا خەلقنىڭ ئەندىشىسى تېخى تۈگىمىگەنىدى.

بۇ ئەندىشە شۇنىڭ بىلەن يەكۈنلەندىكى، قانخور شېڭ شىسەينىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن مەھمۇت شىجاڭ ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ، 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى (جۈمە) ۋەزىيەتنىڭ سىقىشى بىلەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بىراق كەلگۈلۈك

مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئۇرۇمچىگە بېرىشىغا قارشىلىق كۆرسەت-كەنلەرگە كەلدى، ئۇلار ھۆكۈمەتكە ۋە ھەربىي بۇيرۇققا قارشى چىققۇچىلار دەپ قارىلىپ ئومۇمىيۈزلۈك جازاغا تارتىلىشقا باش-لىدى. ئۇلارنىڭ بىرقىسمى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ چەت ئەلگە ماڭغان كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ قولغا ئېلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۈرمە مەيدانىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى ۋە تىرىك ئوت قو-يۇپ كۆيدۈرۈلدى، كۆپ قىسمى ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى.

ئۇلار گەرچە فاشىستلىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا ئەركىنلىكى بوغۇلۇپ، كىشىلىك ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنىپ، بۇ دۇنيادىن ئېچىنىشلىق ھالدا ۋىدالاشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىستىقبال سەۋداسىدا قىلغان كۈرەشلىرى تارىخىمىزدا مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

* بۇ كىشىلەر 1937 - يىلىدىكى ئىسياندىن كېيىن بىر - بىر-لەپ تۇتۇلدى، ھاياتلىرى تۈرمىدە يوقالدى.

# تارىختا يېزىلمىغان ئىشلار

## مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

1937 ـ يىلى قەشقەر، باش ئەتىياز

شېڭ شىسەينىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق 6 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى مەھمۇت مۇھىتى ئىشخانىسىدا چىرايلىق بۇرۇت قويغان ئاق يۈزلۈك بىر ئادەم بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئادەم مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئۆلپىتى، دىۋىزىيە سىياسىي ـ قانۇن باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، تېۋىپ بايئاخۇن ئەزىزى ئىدى. سۆھبەت ئۈستىگە ئىشخانا كاتىپى كىرىپ، قەشقەر گارنىزونىدىن بىر ئادەمنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

— نېمە ئىش بىلەن كەپتۇ، — سورىدى مەھمۇت مۇھىتى.

— نېمە ئىشلىقىنى ماڭا دېمىدى، سىجاڭنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشىمەن، مۇھىم ئىشىم بار، دەيدۇ. سىرتتا ساقلاپ تۇرىدۇ.

— مېنى ئالدىراش دېمىدىڭمۇ؟

— شۇنداق دېدىم سىجاڭ، گېپىڭ بولسا ماڭا دە، مەن يەتكۈزۈپ قوياي، سىجاڭ هازىر مېھمان قوبۇل قىلمايدۇ دېسەم، ئۇ مۇھىم بىر ھۆججەت بار، سىجاڭنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى.

— كىرگۈزۈۋەت.

كاتىپ چىقىپ كەتتى، ھايال بولماي، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ بىر قوغدىغۇچىسى يۇقىراچە كىيىنگەن پاكار بويلۇق بىر كىشىنى باشلاپ كىردى. مېھمان گارنىزون سىياسىي باشقارمىسىنىڭ خىزمەت گۇۋاھنامىسىنى چىقىرىپ مەھمۇت مۇھىتىغا ئۇزاتتى. قوغدىغۇچى ئۇنى سىجاڭغا يەتكۈزۈپ بەردى.

— نېمە ئىش؟ — دېدى سىجاڭ قىسقىلا قىلىپ.

— مەن مەلۇماتنى ئاغزاكى يەتكۈزمەكچى، بۇ يەردە يات ئادەملەر تۇرسا بولمايدۇ، — دېدى پاكار ئادەم ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ.

سىجاڭ ئىشارەت قىلدى، مۇھاپىزەتچى چىقىپ كەتتى.

— بۇ كىشى ... — دەپ بايئاخۇنغا قارىدى گارنىزون خادىمى.

— ھېچقىسى يوق، بۇ كىشى مېنىڭ ئۆز ئادىمىم، گەپنى مەن بىلەن بىللە ئاڭلىسا بولىدۇ.

گارنىزون خادىمى سەل ئىككىلەنگەندەك قىلىپ سۆزىنى باشلىدى.

— بىزنىڭ باشقارما باشلىقى جانابلىرى سىلىگە سالام ئېيتتى، ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىسى بار ئىكەن، مەن باشقارما باشلىقى جانابلىرىنىڭ مۇشۇ ئۈمىدىنى سىلىگە يەتكۈزگىلى كەلگەن.

— گەپ ئوچۇقراق بولسۇن، باشقارما باشلىقى جانابلىرى نېمە ۋەجىدىن مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى، نېمىشقا ئۆزى كەلمىدى؟

— چۇجاڭ جانابلىرى سىجاڭنىڭ ئىشلىرىغا بەك كۆڭۈل بۆلىدىكەن، مۇھىم بىر ئىشنى سىلىگە مەلۇم قىلماقچى ئىكەن، چۇجاڭنىڭ سىلىگبۇغا كېلىشى بىئەپ ئىكەن، كۆرۈشۈش ئورنى ۋە ۋاقتىنى بېكىتىپ بەرگەن بولسىلا، چۇجاڭ جانابلىرى شۇ جايدا سىلى بىلەن دىدارلاشسام دەيدۇ.

مەھمۇت مۇھىتى جاۋاب قىلمىدى،ئۇ ئورنىدىن قوزغالماي جىمجىت ئولتۇراتتى.

— شۇنداق مۇھىم ئىشمىكەن، بەك ئالدىراشمۇ؟ — دېدى مەھمۇت مۇھىتى.

— شۇنداق، تەقسىر، بەك مۇھىم ئىش ئىكەن. چۇجاڭ جانابلىرىنىڭ دېيىشىچە، بۇ، سىجاڭ جانابلىرىنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ئىكەن، ئۇ كىشى سىلىگە خەيرلىك تىلەيدۇ.

— ئوبدان، ئەمسە گەپ مۇنداق بولسۇن: مانا بۇ كىشى، — دېدى مەھمۇت مۇھىتى بايئاخۇننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئەتە نامازدىگەر بىلەن نامازشام ئارىلىقىدا چۇجاڭنىڭ يېڭىشەھەر - دىكى ئۆيىگە سالامغا بارىدۇ. بارغىچە ھېچقانداق ئالاقە - گۇۋاھنامە بېرىلمەيدۇ. چۇجاڭنىڭ نېمە گېپى بولسا، مۇشۇ كىشىگە خاتىرجەم دەۋەرسۇن، بۇ كىشىگە دېيىلگەن گەپ مې - نىڭ ئۆزۈمگە دېگەنگە ئوخشاش، يەنە نېمە ئىش بار؟

— باشقا ئىش يوق تەقسىر، — دېدى گارنىزون شتابىنىڭ خادىمى، ئاندىن بايئاخۇنغا ئوبدان سىنچىلاپ قارىۋالغاندىن كې - يىن ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ھويلىدا مۇنداقلا ئاددىي بىر مەپە يولغا چىقىشقا تەييار تۇراتتى.

بايئاخۇن دېگەرنى ئوقۇپ بولۇپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن، بىسمىللا دەپ ئوڭ پۇتى بىلەن بوسۇغا ئاتلاپ ئۆيدىن چىقتى. سىرتتا پۇقراچە كىيىنگەن ئېگىز بويلۇق بىر مۇھاپى - زەتچى بىلەن يەنە بىر ھارۋىكەش ئۇنى مەپە يېنىدا ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار سالاملاشقاندىن كېيىن مۇھاپىزەتچى بايئاخۇننى مەپىگە چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزى مەپىنىڭ ئالدى تەرەپ ئوڭ شو - تىسىغا سەكرەپ چىقىپ جايلاشتى، مەپە يېڭىشەھەر تەرەپكە يۈ - رۈپ كەتتى.

بۇ كۈنلەردە مەھمۇت مۇھىتى بەكمۇ قىيىن ئەھۋالدا قال - غانىدى. ئۆلكە دۇبەنى شېڭ شىسەي قەشقەردە تۇرۇۋاتقان قوراللىق كۈچلەرنىڭ باشلىقلىرىدىن خوجانىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشكەن بولۇپ، بىر - رىنچى قەدەمدە خوجانىياز ھاجىنى ئۆلكە مۇئاۋىن رەئىسى نامى بىلەن يۆتكەپ ئېلىپ كەتكەن، مەھمۇت مۇھىتى بولسا ئۆزىگە بېرىلگەن بىر سىجاڭلىق مەنسىپى بىلەن قەشقەردە يالغۇز قال - غانىدى. شېڭ شىسەي مەھمۇت مۇھىتىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ليۇ بىڭ دېگەن ئادەمنى قەشقەر گارنىزون قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، شۇنىڭدىمۇ خاتىرجەم بولالماي، مەھمۇت سى -

جاڭنىڭ كۆچىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تايانچ كادىرلىد-
رى، تۈەنجاڭ، لىيەنجاڭلىرىدىن بولۇپ 10 نەچچە كىشىنى مەھ-
مۇت سىجاڭنىڭ ئۇنىمغىنىغا قويماي، ئۆگىنىشكە دەپ ئۇ-
رۇمچىگە چاقىرتىۋالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا شېڭ شىسەي يەنە
قەشقەر شەھىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ساقچى ئورۇنلىرىنى
ئىگىلەپ، كەڭ ئىشپىيونلۇق تورى ئارقىلىق مەھمۇت سىجاڭ
ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالغانىدى.
مەھمۇت مۇھىتى شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى يوقىتىش سۇيىقەس-
تىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەيگە ئۇچۇق قارشى
چىقالمايتتى، چۈنكى سوۋېت ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينى
قوللايتتى. ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، مەھمۇت مۇھىتى
ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرى بىلەن مەخپىي مۇزاكىرە ئۆتكۈز-
گەندە بىرسى يېغىن مەزمۇنىنى قەشقەر گارنىزون قوماندانى
لىيۇبىڭغا ۋە سوۋېت كونسۇلىغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. بۇنداق ئىش
يەنە ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىنىدۇ، ئىشلار ئۇدۇللۇق شېڭ
شىسەيگە مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەي
مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاساسلىق كادىرلىرىدىن يەنە يىگىرمە
نەچچە كىشىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىۋالىدۇ. مۇشۇلارنى ئويلاپ
بايئاخۇن ئۆزىنىڭ يېڭىشەھەر گارنىزون سىياسىي باشقارما
باشلىقىنىڭ ئۆيىگە قانداق بېرىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى.
بايئاخۇن مۇھاپىزەتچىسىنى سىرتتا قالدۇرۇپ قوبۇلخانىغا
مەيىكەش بىلەن بىللە كىردى. مېھمانلارنى باشقارما باشلىقىنىڭ
كاتىپى — تۇنۇگۇن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئىشخانىسىغا بارغان
ھېلىقى پاكار كىشى ئوچۇق چىراي قارشى ئېلىپ بۇ يەرگە
باشلاپ كىرگەنىدى.
— مانا بۇ كىشى چۈچاڭ جانابلىرى بولىدۇ، — دەپ تو-
نۇشتۇردى ئۇ يېنىدىكى تۈگمىلىرى ياندىن ئېتىلىدىغان ئۇزۇن
چاپان كىيگەن ئېگىز بويلۇق تاقىرباش، قاشلىرى ئۆسكىلەڭ
كەلگەن ئورۇق خەنزۇ كىشىنى كۆرسىتىپ. باشقارما باشلىقى
ئۇلارنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى ۋە سىجاڭنىڭ ئامانلىقىنى

سوريدى. كاتىپ ئارىدىكى گەپلەرنى تەرجىمە قىلىپ تۇردى.
— ھەرقايسىلىرى بىلەن كۆرۈشكىنىمدىن بەك خۇرسەن-مەن، — دەپ باشقارما باشلىقى ۋە مەيىكەشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ كىشى كىم بولىدۇ، — دەپ سوريدى.
— بۇ كىشى تۆۋچى بولىدۇ، — دېدى بايئاخۇن.
بۇ «تۆۋچى» ئەسلىدە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ تۈرمىدە ياتقان جىنايەتچى بولۇپ، ئۇستا تىلماچ ئىدى. مەھمۇت مۇھىتى بۇگۈن ئۇنى بايئاخۇنغا «مەيىكەش» قىلىپ قوشۇپ بەرگەنىدى.
— بۇ كىشى چىقىپ كەتسۇن، بىز ئىككىمىز يالغۇز سۆز-لىشىمىز، بۇ كىشىمۇ چىقىپ كېتىدۇ، — دەپ ئۆزىنىڭ تەر-جىمانىنى كۆرسەتتى.
— مەن سىنىڭ سۆزۈڭنى بىلمەيمەن، — دېدى بايئاخۇن.
— مەن سېنىڭ سۆزۈڭنى بىلىمەن، — دېدى باشقارما باشلىقى ئۇيغۇرچە ئوبدانلا تەلەپپۇز بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ تەرجى-مانىغا ئىما قىلغانىدى، كاتىپ بايئاخۇننىڭ تۆۋچىسىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.
ئىككىيلەن يالغۇز قالغاندىن كېيىن ئۆي ئىچى سىرلىق جىمجىتلىققا چۆكتى. ئەمدى ئۇلار تەرجىمانسىز سۆزلەشتى، باشقارما باشلىقىنىڭ سۆزى ئانچە راۋان بولمىسىمۇ، مەزمۇنى ئېنىق ئىدى.
— ھازىر مەھمۇت سىجاڭغا يامان بولدى، — دەپ سۆز باشلىدى باشقارما باشلىقى تاقىر بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.
— بۇ قانداق گەپ؟!
— سىجاڭنىڭ يېنىدا ئىشپىيون بەك كۆپ، شېڭ دۇبەن بوش ئادەم ئەمەس، ئۇ سىلەرنىڭ سىلىڭبۇغا نۇرغۇن ئىشپىيون قويىدى. سەن بۇنى بىلەمسەن؟
— بۇنى بىز بىلىمىز.
— ھەي... شۇنداق، سەن بىلىسەن، لېكىن كىم ئىشپىيون بۇنىمۇ بىلەمسەن؟

— بۇنى سەن بىلەمسەن؟
— مەن ئوبدان بىلىمەن. گەپ مانا مۇشۇ يەردە. ئۇ يەردىكى ئىشپىيونلارنى مەن سىجاڭغا دەپ بەرسەم بولامدۇ؟
— بايئاخۇن سەل تۇرۇپ قالدى - يۇ، ئۆزىدىكى ئەجەبلىنىشنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ:
— سەن نېمىشقا ئىشپىيونلارنى سىجاڭغا دەپ بېرىسەن؟ سەن توغرا دېمەيسەن، بىز ئىشەنمەيمىز، — دېدى ئاخىر.
— راست دېمەيسەن، ئەگەر مەن ئىشپىيونلارنى ئېيتىپ بەرسەم سىجاڭ گېپىمگە ئىشەنمەيدۇ. ھازىر مەندە دۇبەن ئەۋەتكەن بىر مەخپىي ئالاقە بار، بۇ دۇبەن ئۆزى قول قويغان ئىشپىيونلارنىڭ تىزىملىكى، مەن شۇنى سىجاڭغا بەرمەكچى، قانداق بولامدۇ؟ — چۇجاڭ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:
— ئەھۋال سىلەر ئويلىغاندىن كۆپ ئېغىر، — دەپ قوشۇپ قويدى.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بايئاخۇن سەل ئويلىنىپ قالدى.
— سەن كىمنىڭ ئادىمى؟ — دېدى بايئاخۇن.
— مەن شېڭ دۇبەننىڭ ئادىمى، ھوشۇم جايىدا، سىلەر ئۈچۈن ئىشلىمەيمەن، لېكىن تىزىملىكنى بېرىشتە مېنىڭ ئالاھىدە بىر شەرتىم بار، سىجاڭ بۇنى چوقۇم ئورۇنداپ بېرىشى كېرەك.
— ئۇ قانداق شەرت؟
— سىجاڭ قەشقەر شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ بېرىدۇ.
بايئاخۇن كەينى - كەينىدىن چېقىۋاتقان بۇ يوچۇن گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تېخىمۇ تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتى.
— ئۇ قانداق ئادەم، نېمىشقا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ؟
— جۇيجاڭ ياخشى ئادەم، لېكىن ئۇ ئۆلسە ئۇنىڭ خوتۇنىنى مەن ئالىمەن.
— ياخشى ئادەمگە ئۇۋال بولغۇدەك، بولمايدۇ، باشقا شەرتىڭ بولسا دە، بىز ئورۇندايلى.

— باشقا شەرتىم يوق، سەن بىر ياخشى نىيەتلىك مۇسۇل-
مان، چىرايىڭدىن نۇر يېغىپ تۇرۇپتۇ، مەن بىلىمەن، باش-
قىلارغا ئۇۋال بولىدىغان ئىشنى سەن قىلمايسەن، لېكىن
ئەھۋال مۇشۇ يەرگە يەتكەندىمۇ ئارىسالدى بولىدىغان ئىش بول-
سا، بولۇنغان گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، مەن ساڭا يەنە شۇنى
دەي: جۇيجاڭنىڭ راستىنلا ئۆلۈمگە لايىق جىنايىتى بار، مەن
ئۇنى ئۆزۈم توغرىلاپ تەييارلاپ قويدۇم، سىجاڭ پەقەت ھۆكۈمە-
نى ئىلان قىلىپ، ئىجرا قىلىپ بەرسىلا بولىدى. سىلەرگە
ھېچقانداق ئاۋارىچىلىق يوق.
— قولۇڭدىكى ھۆججەتنى قاچان بېرىسەن؟ — دېدى باي-
ئاخۇن، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.
— ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىپ بولغاندا.
— سېنىڭ گېپىڭگە قانداق ئىشىنىمىز؟
— ئەگەر سىجاڭ مەسلىھەتىمىزگە كۆنسە قالغان ئىشنى
شۇ چاغدا دېيىشەيلى، گەپ مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، — دەپ
چۇجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
بايئاخۇن ئەزىزى مېڭىشقا تەمشەلدى.
نۆۋەتتىكى ئۇچرىشىش دۇتىزىيە شتابىغا يېقىن جايدىكى
بىر يەرلىك كىشىنىڭ مېھمانخانىسىدا بولدى، بۇ قېتىمقى
سۆھبەتكە بايئاخۇن ئەزىزى يالغۇز ئۆزى باردى، سۆھبەتتە چۇ-
جاڭنىڭ تەلىپى ئورۇندىلىدىغان بولدى.
— پوچتا ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى دۆلەت مەخپىيەتلىكى
جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىدۇ، — دېدى چۇجاڭ بايئاخۇنغا
چۈشەندۈرۈپ، — مەن سىلەرگە بەرمەكچى بولغان ھۆججەت
مۇشۇ ئاينىڭ 7 - كۈنى پوچتا ئىدارىسىغا يېتىپ كەلگەن، ئۇ-
نى پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۆزى قول قويۇپ ئالغان. ئە-
تىسى 8 - چىسلا مەن ئۇنى پوچتا ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئۆز
قولىدىن ئالدىم. لېكىن خەت - ئالاقە تىزىملىك دەپتىرىگە
قول قويمىدىم. جۇيجاڭ ئەمدى ھۆججەتنى ماڭا بەرگەنلىكىنى
ئىسپاتلىيالمايدۇ. ئۇ دۆبەنىنىڭ قەتئىي مەخپىي ھۆججىتىنى

يوقاتقان بولىدۇ، بۇ جىنايەت ئۆلۈم جازاسىغا تولۇق توشىدۇ. مېنىڭ ھۆججەتنى سىلەرگە تاپشۇرۇش ئىشىغا كەلسەك، سوراق كۈنى مېنى گۇۋاھلىققا چاقىرتىسىلەر، سوراقتىن كېيىن مېنى گۆرۈ ئورنىدا تۇتۇپ قالىسىلەر. كاتىپ ھۆججەتنى ئېلىپ كېلىپ مېنى قايتۇرۇپ كېتىدۇ.

2 ـ قېتىملىق سۆھبەت تۈگىدى. سۆھبەت ئاخىرلىشىپ جىددىي تەييارلىقتىن كېيىن شۇ كۈنى كېچىسى دېۋېزىيە ھەربىي سوتى سوت يىغىنى ئاچتى. سوتتا پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىنىڭ راۋانلىقىنى ئېيتىپ، 7 ـ چىسلادىكى ھۆججەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىگە يەتكۈزۈلگەنلىكىدە چىڭ تۇردى. گۇۋاھلىققا چۈجاڭ چاقىرتىلدى، مەخپىي ھۆججەتلەر تىزىملىك دەپتىرى كەلتۈرۈلدى، پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى 8 ـ چىسلا كۈنىدىكى چىقىش خاتىرىسىگە قول قويۇلمىغانلىقىنى كۆرگەندە بىردىن تاتىرىپ ئۇھدىسىغا ئۆچۈپ كەتتى.

سوت ئاخىرلاشتى، سوتتا پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ساتقان جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

ئەتىسى ئەتىگەندە سوتنىڭ ھۆكۈمى يېزىلغان ئېلان كوچىغا چاپلىنىپ، ھۆكۈم سائەت 10 لاردا ئىجرا قىلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي سىياسىي باشقارما كاتىپى مەخپىي ھۆججەتنى ئېلىپ كېلىپ، باشقارما باشلىقىنى ئېلىپ كەتتى.

پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىۋاتقان شۇ چاغدا ئۈچ كىشى قەشقەردىن تۇرپانغا قاراپ يولغا چىققانىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئۇيغۇرچە ياساندۇرۇلغان خەنزۇ كىشى بولۇپ، بېشىغا تاشلانمىغان ئۆرە تېرە تۇماق، ئۈستىگە ئۇزۇن چەكمەن چاپان كىيدۈرۈلۈپ، بېلىگە پوتا باغلاپ قويۇلغان، گازىر كۆز، ساقاللىق بۇ كىشى جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە كېتىشكە رازى بولغان پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. سىلىگبۇ ئۇنىڭغا يېتەرلىك

خىراجەت بېرىپ، ئۇنىڭ توقسۇنغىچە بىخەتەر بېرىۋېلىشى ئۇ-چۇن ئىككى ئادەمنى قوشۇپ بەرگەنىدى. جازا مەيدانىدا ئېتىۋېتىلگەن كىشى بايئاخۇن بىلەن چۇجاڭنىڭ ئۆيىگە مەپە ھەيدەپ بارغان، ئەمەلىيەتتە يوچىتا ئىدارىسى باشلىقىنىڭ كېيىمى كىيدۈرۈلگەن ھېلىقى تىلماچ ئىدى.

مەھمۇت سىجاڭ ھۆججەتنى ئېچىپ ئوقۇپ، ھۆججەتتە يېزىلغانلارغا ئىشىنەلمەي قالدى. ھۆججەتكە شېڭ شىسەينىڭ ئۆز ئىمزاسى قويۇلغان بولۇپ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئۈرۈمچىگە ئۆگىنىشكە بارغان بىر قىسىم مۇھىم ئادەملىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى، قەشقەر گارنىزون سىياسىي باشقارمىسىنىڭ ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىشى ۋە ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇشى ئۇقتۇرۇلغانىدى.

مۇشۇ ئىشتىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتى دىۋىزىيە شتابىدا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل يۈرگۈزۈشكە ئىمكانىيەت قالمىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ يەتكەنىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى يول تۇراتتى، بىرى، جاننى تىكىپ قويۇپ ئىشەنچ بولمىغان جەڭگە ئاتلىنىپ قان تۆكۈش؛ يەنە بىرى پەشنى قېقىپ چەتكە چىقىپ كېتىش. ئۇنىڭ كۆڭلى كېيىنكى تەدبىرنى تارتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى كېچە – كۈندۈز پايلاپ تۇرغان گارنىزون قوماندانى ليۇ بىڭنى قانداق ئازغاشتۇرۇپ قەشقەردىن چىقىپ كېتىش بىر مەسىلە ئىدى.

قەشقەر گارنىزون قوماندانى ليۇ بىڭ قەشقەر يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىدىكى گارنىزون شتابىنىڭ ھويلىسىدا ئۆزى يالغۇز ئەتىگەنلىك ھەربىي مەشىق چامباشچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلىۋاتاتتى. سېپىل قاراۋۇللىرىنىڭ شۇ كۈنلۈك نۆۋەتچى باشلىقى ليۇ بىڭنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ يېتىپ كەلدى.

— دوكلات قوماندان، — دېدى نۆۋەتچى پۇتلىرىنى جۈپلەپ ھەربىيچە سالام بېرىپ، — سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللار دۇر-

بۇندا 30 ـ 40 ئادەمنىڭ كوناشەھەر تەرەپتىن بىز تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، مەن قاراپ باقسام ئۇلار 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ ئەسكەرلىرىدەك تۇرىدۇ.

— ئۇلار قانچىلىك يىراقلىقتا؟ — دېدى قوماندان.

— مۆلچەرىمچە ئۇلار ھازىر بەش يول يىراقلىقتا بولسا كېرەك.

ئۇنىڭغىچە يەنە بىر ئوفىتسېر يۈگۈرۈپ كەلدى.

— دوكلات، — دېدى ئۇ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ تۇرۇپ، — كوناشەھەردىن كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدىكىسى مەھمۇت سىجاڭ ئىكەن، ئۇنى تونۇۋالدۇق.

— ئېنىق كۆردۈڭمۇ؟

— شۇنداق، قوماندان، مەن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىنى ئوبدان تونۇيمەن.

لىۇ بىڭ سەل جىددىيلەشكەندەك بولۇپ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— بۇيرۇق! — دېدى لىۇ بىڭ ئالدىدىكى ئىككى ئوفىتسېرغا قاراپ: — سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللار ھەسسىلەپ كۆپەيتىلسۇن، سېپىل ئىچى جىددىي ھالەتكە ئۆتسۇن.

ئاتلىقلار سېپىلغا يېقىنلاشقاندا لىۇ بىڭ رەسمىي ھەربىي كىيىم بىلەن بىرنەچچە ئادەمنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. لىۇ بىڭ بىلەن ئاتلىقلارمۇ يۈزمۇيۈز ئۇـدۇللاشتى.

— سىجاڭ جانابلىرى ئامان بولغاي، — دېدى لىۇ بىڭ ئوچۇق چىراي بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — مۇبارەك قەدەملىرىنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشىدىن خەۋەرسىز قاپتىمىز، ئالدىلىرىغا چىقالمىدۇق، گەچۈرگەيلا.

— ئۇنداق بولامدىغان، ئەتىگەندە قوماندانىنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، جانابلىرىنى مالال قىپتىمىز، ئالدىلىرىدا خىجىلمەن، — دېدى مەھمۇت مۇھىتى ئاتتىن چۈشۈپ تەكەللۇپ بىلەن: — ئۈزۈندىن بۇيان يەپ يېتىپ ھۇرۇنلىشىپ قالدۇق، ھاۋا يېگەچ



ئەتىگەنلىك چېنىقىشقا چىققان، جا-نابلىرى بەھوزۇر ئارام ئالغاي، — دەپ مەھمۇت مۇھىتى قولىنى كۆكسىگە قويدى؛ ئاندىن ئاتقا يەڭگىل مىنىپ ھەمراھلىرى بىلەن سىپىل ياقىلاپ سەھرا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

گارنىزون قوماندانى ليۇ بىڭ ئاتلىقلارنىڭ كەينىدىن ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەرد-كىتىنى كۆزىتىش ئۇچۇن كەينىگە ئادەم قويدى، ئاتلىقلار يېزا يوللىرى بىلەن ئاتلىرىنى تەكشى يورغىلىتىپ خېچىرچىغىچە بارغاندىن كېيىن ئۆستەڭ بويىدا ئاتتىن چۈشۈپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ ئازراق دەم ئېلىشتى، ئاندىن يەنە ئاتلىق كەينىگە قايتىپ سې-پىل تۈۋىدىن ئۆتتى، ئۇلار كەلگەن يولى بىلەن ئۇدۇل شەھەر-گە كىرىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئەتىگەنلىك چېنىقىش ھەر كۈنى ئۆز قەرەلىدە بولۇپ تۇردى، چېنىقىش بەزى كۈنلىرى پىيادە، بەزى كۈنلىرى بولسا ئاتلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. پىيادە بولغان كۈنلە-رى مەھمۇت مۇھىتى ئادەملىرى بىلەن ھەزرەتكىچە ياكى مىراتبەخشتامغىچە پىيادە بېرىپ كېلەتتى. ئاتلىق بولغان كۈنلىرى ئوخشاش بىر يول بىلەن سىپىل تۈۋىدىن ئۆتۈپ، خېچىرچىغىچە بېرىپ ياناتتى. ئاتلىقلار بېرىپ قايتىشتا ھەر قېتىم سېپىل تۈۋىدىن ئۆتكەندە قاراۋۇللار بىر قېتىم جىد-دىيلىشەتتى. كۈنلەر ئۆتكەنچە بۇنداق جىددىيلىشىشمۇ پەسلەپ باردى.

بىر كۈنى مەھمۇت مۇھىتى شېڭ شىسەينىڭ تېلېگراممى-سىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. تېلېگراممىدا مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئۆل-كە بويىچە ئېچىلىدىغان يىغىنىنىڭ تەييارلىق كېڭەش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىشى ئۇقتۇرۇلغانىدى. مەھمۇت مۇھىتى

بۇنىڭ ئۆزىگە قويۇلغاق قىلتاق ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتى.

مەھمۇت مۇھىتى شىڭ دۇبەنگە جاۋاب تېلېگراممىسى يازدى، تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلدى: «مۆھتەرەم شىڭ دۇبەن جانابلىرى، كەمىنە ئۆزۈمنىڭ يىغىن تەييارلىق ئىشى ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بېرىشىم ھەققىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ھازىر قەشقەردىكى ھەربىي قىسىمنىڭ ئىچى ئانچىلا تىنچ ئەمەس. بىر قىسىم جاھىل ئوفىتسېرلار ۋە ئەسكەرلەر بويۇنتاۋلۇق قىلىپ نەسىھەتنى قۇلاققا ئالماي، جاھاننى مالىمان قىلىش كويىدا بولۇۋاتىدۇ، ئۇلارنى نىيىتىدىن ياندۇرۇش، ھەربىي ئىنتىزامنى چىڭىتىش بىلەن كەمىنىنىڭ قولى بوشىمايۋاتىدۇ. مەن يوق مەزگىلدە نادانلارنىڭ ئىش تېرىپ ئاۋامنى پاراكەندە قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمەن، شۇڭا مەسلىھەت ئىشى ئۈچۈن ھازىرچە ئاغام موسۇل ھاجى ھۇزۇرلىرىغا بارىدۇ. بۇ يەردىكى ئىشلار ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن ئۆزۈم قوبۇللىرىغا بارىمەن».

دېمىسىمۇ شۇ مەزگىللەردە 6 ـ دىۋىزىيە ئىچىدىكى بىر قىسىملارنىڭ قوزغىلىپ جەڭ بىلەن ئىشنى ھەل قىلىش نىيىتىدە بولۇۋاتقانلىقىنى شىڭ شىسەي بىلەتتى. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقا تىرەك بولمىسا بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشكە شىڭ شىسەينىڭ كۆزى يەتمەيتتى. شۇڭا شىڭ شىسەي مەھمۇت سىجاڭنىڭ تېلېگراممىسىغا باشقىچە پىكىردە بولدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا موسۇل ھاجى ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغاندا شىڭ شىسەي ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ، بۇنىڭ بىلەن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز سۆھبەت قىلغانىكەن. سۆھبەت جەريانىدا موسۇل ھاجى باشتىن ـ ئاخىر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي جىمجىت ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ پەقەت تايىنىپ ئولتۇرغان ھاسىسىنىڭ ئۇچىنى پات ـ پات تاختايلىق پولغا توك ـ توك ئۇرۇپ قويىدىكەن. ئۈچىنچى كۈنى شىڭ شىسەي تەكەللۇپنى قويۇپ:

— هاجىم، ئۈچ كۈن بولدى، بولۇنغان گەپلەرگە بىر ئىپ-
غىزمۇ جاۋاب قىلمىدى. مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنگەنمىدۇ؟ —
دەپتۇ. موسۇل هاجى:
— يىغىپ كەلگەندە، — دەپ هاسسىنى يەنە بىر قېتىم
توك - توك ئۇرۇپ قويۇپ:
— مۇشۇ زېمىننىڭ ئىشى ئىكەن، — دەپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن دۇبەن هېچقانداق سۆز قىلماپتۇ، سۆھ-
بەتمۇ ئاياغلىشىپتۇ. موسۇل هاجىنى شېڭ شىسەي تەمىرات
(قۇرۇلۇش) نازارىتىنىڭ نازىرى مەنسىپى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇ-
تۇپ قاپتۇ.
ئۇزۇن ئۆتمەي مەهمۇت مۇهىتى شېڭ شىسەيگە مۇنداق
مەزمۇندا يەنە بىر تېلېگرامما يازدى: «هازىر قەشقەردىكى هەر-
بىي قىسىملارنىڭ ئىچى بىرقەدەر تىنچلاندى. كەمىنە مەن دۇبەن
جانابلىرى بىلەن دىدارلىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بېرىشقا تە-
رەددۇتلەندىم، شۇندىمۇ ئەمدىلا تەرتىپكە چۈشكەن هەربىي ئىـ-
چىنىڭ تىنچلىقىغا ئوبدان كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەن يوق
مەزگىللەردە هەربىي ئىچىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق كىشى ئاغام مو-
سۇل هاجىمنىڭ قەشقەردە تۇرۇپ بەرمىكى زۆرۈردەك تۇرىدۇ.
موسۇل هاجىم قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن هامان يېقىر يولغا
چىقىدىغانلىقىمنى جانابلىرىغا مەلۇم قىلىمەن».
مەهمۇت مۇهىتىنى ئۈرۈمچىگە ئەكېلىش شېڭ شىسەي
ئۇزۇندىن بېرى كۆزلەپ كېلىۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ
مۇهىم ئىش ئىدى. شېڭ شىسەي ئىشنى ئاسانراق هەل قىلىش-
نى ئويلايتتى، ئۇ سەل گۇمانلانغان بولسىمۇ، موسۇل هاجىنى
دەرهال قەشقەرگە يولغا سېلىۋەتتى.
1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈندىكى ئەتىگەنلىك
چېنىقىشتا مەهمۇت مۇهىتىغا يېقىندىن موسۇل هاجى هەمراھ
بولدى. ئۇلار سېپىل تۈۋىدىن ئۆتكەندە سېپىل ئۈستىدىكى
ئەسكەرلەر ئۆز جايلىرىدا مىلتىقلىرىنى قولتۇقلىشىپ ئەسنەپ
ئولتۇرۇشاتتى. ئاتلىقلارنىڭ مەشىقتىن قايتقان - قايتمىغانلىد-



قى بىلەنمۇ ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئاتلىقلار شۇ ماڭغانچە يېگىسارغا يېتىپ بارغاندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ مەشقتىن قايتىمىغانلىقى مەلۇم بولدى. مەھمۇت مۇھىتى يېڭىساردا ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئىشەنچلىك ئادىمى غوپۇر تۇەنجاڭ بىلەن كۆرۈشكەندىلا، ئاندىن ئۆز ئىشلىرىدىن خاتىرجەم بولغان ھەمدە ئۇ يەردىن يەكەنگە بېرىپ ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن.

مەن كۆرگەن ماتېرىياللاردا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قەشقەردىن چىقىپ كەتكەن كۈنى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى دېيىلگەن، ماڭا سۆزلەپ بەرگۈچىلەر بۇ كۈننى قەشقەرنىڭ بازار كۈنى ئىدى دەيدۇ. ئاتلىقلار يولدا قەشقەر شەھىرىگە كىرىۋاتقان نۇرغۇن بازارچىلارنىڭ مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن. ئېنىقلىنىشىچە، قەشقەر شەھىرىدە پەيشەنبە كۈنى بازار بولىدىغان بولۇپ، مەھمۇت مۇھىتى 12 ـ ئاپرېل (بايرام) ھارپىسىدا چىقىپ كەتكەنلىكتىن، شۇ كۈنلەردىكى پەيشەنبە كۈنى كالېندار بويىچە 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ (ياكى 1 ـ كۈنى) كۈنى بولىدۇ.

مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ شاھىدى ئەمەس، ئۇ چاغلاردا مەن تېخى دۇنياغا تۆرەلمىگەنىدىم. ئۇچ ئاغا ـ ئىنى — موسۇل مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتىلارنىڭ تۇرپان ئاستانىدىكى قورۇ ـ جايلىرى بىزنىڭ مەھەللىدە بو-

لۇپ، بوۋام نىياز ھاجى مۇھەممەتىلارنىڭ ۋەخپە ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. كېيىن بۇ ئىش دادام ئىلياس قارىغا مىراس بولۇپ قالغان ئىكەن، دادامنىڭ تاغىسى ئابدۇراھمان پاقاباش 1932 ـ يىلىدىكى قومۇل ـ تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىدا مۇھەممەتىلار بىلەن بىللە قەشقەرگە بارغان ھەمدە مايور دەرىجىسى بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلغان. دادامنىڭ ئىنىسى ئەيسا نىياز تۇرپان ۋە قەشقەرلەردە ئىزچىل ھالدا مەھمۇت مۇھەممەتنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى قوشۇنىدا ئەسكەر بولۇپ تاكى 1935 ـ يىلى تاشكەنتكە ئوقۇشقا ماڭغىچە دېۋىزىيە شتابىدا خىزمەت قىلغان. ئۆزۈم مۇھەممەتىلارنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئۈچ كىشى بىلەن (گەرچە تەڭ دېمەتلىك بولمىساممۇ) بىۋاسىتە تونۇشىمەن.

مۇشۇنداق مۇناسىۋەتلەر تۈپەيلى، يىگىت چاغلىرىمدىمۇ يۇقىرىدا دېيىلگەن كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن قومۇل ـ تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى ھەققىدە ھەر خىل سۆزلەرنى پارچە ـ پۇرات ھەر خىل ئىشلارنى ئاڭلىغان بولساممۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا ئانچىلا سەگەرمەپتىمەن. يېشىم چوڭىيىپ بىر قىسىم تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇپ باقسام، ئۇلاردا خوجانىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھەممەتىلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ۋەقەلەر سۆزلىنىپتۇ. كېيىنرەك تەزكىرە ماتېرىياللىرىنى ئوقۇشقا كىرىشىپ قالدىم. گەرچە بۇ ماتېرىياللاردا نۇرغۇن مەلۇماتلار يېزىلغان بولسىمۇ، مەھمۇت مۇھەممەتنىڭ چەتكە چىقىپ كېتىشىگە مۇناسىۋەتلىك بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ئىشلار ھەققىدە ھېچقانداق ماتېرىيال ئۇچراتمىدىم. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بۇ ئىشلارنى باشقا بىلىدىغان ئادەم يوقمۇ ياكى بۇ ئىشلار يېزىلىپ قالدۇرۇش قىممىتىگە ئىگە ئەمەس دەپ قارالغانمۇ، بۇنىسى ماڭا مەلۇم ئەمەس. مەن بۇ يازمامنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى چوڭ ئاكام يۇسۇپ ئىلياسقا ئوقۇپ بەرسەم، ئۇ، بۇلارنى ئۆزىنىڭ چوڭلاردىن بىرنەچچە قېتىم ئەينەن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ، يازغانلىرىمنى تەستىقلىدى، بىر قىسىم مۇھىم تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش پىكىرلىرىنى بەردى.

# مەن بىلىدىغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ

ئەھمەتئىمىن ئەلنەزەر

2004 ـ يىلى قۇربان ھېيتتا يازغۇچى مۇھەممەت شاھىنىـ ياز ئەپەندى دادامنى يوقلاپ ئۆيىمىزگە كېلىپ دادام بىلەن پاراڭلاشتى ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپ توغرىسىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىـ غانلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى سورىدى. دادام گەرچە 86 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، خاتىرىسى ناھايىتى ياخشى ئىدى. دادام 60 يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلارنى بىزگە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى:

1939 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى پىچان ناھىيىسىدىن مەن، ئابلا پولات، ئىمىن قاسىم، مۇھەممەت قاسىم، ئەنەس سادىق قاتارلىق ئالتەيلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوـ قۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە چىقتۇق. شۇ يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇـ ئەللىمىنگە تۆت سىنىپ يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بوـ لۇپ، ئۇلار 21 ـ، 22 ـ، 23 ـ، 24 ـ سىنىپلارغا تەقسىم قىـ لىنغانىدى. بىز پىچاندىن كەلگەنلەر لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئەلقەم ئەختەم، تۇرغۇن ئالماس ... قاتارلىقلار بىلەن 24 ـ سىنىپتا ئوقۇدۇق. ئۇ ۋاقىتتا ئىبراھىم مۇتىئىي (پېداگوگىكا ئوقۇتقۇـ چىسى)، مەۋلانجان تۇردىيوف (دۇنيا تارىخى ئوقۇتقۇچىسى)، ئابـ دۇللا زۇنۇنوف (تىل ئوقۇتقۇچىسى)، ئاخۇنجانوف ۋە ئابلا داۋۇتوف قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار بار ئىدى. مەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن شۇ چاغدا تونۇشقان، سىنىپتا ئۇنى «مۇتەللىپ» دەپ چاقىراتـ تۇق. ئۇنىڭ شېئىرلىرى سىنىپ تام گېزىتى، «شىنجاڭ گېزىدـ تى» قاتارلىقلاردا دائىم ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. تەنەپپۇستا مۇـ

تەللىپ مۇنبەرگە چىقىپ شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ لېنىننى دوراپ سۆزلەپ ھەممەيلەننى كۈلدۈرەتتى. ئۇ رۇسچىغا پىششىق بولۇپ، رۇسچە، تاتارچە، قازاقچە ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلىنالايتتى. كېيىن خەنزۇچىنىمۇ ئۆگەندى.

شۇ چاغدا ھەر پەسىلدە بىر قېتىم سىنىپ تام گېزىتى چىقىراتتۇق. بىز ئىشلىگەن تام گېزىتى مەكتەپ بويىچە باھالاشتىن ئۆتەتتى. مېنىڭ خېتىم ھەممەيلەننىڭكىدىن چىرايلىق بولغاچقا، تام گېزىتىنىڭ خېتىنى مەن يازاتتىم، مۇتەللىپ بىلەن سەئىدىن تالىپ گۈزەل ـ سەنئەت لايىھىلىگۈچىسى ئىدى. مۇتەللىپ رەسىم سىزىشقا ئۇستا بولۇپ، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ رەسىمنى شۇنداق ئوخشىتىپ سىزاتتى.

1939 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى بىز «نۇرلۇق يولىغا قەدەم» دېگەن تېمىدا تام گېزىتى چىقىرىشقا تەييارلىق قىلدۇق. تەييارلىغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىنى دوسكىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دوسكا توشمىدى، مەكتەپتىن تەكشۈرىدىغان ۋاقىت ئاز قالغاچقا، مۇتەللىپنى مۇشۇ يەرگە شېئىر يېزىپ بېرىشكە چاقىردىم. ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ مۇنۇ شېئىرنى يازدى:

ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ مىلىيونلىغان ئەل،
كۈرەش مەيدانىغا چۈشتى باغلاپ مەھكەم بەل.
بۇ يولدا ئاقىدۇ قانلار بولۇپ سەل،
ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىز چوقۇم بولىدۇ ھەل.

مەن بۇ شېئىرنى دەرھال قەغەزگە كۆچۈرۈپ چاپلىدىم. تام گېزىتىمىز مەكتەپ بويىچە 1 ـ بولۇپ باھالاندى. مۇتەللىپ بۇ شېئىرىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى مەدھىيىلىگەنىدى.

مەن 1940 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ساقچى ئەمەلدارلىرى مەكتىپىگە ئىمتىھان بەردىم. ئىمتىھاندا «ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى ئۇرۇشقا قانداق قارايسىز؟ بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى سىزنىڭچە قانداق بولىدۇ؟» دېگەن سوئال بار ئىدى. مەن مۇتەللىپنىڭ تام گېزىتىگە يېزىپ بەرگەن شېئىرىنى ئېسىمگە ئالدىم ۋە شۇ نۇقتىنى مەركەز قىلىپ جاۋاب بەردىم. شۇنىڭ بىلەن 1348 ئادەم ئىچىدە 3 ـ بولۇپ ئىمتىھاندىن ئۆتتۇم. شۇڭا بۇ بىر كۇبلېت شېئىر ھېلىمۇ ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ.

1941 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈمىدە پراكتىكا قىلدىم. بۇ بۆلۈمدە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە ئۇرۇمچىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئارخىپلىرى بولۇپ، ئۇلاردا شۇ ئورۇنلاردىكى سىياسىي جەھەتتە گۇمانلىق كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى خاتىرىلەنگەنىدى. مەن ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئارخىپىنى كۆرسەم، ھەر بىر سىنىپنىڭمۇ ئايرىم ئارخىپى بارئىكەن. مەن سىنىپىمىزدىكى (24 ـ سىنىپ) «گۇمانلىق ئوقۇغۇچى»لارنىڭ ئارخىپىغا كۆز يۈگۈرتتۈم. مېنىڭمۇ بىر پارچە «جىنايەت ئارخىپىم» بارئىكەن. ئۇنىڭدا «24 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئىمىن ئاقۇپ 1940 ـ يىلى ئاپرىل بايرىمىدا ‹ئاپرىل بايرىمىنى ئەسكى خەي بىلەن قارشى ئالىمىز› دېگەن» دەپ يېزىلىپتۇ. يەنە بىر پارچە قەغەزدە «ئىمىن ئاقۇپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دېھقان، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ باقمىغان» دەپ يېزىلغان ۋە پىچان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ۋە لەمجىن ساقچىخانىسىنىڭ تامغىلىرى بېسىلغانىدى.

مەن بۇلارنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشەندىم. ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شېڭ شىسەينىڭ دۇبەن بولغان كۈنىنى خاتىرىلەپ پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇلاتتى، يەنى بۇ كۈن شۇ چاغلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ بايرام كۈنى ئىدى. 1940 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئۇرۇمچىدە يامغۇرغا قارىماي بايرامغا تەييارلىق قىلدۇق. مېنىڭ ئاياغلىرىم يىرتىلىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا مەن «ئاپرىل بايرىمىنى ئەسكى خەي بىلەن قارشى ئالىمىز» دېگەنىدىم.

مۇتەللىپنىڭ «گۇمانلىق شەخس» نامىدىكى ئارخىپلىرى ھەممىدىن كۆپ ئىكەن. مەن بۇ ئارخىپلارنى كۆرۈپ ھۆكۈمەت ئىشپىيونلۇق تورىنىڭ ھەقىقەتەن كەڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

خىزمەت تەقسىماتى بىلەن 1941 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئاقسۇغا باردىم. 1943 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىشخانىغا كىرسەم ئۈستەل ئۈستىدە «لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئايرىم دېلوسى» دېگەن خەتنۇچە خەت يېزىلىپ، ئۈستىگە ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان، ئاق خەسە بىلەن مەھكەم ئورىلىپ، يىپ بىلەن تىكىلگەن بىر ئارخىپ خالتىسى تۇرۇپتۇ.

مۇتەللىپ ئاقسۇغا كېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ ئارخىپى كېلىپ بولغان بولۇپ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى جاسۇسلۇق بۆلۈمىدىن مۇتەللىپنى كۆزىتىدىغان ئادەملەر ئاللىبۇرۇن تەشكىللەنگەنىكەن. شۇ چاغدا ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنى تەكشۈرىدىغان «ئەپەندى»، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا «ياخشى»، «كاڭجيەن»، جەمئىيەتتە «گاڭبى» دېگەندەك مەخسۇس ئادەملەر بار ئىدى. مۇتەللىپ قاتارلىقلارنى ئاشكارىلاپ قويغان ھېكىم نۇرنىڭ مەخپىي ئىسمى «گاڭبى»، ياسىن ئېزىزنىڭ مەخپىي ئىسمى «كاڭجيەن» ئىدى.

ساقچى ئىدارىسى مېنىڭ مۇتەللىپ بىلەن ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە بىللە ئوقۇغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن، مۇتەللىپنىڭ «دېلوسى»غا مېنىڭ ئارىلاشماسلىقىمنى ئۇقتۇردى. لېكىن مەن مۇتەللىپكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن يەنىلا خەۋەردار بولۇپ تۇراتتىم.

مۇتەللىپنىڭ «گۇمانلىق» ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئىشپىيونلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بۇ ئەھۋاللارنى تېلېگراممىا ئارقىلىق ئۆلكىلىك ساقچى

ئىدارىسىگە دوكلات قىلاتتى. كېيىن ئۆلكىدىن «سىلەر مۇتەل-لىپىنىڭ كۇندۇزدىكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىلا ئىگىلەپسىلەر، لېكىن كېچىدە ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىل-مەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ كېچىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىمۇ قاتتىق نازارەت قىلىپ مەلۇم قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن ئاقسۇ قىزلار پېداگوگى-كا مەكتىپىدە ئوقۇيدىغان سوفىيە ئىسىملىك بىر قىز تاللانغا-نىدى. ئىشپىيون ھېكىم نۇر مۇتەللىپ بىلەن يېقىن ئاغىنە بو-لۇۋالغاچقا، مۇتەللىپكە سوفىيە بىلەن توي قىلىش توغرىسىدا قايتا ـ قايتا ئېيتقاندىن كېيىن، مۇتەللىپ «توي قىلىشقا پۇلۇم يوق» دەپتۇ. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بۇ خەۋەرنى بىلگەندىن كېيىن ھېكىم نۇرغا پۇل بېرىپتۇ. ھېكىم نۇر بۇ پۇلنى ئېلىپ «مۇتەللىپ ئاداش، بۇ پۇل سېنىڭ توي ئىشىڭغا ياردىمىم بول-سۇن» دەپ مۇتەللىپكە بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇتەللىپ سوفى-يە بىلەن توي قىلدى. سوفىيەمۇ مۇتەللىپنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت-لىرى توغرىسىدا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ تۇردى.

مۇتەللىپكە «دىققەت قىلىش» توغرىسىدا گەپ قىلىپ قو-يۇشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشپى-يونلارنىڭ كۆپلۈكىدىن مۇمكىن بولمىدى. بىللە ئىشلەيدىغان خىزمەتداشلىرىمىز بىر كۈندىلا تۇيۇقسىز يوقاپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى سوراشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمايتتى. چۈنكى بىز-نىڭ ئۈستىمىزدىمۇ پايلاقچىلار بار بولۇپ، دەككە ـ دۈككىدە خىزمەت قىلاتتۇق.

1944 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇ دۇڭچۇ مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەرجىمانى زو مىڭ (زۇنۇن)، ساقچىلاردىن مۇھەممەت ئەرشىدىن (تۇرپانلىق)، قاسىم (قەشقەرلىك) قاتار-

لىقلارمۇ مۇتەللىپ بىلەن ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.
مۇ دۇڭچۇ مۇتەللىپكە:
— مەن ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىمەن. سەن بۇ ھېكا-يىنى سەھنە ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇپ كېلىسەن، بولامدۇ؟ — دېدى.
مۇتەللىپ ماقۇل بولغاندىن كېيىن مۇ دۇڭچۇ ھېكايىسىنى باشلىدى. زو مىڭ بىر تەرەپتىن تەرجىمە قىلدى. بۇ ھېكايىدە ئىچكىرى ئۆلكىدىكى بىر خەنزۇ دېھقانىنىڭ يىلە بېقىپ، دەستى-گاھ قۇرۇپ، كېيىن چوڭ فابرىكا قۇرۇپ چىققانلىقى سۆزلەندى. ھېكايە ئۇزۇن بولۇپ يېرىم كېچىدە ئاخىرلاشتى. مۇ دۇڭچۇ مۇ-تەللىپكە «سەن بۇنى بىر ھەپتە ئىچىدە سەھنە ئەسىرىگە ئايلان-دۇرۇپ ماڭا تاپشۇرىسەن» دېدى.
ئەتىسى مۇ دۇڭچۇ مېنى يەنە چاقىرتتى. ئەسلىدە مۇتەللىپ تۈنۈگۈنكى ھېكايىنى سەھنە ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇپ ئەكەلگەنى-كەن. ئۇ بۇ سەھنە ئەسىرىگە «نۇرلۇق يولغا قەدەم» دەپ ماۋزۇ قويۇپتۇ. مۇتەللىپنىڭ يازغانلىرىنى زو مىڭ تەرجىمە قىلىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان مۇ دۇڭچۇ چاۋاك چېلىپ كەتتى ۋە بىزگە قاراپ:
— سىلەر ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىلەر، ئە-رەبلەردىن چىققان مۇھەممەتنى پەيغەمبەر دەيسىلەر. لېكىن ئۆز ئىچىڭلاردىكى پەيغەمبەرنى بىلمەيسىلەر، مېنىڭچە مانا بۇ مۇتەل-لىپنى پەيغەمبەر دېسە بولىدۇ — دېدى.
مۇ دۇڭچۇ مۇتەللىپكە «بۇنى كۆرۈپ باق» دەپ بىر پارچە خەتنى بەردى. بۇ يۇقىرىدىن كەلگەن «مۇتەللىپ سەككىز يىللىق قاماقتا ئىلىنسۇن» دېگەن بۇيرۇق ئىدى.
مۇتەللىپ بۇنى كۆرۈپ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.
مۇ دۇڭچۇ مۇتەللىپكە:
سەن ناھايىتى ئىقتىدارلىق ئىكەنسەن. ھەممىمىز ساڭا قا-يىل، بۇنىڭدىن كېيىن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى تەشكىللىگەن سانائىي نەفىسەدە تەشكىللەش، باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئۆتەيسەن،

بۇنىڭغا قوشۇلساڭ بۇيرۇقنى باستۇرۇپ قويىمىز. قوشۇلمىساڭ بۇيرۇق بويىچە ئىش كۆرىمىز» دېدى، مۇتەللىپ بۇنىڭغا قوشۇلدى. «ئىشپىيونلار» مۇتەللىپنىڭ يېقىن دوستى بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ھەر كۇنلۈك ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى توختىماي مەلۇم قىلىپ تۇراتتى.

مۇتەللىپ سانائىي نەفىسەدە «غېرىپ ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «ئارشىن مال ئالان» قاتارلىق دراما ـ ئوپېرالارنى يازدى ۋە سەھنىلەشتۇردى. شۇ چاغدا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ چوڭ زالىدا ئويۇن قويۇلاتتى، مەن دائىم ئويۇن كۆرگىلى باراتتىم. شۇ چاغلاردا ماڭا «غېرىپ ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە» ئوپېرالىرىنىڭ ناخشىلىرى ياد بولۇپ كەتكەنىدى.

كۈنلەر ئۆتۈپ 1945 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنىدە خوتەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ شۆبىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىش يولىدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مېھمانخانىسىغا چۈشتى. مېھمانخانا مەسئۇلى مۇ دۇڭچۇغا ۋۇ شۆبىڭنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇشنى ئېيتتى. مۇ دۇڭچۇ «ئەگەر ئۇنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشكىسى بولسا ئالدىمغا كىرسۇن. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كۆرۈشكىلى بارمايمەن» دەپتۇ. مېھمانخانا مەسئۇلى مۇ دۇڭچۇنىڭ گېپىنى ۋۇ شۆبىڭگە ئاشۇرۇپ يەتكۈزۈپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋۇ شۆبىڭ «خەپ سېنى مۇ دۇڭچۇ» دەپ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ خوتەندىن ئېلىپ كەلگەن ئېسىل قاشتېشى، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئۈرۈمچىدىكى ئەمەلدارلارغا سوۋغا قىلىپ، ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا:

— سىلىگە ياردەمدە بولۇشقا تېخىمۇ قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاقسۇغا يۆتكىلىپ كەلگەن بولسام — دېگەن تەلەپنى قويۇپتۇ.

لى يىڭچى:

— بولىدۇ، سىز ئاقسۇغا بېرىڭ، بىز ئاقسۇغا تېلېگراممىا

ئارقىلىق خەۋەر قىلىمىز. سىز بىرىپلا خىزمەتكە چۈشۈڭ — دەپتۇ. ۋۇ شۆبىڭ:

— جانابلىرىنى ئاۋارە قىلماي تېلېگراممىنى ئۆزۈملا ئې-لىپ بارسام — دەپتۇ.

لى يىڭچى ۋۇ شۆبىڭگە ئۇنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەنلىك توغرىسىدىكى تې-لېگراممىنى بېرىپتۇ.

بىر كۈنى كەچتە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە باشقا كىشىلەر زالدا مۇتەللىپ قاتارلىقلارنىڭ ئويۇننى كۆرۈپ ئولتۇراتتۇق. تۇيۇقسىز تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ زال ئىچىگە قوراللىق ساقچىلار كىرىپ كەلدى. ئارىدىن بىرى سەھنىگە چىقىپ:

— بۇ قانداق يەر؟ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە سانايى نە-فىسە تەشكىللەش، ئويۇن قويۇش مەدەنىيەت - مائارىپ ئۇيۇش-مىسىنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ؟ ئويۇن تارقالسۇن، سانائىي نەفىسە تارقىتىلسۇن. بۇ ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ بۇيرۇقى — دەپ، ۋۇ شۆبىڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باش-لىقلىقىغا تەيىنلەنگەنلىك بۇيرۇقىنى ئۇنلۇك ئوقۇپ مۇ دۇڭچۇ-نىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

شۇنىڭ بىلەن سانائىي نەفىسە تارقىلىپ كېتىپ، مۇتەللىپ ئاقسۇ گېزىتخانىسىغا كەتتى. ۋۇ شۆبىڭ ئۇرۇمچىدىكى چاغدىلا ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان بىر قىسىم ساقچى كادىرلارنى ئۆزى تەيىنلەپ كەلگەچكە، مېنى ئاقچى ناھىيىسىگە، كېيىن توقسۇ ناھىيىسىگە يۆتكىدى.

1945 - يىلى غۇلجا ئارمىيىسى ئاقسۇ شەھىرىنى ئىككىن-چى قېتىم قورشايدۇ. مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا باشلىق كى-شىلەر تەشكىلات قۇرۇپ غۇلجا ئارمىيىسىگە ئىچى - سىرتىدىن ماسلاشماقچى بولغاندا، ئىنقىلابچىلارنىڭ تىزىملىكىنى ھېكىم نۇر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. 1945 -

يىل 18 ـ سېنتەبىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، ئابلا روزى، مەۋلانجان تۇردىيوف، بىلال ئەزىزى قاتارلىقلارنىڭ ئۆلتۈ-رۈلگەنلىك خەۋىرىنى تۇقسۇ ناھىيىسىدە ئاڭلىدىم.

1946 ـ يىلى مەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغا قايتىپ كېلىپ، مۇتەللىپكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ تېخىمۇ تەپسىلىي ئۇقتۇم. ھېكىم نۇر، ياسىن ئېـ-زىز قاتارلىق ئىشپىيونلار بۇ چاغدا ساقچى ئىدارىسىنىڭ رەس-مىي ساقچىسى بولۇپ كەتكەندى.

1946 ـ يىلى گومىنداڭنىڭ چوڭ ئىشپىيونلىرىدىن ئابلا داموللا بىلەن جۇ تۇەنجاڭ دېگەنلەر ئاقسۇغا كەلدى. ئۇلار چوڭ يىغىن ئېچىپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولىدىغانلىقى، قا-نۇن ۋە سىياسەتنىڭ ياخشى ئىجرا قىلىنىپ خەلق خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ، كې-يىنكى خىزمەتلەرنىڭ ياخشى ئىشلىنىشى ئۈچۈن قانداقلا پىكىر بولسا ئوتتۇرىغا قويساڭلار بولىدۇ — دېدى.

يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى كىشىلەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى مېھمانخا-نىسى زالىغا يىغىلىپ، پىكىر ـ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇزاكىرە قىلىشتۇق. مەنمۇ كاتىپ بولۇپ يىغىندا ئوتتۇرىغا چۈشكەن پىكىرلەرنى خاتىرىلىدىم. ئەتىسى ئابلا داموللا ۋە جۇ تۇەنجاڭ پىكىر- تەلەپ ئاڭلاش يىغىنى ئاچتى. مەن ئالدى بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئالدىنقى كۈنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەرنى ئوقۇدۇم:

1. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ شۆبىڭ لۇت-پۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق كىشىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بەردى. بۇ جىنايەتچى شۇنداقلا ئىشپىيون ھېكىم نۇر، ياسىن ئېزىزلار خەلق ئالدىدا جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ قاتتىق جازالىنىشى

كېرەك.

2. غۇلجا ئارمىيىسى ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا گو-مىنداڭ ئارمىيىسى شەھەر سىرتىدىكى نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ ئۆي-لىرىنى تۇزلىۋەتتى ۋە نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدى. ھۆكۈمەت بۇنىڭ ئۈچۈن جاۋابكار بولۇشى كېرەك.

3. غۇلجا ئارمىيىسى ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم باشلىغاندا ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇ يۇشۇن نۇرغۇن ياشلارنى تۇتقۇن قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇڭا ۋۇ يۇشۇن بۇنىڭغا جاۋابكار بولۇشى كېرەك.

مېنىڭ كەينىمدىن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ساقچىلىرى-دىن ياسىن ئەخمەت قاتارلىق ساقچىلار ۋە باشقىلار بەس ـ بەستە پىكىر قىلدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئامما تەشكىللى-نىپ، ئاقسۇ شەھىرىدە ۋە ئونسۇدا ئۈچ كۈن نامايىش قىلدۇق.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئابلا داموللا، جۇ تۈەنجاڭ جىمجىتلا كېتىپ قالدى. ۋەزىيەت بىردىنلا ئۆزگەردى. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى پىكىر ـ تەلەپ ئاڭلاش يىغىنىغا قاتناشقان، پىكىر قىل-غان ۋە گۇمانلىق دەپ قارالغان باشقا كىشىلەر تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن قولغا ئېلىندى. شۇ قاتاردا مېنىڭمۇ ئۇنۋان ۋە ۋەزىپىلىرىم ئېلىپ تاشلىنىپ خىزمەتتىن بوشىتىلدىم. مەن شۇنىڭدىن كېيىنلا ئابلا داموللا ۋە جۇ تۈەنجاڭ دېگەنلەرنىڭ بۇ قىتىمقى ئىشى بىر قېتىملىق ئالدامچىلىق، قىلتاق ئىكەنلىكىد-نى بىلدىم.

مەن 1957 ـ يىلى ئاقسۇدىن يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم. كې-يىن ئابدۇللا تالىپنىڭ «قاينام ئۆركىشى» ناملىق رومانى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بەزى كىشىلەر روماندىكى «يانتاقوپ» دېگەن ئىشپىيون «ئىمىن ئاقوپ» دېگەن كىشىمىش دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىپتۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئورخۇن
مەسئۇل كوررېكتور: جەمىلە ئابلا

ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# شاھىتلار نەزەرىدىكى تارىخ

**ئۈچىنچى توم**

## نەشرگە تەييارلىغۇچى: نۇرمۇھەممەد دۆلەتى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 64290862—010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ خۇاجۇڭخۇا باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2014 ـ يىل 1 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2014 ـ يىل 1 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 16.875
باھاسى : 40.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-12718-4/K · 2212 (维 106)



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتنى يازغۇچى: ساتتارجان ئەركىن روھلانى

ISBN 978-7-105-12718-4
9 787105 127184
定价：40.00 元